


پەرھات جىلان
مەھمۇد كاشغەرى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



پەرھات جىلان

# مەھمۇد كاشغەرىي

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

麻赫默德·喀什葛里：维吾尔文/帕尔哈提·吉兰著．—
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.8（2014.3 重印）
ISBN 978-7-228-11473-3

Ⅰ.麻… Ⅱ.帕… Ⅲ.长篇小说-中国-当代-维吾尔
语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 149064 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 帕尔哈提·吉兰 |
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 编　　辑 | 帕提古丽·米吉提 |
| 责任校对 | 阿依古丽·沙比提 |
| 特约校对 | 阿不力孜·阿巴斯 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米 1/32 |
| 印　　张 | 21.875 |
| 插　　页 | 6 |
| 版　　次 | 2009 年 8 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2014 年 3 月第 3 次印刷 |
| 印　　数 | 8001-13000 |
| 定　　价 | 58.00 元 |

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

تالانتلىق يازغۇچى پەرھات جىلان 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1954 - يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە غۇلجا ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدىكى رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1961 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان.

ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «سول»چىللىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تاشچىلىق ۋە ھەرىكەشلىككە ئوخشاش ياللانما ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ۋاقىتلىق تەرجىمە تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1979 - يىلىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا دەسلەپتە رۇسچە تەرجىمان، كېيىنچە تەرجىمە - ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1991 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1994 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، 2006 - يىلى پېنسىيىگە چىققان.

پەرھات جىلاننىڭ نۇرغۇن ھېكايە - پوۋېستلىرى، «مەھمۇد كاشغەرىي»، «ئورخۇن شەجەرىسى»، «ئىدىقۇت يۇلتۇزى»

قاتارلىق تارىخىي رومانلىرى نەشىردىن چىقىپ ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان . ئۇنىڭدىن باشقا ن .ئا .باسكا-كوۋنىڭ «تۈركىي تىللار » ناملىق ئەسىرىنى ، «گراف مونتې ـ كرىستو » ناملىق مەشھۇر رومانىنى ، تىلشۇناسلىققا ئائىت بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە ھېكايىلەرنى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان .

پەرھات جىلان ھازىر جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە شىنجاڭ چەت ئەل تىللىرى تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ روماندا، 11 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ياشلىق دەۋرىدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ھايات مۇساپىسى بايان قىلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلار خان جەمەتىدىن بولۇپ، كاشغەردىكى ساچىيە مەدرىسىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ، كېيىن ئۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ بارلىق يۇرتلىرىنى كېزىپ چىقىدۇ. شۇ سەپەر جەريانىدا، ئۇ ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى، ئېغىز ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە باشقا جەھەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مول ماتېرىيال توپلايدۇ. ئۇ ئون نەچچە يىللىق دالا تەكشۈرۈشىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوردىدا تەخت ماجىراسى يۈز بېرىپ، مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ۋە بوۋىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ. مەھمۇد كاشغەردىن قېچىپ چىقىپ، سەمەرقەنت، بۇخارا، نىشاپور قاتارلىق جايلاردا مۇساپىر بولىدۇ ۋە ئاخىرى باغدات شەھىرىدە ماكانلىشىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا يىغىلغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ، باغدات خەلىپىسى مۇقتەدى بىئەمرىللاغا تەقدىم قىلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي كېيىن يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ بىر مەدرىسە سالدۇرىدۇ ۋە ئۆزى شۇ مەدرىسىدە سەككىز يىل مۇددەرىسلىك قىلىپ، توقسان يەتتە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

مۇقەددىمە ئارسلانخان ۋە بۇغراخانلار سەلتەنىتى .............. 3
بىرىنچى باب ئارسلانخان ھوزۇرىدا ........................ 16
ئىككىنچى باب خانلار كېڭىشى........................ 33
ئۈچىنچى باب بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى........................ 49
تۆتىنچى باب مەھمۇدنىڭ ئاتا - ئانىسى .................. 68
بەشىنچى باب ئوغۇل چوڭ بولدى .................. 81
ئالتىنچى باب ئەسلىمە........................ 97
يەتتىنچى باب بەزمە ........................ 120
سەككىزىنچى باب ئارسلانخان بالاساغۇندا .................. 134
توققۇزىنچى باب توي ........................ 147
ئونىنچى باب مەھمۇد كاشغەرىي........................ 156
ئون بىرىنچى باب تۇرۇمتاينىڭ ھەسرىتى .................. 175
ئون ئىككىنچى باب نورۇز بايرىمى .................. 192
ئون ئۈچىنچى باب ئالىم سەپەرگە ئاتلاندى .................. 209
ئون تۆتىنچى باب ئىدىقۇت زېمىنى .................. 228
ئون بەشىنچى باب ئىلى يولى — تاغلىق يول .................. 247

ئون ئالتىنچى باب دەشتى قىپچاق ............ 267
ئون يەتتىنچى باب ھەركىم ھەر كويدا ............ 282
ئون سەككىزىنچى باب ئالتۇن تەختتىن نېمە تاپتىڭ ، ئەي
خاقان ............ 302
ئون توققۇزىنچى باب كاشغەر ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار ... 319
يىگىرمىنچى باب مۇق يولى ............ 340
يىگىرمە بىرىنچى باب بارسغان ............ 360

## ئىككىنچى قىسىم

مۇقەددىمە قاراخانىيلار ، سالجۇقىيلار ، ئابباسىيلار ......... 389
بىرىنچى باب ھايات يولى ئۈزۈلمەيدۇ ............ 398
ئىككىنچى باب بۇخارا ............ 406
ئۈچىنچى باب نىشاپۇر ............ 416
تۆتىنچى باب باغدات خەلىپىسى خاقانىيە تىلىغا قىزىقىدۇ ... 429
بەشىنچى باب دەسلەپكى قۇرلار ............ 446
ئالتىنچى باب ئىنسان دېگەن ............ 464
يەتتىنچى باب كۆڭۈلەر ۋە تۈنلەر ............ 475
سەككىزىنچى باب خەلىپىگە ئارمىغان ............ 488
توققۇزىنچى باب «ئىنسانچىلىقتىكى ئىشلار» ............ 505
ئونىنچى باب يىراق يەرنىڭ خەۋىرىنى كارۋان يەتكۈزەر ... 516
ئون بىرىنچى باب ئالىم ۋە زالىم ............ 529
ئون ئىككىنچى باب مەلىكشاھ كەلدى ............ 540
ئون ئۈچىنچى باب تۈركەن خاتۇننىڭ ئىلتىپاتى ............ 560
ئون تۆتىنچى باب گۈلپەرى ............ 569

ئون بەشىنچى باب  سوغدىيانا كۆيى ........................... 588
ئون ئالتىنچى باب  قايدا سەن كاشغەر ........................... 597
ئون يەتتىنچى باب  تۈركەن خاتۇن قەھرلىك ۋە قۇدرەتلىك
........................................................ 616
ئون سەككىزىنچى باب  مەلىكشاھنىڭ تەختى بىر ، ئوغلى
تۆت.................................................. 633
ئون توققۇزىنچى باب  كاشغەر ناخشىسى........................... 661
خاتىمە ........................................................ 681



# بىرىنچى قىسىم



# مۇقەددىمە

## ئارسلانخان ۋە بۇغراخانلار سەلتەنىتى

خىيالىم كەپتەرلىرى تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ، ئۇزاق تارىخنىڭ قوينىغا ئىچكىرلەپ كىردى. يىللار، ئەسىرلەر بىر - بىرلەپ كەينىمدە قالدى. زامانلارنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمكى كارۋان يوللىرى گويا قايتىدىن قۇچاق ئېچىپ، ئىلھام تۇلپارلىرىمنى مەشھۇر خاقانىيە دىيارىغا ئېلىپ باردى. مىڭ يىل بۇرۇنقى ئەزىزانە كاشغەرنىڭ[1] ئالتۇن تۇپراقلىرىنى تاۋاپ قىلىپ ئارسلانخان ۋە بۇغراخانلارنىڭ ئۆز دەۋرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن سەلتەنەت ئىزلىرىنى بويلاپ قەدەم تاشلىدىم.

ئەنە، گوياكى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئىرماش - چىرماش ئۆتۈشۈپ كەتكەن كارۋان يوللىرىدا تۆگە، ئات، قېچىر ۋە سايىۋەنلىك ئېگىز چاقلىق هارۋىلاردىن تەشكىل قىلىنغان كارۋانلار نەچچە يۈزلىگەن قوراللىق چەۋەندازلارنىڭ هىمايىسى ئاستىدا كاشغەر، بالاساغۇن، سەمەرقەنت، ئۇدۇن[2]، كۇچا قاتارلىق گۈللەنگەن چوڭ شەهەرلەردىن چىقىپ، دۇنيانىڭ هەرقايسى تەرەپلىرىگە يول ئالماقتا. شۇنداقلا، دۇنيانىڭ هەرقايسى تەرەپلىرىدىنمۇ چوڭ كارۋانلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ

① كاشغەر — قەشقەر.

② ئۇدۇن — خوتەن.

تۇرماقتا.

ئەنە، زەرباپ تونلىرى ئۈستىدىن باغلانغان كۈمۈش بېزەكلىك كەمەرلىرىگە زىننەتلىك قىلىچلارنى ئاسقان، سۆسەر تۇماقلىرىنى قىرلاپ كىيگەن سۇرلۇك تارخانلار ئات ئوينىتىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ چۆللەرنى كەزمەكتە. ئۇلار قاراخانىيلار زېمىنىغا ياۋ ئايىغى تەگمىسۇن دەپ چەت - ياقا يەرلەردە هوشيارلىق بىلەن چارلاپ يۈرمەكتە.

ئەنە، قوي تېرىسىدىن جۇۋا كىيىپ، ئات ۋە تۆگىلەرگە مىنىشكەن كۆچمەنلەر يىلقا، قوي، كالا پادىلىرىنى هەيدىشىپ، توپ - توپى بىلەن تاغ هەم يايلاقلارنى كەزمەكتە.

ئەنە، تاغ باغرىدىكى كانلاردا تېرە شالۋۇرلارنى كىيىپ، ئاياغلىرىغا چورۇق تارتقان يېرىم يالىڭاچ ئىشلەمچىلەر چىغرىق بىلەن يەر تېگىدىن تۆمۈر ۋە مىس رۇدىلىرىنى تارتىپ چىقىرىشماقتا.

دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان ئالتۇن باشاقلىق ئېتىزلاردا ئاق ۋە كۆك ماتادىن يەكتەك، تامبال كىيىپ، بېلىنى قارا پوتا بىلەن چىڭ تارتىپ باغلىۋالغان، يالاڭ ئاياغلىرىغا ئۇچلۇق كەشلەرنى سىپىۋالغان دېهقانلار ئورغاقلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئالدىراشماقتا.

مانا، مەهەللە ئىچى، دەرۋازا ئالدىدىكى توپىلاڭ يولدا پاقلاندەك بۇدرۇق يالاڭ ئاياغ باللار چۇرقىرىشىپ، ئورەكلەرگە ياڭاق ئېتىپ، كىم چوشۇرەلەيدىكىن دەپ، بىر - بىرىنى ئۇتۇشۇپ ئويناشماقتا.

دەرۋازىدىن هويلا ئىچىگە كىرمەك بولسا، ئۈرۈك، شاپتۇل دەرەخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدىكى كاۋا، قاپاقلار ساڭگىلاپ كەتكەن باراڭ ئاستىدا پەرىزاتلار بىلەن هۆسن تالاشقان قىز - چوكانلار بەجايىكى چۆچەكلەردىكى بۇلبۇلگويالاردەك ئادەم بالىسىنىڭ ئەقىل - هوشىنى ئېلىپ قاچىدىغان ئاجايىپ يېقىملىق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، چېۋەر

قوللىرى بىلەن چاقپەلەكلەرنى پىرقىرىتىپ، چەبدەسلىك بىلەن يىپ ئېگىرمەكتە.

ئەنە، قاتار - قاتار رەستىلەر، ئۇچىسىغا كىمخاب تون، بېشىغا مەخمەل بۆك كىيگەن قارا ساقاللىق سۆلەتمەن سودىگەر ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن كۆزەتمەكتە ھەمدە دۇكىنىنىڭ ئىچىگە ۋە كەڭ ئېچىۋېتىلگەن قوش قاناتلىق ئىشىكلىرىگە ئېسىۋېتىلگەن رەڭگارەڭ گەزماللارنى كۆرسىتىپ سۆزمەنلىك قىلماقتا:

— ئەي خالايىق، بۇياققا نەزەر سېلىپ ئۆتكەيسىزلەر! مال تونۇيدىغان بايۋەچچىلەر، بۇنىڭغا قارىماي قانداق ئۆتەلەيسىلەر! مانا قاراڭلار، ئۇدۇننىڭ شايى - ئەتلەسلىرى، كاشغەرنىڭ تاۋار - دۇردۇنلىرى، سەمەرقەنتنىڭ كىمخابلىرى، بۇخارانىڭ مەشۇت، چىتلىرى! يىپەك دەمسەن، يۇڭ دەمسەن، بۆز دەمسەن ھەممىسى بار...

چەكمەن چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى پوتىسىغا قىستۇرۇپ، قوزا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن قارا قالپىقىنى نوچىلارچە بىر يانغا قىيسايتىپ كىيىۋالغان ئۇزۇن بۇرۇتلۇق تۆمۈرچى غىلاپ ۋە دەستىلىرىگە قىممەت باھالىق تاشلار ئورنىتىلغان زىننەتلىك قىلىچ، خەنجەرلەرنى ئۇيان - بۇيان ئايلاندۇرۇپ كۆرسەتمەكتە.

— ئەي باتۇر ئەزىمەتلەر! قاراڭلار، پولاتمۇ بۇ ياكى ئالماسمۇ؟ — دەپ توۋلايتتى ئۇ، — قاراخانىيلارنىڭ شۆھرىتىنى يۇكسەلدۈرگەن، جاھاننىڭ تۆت ئەتراپىغا داڭقى كەتكەن خاقانىيە قىلىچى دېگەن مانا مۇشۇ؟

تەرەپ - تەرەپتىن يەنە تۈرلۈك تىجارەتچىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. بىرى نەپىس ئىشلەنگەن جانان چىنىلەرنى ماختىسا، يەنە بىرى نەقىشلەنگەن كۈمۈش ۋە مىس قاچىلارنىڭ سۈپىتىنى تەرىپلەيتتى؛ بىرى ئالتۇن ئۈزۈك ۋە سىرغىلارنى كۆز - كۆز قىلسا، يەنە بىرى ھەر خىل تۇماق ۋە ئۆتۈكلەرنى كۆرگەزمە قىلاتتى.

رەستىلەرنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى مەھەللىنىڭ چېتىدە باشقىچە بىر چوڭ بازار نۇرغۇنلىغان سودىگەر ۋە خېرىدارلارنى جەلپ قىلاتتى . بۇ يەردە ئاق كىگىز قالپاق ۋە قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جىلىتكە كىيگەن تاغلىق ياغمالار① نەسىللىك ئارغىماقلارنى ئويناقلىتىپ بازارغا سالاتتى . يىپىدىن ئېتىلىدىغان ئۇزۇن قارا چاپانلارنى كىيگەن بۇتپەرەس ياباقۇلار② تۆگە ۋە قوتازلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ ، ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن سودىلىشاتتى . يىراق - يېقىندىكى يېزىلاردىن كەلگەن قارلۇق③ دېھقانلىرى ئوتۇن - سامان ۋە بۇغداي - تېرىق بېسىلغان كېلەڭسىز كۆتەك ھارۋىلىرىنى قاتار قىلىپ توختىتىپ قويۇشۇپ ، خېرىدار كۈتۈپ تۇرۇشاتتى...

خىياللىرىم مۇھىتى ئىچىدىن كېزىپ ، بىر ئازادە مەيدانغا چىقتىم . بۇ جايمۇ ئۆزگىچە بازار ئىدى . چىن ، ھىندىستان ، ئىران ۋە ئەرەب سودىگەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇخىل ئېسىل ماللىرىنى گىلەملەر ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ ، تۆكمە قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى . بۇ يەردە تۈرلۈك مەملىكەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى سېتىلاتتى ۋە ئالماشتۇرۇلاتتى .

ئاھ كاشغەر ، كاشغەر ! قەدىمكى شەھەر ! قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ ئوردىسى جايلاشقان مەشھۇر ئاستانە ! قاناتلانغان قەلىمىم تارىخ سەھىپىلىرىنى ئاختۇرۇپ ، مەسچىت ، مەدرىسىلەرنىڭ زەر ھەل قۇببىلىرى ۋە ئاسماننىڭ قەرىگە بوي تارتقان مۇنارلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ، كۆزلىرىم ئالدىدا خان سارىيىنى نامايان قىلدى . سارايىنىڭ تاملىرى رەڭدار خىشلاردىن بېزەك قىلىنىپ قوپۇرۇلغان ، ئىشىك ۋە پەنجىرىلەر مۇرەككەپ ئويما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن . قەلىمىم قەغەز قۇرلىرىنى بويلاپ

---

① ياغما — ئەينى دەۋردە قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى ئاساسلىق قەبىلىلەردىن بىرى .

② ياباقۇ — قاراخانىيلار زېمىنىدا ياشىسىمۇ ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان قەبىلىلەردىن بىرى .

③ قارلۇق — قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى ئاساسلىق قەبىلىلەردىن بىرى .

ساراي ئىچىگە كىردى ۋە تۆردىكى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان بىر مويسىپىتنى گەۋدىلەندۇردى. تاقىر بېشىغا يۇمشاق مەخمەل دوپپا، ئۇچىسىغا كىمخاب تون كىيگەن، ساقال - بۇرۇتى خۇددى تەڭرىتاغ چوققىلىرىدىكى قار - مۇزلاردەك ئاقارغان، ئۆتكۈر كۆزلىرى گوياكى زامانلار سىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك چوڭقۇر خىيال بىلەن بىر بەلگىسىز نۇقتىغا تىكىلگەن...

ئەي قەلەم، بۇ شەخسنىڭ سالاھىيىتىنى كىتابخانلارغا ئاشكارا قىل! ئۇ خاقانىيە، ئۇدۇن، كۇچا ۋە ماۋارائۇننەھرنىڭ بۈيۈك خاقانى. ئۇنىڭ ئىسمى يۈسۈپ قادىرخان. ئابباسىيلار خەلىپىسى ئۇنىڭغا «مەلىكۇل مەشرىق ۋە چىن» دېگەن پەخرىي ئىسلام ئۇنۋانىنى تەقدىم قىلغان. ئۇ كاشغەر، ئۇدۇن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن تارتىپ تاكى جەيھۇن ۋە سەيھۇن دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلەرگىچە بولغان كەڭ زېمىندىكى ھەممە يەرلىك ئىلىك خانلارنى[①] بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خانلىقنى مىسلىسىز قۇدرەت تاپقۇزغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى يۈسۈپ قادىر ئارسلان بۇغرا قاراخان دەپ ئاتالغان.

شۇنداق. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ياشلىق دەۋرىنى، پۈتۈن ئۆمرىنى قاراخانيلارنىڭ جانجان ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان. ئۇ ئەمدى قېرىدى، ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ ئوينىتقان چاغلىرى ئۆتۈپ كەتتى؛ شان - شۆھرەت ساماسىدا ئۇستۇنلۇك تالىشىپ شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىدىغان، چېلىش قايناملىرىغا شۇڭغۇپ، باھادىرلىق مەيدانلىرىدا ئارسلاندەك ھۆركىرەيدىغان قىران پەسلى ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ.

شۇ تاپتا بۇ ئاقساقال خاقان ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ، ئۇيچان كۆزلىرى بىلەن نېمىلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئۆز ئۆمرىدە بېسىپ ئۆتكەن خەتەرلىك، جاپالىق ۋە شەرەپلىك مۇساپىنى ئەسلەۋاتىدۇ.

---

① مەركەزدىن باشقا جايلاردىكى ھۆكۈمدارلار «ئىلىك خان» دەپ ئاتىلاتتى.

ئەي قەلەم ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئەسلىمىلىرىنى كىتابخانىلارغا بايان ئەيلىگىن ! قاراخانىيلار زېمىنى غايەت زور خەۋپ ئىچىدە تۇرماقتا ئىدى . بۇ ياقتا تۇبۇتلار تەھدىت سېلىپ تۇراتتى ، يەنە بىر ياقتا غەزنەۋىيلەر ئىغۋاگەرچىلىك قىلاتتى . تېخىچە ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن كۆچمەن ياباقۇ ۋە باسمىل قەبىلىلىرى پاراكەندىچىلىك سالاتتى . خانلىقنىڭ كۇنپېتىشتىكى چېگرىلىرىغا سالجۇقىيلار داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى .

ئەنە شۇنداق بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەردە يۈسۈپ قادىرخان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى . ئۇ ، گوياكى ھالاكەت كەلتۈرگۈچى قار - مۆلدۈردىن بېشارەت بېرىپ قاراخانىيلار زېمىنى ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئېغىر قارا بۇلۇتلارنى تارقىتىۋېتىشكە بەل باغلىدى . جەڭ دۇمباقلىرى كۆك ۋە يەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ گۈلدۈرلىدى . نەچچە مىڭ ، نەچچە تۈمەن كىشىلىك زور قوشۇن يۈرۈشكە تەييار بولدى . يۈسۈپ قادىرخاننىڭ سەلتەنىتىنى نامايان قىلغۇچى توقـقۇز سېرىق بايراق ئېگىز كۆتۈرۈلـدى . جەڭگىۋار قوشۇننىڭ قارىغاي نۇسخىسى چۇشۇرۇلگەن قىزىل بايرىقى سەپ ئالدىدا لەپىلدىدى . خۇددى ئەرشتىن چۈشكەن ئۈچقۇر تولپاردەك ئاق ئارغىماققا مىنگەن يۈسۈپ قادىرخان قۇدرەتلىك قولىنى شىلتىپ ، قوشۇنلارنى تەرەپ - تەرەپلەرگە ماڭدۇردى . كاشغەر ، بالاساغۇن ، بارسغان ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن ئاتلانغان قوشۇنلار بۈيۈك خاقان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ باشچىلىقىدا تاغلاردىن ھالقىپ ، دەريالاردىن كېچىپ ، چۆللەرنى كەزدى . بىر قىسىم جايلاردا قانلىق جەڭلەر بولدى ، بىر قىسىم جايلاردا تىنچ سۆھبەتلىشىش ۋە سۈلھى تۈزۈش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلدى . ئاخىر خەۋپ - خەتەر تاغلىرى يىمىرىلدى . قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى يەرلەرگە قارىتىلغان تەھدىت ۋە ئىغۋاگەرچىلىكلەر بەربات قىلىندى .

ھالبۇكى ، بىر ئاپەت بىتچىت قىلىنسا ، يەنە بىر ئاپەت باش كۆتۈردى . بۇ قېتىمقى ئاپەت ئالدىنقىسىدىنمۇ خەۋپلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئىدى . خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يەرلىك خان

ۋە بەگلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. جاھان سەھنىسىدە مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۇشبۇ مەزمۇت قورغان، نەچچە ئەۋلاد ئارسلانخان، بۇغراخان، قاراخانىيلارنىڭ سەلتەنىتى ئاستىدا گۈللىنىپ، يۈكسىلىپ كېلىۋاتقان كەڭ زېمىن پارچىلىنىپ، خارابلىشىش خەۋپى ئالدىدا تۇراتتى. جەڭ دۇمباقلىرى قايتىدىن ئۇرۇلدى. يۈسۈپ قادىرخان غەزەپكە كەلدى. ئۇ چوڭ ئوغلى سۇلايمان تېگىن بىلەن ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد تېگىننى دەرگاھىغا چاقىرتتى.

— بۇنداق بۆلگۈنچىلىككە ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ! — دەپ خىتاب قىلدى بۈيۈك خاقان، — بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەلنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار!

شۇنداق قىلىپ، سۇلايمان تېگىن بىلەن مۇھەممەد تېگىن ئىككى يولغا ئايرىلىپ، ماۋارائۇننەھرگە قوشۇن تارتىپ كىردى. قېرىنداشلارنىڭ بىر - بىرىنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىش ئېچكى ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. ئىككى تېگىن جەيھۇن ۋە سەيھۇن دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى ئۇ باشتىن بۇ باشقىچە كېزىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى شەخسىيەتچى بەگلەر ۋە بۆلگۈنچى ئىلىك خانلارنىڭ چوڭ - كىچىك توپىلاڭلىرىنى كەينى - كەينىدىن باستۇردى.

قاراخانىيلارنىڭ بىرلىكى قوغداپ قېلىندى. ئىككى تېگىننىڭ قوشۇنلىرى زەپەر قۇچۇپ كاشغەرگە قايتتى. يۈسۈپ قادىر ئارسلان بۇغرا قاراخاقان ئۆزىنىڭ توققۇز بايراقلىق ھەشەمەتلىك ئوردىسىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قايتىپ كەلگەن ئوغۇللىرىنى قارشى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۈيۈك خاقاننىڭ ئۇنۋان تەقدىم قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، چوڭ تېگىنگە «بۇغرا» ئۇنۋانى ئاتا قىلىندى ۋە ئۇ سۇلايمان بۇغرا تېگىن دەپ

ئاتالدى . ئىككىنچى تېگىنگە «ياغان»[1] ئۇنۋانى بەخش ئېتىلدى ۋە ئۇ مۇھەممەد ياغان تېگىن دەپ ئاتالدى .

خاقانىنىڭ قايتىدىن خىزمەتكە تەيىنلەش پەرمانىغا ئاساسەن سۇلايمان بۇغرا تېگىن بىرىنچى ۋارىس سۈپىتىدە ئوردا ئىچىدە قالدۇرۇلدى . مۇھەممەد ياغان تېگىنگە خان ئۇرۇقىنىڭ يۇرتى بولمىش ئوپال دىيارى ھەدىيە قىلىپ بېرىلدى ۋە ئۇ ئوردىنىڭ زەربىدار قوشۇنىغا قوماندان بولۇپ ، ئوپالنىڭ ئازىق كەنتىدىكى قەلئەگە ئورۇنلاشتى .

شەۋكەتلىك تاجدار يۈسۈپ قادىر ئارسلان بۇغرا قاراخان ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ ئەنە شۇ جەڭگىۋار كۈنلەرنى ئەسلىدى ، ئەنە شۇ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزدى . ئۇ يەنىلا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى . ئۇ گويا پۈتۈن كاشغەرنى ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بارلىق شەھەر ۋە سەھرا ـ قىشلاقلارنى كۆرۈپ چىقتى ، ئاندىن مەمنۇن بولغان ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلدى :

«شۈكرىلىللا خۇداۋەندە كەرىم ، قاراخانىيلار زېمىنى تولۇق بىرلىككە كەلدى . بارچە يۇرتلىرىمىزدا تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرۈپ ، بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئەل گوياكى تەڭرىتاغدەك مەغرۇر قەد كۆتۈردى ، قۇدرەت تاپتى ! »

يۈسۈپ قادىرخان ئۆز ھاياتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى گويا ئەمدىلا تولۇق مەنىسى بىلەن چۈشەندى . يا رەببىم ! خاقان بولماق ئاسانمۇ ؟ ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى باش كۆتۈرمەي ئىشلەپ ، تىنىمسىز كۈرەش قىلىپ ئۆتكۈزدى . ناۋادا ئۇنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ كۆرمەك مۇمكىن بولسا ، بۇ يۈرەكنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن غەم ـ ئەندىشىلەر ۋە غەزەپلىنىش ، جىددىيلىشىش بىلەن تولۇپ تاشقانلىقىنى كۆرۈشكە بولاتتى . «تۇۋا ! — دەپ ئويلىدى يۈسۈپ قادىرخان ، — ئۇتقاشتەك كۆيۈپ ئۆپراپ تۈگەپ كېتىۋاتقان بۇ

[1] ياغان — خاقانىيە تىلىدا «پىل» .

يۇرىكىمدە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن كىچىككىنە ئورۇن چىقمىغانمۇ؟ بۇ ئالتۇن تەخت، ھېسابسىز بايلىقلار ماڭا بەخت ئاتا قىلالمىدىمۇ؟ ئۆمرۈم ساراي ئىچىدە ئولتۇرۇپ باش قاتۇرۇش ۋە ئات مىنىپ جەڭ مەيدانلىرىنى كېزىش بىلەنلا ئۆتتىمۇ. ئاخىرقى جەڭلەر ئاياغلاشقىنىغا تېخى ئەمدىلا بىر يىل بولدى. ئەپسۇس! بۇ ئاسايىشلىق كۆڭلەرنىڭ راھەت ـ پاراغىتىمۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى. قادىر ئاللا ئىگەم مېنى ئەنە شۇ كۈرەشلەر ئۈچۈن ياراتقانىكەن. شۇ كۈرەشلەرگە سەرپ قىلغان ئەجرىم ئەمدىلا مېۋىگە كىرگەندە ھاياتىمغا كەچ ـ پېشىن بولۇپ قالدى...»

يۈسۈپ قادىرخان ئالتۇن تەختىنىڭ يان يۆلەنچۈكىگە جەينىكى بىلەن تايىنىپ بېشىنى ئالقىنىغا قويدى ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئاھ، ھايات... قىسمەت... ئۆشتۈمتۇت قاراخاقان بېشىنى كەسكىنلىك بىلەن كۆتۈردى. قېرىلىقنىڭ سايىسى ئاستىدا سولغۇن چىرايى جانلىنىپ كەتتى، نۇرىنى يوقاتقان كۆزلىرىدە قايتىدىن ئوت چاقنىدى. «ياق، — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — مەن ئۆزۈمنى سائادەتلىك تەخت ساھىبى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقتۇرمەن. ئەلنىڭ ئامانلىقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتمىدى. خانلىقنىڭ بىرلىكى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا پانىي ئالەمدىكى ئەڭ زور بەخت ئەمەسمۇ؟»

يۈسۈپ قادىرخان ئالتۇن تەختتىن ئاستا چۈشۈپ، ھاشىيىسى نازۇك نەقىشلەر بىلەن قاپلانغان دېرىزە يېنىغا كەلدى ۋە ئىككى قولىنى سوزۇپ قوش قاناتلىق دېرىزە پەنجىرىلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. ھەر خىل گۈل ۋە مېي باغلىغان مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى سىڭگەن ساپ ھاۋا دىماغقا ئۇرۇلدى. يۈسۈپ قادىرخان چوڭقۇر تىنىپ نەپەس ئالدى.

سۇلايمان بۇغرا تېگىن بىلەن مۇھەممەد ياغان تېگىن ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا كېلىپ تۇردى. بۇ ئىككى تېگىن خان ئاتىسىنىڭ ئادەتتىكى ۋەسىيىتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن مەخسۇس چاقىرتىلغانىدى.

— نېمىدېگەن راھەتبەخش ھاۋا! — دېدى يۈسۈپ

قادىرخان ، — كاشغەرنىڭ ھاۋاسى مۇشۇنداق ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن خانلىقىمىزنىڭ پېشۋاسى ئالپ ئەرتوڭا مۇشۇ يەردە ماكانلاشقان ۋە كاشغەرنى «ئوردۇ كەنت» دەپ ئاتىغان . ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەزىم شەھەر خانلىقىمىزنىڭ چوڭ ئاستانىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ .

يۈسۈپ قادىرخان دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى گۈلزارلىق ۋە مېۋىلىك باغنىڭ ئۈستىدىن گويا پەقەت ئۆزىلا كۆرۈۋاتقان يىراق نىشانغا كۆز تىكتى .

تىنىق ئاسماندا ئاپئاق ماموقتەك بۇلۇت پارچىلىرى لەرزان ئۈزۈپ ئۆتمەكتە ئىدى .

سۇلايمان بۇغرا تېگىن بىلەن مۇھەممەد ياغان تېگىن ئاتىسىنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى كۈتۈپ ، ئېھتىرام بىلەن سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇشاتتى .

يۈسۈپ قادىرخان يەنە سۆزلىدى :

— ئالپ ئەرتوڭا پۈتۈن ئۆمرىنى ئېلىمىزنىڭ ئېسەنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۆتكۈزگەن . ئۇ ئىران شاھىنىڭ باسمىچىلىرىغا قارشى كۆپ يىللار ئۇرۇش قىلدى ، شۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە ئۇ قۇربان بولدى . ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى ، ئەمما ئېلىمىزنىڭ ئېسەنلىكى قوغداپ قېلىندى . ئىرانلىقلارمۇ نۇرغۇن تالاپەت تارتقان بولغاچقا ، ئېلىمىزگە قاراتقان ئىستېلاچىلىقىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى . ئالپ ئەرتوڭادەك كۆرمىگەنلىگان ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس قانلىرى بىلەن بارلىققا كەلگەن خانلىقىمىز بارغانسېرى يۈكسەلدى ، گۈللەندى . بىز ئەنە شۇ ئالپ ئەرتوڭا قارا خاقاننىڭ ئەۋلادلىرى بولىمىز...

يۈسۈپ قادىرخان ھالسىزلىنىپ قالدى بولغاي ، سەل مۈكچىيىپ ، دېرىزىدىن چەتلىدى . ئىككى تېگىن ئۇنى قولتۇقلاپ قايتۇرۇپ ماڭدى ۋە يۆلەپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى ـ دە ، ئۆزلىرى تەختنىڭ ئىككى يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى . سۇلايمان بۇغرا تېگىن ئوڭ تەرەپتە ، مۇھەممەد ياغان تېگىن سول تەرەپتە .

— كېيىنكى ۋاقىتلاردا جايلاردىكى نادان ئىلىك خانلار ۋە ئاچ كۆز بەگلەرنىڭ يېغىلىقلىرى كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەردى، — يۈسۈپ قادىرخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۈكرىلىللا، نىيىتىمىزنىڭ خالىسلىقىدىن ئاللاتائالا ئىشىمىزنى ئوڭ قىلدى. قارا كۆڭۈل بۆلگۈنچىلەر تېگىشلىك جازاسىنى يېدى. خانلىقىمىز يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى. ھالبۇكى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە پاراكەندىچىلىك يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. مەن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن سىلەر ھەر دائىم سەگەك ۋە ھوشيار بولۇڭلار. ئالپ ئەرتوڭا قارا خاقان ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان بۇ خانلىقىمىزنى بۆلگۈنچىلەرنىڭ پارچىلىشىغا ھەرگىز يول قويماڭلار! قاراخانىيلارنىڭ بىرلىكىنى كۆز قارىچۇقۇڭلاردەك ئاسراڭلار! بۇنىڭئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار ئىناق ۋە ئىتتىپاق بولۇڭلار! «كېڭەشلىك بىلىگ ئۆزرەشۇر، كېڭەشسىز بىلىگ ئۇپراشۇر[①]» دېگەن ماقالنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئۆزئارا كېڭەشلىك ئىش قىلىڭلار ۋە قىلىچىڭلارنىڭ دەستىسىنى چىڭ تۇتۇڭلار!

ئىككى تېگىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمىز، مۆھتەرەم خان ئاتا! — دەپ قەسەمياد قىلىشتى ئۇلار، — ئەل ئۈچۈن جېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز. ھەرقانداق باسمىچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي يول قويمايمىز!

— ئۇزۇن بولدى، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم، — يۈسۈپ قادىرخان يەنە سۆزلىدى، — ئەل ئىچىنى كېزەلمىدىم، لېكىن سىلەر مېنىڭ كۆزۈم ۋە قۇلىقىم. قېنى، چىن سۆزۈڭلارنى ئېيتىڭلارچۇ، ھازىر خانلىقنىڭ ئىشلىرى قانداق كېتىۋاتىدۇ؟ ئەل ئىچىدىكى ئەھۋال قانداق؟

---

① كېڭەشلىك ئىش ئۆزلىشەر، كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار.

— خانلىقىمىزنىڭ بارلىق ئىشلىرى مۇھتەرەم خام ئاتىمىزنىڭ ئەمر - پەرمانلىرى بويىچە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، — دېدى سۇلايمان بۇغرا تېگىن.

— بۈيۈك خاقانىيىدە تىنچلىق ۋە ئېسەنلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە، — دېدى مۇھەممەد ياغان تېگىن.

— ياخشى، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى يۈسۈپ قادىرخان ۋە ماغدۇرسىزلىقتىن تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئاپئاق ساقىلىنى سىلىدى، — شۇنداق بولسا، ئاداققى ئۆمرۈمدە ئارمان قىلماي كۆز يۇممەن. بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ خاتىرجەم بولىمەن.

دەرۋەقە، ئۇ ئاداققى ئۆمرىنى ئارمانسىز ئۆتكۈزدى ۋە خاتىرجەملىك بىلەن كۆز يۇمدى.

ئوردا بىتىكچىسى[1] خانلىقنىڭ شەجەرە كىتابىغا تۆۋەندىكى قۇرلارنى پۈتۈپ قويدى:

«بۇ خانلار خانى، مەلىكۇل مەشرىق ۋە چىن يۈسۈپ قادىر ئارسلان بۇغرا قاراخان ھەقتائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۈيۈك خانلىقنىڭ ئالتۇن تەختىدە ئوتتۇز بەش يىل ئولتۇرۇپ، دانالىقى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن خەلقئالەمگە مەشھۇر بولغاندىن كېيىن تارىخىي ھىجرىيە 424 - يىلى[2] ئاستانىمىز كاشغەردە پانىي دۇنيادىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئىلاھىم، ياتقان يېرى جەننەت بولغاي، ئامىن!»

ئوردىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە چوڭ تېگىن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا خاقان بولدى ۋە سۇلايمان ئارسلانخان دەپ ئاتالدى. ئىككىنچى تېگىن «بۇغراخان» ئۇنۋانى بىلەن ئورۇنباسار خان دەپ ئېلان قىلىندى ۋە ئۇ مۇھەممەد بۇغراخان دەپ ئاتالدى.

ئوردىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ۋە سۇلايمان

---

① بىتىكچى — كاتىپ.

② مىلادىيە 1032 - يىل.

ئارسلانخاننىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى جاكارلاش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئارغىماقلارغا مىنگەن چاپارمەنلەر ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئېلىكخانلارنىڭ تۇرار جايلىرىغا قاراپ چېپىپ كېتىشتى.

ئاق ساقاللىق يۈسۈپ قادىرخان ئولتۇرغان ھېلىقى ئالتۇن تەختتە ئەمدى قارا ساقاللىق سۇلايمان ئارسلانخان ئولتۇرۇپ، بېتىكچىلەرگە يارلىق يازدۇرۇشقا، ھەرقايسى ئەللەرگە يالاۋاچلارنى[1] ئەۋەتىشكە، سانغۇن ۋە تارخانلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھەربىر ئەمر - پەرمانىغا ساراي ئەھلى تەزىم بىلەن ئىتائەت بىلدۈرۈپ:

— خاسىيەتلىك بۇيرۇق ۋە كالاملىرى بىز ئۈچۈن ۋاجىپتۇر، سائادەتلىك سۇلايمان ئارسلان قاراخان! — دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.

ئارسلانخان، بۇغراخانلار سەلتەنىتى يەنە بۇرۇنقىدەكلا دەبدەبىلىك داۋاملىشىپ كېتىۋەردى.

---

① يالاۋاچ — ئەلچى.

# بىرىنچى باب

## ئارسلانخان ھۇزۇرىدا

ھىجرىيە 432 ـ يىل[1] ياز .

سۇلايمان ئارسلانخان سالماق قەدەملەر بىلەن كېلىپ تەختكە ئولتۇردى ۋە خۇددى بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەن ئادەمدەك قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، ئويچان قىياپەتتە خېلى ئۇزۇنغىچە جىم بولۇپ قالدى، ئاندىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن تەختنىڭ ئىككى يېنىدىن تارتىپ پەگاھقىچە تىزىلىپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان كىشىلەرگە بىر قۇر سەپسالدى ـ دە، ئىشارەت ئارقىلىق ئۇلارغا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى ۋە يەنە جىمىپ كەتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ بۇ ھەشەمەتلىك سارىيىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تەختنىڭ ئۇدۇلىدىكى نەقىشلىك ئىشىككە ۋە خۇددى شۇنداقلا نەقىشلىك دېرىزە پەنجىرىلىرىگە تىكىلىپ قارىدى، ئاندىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، قۇببىسىمان تورۇسنىڭ ئالتۇن رەڭدە ھەل بېرىلگەن بېزەكلىرىگە كۆز تىكتى، بىر پەستىن كېيىن بوينى تالغاندەك قىلىپ بېشىنى ساڭگىلاتتى ـ دە، تۆت بۇلۇڭغا بىر كەلتۈرۈلۈپ يېيىلغان چوغدەك رەڭدار گىلەمگە نەزەر تاشلىدى. ئۇ گوياكى كۆڭلىدىكى چىگىش سوئاللارغا جاۋاب تاپالمىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئاخىر ئۇ بېشىنى بۇراپ، تەختنىڭ يېنىدىن پەگاھقىچە

---

[1] مىلادىيە 1040 ـ يىل.

سوزۇلغان ھېلىقى كىشىلەرگە قارىدى. قارىغاندىمۇ خۇددى ئۇلارنى تونۇمايۋاتقاندەك بىر ئەنسىراغىچە خىيال ئارىلاش نەزىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قارىدى. بۇلار كىملەر؟ قىممەت باھالىق زەرباپ، كىمخابلارغا پۈركەنگەن، بىرىدىن بىرى سۆلەتلىك، سالاپەتلىك بۇ كىشىلەر كىم؟ سۇلايمان ئارسلانخان ئۇلارنى قانداقمۇ تونۇمىسۇن؟ ئۇلار ئوردا ئەمەلدارلىرى، ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالار ئەمەسمۇ! ئەنە ئۇلار: تۆكسۇن[1]، يابغۇ[2]، ھاجىپ[3] قاتارلىقلار ئوڭ ياقتا، سۇباشى[4]، تايىنغۇر[5]، ئىلىمكە[6] قاتارلىقلار سول ياقتا. ھەممىسى تام ياقىلاپ تىزىلغان كۇرسىلاردا قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك قىمىر قىلىشماي چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ، خانلىقنىڭ بۇ ئالىي ھۆكۈمدارىغا كۆز تىكمەكتە.

سۇلايمان ئارسلانخان ئاق يىپەك سەللىسىنىڭ كۆكسىگە چۇشۇرۇلگەن پەتىسىنى بىر قولى بىلەن ئويناپ قويدى ـ دە، ئوڭ يېنىغا قارىدى. ۋەزىرلەرنىڭ تۆرىدە، يەنى تەختنىڭ ئوڭ يېنىدا ئاق، كۆك، يېشىل سەللىلەرنى ئوراشقان ئۆزگىچە بىر توپ كىشىلەر ئولتۇراتتى. ۋەزىرلەرنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغىنىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ دوست مەملىكەتتىن كەلگەن ئىززەتلىك ياللاۋاچلار ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. شۇنداق، بۇ ئۆزگىچە كىشىلەر غەزنەۋىيلەر[2] خاندانلىقىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ئالىي ياللاۋاچلىرى ئىدى. ھالبۇكى، شۇ تاپتا كىمنىڭ كى ئارسلانخاننىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قاراشقا پېتىنالىسا، غەزنەۋىيلەر ياللاۋاچلىرىغا تىكىلگەن بۇ كۆزلەردە بىزار بولغانلىق ۋە ھەتتا نارازىلىق ئالامەتلىرى يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزگەن بولاتتى.

---

①، ②، ③ — ۋەزىرلەرنىڭ ئەمەلناملىرى.

④، ⑤، ⑥ — ۋەزىرلەردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئەمەلدارلار.

⑦ غەزنەۋىيلەر خاندانلىقى — ھازىرقى ئافغانىستان زېمىنىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ۋە ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىراننىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خانلىق، X ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولغان.

تۇغرا، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قەلبىدىكى ئەڭ چوڭ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا دەل مۇشۇ يالاۋاچلار سەۋەبچى بولغانىدى. بۇ، غەزنەۋىيلەر ئوردىسىدىن كاشغەرگە مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم يالاۋاچلارنىڭ كېلىشى ئىدى. بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى بۇ يالاۋاچلار غەزنەۋىيلەر سۇلتانى مەسئۇتنىڭ سۇلايمان ئارسلانخانغا يازغان مەكتۇپىنى ئەكەلگەنىدى. مەكتۇپتا غەزنەۋىيلەر بىلەن سالجۇقىي تۈركمەنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغانلىقى، دەڭدانقان دېگەن يەردىكى جەڭدە غەزنەۋىيلەر قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى خەۋەر قىلىنىپ، قاراخانىيلارنىڭ قوشۇن، قورال - ياراغ ۋە يېمەك - ئىچمەك بىلەن ياردەم كۆرسىتىشى ئىلتىماس قىلىنغانىدى. يالاۋاچلارنى قوبۇل قىلىشقا ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئىنىسى مۇھەممەد بۇغراخانمۇ ئىشتىراك قىلغانىدى. قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن ئاكا - ئۇكا خانلار ئايرىم باش قوشتى. بۇغراخان غەزنەۋىيلەرگە ياردەم بېرىشكە قەتئىي قوشۇلمىغانلىقتىن ئوتتۇرىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئارسلانخان سۇلتان مەسئۇتنىڭ يالاۋاچلىرىنى ياردەم ھەققىدە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمەي، قائىدە - يوسۇنلۇق دوستانە سۆزلەر ۋە قىممەتلىك سوۋغا - سالاملار بىلەن يولغا سېلىپ قويغانىدى. مانا ئەمدى ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە غەزنەۋىيلىك يالاۋاچلار يەنە بىر قېتىم كېلىپ ياردەم سورىدى.

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ھەقىقەتەن بېشى قاتقانىدى. ئۇنىڭ مەيلىچە بولسا، غەزنەۋىيلەر بىلەن بولغان دوستانە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويماسلىق ۋە سالجۇقىيلاردىن قاراخانىيلارغا كېلىدىغان تەھدىتنى چەكلەش ئۈچۈن ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى ماقۇل كۆرەتتى. بىراق، مۇھەممەد بۇغراخان بۇنىڭغا زادىلا رازى بولمىدى. بۇنى ئاز دەپ، ئۇ يالاۋاچلارنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدىن كېيىنلا ئوپالغا قايتىپ كەتكىنىچە مانا تۆت كۈن بولدى، «تاۋۇم يوق» دېگەننى باھانە قىلىپ يېتىۋالدى. ئارسلانخان ئىنىسىنىڭ مىجەزىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ تەرسالىقى تۇتىدىغان

بولسا، نېمە دېگەنبىلەنمۇ بىكار، ھېچقانداق گەپكە كۆنمەيدۇ.
ئارسلانخان ئىلاجسىزلىقتا بىر تەرەپتىن قېرىندىشى بۇغراخانغا خاپا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئىچىدە غەزنەۋىيلەرنى قارغايتتى: «تەڭرى ئۇرسۇن، سوقۇشقاقلار! تەڭ كېلەلمەيدىغىنىغا ئۇرۇش قوزغاپ نېمە قىلىدۇ؟»
مۇشۇ تۆت كۈندىن بېرى خاقان ھەم ۋەزىرلەر بىر قارارغا كېلەلمەي، سۇلتان مەسئۇتنىڭ ياللاۋاچلىرىنى تورلۇك زىياپەت ۋە بەزمە - تاماشىلار بىلەن بەند قىلىپ، توغرا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، خان جەمەتىنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭمۇ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ۋاقىتنى كەينىگە سوزماقتا ئىدى.
مانا بۈگۈنمۇ بۇ ياللاۋاچلار ئارسلانخان سارىيىدىكى ئالاھىدە بەزمىگە تەكلىپ قىلىنغانىدى.
سۇلايمان ئارسلانخان ئويۇن كۆرۈشكە ھازىرلىنىپ ئولتۇرۇشقان ئوردا ئەھلى ۋە ياللاۋاچلارغا ئاخىرقى قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، يان تەرەپتىكى ئىشىك تۈۋىدە قول قوۋۇشتۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان بىرۇككە[1] قاراپ قول ئىشارىسى قىلدى ۋە بوغۇق ئاۋازدا:
— بەزمە باشلانسۇن! — دېدى.
ئۈچلۈق مەخمەل بۆك كىيگەن بىرۇك چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە ئاندىن يان ئىشىكنى ئېچىپ:
— نەغمىچىلەر! — دەپ جار سالدى.
خاقان ھۇزۇرىدىكى بەزمىگە مۇناسىپ شايى لىباسلارنى كىيىپ ياسىنىشقان بىر توپ ياش يىگىتلەر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈشكەن ھالدا ئالدىراپ چىقىشىپ، سورۇننىڭ ئاياغ تەرىپىگە كەلدى - دە، تەختنىڭ ئۇدۇلىدا قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشتى.
ئالدى بىلەن باربىتنىڭ يۇمشاق، يېقىملىق ساداسى قەدىمكى

---
① بىرۇك — سارايىنىڭ مېھمان كۈتۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.

كاشغەرنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىدىن بىرىنى باشلىدى . باربىتچى يىگىت بەجايىكى بىر لەززەتلىك سۆيگۈ قاينىمىدا مەجنۇن بولغان ئاشىقتەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تارىلارنى چېكەتتى . چېكىلگەن تارىلاردىن ياڭراۋاتقان ئاھاڭلار بارغانسېرى جىددىيلىشىپ ، ئەۋجىگە يەتكەندە باربىتقا شوخ تەمبۇر تەڭكەش قىلىندى ، ئاندىن بارلىق نەغمىچىلەر بىراقلا نەغمىگە قوشۇلدى . نەي ، غىجەك ۋە داپ - دۇمباقلار نەغمىنى يەنىمۇ قىزىتىۋەتتى . شۇ تەرىقىدە بىر كۈي ئاياغلاشقاندا باربىت يەنە بىر يېڭى كۈينى باشلاپ بېرەتتى .

ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار نەغمىنى ئىشتىياق بىلەن تىڭشىماقتا ئىدى . قاراخانىيلار ھۆكۈمدارىنىڭ جاۋابىنى ئالالماي دىلىغول بولغان غەزنەۋىيلىك يالاۋاچلارمۇ ئەپتىدىن قارىغاندا ، ئاستا - ئاستا غەم ۋە ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇدى . پەقەت ئارسلانخانلا تېخىچە چىرايىنى ئاچماي ئۈن - تىنسىز مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى .

نەغمە تاماملاندى .

ئارسلانخان گويا چۆچۈپ ئويغانغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئەتراپتىكىلەرگە مەنىسىز كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى - دە ، ئەجنەبىي يالاۋاچلارنىڭ ئالدىدا بۇنداق غەمكىن ئولتۇرۇۋېرىشنى خوپ كۆرمىدى بولغاي ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ ، نەغمىچىلەرگە باركاللا ئېيتتى ۋە بىرۇكتىن سورىدى :

— خوش ، يەنە قانداق ئويۇنلار تەييارلاندى ؟

— شەۋكەتلىك خاقانىم ئىجازەت بەرسە ، ھېكمەتلەر ماكانى دەپ ئاتالمىش باغدات شەھىرىدىن يېقىندا كەلگەن ئۇسسۇلچىلار كارامەت كۆرسىتىپ جەۋلان قىلغاي ! — دېدى بىرۇك ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا ئېگىلىپ تۇرۇپ .

ئارسلانخان ئىجازەت بەردى .

بايا نەغمىچىلەر چىققان ئۆينىڭ قارشى تەرىپىدىكى نەقىشلەنگەن ئىشىكنىڭ قوش قاناتلىرى ئۇلۇغ ئېچىلدى - دە ، بىر توپ نازىنىن قىزلار بەئەينى قانات قېقىشىۋاتقان كېپىنەكلەردەك

يوگورۇپ چىقىشتى ۋە ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى بوش قالدۇرۇلغان ئورۇندىن ئۆتۈپ تەختنىڭ ئالدىغا كەلدى .

نەغمىلەر نىل دەرياسى بويلىرىدىكى يىراق يۇرتلارنىڭ ئۇسسۇل پەدىسىنى باشلىدى . ئۇسسۇلچى قىزلار يىقىملىق ساز ئاھاڭلىرىغا چۈشۈرۈپ چېۋەرلىك بىلەن ماھارەت كۆرسىتىشكە كىرىشتى . ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى سورۇننى باشقىچە جانلاندۇرۇۋەتتى . مەرتىۋە دەرىجىلىرى بويىچە تىزىلىپ ئولتۇرۇشقان ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار ئوردىغا يېڭىدىن كەلتۈرۈلگەن بۇ ئەرەب قىزلىرىنىڭ نازۇكەرەشمىلىرىگە مەھلىيا بولۇپ ، ھەۋەسلىك كۆزلىرىنى تىكىشەتتى ۋە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ خاقانغا ئېھتىيات بىلەن قاراپ قويۇشاتتى . چۈنكى ، ئارسلانخاننىڭ ئۇشتۇمتۇت بۇ ئويۇندىن بىزار بولۇپ ، بەزمىنى توختىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى .

ۋەھالەنكى ، سۇلايمان ئارسلانخان ۋەزىرلىرىدىن قېلىشمىغان ھالدا پۈتۈن زېھنىنى ئۇسسۇلغا مەركەزلەشتۈرگەنىدى . ئۇ گاھ ھوزۇرلانغان ھالدا ئاقىرىشقا باشلىغان چار ساقىلىنى بارمىقىغا يۆگەپ ئويناپ قوياتتى ، گاھ ئۇنىڭ ئۇسكىلەڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ ، كۆزلىرى چاقناپ كېتەتتى . «بۇلارنىڭ راستىنلا ماختىغۇچىلىكى بار ئىكەن !» دەپ ئويلىدى خاقان . تۈنۈگۈن تابغۇچى① ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ ، باغداتتىن كەلگەن ئۇسسۇلچىلارنى ياللىغانلىقىنى ئېيتىپ ، خەزىنىنىڭ چىقىم ھۆججىتىنى كۆرسەتكەندە ، خاقان : «باھاسى بەك ئۆرە بولۇپ كېتىپتۇغۇ ؟» دەپ ئەجەبلەنگەنىدى . تابغۇچى تەزىم قىلىپ تۇرۇپ : «شەۋكەتلىك خاقانىم ، بۇلار خىللانغان ساھىبجامالىلار ئىكەن ، ئۇسسۇلنى بەك ياخشى ئوينايدىكەن . ئالىيلىرى ، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلىنى بىر كۆرگەن بولسىلىرى» دېگەنىدى .

مانا ئەمدى سۇلايمان ئارسلانخان بۇ باغداتلىق ئۇسسۇلچىلار-

---

① تابغۇچى — مالىيە ئەمەلدارى .

نىڭ ئەپچىل ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ ، تابغۇچىغا مەمنۇنىيەت بىلەن قاراپ ، تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . خاقانىنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى زېرەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ، ئەمەلدارلار قاتارىدا ئولتۇرغان تابغۇچى كۆڭلى ئەمىن تاپقان ھالدا يېنىككىنە تىنىق ئېلىپ كۈلۈمسىرىدى .

ئارسلانخان ئوردىسىدا كاشغەر ، بالاساغۇن ، ئودۇن ، كۇچا ۋە سەمەرقەنتنىڭ ئاتاقلىق سەنئەت نامايەندىلىرى جەم بولغانىدى ، بۈيۈك خاقان كېيىن يەنە نۇرغۇن جاۋاھىرلىرىنى چىقىم قىلىپ ، خوراساندىنمۇ بىر تۈركۈم ئۇستا سازەندىلەرنى كەلتۈرگەنىدى . شۇنداق قىلىپ ، كاشغەر ئوردىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلىۋاتقان مەشھۇر سازەندىلەر ، ئاتاقلىق ناخشىچىلار ، داڭلىق ئۇسسۇلچىلار بۇ يەردە پات - پات ئويۇن قويۇپ ، قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خاقانىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ، بارلىق ھۈنەر ، ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىشاتتى . ھالبۇكى ، ئىسلام خەلىپىلىكى تەۋەسىدىن كەلگەن ئەرەب سەنئەتچىلىرىنىڭ ئارسلانخان ھوزۇرىدا ئويۇن كۆرسىتىشى تېخى تۇنجى قېتىم بولۇۋاتاتتى .

سارايي بەزمىسى راسا كۆڭۈلدىكىدەك قىزىپ كەتتى . ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىقتى . سىپتا قىزىل تاۋاردىن بوغما شىم كىيگەن ، بەل ۋە بىلەكلىرى يالىڭاچلانغان ئەرەب قىزلىرى سۈرمىلەنگەن قاش - كۆزلىرىنى جىلۋىلىتىپ ، باغدات ، شام ۋە مىسىرنىڭ ئەيش - ئىشرەت ئۇسسۇللىرىنى نامايان قىلماقتا ئىدى . ئۇلار بىردەم خۇددى تىپتىنچ كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق قۇلاردەك سىلىق ھەرىكەت قىلىپ ، كىشىلەرنى شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمدۈرسە ، بىردەم خۇددى سۇپسۈزۈك سۇدا پىلتىڭلاپ يۈرگەن ئالتۇنبېلىقلاردەك تولغىنىپ ، ئەۋرىشىم بەدەنلىرىنى ئوينىتىپ خاقان ۋە ۋەزىرلەرنىڭ دىللىرىنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالاتتى .

ئاخىر ئۇسسۇلچى قىزلار نەغمىنىڭ چۇشۇرگىسىگە ئەگىشىپ ، ئاجايىپ ناز بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى ۋە بۇ ئالىي

مەرتىۋىلىك تاماشىبىنلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ، بەجايىكى شوخ كېيىكلەردەك ئويناقلىغان هالدا يوگۇرۇپ مەيداندىن چىقىشتى ـ دە ، ياندىكى ئىشىك ئالدىدا توپلىنىپ تۇرۇشتى .

ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار خاقاننىڭ قىزلارنى يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ئويناشقا ياكى ناخشا ـ قوشاق ئېيتىشقا بۇيرۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ، تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى . شۇ ئاردا قاپۇغ باشى[1] بەئەينى كۆلەڭگىدەك شەپە چىقارماي كىردى ـ دە ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ تەختنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغان هالدا ئاستا ئېگىلىپ خاقانغا مەلۇمات بەردى :

— شەيخۇلئىسلام هىسامىددىن ئىبنى مۇسا هەزرەتلىرى بۈيۈك خاقانىمىزنىڭ مۇبارەك دىدارىنى تاۋاپ قىلىش ئارزۇسى بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلىپتۇرۇر .

بۇنداق بىمەزگىل كەلگەن مېهماننىڭ خەۋىرىدىن ئارسلانخاننىڭ كەيپى ئۇچتى . ئۇنىڭ چىرايىغا گويا كى يېنىككىنە ئۆتكۈنچى بۇلۇتنىڭ سايىسى چۈشكەندەك بولدى . شەيخۇلئىسلامنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن خاقاننىڭ كۆڭۈلسىز خىياللىرى يەنە قوزغالدى . ئارسلانخان بىلەن بۇغراخان ئوتتۇرىسىدىكى دەسلەپكى ئىختىلاپ مۇشۇ هىسامىددىن ئىبنى مۇسا ئىسىملىك شەيخۇلئىسلامنىڭ كاساپىتىدىن تېشىلىپ چىققانىدى .

ئۈچ يىل مۇقەددەم ئىلگىرىكى مويسىپىت شەيخۇلئىسلام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئارسلانخان ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنى تەيىنلەش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇهەممەد بۇغراخان بىلەن مۇزاكىرىلەشكەنىدى . ئىككى خاننىڭ كۆز قاراشلىرى بىر يەردىن چىقماي قالدى . سۇلايمان ئارسلانخان شەيخۇلئىسلاملىق مەنسىپىنى ئەينى ۋاقىتتا قارىكالان بولۇپ خىزمەت قىلغان مەزكۇر هىسامىددىن ئىبنى مۇساغا لايىق كۆردى . مۇهەممەد بۇغراخان

---

[1] قاپۇغ باشى — خان سارىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار .

بولسا ، ساچىيە مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپنى نامزاتلىققا كۆرسەتتى . ھەر ئىككى خان ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى . ئارسلانخان ھىساممىددىن مۇسانى : «تەدبىرلىك ، قولىدىن ئىش كېلىدۇ» دەپ تەرىپلىسە ، بۇغراخان ھۇسەيىن خەلەپنى : «بىلىملىك ، چوڭ ئالىم» دەپ دەلىل كەلتۈرەتتى . ئاخىرقى ھېسابتا ئارسلانخاننىڭ خاھىشى بويىچە ھىساممىددىن ئىبنى مۇسا شەيخۇلئىسلامدىن ئىبارەت يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي مەنسەپكە ئېرىشتى .

سۇلايمان ئارسلانخان بۇ يېڭى شەيخۇلئىسلام بىلەن ھەر جۈمە نامىزىدا بىللە بولغاننىڭ سىرتىدا يەنە ئارىلىقتىكى چاغلاردىمۇ پات - پات كۆرۈشۈپ تۇراتتى ۋە ھەقىقىي مۇسۇلمان ھۆكۈمدارغا مۇناسىپ ئىش قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى ، خانلىقنىڭ ئىچكى - تاشقى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇنىڭ پىكرىنى ئالاتتى ۋە مۇپتىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى ئىخلاس بىلەن تىڭشايتتى .

خۇسۇسەن بۈگۈنمۇ ئارسلانخان شەيخۇلئىسلامنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى . ئۇ غەزنەۋىيلىك يالاۋاچلارغا ئاخىرقى جاۋابنى بېرىشتىن ئاۋۋال چوڭ ئىنىسى بۇغراخان بىلەن كەنجى ئىنىسى مەھمۇد ئارسلان تېگىننىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم تىڭ - تىڭلاپ بېقىش قارارىغا كەلگەن ۋە بۇ مەخپىي ۋەزىپىنى شەيخۇلئىسلامغا تاپشۇرغانىدى . ھىساممىددىن مۇسا بۇنداق ئىشلارغا ھەقىقەتەن تەدبىرلىك ئىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئارسلانخان ئۇنىڭ دەل مۇشۇ جەھەتتىكى قابىلىيەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ مەنسەپكە ئۆستۈرگەنىدى . چۈنكى ، بۇنداق ئىشلارنى پۈتكۈل مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋەررەنەس ئېتىقادىغا سازاۋەر بولغان شەيخۇلئىسلاملىق ئورنىدا تۇرۇپ بېجىرىش تېخىمۇ قولايلىق بولاتتى .

شۇنداق قىلىپ ، سۇلايمان ئارسلانخان تاقەتسىزلىنىپ كۈتۈپ

تۇرغان شەيخۇلئىسلام مانا ئاخىر يېتىپ كەلدى. لېكىن، شۇنىسى باركى، بۇگۇنكى بەزمىدە خاقان كۇندىن - كۇنگە ئۇلغىيىۋاتقان غەم ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى بىردەملىككە بولسىمۇ ئۇنتۇپ، روھىي كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ، شەيخۇلئىسلامدىن ئىبارەت بۇ سادىق مەسلىھەتچىسىنىڭ قىرىشقاندەك دەل مۇشۇ پەيتتە پەيدا بولغانلىقى خاننى ئەپسۇسلاندۇردى.

بەزمە ئىشتىراكچىلىرى چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئارسلانخانغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. قاپۇغ باشى خاقاننىڭ ئەمرىنى كۇتۇپ تىخچە ئېگىلىپ تۇراتتى. ئارسلانخان هاردۇق يەتكەن كىشىدەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بېشىنى ئاستاغىنا ئارقىغا تاشلىدى - دە، بوغۇق ئاۋازى بىلەن بىر ئېغىز سۆزنىلا ئېيتتى:

— كىرسۇن!

بىر هازادىن كېيىن ئۇ يېقىنلاپ كەلگەن قەدەم شەپىسىنى ئىشتىپ كۆزلىرىنى ئاچقاندا، شەيخۇلئىسلام ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا تەختنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ، تەزىمدە تۇراتتى.

— خۇش كېلىپسىز، ھەزرىتى شەيخۇلئىسلام، بەھۇزۇر ئولتۇرغايسىز، — دېدى ئارسلانخان ۋە ئوڭ ياندىكى ۋەزىرلەر قاتارىنى كۆرسەتتى.

ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، ئۇزۇن يېشىل شايى تون ئۇستىدىن ئاق يەكتەك كىيگەن، سىلىق قىلىپ تارالغان شالاڭ ساقىلى ئاقىرىشقا باشلىغان، خۇددى بېشىدىكى يوغان ئاق سەللىسى ئېغىر كەلگەندەك بىر ئاز مۇكچىيىپ قالغان كىشى ئىدى. ئۇ خاقانغا سالام ۋە ھۆرمەت بىلدۇرۇشنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋەزىرلەر تەرەپكە بۇرۇلدى، ئاندىن گوياكى بۇ دۇنيانىڭ سىرلىرىنى يېشەلەيدىغان ۋە ئۇ دۇنيانىڭ ھېكمەتلىرىنى كۆرەلەيدىغان ئەۋلىيا - ئەنبىيالارغا تەقلىد قىلىپ، چىرايىغا ئۇلۇغۋار تۇس بەردى - دە، تۆكسۇن بىلەن باش ھاجىپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئارسلانخان بەزمىگە ئىشتىراك قىلغان ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلارنى ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇرغان هالدا قول ئىشارىسى قىلىپ نەغمىچى ۋە ئۇسسۇلچىلارنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى، چۈنكى ئۇ شەيخۇلئىسلامنىڭ مۇهىم خەۋەر ئەكەلگەنلىكىنى پەملىگەنىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت سارايغا كىرمىگەن بولاتتى.

خاقان بەزمىنى توختىتىپ، بۇ هۆرمەتكە سازاۋەر زاتنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىش قىلدىم دەپ ئويلىدى. هالبۇكى، كىشىلەر نەزىرىدە تەقۋادارلىقنىڭ تەۋرەنمەس ئۈلگىسىدىن ئىبارەت بولغان بۇ سالاپەتلىك شەيخۇلئىسلام گەرچە خانلىق جامەسىدە هەر جۈمە نامىزىدىن كېيىن مۆمىنلىكنى تەرغىب قىلىپ، كەيپ ـ ساپا ۋە هاۋايى ـ هەۋەسكە بېرىلمەسلىك هەققىدە جامائەتكە ۋەز ئوقۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، شۇ تاپتا ئۇ سارايىنىڭ يان ئىشكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى پاقلانىنى كۆرۈپ قالغان ئاچ بۆرىدەك ئويناپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئوغرىلىقچە قاراپ قالدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تېخى ئەۋلىيالىق ماقامىغا يەتمىگەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. سۇلايمان ئارسلانخان قىز ـ چوكانلارنىڭ جىلۋىسىنى تاماشا قىلىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ تاپمايدىغان بۇ مۆتىۋەر مەسلىهەتچىسىنىڭ يوشۇرۇن كۆز هەرىكىتىنى كۆرمەسكە سالدى ۋە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ خىتاب قىلدى:

— خوش، ئەمدى شائىرلارنىڭ دۇردانىلىرىدىن بەهرە ئالايلى!

ئوردا شائىرلىرى نۆۋەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇدۇننىڭ داڭلىق سېرىق قەغىزىگە پۈتۈلگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئەقىل بۇلىقىدىن ئۇرغۇپ چىققان هېكمەتلىك سۆزلەر ۋە گۈزەل مىسرالار گوياكى ئالتۇن تەختنىڭ ئالدىغا بىباها پايانداز دەك يېيىلدى. دەبدەبىلىك مەدهىيە ۋە قەسىدىلەر گوياكى رەڭگارەڭ خۇش پۇراق گۈللەردەك ئارسلانخاننىڭ بېشى ئۈستىدىن چېچىلدى.

مەدھىيىلەر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ۋەزىر، ئەمەلدارلار شائىرلارنى ئالقىشلاپ ماختاشتى. ئاندىن ئارسلانخان بۇ ئىجتىماتلىق قەلەم ئىگىلىرىنى ئالتۇن، كۈمۈشلەر بىلەن تارتۇقلىدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مۇراسىمنىڭ تاماملانغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئوردا ئەھلى ۋە غەزنەۋىيلەر يالاۋاچلىرى چىقىپ كېتىشتى. ئارسلانخاننىڭ يېنىدا يالغۇز شەيخۇلئىسلام قالدى. شەيخۇلئىسلام گەپنى قەيەردىن باشلىسام بولار دېگەندەك قىلىپ ئويلىنىپ قالدى. ئارسلانخان ھاردۇق يەتكەن ئادەمدەك سېمىز گەۋدىسىنى تەستە قوزغاپ ئالتۇن تەختتىن تۇردى ۋە ئىرغاڭلاپ كېلىپ شەيخۇلئىسلام ھىسامىددىننىڭ يېنىدىكى كۇرسىغا ئولتۇردى.

— قېنى، سۆزلەڭ، ھەزرىتىم، — دېدى ئۇ، شەيخۇلئىسلامغا تىكىلىپ قاراپ.

ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا يەنە بىرئاز ئويلىنىۋالدى ـ دە، تامىقىنى قىرىپ قويۇپ گەپنى يىراقتىن باشلىدى:

— خاقان دېمەك، تەڭرىنىڭ زېمىندىكى سايىسى دېمەكتۇر. شۇڭا، خانغا بويسۇنماق ۋاجىپ...

شەيخۇلئىسلام بىر تىنىۋېلىپ، خاقاننىڭ رايىنى سىناپ ئاستىرتىن قاراپ قويدى. ئارسلانخان گەۋدىسىنى سەل ئېگىشتۇرۇپ جىددىي قىياپەتتە تىڭشىماقتا ئىدى. ئۇ، گەپنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى چىرايىدا روشەن ئىپادىلەپ ئولتۇراتتى.

— پېقىر شەۋكەتلىك خاقان ئالىيلىرىنىڭ ئەڭ سادىق مۇخلىسى بولغانلىقتىن، خانىدانلىقىمىز ئىچىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئىناقسىزلىقتىن بەك ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن...

ئۇ يەنە سۆزىنى بۆلۈپ خاقانغا كۆز تاشلىدى. ئارسلانخان «سۆزلەۋەر» دېگەننى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— پېقىرنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىدىن قارىغاندا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ھىسامىددىن

ئىبنى مۇسا، — خاقانىمىزنىڭ كىچىك دادىسى توغان خان بىلەن كەنجى ئىنىسى مەھمۇد ئارسلان تېگىن ئالدىنقى كۈنى شىكاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، يول ئۈستىدە كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىشىپتۇ. توغان خان: «سۇلايمان تۆت تامنىڭ ئىچىگە سولىنىۋېلىپ، كۈن بويى مۇپتىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەستىن، كۆپرەك ئات مىنىپ، ئەلنى كېزىشى، جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەتلىرىنى، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇشى لازىم ئىدى» دەپتۇمىش. پېقىرغا بەكرەك ئەلەم قىلغىنى شۇكى، ئارسلان تېگىنمۇ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ: «خان ئاكام بۇرۇنقى چاغلاردا باھادىرلىق بابىدا شەرەپ قازىنىپ ئارسلانخان دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئارسلانغا ئانچە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى» دەپتۇمىش.

شەيخۇلئىسلام خاقانىنىڭ كۆزىگە قاراپ يەنە جىمىپ قالدى.

ئارسلانخان ھەسرەتلەنگەن ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئۇ بۇ خىلدىكى كۆڭۈلگە تېگىدىغان گەپلەرنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغانىدى. توغان خانىنىڭمۇ، ئارسلان تېگىنىنىڭمۇ ھازىرقى ئوردا ئىشلىرىغا نارازىلىقلىرى بار ئىدى. ئارسلانخان بۇنى بىلەتتى.

— خوش، يەنە نېمە گەپ بار؟ — دەپ سورىدى ئارسلانخان.

ئۇ شەيخۇلئىسلامنىڭ ئىپتىماقچى بولغان ئەڭ مۇھىم گېپىنى تېخى ئېيتمىغانلىقىنى قىياس قىلغانىدى.

— ئېيتاي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، ئېيتماي دېسەم دىلىم، — دېدى ھىسامىددىن ئەلەملىك رەۋىشتە بېشىنى چايقاپ.

— نېمە گەپ بولسىمۇ ئەيمەن ئېيتىڭ، شەيخۇلئىسلام، — دېدى ئارسلانخان.

ھىسامىددىن يەنە تامىقىنى قىرىپ قويۇپ، ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— پېقىر خانىدانلىقىڭ غېمىدە كۆيۈپ، بەش ۋاخ نامىزىمدا

خان جەمەتىنىڭ ئىناقلىقىنى تىلەيمەن ، ئارسلانخان سەلتەنىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن . ئەپسۇسكى ،توغان خان بىلەن ئارسلان تېگىننىڭ گەپلىرىدىن قايغۇرۇپ يۈرگىنىمدە ، ئەمدى ئۈنىڭدىنمۇ چوڭراق بىر قايغۇ يۈرىكىمنى قاپلىدى . پېقىر شەۋكەتلىك خاقانىمىزنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ناھايىتى ئېشەنچلىك ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر كىشىنى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ قەلئەسىدە مەھرەملىككە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدىم . شۇ كىشى بۈگۈن سەھەردە ئۇپالدىن كېلىپ ، ماڭا ئىنتايىن جىددىي بىر ئىشتىن ئۈچۈر بەردى . مەن بۇ ئۈچۈرنى دەرھال خاقانىمىزغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى نىيەت قىلغانىدىم . بىراق ، بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئارسلان قارا خاقانىمىز غەزنەۋىيلەر ياللاۋاچلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، پېشىندىن كېيىن كېلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم...

ھىسامىددىن بىرئاز تىنىۋالدى . ئۇنىڭ تۇرقىدىن قاتتىق ھاياجانلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— پېشىندىن كېيىن ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ ، — بۇغراخاننىڭ خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھېلىقى كىشى پېقىر بىلەن كۆرۈشۈپ قايتقاندا ، يوچۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم...

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ پەرىشانلىقىنى گويا شامال ئۇچۇرتۇپ كەتكەندەك بولدى . ئۇ دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ ، شەيخۇلئىسلامغا ئىتتىك قارىدى .

— شۇنداق ، ئۇ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ ، — دېدى شەيخۇلئىسلام ، — رەھمەتلىك بۇنداق ئىشلاردا تازىمۇ ئېپى بار ئادەم ئىدى . ئۇ قاراخانىيلار تەختىگە ساداقەتمەنلىكى بىلەن شېھىت بولدى .

— ھە ، ئۇ زادى نېمە ئىشتىن ئۈچۈر بەرگەنىدى ؟ — ئارسلانخان خېلىلا تاقەتسىزلىنىپ سورىدى .

— تۈنۈگۈن ئۇپال قەلئەسىدە بۇغراخان بىلەن ئارسلان تېگىن ئۇزاق سۆھبەتلىشىپتۇ ، — دېدى ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا ، —

ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىپ، نېمىگە توختالغانلىقىنى ئۇقالمىدىم. ھېلىقى ئۇلتۇرۇلگەن كىشى ئۇلارغا مۇلازىملىق قىلىپ، كىرىپ - چىقىپ يۈرۈپ سۆھبەتكە چالا - پۇچۇق قۇلاق سېپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇغراخان بىلەن ئارسلان تېگىن غەزنەۋىيلەرنىڭ ياللاۋاچلىرى ۋە غەزنەۋىيلەر بىلەن سالچۇقىيلارنىڭ ھازىرقى ئۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلىشىپتۇ. ئارسلان تېگىن كەتكەندىن كېيىن مۇھەممەد بۇغراخان ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ بىتىكچىنى چاقىرتىپتۇ ۋە سالچۇقىيلار سۇلتانىغا بىر پارچە مەكتۇپ يازدۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئادىمىمىز بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىنىمۇ تولۇق ئاڭلىيالماپتۇ. لېكىن، ئىككىنچى مەكتۇپنى ئۇ ئىشىكنىڭ كەينىدە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ باشتىن - ئاياغ ئاڭلىۋاپتۇ، ئىككىنچى مەكتۇپ بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى، بارسغان شەھىرىنىڭ ھاكىمى ھۇسەين بۇغرا تېگىنگە قارىتىپ يېزىلىپتۇ.

شەيخۇلئىسلام يەنە سۆزىنى بۆلۈپ، ئارسلانخانغا قارىدى.

— ھە، مەكتۇپتا نېمە يېزىلىپتۇ؟ — سورىدى ئارسلانخان.

— ھۇسەين بۇغرا تېگىنگە يېزىلغان مەكتۇپتا غەزنەۋىيلەرنىڭ ياردەم سوراپ كاشغەرگە ياللاۋاچلارنى ئەۋەتكەنلىكى، مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ھەرگىز غەزنەۋىيلەرگە يان بېسىپ، سالچۇقىي تۈركمەنلەر بىلەن ئۇرۇشمايدىغانلىقى، ناۋادا سۇلايمان ئارسلانخان بارسغان ھاكىمىغا يارلىق چۈشۈرۈپ، غەزنەۋىيلەرگە قوشۇن بىلەن ياردەم كۆرسىتىشنى بۇيرۇسا، بۇنداق بۇيرۇقنى رەت قىلىش ھەمدە جەڭگە ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇش ئېيتىلىپتۇ.

شەيخۇلئىسلامنىڭ بۇ سۆزلىرى ئارسلانخاننىڭ دەل يۈرىكىگە تەگكەن شەپقەتسىز زەربە بولدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، نەپسى بوغۇلۇپ كەتتى.

— بۇ راست گەپمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ خۇددى تورغا چۈشۈپ قالغان قاپلاندەك دەرمانسىز زەردە بىلەن خىرقىراپ.

— راست بولغىنى ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى پېقىرغا يەتكۈزگەن

ھېلىقى بىچارە شۇنچە پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلدى، — دېدى شەيخۇلئىسلام ۋە قايغۇرغان كۆرۈنۈشتە بېشىنى چايقاپ قوشۇپ قويدى، — ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتقان گەپلىرىنى كىممۇ ئاڭلىغان، كىممۇ بىلىۋالغان بولغىيدى؟ «يالغۇز يەردە سۆزلەشسەڭ قولاقنى قولاقا ياق، تاملارنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەن گەپ راست ئىكەن ـ دە!

— بۇ گەپچە، بۇغراخاننىڭ قۇلىقى بەكلا ئۇزۇن ئىكەن ـ دە! — دېدى ئارسلانخان ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، قولى تېخىمۇ ئۇزۇن ئىكەن، — دەپ سۆز قاتتى ھىسامىددىن.

ئارسلانخاننىڭ چىرايى دەھشەتلىك تۇس ئالدى. ئىككى تىزىغا قويۇلغان مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلدى، سىمىز ۋە بويلۇق گەۋدىسى ئالغا ئىنتىلدى. لېكىن، ئۇ ئورنىدىن قوزغالمىدى ۋە قان قويۇلغان كۆزلىرى بىلەن گىلەم ئۈستىدىكى بىر بەلگىسىز نۇقتىغا تىكىلدى.

شەيخۇلئىسلام خاقانغا ھېسداشلىق قىلماقچى بولدىمۇ ياكى قورقۇپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزىنى ئاقلىغان ئاھاڭدا دۇدۇقلىدى:

— پېقىر... سۇلايمان ئارسلان قارا خاقانغا چەكسىز سادىق بولغىنىم ئۈچۈن... بۇنداق گەپلەرنى ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى ئۆزۈمنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇم دەپ بىلىمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قېتىمقى ئىشنى شەۋكەتلىك خاقانىم شەخسەن ئۆزى پېقىرغا ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرغان بولغاچقا...

ئارسلانخان ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ، بىر قولى بىلەن ئاستاغىنا ئىشارەت قىلىپ، ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىنى بۇيرۇدى. شەيخۇلئىسلام ئورنىدىن قوپۇپ، سالماق ھەرىكەت بىلەن چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

شەيخۇلئىسلامنىڭ بۇ قېتىمقى مەلۇماتى سۇلايمان ئارسلانخاننى ھەقىقەتەن تەمتىرىتىپ قويغانىدى. ئوردا ئايغاقچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە بولۇپمۇ شەيخۇلئىسلامنىڭ

تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە خان جەمەتى ئىچىدىكى ئۇششاق گەپ ـ سۆزلەر ھەم غەيۋەت ـ شىكايەتلەرنى ئارسلانخان يېقىنىدىن بېرى پات ـ پات ئاڭلاپ تۇراتتى . بۇ ھەقتىكى مەخپىي مەلۇماتلارنى ئاڭلىغاندا خاقان ئاز ـ تولا رەنجىسىمۇ ، يەنىلا ئانچە غەم قىلىپ كەتمەيتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ سۇلتان مەسئۇت غەزنەۋى بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى . ۋەھالەنكى ، ئۇ ئۆز قېرىندىشى بولغان بۇغراخاننىڭ بۈگۈنكى مەلۇماتتا ئېيتىلغىنىدەك ئوچۇق ـ ئاشكارا ئۆكتىچىلىك ھەرىكىتىگە بەل باغلايدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى . «يا پەرۋەردىگارى ئالەم ! بۇ ، قېرىنداشلار تىغ كۆتۈرىدىغان ئىسياندىن دېرەك بېرەمدۇ ؟» دەرۋەقە ، بۇ سۇلايمان ئارسلانخاننى چۆچۈتىدىغان ئىش بولدى ، چۈنكى مۇھەممەد بۇغراخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك خانى ئەمەسمۇ !

# ئىككىنچى باب

# خانلار كېڭىشى

شەيخۇلئىسلام ھىساممىددىن ئىبنى مۇسانىڭ ئەڭ يېڭى مەلۇماتى، بولۇپمۇ چوڭ ئىنىسى مۇھەممەد بۇغراخان ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇلايمان ئارسلانخان جىددىيلەشتى ۋە خۇددى ئېغىر غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك سەگەكلەشتى. ئۇ گويا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۆز ئەتراپىغا، ئۆتمۈشكە ۋە كەلگۈسىگە زېھىن قويۇپ نەزەر سالدى. قايسى تەرەپكە قارىسۇن، قايسى جەھەتتە باش قاتۇرسۇن، چىگىش خىياللىرى بىرى - بىرىدىن ۋەھىمىلىك، قاباھەتلىك بىلىندى. ئۇ ئۆزىنى بەجايىكى ئۈمىدسىزلىكنىڭ چوڭقۇر ۋە قاراڭغۇ ئورىسىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. «ئەي پەرۋەردىگارى ئالەم، ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن!» شۇ تاپتا ئارسلانخاننىڭ ئەتراپىدا ئىشەنگۈدەك، يۆلەنگۈدەك، تايانغۇدەك كىم بار؟ ئارسلانخان نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە بۇرۇنراق ئويلانمىدى؟ ئۆتمۈشتىكى بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ تۇرمىدى؟ نېمە ئۈچۈن بىپەرۋالىق قىلدى؟ ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولار؟ يەنە قانداق ئىشلار، قانداق مۇشكۇلچىلىكلەر يۈز بېرەر؟

سۇلايمان ئارسلانخان ئەنە شۇنداق خىياللار ئىچىدە ئۆرتىنىپ كۈننى كەچ قىلغاندىن كېيىن، ئاخىر يەنىلا ئۆزىنىڭ سادىق

مەسلىھەتچىسى ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا ھەزرەتنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى مۇۋاپىق تاپتى.

ئۇ ئۆز ھۇجرىسىدىكى يۇمشاق گىلەم ئۈستىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىۋېرىشتىن چارچاپ توختىدى ۋە ئالتۇن چىراغپايلاردا چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنلىرىغا بىر ئەسناغىچە ھېچنېمىنى كۆرمەس كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا كېلىپ، بىر چەتكە سېلىپ قويۇلغان تۆت قات دۇردۇن كۆرپە ئۈستىگە پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۈنلۈك چاقىردى:

— مەھرەم!

تاشقىرىقى خانىدا ئارسلانخاننىڭ خىزمىتىنى كۈتۈپ سەگەكلىك بىلەن ئولتۇرغان خاس مەھرەم دەرھال قوپۇپ، بېشىدىكى قىزىل مەخمەل تەلپەكنى ۋە ئۇچىسىدىكى ئاق شايى يەكتەكنى ئالدىراش تۈزەشتۈرگەچ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىردى - دە، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى.

— لەببەي، بۈيۈك خاقانىم.

ئارسلانخان پەرمايىش قىلدى:

— قاپۇغ باشىغا ئېيتقىن، شەيخۇلئىسلامغا چاپارمەن ئەۋەتسۇن. ھەزرىتى ھىسامىددىن ئەتە ناماز بامداتقا ئۈلگۈرۈپ كەلگەي.

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى خاقان بىلەن شەيخۇلئىسلام بامدات نامىزىنى بىرلىكتە ئوقۇدى.

— قانداق قىلىش كېرەك، ھەزرىتى شەيخۇلئىسلام؟

ئارسلانخان ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن جايناماز دىن قوپماي تۇرۇپ، كۆڭلىدىكى ئارسالدىلىقلىرىنى مەزكۇر مەسلىھەتچىسىگە چۈشەندۈردى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى سوئالنى قويدى.

خاقاننىڭ يېنىدا جاينامازغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ھىسامىددىن

ئىبن مۇسا كالتە يۆتەلدى، ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى، لېكىن سۆز قىلمىدى. ئۇ چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان قىياپەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بىر هازاغىچە شۈك ئولتۇردى، ئاندىن بويىنىنى سوزۇپ، ئىشىك تەرەپكە ئېهتىيات بىلەن قاراپ قويدى. خاقان ئۇنىڭ خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى پەملىدى ۋە بۇنداق ئېهتىياتچانلىقنى ئورۇنلۇق دەپ هېسابلىدى. شۇڭا، ئورنىدىن تۇرۇپ شەيخۇلئىسلامنى سارايىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر كىچىكرەك خانىغا باشلاپ كىردى. بۇ، ئالاهىدە مۇهىم ۋە مەخپىي سۆهبەتلەر ئۈچۈن مەخسۇس هازىرلانغان ئۆي بولۇپ، خانىنىڭ خاس مەهرىمىدىن باشقا هەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ يەرگە يېقىن كېلىشى مەنئى قىلىنغانىدى. ئىككىيلەن گۈللۈك تاۋار بىلەن قاپلانغان يوغان تەكىيلەرگە جەينەكلىرى بىلەن تايىنىپ، قات - قات كۆرپىلەرگە ئولتۇرۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن شەيخۇلئىسلام ئېغىز ئېچىپ، خاقانىنىڭ بايىقى «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب قايتۇردى:

— مەن ئېيتمىساممۇ بۈيۈك خاقانغا مەلۇمدۇركى، خان جەمەتى ئىچىدىكى يېقىندىن بۇيان سادىر بولۇۋاتقان ئىناقسىزلىقلارنى، بولۇپمۇ بۇغراخان ئائىلىرى بىلەن بولغان كېلىشەلمەسلىكلەرنى پات ئارىدا ئوڭشۇلۇق هەل قىلىپ كېتىش ئاسان ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن پېقىرنىڭ قارىشىچە، هازىرقى ۋەزىيەتتە غەزنەۋىيلەر خانلىقىغا هەربىي ياردەم بېرىشكە ئىمكانىيەت يوق تۇرۇر...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئارسلانخان تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— باشقا ئىشلارنى كېيىن ئايرىم ئويلىشىپ كۆرگۈلۈك، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى هىسامىددىن ئىبنى مۇسا.

ئارسلانخان يەنە بېشىنى لىڭشىتتى ۋە مەيۈسلەنگەن هالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

— شۇنداق بولسۇن ، — دېدى ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا ، — ئالدى بىلەن غەزنەۋىيلەك يالاۋاچلارنى يولغا سېلىۋېتەيلى ، ئاندىن مۇھەممەد بىلەن ئوبدان سۆزلىشەي .

ئۇ بىردەم جىم بولدى - دە ، ئۇشتۇمتۇت مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغان كىشىدەك ئالدىراپ قوشۇپ قويدى :

— ھە ، راست ! ھېلىقى ئايغاقچىڭىزنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىككىنچى تىلغا ئالمىغايسىز . مۇھەممەد بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بۇ ھەقتە گەپ ئېچىلىشىنى خالىمايمەن .

— ئىنشائاللا... — دەپ قويدى ھىسامىددىن .

— ھەي مۇھەممەد ، مۇھەممەد ! — ئارسلانخان ئەلەملىك ئاھاڭدا خىتاب قىلىپ بېشىنى چايقىدى ، — سەن نېمىدېگەن تەرسا ! نېمىدېگەن...

ئۇ خۇددى كۆڭلىدىكى ئاچچىقنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز تاپالمىغاندەك توختاپ قالدى ۋە بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن پەسكويغا چۈشۈپ ، شەيخۇلئىسلامغا مۇراجىئەت قىلدى :

— ھىسامىددىن ھەزرەت ، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى بۇ ئارازلىقلار يەنە چوڭىيىپ كېتەرمۇ ؟

— ئىنشائاللا ، ئۇنداق بولۇپ كەتمەس ، — دېدى شەيخۇلئىسلام تەسەللى ئاھاڭى بىلەن .

— مۇھەممەد ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى تۈگۈننى يېشىۋېتىشنىڭ ئەپچىل چارىسى بارمىدۇ ؟ — خاقان يەنە سورىدى .

شەيخۇلئىسلام سۆزلەشكە ئالدىرىماي تامىقىنى قىرىپ قويدى .

— دەرۋەقە ، مۇھەممەد بۇغراخان ئۆز سۆزلۈك خان ، — دېدى ئۇ ۋە ئارسلانخانغا ئاستىرتىن قاراپ قويدى .

خاقان ئۇنچىقماستىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى . ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا ئۇنىڭغا سىناق نەزىرى بىلەن يەنە بىر قارىدى - دە ، بوش ۋە قانداقتۇر سىرلىق ئاۋازدا گەپ قىلدى :

— سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن مۇھەممەد بۇغراخان خاقانىيىنىڭ ئىككى ئالتۇن تۈۋرۈكى دېمەكتۇر . ئىككى خاننىڭ ئۆزئارا ھەمدەمدە ، ھەمنەپەستە بولۇشى بىز مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئايى تىلىكىمىزدۇر ۋە لېكىن بۇغراخان ئالىيلىرى ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلارنىڭ سەممىي ئارزۇ - ئۈمىدلىرىگە مۇخالىپ يول تۇتۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ...

ھىسامىددىن «ئارتۇق سۆزلەپ سالدىممۇ قانداق ؟» دېگەندەك قىلىپ خاقانغا سىنچىلاپ كۆز تاشلىدى - دە ، ئۇنىڭ ئوزايىدىن ھېچقانداق نارازىلىق ئالامىتىنى سەزمىگەندىن كېيىن تېخىمۇ بوشراق ۋە تېخىمۇ سىرلىق ئاھاڭدا مۇنداق دېدى :

— كونىلاردا «قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس» دېگەن گەپ بار...

بوش ۋە مۇلايىم تەلەپپۇزدا ئېيتىلغان بۇ بىر جۈملە سۆزدىن سۇلايمان ئارسلانخان بەئەينى زەھەرلىك نەشتەر سانجىلغاندەك چۆچۈپ ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى .

— ياق ، ياق... ھىسامىددىن ھەزرەت... ئۇنداق دېمەڭ... — دېدى ئۇ نەپەسى بوغۇلۇپ ، — ئۇنداق دېمەڭ . ئاھ ، خۇداۋەندە كەرىم ، گۇناھكار بەندەڭگە ئۆزۈڭ ئاسانچىلىق بەرگەيسەن !

شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۈزۈلدى . ئارسلانخان شەيخۇلئىسلامنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى .

«قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس !» بۇ سۆزلەر بەجايىكى ئەرشتىن ئېيتىلغان ئەجەللىك ئوقتەك سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ گويا مېڭىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ ، يۈرىكىگە قادالغاندەك بولدى . قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغمىسا قانداق قىلىش كېرەك ؟ ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا نېمە دېمەكچى ؟ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى خاقان ئەلۋەتتە چۈشىنىپ بولدى . ئۇ يوشۇرۇن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ، تاجۇ تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ، يەنى ئەڭ قاتتىق ، ئەڭ دەھشەتلىك چارىنى قوللىنىش كېرەك دېمەكچى

بولۇۋاتىدۇ . ياق ، ياق ! ئۇنداق قىلىشنى ئاللاتائالا راۋا كۆرمەيدۇ ! ياق ، قېرىنداشلارنىڭ تالاش - تارتىشىنى ئۇ دەرىجىگە يەتكۈزمەسلىك كېرەك .

ئارسلانخان بۇ مۇرەككەپ ئەھۋالدىن چىقىش يولى تاپالماي ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، ئاخىر خىياللىرى ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنىڭ ئەسلىمىلىرىگە چۆمۈلۈپ كەتتى . مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ غەزنەۋىيلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى .

خانلار خانى يۇسۇپ قادىر ئارسلان بۇغرا قاراخان ھايات ۋاقتىدا سەمەرقەنتنىڭ ئىلىك خانى ئەلى تېگىن ئوردۇ كەنتنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى باشلىغانىدى . شۇنداق قىلىپ ، مۇھەممەد ياغان تېگىن (مۇھەممەد بۇغراخان ) خان ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماۋارائۇننەھرگە قوشۇن تارتىپ كىردى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇسۇپ قادىرخان غەزنەۋىيلەر ھۆكۈمدارى سۇلتان مەھمۇدقا مەكتۇپ يوللاپ ، ئوغلى ياغان تېگىنگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى . سۇلتان مەھمۇد دەرھال قوشۇن چىقىرىپ ، ياغان تېگىنگە ماسلاشتى . ئەلى تېگىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ پۈتۈنلۈكىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ ، كاشغەر ۋە بالاساغۇندىن ئىبارەت قوش ئاستانىگە مەڭگۈ سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

شۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدا ئۇچرىشىپ ، دوستلۇق كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشتى ۋە سۇلتان مەھمۇدنىڭ قىزى زەينەپنى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد ياغان تېگىنگە ياتلىق قىلىش ، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ قىزىنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەمىر مۇھەممەدكە ياتلىق قىلىش توغرىسىدا

پۈتۈشتى. ھالبۇكى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مىلادىيە 1030 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد ۋاپات بولغانلىقتىن بۇ قۇدىلىشىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىدى.

مىلادىيە 1031 ـ يىلى ئەتىيازدا سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ چوڭ ئوغلى مەسئۇت كاشغەرگە ياللاۋاچلار ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە قادىرخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى. لېكىن، شۇ ئارىدا يۈسۈپ قادىرخاننىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشى بولماي قالغانلىقتىن، غەزنەۋىيلەرنىڭ ياللاۋاچلىرى بىلەن بولىدىغان سۆھبەت كېيىنگە سۈرۈلۈپ كەتتى.

مىلادىيە 1032 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن، غەزنەۋىيلىك ياللاۋاچلارنىڭ كاشغەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشىغا توغرا كەلدى. قاراخانىيلار ئوردىسى مەرھۇم قارا خاقاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى، تەختنىڭ ۋارىسلىقى ۋە خان جەمەتىنىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋىلىرىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن بەند بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، سۇلتان مەسئۇتنىڭ ياللاۋاچلىرى مىلادىيە 1034 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋەزىپىسىنى ئاران ئورۇنداپ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ مەلىكىسىنى ئېلىپ غەزنىگە قايتتى.

شۇ يىلى كۈزدە مۇھەممەد بۇغراخان غەزنەۋىيلەر خانلىقىغا مەخسۇس ياللاۋاچلار ئۆمىكى ئەۋەتىپ، مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ۋەدە قىلغان مەلىكە زەينەپنى ئۆزىگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھالبۇكى، سۇلتان مەسئۇت غەزنەۋى بۇغراخاننىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلماستىن، خاقانىيلىك ياللاۋاچلارنى قايتۇرۇۋەتتى ۋە سۇلايمان ئارسلانخانغا ئۇنىڭ ئىنىسى بۇغراخاننىڭ تەلىپىدىن رەنجىگەنلىكىنى ئالاھىدە ئۇقتۇردى. ئارسلانخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن مۇھەممەد

بۇغراخاننى ئەيىبلىدى. ئۇ، ئالىي ھۆكۈمدار بولمىش ئارسلانخاننىڭ، يەنى شەخسەن ئۆزىنىڭ تەستىقنى ئالماي تۇرۇپ چەت ئەللەرگە يالاۋاچلارنى چىقىرىشنى ئىنتايىن چوڭ يولسىزلىق دەپ ھېسابلىدى.

— بۇ باشباشتاقلىق، بەكلا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك! — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

— يوقسۇ، مۆھتەرەم خان ئاكا، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى بۇغراخان، — بۇ ئارسلانخاننىڭ سەلتەنىتىگە چېتىلىدىغان ئىش ئەمەس. مەزكۇر يالاۋاچلار غەزنەۋىيلەر ئوردىسىغا كەمىنىڭىزنىڭ ساۋچىلىرى[1] سۈپىتىدە باردى.

شۇنىڭ بىلەن، ئاكا - ئۇكا ئىككى خان ئوتتۇرىسىدا دەسلەپكى ماجىرا تۇغۇلدى.

— بىر تۇغقان ئاكىسىدىن بىسوراق ساۋچىلارنى يولغا سېلىش بىزنىڭ ئەردەم[2] ۋە يوسۇنلىرىمىزغا توغرا كېلەمدۇ؟ — دېدى ئارسلانخان غەزىپىنى زورىغا بېسىپ.

— بۇ ھەرگىزمۇ باشباشتاقلىق بىلەن سىزدىن بىسوراق قىلىنغان ئىش ھېسابلانمايدۇ، خان ئاكا، — دېدى مۇھەممەد بۇغراخان، — مەلىكە زەينەپنىڭ نىكاھ كېلىشىمىنى رەھمەتلىك خان ئاتام بىلەن مەسئۇت ۋە زەينەپنىڭ ئۆز ئاتىسى سۇلتان مەھمۇد ئاللىقاچان رازى - رىزالىق بىلەن پۈتۈشۈپ بولغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەمدى نېمە ئۈچۈن مەسئۇت بۇ كېلىشىمدىن يېنىۋالىدۇ؟ ئۆزلۈكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇنىڭ تېگىدە غەيرىي نىيەت، يامان غەرەز يوشۇرۇنغان. مەن بۇنى ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئاداشلىقنى[3] بۇزغانلىق دەپ قارايمەن.

ئارسلانخان بىلەن بۇغراخان شۇ تەرىقىدە يەنە كۆپ تالاشتى،

---

① ساۋچى — توي ئىشىدا يىگىت تەرەپتىن قىز تەرەپكە بارىدىغان ئەلچى.
② ئەردەم — (خاقانىيە تىلىدا) پەزىلەت.
③ ئاداشلىق — (خاقانىيە تىلىدا) دوستلۇق.

تەرگەشتى، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنى قايىل قىلالمىدى، پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ قەلبىدە سۇلتان مەسئۇتتىن ئۆچ ئېلىش ئىستىكى ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى. ئۇ غەزنەۋىيلەرنىڭ دۈشمىنى بولغان سالچۇقىيلار خانلىقى بىلەن مەخپىي مۇناسىۋەت ئورناتتى. سۇلتان مەسئۇت بۇ ئىشتىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، چاندۇرمىدى ۋە قاراخانىيلار بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ، سالچۇقىي تۈركمەنلەر بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان ۋەزىيەتتە قاراخانىيلار بىلەنمۇ دۈشمەنلىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خاقانى ئارسلانخاننىڭ ئۆزىگە قارشى چىقمايدىغانلىقىغا بىرقەدەر ئىشىنەتتى. شۇنداقتىمۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇ مىلادىيە 1037 - يىلى 8 - ئايدا غەزنەۋىيلەر ئوردىسىنىڭ مەخسۇس دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىل قىلىپ، قىممىتى مىڭ دىناردىن ئاشىدىغان ئېسىل سوۋغا - تارتۇقلار بىلەن كاشغەرگە يولغا سالدى. شۇنداقلا، ئارسلانخان ۋە بۇغراخانلارنىڭمۇ غەزنە ئوردىسىغا تەڭ دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىشىنى تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپكە بىنائەن قاراخانىيلارنىڭ مەزكۇر ئىككى خانىمۇ ئىككى ئۆمەك تەشكىل قىلىپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا غەزنە شەھىرىگە ئەۋەتتى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى غەزنىدە ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىندى.
شۇنىڭدىن كېيىن غەزنە ھۆكۈمرانى سۇلتان مەسئۇتمۇ، كاشغەر ھۆكۈمرانى سۇلايمان ئارسلانخانمۇ ئاخىر مۇھەممەد بۇغراخاندىن خاتىرجەملىك ھېس قىلغان بولدى.
«ئەپسۇسكى، — دەپ ئويلىدى سۇلايمان ئارسلانخان ئۆزىنىڭ مەخپىي سۆھبەتلەر ئۈچۈن ئايرىپ قويۇلغان ھېلىقى بۆلمىسىدە تەنھا ئولتۇرۇپ، — ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە

مەلۇم بولدىكى، مۇھەممەد بۇغراخان كونا ئاداۋەتنى تېخىچە ئۇنتۇپ كەتمەپتۇ». دۇرۇس، شەيخۇلئىسلامنىڭ مەسلىھەتى بەرھەق. بۇنداق شارائىتتا غەزنەۋىيلەرگە ھېچقانداق ياردەم بېرىشكە بولمايدۇ. ئىچكى نىزالار تەلتۆكۈس بېسىقماي تۇرۇپ، چېگرىنىڭ سىرتىدىكى ھەرقانداق جېدەل ـ تالاشلارغا ئارىلاشماسلىق لازىم.

ئارسلانخان دىۋانغا[1] چىقىپ، دىۋانبېگى ۋە باش ھاجىپ بىلەن سۆزلەشكەندى، ئۇلارمۇ بۇ پىكىرنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن، قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خاقانى غەزنەۋىيلەرگە ياردەم بېرىش خىيالىدىن ۋاز كەچتى.

شۇ كۈنلا ئارسلانخاننىڭ سارىيىدا بارلىق ۋەزىرلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن غەزنىلىك ياللاۋاچلارغا رەسمىي جاۋاب بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. خاقان بىلەن باش ھاجىپ ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەپ، خاقانىيىنىڭ نۆۋەتتىكى بىر قاتار ئىچكى قىيىنچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن غەزنەۋىيلەرگە ھەربىي ياردەم بېرىشكە ئامالسىز ئىكەنلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈشتى ۋە سۇلتان مەسئۇتنىڭ ئۆزلىرىنى توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىشتى، ئاندىن ياللاۋاچلارنى تولۇق ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشتى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. سۇلايمان ئارسلانخان ھېچ خاتىرجەم بولالمىدى. خان جەمەتى ئىچىدىكى كېلىشەلمەسلىك ۋە تارقاقچىلىق كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئالماقتا ئىدى. مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى تاشالماي تۇرغان غەزىپى بۇ قېتىم غەزنەۋىيلەرنىڭ ياردەم سورىشى مۇناسىۋىتى بىلەن گوياكى يانار تاغدەك پارتلاپ چىقتى. كىچىك دادىسى توغان خان بىلەن كەنجى ئىنىسى ئارسلان تېگىن گەرچە ھەم غەزنەۋىيلەر بىلەن، ھەم ئارسلانخان بىلەن قارشىلىشىش ئىپادىسىنى كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، چوڭ ـ كىچىك ئىشلاردا سارايىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بىلەن

---

[1] دىۋان — ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە.

ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئارسلانخان ۋە بۇغراخانلارنىڭ يېقىن تۇغقىنى ، ماۋارائۇننەھرنىڭ ئىلىك خانى ئىبراھىم تاۋغاچخان كاشغەر ۋە بالاساغۇننىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدىغان بولۇۋالدى ھەمدە قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خاقانلىرىغا تەقلىد قىلىپ ، ئۆزىنى ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغرا قاراخان دەپ ئاتىدى ، ھەتتا سەمەرقەنت ۋە بۇخارادا ئۆز نامى بىلەن ئالتۇن ، كۈمۈش پۇل چىقاردى . يەنە كېلىپ ، باغدات خەلىپىسىمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ ، «ئىمادۇد دەۋلەتى» (دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى ) دېگەن ئىسلام ئۇنۋانىنى بەردى .

سۇلايمان ئارسلانخان كۆپ كۈچ چىقىرىپ ، كۆپ تىرىشىپ ، خانلىقنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ ، ھېچقانچە نەتىجىسى بولمىدى . «يا رەببىل ئالەمىن ! بۇ نېمە ئالامەتتۇ ؟ قۇدرەتلىك قاراخانىيلارنىڭ زېمىنى مۇشۇنداق پارچىلىنىپ كېتەرمۇ ؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار ؟ » سۇلايمان ئارسلانخان ھەمىشە ئەنە شۇنداق ھەسرەتلىك خىياللار ئىلكىدە تېڭىرقاپ ئاۋارە بولاتتى ۋە بۇ قاتمال ۋەزىيەتتىن چىقىش يولى تاپالمايتتى . «رەھمەتلىك ئاتام يۇسۇپ قادىرخان شۇ تاپتا ھايات بولسا ، بۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلاتتىكىن ؟ بۇ ئاپەتلىك مالىمانچىلىقنى ئوڭشاش ئۈچۈن قانداق چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىناتتىكىن ؟ قانداق قارارلارنى قوبۇل قىلىپ ، قانداق پەرمانلارنى چۈشۈرەتتىكىن ؟ » بۇ سوئاللارغا ئارسلانخانمۇ ، ۋەزىرلەرمۇ ، شەيخۇلئىسلاممۇ قايىل قىلارلىق جاۋاب تاپالمىدى .

زور بىر كارۋان پايانسىز قۇملۇق باياۋاندا يولدىن ئازغىنىپ قالغان . كارۋان بېشى ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ ، تېڭىرقاپ تۇرماقتا . ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى سۇ ئىزدەپ ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە كېتىپ قېلىشقان . تۆگىلەرگە يەم ـ خەشەك بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى دادىللىق

بىلەن باشلاپ ماڭىدىغان يول باشلىغۇچىنىڭ مادارى قۇرۇغان...
قۇدرەتلىك ، مەشهۇر قاراخانىيلار خانلىقى شۇ تاپتا گويا قۇم
بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئەنە شۇ نىشانسىز كارۋانغا ئوخشاپ
قالغانىدى . سۇلايمان ئارسلانخان ئەنە شۇ پايانسىز چۆلدە
ئىشەنچلىك ، توغرا يول تاپالماي تېنەپ يۈرەتتى .

شۇ تەرىقىدە ئايلار ، يىللار ئۆتۈپ ، مىلادىيە 1043 ـ يىلى
يېتىپ كەلدى . سۇلايمان ئارسلانخان ئاخىرى ئۆزى تاپقان بىر يولغا
مېڭىشقا مەجبۇر بولدى . ئۇ چۆلدە ئازغىنىپ قالغان كارۋاننىڭ
باشلامچىسى بولغاچقا ، ئادەم ۋە تۆگىلەرنىڭ هاياتىنى ساقلاپ
قېلىش ئۈچۈن قانداقلا بولسۇن بىر ئامال تېپىشى كېرەك ـ دە .

«قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغمىسا ، بۇنى هەل قىلىشنىڭ
ئىككى خىل ئۇسۇلى بار ، — ئارسلانخان ئاخىرقى هېسابتا مانا
مۇشۇنداق خۇلاسىگە كەلدى ، — بىر خىل ئۇسۇل ، بىر قىلىچنى
كېرەك قىلماسلىق ، يەنە بىر خىل ئۇسۇل ، ئىككى قىلىچنى
ئىككى قىنغا سېلىش . ئىنشائاللا ، ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بويىچە
ئىش قىلماق زۆرۈر» .

شۇنداق قىلىپ ، سۇلايمان ئارسلانخان هىجرىيە 435 ـ يىلى
(مىلادىيە 1043 ـ يىلى ) پۈتۈن خان جەمەتىنىڭ ۋەكىللىرىنى
پەۋقۇلئاددە چوڭ كېڭەشكە چاقىردى .

كاشغەر خەلقى بۇنداق هەيۋەتلىك ۋە داغدۇغىلىق كۈنلەرنى
ئاز كۆرگەنىدى . پۈتۈن شەهەر ئالاهىدە زور بايرام تۈسىگە
كىرگەنىدى . ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ۋە كۈنگۈرىلىك سېپىللار
ئۈستىدە قاراخانىيلارنىڭ سەلتەنىتىنى بىلدۈرگۈچى قىزىل ۋە
سېرىق بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى . ئوردا ئالدىدىكى كەڭرى
مەيداننى چۆرىدەپ تىزىلغان چېرىكلەر ئۇزۇن نەيزە ۋە بۇركۈت
شەكلىدىكى تۇچ ئەلەملەرنى تىك تۇتقان هالدا خۇددى قاتۇرۇپ
قويۇلغان هەيكەللەردەك قىمىر قىلماي تۇرۇشاتتى . ئوردا ئالدىغا
كېلىدىغان چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئوخشاشمىغان

تەبىقىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەر خىل كىشىلەر توپ - توپى بىلەن قىستىلىشىپ ، ئارسلانخاننىڭ سارىيىغا جاي - جايلاردىن كېلىدىغان خان ۋە تېگىنلەرنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى . بىر قىسىم چەت ئەللىك سودىگەر ۋە ساياھەتچىلەرمۇ قاراخانىيلارنىڭ مەشھۇر زاتلىرىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى . مىس دۇبۇلغا ۋە تۆمۈر ھالقىلىق ساۋۇتلارنى كىيگەن نەيزىلىك چېرىكلەر[1] يول ئۈستىگە چىقىپ قالغانلارنى ئىتتىرىپ ۋە توۋلاپ ، چەتكە ئۆتۈشنى بۇيرۇيتتى . بىر ھازادىن كېيىن ئاپئاق ئارغىماقلارنى مىنگەن بىر توپ ئوردا نۆكەرلىرى ھەيۋەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كەلگىنىچە :

— يولنى بوشىتىڭلار ! چەتكە چىقىڭلار ! چەتكە ! — دەپ جار سېلىپ ، ئوردا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشتى .

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى پۇقرالار ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى :

— كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ...

— كېلىپتۇ . ھە ، كەلدى !

— ئەنە كېلىۋاتىدۇ !

دەرۋەقە ، يىراقتىكى دوقمۇشتىن ئەگىلىپ چىققان بىر توپ سۆلەتلىك ئاتلىقلار كۆرۈندى . بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ ، زىننەتلىك قىلىچلارنى ئاسقان قورۇقچى چەۋەندازلار شوخ ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كېلىشتى . ئۇلارنىڭ كەينىدە ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان چوڭ گۈللۈك قىزىل تاۋاردىن سايىۋەن تارتىلغان ۋە ئۈچ ئات قوشۇلغان ھارۋا كېلىۋاتاتتى . ھارۋىغا سېلىنغان قېلىن گىلەم ئۈستىدە يېشىل كىمخاب تون كىيگەن ئاق شايى سەللىلىك بىر مويسىپىت ئاقىرىشقا باشلىغان ساقىلىنى سىلاشتۇرغان ھالدا چارزا قۇرۇپ ئولتۇراتتى .

— توغانخان ، — دېدى يول بويىدىكى پۇقرالاردىن بىرى بۇ

---

① چېرىك — ئەسكەر ، لەشكەر . «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «چەرىگ» شەكلىدە بېرىلگەن .

مويسپىتنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ .

— ھە ، مەرھۇم يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئىنىسى ، شەۋكەتلىك توغان خان بۇزرۇكۋار مۇشۇ كىشى بولىدىكەن ـ دە ! — دېدى يەنە بىرى سايىۋەنلىك ھارۋىغا قاراپ ، — دېمەك ، بالاساغۇندىن كېلىپتۇ ـ دە .

— شۇنداق ، — دېدى ئۈچىنچى كىشى ، — توغانخان بۇزرۇكۋارمۇ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ، قوزئوردۇدىن[1] ئالاھىدە كەلگەن بولسا ، بۇ قېتىم سارايدا بەك مۇھىم كېڭەش بولىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟

بۇ گەپلەر سۆزلىنىپ بولغۇچە توغانخان ۋە ئۇنىڭ ئاتلىق قورۇقچىلىرى ئۆتۈپ كېتىشتى . بىر ئەسنادىن كېيىن يەنە بىر توپ ئاتلىق چىقىپ كەلدى . كىشىلەر ئىچىدىكى بىلەرمەنلەر يەنە ئېغىز ئاچتى :

— مۇھەممەد بۇغراخان ، — دېدى بىرى ۋە توپ ئالدىدا ئاق قاشقىلىق قارا ئارغىماقنى يورغىلىتىپ كېلىۋاتقان چار ساقاللىق سۇرلۇك كىشىنى كۆرسەتتى .

— ئوپالدىن كەلدى ، — دەپ قويدى يەنە بىرى .

شۇ ئارىدا پۈتۈن خالايىقنىڭ دىققىتى يىراقتا كۆرۈنگەن ئۈچىنچى بىر توپ ئاتلىققا قارىتىلدى . بۇ بىر توپ چەۋەنداز باشقىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى . سەپ ئالدىدا بويلۇق جەدە ئات مىنىپ كېلىۋاتقان قارا ساقاللىق كىشى ئۈچىسىغا زەرباپ تون كىيىپ ، ئاق يىپەك سەللىسىنىڭ پەتىسىنى كۆكرىكىگە چۈشۈرۈۋالغان ؛ جەدە ئېتىنىڭ يۈگىنى ۋە كۈمۈش ئۈزەڭگىسىگە قىپقىزىل ياقۇتلار ئورنىتىلغان . ئۇنى قورۇقداپ كېلىۋاتقان چەۋەنداز يىگىتلەرمۇ قىممەتلىك لىباسلارنى كىيىپ ، كۈمۈش غىلاپلىق قىلىچلارنى ئاسقان . تاماشىبىنلار بۇ باشقىچە سۆلەتمەن

---

① قاراخانىيلارنىڭ ئىككىنچى پايتەختى بالاساغۇن شەھىرى «قوزئوردۇ» دەپمۇ ئاتىلاتتى .

چەۋەندازلارغا قىزىقسىنىپ كۆز تىكەتتى. توپ ئىچىدە تۇرغان سالاپەتلىك چەت ئەللىكلەرمۇ: «بۇ كىم؟ بۇ كىم؟» دېيىشىپ، ئۆز ئەتراپىدىكى كاشغەرلىكلەردىن سوراشقىلى تۇردى.

— ئىبراھىم تاۋغاچخان، — دېدى كىمدۇ بىرى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بۇ كەم دىدار تۇغقىنىنى تونۇۋالغانلىقىدىن مەغرۇرلانغان ئاھاڭدا.

— ھە، تاۋغاچخان! — كىشىلەر ھەيرەت ئىچىدە خىتاب قىلىشتى.

بۇ سەمەرقەنت ھۆكۈمدارىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىمچە بولۇۋېلىپ، ئوردۇكەنت ۋە قوزئوردۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايۋاتقانلىقى توغرىسىدا كاشغەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىمۇ، ئاۋام پۇقرالىرىمۇ كۆپ ئاڭلىغان، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنى تېخى نۇرغۇن كىشىلەر كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ئوھوي، سەمەرقەنت تەرەپتىكىلەرمۇ كېلىپتۇ - ھە!

— ئەنە، ئارسلان تېگىنمۇ كېلىۋاتىدۇ.

— قاراڭلار، ئۇدۇننىڭ ئىلىك خانىمۇ كېلىپتۇ...

شۇنداق قىلىپ، خان جەمەتىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى كاشغەر ئوردىسىغا يىغىلدى.

كانايلار ساداسى ئەتتەنىلىك ياڭراپ، دۇمباقلار ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىدى. سۇلايمان ئارسلانخان ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئەزىز تۇغقانلىرىنى قارشى ئالدى.

قەدەم تەشرىپ قىلغان بارلىق خان ۋە تېگىنلەر ئارسلانخان سارىيىنىڭ چوڭ قوبۇلخانىسىدا جەم بولغاندىن كېيىن ئالىي دەرىجىلىك كېڭەش رەسمىي باشلاندى.

بۇ خانلار كېڭىشىنىڭ تەپسىلىي جەريانى قانداق بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. كىشىلەر پەقەت بۇ كېڭەشنىڭ نەتىجىسىدىنلا ۋاقىپ بولدى. كېيىنكى تارىخچىلارنىڭ دالالەت بېرىشىدىن شۇ

نەرسە ئايانكى ، سۇلايمان ئارسلانخان مەزكۇر كېيىنكى بارلىق خان ۋە تېگىنلەر ئۇنى قاراخانىيلارنىڭ «ئۇلۇغ سەردارى ۋە خانلار خانى» دەپ ئېتىراپ قىلسىلا ، خانلىق تەۋەسىدىكى زېمىنلارنى تۇغقانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان . خانلار ۋە تېگىنلەر بۇ شەرتكە رازىلىق بىلدۈرۈشكەن بولسا كېرەك ، چۈنكى شۇ قېتىمقى كېيىنكى ئارسلانخاننىڭ زېمىن تەقسىماتى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى :

*«كاشغەر ۋە بالاساغۇندىن ئىبارەت ئىككى ئاستانە سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بىۋاستە ئىگىدارچىلىقىدا قالدۇرۇلدۇ ؛*

*مۇھەممەد بۇغراخانغا — تالاس ۋە ئىسپىجاپ ؛*

*ئارسلان تېگىنگە — ئۇنىڭ شەرقىدىكى يۇرتلار ؛*

*ئۇلارنىڭ كىچىك دادىسى توغانخانغا — پۈتۈن پەرغانە دىيارى ؛*

*ئىبراھىم تاۋغاچخانغا — سەمەرقەنت ۋە بۇخارا» .*

شۇنداق قىلىپ ، چۆلدە ئازغىشىپ قالغان كارۋانچىلار تۈگمەرنى بۆلۈشۈۋېلىپ ، ھەرقايسىسى ئۆزى بىلگەن تەرەپلەرگە تارقىلىپ كېتىشتى .

## ئۈچىنچى باب

# بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى

مۇھەممەد بۇغراخان كاشغەردىن ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن بارسغان شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولۇپ تۇرۇۋاتقان چوڭ ئوغلى ھۇسەيىن بۇغرا تېگىنگە بولۇپ ئۆتكەن خانلار كېڭەشىنىڭ روھىنى ۋە ئۇنىڭ دەرھال ئوپالغا قايتىپ كېلىشىنى ئۇقتۇرۇپ بىر پارچە مەكتۇپ يازدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئوپالدىن كېتىش سەپەر تەييارلىقىنى ئورۇنلاشتۇردى.

خانلار كېڭەشىدە مۇھەممەد بۇغراخان ئۆزىگە بالاساغۇن شەھىرىنىڭ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. «پېقىر ئىككىنچى دەرىجىلىك خان دەپ ئېتىراپ قىلىنغانىكەن، ئەلۋەتتە ئىككىنچى ئاستانىدە تۇرۇشۇم قانۇنغا ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپ تۇرۇر» دېدى ئۇ. لېكىن، بۇ تەلەپكە ئارسلانخان ئۇنىمىدى، باشقا خانلارمۇ قوشۇلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇغراخان يەنە بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بولسىمۇ: «ئوپالنى رەھمەتلىك خان ئاتىمىز يۇسۇپ قادىرخان شەخسەن ئۆزى پېقىرغا ھەدىيە قىلغان. شۇڭا، ئوپال داۋاملىق بۇغراخان ئائىلىسىنىڭ شەخسىي زېمىنى بولۇپ قېلىشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. يۇسۇپ قادىرخان تىلغا ئېلىنغانىكەن، ھېچكىممۇ بۇ تەلەپكە رەددىيە بېرەلمىدى ۋە ئۇنداق قىلىشنىمۇ ئويلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇغراخان ئوغلى ھۇسەيىننى بارسغاندىن قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر

بۆلۈك قوشۇن بىلەن ئوپالدا قالدۇرىدىغان بولۇپ، ئارسلانخان بىلەن كېلىشكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇغراخاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەممە ئىشلار سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوپال قاپۇغىدىكىلەر[1] ھۈسەيىن بۇغرا تېگىننى بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە يېتىپ كېلەرمىكىن دەپ يولغا قاراپ ئولتۇرۇشتى.

مۇھەممەد بۇغراخان قاپۇغ ئىچىدىكى باغدا ئايلىنىپ سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ ئۈستىدە كېپىنەك ۋە بوغۇنلار ئۇچۇپ، قونۇپ ئوينىشاتتى. ياپيېشىل مەخمەلدەك چىمەنلىكتە بىر توپ چىرايلىق توزلار ئۇتقاشتەك رەڭدار قۇيرۇقلىرىنى سۆرىشىپ، دانلاپ يۈرەتتى. بۇغراخان ئالدىرىماي قەدەم بېسىپ، گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ ئۆتتى ۋە شاپتۇللۇقتا بىر جۈپ كېيىك بالىسىغا يەم بېرىۋاتقان ياش قۇل يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

— تۇرۇمتاي، — دەپ چاقىردى بۇغراخان.

ئاق يەكتەك ۋە سېرىق ئۆتۈك كىيگەن قۇل يىگىت كېيىكلەرنىڭ ئالدىدىن قوپۇپ، بۇغراخاننىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇنچىقماستىن تەزىم قىلدى. «تۇرۇمتاي» دېگەن كىچىككىنە قۇشنىڭ نامى ئىسىم قىلىپ قويۇلغان بۇ تاقىرباش قۇل ئەمەلىيەتتە تۇرۇمتايغا زادى ئوخشىمايدىغان، دۈۋدەك قاۋۇل ئەزىمەت ئىدى.

— بۈگۈن مۇدەررىسنىڭ ئۆيىگە بارمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى بۇغراخان.

بۇ قاۋۇل ئەزىمەت بۇغراخاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ، كاشغەردىكى خانلىق مەدرىسىسىدە، يەنى ساچىيە مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ئەتىۋارلىق نەۋرىسى، ھۈسەيىن بۇغرا تېگىننىڭ ئوغلى مەھمۇدنىڭ خاس قۇلى ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا قاپۇغىدىن

---

① قاپۇغ — (خاقانىيە تىلىدا) خاننىڭ تۇرالغۇسى، قورۇق.

سىرتقا چىقىشتا مەھمۇدقا ھەمراھ بولاتتى .

— بارغانىدۇق ، — دېدى تۇرۇمتاي بۇغراخاننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ ، — مۇدەررىس ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ ھەزرەتلىرى مەھمۇدنى : «خان بوۋاڭ ئوپالدىن كەتكۇچە ئۇنىڭ يېنىدا بولغىن» دەپ قايتۇرۇۋەتتى . تېخى بايىلا قايتىپ كەلگەنىدۇق .

مەھمۇد كىچىكىدىنلا بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ئالدىدا تەربىيىلىنىپ ئۆسكەنىدى . بۇغراخان بۇ نەۋرىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى . شۇڭا ، ھەتتا تەتىل چاغلىرىدىمۇ مەھمۇدنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن بارسغان شەھىرىگە ئەۋەتىشكە كۆزى قىيمايتتى . «مەھمۇدنى كۆرگۈسى كەلسە ، ئۇلار ئۆزلىرى ئوپالغا كېلىشسۇن . مەھمۇد خانلىق مەدرىسىدە يېتىپ ئوقۇۋاتقاچقا ، مەنمۇ ئۇنى تۇزۇكرەك يېنىمدا تۇرغۇزالمايۋاتىمەن» دەيتتى بۇغراخان .

بارلىق مەدرىسىلەردە ئورما ۋاقتىدىن باشلاپ ، كۈزلۈك يىغىم ئاياغلاشقۇچە تالىپلار تەتىلگە قويۇپ بېرىلەتتى . ھازىر تازا شاپتۇل پىشقان مەزگىل بولۇپ ، مەدرىسىلەردە تېخى ئوقۇش باشلانمىغانىدى . مەھمۇد ئوپال قاپۇغىدا تۇرۇۋاتاتتى . ھالبۇكى ، بۇغراخان تولا ۋاقىتلاردا ئۇنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ قالالمايتتى . مەھمۇد ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەتىگەندە بىرنەچچە كىتابنى كۆك شايى رومالغا يۆگەپ ، خاس قۇلى تۇرۇمتاينى ئەگەشتۈرۈپ قاپۇغىدىن چىقىپ كېتەتتى . بۇغراخان ئۇنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى ، ئەلۋەتتە . ساچىيە مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ ئوپالدا ، يەنى بۇغراخان قاپۇغىدىن ئانچە يىراق بولمىغان كەنتتە بىر چوڭ مېۋىلىك بېغى بار بولۇپ ، ئۇ ھەر يازدا تەتىل كۈنلىرىنى ئۆز ئائىلىسى بىلەن شۇ باغدا ئۆتكۈزەتتى . بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى مەھمۇد ئەنە شۇ مۆھتەرەم ئۇستازىنىڭ ئۆيىگە كۈندە بىر بېرىپ كەلمىسە كۆڭلى تىنمايتتى . بۇغراخاننىڭ بايا قۇل يىگىتنى كۆرۈپ ، «مۇدەررىسنىڭ ئۆيىگە

بارمىدىڭلارمۇ ؟» دەپ سورىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى .

— مەھمۇد ھازىر قەيەردە ؟ — يەنە سورىدى بۇغراخان قول يىگىتتىن .

— ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ، چاقىرىپ قويايمۇ ؟

— ياق ، ئۆزۈم باراي ، — دېدى بۇغراخان ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى .

مەھمۇد ئۆز ھۇجرىسىدا ، پۈتۈن خانىغا بىر كەلتۈرۈپ سېلىنغان ئۇدۇن نۇسخىسىدىكى رەڭدار گىلەملەر ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ، ئالدىدىكى نەقىشلىك شىرەگە قويۇلغان سېرىق خۇرۇم مۇقاۋىلىق قېلىن كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى . ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامنى ياقىلاپ قويۇلغان ئىككى جاۋەنگە ۋە مەھمۇدنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تامنىڭ تەكچىلىرىگە ھەر خىل چوڭلۇقتىكى كىتابلار ، كانەيچە قىلىپ يۆگەلگەن قوليازمىلار ۋە ئۇدۇننىڭ دەستە ـ دەستە سۇپەتلىك سېرىق قەغەزلىرى تىزىۋېتىلگەنىدى . مەھمۇد كىتابقا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كەتكەچكە ، بوۋىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى ۋە ئىشىك ئالدىدا توختاپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى سەزمەي قالدى . مۇھەممەد بۇغراخان ئاق شايى كۆڭلەك ئۈستىدىن يېشىل مەخمەل پەرىجە كىيگەن بۇ تاقىرباش ياش تالىپقا ئۆزاقتىچە قاراپ تۇرىۋەرمەستىن ، خانا ئىچىگە قەدەم تاشلىدى . مەھمۇد شۇندىلا كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بوۋىسىنى كۆردى . ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، بۇغراخاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە سول پۇتىدا تىزلاندى ـ دە ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، بېشىنى ئەگدى .

— قۇت بولسۇن ، خان بوۋا !

— قۇت بولسۇن ، بالام ، ئولتۇرغىن .

مۇھەممەد بۇغراخان ئالدى بىلەن ئۆزى شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ، ئاندىن مەھمۇدمۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى جايىغا يۈكۈندى .

— قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى بۇغراخان.
— ئەبۇ سەئىد ئابدۇلرەھمان بىننى مۇھەممەد ئەل ئىدرىسى يازغان «سەمەرقەنت تارىخى»، — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇد ۋە ئارقىدىنلا يەنە قوشۇپ قويدى، — سىز بەرگەن «ئالتۇن يايلاق»[1] دېگەن كىتابنى تۈنۈگۈن ئوقۇپ بولغانىدىم، بۈگۈن بۇ كىتابنى باشلىدىم.
— مۇدەررىس ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ ئېيتىشىچە، — دېدى بۇغراخان، — سىلەر ھازىر «زامان گۆھەرلىرى» دېگەن ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇۋېتىپسىلەرغۇ. مەنىغۇ ئەرەب تىلىغا ئانچە پىششىق ئەمەس. ئىشقىلىپ، بۇ توپلامدىكى شېئىرلارنى ئۆگىنىش تالىپلار ئۈچۈن خېلى قىيىنغا توختايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر سىلەرگە ئۆتۈلۈۋاتقان رىيازىيات[2] ۋە فەلەكىيات[3] بىلىملىرىمۇ ئاسان ئەمەس. مەدرىسىنى تاماملاش ئالدىدا تۇرغىنىڭدا باشقا كىتابلارنى ئوقۇيمەن دەپ دەرسلەرگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويمىغىن يەنە.
— راستىنى ئېيتسام، — دېدى مەھمۇد باشقىچە جانلانغان ئاۋازدا، — «زامان گۆھەرلىرى» مەدرىسىدە ئوقۇلۇپ بولغۇچە ئۆزۈم ئالدىمىدىن ئۆتكۈزۈپ بولدۇم. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە شېئىرلارنى يادلىۋالدىم.
مۇھەممەد بۇغراخان رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. مەھمۇد ھەر دائىم كىتاب ۋە ئىلىم - پەن توغرىسىدا سۆز ئېچىلغاندا مۇشۇنداق ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھەۋەسلىنىپ سۆزلەپ كېتەتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇ سۆھبەتنىڭ مۇشۇ ماۋزۇدا داۋاملىشىشىغا تەقەززا بولغانلىقتىن چوڭ - چوڭ قوي كۆزلىرى

① ئالتۇن يايلاق — ئەبۇلھەسەن ئەلى بىننى ھۈسەيىن ئەل مەسئۇدى (مىلادىيە 956 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) يازغان ئەسەر.
② رىيازىيات — ماتېماتىكا.
③ فەلەكىيات — ئاسترونومىيە.

ئۆزگىچە نۇرلىنىپ ، چاقناپ تۇراتتى . ئەپسۇسكى ، بوۋىسى گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى .

— بارسغاندىن چاپارمەن كەلدى ، — دېدى ئۇ ، — ئاتاڭ يولغا چىقىپتۇ . تەڭرى بۇيرۇسا ، ئىككى - ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە كاشغەرگە يېتىپ كېلىدۇ . ئۇ كەلگەندىن كېيىن مەن كېتىمەن . بۈگۈن ئۇستازىڭنىڭ سېنى قايتۇرۇۋېتكىنى ياخشى بوپتۇ . ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى ، بالام .

مەھمۇد سوئال نەزىرى بىلەن بوۋىسىغا قارىدى . مۇھەممەد بۇغراخان ئىللىق مېھرى سىڭگەن كۆزلىرى بىلەن نەۋرىسىگە قارىدى ۋە قولىنى سۇنۇپ ئۇنى ئۆزىگە يېقىنراق تارتىپ ئولتۇرغۇزدى ، ئاندىن يەنە شۇ قولى بىلەن ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ ، يەلكىسىگە ئاستا شاپىلاقلاپ قويدى .

— چوڭ بولۇپ قالدىڭ ، بالام ، — دېدى بۇغراخان ئۇنىڭغا قاراپ مەستلىكى كەلگەنلىكتىن كۈلۈمسىرەپ ، — چوڭ بولۇپ قالدىڭ . تەڭرى بۇيرۇسا ، كېلەر يىلى مەدرىسىنى تاماملايسەن .

ئۇ يەنە مەھمۇدنىڭ يەلكىسىگە مېھرى بىلەن شاپىلاقلاپ قويدى . مەھمۇد كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، بوۋىسىنىڭ ئادەتتىكىدىن باشقىچە مۇلايىملىشىپ كەتكەن چىرايىغا سەل ئەجەبلىنىپ سەپسالدى . بوۋىسى بولسا ، يەنىمۇ مۇلايىم ئاۋازدا سورىدى :

— مەدرىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن قەيەردە تۇرۇشنى ئويلاۋاتىسەن ؟

مەھمۇد بۇ سوئالدىن تۇيۇقسىزلىق ھېس قىلىپ ، جاۋاب بېرىشتە سەل دۇدۇقلاپ قالدى .

— ھە... قەيەردە تۇرساممۇ ئوخشاش... ھە... كاشغەردە تۇرساممۇ... ياكى سىزنىڭ يېنىڭىزغا بېرىپ تۇرساممۇ بولىدۇ .

— مەن سېنى ئەكېتىمەن ، مەھمۇد ، — دېدى بۇغراخان يەنىلا كۈلۈمسىرەپ ، — سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشۇڭ كېرەك . بىز

گاھى تالاستا، گاھى ئىسپىجاپتا تۇرىمىز. مەن سىنى ئۆز قولۇمدا تەربىيىلەپ، ئۇردا ئىشلىرىغا ئۆگىتىمەن. مەدرىسىدە ياخشى ئوقۇۋاتىسەن. توقۇغان نەزمىلىرىڭنى، تىل ئىلمىدىن يازغان رىسالىلىرىڭنى كۆردۈم. بۇلارغا مۇدەررىسلىرىڭ يۇقىرى باھا بېرىشتى... ناھايىتى بالدۇرلا، كىچىك تۇرۇپلا قولۇڭغا قەلەم ئالدىڭ. ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق بالا بولدۇڭ، مەھمۇد. مەن سىنى كاتتا دۆلەت ئەربابى قىلىپ تەربىيىلەيمەن. سەن مېنىڭ سارىيىمدا تۇكسۇنمۇ، يابغۇمۇ، ھاجىپمۇ، ئىشقىلىپ بىر ۋەزىر بولۇپ خىزمەت قىلىسەن. مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن مېنىڭ ئورنۇمغا بۇغراخان بولۇپ، تالاس بىلەن ئىسپىجاپنىڭ ھۆكۈمدارى بولىسەن.

مەھمۇد گەپ قىلمىدى. بۇغراخان ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم شۈك بولغاندىن كېيىن سورىدى:

— ھە، قانداق؟ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ مەدرىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمدا تۇرامسەن؟

مەھمۇد بوۋىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرسام خۇش بولىمەن، بوۋا، لېكىن...

— ھە، نېمە «لېكىن»؟ ئوغۇل بالىدەك دادىل سۆزلىمەمسەن.

— لېكىن، مەن ۋەزىر بولۇشنى خالىمايمەن.

— ھە، ئەمىسە قانداق ئىشنى ياقتۇرسەن؟ دىۋانبېگى بولۇپ، مەھكىمە ئىشلىرىنى باشقۇرامسەن؟ ياكى تابغۇچى بولۇپ، ئۇردا خەزىنىسىگە مەسئۇل بولامسەن؟ ھە، قېنى ئۆزۈڭ تاللا، ئىختىيار ئۆزۈڭدە ياكى يالاۋاچ بولۇپ چەت ئەللەرگە چىقىشنى ئويلامسەن؟

مەھمۇد يەنە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ياق، بوۋا، — دېدى ئۇ، — مۇدەررىس بولۇشنى ئارزۇ

قىلىمەن.

— نېمە؟ — مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ قويۇق قارا قاشلىرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ قالدى، — نېمە دېدىڭ؟ مۇدەررىس؟ قەيەردە مۇدەررىسلىك قىلماقچىسەن؟

— قەيەردە بولسىمۇ ئوخشاش. ناۋادا كاشغەردە قالغۇدەك بولسام ساچىيە مەدرىسىدە، سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرسام تالاس ياكى ئىسپىجاپتىكى بىرەر مەدرىسىدە تالىپلارنى تەربىيىلەش ھەم ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسام دەيمەن.

بۇغراخان مەھمۇدنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۈنلۈك كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي موللىچاق! — دېدى ئۇ چاقچاق تەلەپپۇزى بىلەن ۋە نەۋرىسىنىڭ دۇمبىسىگە ئالىقىنى بىلەن ئىككى - ئۈچنى ئۇرۇپ قويدى، — راسا بىر كىتابباز بولۇپ چىقىپسەن - دە! بولدى، قوي بۇ گېپىڭنى.

بۇغراخان يەنە بىردەم كۈلدى. ئۇ خۇددى گۇدەك بالىنى ئەركىلەتكەندەك نەۋرىسىنىڭ تاقىر بېشىنى سىلاشتۇراتتى، يەلكىسىگە، دۇمبىسىگە شاپىلاقلايتتى.

— بولدى، بۇ گەپنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى، — دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن قوزغالدى، — يۈر، دالىغا چىقىپ راسا بىر ئات چاپتۇرۇپ ئوينىۋالايلى.

— ئات چاپتۇرۇپ؟ — مەھمۇد چۈشەنمىگەندەك قىلىپ، يېنىشلاپ سورىدى.

— شۇنداق، — دېدى بۇغراخان ۋە ئورنىدىن تۇردى. مەھمۇدمۇ ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ تۇرۇپ بوۋىسىغا تىكىلدى، بۇغراخان مېڭىشقا تەمشىلدىيۇ، يەنە توختاپ نەۋرىسىگە قارىدى.

— قېنى ئېيتقىنا، مەھمۇد، — دەپ سورىدى ئۇ، — خاقانىيە مەدرىسىلىرىدىكى تالىپلار ئۇچۇن دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەردىن تاشقىرى يەنە ئىگىلەشكە تېگىشلىك ماھارەتلەر

قايسىلار؟

مەھمۇد جاۋاب بەردى:

— قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، چەۋەندازلىق، ئوقيا ئېتىش، چېلىشىش، چەۋگەن[1] ۋە شاھمات ئويناش، ساز چېلىش.

— توغرا، — دېدى بۇغراخان، — كاشغەردىن كېتىش ئالدىدا سېنىڭ ئات ئۈستى ماھارىتىڭنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرەي. نۆكەرلەرنى باشلاپ چىقىپ چەۋگەن ئويناپلى، — ئۇ بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن چاقچاق ئارىلاش ئاھاڭدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن كىتابنى كۆپ ئوقۇدۇڭ. فەلەكىياتتىن تارتىپ تېبابەتچىلىككىچە، رىيازىيات ۋە ئەدەبىياتتىن تارتىپ تارىخ ۋە پەلسەپىگىچە بولغان ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە پىششىپ چىقتىڭ. ئەمدى ئات ئۈستىدە كۆرسىتىدىغان كارامىتىڭمۇ بارمۇ. ھە؟ گەپ قىلە!

مەھمۇدنىڭ چوڭ ـ چوڭ قوي كۆزلىرى شوخ چاقناپ كەتتى ۋە ئۇ خۇددى بوۋىسىغا ئوخشاشلا چاقچاق ئارىلاش ئاھاڭدا سۆز ياندۇردى:

— ئات ئۈستىدە كۆرسىتىدىغان كارامىتىم بولمىسا، بۈيۈك خاقانىيەدە قانداق ياشايمەن؟ خاقانىيە ئوغۇللىرى ئات ئۈستىدە تۇغۇلۇپ، ئات ئۈستىدە ئۆلىدۇ!

— يارايسەن، مەھمۇد! — مۇھەممەد بۇغراخان شادلانغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ، نەۋرىسىنىڭ بىلىكىنى چىڭ قىسىپ تۇتۇپ سىلكىپ قويدى، — قېنى، يۈر ئەمىسە، كارامىتىڭنى كۆرسەت!

مەھمۇد بوۋىسىغا قاراپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم ئەجەبلەندى. چۈنكى، بۇغراخاننىڭ مىجەزى چۈس، ئۆزى ھەممە ئىشتا تەلەپچان، چىرايى سۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق ئېچىلىپ كۈلۈشىنى ناھايىتى كەم كۆرگىلى بولاتتى.

---

[1] چەۋگەن — ئات مىنىپ ئوينىلىدىغان توپ ئويۇنى.

مۇھەممەد بۇغراخانىنىڭ بۇيرۇقى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن قىرىق نۆكەر خۇددى جىددىي جەڭگە ئاتلىنىدىغاندەك چاقماق تېزلىكىدە ھەربىكەتكە كېلىشتى ۋە قاپۇغىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا ئاق ئاتلىقلار ۋە قارا ئاتلىقلار بويىچە ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلىپ، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇشتى.

— بۇ ئاتنى ساڭا سوۋغا قىلاي، — دېدى بۇغراخان ۋە يۇلتۇز شەكلىدىكى ئاق قاشقىلىق چىرايلىق قارا ئارغىماقنىڭ چۇلۋۇرىنى مەھمۇدنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئاتنى مىنىپ، بوۋاڭنى ئەسلەپ تۇرغىن.

شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ گەۋدىلىك ئاق بوز ئاتقا مىنىپ سەپ ئالدىغا كەلدى ۋە نۆكەرلەرنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈردى. نۆكەرلەرنىڭ ھەممىسى تەلەپكە لايىق ئىدى. ئۇچىسىغا كەشتىلەنگەن ئاق كۆڭلەك ۋە كۆك شىم كىيىپ، بېلىنى كۈمۈش بېزەكلىك كەمەر بىلەن چىڭ تارتىپ باغلىغان، ھەممىسىنىڭ باشلىرىدا ئوخشاشلا قارا قوزا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن ئۆرە قالپاق، پۇتلىرىدا سېرىق ئوغۇق[1]، يانلىرىدا قىلىچ، قوللىرىدا ئۇچى ئەگرى چەۋگەن تاياقلىرى.

بۇغراخان نۆكەرلەرنىڭ تەييارلىقىدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئېتىنى دېۋىتىپ، قاپۇغ دەرۋازىسىدىن سىرتقا چىقتى. بۇ يەردە ئۈچ يۈز كىشىلىك چارلىغۇچىلار ۋە بەش يۈز قورۇقچى ئايرىم - ئايرىم سەپ تارتىپ، بۇغراخانىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار ناۋات رەڭ يىپەك سەللە ئوراپ، چاڭئەننىڭ سېرىق تەڭگىلىك قىزىل تاۋىرىدىن تون كىيگەن چار ساقال، سۇرلۇك بۇغراخانىنى كۆرگەندىن كېيىن پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇيرۇق كۈتۈپ ئۇنىڭغا كۆز تىكىشتى. بۇغراخان يەنە ئېتىنى توختاتتى - دە، قاسىراقسىمان تۇمۇر ساۋۇت

---

[1] ئوغۇق — ئۆتۈكنىڭ ئۈستىدىن كىيىلىدىغان تېرە پايپاق.

ۋە يالتىراق مىس دوبۇلغا كىيىپ، قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان بۇ ئەزىمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئوڭ قولىنى كەسكىنلىك بىلەن شىلتىپ، يۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى.

ئەڭ ئالدى بىلەن چارلىغۇچىلار چۆل تەرەپكە قاراپ ئاتلىرىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ كېتىشتى، ئاندىن بۇغراخان بىلەن قورۇقچىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. ئەڭ ئاخىرىدا چەۋگەن ئويناشقا تەييارلانغان نۆكەرلەر قاپۇغىدىن چىقىپ ئۇلارغا ئەگەشتى.

شامالدەك چاپقۇر قارا ئارغىماق مىنگەن ۋە خۇددى چەۋگەنچى نۆكەرلەرگە ئوخشاشلا قارا قوزا كۆرپىسىدىن ئۇرە قالپاق كىيگەن مەھمۇد بوۋىسىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي كېلىۋاتاتتى. خۇددى شۇنداقلا قارا ئارغىماققا مىنگەن ئۇنىڭ خاس قولى تۇرۇمتاي ئىككى دانە چەۋگەن تايىقىنى (ئۆزىنىڭ ۋە مەھمۇدنىڭ) تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار قاپۇغ تەۋەسىدىن چىقىپ يېزا يولىغا چۈشتى ۋە ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتىچە يول بويىدىكى توخۇ، غازلارنى، سالپاڭ قولاق ئىتلارنى ئۈركۈتۈپ، لاي سۇۋاقلىق پاكار - پاكار قارا ئۆيلەرنىڭ، شاخ - شۇمبىلار بىلەن قاشالانغان مېۋىلىك باغلارنىڭ ئالدىدىن ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىشتى - دە، ئۇپۇققا تاقاشقان پايانسىز دالىغا يۈزلەندى. يېزا باغلىرى ۋە تېرىلغۇ يەرلەر ئارقىدا قالدى. ئاتلىقلار چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى قارا ۋە ئالا ئېشەك مىنگەن دېھقانلار، كۆتەك ھارۋىلىرىغا توغراق باسقان ئوتۇنچىلار ئۇچرىمايدىغان بولدى.

ئاتلىقلار داستىخاندەك كەڭ يېيىلغان چۆلنى كېزىپ، مەخسۇس چەۋگەن ئويۇنى ئۈچۈن تەييارلانغان جايغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ، ئۆز-ئۆزلۈكى مىڭ چامدامچە، كەڭلىكى بەش - ئالتە يۈز چامدامچە كېلىدىغان تۈزلەپ ياسالغان مەيدان بولۇپ،

چۆرىسگە قىل ئارقان تارتىلغانىدى . مەيداننىڭ ئىككى بېشىدا چەۋگەن توپى كىرگۈزۈلىدىغان «دەرۋازا» بار ئىدى . بۇ ئاتالمىش دەرۋازا — ئارىلىقى بىر غۇلاچ چىقىدىغان بولۇپ ، رەڭلىك خىشلار بىلەن گۈل چىقىرىپ قوپۇرۇلغان ، ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى كىچىك مۇنارلاردىن ئىبارەت ئىدى .

ئەگرى تاياق تۇتقان چەۋگەنچىلەر ئاق ئاتلىق ۋە قارا ئاتلىقلار بويىچە بەشتىن - بەشتىن ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلىپ ، مەيداننىڭ ئىككى بېشىغا تىزىلىشتى . ئۈجمە ياغىچىدىن يونۇپ ياسالغان ئاناردەك چوڭلۇقتىكى يۇمىلاق توپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلدى . مۇھەممەد بۇغراخان ئاق ئاتلىقلارغا ، مەھمۇد قارا ئاتلىقلارغا باش بولدى .

مەيداننىڭ چېتىدە تۇرغان بايراقچى قىزىل تۇغنى ئىككى قوللاپ بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈرۈش بىلەن ئويۇننى باشلاشقا بەلگە بەردى . مەيداننىڭ ئىككى بېشىدىكى چەۋگەنچىلەر بىراقلا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ، ئوتتۇرىدىكى توپقا قاراپ ئېتىلىشتى . ھەممىدىن بۇرۇن ئاق ئاتلىق بۇغراخان بىلەن قارا ئاتلىق مەھمۇد بىر ۋاقىتتا ، بىگۇدەكلا توپ تۇرغان يەرگە يېتىپ كېلىشتى . بۇغراخان ئەگرى تايىقىنى كۆتۈرۈپ ، توپنى ئەمدى ئۇراي دەپ تۇرغۇچە قويۇندەك ئۇچۇپ كەلگەن مەھمۇد ئېگەر ئۈستىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئېگىلىپ توپنى ئەگرى تاياق بىلەن يېنىك - يېنىك ئۇرۇپ ئېلىپ قاچتى . قايسى تەرەپ توپنى قارشى تەرەپنىڭ دەرۋازىسىغا كىرگۈزۈۋەتسە ، يەنى ھېلىقى ئىككى مۇنارنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتكۈزۈۋەتسە ، شۇ تەرەپ ئۇتقان بولاتتى . مەھمۇد يېتىشىپ كەلگەن ئاق ئاتلىقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ :

— تۇرۇمتاي ! — دەپ ۋارقىرىدى - دە ، توپنى ئەگرى تاياق بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ ، نېرىدا چېپىپ كېتىۋاتقان خاس قۇلىغا يەتكۈزۈپ بەردى . ئۇنىڭغىچە قارشى تەرەپنىڭ ئاتلىقلىرى ئېتىلىپ كېلىپ توپنى تالاشقىلى تۇردى . ئاق ئاتلىقلار بىلەن قارا ئاتلىقلار

مەيدانغا تارقىلىپ، ئارىلىشىپ كەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ توپنى قارشى تەرەپنىڭ دەرۋازىسىغا كىرگۈزۈۋېتىشكە تىرىشاتتى. توپ بىردەم قارا ئاتلىقلار تەرەپكە، بىردەم ئاق ئاتلىقلار تەرەپكە ئۆتۈپ تۇراتتى. چەۋگەنچىلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئەگرى تاياقلار بىلەن توپنى ئۇرۇپ، ئۆز ئادەملىرىگە پاس چىقىرىپ بېرەتتى. بەزىلەرنىڭ تاياقلىرى توپقا تەگمەي، ئاتلارنىڭ گەۋدىسىگە تېگىپ كېتەتتى ياكى باشقىلارنىڭ تاياقلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كېتەتتى. بەزىلەر قىزىپ كەتكەن ئاتلىرىنى توختىتىۋالالماي، باشقا ئاتلارغا سوقۇلۇپ كېتەتتى. ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، تۇياقلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، چەۋگەنچىلەرنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى... ئەگرى تاياقلار بىلەن ئۇرۇلغان توپ ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا قاڭقىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئاق ئاتلار ۋە قارا ئاتلار گاھ توپنىڭ كەينىدىن چېپىشاتتى، گاھ پۈتۈن مەيدانغا يېيىلىپ، چېچىلىپ كېتەتتى، گاھ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېلىپ بىر يەرگە غۇژمەك بولۇپ تىقىلىپ قېلىشاتتى...

ئاخىر، بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن قارا ئاتلىقلار يېڭىپ چىقتى. چەۋگەنچىلەر مەيداننىڭ سىرتىغا چىقىشتى. مەھمۇد ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ بوۋىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. مۇھەممەد بۇغراخان جىددىيلىشىپ تۇرغان ۋە ساقالسىز يۇمران مەڭزىلىرى قىزىرىپ كەتكەن مەھمۇدقا قاراپ قويۇپ:

— توختاپ تۇر! ئالدىراپ تەنتەنە قىلما، يەنە بىر مەيدان ئېلىشىمىز تېخى، — دېدى.

بۇغراخان بۇ گەپلەرنى قىلغاندا گەرچە ھەر دائىمقىدەك قاشلىرىنى ھىمىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن نەۋرىسىگە قارىتا قايىل بولغانلىق ۋە سۆيۈنۈش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

چەۋگەنچىلەر ھاردۇقىنى چىقىرىپ، ئاتلىرىنىڭ تەرىنى

قوروتوۋالغاندىن كېيىن يەنە مەيدانغا چۈشتى . بۇ قېتىم ئۇزاق ۋە قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن ئاق ئاتلىقلار ئۇتۇپ چىقتى .

— تەڭلىشىپ قالدۇق ، يەنە بىر مەيدان ئوينايمىز ، — دېدى مەھمۇد بوۋىسىغا مەيداننىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن .

— بولدى ئەمدى ، — دېدى بۇغراخان ، — چارچىدىم ، قېرىپتىمەن .

بۇغراخان شۇنداق دېدى - دە ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇ نەۋرىسى مەھمۇدتەك قىران چاغلىرى ئۇشتۇمتۇت ئېسىگە كېلىپ قالدى . ئۇ چاغدا مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ مەرھۇم ئاتىسى يۇسۇپ قادىرخان تېخى تەختكە ۋارىسلىق قىلمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ «قادىرخان» ئەمەس ، بەلكى «يۇسۇپ تېگىن» دەپ ئاتىلاتتى . شۇنداق قىلىپ ، يۇسۇپ تېگىن بىر قېتىم يىراقتا يۈرۈش قىلىش ھەربىي مەشقى ئېلىپ بېرىپ ئوپالغا كەلگەندە ، بۇ مەشققە قاتناشقان ئوغۇللىرى سۇلايمان بىلەن مۇھەممەدنى دەل مۇشۇ چەۋگەن مەيدانىغا باشلاپ كەلگەنىدى .

شۇ كۈنى بۇ يەردە چەۋگەن ئويۇنى ئەجەبمۇ قىزىپ كەتكەنىدى . يۇسۇپ تېگىن گويا قايتىدىن ياشىرىپ قالغاندەك شۇنچە قىزغىن ئىشتىياق ۋە ھەۋەس بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ، بارچە ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرايتتى : «سۇلايمان ، توپنى بۇياققا ئۇر ، بۇياققا !» ئارقىدىنلا يەنە مۇھەممەدنى ئالدىرىتاتتى : «مۇھەممەد ، ئېتىڭنى تېز چاپتۇر ! توپنى ئۇنىڭدىن تارتىۋال !» ئاكا - ئۇكىلارمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئويۇنغا بېرىلىپ ، خۇددى بۇ كىچىككىنە ياغاچ توپنى قولدىن چىقىرىپ قويسا جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ، بارلىق كۈچى ۋە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ، ئۆزلىرىنىمۇ ، ئاتلىرىنىمۇ ئايىماستىن توپنى قوغلىشاتتى ، تالىشاتتى .

ئاخىر چەۋگەننى پۇخادىن چىققۇچە ئويناپ ھارغاندىن كېيىن

ئاكا ـ ئۇكىلار مەيداندىن چىقىپ، توق سېرىق يىپەك سايىۋەنىنىڭ ئاستىدا ئاتىسى بىلەن ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن يۈسۈپ تېگىن ئاكا ـ ئۇكا سۇلايمان بىلەن مۇھەممەدنى چېلىشقا سالدى. بىرنەچچە قېتىملىق چېلىشتا تولىراق سۇلايمان يىقىتتى، مۇھەممەد بىر قېتىملا يېڭەلىدى. يەنە بىردەم هاردۇق چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ئاتىسى ئۇلارنى نەيزە ئېتىشقا سالدى. مۇھەممەدنىڭ ئاتقان نەيزىسى سۇلايماننىڭ نەيزىسى سانجىلىپ تۇرغان يەرگە ئىككى قەدەمچە يېتەلمىدى.

— يەنە ئات! — دەپ بۇيرۇق بەردى ئاتىسى.

مۇھەممەدنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئاتقان نەيزىسىمۇ سۇلايماننىڭكىگە يەتمىدى.

— بولمايدۇ! — دەپ خىتاب قىلدى يۈسۈپ تېگىن، — نەيزىنى شۇنداقمۇ ئاتقان بارمۇ؟ سەن نېمە بولدۇڭ، مۇھەممەد؟ چېلىشتىمۇ ئۇتالمىدىڭ، نەيزە ئېتىشتىمۇ سۇلايمانغا يېتەلمەيۋاتىسەن.

مۇھەممەد خىجالەتچىلىكتە يەرگە قاراپ، بوينىنى تولغاپ قويدى ـ دە:

— ئۇ مەندىن چوڭ تۇرسا... — دەپ غودۇڭشىپ قويدى.

— نېمە! — دېدى يۈسۈپ تېگىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ گەپنى ئۇيالماستىن ئاغزىڭدىن قانداق چىقاردىڭ؟ ئۆزىدىن زورنى، كۈچلۈكنى يەڭمىسە باتۇر بولامدۇ؟ ياق، بولمايدۇ! نەيزەڭنى يەنە ئات. قاچانكى نەيزەڭنى سۇلايماننىڭ نەيزىسى سانجىلىپ تۇرغان ئاشۇ يەردىن يىراققا چۈشۈرمىسەڭ، بۇ يەردىن كەتمەيسەن.

مۇھەممەد قارا تەرگە چۆمۈپ بىرنەچچە قېتىم نەيزە ئاتقاندىن كېيىن، ئاخىر سۇلايماننىڭ نەيزىسىدىن سەل يىراققا چۈشۈردى.

— ھە، ئەمدى بولدى، — دېدى يۈسۈپ تېگىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئاندىن ئۇ ئىككى ئوغلىنى يېنىغا تارتىپ،

ئۇلارنىڭ يەلكىلىرىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى، — بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق قاتتىق مەشىق قىلىپ، ياخشى چېنىقىڭلار. قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ يېتىشىپ چىققاندىلا ئاندىن بىر - بىرىڭلارغا مۇستەھكەم يۆلەك بولالايسىلەر ۋە شۇنداق بولغاندىلا ھەرقانداق زور ۋە قۇدرەتلىك رەقىبنى يېڭەلەيسىلەر، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى يوقاتمىغان غالىبلاردىن بولۇپ ياشىيالايسىلەر.

مۇھەممەد بۇغراخان ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە تەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتكەندەك بولدى. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ، ياش مۇھەممەد مانا ئەمدى ساقىلىغا ئاق سانجىغان بۇغراخان بولغان كۈنلەردە ئەھۋال قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن مۇھەممەد بۇغراخان بىر - بىرىگە يۆلەك بولالمىدى، ئەكسىچە... ئەپسۇس، ئەپسۇس! يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلالمىدى. «بۇ گۇناھ زادى كىمدە؟ — دەپ ئويلايتتى مۇھەممەد بۇغراخان، — سۇلايماندىمۇ ياكى مەندىمۇ؟ كېيىن يەنە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟ ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ ئاداققى تەقدىرىمىز قانداق بولار؟ ئاھ، ياراتقان ئاللا ئىگەم، گۇناھكار بەندەڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!»

مۇھەممەد بۇغراخان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى - دە، بېشىنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ، بۇ خىياللارنى نېرى قاچۇرۇشقا تىرىشتى. نېمە ئۈچۈندۇ ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان، بولۇپمۇ خانلار كېڭىشىدىن كېيىن مۇشۇ خىلدىكى ئەسلىمىلەر ۋە خىياللار مۇھەممەد بۇغراخانغا ئارام بەرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھەرقانچە ئويلىماسلىققا ئۇرۇنسىمۇ، پات - پاتلا بۇ خىل ئازابلىق خىياللار ئۇنىڭ مېڭىسىنى چۇلغىۋالاتتى - دە، كۆڭلى پەرىشان بولاتتى.

— بوۋا، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد

ئۇنىڭ ئۇزايدىكى ئۆزگىرىشنى كۆزىتىپ .

— ھە... ھە ، ھېچنېمە ، ھېچنېمە... — دېدى بۇغراخان ۋە چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتتى .

ئۇ ئۆپچۆرىسىگە كۆز تاشلىدى ۋە ئاتلىرىنىڭ تەرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن چۇلۋۇرلىرىدىن يېتىلىشىپ مېڭىپ ئايلىنىپ يۈرگەن چەۋگەنچىلەرگە قاراپ تۇرۇپ ، مەھمۇدقا مۇراجىئەت قىلدى .

— ئۆتكەندە ساچىيە مەدرىسىسىنىڭ تالىپلىرى بىلەن ھەربىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقىنىڭنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمدە نەيزىۋازلىق ۋە ئوقيا ئېتىشتىكى ماھارىتىڭنى كۆرۈپ خۇرسەن بولغانىدىم . بۈگۈن چەۋەندازلىقتىمۇ تەلەپكە لايىق بولغىنىڭنى كۆردۈم . يارايسەن ! خاقانىيىنىڭ مۇناسىپ ئوغلى بولۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇش كېرەك . ئىلىم ـ پەننىمۇ ، ھەربىي ئىشلارنىمۇ ئوخشاشلا پۇختا ئىگىلەش كېرەك . بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ . ياۋنى يېڭىپ ، ئەلنى قوغداشتا ئات مىنىپ ، قورال تۇتۇشنى بىلمىسەڭ بولمايدۇ ؛ ئەقىلنى ئىشقا سېلىپ ، ئەلنى سوراشتا بىلىمىڭ بولمىسا بولمايدۇ .

شۇ ئەسنادا بۇغراخاننىڭ خاس قورۇقچىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئاق بوز ئېتىنى يېتىلەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى . بۇغراخان ئېتىنى ئالماي تۇرۇپ ، يېقىن ئارىدا تۇرغان يەنە بىر قورۇقچىنىڭ نەيزىسىنى ئالدى ـ دە ، غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ تۇرۇپ كۈچ بىلەن ئاتتى . سىزىپ قويغاندەك تۈپتۈز نەيزە يىراقتا ئۇچۇپ بېرىپ يەرگە سانجىلدى . بۇنى كۆرۈپ ، مەھمۇدمۇ يەنە بىر قورۇقچىنىڭ نەيزىسىنى ئالدى ـ دە ، خۇددى شۇنداقلا كۈچىنىپ ئاتتى . ئۇنىڭ ئاتقان نەيزىسى شىددەتلىك ئۇچۇپ بېرىپ ، بۇغراخاننىڭ يەرگە سانجىلىپ تۇرغان نەيزىسىدىن بىر ـ ئىككى قەدەم يىراققا چۈشتى . بۇغراخان ئۇنىڭ نەيزە ئېتىشىنى كۆزەتكەندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭغا قاراپ مەھمۇدمۇ كۈلدى .

شۇنىڭدىن كېيىن بۇغراخان يىغىلىپ بولغان قورۇقچى ۋە چەۋگەنچىلەرگە قاراپ:

— ئاتلىنىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، ئۆزىمۇ ئىرغىپ ئېتىغا مىندى.

ئاتلىقلار رەتلىك تىزىلىپ، سەپ بويىچە ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ يولغا چۈشتى. بۈگۈن مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ روھىي كەيپىياتى باشقىچىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇنىڭ يەنىلا جىم ماڭغۇسى كەلمىدى.

— ھەي يىگىت، قولۇڭدىكىنى ماڭا بەرگىنە، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، چەۋگەن توپنى قولىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان بىر چەۋگەنچى چېرىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

ياش چېرىك ئېتىنىڭ يورغىسىنى تېزلىتىپ، ئۇنىڭغا يانداشتى ۋە توپ بىلەن ئەگرى تاياقنى سۇنۇپ بەردى.

— مەھمۇد، مانا بۇ توپنى تۇتۇۋالالامسەن؟ — دەپ يەنە ۋارقىرىدى بۇغراخان ۋە چەۋگەن توپنى يەرگە تاشلاپ، ئەگرى تاياق بىلەن قاتتىق ئۇردى. توپ ھاۋاغا قاڭقىپ چىقىپ، يىراققا دومىلاپ كەتتى. مەھمۇد ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ ئەمدىلا قولىنى پەسكە ئۇزىتاي دەپ تۇرۇشىغا سوڭدىشىپ يېتىپ كەلگەن بۇغراخان ئەگرى تاياق بىلەن توپنى يەنە ئۇردى. توپ يەنە كۆكلەپ بېرىپ يىراققا دومىلاپ كەتتى. بۇغراخان توپنى ئۇرۇپ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە مەھمۇد بوراندەك ئۇچۇپ باردى ـ دە، سۈرئىتىنى ئاستىلاتماي تۇرۇپ، ئېگەر ئۈستىدىن چەبدەسلىك بىلەن يانغا ئېگىلىپ، ئانارچىلىك ياغاچ توپنى بارماقلىرى بىلەن چىڭ قىسىپ تۇتۇپ ئېلىۋالدى. قىزىپ كەتكەن يۇلتۇز قاشقىلىق قارا ئارغىماق مەھمۇدنىڭ تىزگىن تارتىشىغا بوي بەرمەي تۇياقلىرى ئاستىدىن چاڭ توزۇتۇپ يەنە خېلى ئۇزاققىچە چېپىپ كەتتى.

مۇھەممەد بۇغراخان ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، شادلىق تۇيغۇسى سىڭگەن جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي مەھمۇد، ھەي مەھمۇد! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — مۇدەررىس بولمەن دىگەن گېپىڭنى تاشلا. سەن ۋەزىر بولسەن، ۋەزىر بولمىساڭ سۇباشى[1] بولىسەن، سۇباشى!

بۇغراخان خۇشاللىق ئىچىدە نەۋرىسىدىن زوقلىنىپ يەنە كۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە مەھمۇد ئىتىنى تىزگىنلەپ، ساقالسىز مەڭزلىرى خۇددى تاڭ شەپىقىدەك قىزىرىپ كەتكەن، يوغان قوي كۆزلىرى شوخ چاقناپ تۇرغان ھالدا قايتىپ كەلدى ۋە بوۋىسىغا قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى، ئاندىن ھەر ئىككىسى سەپكە قوشۇلدى. ئاتلىقلار ئاتلىرىنى گاھ چاپتۇرۇپ، گاھ يورغىلىتىپ، كەلگەن يولى بىلەن ئۇپال قاپۇغىغا قايتىشتى.

① سۇباشى — قوماندان.

## تۆتىنچى باب

## مەھمۇدنىڭ ئاتا - ئانىسى

مەھمۇد قاپۇغ باشى ۋە مىڭ چېرىكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوپال تەۋەسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ بارسغان شەھىرىدىن قايتىپ كەلگەن ئاتىسى ھۈسەين بۇغرا تېگىن بىلەن ئانىسى بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىمنى[1] قارشى ئالدى.

بۇغرا تېگىن ۋە ئۇنى قورۇقداپ كېلىۋاتقان تۆت مىڭ ئاتلىق چېرىكنىڭ قارىسى يىراقتىن كۆرۈنۈشى بىلەنلا مەھمۇد ۋە قاپۇغ باشى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا مېڭىپ باردى، يېقىن كەلگەندىن كېيىن بۇغرا تېگىنمۇ ئاتتىن چۈشتى.

باھادىرلارچە قامەتلىك كەلگەن ۋە جەڭگە كېتىۋاتقان سانغۇندەك يېنىك ھەربىيچە كىيىنىپ، يېشىل سەللە ئورىغان، قاپقارا قىرقىما ساقاللىق ھۈسەين بۇغرا تېگىن قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ ئوغلى مەھمۇدنى باغرىغا باستى، ئاندىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرۇپ، ئوغلىغا سەپسېلىپ قارىدى.

— قارىغىنا، بۇنىڭ چوڭ بولۇپ كەتكىنىنى! — دەيتتى ئۇ شاد - خۇراملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — بوي - بەستى راسا قاملاشقان ئەزىمەت بوپتۇ، چىراي - تۇرقىمۇ بەئەينى ئاتىسىنى تارتىپتۇ.

بۇغرا تېگىن مەھمۇدنىڭ يەلكىسگە ئۆزىنىڭ قوۋۋەتلىك

---

[1] خان جەمەتى ئىچىدىكى ئاياللار «ئالتۇن تارىم» دېگەن ئاتاق بىلەن ئۇلۇغلىناتتى.

قولى بىلەن شاپىلاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .
شۇ ئارىدا ئىككى دېدەك قىزنىڭ سۇنۇلغان قوللىرىغا تايىنىپ ،قىزىل تاۋار سايىۋەنلىك هارۋىدىن چۈشكەن بۈبى رابىيە ئالتۇن تارىم ئۆزۈن ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈپرەك ، خۇشاللىقىدىن ئۇن سېلىپ يىغلىغان پېتى ئوغلى تەرەپكە ئېتىلدى . مەھمۇد ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى .
— جېنىم بالام ، مەھمۇد ، — دەيتتى بۈبى رابىيە ئېسەدەپ تۇرۇپ ۋە ئوغلىنىڭ ماڭلىيىغا سۆيۈپ ، — تىنچ تۇردۇڭمۇ ؟ سېنىمۇ كۆرىدىغان كۈنۈم بولىدىكەن ...
ئۇ ، ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن مەھمۇدقا قارايتتى ۋە يەنە يىنىشلاپ ئۇنىڭغا يېپىشاتتى .
مەھمۇد بولسا ، هاياجانلانغان هالدا :
— خۇش كېلىپسىز ، ئاتا ! خۇش كېلىپسىز ، ئانا ! — دەيتتى ۋە بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشكىنىدىن خۇشال بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئانىسىنىڭ ئۇنى خۇددى گۆدەك بالىنى پەپىلگەندەك ئەركىلىتىشلىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇراتتى .
هۈسەين بۇغرا تېگىن قاپۇغ باشى بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن يۇرۇشكە بۇيرۇق بەردى .
— بولدى ، رابىيە ، — دېدى ئۇ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا چاقچاق قىلىپ ، — بۇ ئۇچۇرما بولمىغان كىچىك قۇشۇڭنى ئەمدى ئۆيگە بارغاندىن كېيىن قانىتىڭنىڭ ئاستىغا بېسىۋالغىن .
«ئۇنىڭ خۇلقى - مىجەزى قىلچىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ ، — دەپ ئويلىدى مەھمۇد ، بويلۇق جەدە ئاتقا ئەپچىللىك بىلەن مىنىۋالغان ئاتىسىغا قاراپ ، — بوۋامغا زادى ئوخشمايدۇ . بوۋام ئېغىر - بېسىق ، چىرايى سۇرلۇك . ئاتام بولسا ، تېتىك ، خۇش چاقچاق ، ئوچۇق چىراي» .
شۇنىڭ بىلەن ، بارسغانلىق ۋە ئوپاللىق چەۋەندازلار بىرلىكتە

ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، ئازىق قەلئەسىگە، يەنى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ قاپۇغىغا يېتىپ كېلىشتى. قەلئە سېپىلىنىڭ قارا تۆمۈر بىلەن قاپلانغان قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسى كەڭ ئېچىلدى. ئاتلىقلار قەلئە ئىچىگە كىرىشتى. بۇغرا تېگىن، بۇبى رابىيە ۋە مەھمۇد قاپۇغ باشىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىچكەركى ھويلىغا ئۆتۈشتى.

ھۇسەين بۇغرا تېگىن ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئاتىسىنى كۆرۈپ دەرھال ئالدىغا باردى - دە، تىز چۆكۈپ ئۇنىڭ پېشىنى سۆيدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى:

— قۇت بولسۇن، بۇغراخان ئاتا!

بۇبى رابىيەمۇ يېقىن كەلدى ۋە ئىككى قولىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، چوڭقۇر ئېگىلدى.

— قۇت بولسۇن، خان ئاتا!

— قۇت بولسۇن! — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئۇلارغا مۇھەممەد بۇغراخان، — ئۆيگە كىرەيلى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. غىزالىنىپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن مۇھەممەد بۇغراخان بىلەن ھۇسەين بۇغرا تېگىن باغقا چىقىپ، گۈلزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويما نەقىشلىك راۋاقتا گىلەم ئۈستىگە قويۇلغان ماموق ياستۇقلارغا تايىنىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. شۇ ئەسنادا بۇغراخاننىڭ خاس مەھرىمى ساچىيە مەدرىسىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھۇسەين ئىبنى خەلەپنىڭ سالامغا كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— كىرسۇن، — دەپ ئىجازەت بەردى بۇغراخان.

ھۇسەين ئىبنى خەلەپ ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا بىلىم ئىگىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، بۇغراخان ئۇنى قەدىرلەيتتى ۋە ئىززەتلەيتتى. شۇ ۋەجىدىن بۇ ھۆرمەتلىك مۇدەررىس ئازىق قەلئەسىگە پات - پات قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى شاملىق ئەرەب مۆتىۋەر، ئانىسى كاشغەر گۈلباغلىق بەگ قىزى بولۇپ، خاقانىيەدىمۇ ۋە شام، باغداتلاردىكى ئەرەب ئۆلىمالىرى

ئىچىدىمۇ بەلگىلىك نوپۇزى بار ئىدى .

بېشىغا مۇدەررىسلىك ئاق سەللىسىنى ئورىغان ، ئۈچىسىغا ئۇزۇن ئاق پەرىجە ، پۇتلىرىغا يۇمشاق مەسە كىيگەن چار ساقاللىق ، قوش بۇرۇن هۇسەين ئىبنى خەلەپنى راۋاقتا مەهمۇد باشلاپ كەلدى . مۇدەررىس راۋاقنىڭ پەلەمپىيى ئالدىغا كەلگەندە بىر قېتىم تەزىم قىلدى ، راۋاقتا چىققاندىن كېيىن يەنە ئېگىلدى ۋە ئوردىنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلغان هالدا قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەردى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئاللانىڭ ئەزىز بەندىسى ، مۆمىنلەرنىڭ پاسىبانى شاهى ئېهرام مۇهەممەد بۇغراخان هەزرەتلىرى ، ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، سائادەتلىك هۇسەين بۇغرا تېگىن !

مۇهەممەد بۇغراخان بۇ مۇدەررىسنىڭ «قۇت بولسۇن» دېگەننىڭ ئورنىغا هەمىشە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن ئەرەبچە ئىبارىنى ئىشلىتىشىگە تېخىچە كۆنەلمەي يۈرەتتى ۋە ئۆزىنى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلىدىكى «خاقان» ياكى «خان» دېگەننىڭ ئورنىغا «شاهى ئېهرام» دېگەن پارسچە نام بىلەن ئاتىشىنى ياقتۇرمايتتى . شۇنداقتىمۇ ، بۇ ئاتاقلىق ئالىمغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى تۈپەيلىدىن ، ئۇنىڭغا قائىدە - يوسۇنلۇق مۇئامىلە قىلىپ ، كۆڭلىدىكى بۇ كىچىككىنە نارازىلىقنى بىلدۈرمەيتتى .

— قۇت بولسۇن ، مۆهتەرەم شەيخ ئىمام هۇسەين ئىبنى خەلەپ هەزرىتىم ، مەرهەمەت قىلغايسىز ، — دېدى مۇهەممەد بۇغراخان .

— پېقىر تېخى بايىلا هۇسەين بۇغرا تېگىن جانابلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ، دىدار كۆرۈشمەك ئىستىكى بىلەن سالام بېرىشكە ئالدىراپ كەلدىم ، — دېدى هۇسەين ئىبنى خەلەپ گىلەمگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ .

— سىز ئۇپالدا تۇرۇۋاتقانمىدىڭىز ، شەيخ ئىمام ؟ — دەپ سورىدى هۇسەين بۇغرا تېگىن هال - ئەهۋال سورىشىپ بولغاندىن

كېيىن .

— شۇنداق ، — دېدى مۇدەررىس ، — ھازىر ساچىيە مەدرىسىسىدىكى تالىپلار تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ئوقۇش باشلانغۇچە ئۇپالدىكى بېغىمدا بىر مەزگىل تۇرۇپ ، دەم ئالاي دەپ كەلگەنىدىم .

بۇغراخاننىڭ ئائىلە قۇللىرىدىن ئىككىسى كۈمۈش تاۋاقلاردا ئۈزۈم ، شاپتۇل ۋە ئەنجۈرلەرنى ئەكېلىپ ئوتتۇرىغا قويدى . راۋاقتىكىلەر مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەچ ئۇياق ـ بۇياقتىن پاراڭ سېلىشتى ، ئاندىن ھۇسەين بۇغرا تېگىن مەھمۇدنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئەھۋالىنى سورۇشتۇردى .

— مەھمۇد ساچىيە مەدرىسىسى بويىچە تالىپلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى مۇدەررىس ، — ئۇ ھەممە پەنلەرنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئەلا دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ . دىنىدىمۇ ، پەندىمۇ مۇكەممەل يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ . بولۇپمۇ مېنى بەك خۇشال قىلىدىغىنى ، ئۇ ئەرەب تىلىدا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كامالەتكە يەتتى . مەنمۇ مەھمۇدقا دائىم جېكىلەپ تۇرىمەن ، ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش ئەڭ مۇھىم ...

— تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشمۇ مۇھىم ، — شۇ چاغقىچە بىر چەتتە جىم ئولتۇرغان مەھمۇد سەل تارتىنىپىراق بوشقىنا ئاۋازدا سۆز قىستۇردى ، — ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇ بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ـ دە ...

ھۇسەين ئىبنى خەلەپ ئۆز سۆزىنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت بۆلۈۋېتىلىشىنى كۈتمىگەن بولغاچقا ، شاگىرتىغا تەئەججۇپ ئارىلاش نەزىرى بىلەن قارىدى . مۇھەممەد بۇغراخان خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك ئاۋۇالقىدەكلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، ئۈنچىقماستىن ئولتۇراتتى . ھۇسەين بۇغرا تېگىن بولسا ، ئوغلىغا زوق ۋە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ قالدى .

— ئەپۇ قىلغايسىز ، ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ، — دېدى مەھمۇد بىردەمدىن كېيىن ئوڭايسىزلانغان ۋە گۇناھنى بويىنىغا ئالغان

قىياپەتتە، — مەن ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويدۇم.
— ھېچ گەپ ئەمەس، مەھمۇد، ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى مۇدەررىس، — مەن شاگىرتلارنىڭ مۇشۇنداق دادىل بولۇشىنى ياقتۇرىمەن. سەن ھەممىشە ئىلىم - مەرىپەت، بولۇپمۇ تىل ۋە تارىختىن گەپ ئېچىلسا ئۆزۈڭنى بېسىۋالالماي قالىسەن. مەن بۇنى بىلمەنغۇ. بۇ سېنىڭ ئىلىمگە بولغان ھەۋەسىڭنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.
ئاندىن مۇدەررىس بۇغراخان بىلەن بۇغرا تېگىنگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— ھەركىم ھەر خىل پەنلەرگە قىزىقىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. مەھمۇد تىل، تارىخ ۋە ئەدەبىياتقا ئالاھىدە ھەۋەس قىلىدۇ. مانا ئەمدى تىل ئىلمى ساھەسىدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشى شەكىللىنىشكە باشلاۋاتىدۇ. بىلىشىمچە، ئۇ بۇ ساھەگە ئائىت بىرمۇنچە كىتابلارنى ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىپ ئوقۇپتۇ. بۇ ھەقتە مەن بىلەنمۇ بىرنەچچە قېتىم پىكىرلەشتى. ئۇ ھەممىشە تۈركىي تىل شېۋىلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى شەرھلەيدىغان مۇكەممەل بىر ئىلمىي ئەسەرنىڭ دۇنياغا كەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. ئۇ ھامان، تۈركىي تىل ئەرەب تىلىدىن قېلىشمايدۇ، دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆتكەندە مەن بىلەن بىر قېتىم خېلى قاتتىق مۇنازىرىلەشتى. بىر قىسىم تالىپلارنىڭ ئاغزىنى كۈچلاپمۇ بىرەر ئىلمىي ئەھمىيىتى بار سۆزنى چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە مەھمۇد پۈتۈنلەي ئۆزگىچە، «بولداچى بۇزاغۇ ئۆكۈز ئارا بەلگىلىك»[①] دېگەندەك، ھەممىشە كىتابنىڭلا گېپىنى قىلىدۇ. بۇنداق گەپلەرنى قىلىشقاندا ھەتتا بايىقىدەك ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالىدۇ.
ھۈسەين ئىبنى خەلەپ ئاخىرقى سۆزلىرىنى كۈلۈپ تۇرۇپ تاماملىدى.

---

① «ئۆكۈز بولىدىغان كالا موزاي چېغىدىلا بەلگىلىك».

— ھىم ، ياخشى گەپ ، — دېدى ھۇسەين بۇغرا تېگىن ۋە ئوغلىغا كۆزلىرىنى قىسىپراق تىكىلىپ قارىدى ، — ماڭا قارىغىنا ، مەھمۇد ، سەن راستتىنلا شۇنداق بىلىملىك موللا بولۇپ كەتتىڭمۇ - ھە؟ بۇغراخان ئاتامنۇ بارسغان شەھىرىگە يازغان مەكتۇپلىرىدا سېنى مۇشۇنداق دەپ ماختايتتى. بۇگۈن ئۇستازلىق شەيخ ئىمام ھۇسەين ھەززەتمۇ تەرىپىڭنى قىلدى . شۇڭا كىتابتىن ئالغان بىلىملىرىڭگە قايىل بولماي ئىلاجىم يوق . ئەمما ، سېنىڭ ھەربىي ئىشلارغا دائىر نېمىلەرنى ئۆگەنگىنىڭنى تېخى ھېچكىم ماڭا ئېيتمىدى . قولۇڭدا تىغ توختامدۇ - ھە؟ گەپ قىلمايسەنغۇ !

مەھمۇدنىڭ ئاتىسىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تەڭلىكتە قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ھۇسەين ئىبنى خەلەپ سۆزگە ئارىلاشتى :

— ساچىيە مەدرىسىدە خاقانىيە بويىچە ئەڭ خىللانغان مەشقاۋۇللار تالىپلارغا ھەربىي ئىشلاردىن تەلىم بېرىدۇ ، سائادەتلىك بۇغرا تېگىن . مەھمۇدمۇ خۇددى باشقا تالىپلارغا ئوخشاش ناماز پەرزىنى ئادا قىلىش يېشىغا تولغاندىن تارتىپلا ياراغ ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ ئۆسكەن تۇرسا ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتىدىنمۇ گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ - دە .

ھۇسەين بۇغرا تېگىنىنىڭ قاۋۇل گەۋدىسى ئاستا قوزغالدى . ئۇ ئورنىدىن تۇردى .

— قېنى ، ئورنۇڭدىن تۇر ! — دېدى ئۇ مەھمۇدقا بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن ، — قانچىلىك ئادەم بولغىنىڭنى ئۆزۈم بىر سىناپ كۆرەي .

مەھمۇد چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ۋە ئاتىسىنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىنى پەملىيەلمەي توختاپ قالدى .

— قىلىچىڭ قېنى؟ — دېدى يەنە ھۇسەين بۇغرا تېگىن ، — دۇكاندار ، تىجارەتچىلەرگە ئوخشاش بۇنداق سىپتا رەختتىن پوتا باغلىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ ئارسلانخان ، بۇغراخانلارنىڭ ئەۋلادلىرى بېلىگە كەمەر باغلاپ ، قىلىچ ئېسىشى كېرەك !

بۇغرا تېگىن شۇ گەپلەرنى قىلىپ راۋاقتىن چىقتى - دە، گۈلزارلىق يېنىدىكى مەيدانغا چۈشتى ۋە قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى. مەھمۇد ئاتىسىنىڭ مۇددىئاسىنى ئەمدى چۈشەندى.

— تۇرۇمتاي! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — قىلىچىڭنى بەر!

خاس قول يىگىت تۇرۇمتاي ئۆزىنىڭ بۇ كىچىك خوجايىنىغا چىن قەلبىدىن سادىق بولۇپ، ھېچقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى. قاپقىدىن سىرتقا چىققان چاغلاردا ئۇنى ھوشيارلىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلاتتى. ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس ئادىتى بويىچە قاپقىنى سالغان ھالدا ئۇنچىقماستىن مەھمۇدنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇق ياكى تاپشۇرۇقلىرىنى دەل ۋاقتىدا بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن گۈلزارلىق ئەتراپىدا سەگەكلىك بىلەن ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ مەھمۇدنىڭ خىتابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەر دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان ئەگرى قىلىچىنى دەرھال قىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى - دە، ئەپچىللىك بىلەن ئېتىپ بەردى. مەھمۇد ئاپتاپتا گويا ھەسەن - ھۈسەندەك پارقىراپ ئۇچۇپ كەلگەن قىلىچنىڭ دەستىسىدىن تۇتۇۋالدى ۋە ئاتىسى تەرەپكە بۇرۇلدى.

— كەل، كارامىتىڭنى كۆرسەت! — دېدى بۇغرا تېگىن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قىلىچۋازلىققا چۈشۈپ كەتتى. پولات تىغلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، جاراڭلىق سادا چىقىرىشقا باشلىدى. قىلىچۋازلار ئۇياق - بۇياققا ئىتتىلىپ، بەجايىكى دەھشەتلىك ئويۇنغا چۈشكەن ئارسلانلاردەك بىر - بىرىگە ئېتىلىپ ۋە يەنە چاققانلىق بىلەن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىپ قىلىچ ئۇرۇشاتتى.

بۇ چاغدا مەھمۇدنىڭ ئانىسى بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىم ئۆز ھۇجرىسىنىڭ باغقا قارايدىغان روجىكى يېنىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇراندى. بۇ يەردىن ھېلىقى راۋاق ۋە گۈلزارلىق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت راۋاق ئالدىدا تۇتۇشۇپ كەتكەن قىلىچۋازلارنى كۆرۈپ قالدى - دە، شۇ ھامان باغقا يۈگۈرۈپ چىقتى. تاشقىرىقى بۆلمىدە خىزمەت كۈتۈپ يانپاشلاپ ياتقان ئىككى

نەپەر خاس دېدەك قىز ئالتۇن تارىمنىڭ چىرايى ئۆگۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقىشتى.

— ئاھ خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش! شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئوغلى بىلەن تۇزۇك مۇڭداشماي تۇرۇپ مۇشۇنداقمۇ قىلامدۇ! — دەپ ئۇن سالدى بۇبى رابىيە گۈلزارلىق ئالدىغا يېتىپ كېلىپ. ئۇ، بىر - بىرىدىن قېلىشماي قىلىچ ئۇرۇشۇۋاتقان ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا كىرمەكچى بولغانىدى، بىراق راۋاقتا ئولتۇرغان بۇغراخان بىلەن مۇدەررىستىن ئەيمىنىپ توختاپ قالدى. بۇغراخان خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا قىلىچۋازلىقنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى، مۇدەررىس بولسا، ئىنتايىن قىزىققان سىياقتا كۆز تىكىپ، بۇ ماھارەت كۆرسىتىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتمەكتە ئىدى.

بۇبى رابىيە ئۆزىنى ئىككى ياندىن قولتۇقلىۋالغان دېدەكلەرنىڭ قوللىرىنى چىڭ قىسقان ھالدا ئىلاجسىزلىقتا ئۇنسىز ئاھ ئۇرۇپ قاراپ تۇردى. «يائاللا، كونا خولقىنى تېخىچە تاشلىماپتۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئېرىگە خاپا بولۇپ. بۇنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرى مەھمۇد تېخى گۆدەك چاغلىرىدىمۇ ھۇسەين مانا مۇشۇنداق قىلاتتى. ئامراقلىقى كېلىپ كەتسە ئوغلىنى ئەركىلىتىپ ئوينىتىشنىڭ ئورنىغا ھە دېسىلا قىلىچۋازلىق ياكى چېلىشىش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۆزىمۇ كىچىك بالىدەك قىزىپ كېتەتتى. توغرا، بۇنداق چاغلاردا بۇبى رابىيە ئۆزىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ ئوغلى مەھمۇدنىڭ ياراغ ئىشلىتىش ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدەت بېرىپ رىغبەتلەندۈرەتتى ۋە ھەتتا ئۆزىمۇ قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئۈلگە كۆرسىتەتتى. ئەجەبا، ئەمدى ئۇ نېمە ئۈچۈن يىغلامسىراپ ئاھ ئۇرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى قەپەسكە سولانغان تورغايدەك تەشۋىشلىك تېپىرلاپ، قاتتىق سوقۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئۇزۇندىن بېرى ئوغلىنى كۆرمىگەچكە شۇنداقمۇ؟ ياكى پەرزەنتى چوڭ بولغانسېرى ۋە ئۆزىمۇ ياشىنىشقا باشلىغانسېرى ئانا قەلبى

نازۇكلىشىپ كېتەمدۇ؟ ئاھ ئانا! ئاھ ئانا مېھرى! «تۇۋا، ماڭا نېمە بولدى؟ — دەپ ئويلىدى بۇبى رابىيە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، — بۇنداق تىنچ - ياراغلار بىلەن ھەپىلىشىش ئويۇنلىرى خان جەمەتى ئىچىدە ۋە ئومۇمەن پۈتۈن خاقانىيەدە ئادەتتىكى ئىشقۇ».

بۇغرا تېگىن بىلەن مەھمۇدنىڭ قىلىچلىرى خۇددى ئەينەكتەك ۋالىلداپ، بىر - بىرىگە شىددەتلىك ئۇرۇلماقتا ئىدى. مەھمۇدنىڭ قىلىچ ئويىنىتىشى كۆرۈنەرلىك سۇسلىشىشقا باشلىدى. ئاخىر بۇغرا تېگىننىڭ كۈچلۈك زەربىسى مەھمۇدنىڭ قولىدىن قىلىچنى ئۇچۇرۇپ چىقىرىۋەتتى. ھۈسەين بۇغرا تېگىن تەمكىنلىك بىلەن قىلىچىنى قىنىغا سالدى.

— تېخى بىلىكىڭ قاتماپتۇ، — دېدى ئۇ ئوغلىغا، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يەنىلا قايىل بولغانلىق ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— كېرەك يوق، ئۇ تېخى كىچىك، — دېدى بۇغراخان ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، — تەڭرى خالىسا، يەنە ئىككى - ئۈچ يىللاردىن كېيىن ئۇستىخىنى قېتىپ ياخشى قىلىچۋاز بولۇپ چىقىدۇ.

بۇغرا تېگىن ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئوغلىنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

— ھەربىكتىڭ چاققان، قىلىچۋازلىق ماھارىتىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپسەن.

بۇبى رابىيە بۇغراخاندىن تەپ تارتىپ گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى ۋە ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئوغلىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى - دە، دېدەكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ كەتتى.

مۇدەررىس ھۈسەين ئىبنى خەلەپمۇ خوشلىشىپ، تەزىم بەجا كەلتۈردى.

شۇ كۈنى كەچتە مۇھەممەد بۇغراخان بىلەن ھۈسەين بۇغرا

تېگىن قاپۇغىنىڭ چوڭ مېھمانخانىسىدا گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان تاۋار كۆرپە ۋە ماموق ياستۇقلارغا يانپاشلاپ، ئىككى دانە كۈمۈش چىراغپايدا چىرىسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىدا ئۇزاق مۇڭداشتى.

— خانلار كېڭىشىنىڭ قارارىنى ئۇققاندىن كېيىن، راستىنى ئېيتسام، ناھايىتى بىئارام بولدۇم، — دېدى بۇغرا تېگىن، — خانلىقنىڭ زېمىنلىرىنى مۇشۇنداق پارچىلاپ بۆلۈشۈۋېلىش ئاقىلانىلىك بولامدۇ؟ ئىچكى بىرلىكنىڭ بۇزۇلۇشى ئەڭ ئەشەددىي تاشقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىنمۇ خەۋپلىك.

— شۇنداق، — دېدى بۇغراخان ئويچان كۆزلىرى بىلەن چىراغ ئوتىغا قاراپ، — بۆلۈنۈش ئاجىزلىشىشقا يۈزلەنگەنلىكنىڭ ئىپادىسى...

ھەر ئىككىسى بىر ھازاغىچە جىم بولۇشتى، ئاندىن بۇغراخان يەنە سۆزلىدى:

— ئاتىمىز يۇسۇپ قادىرخاننىڭ دەۋرىدىكى شەرىپىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قىيىنغا توختايدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر بىزگە پۈتۈن خانلىقنى قايتىدىن ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان يەنە بىر يۇسۇپ قادىرخان كېرەك. لېكىن، ئۇ قاچان، قەيەردىن چىقىپ كېلەر؟ سۇلايمان ئارسلانخان بۇنداق ئۇلۇغ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئۇ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى خاقانىيە تەۋەسىدىكى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان ئۇششاق قەبىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇشقىلا سەرپ قىلدى، ئەمما خانلىقىمىزنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچ چىقىرالمىدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىكارتەلەپ ھەقەمسايىلىرىدىن بىرنەچچىسىنى ئەتراپىغا توپلىۋېلىپ، ئۇ دۇنيانىڭ تۈگىمەس ھېكايەتلىرى بىلەن ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئاللاتائالا بەندىلىرىنى ھېچ ئىش قىلماستىن قول قوۋۇشتۇرۇپ، ئاخىرەتلىك كۈنىنى كۈتۈپ ئولتۇرسۇن دەپ ياراتقان ئەمەس. ياق، ئىنسان بۇ دۇنيالىق بەختىنى ئۆز قولى

بىلەن يارىتىشى كېرەك .
بۇغراخان سۆزلىگەنسېرى هاياجانلىنىپ ، ئاخىرقى سۆزلىرىنى كۆتۈرەڭگۈ ئاهاڭدا تاماملىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر ئەسناغىچە شۈك بولۇپ قالدى ، ئاندىن يەنە سۆزلىدى :
— تاۋغاچخان سەمەرقەنتنى ئاستانە قىلىۋېلىپ ، كاشغەر بىلەن بالاساغۇننىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدىغان بولۇۋالدى . لېكىن ، سۇلايمان ئارسلانخان بۇنىڭغا قارشى هېچقانداق تەدبىر قوللانمىدى . ئۇ گويا غەزنەۋىيلەر بىلەن ئەپ بولۇپ ئۆتسىلا هەممە نەرسە تەل بولىدىغاندەك ئىش قىلىۋاتىدۇ .
— غەزنەۋىيلەرنىڭ ئاداشلىقىغا قانچىلىك ئىشەنگىلى بولار ؟ — دېدى هۇسەيىن بۇغرا تېگىن ، — ئۇلار هازىر سالچۇقىيلار بىلەن ئۇرۇش هالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا بىز بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا تىرىشىۋاتىدۇ . ۋەهالەنكى ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار سالچۇقىيلار بىلەن يارىشىپ قالسا ، ئەهۋال قانداق بولىدۇ ؟
هەر ئىككىسى خۇددى ئىغىر خىياللار يۈكى ئاستىدا بۇرۇقتۇرما بولۇۋاتقاندەك خېلى ئۇزاققىچە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشتى .
— شۇنىڭ ئۈچۈن ، — دېدى بۇغراخان ، — زېمىنلارنى بۆلۈشۈۋالغىنىمىزمۇ ياخشى بولدى . ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ ، سۇلايمان ئارسلانخان خاقانىيە ئۆلكىسىنى دۈشمەندىن ساقلاپ قالالمىغۇدەك بولۇپ قالسا ، بىز ئۆز ئۆلكىمىزدىكى يەرلەرنى تايانچ قىلىپ تۇرۇپ دۈشمەنگە زەربە بېرەلەيمىز .
هۇسەيىن گەپ قىلمىدى . مۇهەممەد بۇغراخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— قانداقلا بولسۇن ، خاقانىيە تەۋەسىدىمۇ بىزنىڭ ئوپالدىن ئىبارەت بىر پارچە يېرىمىز بار . سەن بۇ يەرنى چىڭ ساقلىشىڭ كېرەك ، هەرگىز هوشيارلىقىڭنى بوشاشتۇرۇپ قويما ...
هۇسەيىن بۇغرا تېگىن ئاتىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى

چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدىيۇ ، ئەمما ئۆزىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى . ئۇ ئاتىسىنىڭ زېمىنلارنى قايتىدىن تەقسىم قىلىشىدىكى تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە بۇنداق بۆلۈنۈشنى ئەيىبلەيدىغان گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى . ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن خانلارنىڭ بۇنداق بىر - بىرىگە باقماي پارچىلىنىپ كېتىشىنى خوپ كۆرمەيتتى . ئۇ ئارسلانخانىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياقتۇرمايتتى ، شۇنداقلا ئاتىسىنىڭ ئۇكتىچىلىكىنىمۇ قوللىمايتتى . ھالبۇكى ، بولغۇلۇق بولدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇ سوئالغا كەلگەندە ھۈسەيىن قايمۇقۇپ قالاتتى ۋە بىر قارارغا كېلەلمەيتتى . شۇ سەۋەبتىن ئۇ پىكرى چېچىلغان ھالدا ئارتۇق گەپ قىلماستىن ، ئاتىسىنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى .

ئۇلار يەنە ئۇزاققىچە ئۇخلىماي ئايرىلىش ئالدىدىكى ئاخىرقى سۆزلىرىنى قىلىشتى . ئەتىسى ئەتىگەندە مۇھەممەد بۇغراخان ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ۋە نۆكەر ، چېرىكلىرى بىلەن يولغا چىقتى . ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن بىلەن مەھمۇد تۆت مىڭ كىشىلىك قورۇقچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇغراخاننى ئۇپالدىن بىر كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى .

## بەشىنچى باب

# ئوغۇل چوڭ بولدى

بۇغراخان تالاس ۋە ئىسپىجاپ ئەتراپىدىكى جايلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن يۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ھۇسەين چوڭ دادىسى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا باردى ۋە ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە كۆڭلى ئارامغا چۈشمەي دىلىغۇل بولۇپ يۈردى. خان جەمەت ئىچىدىكى ئازارچىلىقلار ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلايتتى. ئاخىر ئۇ ئويلا ـ ئويلا «ئەمەلدىكى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان يولنى تۇتماق زۆرۈر» دېگەن پىكىرگە كەلدى ۋە كۆڭلىدىكى غەملىرىنى ئۆزىدىن نېرى قىلدى. «نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇغراخان ئاتام ئېيتقاندەك، ئىلكىمدىكى بارسغان شەھىرى بىلەن ئوپال دىيارىنى چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇشۇم لازىم. كېيىنكى ئىشلارنى كېيىن كۆرەرمىز». شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ بىرقەدەر يېنىكلىك ۋە ئازادىلىك ھېس قىلىپ، ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ گاھ ئوپالدا، گاھ بارسغاندا تۇراتتى. ئۇنىڭ ۋاقتى ھەمىشە ئالدىراشلىقتا ئۆتەتتى، تۈرلۈك ئىشلارنى تەكشۈرۈش، چېرىكلەرنى مەشق قىلدۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى؛ جايلارغا بېرىپ پۇقرالارنىڭ ئىش ـ ئوقەتلىرىنى كۆزىتەتتى، ئەرز ـ ھالىنى ئاڭلايتتى؛ ۋاقتى ـ قەرەلىدە كاشغەرگە بېرىپ، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ پەرمانلىرىنى قوبۇل قىلاتتى ياكى قارائوردىغا، يەنى چوڭئوردىغا بەلگىلەنگەن باج ـ سېلىقلارنى

تاپشۇراتتى.

ھۇسەين بۇغرا تېگىن دەسلەپتە خانلار ۋە تېگىنلەرنىڭ ئىناقسىزلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ، قايغۇرۇپ يۈرگەن بولسا، كېيىنچە ئۇمۇمىي ئېقىمغا ماسلاشتى. ئۇ: «ئۆز قولۇمدىكى يەرلەرنى چىڭ تۇتمىسام، ئىش چاتاق بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆز بېشىمچىلىقىنى ھەممىدىن بەكرەك ئاشۇرۇۋەتتى. ئاردىن ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇ ئۇنۋانىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى: «ھۇسەين ئارسلان ئىلىكخان» دەپ ئاتىدى ۋە شۇ نام بىلەن بارسغاندا ئالتۇن پۇل چىقىرىشقا باشلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ھوقۇقىنى چەتكە قايرىپ قويغان بىلەن باراۋەر ئىدى، ئەلۋەتتە.

شۇ تەرىقىدە ئىككى يىل ئۆتتى. مەھمۇد مەدرىسىدىكى ئوقۇشلىرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئورۇنباسارى سۈپىتىدە ئوپال قاپۇغىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا كىرىشتى. كۈز كۈنلىرى كېلىپ قالغانىدى. ھۇسەين ئارسلان ئىلىكخان ئادىتى بويىچە تورلۇك مېۋىلەر تولۇق يېتىلىپ پىشقان كاشغەرنىڭ ئالتۇن پەسلىدە بىر مەزگىل دەم ئېلىش ئۈچۈن بارسغاندىن ئوپالغا كەلگەنىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئوغلى مەھمۇدنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتتى. مەھمۇد كىرىپ، دەرقەمتە ئولتۇرۇشقان ئاتا - ئانىسىغا سالام بەردى.

— قۇت بولسۇن، ئاتا، قۇت بولسۇن، ئانا.

مەھمۇد ئاتا - ئانىسىنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر ئۆزگىچە ھالەتنى سەزدى. ھۇسەين ئوغلىغا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ قارىدى.

— كەل، مەھمۇد، ئولتۇر، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىم چەكسىز مېھرى سىڭگەن يوغان قوي كۆزلىرىنى ئوغلىدىن ئۈزمەي كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

— قارىغىنا بۇنى، ھەقىقەتەن چوڭلا ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ

ئەمەسمۇ ! — ھۇسەين خۇددى ئوغلىنىڭ قاچاندىن بېرى مۇشۇنچىلىك چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەيۋاتقاندەك ئالاھىدە بىر خىل ئاھاڭدا چاقچاق قىلدى .

— ھەئە ، مېنىڭ ئوغلۇم چوڭ بولدى ! — دېدى بۇبى رابىيە ۋە شاد - خۇراملىق بىلەن ئۈنسىز كۈلدى .

«ئۇلارغا نېمە بولغاندۇ ؟» دەپ ئويلىدى مەھمۇد ۋە بىردەم ئاتىسىغا ، بىردەم ئانىسىغا تەئەججۈپ ئىچىدە قاراپ قالدى .

— ماڭا قارا ، مەھمۇد ، — دېدى ھۇسەين ، — تالاستىن چاپارمەن كەلدى . بۇۋاڭ مۇھەممەد بۇغراخان مەخسۇس سېنىڭ ئىشىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە خەت يېزىپتۇ .

— مېنىڭ ئىشىم ئۈچۈن ؟ — مەھمۇد ياندۇرۇپ سورىدى .

— شۇنداق ، سېنىڭ ئىشىڭ ئۈچۈن . مانا ، ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق .

ھۇسەين ئارسلان ئىلىكخان كاناي شەكلىدە يۆگىلىپ ، قىزىل تاۋار پۇرۇچ بىلەن چېگىلگەن مەكتۇپنى ئۆزىنىڭ يېنىدىكى شىرە ئۈستىدىن ئېلىپ ، مەھمۇدقا سۇنۇپ بەردى ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ قوشۇپ قويدى :

— خەتنى باشتا ئۆزۈڭ ئوقۇپ چىق ، ئاندىن ئاناڭ سەن بىلەن سۆزلىشىدۇ .

شۇ گەپ بىلەن ئارسلان ئىلىكخان چىقىپ كەتتى . مەھمۇد ئانىسىغا قارىدى .

— ئوقۇغىن ، بالام ، ئوقۇغىن ، — دېدى بۇبى رابىيە ئادەتتىكىدىن باشقىچە مۇلايىملاشقان ئاۋازى بىلەن .

مەھمۇد مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن دەسلەپتە ئۇنىڭ ساقالسىز يۇمران مەڭزىلىرى يېنىككىنە قىزاردى ، ئاندىن قانداقتۇر بىر خىل تېڭىرقىغان ھالەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنچىقمىدى . بۇبى رابىيە يەنىلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى .

— ئەمدى سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ ، مەھمۇد ، — دېدى ئۇ ، —

سەن بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىش ۋاقتى يەتتى . ئاتاڭ ئىككىمىز بۇۋاڭدىن مۇشۇنداق بىر خەتنىڭ كېلىشىنى ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈپ كەلگەندۇق . بۇغراخان ئاتىمىز تۇرغان يەردە بىزنىڭ مۇنداق گەپنى ئاۋۋال تىلغا ئېلىشىمىز توغرا بولمايتتى ، ئەلۋەتتە . شۇڭا ، ساڭىمۇ ئېغىز ئاچمىغاندۇق .

بۇبى رابىيە تىنىۋېلىپ ، ئوغلىغا سىناق نەزىرى بىلەن قارىدى . مەھمۇد تېخىچە بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى .

— ئوغۇل چوڭ بولغاندا ئۆيلىنىدۇ ، — بۇبى رابىيە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇغراخان بۇۋاڭنىڭ ساڭا تاللىغان لايىقىمۇ تازا كۆڭۈلدىكىدەك يەردىن ئىكەن . ئويلاپ باققىنا ، ھۆرمەتلىك توغانخان بۇزرۇكۋارنىڭ نەۋرە قىزى ئەمەسمۇ ! ئەمدى بۇ ئىشقا تېز تۇتۇش قىلمىساق بولمايدۇ . ئاتاڭ ئەتىلا شەخسەن ئۆزى ئوردۇكەنتكە بېرىپ ، سۇلايمان ئارسلانخانغا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلىپ ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماقچى ...

— ياق ! — مەھمۇد كەسكىن تەلەپپۇزدا خىتاب قىلىپ ، بېشىنى كۆتۈردى .

— نېمە ؟ — بۇبى رابىيە ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي ئەجەبلىنىپ سورىدى .

— ئاتام ئوردۇكەنتكە بارماي تۇرسۇن ... بۇۋامغىمۇ خەت يازماي تۇرۇڭلار .

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟

مەھمۇد بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن بوش ئاۋازدا جاۋاب بەردى :

— مەن ... ئويلاپ باقاي .

— نېمىنى ئويلاپ باقىسەن ؟

— توي ئىشىنى بولمامدۇ .

بۇبى رابىيە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى .

— بۇنىڭ ئويلاپ باقىدىغان نېمىسى بار ؟ !

مەھمۇد ئورنىدىن تۇردى ۋە ئانىسىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ،

خىجالەتچىلىك ئىچىدە، لېكىن قەتئىيلىك بىلەن دېدى:
— ئانا، خاپا بولمىغايسىز، بۇ گەپنىڭ جاۋابىنى ئەتە بېرەي.
بۇبى رابىيە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. مەھمۇد ئارقىغا بۇرۇلدى ـ دە، ئىتتىك چىقىپ كەتتى. بۇبى رابىيە ئوغلىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدىكى غەيرىي ئۆزگىرىشلەر ۋە غەلىتە گەپ ـ سۆزلىرىنى كۆڭلىدە ھەر خىل تەھلىل قىلىپ، بىر ئەنسىزغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۇ قوپۇپ خانىدىن چىقتى ۋە ئۆزۈن دەھلىز ئارقىلىق مېڭىپ، ئېرىقى چەتتىكى بىر بۆلمىگە كىردى. بۇ يەردە ھۈسەين ئارسلانخان ئىلىكخان شىرە يېنىغا سېلىنغان ئىككى قات كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتاتتى. ئالتۇن تارىم بۇبى رابىيە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈكۈندى. ئارسلان ئىلىكخان قەلەمنى قويۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.
— ھە، قانداق؟ نېمە دېيىشتىڭلار؟
ئالتۇن تارىم بۇبى رابىيە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، بىر ئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلىدى:
— مەھمۇد خىجىل بولۇۋاتامدىكىن، ئوچۇق جاۋاب بەرمىدى. ئويلاپ باقاي، ئەتىگىچە جاۋاب بېرەي دەيدۇ.
ھۈسەين بۇ گەپكە پىسەنت قىلمىدى.
— مانا، بۇغراخان ئاتامغا مەكتۇپ يېزىۋاتىمەن، پۈتەي دەپ قالدى،— دېدى ئۇ،— چاپارمەن ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرىدۇ، بۇ مەكتۇپنى بۈگۈندىن قالدۇرماي ماڭدۇرۇۋېتىش كېرەك.
ھۈسەين سۆزلىگەچ قايتا قولىغا قەلەم ئالدى.
— توختاپ تۇرۇڭ،— دېدى بۇبى رابىيە،— ئۇنىڭمۇ رايىغا باقايلى. ئەتە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېقىپ چاپارمەننى يولغا سالساقمۇ ئۈلگۈرىمىزغۇ.
— چاپارمەننى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىساقمۇ بولۇۋېرىدۇ،— دېدى ئارسلان ئىلىكخان،— مەھمۇدنىڭ بىزگە ئېيتقۇدەك نېمە گېپى بولسۇن. ياش بالا بولغاچقا خىجىل بولۇپ شۇنداق دەپ قويىدۇ ـ دە.

— ياق ، — دېدى بۇبى رابىيە ۋە ھۇسەيىننىڭ قولىدىن قەلەمنى ئېلىپ كۇمۇش قەلەمدانغا سېلىپ قويدى ، — ئەتىگىچە تەخىر قىلىپ تۇرايلى . ئۇنىڭ بىزگە ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتقان بىرەر گېپى باردەك قىلىدۇ .

ھۇسەيىن ئارسلان ئىلىكخان بۇبى رابىيەنى ئالاھىدە قەدىرلەيتتى ۋە نۇرغۇن ئىشلارغا ئۆزىنىڭ بۇ ئوقۇمۇشلۇق ، پاراسەتلىك خانىشىنىڭ مەسلىھەتلىرىگە كۆنەتتى . شۇڭا ، بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي ، بۇغراخانغا جاۋاب خېتى يېزىشتىن بۇرۇن مەھمۇدنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېقىشقا ماقۇل بولدى .

※ ※

مەھمۇد ئانىسىنىڭ يېنىدىن چىققاندىن كېيىن ھايال قىلماستىن ئۆزىنىڭ سادىق خاس قۇلى تۇرۇمتايىنى چاقىردى . ئۇلار ئىككىسى ئىككى ئاتقا مىنىپ قەلئەدىن چىقىشتى ۋە ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ ، ئارىق كەنتىنى كېزىپ ئۆتكەندىن كېيىن نورۇزبۇلاق تەرەپكە يول ئېلىشتى . تۇرۇمتاي ئۆز خوجايىنىنىڭ قاپىقىدىن بۇنداق بىمەزگىل سىرتقا چىققانلىقىدىن سەل ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس ئادىتى بويىچە ئۈندىمەستىن كېتىۋەردى . شۇنداقتىمۇ ، ئىككى ئات ئىلگىرى - كېيىن چېپىشىپ ، ياندىشىپ قالغان چاغلاردا ئۇ سوئال مەنىسى ئەكس ئېتىپ تۇرغان نەزىرى بىلەن مەھمۇدقا - بىر - ئىككى قېتىم يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى . مەھمۇد ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىدىكى ھەيرانلىقنى سەزدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بارار مەنزىلىنى چۈشەندۈرۈپ :

— ئويچولپانغا بارىمىز ، — دەپ قويدى .

تۇرۇمتاي بۇ قىسقىغىنا خىتابتىن ھەممىنى چۈشەندى . ھە ، ياش خوجايىن يەنە ھېلىقى قىز بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدىكەن - دە ! ئاھ ياشلىق ، سۆيگۈ ... ئىنچىكە قىرقىما بۇرۇت قويۇۋالغان

بەستلىك پالۋان قول تۇرۇمتاي بەجايىكى قايناق سۆيگۈنىڭ سىرلىق دولقۇنلىرىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكۈسى كەلگەندەك ۋە لېكىن بۇنىڭغا ئامال تاپالمىغاندەك پەرىشان قىياپەتتە بېشىنى ئېگىپ جەدە ئېتىنىڭ سىلىق تارالغان يالىغا كۆز تىكتى ـ دە، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

مەھمۇد ھەقىقەتەن بىر قىز بىلەن، ئۆزىنى مەپتۇن ئەيلەپ، يۈرىكىنى ئەسىر قىلغان بىر گۈزەل جانان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن دەرقەمتە تۇرۇپ، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ جىددىي ۋە ھەل قىلغۇچ سۆزىنى ئېيتىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.

مەھمۇدنىڭ ئۆزۈندىن بېرى ھېچكىمگە تىنماستىن يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا سىر قىلىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان شېرىن تۇيغۇلىرى بار ئىدى. بۇ تۇيغۇلار شۇ قەدەر نازۇك ۋە لەززەتلىك ئىدىكى، مەھمۇد ئۆزىنى گاھ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ۋە گاھ مىسلىسىز بەخت ـ سائادەت ساماسىنى ماكان قىلىپ، سۆيۈملۈك قىزنىڭ يىپەك رومىلىغا ئوخشاش يېنىك ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

بىر يىل بولدى. ياق، بىر يىلدىنمۇ سەل ئاشتى. بۇلتۇرقى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۆي ئىچى دىمىق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، مەھمۇد ھەر كۈنى نورۇزبۇلاققا بېرىپ دەرس تەكرار قىلاتتى.

ئاشۇ بىر كۈن، ئاشۇ ئۇنتۇلماس كۈن...

مەھمۇد بىلەن تۇرۇمتاي نورۇزبۇلاقنىڭ باش تەرىپىدىكى تۆپىلىككە كېلىپ توختىدى.

ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. قۇياش ھاۋانى قىزدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يارقىن نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇراتتى. يىراقتا ئازىق كەنتىنىڭ دەرەخلىرى ئۇپۇقنى توسۇپ سۇرەتلىنەتتى. دەرەخلەر ئارىسىدىن قەلئەنىڭ سېپىللىرى چوقچىيىپ چىقىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۆپىلىكنىڭ ئايىغىدىكى ياپيېشىل چىمەنلىكتىن ئۇرغۇپ چىققان نورۇزبۇلاقنىڭ سۈيى

تارماقلارغا ئايرىلىپ ۋە ئاپتاپتا پىل - پىل پارقىراپ باراقسان مەھەللە ئىچىگە ئاقاتتى . تۆپىلىكنىڭ قويۇق ئۆسكەن دەرەخزارلىق بىلەن قاپلانغان يانباغرى ئەنە شۇ نورۇزبۇلاق ھەم باراقسان مەھەللىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ .

تورۇمتاي ئاتلارغا چۇشەك سېلىپ ئوتلاشقا قويۇپ بەردى ۋە دەرەخزارلىق ئىچىدە سايىداپ ، كوكاتلارغا يانپاشلىدى . مەھمۇد بولسا ، تۆپىلىكنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ، بىر تۈپ شاخلىق سۆگەتنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردى - دە ، كىتابىنى ئاچتى .

ھەر يىلى نورۇز بايرىمىدا ئوپال جامائەتچىلىكى بۇ مەنزىرىلىك جايغا يىغىلىپ ، تۈرلۈك نورۇزلۇق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزەتتى . قەلەمكەش مەۋلانىلەر مۇشۇ بۇلاق بېشىدا جەم بولۇپ ، نورۇزلۇق نەزمىلىرىنى مۇتالىئە قىلىشاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر بۇلاق ۋە ئومۇمەن مۇشۇ جاي «نورۇزبۇلاق» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالغانىدى .

ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان مەھمۇد تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە ئالاھىدە زوقلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئەجەبا ، ئۇ بۇرۇن بۇ چىمەنلىكلەرنىڭ گۈزەللىكىنى نېمە ئۈچۈن كۆرمىگەن ؟ بۇلدۇقلاپ ئۇرغۇپ تۇرغان نورۇزبۇلاق ئەمدى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ جۇشقۇنلۇق قەلبىگە شۇنچە قايناق ھېس - تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىدىغان بولۇپ قالدى ؟ بۇ تۆپىلىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئاشۇ باراقسان بوستانلىق مەھەللىگە شىلدىرلاپ ئېقىپ چۇشۇۋاتقان سۈزۈك بۇلاق سۈيى نېمە ئۈچۈن مەھمۇدنىڭ يالقۇنلۇق خىياللىرىنى شۇنچە يىراقلارغا ئېلىپ قاچىدۇ ؟

مەھمۇد قانداقتۇر چۈشىنىكسىز غايىبانە ۋىسالغا تەلپۈنگەندەك سۆگەتنىڭ تۈۋىدە مۈگدىنىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى كىتابقا قارىتىلغان بولسىمۇ ، كۆڭلى كىتابتا ئەمەس ، پىكرى چېچىلغانىدى . شۇ ئەسنادا ، تۆۋەن تەرەپتىكى بوستانلىق مەھەللىدىن گويا بىر جەننەت ماكان ھۆر قىزنىڭ يۈرەكلەرنى سېھىرلىگۈچى خوش ئاۋازى ئاڭلانغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . مەھمۇد

شۇ ھامان دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇلاق سالدى. توغرا،
بوستانلىق ئويمەھەللىدىن ناخشا ئېيتىۋاتقان ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى
كەلمەكتە ئىدى. «بۇ چوقۇم بىر گۈزەل ياش قىز!» دەپ ئويلىدى
مەھمۇد ۋە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ تېنىنى ھاياجانلىق تىترەك
بېسىپ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

مەھمۇد ئۆزىنى ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولمىغان، كۆرۈلۈپ
باقمىغان غەيرىي ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلارنىڭ لەززەتلىك ھەم
ئازابلىق يالقۇنلىرى ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقاندەك سەزمەكتە ئىدى. بۇ
نېمە كارامەت! مەھمۇد بۇرۇنقى چاغلاردىمۇ بۇ يەرگە كۆپ
كېلەتتى. بوستانلىقلار، ئېتىزلىقلار ياكى مېۋىلىك باغلاردىن
ياڭراپ تۇرىدىغان ناخشىلارنىمۇ كۆپ ئاڭلىغان ۋە لېكىن ھېچقاچان
بۇ ناخشىلارنى «گۈزەل ياش قىز ئېيتىۋاتىدۇ» دەپ پەرەز قىلغان
ئەمەس. ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ ياش قىز ياكى چوڭ ئايال بولۇشىنى
ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئەمدىچۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئويمەھەللىدىن
ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ناخشا ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ؟ ئۇ نېمە
ئۈچۈن بۇ ناخشىنى بىر گۈزەل قىز ئېيتىۋاتقان بولۇشىنى ئارزۇ
قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ قىزنى كۆرۈشكە شۇنچە ئىنتىزار
بولىدۇ؟

مەھمۇد ئوقۇۋاتقان كىتابنى يېپىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە،
تۆپىلىكنىڭ ئەڭ چېتىگە كېلىپ توختىدى. ئۇ ناخشىچىنى ئىزدەپ
پەستىكى تالزارلىقلا كۆز تىكتى ۋە ھەتتا تىنىقىنى چىقارماسقا
تىرىشىپ تىڭشىدى. بۇ يەردىن ناخشىنىڭ سۆزلىرى ئېنىق
ئاڭلانمايتتى ۋە قويۇق ئۆسكەن مەجنۇنتاللار ئارىسىدىن
ناخشىچىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. مەھمۇد ناخشا ئاڭلىنىۋاتقان
يەرنى كۆزلەپ، تۆپىلىكتىن بىرئاز پەسلەپ چۈشتى. تال شاخلىرى
ئارىسىدىن گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كۆزگە چېلىقتى. مەھمۇد يەنە
بىرئاز تۆۋەنگە چۈشتى ۋە شۇ جايغا قاراپ قېتىپ قالدى.

— تۇرۇمتاي، — دەپ چاقىردى ئۇ، — بۇياققا كەلگىنە...

بۇياققا كەلگىنە .

تۇرۇمتاي ياش خوجايىننى قوغداش ساداقىتى ۋە هوشيارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە چۈشكەنىدى .

— قارىغىنا ، تۇرۇمتاي ، ئۇ كىم ؟ بىلەمسەن ؟ — مەهمۇد قولى بىلەن پەس تەرەپنى كۆرسىتىپ سورىدى .

نورۇزبۇلاقنىڭ سۈيى ئېقىپ ئويمەهەللىگە بارغاندا خىلىلا كەڭرى ۋە سۈزۈك ئېرىقنى هاسىل قىلاتتى . تۇرۇمتاي ئۆز خوجايىنىنىڭ ئەنە شۇ ئېرىق بويىدىكى بىر قىزغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئېرىق بويىنى قاپلاپ كەتكەن ياپيېشىل چىمەنزاردا قىزنىڭ ئالىچىپار گۈللۈك ئاق چىت كۆڭلىكى ئالاهىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . قىز تۆپىلىكتىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئىككى كىشىنى كۆرمەستىن يەنە بىردەم ناخشا ئېيتتى ، كېيىن ناخشىسىنى توختىتىپ ، يوغان قاپاقنى كۆتۈرگەن هالدا ئېرىق بويىدىن ئەپلىك جاي ئىزدەپ ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى ـ دە ، بىر جاينى مۇۋاپىق تاپتى بولغاي ، شۇ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇردى ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئاپئاق بىلەكلىرىنى يالىڭاچلىدى ۋە قاپاقنى سۇغا پاتۇردى ، ئاندىن سۇ تولدۇرۇلغان قاپاقنى بىر يېنىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ، ئالدىرىماي ماڭغىنىچە تۆپىلىكتىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان يېقىن يەردىكى بوستانلىق هويلىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى .

— ئۇ كىم ؟ سەن بىلەمسەن ، تۇرۇمتاي ؟ — مەهمۇد يېنىشلاپ سورىدى .

تۇرۇمتاي بۇغراخانىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئوپالغا قاراشلىق كەنتلەردىن يىغىلغان سېلىقلارنى توشۇش ئىشىغا بىرنەچچە قېتىم قاتناشقانىدى . شۇڭا ، بۇ ئەتراپتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى تونۇيتتى .

— ئۇنىڭ ئىسمى چولپان ، مۇشۇ كەنت ئاقساقىلىنىڭ قىزى ، — دېدى تۇرۇمتاي .

— چولپان، — دېدى مەھمۇد ھېلىقى قىز كىرىپ كەتكەن دەرۋازىدىن تېخىچە كۆزىنى ئۈزمەي، — چولپان! چولپاننى كۆكتە دەپ يۈرسەم، ئۇيدىمۇ چولپان بار ئىكەن! تۇرۇمتاي، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇيمەھەللىنى «ئۇيچولپان» دەپ ئاتايلى!

تۇرۇمتاي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قالدى. ئۇ خوجايىنىنىڭ مۇنداق ھېسسىياتلىنىپ سۆزلىشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

— چولپان! ئۇيدىكى چولپان! ئۇيچولپان! — مەھمۇد قايتىپ كېتىۋاتقاندىمۇ بۇ سۆزلەرنى بىرنەچچە قېتىم تەكرار تىلغا ئالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد پات - پات قاپۇغىدىن ئۆزى يالغۇز چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قەيەرگە بېرىپ يۈرگەنلىكىنى ئاتا - ئانىسى ئۇقمىغان بولسىمۇ، تۇرۇمتاي بۇ ئىشتىن ئوبدان خەۋەردار ئىدى. مەھمۇد بۇلاق يېنىدىكى ئۇيمەھەللىگە، يەنى ئۇيچولپانغا باراتتى. ئۇ يەردە، ھېلىقى ئېرىق بويىدا كەنت ئاقساقىلىنىڭ گۈزەل قىزى چولپان بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشۈپ يۈرەتتى.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەھمۇد ئانىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ «ئۇيچولپانغا بارىمىز» دېگەندە، تۇرۇمتاي ھەممىنى چۈشەندى. ئۇلار ئىككىيلەن نورۇزبۇلاق تۆپىلىكىگە يېتىپ كەلگەندە مەھمۇد ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، تىزگىنىنى تۇرۇمتايغا بېرىپ، ئۆزى يالغۇز دەرەخزارلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. تۇرۇمتاي ئاتلارنى ئوتلاشقا قويۇپ بېرىپ، ئادىتى بويىچە كوكاتلار ئۈستىگە كېپىنەك تۇتنى يېيىپ يانپاشلاپ ياتتى.

مەھمۇد ئۇيمەھەللىگە چۈشۈپ، ھېلىقى ئېرىقنىڭ يېقىن جايىدىكى قويۇق ئۆسكەن تالزارلىق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزەتتى. ھېچكىم يوق. شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد ھېلىقى بوستانلىق ھويلا تەرەپكە تەلمۈرۈپ، ئىنتىزارلىق

ئالامەتلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتتى :

باردى كۆزۈم يارۇقى ،
ئالدى ئۆزۈم قونۇقى ،
قاندا ئەرىنچ قانىقى ،
ئەمدى ئۇدىن ئوزغۇرۇر[①] .

ئويمەھەللىدە بۇنداق ناخشىلار دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ . بۇلاق سۈيىدە ئېتىنى سۇغىرىشقا كەلگەن نۆۋەتچى چېرىكمۇ ، يەل ـ يېمىشلەر تولدۇرۇلغان سېۋەت ۋە خۇرجۇنلىرىنى ئېشەككە ئارتىپ بازارغا كېتىۋاتقان باققالمۇ ياكى شۇنداقلا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىمۇ ناخشا ئېيتىشى مۇمكىنغۇ . ھالبۇكى ، كۆرۈشۈشنىڭ بەختلىك پەيتلىرىنى كۈتۈپ بىتاقەت بولغان قىزنىڭ سەزگۈر يۈرىكى ھەرقانداق ناخشىلار ئىچىدىن بۇ يىگىتنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلمەي قېلىشى مۇمكىنمۇ ؟

ناخشا ئاخىرلىشىپ تۇرۇشىغا بوستانلىق ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئاستا ئېچىلدى ، « رىفدىنلا مەجنۇنتاللارنىڭ ئېسىلىپ چۈشكەن شاخلىرى ئارىسىدىن قىزغۇچ تاۋار كۆڭلەك غىل ـ پال كۆرۈندى ـ دە ، شۇ ھامان ئېرىق بويىغا چولپان ئاتلىق ھېلىقى قىز قاپاقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى ۋە مەھمۇدنى كۆرگەندىن كېيىن : «خەق كۆرۈپ قالمىسۇن» دەپ قورقۇپ ، خۇددى ئۈركۈپ كەتكەن كېيىكتەك ئەتراپقا ئىتتىك قارىدى .

— چولپانئاي !

— مەھمۇد !

ئۇلار تالزارلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، خىلۋەت جايدا توختىدى . ئاق يۈزلۈك ، زىلۋا بويلۇق چولپان قىز ئالدىراپ ۋە

---

① كۆز نۇرۇم ئۇچۇپ كەتتى ، قەلبىمنى ئېلىپ كەتتى ، شۇ يارىم قايان كەتتى ؟ ئەمدى ئۇيقۇم كەلمەيدۇ .

ھودۇقۇشتىن كۆزلىرىنى يوغان ـ يوغان ئېچىپ سورىدى :

— مەھمۇد ، نېمە ئىش بولدى ؟ بۇگۈن كۆرۈشۈشنى كېلىشىپ قويمىغانىدۇققۇ ... بىر مۇھىم ئىشىڭىز بولمىسا ، بۇنداق چاغدا كەلمەس ئىدىڭىز ...

— شۇنداق ، — دېدى مەھمۇد ، — مۇھىم گەپ بار . ھېلىمۇ ياخشى كۆرۈشەلىدۇق ، خۇداغا شۇكۇر . سىزنى ئۆيدە يوق بولۇپ قالارمۇ ياكى ناخشامنى ئاڭلىماي قالارمۇ دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ، مەھمۇد ! مېنى چاقىرىپ ئېيتقان ناخشىڭىزنى ئاڭلىماي قېلىشىم مۇمكىنمۇ ؟ ھە ، قېنى ئېيتىڭا ، نېمە ئىش بولدى ؟

— بۇغراخان بۇۋامدىن خەت كېلىپتۇ ، — دېدى مەھمۇد بىرئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ۋە سۆزىنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى بىلمەي يەنە جىمىپ قالدى .

چولپان بىر تەرەپتىن خەق كۆرۈپ قالماستا ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە ئالدىرىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن مەھمۇدنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەتسىزلىنىپ ، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە تىترەپ تۇراتتى . مەھمۇد ئۇشتۇمتۇت قىزنىڭ بىلەكلىرىنى چىڭ قىسىپ تۇتۇۋالدى .

— چولپانئاي ، مەن ئەتىلا ئاتا ـ ئانامغا ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى ئېيتىمەن .

چولپانئاي بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى دەرھال ئاڭقىرالماي ۋە ئۆزىنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەي گاڭگىراپ قېتىپلا قالدى .

— چولپان ، ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ ئەتىدىن قالسا بولمايدۇ .

— مەھمۇد ، زادى نېمە بولدى ؟ — چولپان ئاخىر ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋېلىپ سورىدى .

ئەمدى مەھمۇدمۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى .

— بۇغراخان بۇۋام مېنى ئاتا ـ ئانام بىلەن تالاسقا چاقىرتىپتۇ . ئۇ يەردىن ئۆزى بىزگە باش بولۇپ ، ئۆزكەنتكە

باشلاپ بارىدىكەن ... بوۋام ئۆزكەنتتە مېنىڭ ... تويۇمنى ...
چولپاننىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن ، ياق ، يۈرەك قېتىدىن «ئاھ !» دېگەن بىر ھەسرەتلىك سادا چىقتى ـ دە ، بېشى قېيىپ ، سەنتۈرۈلۈپ كەتتى . مەھمۇد ئۇنى ئىشق ئوتىدا ئۆرتىنىپ تۇرغان يالقۇنلۇق باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇتۇۋالدى .
— چولپان ، چولپان ، — دەيتتى ئۇ قىزنى غەيرەتلەندۈرۈشكە تىرىشىپ ، — ماڭا قاراڭا ، مەن سىزدىن باشقىسىنى ئالمايمەن ، ئۇقتىڭىزمۇ ! ئانام بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىمەن ، سىزگە ئەلچى كىرگۈزۈشكە ماقۇل كەلتۈرىمەن ...
— ياق ، مەھمۇد ، — دېدى چولپان ئۇنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ ، — بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ . بۇ مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش . مەن سىزگە باشتىلا دېگەنىدىمغۇ ... ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرماڭ ... سىز بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ، ئارسلان ئىلىكخاننىڭ ئوغلى ... ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ خان ئەۋلادى بىلەن باش قوشۇشىڭىز كېرەك ...
— چولپان ...
— ياق ، مېنى قويۇۋېتىڭ ، قايتىپ كېتەي ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ ، ئۆتۈنۈپ قالاي ...
— ياق ، چولپانئاي ! ئۇنداق دېمەڭ . مەن چوقۇم ئاتا ـ ئانامنى قايىل قىلىمەن . بەلكىم مەن ... بىز تۈرلۈك قارشىلىقلارغا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن ، بەلكىم سىزنىمۇ ئاۋارە قىلىشلىرى مۇمكىن ، لېكىن مەن ھامان دېگىنىمنى قىلىمەن . سىز چوقۇم مېنىڭ بولىسىز ... قانداقلا بولمىسۇن ، سىزنى ئاگاھ بولۇپ تۇرسۇن دەپ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن .
— ياق ، مەھمۇد ... ئاھ ... مەن قورقىمەن ...
— نېمىدىن قورقىسىز ؟ مەن بارغۇ ، ھەممە گەپنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن ، سىزگە قىلچە سۆز تەگكۈزمەيمەن .
— ئاھ ... مېنى قىينىمىسىڭىزچۇ ...

— چولپانئاي ، پەرىشتەم ...

مەھمۇد چولپاننى قىچىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى . ئۇشتۇمتۇت ئۇلارنىڭ يېنىدىلا دىگۇدەك قاتتىق ۋارقىرىغان غەزەپلىك خىتاب ئاڭلاندى :

— چولپان !

ئاشىق ـ مەشۇقلار خۇددى چاقماق سوقۇۋەتكەندەك چۆچۈپ كېتىشتى ـ دە ، داڭقىېتىپ قېلىشتى . مەھمۇد دەرھال قىزنىڭ بىلىكىنى قويۇۋەتتى . ئېرىق بويىدا چولپاننىڭ ئاتىسى تۇراتتى . چولپان ئىزا ھەم قورقۇنچتىن ھۆكىرەپ يىغلىغان پېتى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى . ئاقساقال ئەمدى ئالدىدا تۇرغان يىگىتكە سەپسالدى ـ دە ، ئۇنىڭ باشقا بىر كىشى ئەمەس ، بەلكى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ، ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخاننىڭ ئوغلى مەھمۇد ئىكەنلىكىنى تونۇدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غەزىپى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بىراقلا بېسىقتى ، بېلىدىكى خەنجەرنىڭ دەستىسىنى قەھرى بىلەن سىقىملىغان قولى بوشىشىپ پەسكە ساڭگىلىدى . ئۇ گوياكى بىر كۇتۇلمىگەن مۆجىزە كۆرگەندەك ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى ؛ خۇددى پۈتۈن جىسمىدىن قان ساقىپ كەتكەندەك چىرايى تاتىرىپ كەتتى . بىر ھازادىن كېيىن ئۇ سەل ئۆزىگە كەلدى بولغاي ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ بېشىنى ئەگدى :

— مەرھابا ، ئۇكە تەگىت[1]...

مەھمۇدنىڭمۇ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەنىدى . خىجالەتچىلىك ۋە تەمتىرەش ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋېلىپ ، ئېغىزىدىن بىر سۆزنىڭمۇ چىقىشىغا يول قويمايتتى . ئاخىر ئۇمۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، ئاستاغىنە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە شۇئان ئارقىغا بۇرۇلدى ـ دە ، ئىتتىك ـ ئىتتىــــك قەدەم تاشلاپ

---

[1] خان جەمەتىنىڭ كىچىك ئوغۇللىرى ، يەنى «تېگىن» ئۇنۋانىغا ئېرىشمىگەنلىرى «ئۇكە تەگىت» دېيىلەتتى .

نورۇزبۇلاق تۆپىلىكىگە چىقىپ كەتتى . ئاقساقال بىر ئەسناغىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى ، ئاندىن قاتمۇقات خىيال ۋە غەم ـ ئەندىشىلەر بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆز قورۇسىغا كىردى . ئۇ ماغدۇرسىزلانغان هالدا دەرۋازا قاپقىقىغا كەينىچە يۆلىنىپ ، قايسىدۇر بىر ئۇزۇن ئايەتنى پىچىرلاپ ئوقۇدى ۋە ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ خىتاب قىلدى :

«چولپان ، جېنىم قىزىم ! بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ ئوت بىلەن ئوينىشىپسەنغۇ ! يولۋاسنىڭ قولىنى تۇتۇپسەنغۇ ! »

بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ نالىسىدەك جانسىز ۋە ئېچىنىشلىق ئاڭلاندى .

# ئالتىنچى باب

## ئەسلىمە

مەھمۇد بىلەن تۇرۇمتاي ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى ئازىق قەلئەسىگە قايتىپ كېلىشتى . ئۇلار قەلئە دەرۋازىسىدىن كىرىپ ، ئاتلىرىنى ئات باقارلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئىچكەركى ھويلىغا كىرگەندە ئالتۇن تارىم بۇبى رابىيە گۈلزارلىقتا ئايلىنىپ يۈرەتتى . ئۇ مەھمۇدنىڭ قوشۇمىسىنى چىمىڭ تۈرۈپ ، جىددىيلەشكەن قىياپەتتە ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ـ دە ، ئارقىدا كېلىۋاتقان تۇرۇمتاينى چاقىردى :

— بۇ ياققا كەلگىنە ، تۇرۇمتاي .

— لەببەي ، ئالتۇن تارىم ، — تۇرۇمتاي بۇبى رابىيەنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى .

— مەھمۇد بىلەن سىرتقا چىققانمىدىڭلار ؟

— شۇنداق ، ئالتۇن تارىم .

— قەيەرگە باردىڭلار ؟

— ئويچولپانغا باردۇق .

— نېمە ؟

— ھە ... ھېلىقى ... نورۇزبۇلاق تەرەپتىكى ئويمەھەللىگە باردۇق دېمەكچىدىم .

— ئۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن باردىڭلار ؟ — بۇبى رابىيە ئەجەبلىنىپ سورىدى .

تۇرۇمتاي جاۋاب بېرىشكە تەمشەلدىيۇ ، نېمە دېيىشنى بىلمەي

كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ قالدى ، ئاندىن غەلىتە بىر خىل ئەيىبكارلارچە كۆرۈنۈشتە گەجگىسىنى تاتىلاپ ، بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— نېمە بولدۇڭ ؟ گەپ قىلمايسەنغۇ ، — دەپ ئۇنى قىستىدى بۇۋى رابىيە .

— بۇ ، مەھمۇد ئۇكە تەگىتىنىڭ خاھىشى ، ئالتۇن تارىم ، — دېدى تۇرۇمتاي بوش ئاۋازدا ۋە ئوڭايسىزلانغان هالدا كۆزلىرىنى چەتكە ئالدى .

— سۆزلەۋەرگىن ، تۇرۇمتاي .

تۇرۇمتاي ئەسلىي تەبىئىتىدىن سادىق ۋە سەمىمىي يىگىت بولغاچقا ، يالغان گەپنى ئەسلا قاملاشتۇرالمايتتى .

— مەھمۇد ئۇكە تەگىت ئويمەھەللىگە چولپان بىلەن كۆرۈشكىلى باردى ، — دېدى ئۇ .

— چولپان ؟ چولپان دېگەن كىم ئۇ ؟

— ئۇ ئاشۇ ئويمەھەللىدىكى ئابدۇلكېرىم ئاقساقالنىڭ قىزى .

بۇۋى رابىيە هەيرەت ئىچىدە تۇرۇمتايغا قاراپ قالدى .

— ئابدۇلكېرىم ئاقساقال... — دەپ پىچىرلىدى ئۇ .

— شۇنداق ، ئالتۇن تارىم .

بۇۋى رابىيە نېمىنىدۇ يادىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان قىياپەتتە قوشۇمىسىنى تۈردى .

— ئابدۇلكېرىم ... ئابدۇلكېرىم بېتىكچىنى دەمسەن ؟

— توغرا ، شۇ . ئۇ ئۆزى بېتىكچى بولمىسىمۇ ، ھەممە كىشىلەر ئۇنى «ئابدۇلكېرىم بېتىكچى» دەپ ئاتىشىدۇ .

— ھە... — بۇۋى رابىيە «بىلدىم» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتتى .

ئاخىر ئالتۇن تارىمنىڭ تەلىپى بىلەن تۇرۇمتاي ئابدۇلكېرىم ئاقساقالنىڭ قىزى چولپان ھەققىدە ۋە ئۇ قىز بىلەن مەھمۇدنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە ئۆزى بىلىدىغاننىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى . تۇرۇمتاي دەسلەپتە

مەھمۇدنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويغىنىدىن بىئارام بولدى، ئەمما كېيىن مەھمۇدنىڭ بۇ ئىشنى سىر تۇتۇش ھەققىدە ئۆزىگە ھېچقانداق سۆز قىلمىغىنىنى ئەسلەپ يېنىكلىك ھېس قىلدى.

— تۇرۇمتاي، سەن بېرىپ مەھمۇدنى چاقىرىپ قوي، — دېدى بۇبى رابىيە.

— باش ئۇستىگە، ئالتۇن تارىم، — تۇرۇمتاي ئېگىلىپ قويۇپ كەتتى.

ھايال بولماي مەھمۇد كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى باشقىچە جىددىيلەشكەن، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى گويا قانداقتۇر بىر ئىشتا قەتئىي قارارغا كېلىپ قويغان ئادەمدەك تېتىك ۋە دادىل ئىدى. بۇبى رابىيەمۇ باشقىچە نەزىرى بىلەن مەھمۇدنىڭ چىرايىغا خېلىغىچە سەپسېلىپ قاراپ قالدى، ئاندىن يەنە ئۈنچىقماستىن ئاستا قەدەم تاشلاپ، گۈلزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى راۋاققا چىقتى ۋە گىلەم ئۈستىدىكى كەشتىلەپ تىكىلگەن يۇمشاق تەكىيىگە جەينىكى بىلەن تايىنىپ ئولتۇردى. مەھمۇدمۇ خۇددى شۇنداقلا گەپ قىلماستىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بولغۇسى سۆھبەتنىڭ ماۋزۇسى ھەر ئىككىسىگە ئايان ئىدى. شۇڭا، بۇبى رابىيە سۆز باشلىشى بىلەنلا مەھمۇدمۇ ئېغىز ئاچتى.

— ئانا، — دېدى مەھمۇد، — چاقىرتمىسىڭىزمۇ ئالدىڭىزغا ئۆزۈم كېلەي دەپ تۇرغانىدىم. بۇ ئىشنى ئەمدى سىزگە ئېيتمىسام بولمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، مەھمۇدمۇ ئابدۇلكېرىم ئاقساقالنىڭ قىزى چولپان بىلەن ئۆزىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئوغلۇم؟ — بۇبى رابىيە خاپىلىقىنى بېسىۋېلىپ، ئەلەملىك ئاھاڭدا سۆزلىدى، — شۇنداقمۇ يېنىكلىك قىلامسەن؟ ئاتا - ئاناڭنىڭ، ھەتتا بۇغراخان بوۋاڭنىڭ رايىغا باقماي...

— گۇناھكار ئوغلىڭىزنى ئەپۇ قىلىڭ، ھۆرمەتلىك ئانا، —

مەھمۇد ئانىسىنىڭ يۈزىگە تىك بېقىشقا پېتىنالماي بېشىنى تۆۋەن
سالدى، — لېكىن ... لېكىن مەن ئۇنىڭدىن كېچەلمەيمەن ... ئانا،
ئۇ ... ئۇ شۇنداق ياخشى ...

مەھمۇد ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاران ئاڭلانغۇدەك پىچىرلاپ
ئېيتتى. بۇبى رابىيە تىت - تىت بولۇپ، ئوغلىغا خېلى ئۇزاققىچە
ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، نەسىھەت قىلدى ۋە ھەتتا تەنبىھ بەردى.
لېكىن، بۇنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. مەھمۇد ئۆمرىدە
تۇنجى قېتىم ۋە شۇنچە قەتئىيلىك بىلەن ئاتا - ئانىسىغا ئىتائەت
قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۆز سۆزىدە تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن چىڭ
تۇرماقتا ئىدى.

شۇ كۈنى كەچكىچە بۇبى رابىيە خۇددى بىرنېمىسىنى يوقىتىپ
قويغان ئادەمدەك دېلىغۇل بولۇپ يۈردى، بېشى قېتىپ تۇۋى يوق
خىياللار ئىچىگە غەرق بولدى، گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى، كەچ
كىرگەندە: «چارچاپ قاپتىمەن» دېگەننى باھانە قىلىپ بالدۇرلا
يېتىۋالدى، لېكىن تۈن بويى تۈزۈك ئۇخلىيالماي ئاۋارە بولدى.
ھالبۇكى، ئۇ ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخان
بىلەن يالغۇز قالغاندا پەرىشانلىقى خۇددى باھار ئاسمىنىدىكى
ئۆتكۈنچى بۇلۇتلاردەك ئىزسىز تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئەكسىچە،
ئۇنىڭ قانداقتۇر باشقىچە ئويچان بولۇپ قالغان چىرايلىق قوي
كۆزلىرىدە چوڭقۇر پىكىر ۋە ئۆزگىچە ئىشەنگەنلىك ئىپادىسى ئەكس
ئېتىپ تۇراتتى.

— تۈنۈگۈن مەھمۇد بىلەن سۆزلەشتىم، — دېدى ئۇ ئېرىگە
مەنىلىك قاراپ.

— خوش، نېمە دېيىشتىڭلار؟ — ھۈسەين ئالتۇن قەپەستە
ئېسىقلىق تۇرغان ھىندىستاننىڭ قىزىل تۇمشۇقلۇق شاتۇتىسىنى
بىگىز بارمىقى بىلەن ئىملاپ، ئوينىتىپ تۇرۇپ، ئېتىبار
قىلمىغان ئاھاڭدا مۇنداقلا سوراپ قويدى. كۆڭلىدە بولسا: «ئاتا
... ھەققىدە ئېغىز ئاچقان يەردە مەھمۇ

بۇنى رابىيە ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ھەم يېپىپ، ئېرگە يېقىن كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى شۇبھىسىزكى، سۆھبەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئىپادىلەيتتى، لېكىن ئارسلان ئىلىكخان يەنىلا شاتۇتى بىلەن ھەپىلىشىپ تۇراتتى.

— قېنى، سۆزلىگىن، رابىيە، — دېدى ئۇ تېخىچە قىزىل تۇمشۇقلۇق يېشىل شاتۇتىدىن كۆزىنى ئالماي، — ئىشلىرىم ئالدىراش. خان ئاتامغا مەكتۇپ يېزىشىم، قارا ئوردىغا بېرىپ، بۇ تويىنى ئۇقتۇرۇش يۈزىسىدىن ئارسلانخاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشۈم كېرەك، ئاندىن دەررۇ تالاسقا بارمىساق بولمايدۇ. بۇنى دېمىسەممۇ ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ.

بۇنى رابىيە ئەلۋەتتە بۇ ئىشلارنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇمۇ كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى ئېيتىشقا ئالدىراپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئابدۇلكېرىم ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ قىزى چولپان ھەققىدە مەھمۇد بىلەن تۇرۇمتايدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى. ھۈسەيىن دەسلەپتە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، گويا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيۋاتقان كىشىدەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن بارغانسېرى جۇدۇنى ئۆرلەپ، غەزىپى قايىندى. ئۇ بۇنى رابىيە تەرەپكە شۇنداق كەسكىن بۇرۇلدىكى، يەلكىسى ئالتۇن قەپەسكە تېگىپ كەتكەندى، شاتۇتى ئەنسىزلىك بىلەن قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ كەتتى.

— نېمە؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئارسلان ئىلىكخان، — مەھمۇد ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق دېدىمۇ ـ ھە؟! ئۇ، ئاتىسىنىڭ، بوۋىسىنىڭ لەۋزىنى يېرىشقا قانداق جۈرئەت قىلدى؟ بۇ نېمىدېگەن بىمەنە گەپ! نېمىدېگەن ئەخمەقلىق!

ھۈسەيىن بىر ئاز تىنچىۋالغاندىن كېيىن يەنە خوتۇنىغا كايىدى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، رابىيە؟ شۇ گەپنىمۇ گەپ دەپ كۆتۈرۈپ كەلدىڭمۇ ـ ھە! ياش بالىنىڭ ئاغزىغا قارىساڭ، مۇشۇنداق قۇرۇق گەپتىن باشقا نېمە چىقماقچىدى؟ بۇ ئىشتا ئۇنىڭ ئۇنداق ـ مۇنداق دەيدىغانغا نېمە ھەققى بار؟ پەرزەنت

دېگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ خاھىشىغا بويسۇنۇشى كېرەك !

بۇبى رابىيە ئېرىنىڭ ئاچچىقى بېسىلغۇچە كۈتۈپ تۇردى، ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن :

— دېگەنلىرىڭىز توغرا، غوجام. كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن. بىراق، مەھمۇدنىڭ يۈرىكى باشقا بىر قىزغا تەلپۈنۈپ تۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى.

ئارسلان ئىلىكخان نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئىتتىك خوتۇنىغا قاراتتى.

— شۇنداق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئالتۇن تارىم، — ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكى سۆيگۈ ئوتىدا يالقۇنلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشتىم، ئۇنى سىناپ كۆردۈم، ئۇنىڭ ھالىنى چۈشەندىم. ئۇنى ئەمدى بۇ يولدىن قايتۇرغىلى بولمايدۇ.

— ئۇ كىمنىڭ قىزى ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ھۈسەيىن، — بايا ئېيتقانىدىڭ، كاللامغىمۇ كىرمىدى.

بۇبى رابىيە سىرلىق تەبەسسۇم بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ، ئالتۇن قەپەسنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە بىر بارمىقى بىلەن شاتۇتىنىڭ ئىلمەك تۇمشۇقىغا نوقۇپ، ئەركىلىتىپ قويدى، ئاندىن ئۇدۇل ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

— ئۇ، نورۇزبۇلاق يېنىدىكى ئۇيمەھەللە كەنتىنىڭ ئاقساقىلى ئابدۇلكېرىمنىڭ قىزى ئىكەن.

— ئابدۇلكېرىم ئاقساقال؟ ھېلىقى ئابدۇلكېرىم بىتىكچىنى دەمسىنا؟

— شۇ.

ھەر ئىككىسى جىم بولۇشتى. ئابدۇلكېرىم ئاقساقالنى بۇ ئەتراپتا كىم تونۇمىسۇن؟ بۇ سابىق بىتىكچى گەرچە ئانچە چوڭ بايلاردىن بولمىسىمۇ، پۈتۈن كاشغەر تەۋەسىدە نامى بار ئادەملەردىن بىرى ئىدى. ئۇ ئوقۇمۇشلۇق زات بولۇپ، بىرمۇنچە ئالىم، ئەدىب ۋە سەنئەتچىلەر بىلەن ئۇلپەتچىلىكى بار ئىدى.

ئۆزىمۇ ئارىستوتېل ۋە ئەبۇناسىر فارابىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان بولغاچقا، ئىلھاملىنىپ پەلسەپىۋى رىسالىلەرنى يازاتتى؛ ئۆز ئۆيىدە مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە سۆھبەتلىرىنى ئۇيۇشتۇراتتى، يەرلىك مەدرىسىدە تالىپلارغا دەرس ئۆتەتتى. بەزەن بوش قالغان چاغلىرىدا باربىت چېلىپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى.

مەرھۇم يۇسۇپ قادىرخان ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۆز دەرگاھىغا چاقىرتتى، سىناقتىن ئۆتكۈزدى ۋە قايىل بولۇپ، ئوردا خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن يەنە بىتىكچىلىك دەرىجىسىدىكى ئەمەلدارلىققا ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئويمەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق بۇ سابىق كەنت ئاقساقىلى «ئابدۇلكېرىم بىتىكچى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغانىدى.

يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ يىگى ئۆستۈرۈلگەن بىتىكچى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ سارىيىدا ئانچە ئۇزۇن تۇرمىدى. ئۇ، شەيخۇلئىسلام ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا بىلەن زادى چىقىشالمىدى ۋە ئاخىر خاقاندىن ئۆتۈنۈپ، خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى ـ دە، ئۆز كەنتىگە قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئويمەھەللىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، ئۇلۇغلار ئارىسىدا كۆرۈنمەي، تىنچ ۋە ئاددىي ـ ساددا كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

ۋەھالەنكى، مۇھەممەد بۇغراخان بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ۋەزىپە ئۆتىگەن سابىق بىتىكچىگە ئىخلاسمەن ئىدى، ئاندا ـ ساندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. جۈملىدىن، ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخانمۇ بۇ بىلىملىك، ئەمما كەمتەر كىشىنى ھۆرمەت قىلاتتى.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، بۇبى رابىيەنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھۈسەين پەسكويغا چۈشۈپ، ئىككىلىنىپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئاچچىقىدىن يانغان بولسىمۇ، گېپىدىن يانمىدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، رابىيە! مېنى قايمۇقتۇرۇپ،

كاللامنى قوچۇۋەتتىڭغۇ. بولدى! بۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قويايلى.

— قانداقلا بولسۇن، مەھمۇدنىڭ رايىغا باقمىساقمۇ بولماس، — بۇبى رابىيە ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا مۇلايىملىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى، — بىز ئۆز ئىرادىمىزنى ئۇنىڭغا تېڭىپ، مەجبۇرىي توي قىلىپ قويساق، كۆڭۈلسىز تۇرمۇشتا يىگىتمۇ، كېلىنمۇ بەختلىك بولالمايدۇ. مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، توغانخان بۇزرۇكۋارغىمۇ يۈز كېلەلمەيمىز، ئۆزىمىزمۇ خاتىرجەم بولالمايمىز.

— ئەمىسە، سېنىڭچە قانداق قىلىش كېرەك؟

— مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى، مەھمۇدقا ئۆزىنىڭ سۆيگەن قىزىنى ئېلىپ بېرەيلى.

— بىراق، بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن! — ھۇسەين يەنە چېچىلدى، — ئەگەر ئۇ خان جەمەتى ئىچىدىكى باشقا بىر قىزنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلساق بولاتتى. ئابدۇلكېرىم ھەرقانچە ياخشى كىشى بولسىمۇ، خان ياكى تېگىن ئەمەس ـ دە، سەن بۇنى ئويلىمىدىڭمۇ؟

— ئويلىدىم. بىراق، مەن مەھمۇدنىمۇ ئويلىدىم. مەھمۇد ئەقىللىق بالا. ئۇمۇ ناباب قىزغا كۆڭۈل بەرمىگەندۇ.

ئارسلان ئىلىكخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىشكە تەمشەلگەندى، بۇبى رابىيە سالماقلىق ئىشارەت بىلەن ئۇنى سۆزلىمەي تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى ۋە ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قىز خان جەمەتىدىن بولمىسىمۇ، ئەقىللىق، پەزىلەتلىك بولسا، مەيلى ئەمەسمۇ. ئويلاپ بېقىڭا، غوجام، ئوغلىمىزنىڭ تەقدىرىمۇ ئىككىمىزنىڭكىگە ئوخشىشىپ قېلىۋاتامدۇ، قانداق؟ سىزمۇ مەندەك بىر ئاددىي باغۋەننىڭ قىزىغا ئۆيلەندىڭىزغۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز پۇشايمان قىلدىڭىزمۇ ـ ھە؟ مەنمۇ ئەسلىي خان جەمەتىدىن ئەمەس ئىدىمغۇ.

بۇ گەپلەر ھۇسەين ئارسلان ئىلىكخاننىڭ قەلبىنى لەرزىگە

كەلتۈردى. شېرىن ئەسلىمىلەرنىڭ ھېكمەتلىك نۇرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئىللىتىپ، يىراق ئۆتمۈشنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتقاندەك بولدى. ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ئاشۇ ئۇنتۇلماس نۇرانە كۈنلەر بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدا سۈرەتلىنىشكە باشلىدى.

ئۇ چاغلاردا ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخان بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش يىگىت ئىدى. كۈز پەسلى ئىدى. قۇياش نۇرى قىزدۇرۇپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۈسەين چېرىك ۋە قۇللىرىنى باشلاپ ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئوۋچىلار شۇ مېڭىشىدا قۇمباغ تۆپىلىكىگە كېلىپ توختاشتى. ئۇلار تۆۋەنگە قارىغۇدەك بولسا، بۈك - باراقسان باغلار ۋە مەزكۇر تۆپىلىكنىڭ قاپتاللىرىغىچە تۇتاشقان ياپيېشىل چىمەنزار كەڭ قۇچاق ئاچقان؛ شۇ چىمەنزارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سۈزۈك بۇلاق سۈيى تارماق - تارماقلارغا بۆلۈنۈپ ئېقىۋاتقانىدى. ھۈسەين بۇ گۈزەل مەنزىرىلىك جايدا بىر قونۇپ ئۆتۈشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قوراللىرىنى ۋە ئوۋدا ئېرىشكەن غەنىيمەتلىرىنى ئاتلىرىدىن چۈشۈرۈپ، بىر باغلىق ھويلىنىڭ ئالدىدىكى بوستانلىقتا جايلاشتى.

ھۈسەين بۇ جاينى تاماشا قىلىپ، كەڭ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىدىكى مەجنۇنتاللار ئارىسىدىن كېتىۋېتىپ، ئەتراپى شاخ - شۇمبىلار بىلەن قاشالانغان بىر چوڭ باغقا كۆزى چۈشتى. قارىسا، مويسىپىت بىر كىشى بويىغا يەتكەن بىر ساھىبجامال قىز بىلەن ئانار ئۈزۈپ سېۋەتكە قاچىلاۋاتاتتى. بۇ قىز باشقا بىركىم ئەمەس، دەل مۇشۇ بۇبى رابىيەنىڭ ئۆزى ئىدى. ھۈسەين ئەنە شۇ چاغدا ئۇنى بىر كۆرۈپلا مەپتۇن بولغانىدى. ھالبۇكى، بىگانە كىشىلەرنىڭ ھويلىسىغا سىرتتىن قاراپ تۇرۇش ئەدەپ - ئەخلاقتا مۇخالىپ بولغانلىقتىن، ھۈسەين دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ھېلىقى بوستانلىقتىكى ئۆز ئادەملىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بايىقى مويسىپىت كىشى ھويلىسىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، تەزىم - تەۋەززۇلار بىلەن

ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئىسمىنىڭ موللا سەيپىدىن ئىكەنلىكىنى، تېرىقچىلىق ھەم باغۋەنچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئاندىن كۆپچىلىكتىن ھال سوراپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە كۆپ تەشەككۈر، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى ھۈسەين، — بىز ئۇۋدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندۇق. ھاۋاسى باب يەر ئىكەن. مۇشۇ بوستانلىقتا كەچلەپ ئۆتۈپ كەتسەك كۇپايە.

ئۇۋچىلار موللا سەيپىدىننى تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، سورۇن تۈزۈشتى. ھۈسەين ئۆز كىشىلىرىگە تىنىق سۇدىن بىر پىيالە كەلتۈرۈشنى ئېيتقانىدى، موللا سەيپىدىن:

— تىنىق سۇنى ئۆزۈم كەلتۈرەي، — دەپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قىزى رابىيە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن چەبدەسلىك بىلەن بىر ئانارنى سىقىپ پىيالىنى تولدۇردى - دە، خونچىغا سېلىپ ئاتىسىغا بەردى. ئاتىسى ئۇنى ئاچىقىپ ھۈسەينگە سۇندى. سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى سۇنغان ئائىلىنىڭ سەمىمىيىتىنى ھېس قىلغان ھۈسەين تېخىمۇ چوڭقۇر سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن يەنە بىر پىيالە سۇ بېرىشنى ئۆتۈندى. موللا سەيپىدىن تەزىم بىلەن پىيالىنى ئېلىپ ئۆيگە ماڭدى.

بۇ چاغدا ھۈسەين ئۆز ئادەملىرىگە قاراپ:

— بۇ ئەھۋالنى ئوردىغا يەتكۈزسەم، پۇقرالارغا ئانار سېلىقى سېلىنسا، بارلىق ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى ئىچسە، نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى.

قاشار كەينىدىن ئۇلارغا قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرغان رابىيە ھۈسەيننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. موللا سەيپىدىن كىرگەندىن كېيىن رابىيە ئۇنىڭغا يېرىم پىيالە شەربەتنى قۇيۇپ، خونچىسىغا قويدى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ مۇنداق دېدى:

— ئاتا، قىسمەت ئۆزگىرىۋاتىدۇ. پىيالىنىڭ يېرىمىلىقى سورىلىپ قالسا، ئۇلۇغلارنىڭ كۆڭلىگە پۇقرالار سېلىقىنى ئاشۇرىدىغان بىرەر خىيال كەچمىكىن، ئاناردىكى بەرىكەت

قىچىۋاتىدۇ ، دەك .

موللا سەيپىدىن شەربەتنى ئاچىقىپ سۇنغانىدى ، ئېيتقانىدەك ، ھۈسەين سەل ئەجەبلەنگەن ھەم قىزىقسىنغان ھالدا يېرىم پىيالە شەربەت سۇنۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى . موللا سەيپىدىن يېتىم قىزنىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆزمۇ سۆز تەكرارلىدى . ھۈسەين ئۆز ئىچىدە بۇ ياشقىنا قىزنىڭ ئەقلى ۋە پەزىلىتىدىن زوق ئېلىدى ، قەلبىدىكى ئىشق ئوتى تېخىمۇ ئۇلغايدى . ئۇ كېچىچە رابىيەنى ئويلاپ ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى ، ئەتىسى موللا سەيپىدىن بىلەن خەيرلىشىپ ، يولغا راۋان بولدى .

ھۈسەين ئوردىغا قايتىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە ئاتىسىغا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ۋە رابىيەگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى . مۇھەممەد بۇغراخان (ئەينى زاماندا ئۇ تېخى بۇغراخان بولمىغانىدى ، ئەلۋەتتە ) مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ، موللا سەيپىدىن بىلەن ئۇنىڭ قىزى رابىيەنىڭ ئەھۋالاتىنى تەكشۈردى . مەلۇم بولدىكى ، سەيپىدىن ئۆزى كۆپ ئوقۇغان موللا ئادەم بولغاچقا ، ئارزۇلۇق يالغۇز قىزى رابىيەنىمۇ كىچىكىدىنلا ئوبدان تەربىيىلەپ ، قۇمباغدىكى يەرلىك مەدرىسىدە ئوقۇتقان . شۇنىڭدىن كېيىن ھۈسەيننىڭ ئاتىسى مۇھەممەد موللا سەيپىدىن بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ ، ئاتا بىلەن قىزنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى بايقىدى ۋە خۇسۇسەن رابىيەنىڭ ئۆتكۈر زېھنىگە كۆزى يەتتى . شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزنىڭ ئۆزىگە كېلىن بولۇشىنى راۋا كۆردى .

شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى ئوردا ئەلچىلىرى موللا سەيپىدىننىڭ كەڭ ئېتىكى ، تار قويىنىغا سىغىنىپ كىرىپ كېلىشتى . موللا سەيپىدىن قىزى رابىيەنىڭ بېشىنى كۆكرىكىگە يېقىپ ، سىلاپ تۇرۇپ كۆز يېشى قىلدى ۋە :

— قىزىم ، بىز سەھرالىق ئەمگەكچى تۇرساق ، ئۇلار ھۆكۈمدار قاراخانىيلار تۇرسا ، ئۇلار بىلەن قانداق قۇدىلىشارمىز ؟ — دەپ غەمگە چۆمدى .

رابىيە دادىسىنىڭ ئىسسىق يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ شۇنداق

دېدى :

— ئاتا ، خان ئوغلى ھۆسەيىننىڭ قانداق ھۈنەر ـ ماھارەتلىرى بار ئىكەن ؟ ئىلىم ـ مەرىپەت بابىدا قانچىلىك بىلىمى بار ئىكەن ؟ شۇنى ئۇقۇپ باقسىڭىز . ئادەم يوقسۇل بولسىمۇ بىلىملىك بولغىنى ياخشى . ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ ياتقان بىلەن بىلىمى بولمىسا ، ئۇ بىر ياۋايى مەخلۇققا ئوخشايدۇ . ئۇنداق ئادەم ئۆزى باي بولسىمۇ ، قەلبى گاداي كېلىدۇ . قەلبى گاداي ئىنسانغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئاللا ئۆزى ساقلىسۇن . مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىم ۋە شەرتىم مانا مۇشۇ .

موللا سەيپىدىن ئەلچىلەرگە قىزى رابىيەنىڭ ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزۈپ ، لايىقىدا زىياپەت قىلىپ ئۇزاتتى . ئەلچىلەر ئوردىغا قايتىپ كېلىپ ، رابىيەنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن خاقان ۋە تېگىنلەر بۇ ئاددىي سەھرا قىزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى .

ئىككىنچى كۈنى ئەلچىلەر يەنە موللا سەيپىدىننىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىشتى ۋە ھۈسەيىننىڭ كاشغەردىكى كاتتا مەدرىسىلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى ، زۇرۇر ھۈنەر ـ ماھارەتلەرگە يېتۈك ئىكەنلىكى ھەققىدە خاقاننىڭ نامىدىن كېپىللىك قىلىشتى .

شۇنداق قىلىپ ھۈسەيىن بىلەن رابىيەنىڭ تويى بولدى . موللا سەيپىدىنمۇ ئازىق كەنتىدىكى بىر كاتتا ئىمارەتكە كۆچۈپ كەلدى ۋە «سەيپىدىن بۇزرۇكۋار» دەپ ئۇلۇغلىنىدىغان بولدى . ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە ، مەھمۇد موللا سەيپىدىننىڭ ئازىق كەنتىدىكى ئۆيىدە دۇنياغا كەلدى . كېيىنكى چاغلاردا رابىيە خان جەمەتى ئىچىدە ئالاھىدە ئېتىبار ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشىپ شۆھرەت قازاندى . ئۇ بارىبىت ۋە خارپنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ چالاتتى ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ تىل تارىنى تىترەتكۈدەك ناخشا ئېيتاتتى ، شاھمات ئويناشقا ئۇستا ئىدى ، ئۇيغۇر ۋە ئەرەب يېزىقلىرىدىكى كىتابلارنى ئوقۇيتتى ، ئۆزىمۇ شۇ ئىككى خىل يېزىقتا تۈرلۈك نەزمىلەرنى

يازاتتى .

خان جەمەتىگە يېقىندىن قوشۇلغان بۇ مەلۇماتلىق ئالتۇن تارىم ئوغلى مەھمۇدنى كىچىكىدىنلا ئۆز قولىدا ئوقۇتۇپ ، تۈرلۈك ھۈنەر - ماھارەتلەرنى ئۆگىتىپ ، ئوپال ۋە كاشغەر شەھىرى ئىچىدىكى ئالىملار ھەم ئالىي زاتلارنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە سۈپەتلىك تەربىيىلەپ ئۆستۈردى . ئاندىن مەھمۇد ساچىيە مەدرىسىسىگە ئوقۇشقا بېرىلدى . مەھمۇد ئانىسىنىڭ قېتىرقىنىپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە بىر تەرەپتىن پۇختا ئاساسقا ئىگە بولدى ، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقى ۋە ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى شەكىللەندى . بەلكى ئانىسىنىڭ داۋاملىق ياردەمدە بولۇشى ئارقىسىدا ، ئۇنىڭ يۈكسەك غايىسى تىكلىنىپ ، ئىرادىسى چىڭىدى .

بۈبى رابىيە ئالتۇن تارىمنىڭ بۇنداق ئىش ئىزلىرى ئوغلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى . ئۇ ئېرى ھۈسەينگىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى . ھۈسەين ئايالى توقۇغان مۇنۇ ئىككى مىسرا بېيىتنى مۇرىتى كەلگەندە تەكرار تىلغا ئېلىشنى ياخشى كۆرەتتى :

ئۇيالما مەرپەتنى ئۆرگەنۇردىن ،
بولۇر ھالىڭ خاراب قالساڭ قاتۇردىن .

بۈبى رابىيە ئېرىگە ئەبجەد ھېسابىنىڭ ئۆزى تەتقىق قىلىپ تېپىپ چىققان بىر خىل يېڭىچە ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويدى . ئايالىنىڭ ئىجتىھاتىدىن بارغانسېرى سۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا قايىل بولۇۋاتقان ھۈسەين بۇنداق رەقەملەر بىلەن جۇملە تۈزىدىغان ھېسابنى كۆڭۈل قويۇپ پىششىق ئۆگىنىۋالدى . كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھۈسەينمۇ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى بۇغراخانمۇ بۇ خىل ئەبجەد ھېسابنى ئۆزلىرىنىڭ مەخپىي ئالاقە ئىشلىرىدا جانلىق ئىشلەتتى .

خۇددى تاغ سۇلىرى ئاياغقا بارغانسېرى ئاۋۇغاندەك ، ھۈسەيننىڭ بۈبى رابىيەگە بولغان مۇھەببىتىمۇ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى

ئۇلغايماقتا ، ھۆرمىتى ئاشماقتا ئىدى . ئۇلار بەئەينى قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئوخشاش گويا تەڭرى قوشقان مەڭگۈ ئاجرالماس قوشماقلاردىن بولۇپ قالغانىدى . ھۇسەين بوش ۋاقتى چىقسىلا ئايالىنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇبى رابىيە كىتاب ئوقۇۋاتقان بولسا ، ئۇمۇ قولىغا بىركىتاب ئېلىپ ئولتۇراتتى ياكى بۇبى رابىيەگە كىتابنى ئۈنلۈك ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى ؛ بۇبى رابىيە شېئىر يېزىۋاتقان بولسا ، يازغانلىرىنى ئېلىپ كۆرەتتى ؛ بۇبى رابىيە قول ئىشى قىلىۋاتقان بولسا ، ئۇنىڭ يېنىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى .

بۇبى رابىيە زىلچا توقۇشقا ئۇستا ئىدى . ئۇ ئوردىغا كېلىن بولۇپ كىرگەندىن كېيىنمۇ بۇ ھۇنىرىنى تاشلىمىدى . ئەر جەمەت تۇغقانلار ، دېدەك ۋە خىزمەتكارلارمۇ ئۇنىڭغا ھەيران بولاتتى . ئۇلار شۇ كەمگىچە خاقانغا كېلىن بولغان بىر ئالتۇن تارىمنىڭ زىلچا توقۇشنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى .

— بىكارچىلىق ئادەمنى كاردىن چىقىرىدۇ ، — دەيتتى بۇبى رابىيە ئۇلارغا ، — ئوقۇش ، ئۆگىنىش ۋە ئىش ـ ھۇنەر ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاچىدۇ ، روھىنى ئۇرغۇتىدۇ .

ھۇسەين بولسا ، ئۇنىڭ زىلچا توقۇشقا قانچىلىك قاراپ ئولتۇرسىمۇ زېرىكمەيتتى ، ھەتتا بەزىدە ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ بېرەتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۇ بۇبى رابىيەنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئىشقا مەركەزلەشتۈرگەن نۇرلۇق چىرايىغا ، ئۇنىڭ ئەپچىللىك بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتقان قوللىرىغا ، بارماقلىرىغا نەزەر سېلىپ ، ئۆز ئىچىدە ئاجايىپ تاتلىق تۇيغۇلارنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى . گويا بۇبى رابىيە زىلچا ئەمەس ، بەلكى قوش يۈرەكنىڭ رىشتىنى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس قىلىپ توقۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتەتتى . «مانا مۇشۇنداق توقۇمىچىلىق ، گىلەمچىلىك بىلەن جان باقىدىغان ئاددىي ئەمگەكچىلەرلا ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ لەززىتىنى تېتىيالايدىغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلايتتى ھۇسەين .

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇبى رابىيە ھۇسەينگە مۇنداق دېدى :

— دۆلەت ۋە بايلىق ۋاپاسىز كېلىدۇ . پەلەك ئۆزگىرىپ ، تاج ـ تەخت ساھىبلىرى گۇمران بولىدىغان ، تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانلار بەجايىكى قاچقۇن جىنايەتچىلەردەك يات ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغان ئەھۋاللار تارىختا كۆپ ئۆتكەن . ئىنشائاللا ، ئۇنداق كۈنلەر بىزنىڭ ئېلىمىزدە كۆرۈلمىسۇن . شۇنداقتىمۇ ، دانىشمەنلەر ياخشى كۈننى كۆرگەندە يامان كۈننى ئۇنتۇپ قالماسلىق ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ . مۇبادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا (قۇدرىتى ئۇلۇغ ، كەرىمى كەڭ ئاللا ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ! ) ھەممە نەرسە تۈگەشكەن تەقدىردىمۇ بىلىم بىلەن ھۈنەر ئۆلمەيدۇ . بىلىملىك ھۈنەرۋەن قانداق يەرگە بارسىمۇ خار بولمايدۇ . ھۆرمەتلىك خوجام ، سىزدە بىلىم بار ، ئەمدى بۇنىڭغا ھۈنەر قوشۇلۇپ كەتسە نېمىدېگەن ياخشى ئىش بولاتتى !

ھۇسەيىن بۇ گەپتىن قاتتىق تەسىرلەندى . ئۇ ئەلۋەتتە ھەرقانداق كۈتۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ زىلچا توقۇپ جان بېقىشنى ئويلىمايتتى . ۋەھالەنكى ، بۇبى رابىيە بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ئىش قىلىش يېقىملىق تۇيۇلدىمۇ ياكى ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇشنى خالىمىدىمۇ ، ئىشقىلىپ ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ يۈرۈپ ئاخىر زىلچا توقۇشنى ئۆگىنىۋالدى .

مۇھەببەتلىك شېرىن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ھۇسەيىن بۇبى رابىيە بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ، خىزمىتىگە يۈزە قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى . بىر قىسىم كالتە پەم ئاياللار بولسا بۇنىڭدىن خۇش بولار ئىدى . ئەمما ، بۇبى رابىيە ئەكسىچە خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلدى . بىر كۈنى ئۇ ھۇسەينگە مۇنداق دېدى :

— خوجام ، بۇغراخان ئاتام سىزنى ناۋاي قىلىپ يېتىشتۈرگەنىكەن . بېشىڭىزدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن تەۋەڭدە تۈگىمەس نېنىڭىز بار ئىكەن . ئىشتىھايىڭىز كەلگەندە قولىڭىزنى سۇنۇپلا

ئېلىپ يەيدىكەنسىز . ناۋاي بوينىنى تىك تۇتۇپ ، تۈز يولدا ماڭمىسا ، بېشىدىن تەۋەك چۈشۈپ كېتىپ ، ناننىڭ بۇلغىنىشى تۇرغان گەپ ، بېشىڭىزدىكى تەۋەك يانتۇ كۆرۈنىدۇ . پەخەس بولمايدىكەنسىز ، تەۋەڭىنىڭ چۈشۈپ كېتىش خەۋپى بار كۆرۈنىدۇ .

ئايالىنىڭ بۇ مەنىلىك سۆزلىرىدىن ھۇسەين خىجىللىق ھېس قىلدى ۋە كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ دەرھال ھوشىنى يىغىۋالدى . شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ۋاقىتتا ئۆز خىزمىتىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى .

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ھەقىقەتەنمۇ تىللاردا رىۋايەت بولۇپ قالغۇدەك بىر پەۋقۇلئاددە ۋەقە يۈز بەردى . ھۇسەين پۇقرالارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ، بىر كۈنى ئوتۇنچى قىياپىتىدە كىيىنىپ ، ئىككى ئېشەككە ئوتۇن ئارتىپ شەھەر ئەتراپىدىكى كەمبەغەللەر مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ يول يۈردى . يول بويى ئوتۇن خېرىدارلىرىمۇ چىقىپ تۇردى ، ئەلۋەتتە .

— ئوتۇن قانچە ؟

— چاغلاپ بېرەرسىز .

— بىر ئېشەك ئوتۇنغا ئىككى يارماق بېرەي .

— كەم بولار .

شۇ تەرىقىدە ھۇسەين ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ كېتىۋەردى . كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ سېتىقچى ، قاسساپ ، ناۋاي ، ھۈنەرۋەن ۋە ئىشلەمچىلەر بىلەن ئۇچراشتى ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى ؛ بەگ ، خوجىلار ئىچىدىكى مۇشتۇمزورلۇق ، ئەمەلدارلار ئىچىدىكى خىيانەتچىلىك ، پارىخورلۇقلاردىن ۋاقىپ بولدى . ئاخىر ، كەچ كىرىپ قالغان مەزگىلدە بىر كاۋاپچىنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ قالدى . كاۋاپچى ئۇنىڭغا تولىدى :

— ھوي ئوتۇنچى ، ئوتۇن قانچە ؟

— چاغلاپ بېرەرسىز .

كاۋاپچى ھۇسەيننىڭ كېلىشكەن گەۋدىسىگە سەپسېلىپ ، يېنىدىكى ياردەمچىسىگە :

— راسا تەمبەل نېمە ئىكەن بۇ ، — دەپ كۇسۇرلاپ قويدى .
ھۈسەين كاۋاپچىنىڭ نىيىتى بۇزۇق ئىكەنلىكىنى بايقاپ ، سالۋا تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيدى ـ دە ، ئۇنى سىناپ كۆرمەك ئۈچۈن «قېنى ، قانداق قىلىدىكىن» دېگەن ئوي بىلەن باھاسىنى تالاشماستىنلا ئوتۇننى ئۇنىڭغا ساتتى . كاۋاپچى ھۈسەينگە ئوتۇننى بالىخانىغا تىزدۇردى . ۋاقىت خۇپتەندىن ئۆتۈپ قالغانىدى . كوچىدا كىشىلەرمۇ قالمىدى . كاۋاپچى ھۈسەينگە :
— ھوي ئوتۇنچى ، بۇياققا كىرىپ قورساقنى تويغۇزۇۋال ، — دېدى ـ دە ، دۇكاننىڭ ئىچكەركى بۆلمىسىدىكى شىرە ئۈستىگە تۆت زىخ كاۋاپ بىلەن چاي قويدى .
ھۈسەين كاۋاپچى ۋە ئۇنىڭ مالايلىرىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىدىن قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سېزىپ ،ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى . شۇ ئەسنادا دۇكاننىڭ ئىچكىرىسىدىن ، قەيەردىندۇر يەرنىڭ تېگىدىن قاتتىق دۈپۈرلىگەن ، گۇلدۇرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالدى ، خۇددى بىرنەچچە كىشى چېلىشىۋاتقان ياكى ئۇرۇشۇۋاتقاندەك ، ئارقىدىنلا بىر ئەركىشىنىڭ داد ـ پەريادلىرى ئاڭلاندى . ئۇنىڭ بوغۇلغان تۇتۇق ئاۋازىدىن ئايرىم سۆزلەرنىلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى : «مېنى قويۇۋېتىڭلار ... مەن قول ئەمەس ... ماڭمايمەن ... ھۆر ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ سېتىۋاتىدۇ ، خالايىق ! »
بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھۈسەين پۈتۈنلەي ھەممىنى ئۇنتۇدى . ئۆزىنىڭ ئوتۇنچى قىياپىتىدە ئىكەنلىكىنىمۇ ، شۇ تاپتا بۇ يەردە ئۆزى يالغۇز تۇرغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇدى .
— بۇ نېمە ئىش ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ھۈسەين غەزەپ بىلەن كاۋاپچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ .
— سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ ؟ — دېدى كاۋاپچى زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ ، — خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشنى ساڭا كىم قويدى ، بىچارە ئوتۇنچى ...
ھۈسەين ئۇنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ ئالدى . كاۋاپچى چەتتە

تۇرغان قاۋۇل ئىككى مالىيىغا ۋارقىرىدى :

— تۇتۇڭلار ، بۇ ئەبلەخنى ! يەر ئاستى زىندانغا تاشلاڭلار !

ھۇسەين ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ ، تەڭ كېلەلمىدى . كاۋاپچى ۋە ئىككى مالاي ئۇنىڭغا بىراقلا چاڭگال سالدى . ئۇنى تارتىشتۇرۇپ ، سۆرەشتۇرۇپ دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشتى ، ئاندىن ئۇچى تەڭلا ھۇسەيىننىڭ مەيدىسىدىن ئىتتەرگەنىدى ، ھۇسەين ئارقىغا سەنتۈرۈلۈپ ، دۇكاننىڭ بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا بېرىپ قالدى . دەل شۇ چاغدا ، ئۇ دەسسەپ تۇرغان ئورۇندىن بىر ئىشىك ئاستى تەرەپكە ئېچىلىپ ، ھۇسەيىن بۇ ياۋۇز كاۋاپچىنىڭ يەر ئاستى زىندانىغا چۈشۈپ كەتتى . ھۇسەين زەي يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ ئېسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن قارىسا ، بۇ مەخپىي زىندان ئىچىدە تۇزاققا ئىلىندۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن ئون نەچچە قاۋۇل ياش ئادەم ياتاتتى . ھەممىسىنىڭ پۇت ، قوللىرىغا زەنجىر كىشەن سېلىنغان .

بۇ ئاتالمىش زىندان چاسا شەكىلدە خېلى چوڭقۇر كولانغان يەر ئاستى ئامبىرىدىن ئىبارەت بولۇپ ،ھېلى ھۇسەين مەخپىي ئىشىك ئارقىلىق يىقىتىپ چۈشۈرۈلگەن تۆشۈكتىن باشقا يەنە ئارقا ھويلىغا چىقىدىغان تاش پەلەمپەيلىك ئىشىكى بار ئىدى . ھۇسەين بايا ئاڭلىغان «گۈلدۈر - گۈپپاڭ» قىلغان ئاۋازلار مانا مۇشۇ يەردىن تارقالماقتا ئىدى . تاش پەلەمپەيدە ئۈچ - تۆت ئادەم بىر ياش يىگىتنى ئۇرۇپ ، تېپىپ ، يۇقىرىدىكى ئىشىك تەرەپكە سۆرىمەكتە ئىدى . ئۇ يىگىت بولسا ، جان - جەھلى بىلەن تىركىشىپ : «مەن قۇل ئەمەس ...» دەپ توۋلايتتى . پەلەمپەي يېنىدا تۇرغان بىر كىشىنىڭ قولىدىكى مەشئەل قىزغۇچ شولا تاشلاپ بۇ مۇدھىش مەنزىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى .

شۇ ئارىدا يالتىراق يىپەك تون كىيگەن يوغان قورساق بىر كىشى :

— بولدى ، ئالمايمەن ، — دەپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ پەلەمپەيدىن چىققىلى تۇردى . يەنە بىر كەكە ساقاللىق ئورۇق كىشى

كېپەندەك ئېسىلىپ تۇرغان ئاق يەكتىكىنىڭ ئۇزۇن يەڭلىرىنى پالاقلىتىپ، يوغان قورساقىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى:

— تەقسىر، تەقسىر، باھاسىنى چۈشۈرۈپ بېرەي. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشقا يارايدىغان قۇللار، ھەممىسى ياش، ساغلام ...

— يوقسۇ، تەقسىر، — دېدى ھېلىقى يوغان قورساق كىشى كىنايىلىك ئاھاڭدا، — بۇلار ئەسلىي قۇل ئەمەس، سىز تۇزاققا چۈشۈرگەن ھۆر ئادەملەر. ئەمدى سىز بۇلارنى ماڭا سېتىپ، ئالتۇن، كۈمۈشكە ئىگە بولماقچى.

— بۇنىڭدىن سىزمۇ نەپ ئالىسىز-دە. ئەرزانراق بېرەي دېدىمغۇ، سىز بۇلارنى باشقا يۇرتلارغا ئاپىرىپ ئۆرە باھادا ساتامسىز.

— ياق، ياق، ئالمايمەن. مەن كېتەي.

— ئۆتكەنكى قېتىمدا بۇنداق گەپلەرنى قىلمايلا تۆت ئادەمنى سېتىۋالغانىدىڭىزغۇ.

— بىراق بۈگۈن مۇنۇ يېڭى تۇتقۇن (ھۇسەيىننى كۆرسەتتى) تۆپىدىكى دۇكاندا ئالتىپلاڭ كۆتۈردى. قازى مەھكىمىسىنىڭ نازارەتچىلىرى ئۇقۇپ قالغان بولسا، چېرىكلەرنى باشلاپ ئاختۇرغىلى كېلىپ قېلىشلىرى مۇمكىن. ۋاقتىدا كېتىۋالاي.

ئۇ چىقىپ كەتتى.

«بۇلاردىن قۇتۇلۇش ئاسان ئەمەس ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ھۇسەيىن يېقىلىشتىن تېخىچە قاتتىق ئاغرىپ تۇرغان دولىسىنى ئۇۋۇلاپ.

كەكە ساقاللىق كىشى (ھۇسەينگە ئايان بولدىكى، بۇ كىشى رەزىل ئادەم ئوغرىلىرىنىڭ ئاتامانى ئىدى) سودىنىڭ ئەپلەشمەي قالغانلىقىدىن ئەسەبىيلىشىپ، چىرقىراق ئاۋازدا ھېلىقى كاۋاپچىنى چاقىردى. كاۋاپچى تاش پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەلدى.

— كۆردۇڭمۇ، مۇنۇ خۇنپەر سودىمىزنى بۇزدى، — دېدى كەكە ساقاللىق ئاتامان ۋە قولىنى زەردە بىلەن شىلتىپ ھۇسەيىننى كۆرسەتتى، — قارا، ئۇنىڭ قاپىقىنىڭ يامانلىقىنى! ئەلپازىدىن

قارىغاندا، بېشىمىزغا بالا بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنى جايلىۋەت، ئۆلتۈرۈۋەت! جەسىتىنى تاغارغا تىقىپ، تۈن نىسپى بولغاندا دەرياغا ئاپىرىپ تاشلىۋەت.

كاۋاپچى قان تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، پىچىقىنى چىشلىدى ـ دە، ھۈسەيىننى گوداك بويىغا سۆردى. زىنداندىكىلەر چۇقان كۆتۈرۈپ:

— بۇ بىچارە ئوتۇنچىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ قالايلى، — دەپ يالۋۇرۇشتى. كاۋاپچى ئۇلارغا پىسەنت قىلماستىن ھۈسەيىننى باغلاپ، پىچىقىنى قولىغا ئالدى. شۇ چاغدا ھۈسەيىن زۇۋان سۈردى:

— ۋاي ئىست، ھۈنىرىم! مېنى ئۆلتۈرسەڭلار بىكارغىلا تۈگەيمەن، سىلەرگە نېمە پايدىسى؟ مۇشۇ ئادەملەر بىلەن ھۈنەر قىلسام نۇرغۇن پايدا ئالاتتىڭلار.

— قانداق ھۈنىرىڭ بار؟ تېز ئېيت! — دەپ ۋارقىرىدى ئاتامان.

— زىلچا توقۇيمەن.

ئاتامانىڭ ئىشارىتى بىلەن كاۋاپچى پىچىقىنى قايتۇردى.

ئەتىسى كۈنى بۇ ئادەم ئوغرىلىرى زىلچا توقۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرىشتى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز دېگەندە ھۈسەيىن چىرايلىقلىقىدىن ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان بىر زىلچا توقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يولۋاس، يولۋاسنىڭ بېشىدا خەنجەر چىشلەپ تۇرغان بىر مۇشۈكنىڭ يولۋاسقا چاڭگال سېلىۋاتقان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇ سۈرەتلەرنىڭ چۆرىسىگە ئەبجەد رەقەملىرىنى گۈل شەكلىدە يېزىپ، ئۆزىنىڭ قاملىپ ياتقان يېرىنى بىلدۈردى.

كەكە ساقال ئاتامان بىلەن كاۋاپچى زىلچىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىشتى.

ھۈسەيىن ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— ئوردىنىڭ زىلچا سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى ئېلانىنى

كۆرگەندىم. مەن شۇ ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن زىلچا توقۇش لازىمەتلىكلىرىمنى تولۇقلىۋېلىش ئۈچۈن ئوتۇن ساتقىلى چىققاندىم. زىلچىلارنى خاننىڭ كېلىنى بۇبى رابىيە ئۆتكۈزۈۋالىدىكەن.

ئاتامان ئۆزىچە: «ئۇ توقۇغان زىلچىلارنى ئوردىغا سېتىپ، تىللا دېگەننى لېگەنلەپ ئالمايمەنمۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، ھۇسەينگە بۇيرۇق قىلدى:

— دەرھال ئىككىنچىسىنى توقۇ.

ئاتامان بىرمالايغا زىلچىنى كۆتۈرگۈزۈپ ئوردىغا ئاپاردى. ئوردا ئەھلى ھۇسەيننىڭ ئۇشتۇمتۇت غايىب بولغانلىقىدىن پاراكەندىچىلىكتە تۇرغان پەيتتە، بۇ كەكە ساقاللىق كىشىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ، قانداقتۇر: «خاننىڭ زىلچا سېتىۋېلىش ئېلانى» توغرىسىدا ئېغىز ئاچقانلىقى ۋە يەنە كېلىپ زىلچىلارنى: «بۇبى رابىيە شەخسەن ئۆزى ئۆتكۈزۈۋالارىمىش» دېگەنلىكى ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. خان ھېچقاچان بۇنداق ئېلان چىقارمىغان ئەمەسمۇ! ئوردا ئەمەلدارلىرى: «بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بولۇشى مۇمكىن» دەپ ھوشيار بولۇشتى ـ دە، زىلچىنى بۇبى رابىيەگە كۆرسىتىشتى. بۇبى رابىيە زىلچىدىكى ئەبجەد ھېسابى بىلەن گۈل قىلىپ پۈتۈلگەن سۆز ـ جۈملىلەرنى ئوقۇدى ۋە يولۋاسقا چاڭگال سېلىپ تۇرغان مۈشۈكنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى.

زىلچىنى ئەكەلگەن ئاتامان بىلەن مالاي شۇ يەردىلا قولغا ئېلىندى، ئاندىن مۇھەممەد ياغان تېگىننىڭ ئەمرى بويىچە ئەللىك ئاتلىق چېرىك كاۋاپچىنىڭ دۇكىنىنى ئاختۇرۇپ، ھۇسەين باشلىق تۇتقۇنلارنى ئازاد قىلدى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندە كاشغەرنىڭ باش قازىسى شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم چىقاردى: «تىكەنكى باش چىقارسا مەملىكەت گۈلزارىدىن، سىياسەت تىغى بىرلە باشىنى ئۈزمەكلىك كېرەك». شۇ ھۆكۈمگە بىنائەن كەكە ساقاللىق ئاتامان بىلەن كاۋاپچى

خەلقئالەم ئالدىدا سازايى قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىق باشلىرى پاسىق تەنلىرىدىن جۇدا قىلىندى.
شۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھەممەد ياغان تېگىننىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن مەرھۇم يۈسۈپ قادىرخان پۈتكۈل قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى پۇقرالارغا تۆۋەندىكىدەك پەرمانىنى چۈشۈرگەندى:

*«ھازىردىن باشلاپ ھەربىر ياشقا ئىلىم - ھۈنەر ئۆگەنمەكنى ۋاجىپتى بۇيرۇق دەپ جاكارلايمەن. ھاياتلىقتىن ماماتلىققىچە ھەرقانداق ئەر - ئايال ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىپ ئۆزىنى قەدىرلىسۇن. كىمكى ئىلىم - ھۈنەر ئەھلى بولۇشقا ئادەتلەنمەيدىكەن، سېلىقنىڭ كۆپ قىسمى شۇلاردىن ئېلىنسۇن، چۈنكى مۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزى خار قىلغۇچىلاردۇر».*

بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەقە ناھايىتى تېزلىكتە ھەرقايسى شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلارغا تارقىلىپ، تىلدىن تىلغا، ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا كۆچۈپ سۆزلىنىدىغان رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتتى.
شۇ ئىشتىن كېيىن بۇبى رابىيەنىڭ خانلار جەمەتى ئىچىدىكى نوپۇزى يەنىمۇ يۇكسەلدى. خۇسۇسەن ھۇسەيىننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.
بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىم ئوغلى مەھمۇدنىڭ مۇھەببەت ئىشى توغرىسىدا سۆز ئېچىپ، ھۇسەينگە ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۇشىدىكى ئاشۇ ئاجايىپ كۈنلەرنى ئەسلەتكەندى. ھەر ئىككىسى بۇ ھېكمەتلىك ئەسلىمىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئىللىق ۋە شېرىن تۇيغۇلار قايىنىمىغا چۆمگەندى. ئۇلار ئەر - خوتۇنلۇق مۇھەببىتىنىڭ بۇ نۇرلۇق سالنامىسىنى ۋاراقلاپ ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى.
— شۇنداق، — دېدى ئاخىر ھۇسەين خىيالچان قىياپەتتە، —

بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزدە ھەقىقەتەن ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار بولۇپ ئۆتكەن ... ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر ...

بۇبى رابىيە ئۇندىمىدى .

— بىراق ، مەھمۇدنىڭ ئىشىنى زادى قانداق قىلىش كېرەك ؟

بۇبى رابىيە گەپ قىلمىدى .

— بۇغراخان ئاتام رەنجىپ قالماسمۇ ؟ — دېدى يەنە ھۈسەيىن دېلىغۇل بولۇپ .

بۇبى رابىيە ئەمدى ئېغىز ئاچتى :

— ئەھۋالنى ئوبدان چۈشەندۈرسەك رەنجىمەيدۇ .

— كىچىك دادامچۇ ؟

— توغانخان بۇزرۇكۋارىمىز پاراسەتلىك ئادەم ، ئۇمۇ يەڭگىللىك بىلەن ياماناپ كەتمەيدۇ .

ھۈسەيىن ئارسلان ئىلىكخان بېشى قاتقان ھالدا يەرگە قاراپ شۈك بولدى . بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىم يىپەكنىراق سىلجىپ كېلىپ ، ئېرىنىڭ يەلكىسىگە ئاستاغىنە بىر قولىنى قويدى .

— ھەر ھالدا يەنىمۇ تەمكىنرەك بولايلى ، — دېدى ئۇ ھۈسەيىنگە مۇلايىملىق بىلەن قاراپ ، — ئالدى بىلەن مەن ئۇ قىزنى بىر ئۇقۇشۇپ باقاي ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ ، سۆزلىشىپ باقاي ، سىناپ كۆرەي ...

# يەتتىنچى باب

## بەزمە

بۇبى رابىيە گەرچە ئېرى بىلەن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، تەمكىن سۆزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبى ھەرگىزمۇ تىنچ ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەگرى ئۆمرىنى بېرىپ، قاتارغا قوشۇلغان پەرزەنتى يالغۇز مۇشۇ مەھمۇدلا ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇنى ئۆز يېنىدىن ئايرىپ، مۇستەقىل تۇرمۇش يولىغا ۋە كىشىلىك دۇنيانىڭ قايناملىرىغا سېلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئانا قەلبى تىنچ تۇرالىسۇنمۇ؟ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى گوياكى خۇشاللىق، تەشۋىش، كۆيۈنۈش ۋە ھاياجان قاتارلىق تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلارنىڭ مۇرەككەپ ئارىلاشمىسىغا پېتىپ قالغاندەك ئىدى.

مەھمۇدچۇ؟ ئۇمۇ ئۆز يۈرىكىدە قانداق ئوتلار كۆيۈپ، قانداق داۋالغۇشلار بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ نېمە قىلىشىنى ۋە نېمە ئويلىشىنىمۇ بىلمەيتتى، پەقەت ئۆز ئىچىدە قەتئىيلىك بىلەن: «چولپاننىڭ خان قىزى بولمىغانلىقى ئۇنىڭ گۇناھى ياكى ئەيىبى ئەمەس - دە» دەپ تەكرارلايتتى.

چولپانچۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلى ھەممىدىن تەس ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا يا يەرگە كىرىپ كېتەلمەي، يا ئاسمانغا چىقىپ كېتەلمەي، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ يۈرەتتى. كېچىلىرى تۈۋى يوق خىياللار ئىلكىدە بىدار بولسا، كۈندۈزلىرى خۇددى ئېسىنى يوقاتقان مەجنۇندەك تېڭىرقاپ، كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنىمۇ

كۆرمەيتتى ۋە ھەتتا قىيامەت قايىمىنىڭ غوۋغاسىنىمۇ ئاڭلىيالمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇلۇتسىز، قۇياشلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە چولپان ئەنە شۇنداق مەجنۇن سۈپەت مىسكىن ھالەتتە قاپاقنى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى تالزارلىققا سۇ ئالغىلى چىقتى. سۇ بويىدا بىر توپ يالاڭ ئاياغ ئۇششاق باللار چۇرقىراشماقتا ئىدى. بۇ غەمسىز چاتاقچىلار سۇغا يېقىن كېلىپ قاتار تىزىلىشىپ، دۇنيادىن پەرۋايى پەلەك ھالدا ۋارقىراپ، سەكرەپ «مۇڭگۇز» ئويۇننى ئويىنىماقتا ئىدى. بىر بالا سەپ ئالدىغا چىقىپ، ئۆزى خالىغان بىر بالىنىڭ ئالدىغا كېلەتتى ـ دە، ئۇنىڭغا: «مۇڭگۇز، مۇڭگۇز» دەپ توۋلايتتى. ئۇ بالا بولسا، دەررۇ مۇڭگۇزلۇك ھايۋاننىڭ نامىنى ئېيتاتتى. ئەگەر مۇڭگۇزلۇك ھايۋاننىڭ نامىنى كېچىكتۈرمەي دەل ۋاقتىدا ئېيتالمىسا ياكى خاتا ئېيتىپ قويسا، ئۇ بالىنى باشقىلار سۇغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتەتتى. ئۆتۈلغان بالا سۇدىن چىقىپ، قايتا سەپكە تۇرغاندىن كېيىن ئويۇن قايتا داۋاملىشاتتى.

چولپان قاپاقنى بىر يېنىغا ئېلىپ تۇتقان ھالدا باللارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ بىر ئەسناغىچە تۇرۇپ قالدى. ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان قەلبىنى چۇلغىۋالغان غەملىرىنى بىردەملىككە ئۇنتۇپ، دىلى يورۇپ قالغاندەك بولدى، چىرايىغا يېنىككىنە تەبەسسۇم يۈگۈردى، شوخ نارەسىدىلەرنىڭ پۈتۈن ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ چۇقان سېلىشلىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ مانا مۇشۇنداق غەمسىز، غۇبارسىز گۆدەك چاغلىرىنى ئېسىگە سالدى بولغاي. ھالبۇكى، قىزنىڭ نازۇك يۈرىكى خۇددى ئۇشتۇمتۇت شامال سوقۇۋەتكەن گۈل بەرگىدەك يەنە ئەنسىز تىترەپ كەتتى.

«ئاھ تەڭرىم، مەن راستىنلا خەتەرلىك يولغا كىرىپ قالدىممۇ؟ راستىنلا ئاتام ئېيتقاندەك، يولۋاسنىڭ قولىنى تۇتۇپ قالدىممۇ؟» مۇشۇنداق چىگىش خىياللار ئۇنىڭ ئازابلانغان قەلبىگە ئارام بەرمەيتتى.

«راست، ئۇ مېنى ئەخمەق قىلىپ، ئىچ پۇشۇقىنى

چىقىرىۋالغاندىن كېيىن خۇددى كېرەكسىز شاكالنى
تاشلىۋەتكەندەك داغدا قويىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە
ئىدىم؟» مۇشۇنداق دەھشەتلىك خىياللاردىن ئۇنىڭ كۆزلىرى
قاراڭغۇلىشىپ، تەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى.

ئۇ، سۇ بويىدا: «مۇڭگۇز، مۇڭگۇز» دەپ ۋارقىرىشىۋاتقان
باللارغا قاراپ تۇرسىمۇ، ئۈمىدسىزلىكنىڭ قويۇق تۇمانلىرى
توسىۋالغان كۆزلىرى ئۇلارنى كۆرمەيتتى، بەلكى ئاشۇ قارامتۇل
تۇمانلار ئىچىدىن ھامان مەھمۇدنىڭ ئازرۇلۇق سىيماسى غۇۋا
سۈرەتلىنىپ تۇراتتى. «ئەجەبا، — دەپ يەنە ئويلاپ كېتەتتى
ئۇ، — ئۇ خان ئوغلى تۇرۇپ مېنىڭ ئالدىمدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە
ياۋاش ۋە شۇنچە جۇرئەتسىز؟ مېنى كۆرسە نېمە ئۈچۈن شۇنچە
ئەيمىنىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ سۆز ـ ھەرىكەتتە دادىل
بولماستىن، ھەمىشە خۇددى ئامالسىز، ھوقۇقسىز بىچارىدەك ماڭا
شۇنچە ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرۈپ قارايدۇ؟» ئاھ تىنىق
ئاسمان، پارلاق قۇياش! قىزنىڭ تىنىمسىز، تەشۋىشلىك،
يالقۇنلۇق قەلبىگە جاۋاب بەرسەڭلارچۇ!

ئۇشتۇمتۇت مەھمۇدنىڭ ئىلھامبەخش ئاۋازى، مۇھەببەتلىك
سۆزلىرى گويا ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك تۇيۇلدى.
چولپاننىڭ يۈرىكى خۇشال تىپىپ كەتتى، جۇشقۇنلۇق ھاياجاندىن
نەپەسى بوغۇلدى. «ياق! ئۇ مېنى سۆيىدۇ، ھەقىقىي ياخشى
كۆرىدۇ. يۈرىكىم بىلەن سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن! ئۇ ئۇنداق
رەھىمسىز، باغرى تاش ئەمەس. ئۇنىڭ كۆزلىرى، ئاۋازى شۇنچە
پاك، مۇئامىلىسى شۇنچە سەمىمىي! شۇنچە مېھرىبان!»

تالزارلىق، چىمەنلىك، نازۇك شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك
بۇلاق سۈيى ... غەمسىز ئۇششاق باللار «مۇڭگۇز» ئويۇننى
بېرىلىپ ئوينىماقتا:

— مۇڭگۇز، مۇڭگۇز!

— بۇغا.

— مۇڭگۇز، مۇڭگۇز!

— ئۆچكە .

شۇ ئەسنادا مەھەللىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى . ئازىق قەلئەسى تەرىپىدىن ئويمەھەللە كەنتىگە بىرنەچچە سۆلەتمەن ئاتلىقلار كىرىپ كەلگەنىدى . سۇ بويىدىكى بالىلار «مۇڭگۇز» ئويۇنىنى بىراقلا ئۇنتۇدى . ئۇلار تېخىمۇ بەكرەك قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ ، تالزارلىقتىن چىقىشتى - دە ، توپىلىق يولنى بويلاپ ، ئاتلىقلار كۆرۈنگەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى .

پاكار - پاكار قارا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ، باغلىق هويلىلارنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ ، كىشىلەر قىزىقىسىنىپ قاراشتى . بەزىلەر توپىلىق يول ئۈستىگە چىقىپ ، ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر هازا ئەگىشىپ مېڭىشتى ۋە ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشتى :

— خان ئادەملىرى نېمە ئىش بىلەن كەلگەندۇ ؟

— هازىر غەللە - پاراق تاپشۇرۇلىدىغان مەۋسۇم ئەمەسقۇ .

— ئالۋان - سېلىق ۋاقتىمۇ ئەمەس .

— ياق ، تۇرقىدىن باشقا بىر ئىش بىلەن كەلگەندەك تۇرىدۇ ...

ئاتلىقلار ئۇدۇل ئابدۇلكېرىم ئاقساقالنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختاشتى . تېخىچە تالزارلىقتا قاپاقنى كۆتۈرۈپ تۇرغان چولپان ئۇلارغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى . ئابدۇلكېرىم ئاقساقال قوڭالتاق سېپىۋالغان كەشنى سۆرەپ ئالدىراپ چىقتى - دە ، بۇ پەۋقۇلئاددە مېھمانلارنىڭ ئالدىدا دەرۋازىنى كەڭ ئاچتى . ئىككى سالاپەتلىك ئەمەلدار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئىچكىرىگە كىردى (باشقىلار سىرتتا قالدى ) ۋە دۇئايىسالام ياندۇرۇشقاندىن كېيىن كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلدى . مەلۇم بولدىكى ، ئەتە ئارسلان ئىلىكخاننىڭ قاپۇغىدا مەخسۇس قىز - چوكانلار بەزمىسى ئۆتكۈزۈش قارار قىلىنغان بولۇپ ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خانىش بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىم ئابدۇلكېرىم ئاقساقالنىڭ قىزى چولپاننى

ئالاھىدە تەكلىپ قىلغانىدى . ئەمەلدارلاردىن بىرى ئالتۇن تارىم ئۆز قولى بىلەن يازغان تەكلىپنامىنى ئاقساقالغا خۇش مۇئامىلە بىلەن ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەردى .

ئاقساقال بېشى ئايلىنىپ ۋە دۇدۇقلاپ ، تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئاران ئېيتالىدى . خانىنىڭ ئادەملىرى كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ يەنە خېلى ئۇزۇنغىچە ئېسىنى يىغىۋالالمىدى . يالغۇز قىزىنى خانىنىڭ قاپۇغىدىكى بەزمىسىگە ئەۋەتسە قانداق بولار ؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشىلىققا تارتامدۇ ، يامانلىققىمۇ ؟ ئالتۇن تارىم پۈتكەن تەكلىپنامىدە چولپاننىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىشتىكى ئىجتىھاتى ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىدىن ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەدەپ ۋە پەزىلەت جەھەتلىرىدىكى ياخشى نامىدىن خەۋەر تېپىپ ، ئۇ قىز بىلەن دىدار كۆرۈشمەك ئىستىكى قوزغالغانلىقى ھەققىدە ئىلتىپاتلىق سۆزلەر ئىزھار قىلىنغانىدى . شۇنداق ئىكەن ، ئارتۇقچە ئەنسىرەشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ «ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇبى رابىيەنىڭ دىيانەتلىك ھەم ئادالەتلىك خانىش ئىكەنلىكىنى پۈتۈن كاشغەر خەلقى بىلىدىغۇ» دەپ ئويلىدى ئابدۇلكېرىم ئاقساقال . ئۇ ئويلاپ ، ئويلاپ ئاخىر خېلىلا تىنچلاندى ۋە يېنىكلە، قالدى .

چولپان بولسا ، خانىش ڭ تەكلىپنامىسىنى كۆرگەندىن . كېيىن گاھ ئوتتا كۆيسە ، گاھ سوغۇق سۇغا چۆمگەندەك بولدى ؛ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمىدى . بىر خىل چۈشىنىكسىز كۈچلۈك ھېسسىيات ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلغانىدى . «مەھمۇد ئاتا - ئانىسىغا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ - دە» دېگەن ئوي ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ ، مېڭىسىدە چاقماقتەك ۋالىلداپ ياناتتى . ئۇ ئۆمرىگە كېلىپ خاقانلارنىڭ ھەرەمخانىلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ، خان ۋە خانىشلارنىڭ ھۇزۇرىغا داخىل بولمىغان . قىزنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ ، مېڭىسى چىڭقىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى . ئۇ بىر تەرەپتىن قورقۇپ تۇرسىمۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن خانىنىڭ قاپۇغىسىغا تېزرەك بېرىشقا ، خانىشنىڭ بەزمىسىنى تېزرەك كۆرۈشكە قىزىقاتتى ، ئالدىرايتتى . مەۋج ئۇرغان سۆيگۈ دولقۇنلىرىنىڭ

ئارام تاپالماي ئىلكىدە ئازابلىق تويغۇلىرى لەززەتلىك ھەم قىلمىشتىن بەزمىگە تەكلىپ قىلىشتىن قىز ئۆزىنىڭ گۈزەل قىينالغان ئىلگىرى سىرتتىن كۆپ سورۇشتۇرۇلغانلىكىنى ۋە تەكشۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە.

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى كونى چاشگاھتىن كېيىن خانىش بوبى رابىيەنىڭ بىرنەچچە كېنىزەكلىرى چولپاننى گىلەم ۋە كۆرپىلەر سېلىنغان ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئازىق قەلئەسىگە ئەكېلىشتى.

بوبى رابىيە ئولتۇرغان يېرىدىن قوپۇپ چولپان قىزنى خوش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى. چولپان خۇددى چوش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ، ئۆزۈن ئايۋان ۋە ئازادە دالانلاردىن قانداق ئۆتۈپ، بۇ ياسىداق خانىغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى تۇزۇكرەك ئاڭقىرالمىدى، ئەمما ئۇ ئۆزىگە قىزىقىش بىلەن كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان بۇ ئاجايىپ سالاپەتلىك ھەم چىرايلىق ئايالنىڭ خانىش بوبى رابىيە ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى.

— سىز جانابىي ئابدۇلكېرىم ئاقساقالنىڭ قىزى بولامسىز؟ — بوبى رابىيە ئادەتتىكىدىن باشقىچە يۇمشاق ئاۋازدا مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

— ھە... — چولپان ئۆمرىدە بۇنداق تەمتىرەپ ياقمىغانىدى. ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ، گەپ قىلالماي قالدى، لېكىن زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، — ھەئە... شۇنداق، ئالتۇن تارىم... — دېگەن سۆزلەرنى مىڭ تەسلىكتە ئېغىزىدىن چىقىرالىدى.

— ئىسمىڭىز چولپانمۇ؟

چولپاننىڭ مەڭزىلىرى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتى، نەپەسلىرى تېزلىشىپ، كۆكسى گويا شىددەتلىك ئېقىننىڭ ئۆركەشلىشىدەك بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەشكە باشلىدى، ئۆزگىرىپ كەتكەن ئاۋازى ئاران ئاڭلاندى:

— ھەئە، ئالتۇن تارىم...

— كىلىمەن ، قىزىم ، بۇياققا كىلىپ ئولتۇرۇڭ .

بۇبى رابىيە قىزچاقنى رىغبەتلەندۇرۇشكە ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشكە تىرىشىپ ، ئىمكانقەدەر مېھرىبانلىق كۆرسەتتى . ئۇ تېخىچە شۇنداق مۇلايىملىق بىلەن كۆلۈمسىرىگەن هالدا چولپاننىڭ ئالدىغا كەلدى .

— تارتىنماڭ ، قىزىم ، بۇ يەرنى ئۆز ئۆيىڭىزدەك كۆرۈڭ ، — دېدى ئۇ ۋە خۇددى يېڭىلا تاغدىن تۇتۇپ كىلىنگەن كىيىك بالىسىدەك ئىچىنىشلىق تەلمۈرۈپ ، چۆچۈپ تۇرغان قىزنىڭ تىترەك باسقان قولىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ ، خانىنىڭ تۆرگە باشلاپ كەلدى - دە ، تۆت قات دۇردۇن كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى . چولپان ئاستا - ئاستا بۇ هەشەمەتلىك مۇهىتقا ئاز - تولا ئۆزلەشكەندەك بولدى ، چېچىلغان پىكرىنى يىغىپ ، زېهنىنى سۆهبەتكە مەركەزلەشتۇردى . بۇبى رابىيە قىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئېهتىيات بىلەن يېقىنلىشىپ ، ئۇنى ئۇيان - بۇياندىن گەپكە سالدى . بارا - بارا ئۇ سۆهبەتنىڭ مەزمۇنىغا پەلسەپە ، تىل ، ئەدەبىيات ، رىيازىيات ، تارىخ ، ئىلمي مەنتىق قاتارلىق پەنلەرگە ئائىت گەپ - سۆزلەرنى ۋە سوئاللارنى كۆپلەپ كىرگۈزۈشكە باشلىغانىدى ، چولپان ئىختىيارسىز هالدا سەگەكلەشتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق زور ، مۇهىم ۋە ئۆزگىچە ئىمتىهان ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى هوشيارلىق بىلەن پەملىدى .

«ئۇلا بولسا يول ئازماس ، بىلىك بولسا سۆز يازماس[1] » دېگەن خەلق ماقالى ئۇنىڭ مېڭىسىدىن غىل - پال ئۆتۈپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆزدە كەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن خېلىلا سەگەكلىشىپ قالدى .

خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۆهبەتتىن كېيىن بۇبى رابىيە قايىل بولغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى قىزنىڭ

---

[1] «بەلگە بولسا يولدىن ئازماس ، بىلىم بولسا سۆزدىن قايماس .»

ئۈستىبىشىدىن بىر قۇر يۇگۇرتۇپ چىقتى ، ئاندىن يەنە كۈلۈمسىرەپ ، ئۇنىڭ قويۇق قوڭۇر چاچلىرىنى سىيلىدى .

— ئوبدان پاراڭلاشتۇق ، قىزىم ، ھەم - پاراستىڭىزگە بارىكاللا ، — دېدى ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ، — يۈرۈڭ ، ئەمدى بەزمىنى باشلايلى .

شۇ گەپ بىلەن بۇبى رابىيە ئورنىدىن قوپتى ۋە شەلپەردەك قىزىرىپ ، قورۇنۇپ تۇرغان ئۇياتچان قىزنى مەخسۇس بەزمە ئۈچۈن ھازىرلانغان ئازادە بۆلمىگە باشلاپ كىردى . چوغدەك گىلەم ئۈستىگە تام ياقىلاپ سېلىنغان كىمخاب يېكەندازلاردا تاۋار - دۇردۇنلارغا پۈركىنىپ گۈلدەك ياسانغان كېنىزەكلەر ، سازچى ، ناخشىچى ۋە ئۇسسۇلچى قىزلار كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇشاتتى . خانىش بىلەن چولپان كىرىپ بۇ نازىنىنلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن يېكەندازلارغا ياندىشقان ئايپاق يىپەك داستىخانلارغا كۈمۈش تاۋاقلاردا ئۈزۈم ، شاپتۇل ، ئەنجۈرلەر ، ئالتۇن جاملاردا خۇشبۇي سۈزۈك شەربەتلەر تارتىلدى .

چولپاننىڭ بايىقى تەمتىرەشلىرى تەدرىجىي پەسىيىپ ، ئەمدى قىزىقىش ئىپادىلىرى ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى . ئۇ گەرچە يەنىلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ ، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆپچۆرىسىگە چاقماق تېزلىكىدە كۆز تاشلاپ قوياتتى . ئۇ گوياكى ئۆزىنى شۇنچە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە رەڭگارەڭ تاۋار - دۇردۇنلاردىن ھاسىل بولغان مىسلىسىز كۆركەم ئەپسانىۋى شارقىراتما ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلاتتى .

ساز چېلىندى . چولپان تېخىچە خىلمۇخىل ئاجايىپ تەسىراتلار ئىسكەنجىسىدە قىسىلىپ ، ئۇقايسىزلىنىپ ئولتۇرغاچقا ، ساز ئاھاڭلىرىنىمۇ ، ئاھاڭلارنىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ دېگۈدەك پەرق ئېتەلمىدى .

دەسلەپتىكى مۇڭلۇق ھەم لەرزان ئاھاڭلار ئاستا - ئاستا شوخ ھەم جۇشقۇنلۇق كۈيلەرگە ئۆزگەردى ، خۇددى سۈزۈك ئېرىق

سۇينىڭ شىلدىرلىشى ئاياغقا بېرىپ چوڭ ئۆستەڭنىڭ شىددەتلىك شارقىرىشىغا ئۆزگەرگەندەك . ماھىرلىق بىلەن ئورۇندالغان يېقىملىق كۈيلەر ، خۇددى سىرلىق كۈمۈش قوڭغۇراقلارنىڭ ۋە سېھىرلىك ئالتۇن قوڭغۇراقلارنىڭ شېرىن جۇشلەردىكى ئاجايىپ سادالىرىدەك دىللارنى مەھلىيا قىلغۇچى كۈيلەر ! چولپان ئۆزىنى بەئەينى بىر ھېكمەتلىك ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇچۇپ ، لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلىپ ، سازنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندا ، قىزلار سازغا قوشۇلۇپ ناخشا باشلىدى . بىرى بىرىدىن گۈزەل قىزلار ! بىرى بىرىدىن خۇش ئاۋاز پەرىزاتلار ! ناخشا بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى .

چولپان سازچى ۋە ناخشىچى قىزلارغا بىر - بىرلەپ يەر ئاستىدىن قارايتتى ، ئەمما پەقەت يان تەرەپكە ، يەنى خانىش بۇبى رابىيە تەرەپكە بېشىنى بۇراشقا ئاجىزلىق قىلاتتى . شۇنداقتىمۇ خانىشنىڭ ھامان ئۆزىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى .

پەدىلەر يېڭىلىنىپ ، ناخشىلار داۋاملىشىۋەردى . چولپاننىڭمۇ روھىي كەيپىياتى جانلىنىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ رۇخسارىدا ئۈيىلىش ۋە ئەيمىنىشنىڭ تاڭ شەپىقىدەك سۇزۇك پەردىسى كەينىدىن شادلىق تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى . بەزمىگە ئىشتىراك قىلغان بارلىق قىزلارمۇ شۇنچە شوخ ، شۇنچە خۇشخۇي ئىدى . ئۇلار سازنى شۇنچە بېرىلىپ چالدى ، ناخشىنى شۇنچە ھېسسىياتلىنىپ ئېيتتى . ئاخىر ناخشا تاماملاندى . ناخشا تاماملاندىيۇ ، قىزلار جىم بولمىدى : ئۆزئارا چاقچاق قىلىشتى ، سۆز ئويۇنى قىلىشتى ، پاراقلاپ كۈلۈشتى ...

— قىزلار ، قىزلار ، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار ! — بۇبى رابىيە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، بارلىق قىزلارغا تەڭ مۇراجىئەت قىلدى ، — ئەمدى «پەسىللەر ناخشىسى»نى باشلىساق قانداق دەيسىلەر ؟

بۇ يىل پەسىللىرىنىڭ تەسۋىرىنى چۆرىدەپ ئورۇندىلىدىغان

بىر يۈرۈش ئېيتىشماقتىن ئىبارەت بولۇپ، بەسلىشىش تۈسىنى ئالغان بولغاچقا، سورۇننى بەك قىزىتىۋېتەتتى. شۇڭا، قىزلار خانىشنىڭ مۇراجىئىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ قىزىپ كەتتى، خۇشال بولۇپ چۇقان سېلىشتى، بەزىلىرى ھەتتا ھەۋەس ـ ئىشتىياقلىرىنى باسالماي چاۋاك چېلىپ كېتىشتى.

— بارىبىتىنى مەن چالاي، — دېدى يەنە بۇبى رابىيە، — قېنى، ئېيتىشماققا كىم چۈشىدۇ؟

— مەن! — ناخشا ـ قوشاقلارغا ئەڭ چېۋەر قىزلاردىن بىرى ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ـ دە، بۇبى رابىيەنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئولتۇردى.

— ياخشى، — دېدى بۇبى رابىيە، — لېكىن بۇ ناخشىغا ئىككى كىشى كېرەكقۇ. يەنە بىر ناخشىچى كېرەك. ئەمسە يەنە بىرگە چولپان قىزنى تەكلىپ قىلساق قانداق دەيسىلەر؟

قىزلار قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، دوستانە رەۋىشتە ئالقىش ياڭراتتى. چولپاننىڭ نۇرلۇق قوي كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، تېڭىرقاپ قالدى، ئاندىن يالۋۇرغان سىياقتا قىزلارغا كۆز يۈگۈرتتى ھەمدە بۇبى رابىيەنىڭ كۆلكە يېغىپ تۇرغان خۇش چىرايىغا ئۇدۇل قاراشقا پېتىنالماي كۆزلىرىنى ئەپقېچىپ خىتاب قىلدى:

— ئاھ، ئالتۇن تارىم ... ياق، ياق ... مەن ناخشا ئېيتالمايمەن ... ئېيتالمايمەن!

بۇبى رابىيە ئەگرى باشلىق بارىبىتنى قولىغا ئالدى. ئۇ چولپاننىڭ ناخشىنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇبدان ـ ئۇبدان قوشاق ـ بېيىتلارنى توقۇپ، ئاھاڭغا سالىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

— تارتىنماڭ، قىزىم، ئېيتىڭ.

— ئاھ، ئالتۇن تارىم ...

بۇبى رابىيە زەر گۈللۈك يېپەك كۆڭلىكىنىڭ ئۇزۇن يەڭلىرىنى ئۈستىگە تۈرۈپ، قوشلاپ ئالتۇن بىلەزۈكلەر سېلىنغان

ئاق بىلەكلىرىنى يالىڭاچلىدى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر نۇسخىسىدا ياسالغان ئەگرى باشلىق، كالتە دەستىلىك ناربىتنىڭ بەش تارىنى ئۇستىلىق بىلەن نوۋەتلەشتۇرۇپ تېز - تېز چېكىشكە باشلىدى. پەسىللەر ناخشىسى. بايا بۇبى رابىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالغان ناخشىچى قىز قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى ھەققىدىكى قوشاقنى باشلىدى:

بالچىق بالىق يۇغرۇلۇر،
چىغاي ياۋۇز يىغرىلۇر.
ئەرگەكلەرى ئوغرۇلۇر،
ئودغۇچ بىلە ئەۋرىشۇر①.

ھەممە قىزلارنىڭ كۆزلىرى چولپانغا تىكىلدى، چۈنكى ئەمدى چولپان بۇ قوشاققا جاۋاب ياندۇرۇشى كېرەك ئىدى. ناربىت چېلىۋاتقان بۇبى رابىيە چولپانغا خۇش تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ: «بولۇڭ، ناخشا ئېيتىڭ» دېگەننى ئىپادىلىدى. چولپان خۇددى ھازىرلا يالقۇنلاپ كۆيۈپ كېتىدىغاندەك بويۇن ۋە قۇلاقلىرىغىچە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى جىم تۇرۇۋېلىشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇ زور غەيرەت بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، ھېلى ئېيتىلغان قوشاققا ئۇلاپ ناخشا ئېيتتى. بايىقى ناخشىچى كېنىزەك قىشنىڭ مەنزىرىسىنى قوشاققا قاتقان بولسا، ئەمدى چولپان كۆكلەم پەيتىنى كۈيلىدى:

قار، بۇز قامۇغ ئەرۈشدى،
تاغلار سۇۋى ئاقىشدى،

① لاي - پاتقاقلار يۇغۇرۇلۇپ، ئۇيۇپ كېتىدۇ، يوقسۇللار دۈگدىيىپ، توڭغۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بارماقلىرى قورۇلۇپ، قوۋۇشماي قالىدۇ - دە، بىرەر پارچە چوغ بىلەن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ.

كۆكشىن بۇلۇت ئۆرلۈشدى ،
قايغۇق بولۇپ ئەگىرشۇر[1] .

ناخشىچى كېنىزەك ئەمدى قىش بىلەن باھارنىڭ توقۇنۇشى ھەققىدىكى قوشاقنى باشلىدى :

قىش ياي بىلە توقۇشتى ،
قىڭىر كۆزۈن باقىشتى ،
تۇتۇشقالى ياقىشتى ،
ئۇتغالىمات ئوغراشۇر[2] .

چولپان ئېيتىشىشقا رەسمىي كىرىشىپ كەتتى . ناخشىنى يېڭى باشلىغاندا ئۇنىڭ ئاۋازى بىرئاز تىترەپ ، قېپىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ دەرھال ئۆزىنى قاتتىق تىزگىنلىۋالدى ، ئاۋازىمۇ سازلىشىپ ، ئېچىلىپ كەتتى . ئۇ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى يىغىپ ناخشىچى كېنىزەك ئېيتىۋاتقان قوشاقلارنى ئاڭلايتتى ۋە ئاڭلاش جەريانىدا ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ ئېيتىدىغان قوشاقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بولاتتى . ئۇ بۇبى رابىيەنىڭ گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكلەر سېلىنغان بارماقلىرى ياربىت پەدىلىرىنى قانداق ئەۋرىشىملىك ۋە ئەپچىللىك بىلەن بېسىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ ، باھارنىڭ تەنتەنىسى تەسۋىرلىنىدىغان قوشاقنى ئېيتتى :

قاقلار قامۇغ كۆلەردى ،
تاغلار باشى ئىلەردى ،

① قار - مۇزلارنىڭ ھەممىسى ئېرىدى ، تاغ سۇلىرى ئاقتى ؛ كۆكۈچ بۇلۇتلار ھاۋاغا ئۆرلەپ چىقتى ، ئۇلار خۇددى قېيىقلاردەك ئۈزمەكتە .

② قىش ياز بىلەن توقۇنۇشتى ، قىڭغىر كۆزدە قاراشتى ، تۇتۇشقىلى يېقىنلاشتى ، بىر - بىرىنى ئۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ .

ئاۋۇن تىنى يىلىردى ،
تۇتۇ چەچەك چەركەشۇر[①] .

پەدە يۈتكىلىپ ، باربىت شوخ ، جۇشقۇنلۇق سايرىدى . باشقا سازلارمۇ قوشۇلۇپ ، تەڭكەش بولدى . قىزلار ھەممىسى بىرلىكتە ياز پەسلى تەرپلىنىدىغان قوشاقلارنى باشلىدى :

تۇمەن چەچەك تىزىلدى ،
بۇكۇندەن ئول يازىلدى ،
ئۇكۇش ياتىپ ئۇزەلدى ،
يەردە قوپا ئازرىشۇر[②] .

قىزلار بىر - بىرىنى تارتىشىپ ، نۆۋەت بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى . ناخشا يەنە داۋاملاشتى :

قىزىل سارىغ ئارقاشىپ ،
يىپكىن ياشىل يۇزكەشىپ ،
بىر - بىر كەرۇ يۈرگەشىپ ،
يالگۇق ئانى تاڭلاشۇر[③] .

بەجايىكى گۇل - چىچەكلەر ئۇستىدە ئايلىنىپ قانات قىقىۋاتقان كېپىنەكتەك چېۋەرلىك بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر نازىنىن كېنىزەك يېنىك ۋە لەرزان ھەرىكەتلەر بىلەن چولپانىنىڭ

---

① قاقاسلىقلار پۈتۈنلەي كۆلگە ئايلاندى ، تاغلارنىڭ بېشى كۆزگە ئېلىندى ، دۇنيانىڭ تىنىقى ئېلىندى ، تۇرلۇك چېچەكلەر تىزىلدى .

② تۇرلۇك - تۈمەن چېچەكلەر تىزىلدى ، غۇنچىلار پورەكلەپ ئېچىلدى ، ئۇلار يەر ئاستىدا ئۇزاق يېتىپ قىينالغانىدى ، ئەمدى يۇسۇپ چىقىپ بىر - بىرىدىن ئايرىلماقتا .

③ قىزىل ، سېرىق (چېچەكلەر) بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ، يېشىل رەيھانلار بىر - بىرىگە يۆگىشىپ كەتتى . كىشىلەر ئۇلارغا قاراپ تاڭ قېلىشتى .

ئالدىغا كەلدى ـ دە ، چوڭقۇر ئېگىلىپ ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى . چولپان يەنە ۋىللىدە بىر قىزىرىپ ، ئىختىيارسىز ھالدا بۇبى رابىيەگە ئىتتىك بىر قارىۋالدى ـ دە ، ئەمدى ئارتۇقچە تارتىنماي قوپۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى . ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئەرشىئەلاغا چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ، خۇددى بەزەن شېرىن چۈشلەردىكى قانداقتۇر غايىۋى دۇنيانىڭ شۇنچە ئارزۇلۇق ، شۇنچە راھەتبەخش مۇھىتىدا لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتى ، ئۇسسۇلنىمۇ ئىشقى بىلەن بېرىلىپ ئوينىدى ، كۆزلىرى ھەۋەس ۋە خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى ، شۇنىڭ بىلەن گويا ئۇنىڭ ھۆسنىگە يەنە ھۆسن قوشۇلدى .

بۇبى رابىيە باربىتنى چېلىۋېتىپ ، بۇ خىلمۇخىل مۇرەككەپ تەسىراتلار قايىنىمىدا ئازابلىنىۋاتقان ۋە شادلىنىۋاتقان ، ئۆرتىنىۋاتقان ۋە يايراۋاتقان مەسۇم قىزغا سەپسېلىپ قاراپ قوياتتى . ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ، ئۆزىنى تۇتۇشى ، خۇلق ـ مىجەزىگە دىققەت قىلاتتى .

بەزمە راسا قىزىپ كەتتى . قىزلار قىن ـ قىنىغا پاتماي ئوينىشىپ جەۋلان قىلماقتا . چولپانمۇ ئەمدى ھەقىقىي شادلانماقتا . خانىش بۇبى رابىيە ئۇنى كۆزىتىپ ، باربىت چالغاچ خىيال سۈرمەكتە : «ئۇنى سىرتىدىن سۈرۈشتۈرۈپ ، كۆپ ئوقۇغان ، ئوبدان تەربىيە كۆرگەن ، تىرىشچان ھەم چېۋەر قىز ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىم ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆردۈم . ئەجەبمۇ ئوماق ، ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان قىز ئىكەن» .

# سەككىزىنچى باب

## ئارسلانخان بالاساغۇندا

بالاساغۇن چوڭ ھەم گۈللەنگەن شەھەر. ئۇپۇققا تاقاشقان تۈزلەڭ چۆلدىن كېلىۋاتقان ھەرقانداق يولۇچى ناھايىتى يىراقتىنلا بۇ داڭلىق ئاستانىنىڭ ئېگىز كۈنگۈرىلىك سېپىللىرىنى كۆرىدۇ. بۇ سېپىللار ھەتتا كاشغەر سېپىللىرىدىنمۇ ھەيۋەتلىك ۋە مۇستەھكەم كۆرۈنىدۇ. مۇبادا يىراقتىن كېلىۋاتقان يولۇچى ھەربىي ئادەم بولسا، بۇ سېپىللارنى ئەڭ يوغان پالاقمانلار بىلەنمۇ ۋەيران قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، كۆيدۈرۈلگەن قارىماي توپلىرىنىمۇ بۇ تاغ سۈپەت سېپىللاردىن ھالقىتىپ شەھەر ئىچىگە چۈشۈرۈش تەسكە توختايدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

شەھەر سېپىلىدىن كىرىپ، رابات مەيدانىدىن ئۆتسىڭىز، شەھەرىستانغا چىقىسىز. شەھەرىستانىنىڭ سېپىللىرى تېخىمۇ ئېگىز، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك. بۇ شەھەر ئىچىدىكى شەھەرگە كىرسىڭىز، ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان كۆركەم، ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنى كۆرىسىز. ساراي، دىۋان، چوڭ جامە، خانلىق مەدرىسە، خان ۋە تېگىنلەرنىڭ، ۋەزىر ۋە سەنگۈنلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، نۆكەرلەر ھەم ئىچكى سېپىلنىڭ قورۇقچى چېرىكلىرى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان.

شەھەرىستانىنىڭ سىرتىغا چىقسىڭىز، ئالدى بىلەن ئەمەلدارلار ۋە كاتتا مۆتىۋەرلەرنىڭ مەھەللىسىگە كىرىسىز. بۇ يەردىكى ئۆي - جايلارمۇ شەھەرىستان ئىمارەتلىرىدىن ئانچە قېلىشمايدۇ.

ئازادە باغلىق ھويلىلار، كۆركەم نەقىشلىك بىنالار... بۇلار ئاساسەن شەھەرىستان سېپىلىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاياغ تەرىپى سودىگەرلەر ۋە ھاللىق بايلارنىڭ مەھەللىسىگە تۇتىشىدۇ. بۇ مەھەللىنىڭ ئۆي - جايلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزىلىرى خېلىلا ھەشەمەتلىك، بەزىلىرى ئانچە ئەمەس. شەھەرنىڭ «رابات» دېگەن ئەرەبچە سۆز بىلەن ئاتىلىدىغان بۇ سىرتقى قىسمى تۇرلۇك ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ماكانلاشقان كۆرۈمسىز تار كوچىلار ۋە گۇزەرلەر بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئېگىز سوقما تاملار ۋە پاكار كۆمىلاچ تاملار، ئۆگزىلىرىدىن تۈگۈلۈك ئېچىلغان، دېرىزىسىز قارا ئۆيلەر... مەدىكار ۋە كەسىپسىز، ھۈنەرسىز گادايلارنىڭ ۋەيرانە كۆلبىلىرىمۇ مۇشۇ مەھەللىلەرنىڭ چەت جايلىرىدىن ئورۇن ئالغان.

قاراخانىيلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قىشلىق پايتەختى قۇزئوردۇ، يەنى بالاساغۇن ئەنە شۇنداق شەھەر ئىدى. مەشھۇر، گۈزەل، باي، قۇدرەتلىك شەھەر.

گۈل - چېچەكلەر غازاڭلىشىپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە شەھەرىستان دەرۋازىسىنىڭ تۆمۈر بىلەن قاپلانغان ئېغىر قاپقىلىرى كەڭ ئېچىۋېتىلدى. داقا - دۇمباق، كاناي - سۇنايلارنىڭ تەنتەنىلىك ساداسى خاقاننىڭ سىرتقا چىقىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. دەرۋەقە، بىر - بىرىدىن ئېسىل ئارغىماقلارغا مىنگەن ئوردا نۆكەرلىرى سەپ تارتىپ چىقىپ كەلدى، ئاندىن كۈز شامىلىدا لەپىلدەپ تۇرغان توققۇز قىزغۇچ سېرىق بايراق بىلەن قورشالغان سۇلايمان ئارسلانخان، ئۇنىڭ كەينىدىن كەنجى ئىنىسى مەھمۇد ئارسلان تېگىن ۋە شەيخۇلئىسلام ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا، بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ھاكىمى مۇھەممەد چاقىرتوڭاخان، ئاخىردا يەنە قوراللىق نۆكەرلەر، چېرىكلەر ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، توپا توزۇتۇپ راباتقا چىقتى.

راباتتىكى ھەرقايسى تەبىقە كىشىلىرى خاتىرجەمسىزلەنگەن

ھالدا ئۆيلەردىن ، دۇكانلاردىن ، كارخانىلاردىن ۋە يېقىن ئەتراپتىكى كوچىلاردىن چىقىشىپ ، يول بويىغا توپلىنىشتى ، ئەنسىزلىك بىلەن غۇلغۇلا قىلىشتى . ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان بۇ داغلىق شەھەردە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلاردا بولۇپ ئۆتكەن پاراكەندىچىلىكلەر ، ھەرقايسى دىنلارنىڭ مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ، شۇنداق قەبىلىۋازلىق ماجىرالىرىدىن پۇقرالار جاق تويغانىدى . دېمىسىمۇ ، ئەنە شۇنداق باش - ئايىغى چىقمايدىغان مالىمانچىلىقلاردا تۇل قالغان خوتۇنلار ، يېتىم قالغان نارەسىدىلەر ۋە ياكى خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىلىپ غېرىب بولغان ئەرلەر ئازمۇ ؟ ئىسسىق ئۆي - ماكانىدىن ، تىرىكلىك مەنبەسى بولغان مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولغانلار ئازمۇ ؟

ۋەھالەنكى ، بۇ قېتىم ئارسلانخاننىڭ شەھەرىستاندىن داغدۇغىلىق چىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، پۇقرالارنىڭ ئەنسىرىشى ئۇرۇنسىز ئىدى . ھازىر ۋەزىيەت مۇقىملاشقان بولۇپ ، خاقان پۈتۈنلەي تىنچلىق مەقسەتلىرى بىلەن يولغا چىققانىدى .

ئەينى ۋاقىتتا بىر تۈركۈم غەيرىي دىنلاردىكى چارۋىچى تۈركىي قەبىلىلەر ۋە ئۇرۇقلار بالاساغۇنغا يېقىن جايلاردىكى يايلاقلاردا كۆچمەنلىك قىلىپ ياشايتتى . كېيىن يەنە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن بىر قىسىم ئۇششاق قەبىلىلەر جاي - جايلاردىن تېرىلىپ كېلىپ مۇشۇ ئەتراپتا توپلاندى . شۇنداقلا قارا قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى تەۋەسىدىن يايلاق ئىزدەپ چىققان كۆچمەنلەرمۇ بۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن سۇيى مول بولغان بۇ كەڭرى يايلاقلاردا بۇتپەرەس ۋە ناسارالارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە ئىدى .

كاشغەر ۋە بالاساغۇندىكى ھۆكۈمدارلار بۇنداق ئەھۋالدىن خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى . ئاخىر ، سۇلايمان ئارسلانخان ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كۆپلىگەن دىن تەرغىباتچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، غەيرىي دىنلاردىكى

كۆچمەنلەرنى مۇسۇلمانچىلىققا دەۋەت قىلدى .
دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تىنچ تەرغىباتلارنىڭ ئۇنۇمى ئانچە كۆرۈنەرلىك بولمىدى . بۇددا ۋە ناسارا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي ئۇرۇقلارنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى ئەدەپ بىلەن چىرايلىقچە رەت قىلدى . يەنە بىر قىسىملىرى مۇسۇلمان تەرغىباتچىلارنىڭ ۋەزلىرىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ چەت - ياقا يەرلەرگە قېچىپ كېتىشتى . پەقەت ئاز سانلىق كىشىلەرلا ئىلاجسىزلىقتىن ئىمان ئېيتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى . بۇنداق كىشىلەر كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولسىمۇ ، ئاستىرتتىن يەنە ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى دىنلىرىغا سېغىناتتى . بەزىلىرى ئىشىك - تۈڭلۈكلىرىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ ، ساكيامۇنى ۋە بۇدساتۋا ھەيكەللىرىگە تېۋىناتتى ؛ بەزىلىرى ئازابلىنىۋاتقان ئىسا خرىستوسنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن كرېستقا تون بويى چوقۇنۇپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشەتتى .
بۇنداق ۋەزىيەتتىن تولىمۇ بىئارامىلىق ھېس قىلىپ ، نارازى بولغان بالاساغۇنلۇق مۆتىۋەرلەر يەنىمۇ جىددىيرەك تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلىشتى . ئارسلانخان ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە يول قويغان بولسىمۇ ، كېيىن كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ : «جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە ئەل ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، ئىمكانقەدەر دىننى تېزرەك بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم ئىكەن» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇمۇ دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، بىر تەرەپتىن ، تەرغىباتنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇردى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، باشباشتاقلىق قىلىپ ، قېچىپ يۈرگەن قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارغا قورال كۈچى بىلەن بېسىم ئىشلەتتى . ئۇيەر - بۇيەردە ساقلىنىپ قالغان بۇتخانا ۋە چېركاۋلار چېقىپ تاشلاندى . بۇددا نوملىرى دۆۋە - دۆۋە قىلىنىپ كۆيدۈرۈلدى . ئىنجىل ۋە تەۋرات ، زەبۇر كىتابلىرى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن ئاختۇرۇپ مۇسادىرە قىلىنىدى . بۇ خىل كىتابلارنى

يوشۇرۇپ ساقلىغۇچىلار قاتتىق جازاغا تارتىلدى.

ۋەھالەنكى، بۇ تەدبىرلەر كېيىنچە غەيرىي دىنلاردىكى قەبىلىلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالدى بىلەن ياباقۇ قەبىلىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئاشكارا ھالدا باش تارتىپ، قارشىلىق كۆرسەتتى، ئاندىن باسمىل قەبىلىسىمۇ قوزغىلىپ چىقتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارغا چۇمۇل، يەمەك قەبىلىلىرى قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى يېغىلىق باشلىنىپ كەتتى. سۇلايمان ئارسلانخان مۇسۇلمانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس چوڭ قوشۇن تەشكىل قىلدى. بۇ قوشۇنغا ئۆزىنىڭ كىچىك ئىنىسى مەھمۇد بېكەچ ئارسلان تېگىننى باش قوماندان، بالاساغۇن ھاكىمى مۇھەممەد چاقىرتوناقاخاننى مۇئاۋىن قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. كەڭ كۆلەملىك قاتتىق جەڭلەر بولدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ئەزرائىلغا جانلىرىنى تاپشۇرۇشتى. ئاخىر، ئىلى ۋادىسىدا مەھمۇد ئارسلان تېگىن، ئىمىل دەرياسى بويلىرىدا مۇھەممەد چاقىرتوناقاخان ھەل قىلغۇچ جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىپ، تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن باشقا جايلاردىكى ئىسيانچىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئارسلان تېگىنگە تەسلىم بولۇپ، ئارسلانخانغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

شۇنداق قىلىپ ساتۇق بۇغراخان كاشغەردە ئىسلامىيەتنى رەسمىي يولغا قويغان ۋاقىتتىن بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن قاراخانىيلار تەۋەسىدە ئىسلام دىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئومۇملاشقان بولدى.

ئەمدى پاراكەندىچىلىكلەر بېسىقىپ، ئەل ئىچى تىنچلاندى. ئەڭ چەت جايلاردىكى كۆچمەنلەرمۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. مىلادىيە 1043 - يىلى بۇلغار ۋە بالاساغۇن ئارىلىقىدىكى چۆللەردە كۆچمەنلىك قىلىپ ياشايدىغان ئون مىڭ ئۆيلۈك چارۋىچى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىمان ئېيتتى.

بۇ ئىشنىڭ شۇ قەدەر ئوڭۇشلۇق ۋە رازى - رىزالىق بىلەن بىر تەرەپ بولغانلىقىدىن سۇلايمان ئارسلانخان ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. مانا بۈگۈن ئۇ ئۆز يېقىنلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاشۇ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بىر قىسىم ئورۇقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.

كوچىلارنىڭ ئاۋۇللىرى خېلى يىراق ئىدى. بالاساغۇنلۇقلار كونا پاتاي دېگەندە قونالغۇغا توختاشتى. يايلاقتىكى ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن تولغىنىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك ئېقىن سۇنىڭ بويىغا ھەش - پەش دېگۈچە چېدىرلار تىكىلىپ، داش قازانلار ئېسىلدى، مۇلازىملارنىڭ ئىككى چاقلىق ئېگىز ھارۋىلىرىغا بېسىپ كېلىنگەن قوچقارلار بوغۇزلاندى.

ئارسلانخاننىڭ قىزىل شايى چېدىرىدا قويما كۈمۈش چىراغپايلارغا ئوت يېقىلدى. مەھمۇد ئارسلان تېگىن، مۇھەممەد چاقىر تونقاخان ۋە شەيخۇلئىسلام ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا كەچلىك غىزادا خاقانغا ھەمراھ بولدى.

بۇ ھەمداستىخان بولغۇچىلارنىڭ روھىي كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇلار يېڭىدىن شۇنچە كۆپلىگەن پۇقرالارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەرىپلەپ پىكىر بايان قىلاتتى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى ھەققىدىكى ھېكايەتلەرنى سۆزلەيتتى.

— ئەمدى بىزنىڭ تەۋەيىمىزدە غەيرىي دىندىكىلەر قالمىدى بولغاي، — دەپ خىتاب قىلدى شەيخۇلئىسلام ھىسامىددىن ۋە ئارقىدىنلا خاقانغا خۇش چىراي بېقىپ، بويىنىنى ئەگكەن ھالدا قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى، — بۇنداق غايەت زور تەنتەنە باشپاناھىمىز سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرىنىڭ دانا تەدبىرلىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى، ئەلۋەتتە!

شۇ گەپلەرنى قىلىپ، ئۇ بەكلا ئاشكارا خۇشامەت بىلەن بوشقىنا كۈلۈپ قويدى.

— ئەمدىغۇ ئەل ئىچىدە پاراكەندىچىلىكلەر قايتا يۈز

بەرمەس، — دېدى مەھمۇد ئارسلان تېگىن كۆڭلى تىنغان ئاھاڭدا.

مۇھەممەد چاقىرتوڭاخان ئۇلارنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھېسسىياتىغا ئانچە ئورتاقلىشىپ كەتمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— بۇ ئەلۋەتتە، كاتتا ئىش بولدى، — دېدى ئۇ خىيالچان قىياپەتتە، ئاندىن سورۇندىكىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كۆز ئالدىمىزدىكى بىر غەمدىن قۇتۇلغاندەك قىلساقمۇ، پېقىرنىڭ پىكرى - خىيالى يەنە بىر غەمدىن خالاس ئەمەس. دېمەكچىمەنكى، خان جەمەتى، ھەرقايسى يۇرت بەگلىرىنىڭ ئارىسىدىكى كېلىشمەسلىكلەرمۇ مۇشۇنداق ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇپ كەتكەن بولسا، تېخىمۇ بەلەن ئىش بولاتتى.

ئارسلانخان ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى - دە، بېشىنى ئېگىپ شۈك بولۇپ كەتتى. ئۇ توڭاخاننىڭ ھەمىشە ئەلنىڭ غېمىنى يەپ، ئىچى قايناپ يۈرىدىغان ھەمدە كۆڭلىدىكى ئوي - پىكىرلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلەيدىغان تۈز ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ھالاللىق بىلەن بېجىرىدىغان دىيانەتلىك ۋە ئېتىقادلىق ئەمەلدار ئىكەنلىكىگىمۇ قايىل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوردىدىكى رەسىم - قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشتا ياكى خاقاننىڭ رايىغا قاراشتا ئانچە ئىنچىكىلەپ كەتمەيلا ئەركىن پىكىر قىلىشىنىمۇ ئەپۇ قىلاتتى.

— توڭاخان ھەزرەتلىرى ھەق گەپنى قىلدى، — دەپ ئىپادە بىلدۈردى مەھمۇد ئارسلان تېگىن، — خان جەمەتى ئىچىدە ئىناقسىزلىق تۈگىمەيۋاتىدۇ، ھەرقايسى بەگلەر يەر تالىشىپ، سۇ تالىشىپ ياكى بولمىسا، ھېچقانداق سەۋەبسىزلا ياۋۇزلارچە يۈرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق قىلىپ، ئۆزئارا سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بەزىلىرى سىرتىدا كۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئىچىدە ئۆغىسى قايناپدۇ.

— مانا بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ زور خەۋپ، — توڭاخان ئۆزىنى تۇتالماستىن ئۇنىڭغا خىتاب قىلدى، — مانا بۇ بىزنىڭ ھەممىمىز

ئۇچۇن قورقۇنچلۇق ئاپەت ، خەلقىنىڭ ئىستىقبالىنى تۇيۇق يولغا باشلايدىغان يوشۇرۇن ئاپەت !

ئارسلان تېگىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى ئېرغىتىپ قويدى .

— راست ! ھەق راست !

ھىسامىددىن يەنە ئارسلانخانغا قاراپ چىرايىغا كۈلكە يۇگۈرتكەن ھالدا ئېگىلىپ قويدى ، ئاندىن تونقاخانغا كۆز تىكىپ ، نەسىھەت قىلغان تەلەپپۇزدا دېدى :

— ئاللاتائالا ئىشلىرىمىزنى ئاسان قىلىدۇ . ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللا مۆمىن بەندىلىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ .

— ئېيتقانلىرى بەرھەق ، ھەزرىتى شەيخۇلئىسلام ، — دېدى مۇھەممەد چاقىرتونقاخان يەنىمۇ ئۇنلۇكرەك ئاۋازدا ، — ۋە لېكىن ئاللا يولىدا ئىتتىپاقلاشماستىن ، ئۆزئارا ئاداۋەت ساقلاش چوڭ گۇناھتۇر . بۇنداق گۇناھنىڭ ئاخىرەتتە سورىقى بار ، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى كۆزدە تۇتماي ، ئۇششاق شەخسىي مەنپەئەتلەر ئۈستىدە دەتالاش قىلىدىغان بەندىلەرنى ئاللا ئىگەمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ .

— بەس ! — سۇلايمان ئارسلانخان زەردە بىلەن خىتاب قىلدى .

ئۇ تونقاخانغا شۇنداق تىكىلىپ قارىدىكى ، شۇ پەيتتىكى ئۇنىڭ ئەلپازى بەئەينى ئوۋغا چىققان ئارسلاننىڭ تەنھا كېيىككە ئېتىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ خىرس قىلىۋاتقىنىغا ئوخشىشىپ كەتتى . ئارسلان تېگىنمۇ ، تونقاخانمۇ لام ـ مىم دېيەلمەستىن باشلىرىنى ئېگىشتى. چېدىر ئىچىدە بىر ئەسناغىچە ئادەمنىڭ تەنلىرىنى تىكەنلەشتۇرۇۋەتكۈدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى .

بۇ جىمجىتلىقنى يەنە خاقاننىڭ غەزەپلىك ئاۋازى بۇزدى :

— بۇنداق بولمىغۇر پىتنە ـ پاساتلارنى ئېغىزغا ئېلىش شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئەگەشكەنلىكتۇر ، تونقاخان ! بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىچىدىمۇ تۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي بولۇش

تەس ، ۋە لېكىن شۇنداق بولۇشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئورۇقداشلىق مۇناسىۋىتىگە دەخلى يەتمەيدۇ .

— بەرھەق ! ئالىيلىرى دانا پىكىر قىلدى ، دانا پىكىر ! — دېدى ھىسامىددىن ئارسلانخانغا قايتا - قايتا ئېگىلىپ .

مەھمۇد ئارسلان تېگىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ، ئۇن چىقارمىدى .

مۇھەممەد چاقىرتوڭاخان ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان خاقانغا قاراپ ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالدى .

— شەۋكەتلىك ئارسلانخانغا مەلۇم بولسۇنكى ، — دېدى ئۇ ، — پېقىرغا خانلىقىمىز ۋە تېگىنلىرىمىزنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆزلەشتىن ئۆزگە خاھىش ھارام بولغاي . كەمىنە قولىمىزنىڭ بېشى ئالىيلىرىغا تارتۇق قىلىنىشقا ھەرقاچان تەيياردۇر .

— توڭاخان ھەزرەتلىرى تۈز كۆڭلى ، ياخشى نىيىتى بىلەن كۆيۈنۈپ سۆزلىدى ، — دېدى ئارسلان تېگىن ، خاقان ئاكىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ .

ئارسلانخان ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك غايىب بولدى .

— شۇنداق ، — دېدى ئۇ ئاۋۋال ئىنىسىغا ، ئاندىن توڭاخانغا كۆز تاشلاپ ، — چۈشىنىمەن .

قىسقىغىنا سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ يەنە بوش ئاۋاز بىلەن سۆھبەتنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ئۇقتۇردى :

— ھەرقايسىلىرىغا ئىجازەت .

خاقاندىن باشقا ئۇچەيلەن ئورۇنلىرىدىن قوپۇشۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە كەينىچە مېڭىپ ، خان چېدىرىدىن چىقىپ كېتىشتى .

ئەتىسى كۈنى بالاساغۇنلۇقلار سەھەرنىڭ ساپ ۋە سالقىن ھاۋاسىدا يەنە يولغا راۋان بولدى .

يايلاقلار ، ئېدىرلار ، سۈيى مول مۇنبەت تۇپراق... ئاسمان

كۆك ، يەر يېشىل ، گۈزەل ھەم باي بالاساغۇن دىيارى !
سۇلايمان ئارسلانخان ئۆز ئادەملىرى بىلەن يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان شۇ قەبىلىلەرنىڭ تۈرلۈك جايغا پېشىندىن كېيىن يېتىپ كەلدى .
قارىغايلىق تاغ باغرى ، شوخ ھەم سۈزۈك تاغ دەرياسى . يىلقا ، تۆگە ، كالا ، قوي پادىلىرى . ئاق ۋە قارا ، يېڭى ۋە كونا كىگىز ئۆيلەر ، چېدىرلار . ئۇلارنىڭ ئەتراپلىرىدا ئىتلار ۋە كۆندۈرۈلگەن بۈركۈتلەر .
مانا ، ئاشۇ چارۋىچى كۆچمەنلەر ، تاغ ۋە چۆللەردىكى ئىسسىق ۋە سوغۇقتا ئۆڭى قارىداپ كەتكەن ، ساقاللىق ، تېتىك ۋە چەبدەس چەۋەندازلار . كۆرۈنۈشىدىنلا قەيسەرلىكى چىقىپ تۇرىدۇ . باشلىرىغا كىگىز قالپاقلارنى قىرلاپ كىيىۋېلىشقان ياكى قىزىل ، سېرىق ياغلىقلارنى چېكىلەپ تېڭىۋېلىشقان ؛ ئۇچىسىدا ئۇزۇن ۋە كالتە چەكمەن چاپانلار ياكى قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جىلىتكە ، خۇددى شۇنداقلا تېرە شالۋۇرلار ؛ گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن ئۇچلۇق ئۆتۈكلەر ياكى چورۇقلار . ئالىيېشىل يىپەك ۋە چىت كۆڭلەكلەرنى كىيىشكەن ئاياللار ۋە يېرىم يالىڭاچ ، قىزىل يۈزلۈك ساغلام بالىلار . تارىخنىڭ تۈرلۈك بوران - چاپقۇنلىرىدا تاسقىلىپ ، سورۇلۇپ ، ئاخىر مۇشۇ زېمىنلاردا قايتىدىن جەم بولغان قەدىمكى ئۇرۇقلار ، زامانلارنىڭ ئوت - يالقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ ، ئۇزۇن ۋە مۇشكۈل سەپەرلەرنىڭ ئېغىر سىناقلىرىنى باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن مەغرۇر ۋە ئەركىن قەبىلىلەر ! مانا مۇشۇ كۆپنى كۆرگەن قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە شامان ، مانىخەي ، نېستورىيان ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان . ئەمدى ئۇلار مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي تەقدىر داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ ، ئىسلام دىنىنىڭ چوڭ كارۋىنىغا كېلىپ قوشۇلدى .
ئارسلانخان ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى قويۇق ئوت - چۆپ قاپلىغان دۆڭلۈكتە توختاپ ئۇلارغا نەزەر سالدى .

كۆچمەنلەرنىڭ بەگ ۋە ئاقساقاللىرى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، خاقانغا ئېھتىرام بىلدۈردى. بالاساغۇنلۇقلار ئۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاۋۇلغا كىرىپ مېھمان بولۇشتى، ئاندىن ھەمىيلەن كەڭ ۋە تۈز ئوتلاقتا سەپراس بولۇپ، تولۇن ئاينىڭ يورۇقىدا خۇپتەن نامىزىنى بىرلىكتە ئوقۇشتى.

بالاساغۇنلۇقلار بۇ يەردە يەنە بىرنەچچە كۈن تۇردى ۋە بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ يېڭى مۇسۇلمانلاردىن بىر بۆلۈك مۇنتىزىم قوراللىق قوشۇن تەشكىللەندى. بىر قىسىم بەگزادىلەر ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلار كاشغەر ۋە بالاساغۇندىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بېجىرىدىغان ئەمەلدارلىققا تاللاندى.

شۇنداق قىلىپ بالاساغۇن، ئىلى ۋە ئېمىل ئەتراپلىرىدىكى دىنىي ماجىرالار ئاخىرقى ھېسابتا بېسىققان بولدى.

سۇلايمان ئارسلانخان كۆڭلى ئەمىن تاپقان ھالدا ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ بالاساغۇنغا قايتتى. كۈنلەر ئۆتتۈەردى، لېكىن خاقان كاشغەرگە مېڭىش توغرىسىدا ئۈن - تىن چىقارماي يۈرۈۋەردى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئارسلان تېگىن خان ئاكىسىنىڭ ھوزۇرىغا كىردى.

— ياز ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، — دېدى ئۇ، — كاشغەرگە قايتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلمايمىزمۇ؟

ئارسلانخان ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ قىسقىغىنا سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ياق، بۇ يىل بالاساغۇندا قىشلىماقچىمەن.

— بۇغراخان ئاكامنىڭ توي ئىشىغا... — دېدى ئارسلان تېگىن ۋە ئارىسالدى بولۇپ سۆزىنىڭ ئايىغىنى چۇشۇرەلمەي توختاپ قالدى.

بۇ يىل كۈزدە مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى مەھمۇدنىڭ تويى بولماقچىدى. ئارسلان تېگىن خاقان ئاكىسىنىڭ بۇ تويغا نارازى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كاشغەرگە بارماسلىقىنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، مەزكۇر تويدا باش بولۇپ

تۇرۇپ بەرمەسلىكىنى ئويلىمىغانىدى. ھالبۇكى، ئارسلانخان شۇ چاغقىچە بالاساغۇندا قىشلاپ باقمىغان!

ئارسلان تېگىن مەيۈسلۈك بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇ ئىككى ئاكىسىنىڭ ئەپ بولۇپ چىقىشىپ ئۆتۈشىنى چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلاتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ قولىدىن كېلىشىچە مادارىچىلىق قىلىپ باقتى. لېكىن، بۇ ئىككى خان ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتتە دېگۈدەك ئۆزگىرىش بولماي كەلمەكتە ئىدى. مانا ئەمدى چوڭ ئاكىسى بۇ تويغا قاتناشمىسا ئارىدىكى سوغۇقچىلىق ئاشكارا زىددىيەتكە ئايلىنىپ كەتمەمدۇ؟

ئۆز نۆۋىتىدە ئارسلانخاننىڭمۇ چاندۇرمىغىنى بىلەن، كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئىنىسى مۇھەممەد بۇغراخاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھۈسەين ئارسلان ئىلىك خاندىنمۇ رەنجىيتتى. ئۇلار ئوغۇل ئۆيلەشتەك ئائىلىۋى چوڭ ئىشتىمۇ خاقاننىڭ پىكرىنى ئالمىدى، رايىغا باقمىدى. بۇنداق ئىشلار خاقاننىڭ ۋە خان جەمەتى ئىچىدىكى مويسىپىتلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇغراخان ۋە ئىلىك خان بولغۇچىلار خان جەمەتى ئىچىدە قۇدىلىششى كېرەك ـ دە! بۇ خانلارنىڭ تاغىسى بولغان توغانخاندەك ھۆرمەتلىك زاتنىڭ نەۋرە قىزىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، قانداقتۇر نام ـ نىشانسىز كەنت ئاقساقـ لىنىڭ قىزىنى لايىق كۆرۈش ئەقىلگە سىغىدىغان ئىشمۇ؟! توغانـ خان ھەزرەتلىرىمۇ شۇ كۆڭلىدە ئىنتايىن خاپا. ئۇ ئۆزكەنتتىن ئارسلانخانغا ئالاھىدە مەكتۇپ يوللاپ، بۇغراخان ۋە ئىلىكخاندىن رەنجىگەنلىكىنى ئۇقتۇرغانىدى.

سۇلايمان ئارسلانخان ئەنە شۇنداق چىگىش خىياللار بىلەن دېلىغۇل بولاتتى. «ئەگەر، — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — كاشغەرگە بېرىپ، بۇ تويغا باش بولۇپ بەرسەم، توغانخان ۋە يەنە بەزى خانلار مەندىنمۇ نارازى بولۇشىدۇ».

ئارسلانخان ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئىنىسى ئارسلان تېگىنگە غەمكىن قارىدى.

— مەن بالاساغۇندا قىشلايمەن، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ، — يېقىندىن بۇيان ساقلىقىم ئانچە ياخشى بولماي قېلىۋاتىدۇ. يول ئۈستىدە بىتاب بولۇپ قالماي دەيمەن. مېنىڭ ئورنۇمدا ھەسەن تېگىن بىلەن ئىككىڭلار كاشغەرگە بېرىپ، بۇغراخان ۋە ئىلىكخاننىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار.

— باش ئۈستىگە، خان ئاكا!

شۇنداق قىلىپ، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ كىچىك ئىنىسى مەھمۇد ئارسلان تېگىن غازى ۋە ئوغلى ھەسەن تېگىن دەرھال جابدۇنۇپ، كاشغەرگە راۋان بولدى.

## توققۇزىنچى باب

## توي

تويىنىڭ داغدۇغىسى چوڭ بولدى. ھۆسەين ئارسلان ئىلىكخانىنىڭ چاكارلىرى مالىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ نازارەتچىلىكى ئاستىدا تۈرلۈك كىيىم ـ كېچەك، ئەن رەخت، تەڭگە ۋە يارماقلار بېسىلغان ئېگىز ھارۋىلارنى ئەتىگەندىلا ھەيدىشىپ، ئوپال تەۋەسىدىكى بارلىق كەنتلەرنى ئالا قويماي ئارىلاپ چىقىشتى. ئۇلار بۇ مال ۋە پۇللارنى بۈگۈن تويى بولۇۋاتقان يىگىت بىلەن كېلىننىڭ «باش ـ كۆزىنىڭ سادىغىسى بولسۇن» دەپ نامراتلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

ئازىق قەلئەسىنىڭ كۈنگۈرىلىك سېپىللىرى ئۈستىگە قىزىل ۋە سېرىق بايراقلار، چوڭ ـ كىچىك تۇغ ـ ئەلەملەر تىكلەندى. دەرۋازىلار كەڭ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئالدىراش قاتراپ، كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن پىيادە ۋە ئاتلىق خىزمەتكارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. قىممەتلىك لىباسلارنى كىيىشكەن ئەمەلدارلار جىددىيلىشىپ، ھەر خىل ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇراتتى، ئۈنلۈك تۈۋلاپ بۇيرۇق بېرىشەتتى، قۇللار ۋە خىزمەتكارلارنى چاقىراتتى ۋە ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرتەتتى. ئاتلىق ۋە ھارۋىلىق مېھمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تۇراتتى.

ھۆسەين ئارسلان ئىلىكخان قەلئەنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئىززەتلىك مېھمانلارنى قارشى ئالاتتى، ھەربىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سالاملىشىپ، تويخانىغا باشلايتتى. مېھمانلار

تويخانىغا ، يەنى مېھمانلارنى كۈتۈش ئۈچۈن راسلانغان چوڭ خانىغا كىرگەندىن كېيىن ، بۇ يەردە ئولتۇرغان مۇھەممەد بۇغراخانغا سالام بېرىشەتتى ، ئاندىن تام ياقىلاپ سېلىنغان كىمخاب يېكەندازلارغا ئولتۇرۇشاتتى .

يىراق ـ يېقىندىن قەدەم تەشرىپ قىلغان بۇ مەرتىۋىسى ئۇلۇغ مېھمانلار مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ چىرايى ۋە ئۆزىنى تۇتۇشىغا ئاللاھىدە زەن سالاتتى ، چۈنكى ئۇلار بۇ تەڭسىز تويغا قارىتا ئۇنىڭ ئىپادىسى قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشكە قىزىقاتتى . ھالبۇكى ، بۇغراخاننىڭ ھەر دائىمقىدەك سۇرلۇك قىياپىتىدىن ھېچكىم ھېچنېمىنى بىلەلمىدى .

مۇھەممەد بۇغراخان دەسلەپتە مەھمۇدنىڭ ئۆزى تاپقان لايىقى ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلىغاندا غەزىپى قايناپ چېچىلىپ كەتكەنىدى . ئەمما ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئۇشتۇمتۇت پەسكويغا چۈشۈپ ، بۇ تويغا رازىلىق بەردى ۋە ھەتتا مەھمۇدنىڭ تويلۇق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . بىر قىسىم خان ، تېگىن ، ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا ھەيران بولۇشتى . ئۇلار بۇ تەرسا بۇغراخاننىڭ ئۆز سۆزىدىن يېنىپ ، ئۆزىنىڭ خاھىشىغا مۇخالىپ ئىشقا كۆڭەنلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى . كېيىنچە ، بۇنداق ھەيران بولغۇچىلارمۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەن سىياقتا باشلىرىنى لىڭشىتىپ : «راست ، ئۇ نەۋرىسى مەھمۇدنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ئەمەسمۇ . ئاغزىدىن چىققىنىنى قىلىپ بېرىپ يامان ئۆگىتىپ قويغان . مانا ئەمدى ئۇنى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ ـ دە» دېيىشتى . دەرۋەقە ، بۇغراخان ئىشنىڭ چىگىغا چىققانلىقىنى كۆرۈپ ، مەھمۇدقا بېسىم ئىشلىتىشنى خالىمىدى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بۇ كىتابخۇمار نەۋرىسىنى بەك ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا ، ئارتۇقچە قاتتىقلىق قىلماي ، ئۇنى مەيلىگە قويدى . «ئەگەر شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى خۇش بولىدىغان ئىش بولسا مەيلى ئەمەسمۇ ، — دېدى ئۇ ئاخىر ، — ئەتە ـ ئۆگۈن ئەقلىنى تېپىپ ، خان جەمەتى ئىچىدىن ئۆيلىنىشنى خالاپ قالسا ،

يەنە بىر قېتىم نىكاھلانسىمۇ بولىدۇغۇ» .
شۇنىڭ بىلەن ئۇ توينى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تالاستىن ئوپالغا كەلدى .
بۈگۈن ئەتىگەن مۇھەممەد بۇغراخان ئۆزى تەييارلىغان تويلۇق كىيىملەرنى ئۆز قولى بىلەن مەھمۇدقا تۇتقۇزدى . ھەتتا زەرباپ تون بىلەن مەخمەل يەكتەكنى ئۇنىڭغا ئۆزى كىيدۈرۈپ قويدى ۋە پەش، ياقىلىرىنى تارتىشتۇرۇپ تۈزەشتۈردى .
مانا ئەمدى شۇ بۇغراخان توينىڭ ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مېھمانلارنى قارشى ئالماقتا .
قەلئە ئىچىدىكى بارلىق خانىلارغا ئەر ۋە ئايال مېھمانلار تولۇپ كەتتى .
ئالتۇن تارىم بويى رابىيە كېنىزەك ۋە باشقا قىز ـ چوكانلارنى تەشكىللەپ ، كېلىننى كۆچۈرۈپ كېلىشكە تەرەددۇت قىلماقتا ئىدى .
خىللانغان سازەندىلەر ئۆزۈلدۈرمەي ناخشا ۋە سازلىرىنى ياڭرىتىپ تۇراتتى .
ئۇنلۇك خىتابلار ، كۈلكە ـ چاقچاق ۋە نەغمە ـ ناۋالار بارغانسېرى ئەۋج ئالماقتا ئىدى . ئالدىراشلىق ۋە قىزىقچىلىقتا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلىنمەيتتى .
بالدۇر كەلگەن مېھمانلار كېچىكىپ كەلگەنلەرگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ :
— قىز كۆچۈرۈشكە كېتىشتى ، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى ، — دېيىشىپ تۇرغان ئارىلىقتا ، تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان چىلان تورۇق ئارغىماققا مىنگەن ياش چاپارمەن يىگىت قەلئەنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن قۇيۇندەك ئۇچۇپ كىردى ـ دە ، جىددىيلەشكەن ھالدا قولىنى شىلتىپ ، ياڭراق ئاۋازدا جار سالدى :
— نىكاھ ئوقۇلۇپ بولدى ! يولدا كېلىۋاتىدۇ ! يىگىت ـ قىزنى كۈتۈۋېلىشقا تەييار تۇرۇڭلار !
— تەييار ، تەييار ! مانا يولغا قاراپ تۇرۇۋاتىمىز ، —

تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازلىرى ئاڭلاندى .
مۇلازىملار ، قۇللار ۋە كېنىزەكلەر پايپېتەك بولۇشۇپ ،
يىگىت ـ قىزنى كۈتۈۋېلىشقا ھەممە ئىشنى تەق قىلىپ تۇرۇش
ئۈچۈن ھەش ـ پەش دېگۈچە خۇددى قويۇندا قالغان خازانىدەك ھەر
تەرەپكە چېچىلىپ ، يۈگۈرۈپ كېتىشتى . ياش چاپارمەن بولسا ، بۇ
يەردىكى تەييارلىقلارنىڭ تەق ئىكەنلىكىنى قىز كۆچۈرگۈچىلەرگە
يەتكۈزۈش ئۈچۈن بايا قەلئەگە قانداق شىددەت بىلەن كىرگەن
بولسا ، يەنە شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ چىقىپ
كەتتى .

مېھمانلار ئۆرۈتۆپە بولۇشۇپ ، چوڭ دەرۋازا تەرەپكە كۆز
تىكىشتى .

قەلئەنىڭ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن چوڭ دەرۋازىسىدىن تارتىپ
تاكى كېلىن ھوجرىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە زەر گۈللۈك قىزىل
تاۋاردىن پاياندار سېلىنىدى . خۇددى شۇنداقلا تاۋار ـ دۇردۇنلارغا
پۈركەنگەن ساھىبجامال قىز ـ چوكانلار ئالدىرىشىپ :

— مۇندۇرى[1] ! تېز بولۇڭلار ، مۇندۇرىنى باشلايمىز ! —
دەپ بىر ـ بىرىنى چاقىرىشتى .

كۆپچىلىك چۇقان سالدى :

— كەلدى !

— قاراڭلار ، كېلىۋاتىدۇ !

سازەندىلەر مۇندۇرى بەزمىسىنىڭ شوخ ، جۇشقۇنلۇق
كۈيلىرىنى باشلىۋەتتى .

مەھمۇد ھۇسەين ئوغلى بىلەن چولپان ئابدۇلكېرىم قىزى
قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوتقاشتەك جۇلالىق پاياندازغا قەدەم
بېسىپ كەلمەكتە ئىدى . نەغمىچى يىگىت ـ قىزلار مۇندۇرى
قوشاقلىرىنى ئاھاڭغا چۈشۈرۈپ ئېيتىشقا باشلىدى ، لېكىن
پاياندازنىڭ ئىككى چېتىدە قىستىلىپ كەتكەن ياشلارنىڭ ۋاراڭ ـ

---

[1] مۇندۇرى — كۈيئوغۇل بىلەن كېلىننىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ چېچىلىدىغان بەزمە .

چۈرۈڭلىرى ھەم شادىيانە نىدالىرى ئارىسىدىن بۇ قوشاقلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولماي قالدى.

مەھمۇد بىلەن چولپان يانمۇيان مېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ تويلۇق ھۇجرىسىغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

مەھمۇدنىڭ بېشىغا ناۋات رەڭلىك يىپەك سەللە ئورالغان، سەللىسىنىڭ ماڭلاي ئورنىغا ئۆرۈكتەك چوڭلۇقتىكى يېشىل زۇمرەت چەش ئورنىتىلغانىدى. ئۇ ئاق شايى تونىنىڭ ئۈستىدىن يېشىل مەخمەل يەكتەك كىيگەن بولۇپ، كۈمۈش كەمىرىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توقا بېكىتىلگەن. قىزىل خۇرۇم ئۆتۈكلىرىنىڭ كەڭ قونچىلىرىغا گۈل چىقىرىپ زەر تۇتۇلغانىدى.

چولپانىنىڭ ئۈستىبېشىغا نەزەر سالغۇدەك بولساق، شۇ تاپتا ئۇنىڭ سۇمباتلىق بويىدا جەم بولغان شۇنچە كۆپ ئالتۇن، جاۋاھىراتنى ئۇ ئاران كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ بېشىغا ئالتۇندىن ياسالغان گۈل تاج كىيگەن، بوينىغا ئاسقان توقۇز① قۇر قىممەتلىك مونچاق كۆكسىگە ئېسىلىپ چۈشۈپ، ھەسەن - ھۈسەندەك كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ. مونچاقلارنىڭ تۆپىسىدىن يوغان باقان، يەنى ئالتۇندىن ياسالغان چەمبەر شەكلىدىكى بويۇن ھالقا سېلىنغان. قۇلاقلىرىدا يامغۇر تامچىلىرىدەك چېچىلىپ تۇرغان سىرغا، نازۇك بىلەكلىرىدە قوش - قوش ئالتۇن بىلەزۈك، ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بارماقلىرىدا ياقۇت ۋە ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكلەر. ھال رەڭ نېپىز كۆڭلىكى ئۈستىدىن كىيىلگەن ئىسلىق يېشىل پىنجىكىنىڭ جىيەكلىرىگە ئاق، سېرىق مەرۋايىتلار گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن. چاققانغىنا ئۆتۈكلىرىنىڭ كالتە قونچلىرى ۋە ئۇچلۇق قايرىلما تۇمشۇقلىرىغا تىللا، تەڭگىلەر قادىلىپ زىننەتلەنگەن.

مەھمۇدقىمۇ، چولپانغىمۇ بىرنەچچىدىن قولداشلىرى ھەمراھ

---

① توقۇز — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەقىدىلىرىدە توقۇز رەقىمى ئۇلۇغلۇق ۋە ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ.

بولغاندى. چولپانغا قولداش بولغان قىزلارنىڭ كەينىدىن يەنە ئۈششاق گۆللۈك كىمخاب تون كىيگەن، يۈز - كۆزلىرىگە قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان مامۇ، يەنى يەڭگە ۋە ئاچ كۆك مەخمەلدىن ئارا چاپان كىيگەن ياش ۋە بېجىرىم ئەگەت، يەنە كېلىن بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىلىدىغان ئايال خىزمەتكار ئىز بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار خانلارنىڭ تۇرار جايىغا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كىرىۋاتقان بولغاچقا، سەل ھودۇققان ھالدا باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، ئاندا - ساندا ئۆپچۆرىسىگە ھەۋەسلىنىپ كۆز يۈگۈرتۈپ قوياتتى.

ھۇجرىنىڭ ئىشىك ئالدىدا بىر توپ قىزلار ئالتۇن ۋە كۈمۈش تاۋاقلارنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشاتتى. بەزى تاۋاقلارغا تۇرلۇك يەل - يېمىشلەر، بەزىلىرىگە تىللا ۋە يەنە بەزىلىرىگە كۈمۈش تەڭگىلەر، ئۈنچە - مەرۋايىتلار دۆۋىلەپ سېلىنغاندى. بۇ قىزلار پاياندازنىڭ ئىككى چېتىدە قاتار تىزىلىپ تۇراتتى.

يىگىت بىلەن كېلىن شۇ قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا چاچقۇ چېچىلدى.

— قۇتلۇق بولسۇن!

— مۇبارەك بولسۇن! — ئەتراپتىكىلەر ئۈنلۈك خىتاب قىلىشتى.

تاۋاقلاردىكى يەل - يېمىشلەرنى ئوچۇملاپ ئېلىپ، يىگىت بىلەن كېلىننىڭ باشلىرى ئۈستىدىن چېچىۋاتقان قىزلار:

— ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن! بەختلىك بولسۇن! — دەپ ئۈن سالاتتى.

تىللا ۋە كۈمۈشلەرنى چېچىۋاتقان قىزلار:

— پاقلاندەك ئوغۇل كۆرسۇن! پەرىزاتتەك قىز كۆرسۇن! — دەپ جاراڭلىق ئاۋازدا توۋلايتتى.

ئۈنچە - مەرۋايىت چېچىۋاتقان قىزلارمۇ قىلىشماستىن چۇرقىرىشاتتى:

— تۇتقان ئۆيى ئۆي بولسۇن! دۆلىتى زىيادە بولسۇن!

مەھمۇد بىلەن چولپان قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۇجرىغا

كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، پاياندار قىلىنغان ئاۋاز ۋە چېچىلىپ بولغان چاچقۇنى شۇ يەردە توپلىشىپ تۇرغان يىگىت ـ قىزلار كۈلكە ـ چاقچاقلار ئىچىدە يۇگۇرۇپ كېلىپ تېرىۋېلىشتى.

نەغمە ـ ناۋا ئەۋجىگە چىقتى. كىشىلەر ئۇسسۇلغا چۈشتى، ناخشا ئېيتىشتى.

ھەرقايسى خانىلاردا ئانار ۋە ئۈزۈم شەربەتلىرىنى ئىچىپ ئولتۇرغان ئاقساقاللار باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىپ، بوش ئاۋازدا تەسىرات ئالماشتۇراتتى:

— سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلمىغىنى قانداق ئىش ـ ھە؟

— ئۆزى كەلمىگىنى بىلەن، چوڭ ئوغلى ھەسەن تېگىننى ئەۋەتىپتۇ.

— ھەسەن تېگىن ئاتىسىنىڭ نامىدىن تولىمۇ قىممەتلىك شاھانە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كېلىپتۇمىش.

— شۇنداق. ئارسلان تېگىن غازىمۇ بالاساغۇندىن خاقانىنىڭ تەبرىك خېتىنى ئەكېلىپتۇ.

— شۇنداق، شۇنداق ... ۋە لېكىن توغانخان ھەزرەتلىرىمۇ كەلمەپتۇ.

— ھىم ...

سۆھبەتداشلار بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى ـ دە، بۇ ھەقتە ئارتۇق سۆزلىمەستىن، پاراڭنىڭ ماۋزۇسىنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى.

قۇلماق ئىچىملىكى بىلەن بۇغداي شارابىنى تولا ئىچىپ كەيپى ئۆرلىگەن ياش بەگزادىلەرمۇ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، مەھمۇد ھەققىدىكى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بىلدۈرۈشتى:

— مەن بۇنداق توينى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغانىدىم!

— شۇ ئەمەسمۇ! ئۆزى خان ئوغلى تۇرۇپ، پۇقرانىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان بارمۇ؟

— ئۆزىنىڭ پاك نەسەبىنى بۇلغايدۇ.

— گۈزەل قىز ئىكەن ئەمەسمۇ !

— ھەي ئەخمەق ، چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولامدۇ ؟ كۆڭلى بولسا ، ئۇنى توقاللىققا تۇتۇپ قويسىمۇ بولىدۇغۇ .

— بۇ مەھمۇدمۇزە ، تازا غەلىتە مىجەزلىك ئادەم بوپتۇ ـ دە ! ئوردا ئىچىدە يۇقىرىراق ئورۇنغا ئىگە بولۇشنىڭ غېمىنى يېمەي ، ئەتىدىن كەچكىچە ئەسەر يازىمەن ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىمەن دەپ يۈرگىنىنى دېمەمسىلەر ، تېخى !

— توۋا !

— ئەقلى بار ئادەم يا مەنسەپ ، يا بايلىقنىڭ كويىدا بولىدۇ .

— توغرا . ئوقۇش ، بىلىم ئېلىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى يەنىلا مەنسەپ تۇتۇش ، باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەسمۇ !

سىرتتىكى گەپلەر قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، مەھمۇد شۇ تاپتا ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم دەپ ھېس قىلاتتى . ئۇ توي تارقىلىپ ، ھۇجرىدا چولپان بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان ئاجايىپ ئىللىق ، مىسلىسىز شېرىن تۇيغۇلارنىڭ ئەسىرلىكىدە گويا مەجنۇن بولۇپ تېڭىرقايتتى ، ھەتتا گەپمۇ قىلالمايتتى . ئۇ پەقەت چولپاننىڭ ئوماق چىرايىغا تويماي ، قانماي كۆز تىكەتتى . چولپان بولسا ، بەختتىنمۇ ياكى ئىزا تارتقانلىقتىنمۇ ، ئىششىلىپ بىر قىزىرىپ ، بىر تاتىرىپ ، ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئېلىپ ، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك ئولتۇراتتى ۋە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مەھمۇدقا قىيا كۆزدە قاراپ قوياتتى .

تاشقىرىدىن مەرىكە سورۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئەر ۋە ئايال خىزمەتكارلارنىڭ گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر ئاۋازلىرى ، ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاياغ شەپىلىرى ، قەيەردىدۇر بىر يەردە ئىتلارنىڭ قاۋاپ قويۇشلىرى تېخىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ھۇجرا ئىچىدە يەنىلا جىمجىتلىق . چولپان بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلدىيۇ ، ئۈنچىقمىدى . شۇنداقتىمۇ ، مەھمۇدقا ئۇ ئاغزى بىلەن ئەمەس ، يۈرىكى بىلەن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن

يالقۇنلۇق ۋە مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۇلار ھېلىقى تەۋەررۈك تالزارلىقتا قىسقىغىنا كۆرۈشكەندە چولپان ئۇنىڭغا : «مەھمۇد ، سىز نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل ، ئالىيجاناب ! خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئۆمرۈم بويى سىزنى رازى قىلىمەن . ئىلاھىم ، سىزگە بولغان ساداقىتىمنىڭ قانچىلىك چىڭ ، ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە ئىسپاتلاپ كۆرسىتىش نېسىپ بولسا ئىدى ، ئاندىن ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايتتى» دېگەنىدى . شۇ سۆزلەر مەھمۇدنىڭ قۇلاقلىرىدا ھازىرمۇ جاراڭلاپ تۇراتتى .

ھۇجرا ئىچى قاراڭغۇلۇققا چۆمدى . تاشقىرىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار تەدرىجىي بېسىقتى . جىمجىت ، جىمجىت...

مەھمۇد ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشىنى تىڭشاپ تۇرۇپ ، چولپاننىڭ ئاشۇ ئۇنتۇلماس سۆزلەرنى قىلغان چاغدىكى سىيماسىنى ، ئۇنىڭ ئاشۇ تەڭداشسىز شېرىن قىزىل لەۋلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا شائىرانە خىياللارغا بېرىلىپ كەتتى . «ئۇنىڭ لەۋلىرىنى تەرىپلەپ نەزم يېزىشقا توغرا كەلسە ، نېمىگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلەشكە بولار ؟ ئانار دانىسىغىمۇ ؟ جىنەستىگىمۇ ياكى قىزىلگۈلگىمۇ ؟ »

# ئونىنچى باب

## مەھمۇد كاشغەرىي

ئىككى يىل ئۆتتى ...

چەۋەندازلارچە يەڭگىل ۋە ئەپچىل كىيىنگەن تورۇمتاي بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ، ئالتۇن تارىم چولپانئايغا تەزىم قىلدى ۋە:

— مەھمۇد ئىبنى ھۇسەين ھەزرەتلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئارتۇچقا[1] مېڭىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ قويدۇم، — دەپ مەلۇمات بەردى، — ئاتلارنى ئېگەرلەپ قويدۇق، نۆكەرلەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

چولپان ئارىسالدى بولۇپ قالدى. مەھمۇد ئۆزۈندىن بويان يېزىقچىلىق ئىشىغا باش چۆكۈرۈپ كىرىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ئىشقا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتكەنىدىكى، پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۇنتۇغانىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە يازاتتى، كىتاب كۆرەتتى، قولىيازمىلارنى ئاختۇراتتى، خىيال سۈرەتتى ۋە يەنە يازاتتى. شۇ تەرىقىدە جىددىي ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشقانىدى. بۇ جەرياندا بىرنەچچە قېتىم تىل تەكشۈرىمەن دەپ كاشغەر ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەرنى ئايلاندى، بارسغان دىيارىغىمۇ بېرىپ كەلدى. ھەر قېتىم سەپەردىن قايتقاندا ئۆزى خاتىرىلىگەن بىر تالاي قولىيازمىلارنى ئەكېلەتتى. بۇنداق قولىيازمىلار تەكچىلەرگە توشۇپ كەتكەنىدى.

---

[1] ئارتۇچ — ئاتۇش.

تونۈگۈن مەھمۇد چولپانغا : «چارچاپتىمەن . تەپەككۇر قىلىشىم ئېغىرلىشىپ قېلىۋاتىدۇ . بىر مەزگىل ئارام ئالمىسام بولمىغۇدەك . ئارتۇقچا بارايلى . ئالدى بىلەن ساتۇق بۇغراخان مازىرىنى تاۋاپ قىلايلى، ئاندىن بىرنەچچە كۈن سەيلە ـ ساياھەتتە بولايلى» دېگەنىدى . ئەر ـ خوتۇن شۇنىڭغا پۈتۈشكەندىن كېيىن مەھمۇد تۇرۇمتاينى چاقىرىپ، ئەتە چاشگاھتىن كېيىن سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى، شۇنىڭغىچە يول تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈش لازىملىقىنى ئۇقتۇرغانىدى .

تۇرۇمتاي ئەنە شۇ سەۋەبتىن كىرىپ، ئالتۇن تارىم چولپانئايغا تەييارلىقنىڭ تەق بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەردى . ھالبۇكى، مەھمۇد تاڭ سەھەردىلا يەنە يېزىشقا تۇتۇش قىلىپ كەتكىنىچە ئىشخانىسىدىن تېخى چىقمىغانىدى . چولپان بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا، تۇرۇمتاينىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «مەھمۇدقا خەۋەر قىلايمۇ ياكى ئۆزى چىققۇچە كۈتۈپ تۇرايمۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن ئارىسالدى بولۇپ قالدى .

چولپانمۇ، تۇرۇمتايمۇ بىر ئەسناغىچە شۈك بولۇپ، مەھمۇدنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە قۇلاق سالدى . ھېچقانداق شەپە يوق . چولپان پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ بېرىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىشىكنى سەل ـ پەل ئېچىپ مارىلاپ باقتى . مەھمۇد شىرە ئۈستىگە ئېڭىشىپ قەلەم تەۋرىتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ قاشلىرى ھىمىرىلگەن، كۆزلىرى ئويچان بولۇپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

چولپان يەنە تۇرۇمتاي تەرەپكە قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىپ، ئىشىكنى ياپاي دەپ تۇرۇشىغا مەھمۇد بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ھارغىن چىرايىدا مۇلايىم كۈلۈمسىرەش ئىپادىسى ئەكس ئەتتى . چولپان خۇش بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىردى .

— تۇرۇمتاي سەپەر تەييارلىقى پۈتكەنلىكىنى ئېيتىپ

كىردى ، — دېدى چولپان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ .

مەھمۇد دەسلەپتە گەپنىڭ نېمە توغرىسىدا بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى ، ئاندىن دەرھال ئېسىنى يىغىۋېلىپ ، خىتاب قىلدى :

— ھە ، راست ، راست ! ئارتۇقچا بارماقچى ئەمەسمىدۇق ! بىردەمدىلا يادىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى قارىغىنا .

شۇ خىتابتىن كېيىن ئۇ يەنە جىمىپ قالدى . نېمىلەرنىدۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن چولپانغا يەنە كۈلۈپ قارىدى .

— بولدى ، ئارتۇقچىمۇ بارمايلى ، — دېدى ئۇ ، — ھېچ يەرگە بارمايمىز . كەل ، يېنىمدا ئولتۇرغىنا .

چولپان ئىشىك تەرەپكە كۆز تاشلىدى .

— تۇرۇمتاي سىزنىڭ يولىيورۇقىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ .

— ئۇنىڭغا سەپەر ئەمەلدىن قالدى دەپ ئېيتىپ قويغىن .

چولپان چىقىپ كەتتى .

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، مەھمۇد ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئوپال دىيارىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغانىدى . ھۈسەيىن ئارسلان ئىلىكخان ئوپالنى ئوغلى مەھمۇدنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ بارسغانغا كەتكەنچە ، ئالاھىدە مۇھىم ئىشى چىقىپ قالمىسىلا ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۇ يەرگە كەلمەيتتى . ۋەھالەنكى ، مەھمۇد ھۆكۈمدارلىق مەرتىۋىسىگە ئانچە ھەۋەس قىلمايتتى . بارلىق ئىگىلىك ئىشلىرىنى قاپۇغ باشى باشقۇراتتى . مەھمۇد ئۆزى بولسا ، باش چۆكۈرۈپ تىل تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ۋاقتى ۋە ئەقلىي قابىلىيىتىنى مۇشۇ ئىشقا بېغىشلىغانىدى .

چولپان تۇرۇمتايغا سەپەرنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ يېنىپ كىردى . مەھمۇد ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، تامدىكى تۈچ ئىلگۈچكە ئېسىپ قويۇلغان بارىبتىنى ئالدى ـ دە ، قەغەز ، قەلەم ۋە دۇۋەت قويۇلغان شىرەدىن چەتكىرەك باداشقان قۇرۇپ

ئۆلتۇردى.

— كەل، چولپان، بىردەم ناخشا ئېيتايلى.

چولپان ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ يۈكۈندى ۋە ئۆز ئىچىدە: «يېزىۋاتقان ئەسىرى ئوڭۇشلۇق چىقىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. مەھمۇدنىڭ خۇلق - مىجەزى ۋە روھىي ھالىتىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبلىرىنى چولپان بىلمىسە، كىم بىلسۇن! ئۇنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قايغۇسىنىمۇ چولپان چۈشەنمىسە، كىم چۈشەنسۇن! دەرۋەقە، مەھمۇد بۈگۈن بۆلەكچىلا شادلىققا تولغانىدى. يەنە كېلىپ، بۇ شادلىقنىڭ سەۋەبى دەل چولپاننىڭ ئويلىغىنىدەك ئىدى.

— ئۆزۈڭدىن بېرى بېشىمنى قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىۋالدىم، — دېدى مەھمۇد، — ئەمدى بۇ ئەسەرنى يېزىشىم كۆپ راۋانلاشتى. ئاللا خالىسا، كېلەركى ئايغىچە تاماملايمەن.

بۇ گەپلەرنى ئېيتقاندا، ئۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئاۋازى ئېگىز - پەس چىقىپ كەتتى، ئويچان كۆزلىرى جانلىنىپ، نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە چولپانغا كۈلۈپ قارىدى. مەھمۇد خۇشال بولسا خۇشال بولۇپ، قايغۇرسا تەڭ قايغۇرىدىغان چولپان كۆڭلى ئۆسكەن ھالدا خۇش تەبەسسۇم ئەيلەپ، شىرە ئۈستىدىكى دەستە - دەستە قەغەزلەرگە نەزەر سالدى، ئاندىن مەھمۇدقا يېقىملىق ناز بىلەن سۈركىلىپ، خۇش چىراي باقتى.

— قېنى، چولپانئاي، ناخشا ئېيتقىنا.

مەھمۇد ئۇڭ قولىنىڭ يېڭىنى شىمايلاپ تارلارنى چەكتى. باربىت ساداسى جاراڭلىق ياڭرىدى. چولپان ئۆزى ئىجاد قىلغان سۆيگۈ قوشاقلىرىنى ئاھاڭغا چۈشۈرۈپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. مەھمۇد ئۇنىڭغا قاراپ ئىشقى بىلەن كۈلدى، بېشىنى ئىرغىتىپ ئۇنى يەنىمۇ رىغبەتلەندۈردى ۋە باربىتنى تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن بېرىلىپ چالدى. چولپان ناخشا ئېيتقانسېرى ھېسسىياتلىق

كۆزلىرىدە شۇنچە جۇشقۇنلۇق ، شۇنچە لەززەت بېغىشلىغۇچى مەنىلەر ، شۇنچە چوڭقۇر سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى ئەكس ئەتمەكتە ئىدى . بۇ بىر جۈپ بەختىيار ئەر - خوتۇن نىكاھلانغاندىن تارتىپ شۇ چاغقىچە ئۆزلىرىنىڭ غايىۋى يۈكسەكلىكىدىكى سۆيگۈ دېڭىزىنىڭ تېنىمسىز دولقۇنلىرىدا چۆمۈلۈپ ، جۇنۇن سۇپەت شەيدالىقتا كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى .

خاس قول تۇرۇمتاي تاشقىرىغا چىقىپ ، ئىمارەتنى چۆرىدەپ تېرىلغان گۈلزارلىق ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت خوجايىنى مەھمۇدنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىۋاتقان باربىت ۋە ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدى . ئۇ ئىشخانىنىڭ پەنجىرىسىگە قاراپ قولاق سالدى ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى . «بۇ ئاشىق - مەشۇقلار ئۆمۈربويى بىر - بىرىگە قانماي ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — بوش ۋاقتى چىقسىلا مۇشۇنداق ساز چېلىشىدۇ ، ناخشا ئېيتىشىدۇ . بەزى چاغلاردا تېخى نېمە قىلىشىدىكىنتاڭ ، بىر - بىرىنى غىدىقلىشامدىكى ، ئەيتاۋۇر قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ، ئۆي ئىچىنى ئالتوپىلاڭ قىلىشىدۇ . بىراق ، بۇگۈن نېمە قىلغىنى بۇ ؟ ئۆزى ئارتۇقچا بارىمىز دېدى . مانا ھەممە تەييارلىق پۈتۈپ ، يولغا چىقىش ۋاقتىدا ئۆزىچىلا بۇرۇنقى قاراردىن يېنىۋېلىپ ، يەنە ئىشقى قوشاقلارنى ئېيتىپ كېتىپتۇغۇ ! نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتتىكىنا ؟ »

تۇرۇمتاي يەنە بېشىنى چايقاپ ، گاڭگىرىغان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە ئاللىنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ پەنجىرە تۈۋىدىن يىراقلاشتى . ئۇ ئىچكىرىدىكى ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقتى - دە ، نۆكەرلەرنى سەپكە تۇرغۇزۇپ ئاتلىنىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغان ياش تارخانغا سەپەرنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى يەتكۈزدى . ياش تارخان ئەپسۇسلانغان ھالدا قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ دومسىيىپ قويدى ، لېكىن زۇۋان سۈرمىدى ۋە نۆكەرلەرنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىپ ، ئۆزىمۇ چىقىپ كەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە مەھمۇدنىڭ ئېشخانىسىدىن نە ناخشا ـ ساز، نە كۈلكە ـ چاقچاق ئاڭلانمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئازىق قەلئەسىدىكىلەر خوجايىنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت جىمىپ كەتكەنلىكىدىن يەنە ھەيران بولۇشتى. مەھمۇد سىرتقىمۇ كۆپ چىقمايتتى، كىشىلەر بىلەنمۇ كۆرۈشمەيتتى، ئېشخانىسىغا سولىنىۋالغىنىچە غىزا ۋاقتى بولمىغۇچە چىقمايتتى، كېچىلىرىمۇ ئېشخانىسىدا ئۇزاققىچە چىراغ ئۆچمەيتتى. ئەتىسى ناشتىغا چىققاندا خىزمەتكارلار ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتى، كۆپچىلىك بىلەن داستىخان ئۈستىدە جەم بولغاندىمۇ ئارتۇق سۆزلىمەيدىغان بولۇپ قالغاندى، ھامان خىيال سۈرەتتى، غىزا تاماملانماي تۇرۇپلا خوددى جۆيلۈپ كەتكەندەك ئولتۇرغان يېرىدىن ئىرغىپ تۇراتتى ـ دە، ھېچكىمگە، ھەتتا ئالتۇن تارىم چولپانغىمۇ قاراپ قويماي ئالدىراپ ئېشخانىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ يېنىغا چولپان ۋە خاس مەھرەملىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان تۇرۇمتايدىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيتتى. مەھمۇدنىڭ نېمە ئىش بىلەن بەند بولۇۋاتقانلىقىنى سورىغانلارغا تۇرۇمتاي چىرايىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئالاھىدە مەنىدار ئاھاڭدا:

— يېزىۋاتىدۇ، — دەپلا قوياتتى.

كېيىن مەھمۇد چولپانىنىمۇ بىكار قويمىدى.

— كۆچۈرۈشۈپ بەرگىن، چولپان، — دېدى ئۇ.

شۇنداق قىلىپ ئەمدى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىلا قەلەم تۇتۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. مەھمۇد يازاتتى ۋە بۇرۇن يېزىلغان نۇسخىلارنى تۈزىتەتتى. چولپان ئۇنىڭ قولىدىن چىققانلىرىنى ئاق قەغەزگە ھۆسنخەت قىلىپ كۆچۈرەتتى.

شۇ تەرىقىدە كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى. ئىسسىق پەسىل كېتىپ، سوغۇق چۈشتى، قار ياغدى. ئەنە شۇنداق قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەھمۇد يەنە سەپەرگە جابدۇندى. بۇ قېتىم ئارتۇچقا ئەمەس، بەلكى كاشغەر شەھەر ئىچىگە. تۇرۇمتاي خوجايىنىنى يەنە قارارىدىن

يېنىۋالارمىكىن دېگەن گۇمان بىلەن بىر تەرەپتىن يول تەييارلىقىنى قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن مەھمۇدنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا سەپسالدى. ۋەھالەنكى، مەھمۇدنىڭ گەپ - سۆزلىرى كەسكىن، ئۆزىنى تۇتۇشى جىددىي بولۇپ، ئالدىراشلىق بىلەن ئاتلىنىپ، نۆكەر ۋە مەھرەملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئازىق قەلئەسىدىن چىقتى - دە، يولغا راۋان بولدى.

كاشغەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مەھمۇد ھېچنېمىگە قارىماستىن، شۇ كۈنلا ئۆزىنىڭ پىشقەدەم ئۇستازى شەيخ ئىمام ھۇسەين ئىبنى خەلەپنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ سالام بەردى. ئاقساقال مۇدەررىس ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك شاگىرتىنى كۆرۈپ بەك خۇرسەن بولدى. قۇچاقلىشىپ، ھال - ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن مەھمۇد كېلىشتىكى مۇددىئاسىدىن سۆز ئاچتى:

— مۆھتەرەم ئۇستاز، بىز ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقاندا ئەسىرىمنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەنىدۇق. ئاللانىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن مانا ئاخىر بۇ ئاددىيغىنا ئەمگىكىمنى قولدىن چىقارغان بولدۇم.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ قولتۇقىغا قىسىپ كەلگەن تۈگۈننى شىرە ئۈستىگە قويدى - دە، يېشىل شايى رومالنى يېشىپ، قېلىن بىر دەستە قوليازمىنى چىقاردى ۋە ئۇنى ئىككى قوللاپ ئۇستازىغا سۇندى. شەيخ ئىمامۇ قولىيازمىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ ئالدىغا قويدى. مەھمۇد ئۇستازىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭغا تەقەززالىق بىلەن تىكىلدى. ھۇسەين ئىبنى خەلەپ قولىيازمىنىڭ مۇقاۋا قىلىنغان بىرىنچى بېتىدىكى ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان سەرلەۋھىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

— كىتابى جاۋاھىرۇننەھۋى فىللۇغاتىت تۇرك.

مەھمۇد ھۇزۇرلىنىش ۋە ھاياجانلىنىشنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ ھېسسىياتتا چۆمگەن ھالەتتە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك يېزىپ چىققانلىقىدىن ھۇزۇرلىناتتى. شۇنىڭ

بىلەن بىللە باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ مەزكۇر ئاتاقلىق ئالىمنىڭ بۇ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن تەتقىقات نەتىجىسىگە ياخشى باھا بەرمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپ شۇ يەردىلا بېشىنى كۆتۈرمەستىن قولىيازمىنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىدىن ئون نەچچە بەتنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، مەھمۇد ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتى:

— مۆھتەرەم ئۇستاز، مەزكۇر ئەسەرنى يېزىشتا ئۆزلىرىنىڭ پىقىرغا بەرگەن بىباھا تەلىملىرى، يولىيورۇقلىرى، كۆرسەتمىلىرى گويا بىر نۇرلۇق قىبلىنامە بولۇپ قالدى. بىرمۇنچە قىيىن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ دانا پىكىرلىرىگە تاياندىم. ئۆزلىرى بۇ ئەسەرنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بايان قىلغان كۆز قاراشلىرىغا ئاساسەن بىر قىسىم جايلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزدۈم. لېكىن، شۇنىمۇ يوشۇرۇپ قويۇشۇم لازىمكى، يەنە بىر قىسىم ئورۇنلاردا ئۆز پىكرىمنى ساقلاپ قالدىم. يېنىكلىك قىلىپ، خاتالىقلارغا يول قويغان بولسام، كەمىنە شاگىرتلىرىنى ئەپۇ قىلغايلا، يەنىمۇ كۆپلەپ ئەقىل كۆرسەتكەيلا.

شەيخ ئىمام بۇ سابىق شاگىرتىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن نەزەر سالدى.

— بۇنىڭ ياخشى ئەسەر بولۇپ چىققانلىقىغا ئىشىنىمەن، — دېدى ئۇ، — دەسلەپكى نۇسخىسىلا خېلى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىدى. بۇ ھەقتىكى نۇقتىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىككىمىز سۆزلەشكەنىدۇق. دەرۋەقە، بۇ ئەسىرىڭدە تۈركىي تىللىشۇناسلىق ئىلمىدە ھازىرغا قەدەر تىلغا ئېلىنمىغان يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى يېزىلغان دەۋاتىمەن - دە. شۇنداق بولمىسا، ئەسەرنىڭ قىممىتى بولامدۇ؟!

مەھمۇد ئېھتىرام بىلەن بېشىنى ئېگىپ، ئورنىدىن قوزغىلىپ قويىدى.

— مۆھتەرەم ئۇستازىم، ئۆتكەنكى قېتىم مۇزاكىرىلەشكە-
نىمىزدە مۇھاكىمە يىغىنى توغرىسىدا سۆز ئاچقانىدىلە...

— شۇنداق، — دېدى شەيخ ئىمام، — كاشغەردىكى
تىلشۇناسلارنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ،
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈش كېرەك. بۇ ئىشنى مەن
قىلاي. ئۆزۈم تەشكىللەپ، ئۆزۈم ئۇيۇشتۇرىمەن.

ئۇلار شۇنىڭغا كېلىشىپ خوشلاشتى.

ھۈسەين ئىبنى خەلەپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ
تەييارلىق ئىشلىرىغا دەررۇ تۇتۇش قىلدى. ئوردا كاتىپلىرى ۋە
ساچىيە مەدرىسىنىڭ تالىپلىرىدىن يىگىرمە كىشىنى ئۇيۇشتۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە مەھمۇدنىڭ ئەسىرىنى بىر نۇسخىدىن
كۆچۈرگۈزدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىت
كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شەيخ ئىمام يىغىنغا ئىشتىراك قىلىشقا
تېگىشلىك زاتلارنىڭ نامزاتىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا ئەسەرنىڭ
كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنى تارقىتىپ بەردى.

ئارىدىن يەنە بىرەر ھەپتە ئۆتكەندە، ساچىيە مەدرىسىنىڭ
كۇتۇپخانىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى رەسمىي باشلاندى.

مەھمۇد كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن ھەسەن تېگىننىڭ ئۆيىدە
تۇرغانىدى. ھەسەن تېگىن گەرچە مەھمۇدنىڭ ئاتىسى دېمەتلىك
بولسىمۇ، ئۇلار ئوبدان چىقىشاتتى. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بۇ
ئوغلى مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغاچقا، ئىلىم ئەھلىگە ئۆزىنى يېقىن
تۇتاتتى. جۈملىدىن مەھمۇدتىن ئىبارەت كىتابخۇمار ياش
تۇغقىنىغىمۇ ئالاھىدە ئىخلاس بىلەن قارايتتى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغىمۇ ئۇ مەھمۇد بىلەن بىللە كەلدى.

مەھمۇد ساچىيە مەدرىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا
كەلگەندە، تالىپ بولغان دەۋرىنىڭ سېغىنىشلىق خاتىرىلىرى
ئۇنىڭ قان تومۇرلىرىغا يېقىملىق ھارارەت بەردى. ئۇ سۆيۈنگەن
ھالدا قەدىمىنى ئاستىلىتىپ كېلىپ توختىدى. مەدرىسىنىڭ تام
ۋە دەرۋازىسىغا مېھرى بىلەن كۆز تىكتى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مەشھۇر بىلىم يۇرتى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مانا ئۇ مەھمۇدنىڭ سۆيۈملۈك ئانا مەكتىپى! مانا ئۇ مەھمۇدقا بىلىم بېرىپ، قەلبىنى يورۇتقان ئەبەدىي پارلاق مەرىپەت ماكانى! ھەزرىتى ساتۇق بۇغراخان جەننەت كەبى كاشغەر شەھىرىدە ئىسلام دىنىنى ئورناتقاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇشبۇ خاسىيەتلىك مەرىپەت ماكانىنى بەرپا قىلغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى سەل كەم يۈز يىل ئۆتتى. يۈز يىلدىن بېرى ئۈزلۈكسىز روناق تېپىپ، داڭقى چىقىرىپ كېلىۋاتقان بۇ ھەشەمەتلىك مەدرىسىدە قانچىلىگەن كارامەتلىك ئالىملار ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى؛ قانچىلىگەن ئىستېداتلىق ئۇستازلار ئىجتىھاتلىق تالىپلارغا قانات بېرىپ، مەرىپەت كۆكىدە پەرۋاز قىلدۇردى! مۇشۇ مەدرىسىدىن، مانا مۇشۇ رەڭدار ئويما نەقىشلىق چوڭ دەرۋازىدىن نۇرغۇنلىغان قابىل زاتلار، ھەر ساھەلەرنىڭ چېۋەر مۇتەخەسسىسلىرى، بۈيۈك ئەربابلار جەسۇرانە قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەلدى ھەم داۋاملىق شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

مەھمۇد مەدرىسىنىڭ ھەر خىل رەڭلىك كۆپۈنگۈ ۋە پېتىنقى خىشلار بىلەن گۈل چىقىرىپ قوپۇرۇلغان تاملىرىغا ئاخىرقى قېتىم كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئىچكىرىگە كىردى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئىشىك ۋە روجەكلىرىگە ئويما نەقىش ئويۇلغان، تاملىرىغا ئاق گەجدىن قاپارتما نەقىش قوندۇرۇلغان كۆركەم كۇتۇپخانىدا جەم بولدى. ئۈچلۈق قارا مەخمەل تەلپەكى ئۈستىدىن مۇدەررىسلىك ئاق سەللىسىنى ئورىغان ھۈسەين ئىبنى خەلەپ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

مەھمۇد ئىشتىراكچىلار قاتارىدا خۇسۇسەن ئابدۇلغاپپار ئالمائىدەك ئاتاقلىق ئالىمنىڭمۇ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەنلىك ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى. بۇ ھۆرمەتلىك زاتنىڭ «كاشغەرىيە تارىخى» ناملىق ئەسىرى مەھمۇدقا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياد بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ «شاھ لۇغىتى» ناملىق ئەسىرى بولسا، مەھمۇدنىڭ مەزكۇر يىغىنغا سۇنۇلغان ئەسىرىنى

يېزىشتا مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن بولۇپ قالغاندى.
يىغىندا ھەرقايسى ئالىملار «كىتابى جاۋاھىرۇننەھۋى فىللۇغاتىت تۈرك» ئۈستىدە قىزغىن مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ئومۇمەن، بۇ ئەسەرگە ياخشى باھا بېرىلدى. بەزىلەر بۇنى: «تۈركىي تىلشۇناسلىقىدىكى ئۆزگىچە تەتقىقات ئۇسۇلى قوللىنىلغان ئەسەر» دەپ تەرىپلىسە، بەزىلەر «ئۇيغۇر - قارلۇق ئەدەبىي تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قوللانما بولالايدۇ» دەپ ھېسابلىدى.
مۇزاكىرە قىزغىن داۋاملىشىۋاتقاندا شەيخۇلئىسلام ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا كىرىپ كەلدى. ئۇ سورۇندىكىلەر بىلەن كۆلۈپ تۇرۇپ سالاملاشتى، كېچىكىپ كەلگىنىگە ئۆزرە ئېيتتى.
— خانزادە مەھمۇدنىڭ ئەسىرىنى مەنمۇ بىر قۇر ئوقۇپ چىقىشقا ئۈلگۈردۈم، — دېدى ئۇ يىغىن ئىشتىراكچىلىرى قاتارىدا گىلەمگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، — مەن بەكمۇ خۇشالمەن، جانابلار، بەك خۇشالمەن، بۈيۈك خانلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدىن مۇشۇنداق ئەقىل ۋە قابىلىيەت ئىگىلىرى داۋاملىق يېتىشىپ چىقىۋاتقانلىقىدىن بەك خۇشالمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — بۈگۈنكى يىغىن پېقىر ئۈچۈن ھەرقايسىلىرىدەك يۇرتىمىزنىڭ دانىشمەنلىرى بىلەن بىر يەردە بولۇشقا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى، پېقىر بۇنىڭدىن تېخىمۇ خۇشالمەن.
— دانا پىكىرلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتارمىز، مۆھتەرەم شەيخۇلئىسلام، — دېدى ئۇنىڭغا جاۋابەن ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ.
يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئەسەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلىرى بويىچە ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، خېلى ئۇزاق غۇلغۇلا قىلىشتى. ئاخىر ئۇنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.
شەيخ ئىمام ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ مەمنۇنىيەتلىك كۈلۈمسىرەش بىلەن كۆپچىلىككە بىر قۇر سەپسېلىپ مۇراجىئەت

قىلدى :
— مۆھتەرەم جانابلار ، مەھمۇد ئىبنى ھۈسەين ئۆكە تەگىنىنىڭ مەزكۇر ئەسىرىگە ھەرقايسىمىز مۇناسىپ باھا بەردۇق . مۇخالىپ كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى . شۇنداق ئىكەن ، بۇ ئەسەرنى كۆپەيتىپ ، مۇقاۋىلاپ ، كىتاب قىلىپ تارقاتساق دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن .
كۆپچىلىك دەرھال تۇشمۇتۇشتىن ئىپادە بىلدۈردى :
— دۇرۇس ، شۇنداق قىلىش كېرەك !
— ئەلۋەتتە ، شۇنداق قىلىش زۆرۈر .
— ياخشى خەتتاتلارنى تەشكىللەپ ، كۆچۈرۈپ كۆپەيتىشنى باشلىۋېتەيلى .
— ئايا ، مۆھتەرەم يارانلار ، — دەپ سۆز ئالدى تارىخچى ۋە تىلشۇناس ئالدۇلغاپپار ئالمائى ، — يېقىن يەنە شۇنداق تەكلىپ قويماقچىمكى ، بۇ ئەسەرنى ھەرقايسى مەدرىسىلەردىكى تالىپلار ئۈچۈن ئۇيغۇر - قارلۇق تىلى دەرسلىكى قىلىپ بېكىتسەك قانداق بولۇر ؟
كۆپچىلىك يەنە قىزغىنلىق بىلەن ئاۋاز قوشتى :
— بەلەن گەپ بولدى !
— قوشۇلىمىز .
— قوللايمىز .
گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ھىساممىددىن ئىبنى مۇسا پىكىر بايان قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتى .
— پېقىرنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان بىر ئويۇم بار ئىدى . بىلمىدىم ، ھەرقايسىلىرى ماقۇل كۆرۈشەمدىلىكىن ، — دېدى ئۇ ، — خانزادە مەھمۇدنىڭ ئەسىرى ياخشى يېزىلغانلىقىغا پېقىر قايىل ، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ . ھالبۇكى ، مەن بۇگۈنكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، باشقىچىرەك بىر مەسىلىنى ھەرقايسىلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ باقماقچىمەن . خانزادە مەھمۇدنىڭ ئەسىرىنى كىتاب قىلىپ تارقىتىشقا مەنمۇ

قوشۇلمەن . ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش كېرەك . لېكىن ، مۇمىنلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى دىن . بۇنىڭدىن كېيىن مەدرىسىلەردە پەقەت دىنىي دەرسلەرلا ئۆتۈلسە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى . مۇشۇنداق بىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىن بولارمۇ ؟

— ئۇنداقتا ، — دېدى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى ئېتىراز بىلدۈرگەن ئاھاڭدا ، — ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويىمىزمۇ ؟

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، — دېدى ھېسامىددىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، — ئىلىم - پەنگە ھەۋەس قىلغۇچىلار ئۇنداق ئەسەرلەرنى ئۆزلىرى ئىختىيار قىلىپ يازسا ياكى ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇغۇ ، لېكىن مەدرىسىلەردە....

كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتىدا دەسلەپتە نارازىلىق ، بارا - بارا غەزەپلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى .

— مەدرىسىلەردە پەننىي بىلىملەر ئوقۇتۇلمىسۇن دەپ قايسى كىتابتا يېزىلىپتۇ ؟ قۇرئان كەرىمدە شۇنداق گەپ بارمۇ ؟ ۋە ياكى ھەدىس شەرىپتە شۇنداق دېيىلگەنمۇ ؟

— ياش ئەۋلادلار پەننىي بىلىملەرنى مەكتەپلەردە ، مەدرىسىلەردە ئۆگەنمىسە ، نەدە ئۆگىنىدۇ ؟

— بىلىمسىز ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا دىنىنىمۇ توغرا چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ . دىن بىلەن خۇراپاتنىڭ پەرقىنىمۇ ئايرىۋالالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ .

ئالىملارغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن كەمتەرلىك بىلەن سۈكۈتتە ئولتۇرغان مەھمۇد ئەمدى تاقەت قىلالماي قالدى .

— بىلىم ئېلىش پەرز ۋە سۈننەتتۇر ، — دېدى ئۇ ، — بەندىلەر ئاللا ياراتقان دۇنيانى ۋە جەمئىيەتنى پەقەت پەنگە تايىنىپلا چۈشىنەلەيدۇ . كىمىكى پەندىن ئىبارەت نۇرلۇق چىراغنى تاشلىۋېتىدىكەن ، شۇ ئۆزى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا مۈگدەپ يۈرۈپ چىرىكلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئاخىر گۇمران بولىدۇ .

— بىلىمسىز ئادەم گويا كۆزى ئوچۇق كور ، — دەپ ئۇنىڭ

سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ئابدۇلغاپپار ئالمائى ، — بىلىمسىز ئادەم يورۇق دۇنيانىڭ ھەقىقىي بەخت - سائادىتىدىن مەھرۇمدۇر .

ھىسامىددىننىڭ رەڭگىرويى ئۆچۈپ كەتتى ۋە نەسىھەت قىلغان تەلەپپۇزدا سۆزلىدى :

— كىمىكى چىن دىلى بىلەن ئاللاغا تېۋىنىپ ، ئاللادىن تىلىسە ، شۇ نۇسرەت تاپىدۇ . ئاللا مۆمىنلەرنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىدۇ ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ .

شەيخ ئىمام ھۇسەين ئىبنى خەلەپ يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىگە مۇناسىۋەتسىز بۇ تالاش - تارتىشنى ئاياغلاشتۇرماقچى بولغان قىياپەتتە كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېدى :

— ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللا ئىنسانغا ئەقىل - پاراسەتنى بىكارغا بەرمىگەن . كىمىكى ئاللا بەرگەن شۇ ئەقىلگە تايىنىپ ئوقۇش ، ئۆگىنىش ئارقىلىق نۇسرەت تېپىش يولىنى تۇتمىسا ، ئۇنىڭ غەپلەت ئىچىدە قىلغان دۇئا - تىلەكلىرى ئىجابەت بولمايدۇ . ئۆز بىلىمىنى ۋە كۈچىنى ئىشقا سالماي ، ھەممىنى ئاللادىن تىلەۋېرىش دىنىمىزنىڭ ئەقىدىلىرىگىمۇ خىلاپ . ئاللا ئۇنداق بەندىلىرىنى ئەزىز قىلمايدۇ .

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ماقۇللىغان تەرزدە خىتاب قىلىشتى :

— شۇنداق ، شۇنداق !

— توغرا .

— دانا پىكىر !

بەزىلەر ھېلىغىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرغان ھەسەن تېگىنگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇشتى . بولۇپمۇ ھىسامىددىن ئۇنىڭدىن مەدەت كۈتۈپ ، تەقەززا بولماقتا ئىدى . ھەسەن تېگىن مۇھىم شەخس . ئۇ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى ، تەخت ۋارىسى . شۇڭا ، مۇنازىرىلەشكۈچىلەر ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا تەبىئىي ھالدا قىزىقتى .

ھەسەن تېگىنمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ تۇراتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، بۇ مەسىلىگە ئۇچۇق ئىپادە بىلدۈرۈشنى لايىق تاپتى.

— خانلىقىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى بارلىق پېشۋالىرى بىلىملىك بولۇشنى ئەڭ مۇھىم ۋە زۆرۈر ئىشلار قاتارىدا تۇتقان، — دېدى ئۇ، — رەھمەتلىك يۈسۈپ قادىرخان ئالىيلىرىمۇ بىلىملىك، ھۈنەرلىك بولمىغانلاردىن سېلىقنى كۆپلەپ ئېلىشنى قانۇن قىلىپ بېكىتكەنىدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىلىم - پەنگە ئەنە شۇنداق ئېتىبار بىلەن قارىغان بولغاچقا، يۇرتلىرىمىز تېز گۈللىنىپ، خەلقىمىز دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك ئەللەر قاتارىدا روناق تېپىپ ياشاپ كېتىۋاتىدۇ. مۇبادا بىز بىلىمسىزلىككە، خۇراپاتقا يول قويساق، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىز مۆلچەرلىگۈسىز ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مەدەنىيەتلىك خەلق ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ، مەدەنىيەتسىز خەلق ھامان زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. شۇڭا، ياش ئەۋلادلارغا پەننىي بىلىملەرنى ئوقۇتۇش ئىشىنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويماي چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇراتتى.

ھىسامىددىن ئەمدى ئارتۇق سۆز قىلمىدى. ئۇ تەخت ۋارىسى بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى خالىمايتتى، ئەلۋەتتە. ناۋادا ھەسەن تېگىننىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەن بولسا، ئۇ باشتىلا ئېغىز ئاچمىغان بولاتتى.

غۇلغۇلا بېسىقىپ، ھەممەيلەن يەنە يىغىن رەئىسىگە قاراشتى.

ھۈسەين ئىبن خەلەپنىڭ يۈزىگە كۈلكە ياماشتى. ئۇ خۇددى ياشىرىپ قالغاندەك روھلىنىپ كەتتى. ئاۋازىمۇ ئالاھىدە تەنتەنىلىك ياڭرىدى:

— ئەمدى، ئىلىم ئەھلىنىڭ رىزالىقى بىلەن بولىدىغان يەنە بىر ئىش قالدى. ئىپتىماقچىمەنكى، ھەرقايسىلىرى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەقرىز ئارقىلىق باھالاپ تەستىقلىغان مەزكۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپىگە ئۇمۇم ئېتىراپ قىلغان بىر تەخەللۇس بېرىش زۆرۈرىيىتى ۋۇجۇدقا كەلگەندەك تۇرىدۇ.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى يېنىككىنە قوزغىلىشتى، يەنە غۇلغۇلا قىلىشتى. دېمىسىمۇ راست! بۇنداق بىر كاتتا ئىلمىي ئەسەرنى يېزىش بىلەن ئالىملار سېپىگە قوشۇلغان كىشىنىڭ ئىسمىغا ئەمدى تەخەللۇس قوشۇلۇشى لازىم. بۇ پىكىرنىمۇ ھەممەيلەن يەكدىللىك بىلەن قوللىدى.

— دۇرۇس!

— بەرھەق!

— مۇئەللىپ، ئەلۋەتتە تەخەللۇس قوبۇل قىلىشى كېرەك.

شۇ ئارىدا بىرەيلەن سوراپ قالدى:

— مەھمۇد ئۇكا تەگىت ئۆزى قانداق تەخەللۇسنى ئويلاشتىكىن؟

كۆپچىلىك شۇك بولۇپ، مەھمۇدقا قاراشتى.

مەھمۇد ھاياجاندىنمۇ ياكى خىجالەتچىلىكتىنمۇ، ئىشقىلىپ، مەڭزىلىرى يېنىككىنە قىزارغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇردى.

— مەۋلانە ئۇستازلارنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر، — دېدى ئۇ ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئېگىلىپ قويدى، — پېقىرنىڭ ئارزۇسى شۇكى، ھەرقايسىلىرى مۇۋاپىق تاپسا، يۇرتۇمنىڭ نامىنى تەخەللۇس قىلسام دەيمەن.

— بولىدىغان گەپ، — دېدى ئۇنىڭ يېنىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئولتۇرغان ئابدۇلغاپپار ئالىمائى، — تەخەللۇسى كاشغەرىي بولسۇن!

ئەتراپتىكىلەر ماقۇللىغان تەرزدە بىر - بىرىگە قارىشىپ، باشلىرىنى لىڭشىتتى.
— شۇنداق بولسۇن.
— كاشغەري بولسۇن.
— قېنى ئەمىسە، مەھمۇد، — دېدى شەيخ ئىمام تەنتەنىلىك ئاھاڭدا، — ئەسىرىڭ تەستىقلاندى. ئەمدى بۇنىڭغا تەخەللۇسۇڭ بىلەن ئىمزا قويغىن.
ئۇ ئالدىدىكى شىرەگە قويۇلغان قولىيازمىنى ئىشارەت قىلىپ، سەل چەتكىرەك سۈرۈپ قويدى.
مەھمۇدقا پۈتۈن جاھاننىڭ ئىچى گوياكى مىسلىسىز يورۇق، ھېكمەتلىك نۇرغا تولغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر غايىسى، ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىلىم ساھەسىدە ئىشلەش ۋە تۆھپە يارىتىش ئىدى. بۇ ئۇنىڭ پانىي ئالەمدە تاللىۋالغان مۇقەددەس يولى ئىدى، بەلكى ئاللىقاچان بۇ يولغا ئۆز ھاياتىنى ئاتاپ قويغانىدى. مانا ئەمدى شۇ غايە، شۇ ئارزۇلىرىنىڭ دەسلەپكى چېچىكى خۇش پۇراق چېچىپ ئېچىلدى!
ئۇ قىسقىغىنا بىر دەقىقە ئىچىدە بېشى يېنىككىنە ئايلىنىپ، كۆزلىرى تورلاشقاندەك بولدى - دە، دەرھال ئۆزىنى بېسىۋالدى، ئاندىن شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، تىترەپ تۇرغان قولىغا قومۇش قەلەمنى ئالدى، بىردەم توختىۋېلىپ، قولىنىڭ تىترىشى بېسىققاندىن كېيىن قەلەمنى ئېھتىيات بىلەن دۇۋەتكە چىلىدى ۋە قولىيازمىنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى «كىتابى جاۋاھىرۇننەھۋى فىللۇغاتىت تۈرك» دېگەن سەرلەۋھەنىڭ تېگىدىكى ئاق قالدۇرۇلغان ئورۇنغا ئالدىرىماي ھەرپلەرنى دانە - دانە چىقىرىپ ئىمزا قويدى:
«مەھمۇد ئىبنى ھۈسەين ئىبنى مۇھەممەد ئەل كاشغەري»
ئۇ قەلەمنى قويۇپ، بېشىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن ئالىملار

ئۇنى قۇتلۇقلاشتى.

— مانا ئەمدى بۈگۈندىن ئېتىبارەن نامىشەرىپىڭىز مەھمۇد كاشغەري بولۇپ ئاتالدى! — دەپ خىتاب قىلدى ئابدۇلغاپپار ئالمائى كۆلۈپ تۇرۇپ، — قۇتلۇق بولغايسىز، ئۇكە تەگىت!

— مەھمۇد كاشغەري! — ھۈسەين ئىبنى خەلەپمۇ خىتاب قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

ئۇ ئارتۇق سۆز قىلالماي قالدى. چىرايىدا كۈلكە، كۆز چاناقلىرىدا شەبنەمدەك ياش! ئۇ مەھمۇدنى كىچىك چېغىدىنلا بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە، بەكلا بالدۇر سېزىلگەن ئەقلىي قابىلىيىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتى. ئۇنىڭدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى بىۋاستە ئۆزى تۇتۇپ ئايرىم تەربىيىلەشنى ھۆددىگە ئالغانىدى. مانا بۈگۈن بۇ ھارماس، كۆيۈمچان ئۇستاز ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى! ئاسانمۇ؟ بىر ئادەمنى بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئوقۇتۇپ، ئۆگىتىپ ياراملىق بىلىم ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش دېگەن ئاسانمۇ؟ شۇ ئۇزۇن يىللىق ئوقۇش - ئوقۇتۇش جەريانىدا مەھمۇد سەبىيلىكتىن چوڭىيىپ قىرانلىق دەۋرىگە يەتتى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى قىرانلىق دەۋرىدىن ھالقىپ ئاق ساقاللىــق بوۋايغا ئايلاندى. بۇ ئىجتىھاتلىق مۇدەررىسنىــڭ پۈتۈن ئارزۇســى، ئۈمىدى، غايىسى خاقانىيە ئۈچۈن بىلىملىك كىشىلەرنى كۆپرەك يېتىشتۈرۈپ بېرىش ئىدى. مانا، بۇ باغۋەن ئۆزى پەرۋىش قىلغان بىر كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى تېتىدى. ئاسانمۇ؟ بۇ كۆچەت ئاسان يېتىلدىمۇ؟ ئۇنىڭ مېۋىسى ئاسان پىشتىمۇ؟ ئۇستاز بولغان كىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق شەرەپ، بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىق بولسۇنمۇ؟

ھۈسەين ئىبنى خەلەپ ئەنە شۇنداق تۇيۇقسىز يۈرىكىنــى قاپلىۋالغان ھاياجاندىن گەپ قىلالماي قالدى. سىلىق تارالغان ئاق

ساقىلىنى بىگىز بارمىقىنىڭ ئۇچىغا يۆگەشتۈرگىلى تۇردى . بىر ئەسنادىن كېيىن ئۇ بوغۇلغان ئاۋازى بىلەن :

— مەھمۇد كاشغەري ! — دەپ قايتا خىتاب قىلدى ۋە ئالدىدا تېخىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان شاگىرتىنىڭ يەلكىسىنى ، دۈمبىسىنى ، بىلەكلىرىنى سىلاشتۇرۇپ كەتتى .

— تىلشۇناسلىق بابىدا يېڭىدىن يورۇقلۇققا چىققان بۇ ئەسىرىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن ، مەھمۇد كاشغەري ! — دېدى ھەسەن تېگىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ .

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن تەبرىكلەشتى :

— مۇبارەك بولسۇن !

— مۇبارەك بولسۇن ، مەھمۇد كاشغەري !

ھەممەيلەن مەھمۇدنىڭ «كاشغەري» تەخەللۇسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى مۇبارەكلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى .

# ئون بىرىنچى باب

## تۇرۇمتاينىڭ ھەسرىتى

بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، يەنى بۇيۇك خاقان يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئاتىسى ھارۇن قىلىچ بۇغراخان ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن تات ئۇيغۇرلار[1] ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىم قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەنىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ئاتلىق قوشۇنى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چېگرىسىدىن باستۇرۇپ كىرىپ، سۇلمى[2] شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. سۇلمى ئۇيغۇرلىرىمۇ ئاتلىنىپ چىقتى. قىسقا، لېكىن شىددەتلىك جەڭ بولدى. مۇسۇلمانلار چېكىندى. ئۇلار كەينىگە يېنىپ كېتىۋېتىپ، چېگرىدىكى بىر كىچىك كەنتتىن ئون نەچچە تېرىقچى ۋە پادىچىنى تۇتۇپ كەتكەنىدى. بۇ تۇتقۇنلار كاشغەردە قۇل قىلىپ سېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شور پېشانە سۇلمىلىقلار ھەش - پەش دېگۈچە ھەرقايسى يېزا - كەنتلەرگە، ھەرقايسى بەگلەرنىڭ تۇرار جايلىرىغا چېچىلىپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلدى.

ئەنە شۇ قۇل قىلىنغان تات ئۇيغۇرلاردىن بىر ئۆسمۈر بالا ئوپالنىڭ ئارىق كەنتىگە ئەكېلىندى. بۇ بالا دالىدا قوي بېقىپ يۈرگەن يېرىدىن تۇتۇلغانىدى. ئۇنىڭ قويلىرى كۆچادا، ئۆزى

---

① تات ئۇيغۇر — غەيرىي دىندىكى ئۇيغۇر، يەنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇرلار.

② سۇلمى — ھازىرقى قاراشەھەر.

كاشغەردە سېتىلدى. ئازىق قەلئەسىدە ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنىڭ پەرز، سۈننەت ھەم ۋاجىپلىرى ئۆگىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمان بولدى.

بۇ كىچىك قۇل قەلئە ئىچىدىكى تۈرلۈك ئېغىر - يېنىك ئىشلارنى قىلىپ ئاستا - ئاستا چوڭ بولدى، يىگىت بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ خاننىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ ئازىق قەلئەسىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش بىر قۇل قىز بىلەن شەرئەت بويىچە نىكاھلاندى. ئۇ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەسلىدە كاشغەرنىڭ قايسىدۇ بىر يىراق يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان بولۇپ، ئۇدا ئۈچ يىلغىچە سېلىق ۋە يەر ئىجارە ھەققىنى تۆلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قۇل قىلىنىپ، سېتىۋېتىلگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ياش قۇل نىكاھلانغاندىن كېيىن ئۇلاردىن بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. بۇ ئوغۇلغا «تۇرۇمتاي» دەپ ئىسىم قويۇلدى.

تۇرۇمتاي كىچىكىدىنلا خانزادە مەھمۇدقا ھەمراھ بولۇپ ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆستى. گۆدەك چاغلىرىدا بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىم مەھمۇد بىلەن بىرلىكتە ئۇنىمۇ ئۆزى ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقىرىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىتاب ئوقۇيدىغان ۋە باشقا قۇللار بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغان ئالاھىدە قۇل بولۇپ قالدى.

بالىلىق مەزگىللىرىدە، ئۇ تېخى ئۆزى بىلەن مەھمۇدنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بار ئىكەنلىكىنى ئانچە ھېس قىلالمايتتى. ئىشىنى ئىشلەپ، ئوقۇشىنى ئوقۇپ، بوش ۋاقىتلىرىدا مەھمۇد بىلەن ئويناپ ئۆتتۈەردى. چوڭ بولغانسېرى ئۇ قۇل بىلەن خوجايىنىنىڭ پەرقىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، باشقا جايلاردىكى قۇللارنى كۆرۈپ، ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزىنىڭ ھال - ئەھۋالىنىڭ خېلى ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلاپ، بۇبى رابىيە بىلەن مەھمۇدتەك ياخشى خوجايىنلىرىدىن رازى بولدى، ئۇلارغا چىن قەلبىدىن سادىق

بولدى .

شۇ تەرىقىدە كۈنلەر ، يىللار ئۆتمەكتە ئىدى . ئازىق قەلئەسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ، قائىدە ـ تۈزۈملىرىدە ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىدى ، لېكىن يېشى ئوتتۇزنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان تۇرۇمتاينىڭ ئىچكى دۇنياسى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان ھالدا تىنچسىزلىنىشقا باشلىدى .

— نېمە بولدۇڭ ، تۇرۇمتاي ؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى مەھمۇد كاشغەرىي ، — كەيپىياتىڭ باشقىچە بولۇپ قېلىۋاتىدۇغۇ ؟ گېپىڭ ئاز ، ھەرىكەتلىرىڭ سۇس . خۇددى غېرىبسىنىپ قالغاندەك بېشىڭنى تۆۋەن سېلىپ ، خىيال سۈرىسەن . بىر ئىش بولدىمۇ ؟ ياكى ساقلىقىڭ يوقمۇ ؟

— يوقسۇ ، ھەزرىتىم ، — دەپ جاۋاب بەردى تۇرۇمتاي ، — تېنىم ساق ، ھېچ ئىش بولغىنى يوق . بەزىدە ئۆزۈمچىلا ئىچىم پۇشۇپ قالىدۇ .

مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى ، لېكىن ئۇنچىقمىدى . ئۆزى سۆزلەشنى خالىمىسا كوچىلاپ سوراۋېرىش ياخشى ئەمەس ـ دە …

تۇرۇمتاي ئۆز خوجايىنىغا كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتمىدى . ئۇ ھازىر نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى . «مەن نېمە ئۈچۈن قۇل ! — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ، — مەن نېمە ئۈچۈن ھۆر ئەمەس ؟ مەنمۇ ئاللانىڭ بەندىسىغۇ . ھۆرلەرگە ئوخشاشمايدىغان نەرىم بار ؟ قاچاندۇر بىر زاماندا ئاتامنىڭ تۇتقۇن بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلى قۇللۇق قىسمىتىمنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يۇدۇپ يۈرۈشۈم كېرەكمۇ ؟ ناۋادا ئۆيلەنسەم ، باللىرىممۇ قۇللۇقتىن باش كۆتۈرەلمەي ئۆتەمدۇ ؟ »

تۇرۇمتاي ئەنە شۇنداق خىياللارغا بېرىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇلا ئەمەس ، ئۇ يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلايتتى ، ئويلىغانسېرى كۆڭلى بۇزۇلاتتى ، چوڭقۇر ـ چوڭقۇر تىنىپ ئۇھ تارتاتتى . بۇ ، ئۆزىنىڭ مەردلىكى ۋە قەيسەرلىكى

بىلەن پۇتۇن قەلئەدىكىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە ئېتىبار بېرىشىگە سازاۋەر بولغان ئالاھىدە ئىمتىيازلىق قولنىڭ خىياللىرى ئىدى ! بۇ ، تەربىيە كۆرگەن ، كىتاب ئوقۇيدىغان ساۋاتلىق قولنىڭ ھەسرىتى ئىدى !

ئۇ بەزىدە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە ئۇرۇنۇپ باقاتتى . «بۇنچىلىك ئاھ ئۇرغۇدەك مېنىڭ نېمەم كەم ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، — قورسىقىم توق ، كىيىمىم پۇتۇن ، جاپا تارتمايمەن . مەھمۇد كاشغەرىيگە ھەمراھ بولۇپ يۇرسەملا بولدى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىمەن ، چەۋگەن ئوينايمەن ، ھەتتا بەزمە ، زىياپەتلەردىمۇ بىللە بولىمەن . قىسمەن بەگزادىلەرمۇ مېنىڭدەك بولالمايدۇ . دېھقانلارنىڭغۇ دېمەيلا قويايلى . دېھقان دېگەن ھۇر بولسىمۇ ، ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەيدۇيۇ ، زېمىندار ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ تۈرلۈك ئالۋان - ياساقلىرىدىن باش كۆتۈرەلمەي ، بۇ دۇنيانىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى كۆرمەي ئۆتىدۇ . يا يېگىنىنىڭ ، يا كىيگىنىنىڭ تايىنى يوق . ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا مەن ...»

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۇنىڭ خىياللىرى چىگىچلىشىپ كېتەتتى .

«ياق ، ياق ! — دەپ خىتاب قىلاتتى ئۇ ئەسەبىيلىشىپ ، — ئىمتىيازلىق قول بولغىنىمدىن جاپاكەش دېھقان بولغىنىم ياخشى ! بۇنداق ھالاۋەتلىك تۇرمۇشۇمنى دېھقانىنىڭ ئاچ - يالىڭاچلىق تۇرمۇشىغا خۇشاللىق بىلەن تېگىشكەن بولاتتىم» .

گاھى ئۇ خىيال سۇرگەنسېرى ياۋاشلاپ ، مۇڭلىنىپ كېتەتتى .

«سۇلمى ! — دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ، — سۇلمى ... ئۇ قانداق شەھەردۇ ؟ »

ئۇ تېخىچە كۆرۈپ باقمىغان ئاتا يۇرتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا ئۇرۇناتتى ، سۇلمىگە بارغۇسى كېلەتتى ، ئاتىسىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ تاپقۇسى كېلەتتى .

ئۇ بەزەن تۇنلەردە جۆيلۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى، چۈشىدە ئانىسىنى كۆرەتتى، ئويغاندىن كېيىن چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشاتتى، ئەمما ئەسلىيەلمەيتتى، ئانىسىنىڭ سىيماسىنى ئەينەن تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇ ئانىسىدىن بەك كىچىك يېتىم قالغانىدى، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئانا جەمەت تۇغقانلىرىنى تاپالمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغانلىرى مۇساپىر بولۇپ باشقا يۇرتلارغا تارقىلىپ كېتىشكەنىكەن.

تۇرۇمتاي مەھمۇدنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قەلئەنىڭ سىرتىغا چىققان چاغلىرىدا، ئۇپۇققا تاقاشقان تۇزلەڭ چۆللىنى بويلاپ سوزۇلغان ئەگىم - ھارۋا يوللىرىغا قاراپ ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالاتتى. شۇ يوللارغا چۈشۈپ يىراق - يىراقلارغا كەتكۈسى، سۈلمىگە ۋە يەنە قانداقتۇر بىر يەرلەرگە بارغۇسى كېلەتتى. بىراق، شۇئان ئاچچىق ھەقىقەتنىڭ رەھىمسىز نەشتىرى ئۇنىڭ مەجرۇھلانغان قەلبىنى تىلغىۋېتەتتى. «ئەي تۇرۇمتاي، سەن بىر قۇل! ئات - ئېشەككە ئوخشاش خوجايىنىڭنىڭ ئىشىنى قىلىشتىن باشقىغا چاماڭ يەتمەيدىغان ئەركسىز، ھوقۇقسىز بىر ئاجىز قۇل! سەن قەيەرگە بارالايتتىڭ؟ نېمە قىلالايتتىڭ؟»

ئەجەبا! تۇرۇمتاي ئۆزىمۇ ھەيران بولاتتى. نېمە ئۈچۈن بۇ خىل خىياللار بۇرۇن ئۇنى مالال قىلمىغانىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى بۇنداق ئازابلىنىپ ئاھ ئۇرمايتتى؟

ئەلۋەتتە، دۇنيادا سەۋەبسىز ئىش بولمايدۇ. تۇرۇمتاينىڭ پەرىشانلىقىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. بىر قىز، بىر گۈزەل قۇل قىز بۇنىڭغا سەۋەبچى بولدى. بۇ ئەقىللىق ھەم قەيسەر قۇل يىگىت قاچانكى شۇ قىزغا ئىشقىنى بەردى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ تامامەن باشقا ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزگەردى. بۇرۇن ئويلاپ يەتمىگەن، ھەتتا ئويلاشنىمۇ خالىمايدىغان ئىشلارنى ئەمدى ئويلايدىغان بولدى. دۇنياغا، ئادەملەرگە ۋە ئۆزىگە باشقىچە قارايدىغان بولدى. شۇ قىز، شۇ قىزنىڭ مۇھەببىتى، يالقۇنلۇق بىر مۇھەببەت تۇرۇمتايغا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى.

تۇرۇمتاي خۇددى باغدا باققان پاقلاندەك يۇمىلاقىنا كەلگەن بىر قارا كۆزلۈك قىزنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ قىز ئوپالنىڭ سىرتىغىراق توغرا كېلىدىغان بىر كەنتتىكى زېمىندارنىڭ قولى ئىدى. ئۇنىڭ تېنى شۇ قەدەر ئاق، سۇزۇك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۈمۈش دېگەن ئىسىم ئۆزلىشىپ قالغانىدى.

تۇرۇمتاي تۇرلۇك خىزمەتلەرنى بېجىرىش ئۈچۈن ئوپال ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەرگە پات - پات بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ باشقا قۇللارغا قارىغاندا پەۋقۇلئاددە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغاچقا، بوش ۋاقىتلىرىدا يىراق - يېقىنلارغا بېرىپ سەيلە قىلاتتى. ئەنە شۇنداق سەيلە - ساياھەتلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كۈمۈش ئاتلىق شۇ قىزنى ئۇچرىتىپ قالدى.

ئاشۇ خاسىيەتلىك كۈننى تۇرۇمتاي مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. قۇياشلىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇ كۈنى كۆل بويىدا تۇرۇمتاي ئۇ قىزنى كۆرۈپ قېلىپ يامان بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ توگىمەس دەردكە قالدى، غەمسىز يۈرىكى ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ كاۋاپ بولدى.

ئۇ قىز بىلەن تونۇشتى، ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى، مۇڭداشتى، سىرداشتى. ئاشۇ خاسىيەتلىك كۆل بويىدا ئۇلار پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى. ھەر ئىككىسى ئۆز يۈرەكلىرىنىڭ ھېكمەتلىك سۆيگۈ يىپلىرىغا چىرمىشىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قېلىشتى.

كۈمۈش قىز تۇرۇمتاينى: «ھاياتىمنىڭ نۇرى، يۈرىكىمنىڭ مادارى» دەپ ئۇنىڭغا يېپىشاتتى. تۇرۇمتاي بولسا، ئۇنى: «باغدا باققان پاقلىنىم، ئاق يۇمىلاق» دەپ ئەركىلىتەتتى.

ياق، تۇرۇمتاي بۇ قىزنى ئۇچرىتىپ يامان بولمىدى، ياخشى بولدى. شۇ قىزنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى تونۇپ يەتتى. قۇل دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تۈنجى قېتىم تولۇق مەنىسى بىلەن

ھبس قىلدى. ئۇ كوموشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن، ھۆر ئادەملەردەك ئۇنى قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئۆز ئېلىگە ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىككىسى ئىككى خوجايىننىڭ خۇسۇسىي مۈلكى. ئۇلارنىڭ بىر ئۆيگە كىرىپ، بىر تۇرخۇندىن تۈتۈن چىقىرالىشى شۇ ئىككى خوجايىننىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق. «مەھمۇد كاشغەرىيدە گەپ يوق، — دەپ ئويلايتتى تۇرۇمتاي، — ئۇ مېنىڭ تەلپىمنى سۆزسىز ئورۇنداپ بېرىدۇ. بىراق، كوموشنىڭ خوجايىنىچۇ؟ ئۇنامدۇ، ئۇنىمامدۇ؟ ئۇنىمىسىچۇ؟ ئۇنىمىسا، مەھمۇد كاشغەرىيگە يېلىنىپ، ئۇنىڭدىن كوموشنى سېتىۋېلىشنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. ئۇ خوجايىن ئەلۋەتتە مەھمۇد كاشغەرىيدەك خانزادىگە ياق دېيەلمەيدۇ».

شۇنى ئويلىسا تۇرۇمتاي بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك بولاتتى، ئەمما بىردەمدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قېتىپ قالغاندەك بولۇپ، ماڭلىيىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كېتەتتى. «ئۇ خوجايىن كوموشنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىۋالسىچۇ؟ شەرىئەتتە خوجايىننىڭ قولنى خوتۇن قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ. ئاشۇ ئاق يۈملاقنى توقال قىلىۋالسىچۇ؟ ياكى مۇنداقلا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن بوزەك قىلىپ ئوينىسىچۇ؟»

شۇنى ئويلىسا تۇرۇمتاينىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى، پۇت - قوللىرىدا جان قالمايتتى.

— ياق، — دېدى ئۇ كوموشكە، — ئەمدى سۈكۈت قىلىپ يۈرۈۋېرىشكە بولمايدۇ. خوجايىنىمغا ھەممىنى ئېيتىمەن.

كوموش ماقۇللىغان تەرزدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— شۇنداق قىلىڭ، — دېدى ئۇ، — خوجايىنىڭىز سىز دېگەندەك ئالىيجاناب زات بولسا، بىزدەك بىچارىلەرنىڭ ھالىغا يەتسە ئەجەب ئەمەس. ئاھ پاك پەرۋەردىگارىم، خوجايىنلارنىڭ دىللىرىغا ئىنساپ بەرگەيسەن!

ئەپسۇس، مەھمۇد كاشغەرىينى ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشتىن ۋاقىپلاندۇرۇش نېسىپ بولمىدى. تۇرۇمتاي بۇ ھەقتە بالدۇرراق

ئىغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى، شۇ كۈنلەردە مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «كىتابى جاۋاھىرۇننەھۋى فىللۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەتلا بوش ۋاقتى چىقمايتتى، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيتتى.

كېيىن مەھمۇد ئەسىرىنى يېزىپ تاماملىدى، خاتىرجەم بولدى، ئارام ئېلىشقا ۋاقىت ئاجراتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا تۇرۇمتاينىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىشنى، ئۆزىنى تۇتۇشىدىكى غەلىتىلىكلەرنى بايقىدى. بايقىدى ھەم ئەجەبلەندى.

بىر كۈنى تۇرۇمتاي بۇغداي شارابىنى بولۇشىغا ئىچىپ مەست بولدى، چاكار ۋە قۇللار بىلەن جېدەللەشتى، ھەتتا بىر تەمبەل قۇل بىلەن ياقا سىقىشىپ مۇشتلاشتى.

— سەنمۇ ئادەممۇ؟ — دەپ ھۆركىرەيتتى ئۇ ھېلىقى قۇلنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە مۇشت ئېتىپ. ئۇ قۇل بولسا، ئۇنىڭ مۇشتلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قېچىپ يۈرەتتى، — ھەي سەنمۇ ئادەممۇ - ھە؟ سەن قۇل، ئادەم ئەمەس ... بۇنداق ياشغۇچە ئۆلسەڭ بولمامدۇ ... سېنى ئۆلتۈرىمەن ... ئۆزۈممۇ ئۆلىمەن ... ياشىمايمەن ... مەن قۇل! ياشاپ نېمە قىلاتتىم ...

ئۇ بوغۇلۇپ كەتكەن ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى، خىرقىرايتتى. قەلئەدىكى ھەممە كىشى بۇ ئالىتوپىلاڭدىن ھاڭ - تاڭ بولدى، چۈنكى مۇلايىم ۋە ئەدەپلىك تۇرۇمتاينىڭ مۇنداق تەلۋىلىك قىلىشىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئۇ گەپ قىلمىدى، لېكىن چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ تۇرۇمتاينىڭ گەپلىرىنى بىرمۇ بىر ئاڭلىغانىدى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇ ھەيرەت ئىچىدە تۇرۇمتايغا ئۇن - تىنسىز قاراپ تۇراتتى، بىر ئەسنادىن كېيىن ئۇ تېخىچە ئۆزىگە ھاي بەرمەيۋاتقان تۇرۇمتايغا بىرنېمە دېمەكچى بولغانىدەك ئاغزىنى ئۈمەللىدىيۇ، يەنە گەپ قىلمىدى، ئاندىن چەتتە تۇرغان خىزمەتكارلارغا بۇرۇلۇپ بۇيرۇق قىلدى:

— ئۇنى سولاپ قويۇڭلار ! ئەتە كەيپى يېشىلگەندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا كىرسۇن .

ئىككى چاكار دەرھال ئېتىلىپ كېلىپ تۇرۇمتاينىڭ بىلەكلىرىدىن تۇتتى ۋە ئۇنىمىغىنىغا قويماي سۆرەپ مېڭىشتى . تۇرۇمتاي ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ يۇلقۇناتتى ، تېپچەكلەيتتى ، سۆرىلىپ كېتىۋېتىپمۇ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ ۋارقىرايتتى :

— ھەزرىتىم ، ئۇنداق قىلمىسىلا … مېنى سولاتمىسىلا ! مەن ھەزرەتلىرىگە نېمە يامانلىق قىلدىم ؟ مەن تۇرۇمتايغۇ … مەن … مەن … قۇل …

ئۇنىڭ مەھمۇد كاشغەرىيگە قارىتىپ توۋلىغان بۇ قالايمىقان خىتابلىرى زارلانغاندەك روھسىز ، جاراڭسىز ئاھاڭدا ئېيتىلدى . ئاخىر ئۇ خىرىلداپ ، ئاۋازى چىقماي قالدى .

ئۇنى ئەكېتىشتى .

مەھمۇد كاشغەرىي كۆڭلى غەش بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كىردى . قولىغا كىتاب ئېلىپ ۋاراقلاپ باقتى ، ئوقۇشقا كۆڭلى تارتمىدى . ناربىتنى ئېلىپ تىرىڭلىتىپ باقتى ، چېلىشقا قولى بارمىدى . چىرايلىق ئالتۇن ۋە كۈمۈش قەپەسلەردىكى يېشىل شاتۇتى ، بوز تورغايلارنىڭ يېنىغا كېلىپ خاپىغانلىقىنى قاچۇرماقچى بولدى ، يەنىلا ئەپلەشمىدى . قانداقلا قىلغان بىلەنمۇ ئۆزىنى باسالمىدى . شۇ چاغقىچە مەلۇم بولمىغان غەيرىي ھالەت ئۇنىڭ دىل ئارامىنى بۇزغانىدى .

ھەرقايسى ئەللەر ئالىملىرىنىڭ شۇنچە كۆپ نادىر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ، ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ، ئىجتىھات ۋە ئىستېداتى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغان مەھمۇد كاشغەرىي تۇرۇمتاينىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاددىي ھەقىقەتنى ئويلاپ باقمىغانىدى . «ئەجەبا ، مەن دۇنيانى ، ئادەملەرنى چۈشەنمەي كېلىۋاتامدىم ؟ » دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بۇلۇڭىدا بىر چىراغ

يىقىلغانداك بولدى . بۇ چىراغنىڭ ئوتى بارغانسېرى ئۆرلىنىپ ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىچىدىكى ئالدىنقاندەك بىر يەرلىرىنى پىژ - پىژ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان ۋىجدانى بەجايىكى ئېغىر يۈكنىڭ بېسىمى ئاستىدا سىقىلىپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت قۇللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ، زالىملىق قىلماسلىقتىنلا ئىبارەت ئىدى . شۇنداق قىلىشنى چوڭ ياخشىلىق ، ئادالەت دەپ ھېسابلايتتى . قۇللارنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق تەلىپى بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى .

شۇ كۈنى تۈن نىسپىگىچە مەھمۇدنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى ، كۆپ ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى ، نۇرغۇن پىكىرلەرنى مېڭىسىدە تاۋلىدى . «ئەركىنلىك ! — دېدى ئۇ ئاخىر ، — ھەرقانداق ياخشىلىق ، ھەرقانداق ئادالەتمۇ ئەركىنلىككە يەتمەيدۇ . شۇنداق ، تۇرۇمتاينىڭ تەلەپ قىلىۋاتقىنى ئەركىنلىك ۋە ھوقۇق . ئۇ ھۆر ئادەملەر بىلەن باراۋەرلىكتە ياشاشنى خالايدۇ» . مەھمۇد كاشغەري بۇنى نېمە ئۈچۈن بۇرۇن ئويلىمىغان ؟

ئۇ ئەتىسى كۈنى مەستلىكى يېشىلىپ تەزىمگە كىرگەن تۇرۇمتايغا بىر ھازاغىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتى . تۇرۇمتايمۇ تۈنۈگۈنكى سەتچىلىكتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي پۇشۇلداپ تۇراتتى .

— ئولتۇر ، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭغا .

تورۇمتاي گىلەمنىڭ بىر چېتىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . مەھمۇد خۇددى ئۇنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەك ، ئۇنى ئەمدىلا تونۇۋاتقاندەك باشقىچە نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا سەپسالدى .

— تۇرۇمتاي ، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن ، — ئىچىڭدە نېمە گېپىڭ بولسا ، ماڭا باشتىلا ئېيتساڭ بولماسمىدى . مېنىڭدىن رەنجىگەن يېرىڭ بارمۇ ؟ بىلىپ - بىلمەي ساڭا ئازار بەرگەن يېرىم بارمۇ ؟

— يوقسۇ ، ھەزرىتىم ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ، — دېدى تۇرۇمتاي ئۇنىڭغا تىك قارىيالماي . ئەمما ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن

قەتئىيلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

«ئۇنىڭ تېخى ماڭا دەيدىغان گەپلىرى بار» ئويلىدى مەھمۇد ۋە مۇنداق دېدى:

— مەن سېنى قۇل قاتارىدا كۆرمىدىم. ئويلاپ باق، بىز سېنىڭ بىلەن كىچىكىمىزدىنلا بىر ئۆيدە بىللە ئۆستۇق. مەن سېنى ئۆز قېرىندىشىمدەك كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن، سەن تونۇگۇن ...

— لېكىن، مەن بەرىبىر قۇلغۇ، — تۇرۇمتاي قانداقتۇر ئىچى تىت - تىت بولۇۋاتقاندەك بىر قىسما قىياپەتتە مەھمۇدنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

مەھمۇد ئۇنىڭغا كۆز تىكىپ، بىردەم جىم بولۇپ قالدى.

— توغرا، — دېدى ئۇ خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — سەن قۇللۇقتىن ئازاد بولۇشنى خالايسەن، بۇنى نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق ئويلىمىغان بولغىيتتىم.

— قۇللۇقتىن ئازاد بولۇشنىغۇ خالايمەن، — دېدى تۇرۇمتاي، — بىراق، مەن بىلىمەن، خاقانىيدە پەقەت چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن قۇللارلا ھۆر بولالايدۇ. مەن خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتۈۋاتىمەن.

تۇرۇمتاي سۆزلىگەنسېرى جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ نەپەسلىرى بوغۇلۇپ، ئاۋازى ئېگىز - پەس بولۇپ كەتتى.

— ھەزرىتىم، مەن ھازىر ھۆرلۈك تەلەپ قىلماقچى ئەمەسمەن. ھۆرلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم خىزمەت كۆرسىتىپ، شارائىت يارىتىمەن. مەن بۈگۈن باشقا بىر گەپنى... باشقا بىر قۇل توغرىسىدا ...

تۇرۇمتاينىڭ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ قالدى، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. مەھمۇد كاشغەرىي تەئەججۈپ ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ پالۋان قۇلنى مۇنداق ھالەتتە ئەسلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

تۇرۇمتاي گاھى ھاياجانلىنىپ، گاھى ئاھ ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ

مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ بەردى . ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئوتلۇق تىنىقلىرىدىن گويا ئۇچقۇنلار چاچرىتىپ ، ئاشۇ ئاق يۈملاق قۇل قىزدىن جۇدا بولغانلىقىنى تىلغا ئالدى .

— كۈمۈشنى تاشبالىقنىڭ[1] بېگى تونۇگۈن سېتىۋېلىپ ئەكېتىپتۇ ، — دېدى تۇرۇمتاي ، — ئاڭلىشىمچە ، ئۇ شەھۋانىي ھەۋەسكە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كەتكەن زالىم بەگ ئىمىش . ئۇ : «كۆڭلۈمگە يارىغۇدەك قۇل قىزلىرىڭ بارمۇ ؟ » دەپ بىرنەچچە باي ۋە بەگلەردىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ، ئاخىر كۈمۈشنى تاللىۋاپتۇ .

مەھمۇد ئېسىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ قوشۇمىسىنى تۈردى .

— تاشبالىقنىڭ بېگى... ھىم... ئۇنىڭ ئىسمى كىم ئىدى ؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن ، — دېدى تۇرۇمتاي ، — كىشىلەر ئۇنى «ياۋلاق سارىغ[2] » دەپ ئاتىشىدىكەن .

— بۇ گەپنى نېمە ئۈچۈن ماڭا مۇشۇ ۋاخىچە ئېيتمىدىڭ ؟

تۇرۇمتاي بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، بېشىنى ئەلەم بىلەن چايقىدى ، نەملەشكەن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ، لېۋىنى چىشلىدى .

— يۈر ! — دېدى مەھمۇد ئورنىدىن تۇرۇپ .

تۇرۇمتايمۇ قوپتى ۋە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قالدى .

— يۈر ، — دېدى يەنە مەھمۇد ، — ھازىرلا تاشبالىققا بارايلى !

كەچ كۈز . بۇلۇتلۇق ئاسمان يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قىش كۈنلىرىدىن دېرەك بېرەتتى .

تاشبالىق بېگى ياۋلاق سارىغنىڭ ھويلىسى .

بەگنىڭ تۆت چاكىرى قىل ئارقان بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بىر ئادەمنى سۆرەپ ئەكېتىۋاتاتتى . باغلاقتىكى ئادەم

---

① تاشبالىق — ھازىرقى تاشمىلىق .

② ياۋلاق سارىغ — يامان سېرىق .

ماڭغىلى ئۇنىماي تارتىشاتتى، ۋارقىرايتتى:
— ماڭا ئۇۋال بولدى! ئىنساپ قىلىڭلار! بىزنى ئۇلسۇن دەمسىلەر...

چاكارلار ئۇنى سۆرەيتتى، ئىتتىرەتتى، تېپەتتى، يىقىلىپ چۈشسە تارتىپ تۇرغۇزۇپ يەنە سۆرەيتتى.

بۇ باغلانغان ئادەمنىڭ خوتۇنى چاكارلارغا ئېسىلىپ يالۋۇراتتى. ئۇنىڭ بۆز رومىلى بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا دەسسىلىپ ياتاتتى. ھەر خىل، ھەر رەڭ ياماقلار سىلىنىغان ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە بەش - ئالتە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئېسىلىۋېلىپ، بار ئاۋازى بىلەن يىغلاۋاتاتتى. سەل نېرىدا يەنە ئىككى ئۇسمۇر قىز قورقۇپ كەتكىنىدىن بىر - بىرىگە يېپىشىپ، كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياش تۆككەن ھالدا:

— دادا، دادا، — دەپ ئېچىنىشلىق ئۈن سالاتتى.

ئۇلارنىڭ ئانىسى، ھېلىقى خوتۇن بوغۇلۇپ كەتكەن ئاۋازى بىلەن توختىماي قاقشايتتى:

— رەھىم قىلىڭلار! خۇدا ھەققىدە رەھىم قىلىڭلار!

قېرى - ياش ئون نەچچە دېھقان ئۇلارغا ئىچىنى ئاغرىتقان قىياپەتتە ئۇلىشىپ قاراپ تۇراتتى.

شۇ مالىمانچىلىقتا دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن ئىككى نەپەر ئاتلىق كىشىنى ھېچكىم كۆرمەي قالدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ئاتلىقلاردىن بىرى دېھقانلاردىن.

— يەر ئىجارىسىنى تۆلىمىدى دېيىشىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بىر بوۋاي.

— ئۇ تۆلىگەن، مەن بىلىمەن، — دېدى ئۇنىڭغا دوق قىلىپ، ئوتتۇرا ياشلىق قارىمۇتۇق ۋە دوغىلاق كەلگەن يەنە بىر كىشى.

ھېلىقى ئاتلىق كىشى چاكارلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— توختاڭلار ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن .

چاكارلار باغلانغان دېھقاننى سۆرەشتىن توختاپ ، بۇ ناتونۇش كىشىگە كۆز تىكتى .

— ئۇنى نېمە قىلماقچىسىلەر ؟

— چىنارغا ئېسىپ قامچىلايمىز .

— بېگىمىزنىڭ ئەمرى شۇنداق .

— ئۇ يەر ئىجارە ھەققىنى تۆلەشتىن باش تارتقان !

باغلانغان دېھقان چاكارلارنىڭ قوللىرىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ ، يىغلامسىراپ ۋارقىراپ كەتتى :

— ئۇنداق ئەمەس ! ماڭا ئۇۋال بولدى ! ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىر ئۇلۇشىنى ئۆزۈمگە قالدۇراي دېسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ .

ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بالىلىرى يەنە داد ـ پەرياد ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى .

— ئۇنى قويۇۋېتىڭلار ، — دېدى ناتونۇش كىشى چاكارلارغا قاراپ .

— تەقسىر ، — دېدى ، اكارلاردىن بىرى ، — قارىغاندا ، سىزمۇ بەگ ئوخشايسىز ، لېكىن بۇ يەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ بېگى بار .

ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئىككىنچىسى بۇ گەپنى دېگەن چاكارنىڭ ئالدىغا ئېتىنى دېۋىتىپ كەلدى .

— تىلىڭنى تارت ، ئەبلەخ ! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ ، — بۇ زات بەگ ئەمەس ، خانزادە مەھمۇد كاشغەرىي ھەزرەتلىرى بولىدۇ ، بىلىپ قوي ، قاپاق باش ھاڭۋاقتى ! سېنىڭ بېگىڭ قانچىلىك نېمىتى ؟

— ھە ، بەللى ، غوجامنىڭ غوجىسى بار ، — دېدى ھېلىقى قارىمۇتۇق دوغىلاق كىشى ۋە ھەييارلىق ئالامەتلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى .

— ئۇنى قويۇۋېتىڭلار ، — دەپ تەكرارلىدى مەھمۇد

كاشغەري .

چاكارلار ئالاقزادە بولۇپ ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى . ئۇلارغا غەزەپلىك ۋارقىرىغان ھېلىقى كىشى ئاچچىقىغا پايلىماي قامچىسىنى كۆتۈرگەنىدى ، مەھمۇد كاشغەري قول ئىشارىسى بىلەن ئۇنى توسۇدى .

— بولدى قىل ، تۇرۇمتاي ، ئۆزۈڭنى بېسۋال .

تۇرۇمتاي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، قامچىسىنى چۈشۈردى ، ئاندىن يەنە ۋارقىرىدى :

— قويۇۋەت دېگەننى ئاڭلاشمىدىڭمۇ ؟ نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرۇشىسەن !

چاكارلار ئۇشتۇمتۇت بۇ يەردە خانزادە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن ھودۇققان ھالدا ئالدىراپ - تېنەپ ، باغلانغان دېھقانىنىڭ قوللىرىنى يېشىۋەتتى ۋە :

— بېگىمىزگە خەۋەر قىلىپ قويايلى ، — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىشتى .

جازادىن قۇتۇلۇپ قالغان دېھقان مەھمۇدنىڭ ئالدىدا تىزلاندى ۋە بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ ، قايتا - قايتا تەزىم قىلدى . ئۇنىڭ ئوزايىدىن مىننەتدارلىق ۋە قورقۇش ئىپادىسى ئارىلىشىپ كەتكەن بىرخىل مۇرەككەپ روھىي ھالەت سېزىلىپ تۇراتتى .

— ھەشقاللا ، ھەزرەتلىرى ، — دەيتتى ئۇ ، — مەندەك بىر بىچارىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئاللا ئۆزى رەھمەت قىلسۇن ... ھەزرەتلىرى ، يەر ئىجارىسىنى تۆلىمەسلىككە نېمە ھەددىم . بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەلچان بولۇپ قالدىم . ھوسۇل ئاز ئېلىندى . لېكىن ، بىزنىڭ بېگىمىز سىلىقنى بولتۇرقى ھېساب بويىچە يىغدى ... ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۆزۈمگە قالدۇراي دېسەم ... مانا مۇشۇنداق ... سېلىق تۆلەشتىن باش تارتتى دەپ ...

دېھقان گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرەلمەي ئۇنسىز يىغلاپ كەتتى .

— ئۇ راست دەيدۇ، — ھېلىقى قارىمۇتۇق دوغىلاق كىشى يەنە سۆزگە ئارىلاشتى، — مەن سېلىق يىغقانلارغا ھارۋىكەشلىك قىلغان. مەن ھەممىنى بىلىمەن. بۇ يەردىكى ھەممە كىشىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىمەن.

شۇ ئارىدا ياۋلاق سارىغ بەگ چاكارلىرىدىن يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئۇقۇپ، ئالمان - تالمان يېتىپ كەلدى ۋە مەھمۇد كاشغەرىينى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى، توققۇز تەزىم قىلىپ، كۇتۇلمىگەندە كېلىپ قالغان بۇ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى.

مەھمۇد ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمىدى.

— باج - سېلىق قانۇنىنى بىلەمسىز، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى ئۇ چىرايىنى ئاچماي.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ياۋلاق سارىغ دۇدۇقلاپ، — ھوسۇلنىڭ ئۇچتىن بىر ئۇلۇشى ئوردا خەزىنىسىگە يەر بېجى ھەققىدە تاپشۇرۇلىدۇ، ھە ... يەنە ئۇچتىن بىر ئۇلۇشى يەر ئىجارە ھەققى ئۈچۈن يەر ئىگىسىگە بېرىلىدۇ ... قالغان ئۇچتىن بىر ئۇلۇشى ئىجارىكەش دېھقاننىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلىدۇ.

مەھمۇد تەنبىھ بەرگەن تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

— باج - سېلىق يىغىش باھانىسى بىلەن دېھقانغا ۋە ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرىغا جىسمانىي جەھەتتىن زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. بۇنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، بىلىمەن، ھەزرەتلىرى ...

— باج ۋە ئىجارە ھەققىنىڭ مىقدارى ھەر يىلى ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ چوقۇم ئۇچتىن بىر ئۇلۇش بويىچە بەلگىلىنىشى كېرەك. بۇنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، ھەزرەتلىرى ... بىلمەمدىغان ...

— بۇ يىل جايلاردا، تاشبالىقتىمۇ ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى. دەل شۇ سەۋەبتىن، سىز ئۇردىغا بۇلتۇرقىغا نىسبەتەن خېلى ئاز ئاشلىق تاپشۇردىڭىز. بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار. ئەجەبا، دېھقانلاردىن

بۇلتۇرقى ھېساب بويىچە سېلىق يىغىپسىزغۇ؟
ياۋلاق سارىغنىڭ پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى.
— دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئاشلىقىنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىڭ، — دېدى مەھمۇد ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن مەن بۇ ئىش بىلەن كەلمىدىم. باشقا گەپ بار.
ياۋلاق سارىغ «يەنە قانداق گەپ باردۇ؟» دېگەن ئەندىشە بىلەن ئۇنىڭغا كۆز تىكتى.
— سىز تۇنۇگۇن كۈمۈش ئىسىملىك بىر قۇل قىزنى سېتىۋالغانمىدىڭىز؟ — سورىدى مەھمۇد.
— شۇنداق، ھەزرەتلىرى...
— شۇ قىزنى بىزگە قايتۇرۇپ بەرگەيسىز.
مەھمۇد تىللا سېلىنغان شاۋرۇن قاپچۇقنى شاراقلىتىپ، ئىككى قولنى سېتىۋالغۇدەك ئالتۇننى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.
— ئۇ قىزنىڭ نىكاھلىنىشىغا پۈتۈشكەن يىگىتى بار، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ.
مەھمۇد كاشغەرىيدەك خانزادىگە تاشبالىقنىڭ بېگى نېمە دېيەلەيتتى؟ ئۇ چىرايىدىن خۇشامەت كۈلكىسىنى ياغدۇرغان پېتى ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ چىقىپ كەتتى ۋە ھايال بولماستىن كۈمۈش قىزنى باشلاپ كىردى.
— كۈمۈش!
— تۇرۇمتاي!

## ئون ئىككىنچى باب

## نورۇز بايرىمى

تاشبالىقتىن قايتىپ كېلىپ ئەتىسىلا مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن ئالتۇن تارىم چولپانئاي شەخسەن ئۆزلىرى باش بولۇپ، تۇرۇمتاي بىلەن كۈمۈشنىڭ تويىنى قىلىپ قويدى. ئارىق قەلئەسىدە ئۇدا ئىككى كۈن توي ـ تاماشا بولدى. بەگ بالىلىرىدەك قىممەتلىك لىباسلارغا پۈركەنگەن تۇرۇمتاي بىلەن كۈمۈشكە قاراپ بارلىق چاكار ۋە قۇللار بۇ مېھرىبان خوجايىنلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشتى. مەھمۇد كاشغەرىي مۇرادىغا يەتكەن بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بەختىيار كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايلىرىغا قاراپ خاتىرجەم بولدى. چولپانئايمۇ خۇشال بولۇپ، يىگىت بىلەن كېلىنگە بىر ساندۇق ئەن رەخت ۋە كىيىم ـ كېچەك سوۋغا قىلدى.

تويدىن كېيىن تۇرۇمتاي بۇرۇنقىدەكلا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يېنىدا خاس مەھرەملىك خىزمىتىنى ئىشلەۋەردى. كۈمۈشنى بولسا، چولپانئاي ئۆزىگە خاس مەھرەم قىلىۋالدى.

— توۋا، دۇنيادا بۇنداق ياخشى خوجايىنلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن! — دەيتتى كۈمۈش تۇرۇمتايغا.

— شۇنداق، — دەيتتى تۇرۇمتاي ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — بۇ يەردە بىزنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ.

مەھمۇد كاشغەريي ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئۇ تۇرۇمتاينى باشلاپ، كاشغەر ۋە ئارتۇچ ئەتراپلىرىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنى ئارىلاپ چىقتى. ئېتىز ـ قىرلارغا بېرىپ، يەرلىك شېۋىلەر دائىرىسىدىكى سۆز ـ ئىبارىلەرنى توپلىدى. ئۆگزىسىدىن تۈگۈلۈك ئېچىلغان ئاددىي ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، خەلق ناخشىچىلىرىنىڭ بېيىت ـ قوشاقلىرىنى خاتىرىلىدى. كۆپنى كۆرگەن بوۋاي ـ مومايلارنى ئىزدەپ، ئۇلاردىن ئۆتكەن زامانلارنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ۋە قەدىمكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدى. سۆزمەن دېھقانلاردىن خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئۆگەندى.

قىش كېتىپ، ھاۋا ئىللىپ قالدى.

نورۇز بايرىمىغا ئىككى كۈن قالدى. مەھمۇد كاشغەريي تېخىچە قەلەمنى قولىدىن چۈشۈرمەي، دەستە ـ دەستە قولىيازمىلىرىنى رەتلەپ ئولتۇراتتى. ئۇ، قولىيازمىلارنى بىر ۋاراق ـ بىر ۋاراقتىن ئېلىپ ئوقۇيتتى، بەزىلىرىنى يىرتىپ تاشلايتتى، بەزىلىرىنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يېرىنى تۈزىتەتتى، بەزىلىرىنى باشقىدىن كۆچۈرۈپ يازاتتى.

شۇ ئەسنادا تۇرۇمتاي كىرىپ ئىشىك ئالدىدا توختىدى.

مەھمۇد قەلەمنى قويۇپ، ئويچان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

خاس مەھرەم شۇندىلا ئېغىز ئېچىشنى راۋا كۆردى.

— نىزامىددىن ئىسراپىل توغان تېگىن ھەزرەتلىرى قەدەم تەشرىپ قىلاتۇرۇر، — دەپ مەلۇمات بەردى ئۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ.

— نىزامىددىن ئىسراپىل... — دەپ تەكرارلىدى مەھمۇد ۋە ئارقىدىنلا خۇشاللىق بىلەن خىتاب قىلدى، — كىرسۇن، كىرسۇن! قېنى ئۇ؟

ئۇچىسىغا كۆك رەڭلىك موۋۇت چاپان ۋە سۆسەر تۇماق كىيگەن، قىرقىما بورۇتلۇق ياش بىر كىشى مەھمۇدنىڭ

ئىشخانىسىغا خوش تەبەسسۇم ئەيلەپ كىرىپ كەلدى. مەھمۇدمۇ ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى.

— نىزامىددىن! بۇ سەنمۇ ـ ھە! قاچان كەلگەنىدىڭ؟ — دېدى ئۇ مېھماننى قۇچاقلاپ.

— ئالدىنقى كۈنى كاشغەرگە يېتىپ كەلدىم. مانا ئەمدى سىزنىڭ ھوزۇرۇڭىزدا تۇرۇپتىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تۇرۇمتاي سېلىپ بەرگەن مەخمەل كۆرپىگە ئولتۇرۇپ، قايتىدىن سالاملاشتى، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

— خۇداغا شۈكۈر، تىنچ ـ ئامان قايتىپ كېلىپسەن، — دېدى مەھمۇد، — ھە، سەپىرىڭ قانداق بولدى؟ سۆزلەپ بەرمەمسەن.

— سۆزلەپ بېرەي، — دېدى توغان تېگىن، — ھىم... گەپنى قەيەردىن باشلىسام بولىدىكىن. ئارىدىن ئىككى يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ.

مەھمۇد ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى ئىرغىتتى.

— شۇنداق، ئىككى يېرىم يىل بولۇپ قالدى... ھە، گەپنى مەن باشلاپ بېرەي. سەن ئاتاڭ بىلەن بالاساغۇندىن كاشغەرگە كەلدىڭ، ئاندىن ئارسلانخان سېنى ئۇدۇنلۇق بىر ئەمەلدارغا قوشۇپ قويدى. سەن شۇ ئەمەلدار بىلەن ئۇدۇنغا كەتتىڭ.

توغان تېگىن يەنە كۈلدى.

— توغرا، مەن ئۇدۇنلۇق سودىگەرلەر تەييارلىغان چوڭ كارۋانغا قوشۇلۇپ يولغا چىقتىم. راستىنى ئېيتسام، مەن شۇ چاغدا بۇنداق ئۇزۇن سەپەرگە چىقىشتىن بىرئاز قورققانىدىم. لېكىن، ئاتام... ئۇنىڭ خۇيىنى ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، ئۇ سۆزىدىن يانمايدىغان ئادەم. ئۇ ئانامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، مېنى ئۇدۇنلۇق سودىگەرلەرگە قوشۇپ قويدى.

مەھمۇد يەنە بېشىنى ئىرغىتتى.

— شۇ چاغدا ئاتاڭ بوۋام بۇغراخانغا: «ئوغۇل بالا چوڭ

بولغاندىن كېيىن مۇشكۇل سەپەرلەردە چېنىقىشى، شەھەر كۆرۈپ ئەقىل تېپىشى كېرەك» دېگەنىدى.
توغان تېگىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— مەن ئۇدۇنلۇق سودىگەرلەر بىلەن چاڭئەن، لوياڭ، جىڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەردە بولدۇم.
— ئۇ يەرلەر قانداق ئىكەن؟
— بىز خان سارىيىدا زىياپەتكە قاتناشتۇق، بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ كىردۇق، كوچا ۋە بازارلارنى ئارىلىدۇق، چىنلىقلار بىناكارلىق، ھۈنەر - سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەن خەلق ئىكەن. ئىمارەتلەر شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم، شايى - دۇردۇنلىرى شۇنچە سىپتا، جانان چىنە - قاچىلىرى شۇنداق نەپىس ئىشلەنگەنكى، ئادەم ھەيران قالىدۇ.
— ئۇ يەرلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى قانداق ئىكەن؟
— بىز سارىغ ئۆگۈز[1] ۋە ياشىل ئۆگۈز[2] دەريالىرىنى كۆردۇق. بىزنىڭ ئىلى ۋە تارىم دەريالىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا ئۇلار ناھايىتى چوڭ دەريالار ئىكەن. بۇ ئىككى دەريانىڭ سۈيى بىلەن نۇرغۇن تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىشقا بولىدىكەن. خۇسۇسەن، ياشىل ئۆگۈز دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، يىلىغا ئىككى - ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىنىدىكەن. شۇڭا، يەر ئاز، ئادەم كۆپ بولسىمۇ، ئاشلىقتىن قىسىلىپ قالمايدىكەن. بىراق، ئۇ ياقلاردا تەڭرىتاغدەك چوڭ تاغلار بولمىغاچقا، چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئانچە راۋاج تاپمىغان. شۇنداقتىمۇ سۈيى كۆپ بولغاچقا، بېلىقچىلىق ۋە غاز، ئۆردەك باقمىچىلىقى ئومۇملاشقانىكەن.
نىزامىددىن ئىسراپىل توغان تېگىن سەپەر تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن سورىدى:

[1] سارىغ ئۆگۈز — خۇاڭخې.
[2] ياشىل ئۆگۈز — چاڭجياڭ.

— ئاڭلىشىمچە، سەنمۇ سەپەرگە چىقماقچى بولۇۋېتىپسەنغۇ؟

— شۇنداق، — دېدى مەھمۇد، — بوۋام بۇغراخان ئاتامغا شۇ ھەقتە مەكتۇپ يېزىپتىكەن. ئاتام بىلەن ئانام مېنى ئۈزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بارسغاندىن كەلدى. ئۇلارمۇ: «ئوغۇل بالا، سەپەرگە چىقىپ چېنىقىشى كېرەك» دەيدۇ.

— قەيەرلەرگىچە بارماقچى بولۇۋاتىسەن؟

— تۈركىي قەبىلىلەر ياشايدىغان ھەممە يۇرتلارنى ئايلىنىپ چىقماقچىمەن.

— ھە، مەن شەرققە بارغانىدىم، سەن غەربكە بارىدىكەنسەن-دە.

— شۇنداق. ئاتام قىرىق تۆگىلىك مال تەييارلاپ قويدى. «بىر تەرەپتىن سودا قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ كەل» دەيدۇ.

— ياخشى بوپتۇ، بۇرادەر، — دېدى توغان تېگىن، — قانچە كۆپ جايلارنى كۆرسە، ئادەمنىڭ زېھنى ئۇرغۇپ، كۆزى ئېچىلىپ قالىدىكەن.

— شۇنداق، — دېدى مەھمۇد ۋە مەنىلىك كۈلۈپ قويدى، — لېكىن بۇ قېتىمقى سەپەردىن مەن ئۆز مەقسەتلىرىم ئۈچۈن پايدىلانماقچىمەن.

توغان تېگىن سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— مەن ئۆزۈندىن بېرى ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ شېۋىلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىشنى ئويلاپ يۈرگەنىدىم.

— مۇھىم، ئەھمىيەتلىك ئىشنى ئويلاپسەن، — دېدى توغان تېگىن، — كاشغەر سارىيىدا ھەسەن تېگىن سىېنىڭ «كىتابى جاۋاھىرۇننەھۋى فىللۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىڭنى ماڭا كۆرسەتكەنىدى. ئەمدى يەنە بىر ئەسەر يېزىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟

— شۇنداق ئويۇم بار، لېكىن تېخى يېزىشنى باشلىمىدىم. ئالدى بىلەن بۇنىڭغا ئوبدان تەييارلىق قىلىشىم كېرەك. بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزئارا

سىلىشتۇرۇش ئاساسىدا بىر دىۋان يېزىپ باقسام دېگەن ئارزۇيۇم بار.

— شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىممەتلىك سودا سەپىرىدىن پايدىلىنىپ، تۈركىي قەبىلىلەر ياشايدىغان يۇرتلارنى ئايلىنىپ چىقماقچى بوپسەن - دە.

— شۇنداق. بۇۋام بىلەن ئاتام مېنى ھەممە يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان تەجرىبىلىك ھۆكۈمدار قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى. مەن بولسام، بۇ سەپەرنى تىل تەكشۈرۈش ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت دەپ قارايمەن.

شۇ تەرىقىدە ئۇلار يەنە ئۇزاق مۇڭداشتى. سۆز ئاخىرىدا نىزامىددىن ئىسراپىل توغان تېگىن:

— ھەسەن تېگىن بۇ يىلقى نورۇز بايرىمىنى ئوپالدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلمەكچى، — دېدى.

— قاچان كېلىدىكەن؟

— بايرامنىڭ ھارپا كۈنى.

نىزامىددىن ئىسراپىل توغان تېگىن بالاساغۇن ھاكىمى مۇھەممەد چاقىرتونقاخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىيدىن سەل چوڭراق ئىدى. گەرچە ئۇ ساچىيە مەدرىسىسىدىكى ئوقۇشىنى مەھمۇدتىن ئۈچ يىل بۇرۇن تاماملىغان بولسىمۇ، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، نورۇز بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنى مەھمۇد كاشغەرىي ۋە نىزامىددىن ئىسراپىل توغان تېگىن ئازىق قەلئەسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ھەسەن تېگىننى كۈتۈۋالدى.

ھەسەن تېگىن مەھمۇدنىڭ ئاتىسى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، بۇ يەرگە ئۆزىدىن ياشراق يەنە بىر كىشى بىلەن بىللە كەلگەنىدى.

— ۋاھ، سىزمۇ كېلىپسىزغۇ! — دېدى توغان تېگىن بۇ كىشىنى مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ.

— تونۇشۇپ قويغىن، مەھمۇد، — دېدى ھەسەن تېگىن بۇ يېڭى مېھماننى كۆرسىتىپ، — شائىر يۈسۈپ بالاساغۇنى. بالاساغۇنلۇق مەۋلانىلەر ئىچىدە مەن ئۇنى ئالاھىدە قەدىرلەيمەن. سىلەرمۇ ئاداش بولۇپ قېلىڭلار، چىقىشىپ كېتەلەيسىلەر.

— بۇ مېنىڭ بالاساغۇندىكى يېقىن بۇرادەرلىرىمدىن بىرى، — دېدى توغان تېگىنمۇ مەھمۇدقا.

— تونۇشقىنىمىزغا خۇرسەنمەن، مۆھتەرەم يۈسۈپ بالاساغۇنى ھەزرەتلىرى، — دېدى مەھمۇد، — بۇ يەرنى ئۆز ئۆيىڭىزدەك كۆرگەيسىز. ھەسەن تېگىن ھەزرەتلىرى ئاتام بىلەن بىر نەۋرە تۇغقان، پېقىرغا ئاتا يوللۇق كىشى بولىدۇ. توغان تېگىن سىرداش دوستۇم. سىزمۇ ئوخشاشلا كەمىنىڭىزنىڭ ئىززەتلىك مېھمىنى.

يۈسۈپ بالاساغۇنى ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، خۇش چىراي كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى ئەگدى.

— ھىممىتىڭىزگە تەشەككۇر، ھۆرمەتلىك مەۋلانەم.

مەھمۇد ئۇلارنى ئاتىسى ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخاننىڭ ھۇزۇرىغا باشلىدى.

ئىلىكخان بىلەن غىزادا بىللە بولغاندىن كېيىن كەچتە مېھمانلار مەھمۇدنىڭ ئىشخانىسىدا جەم بولدى.

— مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى سىزنىڭ ئەسىرىڭىنى كۆرگەنىكەن، — دېدى ھەسەن تېگىن قويۇق ئۆسكەن قارا ساقىلىنى سىلاشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، — شۇڭا سىزنىڭ بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇمنى سورىدى.

— ھەشقاللا، مەۋلانەم، — دېدى مەھمۇد بالاساغۇنلۇق شائىرغا قاراپ، — پېقىردەك قەلەمى پىشمىغان ھەۋەسكارغا شۇنچىلىك ئىلتىپات كۆرسەتكىنىڭىزدىن كۆپ خۇرسەنمەن.

بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا، خۇشاللىق ۋە ھاياجاننىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان جۇشقۇنلۇق تۇيغۇنىڭ تەپتىدىن ئۇنىڭ مەڭزىلىرىگە يېنىككىنە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدى.

يۈسۈپ بالاساغۇنى ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىنى چۈشەندى ۋە بۇ ھالدىن ئۆزىمۇ مەمنۇن بولدى. بۇنداق دوستانە كەيپىيات ئىچىدە، ئۇ مەزكۇر سورۇننىڭ مۇھىتىغا ئاسانلا ئۆزلىشىپ كەتتى.

— مەۋلانە يۈسۈپ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى بىر توپلام قىلىپ تۈپلەتتى، — دېدى ھەسەن تېگىن داۋاملىق مەھمۇدقا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، — مەن ئۇنىڭ بۇ توپلىمىنى قول ئاستىمدىكى خەتتاتلارغا كۆچۈرۈپ كۆپەيتىشنى ئورۇنلاشتۇردۇم. كۆچۈرۈلۈپ، توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھەرقايسى شەھەرلەردىكى كىتابپۇرۇشلۇق دۇكانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز.

شۇ گەپتىن كېيىن يۈسۈپ بالاساغۇنى ئۆزى ئەكەلگەن قوڭۇر تاشلىق قېلىن بىر كىتابنى مەھمۇدقا ئۇزاتتى. شائىر بۇ ئۆيگە كىرگەندە شۇ كىتاب ئۇنىڭ قولتۇقىغا قىسىقلىق بولۇپ، ئولتۇرغاندىن كېيىن يېنىغا قويۇپ قويغانىدى. مەھمۇد ئۇ كىتابقا بىرنەچچە قېتىم كۆز تاشلىغان بولسىمۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن بۇنىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى سورىمىغانىدى.

— قوبۇل قىلغايسىز، مەۋلانە، — دېدى شائىر، — تونۇشقانلىقىمىزنىڭ نىشانى بولۇپ قالسۇن.

مەھمۇد كىتابنى قوش قوللاپ قوبۇل قىلدى، ئاندىن ئۇمۇ ئۆزىنىڭ «كىتابى جاۋاھىرۇننەھۋى فىلئۇغاتىت تۈرك» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىدىن بىرىنى يۈسۈپ بالاساغۇنغا، يەنە بىرىنى نىزامىددىن ئىسرايىل توغان تېگىنگە يادىكار قىلدى.

— سەپەرگە چىقىش ۋاقتىڭنى قاچانغا بېكىتتىڭ؟ — سورىدى

ھەسەن تېگىن مەھمۇدتىن.

— خۇدا بۇيرۇسا، نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپلا ماڭاي دەيمەن.

كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشتى.نورۇز بايرىمى يېتىپ كەلدى. پۈتۈن ئوپال قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرىگە تولدى.

سەھەردىلا ئۆي - ئۆيلەردىن، كەنت - كەنتلەردىن قوزغىلىپ چىققان خالايىق توپ - توپى بىلەن نورۇزبۇلاق تۆپىلىكىگە قاراپ سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. بەزىلىرى ئاتلىق، ئېشەكلىك ۋە بەزىلىرى چوڭ - كىچىك ھارۋىلاردا، لېكىن زور كۆپچىلىك كىشىلەر پىيادە كېتىۋاتاتتى. ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار، ئۆسمۈر - باللار بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، زوق - شوق بىلەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشماقتا. ھەممىسىنىڭ چىرايلىرىدىن شادىمان كۈلكە يېغىپ تۇرىدۇ.

چوڭلار ئۆزئارا سالاملىشىپ، بىر - بىرىنى قۇتلۇقلايتتى:

— بايرام قۇتلۇق بولسۇن!

— قۇتلۇق بولسۇن!

— نورۇزغا مۇبارەك!

ئۇششاق باللار ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ چۇرقىرىشاتتى:

— نورۇز كەلدى!

— نورۇز كەلدى!

— خۇش مۇبارەك نورۇز كەلدى!

— نورۇز ... نورۇز ...

باھار گۈللىرىدەك ياسانغان قىزلار جاراڭلىق كۈلكە سادالىرى ئىچىدە قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، بايراملىق تاماشا سورۇنىغا تېزرەك يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىشاتتى.

قوزا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن قارا قالپاقلىرىنى نوچىلارچە بىر يانغا بېسىپ كىيىشىپ، كەشتىلەنگەن ئاق يېپەك كۆڭلەكلىرى

ئۈستىدىن رەڭدار شايى روماللارنى باغلاشقان ياش يىگىتلەر شوخلۇق قىلىشىپ قىزلارغا كۆزلىرىنى قىسىشاتتى ۋە نورۇز بەزمىسى باشلانغاندا ئېيتماقچى بولغان بېيىت - قوشاقلىرىنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ، قايسى قىز بىلەن ناخشىدا بەسلىشىشكە چۈشسەمكىن دېگەن نازۇك ھەم شېرىن خىياللار بىلەن گويا مەست بولاتتى.

يارقىن باھار قۇياشى ۋە ئىللىق ھاۋا تەنلەرگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. كۆك ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلار مەيىن شامالدا ئاستا - ئاستا شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، لەرزان ئۈزۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئېتىز ۋە داللاردىن تورغايلارنىڭ سايراشلىرى، يېڭىدىن يوپۇرماق چىقىرىپ كۆكلەۋاتقان بوستانلار ئارىسىدىن كاككۇكلارنىڭ ناۋاسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇشتۇمتۇت ئازىق قەلئەسى تەرەپتىن كاناي - سۇنايلارنىڭ ياڭراق ساداسى، ناغرا - دۇمباقلارنىڭ گۇمبۇرلەشلىرى ئاڭلاندى. يىراق - يېقىندىكى خالايىق دەررۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىنى بېسىقتۇرۇپ شۇ تەرەپكە كۆز تىكتى.

— خانلار چىقتى، — دېيىشتى كىشىلەر.

— ئەمدى بايرام رەسمىي باشلىنىدىغان بولدى.

— تېزرەك ماڭايلى.

— چاققان بولۇڭلار!

دەرۋەقە، بۇ چاغدا ئازىق قەلئەسىنىڭ قېلىن قارا تۆمۈر بىلەن قاپلانغان شەرقىي دەرۋازىسى كەڭ ئېچىلدى. قاراخانىيلارنىڭ قارىغاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن قىزىل بايرىقىنى كۆتۈرگەن سۆلەتلىك بايراقدار ئاق قۇدەك ئۇزۇن بويۇن ئاق ئارغىماقنى مىنىپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئوخشاشلا ئاق ئات مىنىپ، بېزەكلىك قىلىچلارنى ئاسقان نۆكەرلەر تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ، سەپ بويىچە تىزىلىپ چىقتى. ئاندىن، يۈگەن - جابدۇقلىرى زۇمرەت ۋە ياقۇتلار بىلەن بېزىتىلىپ، تاۋار يوپۇقلار يېپىلغان نەسىللىك ئاتلارغا مىنىشكەن ئالىي زاتلار

كەينى ـ كەيندىن چىقىۋەردى . ئەڭ ئالدىدا ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخان بىلەن ھەسەن تېگىن ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەھمۇد كاشغەرىي ، يۈسۈپ بالاساغۇنى ، نىزامىددىن ئىسراپىل توغان تېگىن قاتارلىقلار . مويسىپىت مۇدەررىس ھۈسەين ئىبنى خەلەپمۇ گىلەم سېلىنغان مەيگە ئولتۇرۇپ چىقىپ كەلدى .

يول بويىدىكى خالايىق بۇ ھەيۋەتلىك ئاتلىقلارغا ئەگىشىپ مېڭىشتى .

ئاتلىقلار ئازىق دارىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان سايغا كەلگەندە توختاپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى . نەيزىلىك چېرىكلەر ئاتلارنى ئېلىپ شۇ يەردە قالدى . خانلار ۋە ئۇلارنىڭ مېھمانلىرى شەرق تەرەپتە ئېگىز كۆرۈنۈپ تۇرغان نورۇزبۇلاق تۆپىلىكىنىڭ دەرەخزارلىق يانباغرىغا پىيادە مېڭىپ بېرىشتى .

تۆپىلىكنىڭ تۆۋىدە ، بۇككىدە ئۆسۈپ كەتكەن تال ـ سۆگەتلەرنىڭ ئارىسىدا سۈپسۈزۈك بۇلاق ئۇرغۇپ ، تاشقىنلاپ تۇرىدۇ . نورۇز بۇلاق دېگىنىمىز ئەنە شۇ . بۇلاق سۈيى يالپۇز ۋە رەيھانلارنىڭ ئارىسىدىن چار يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىپ ، باشقا بۇلاقلارنىڭ ئېقىنلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ . بۇلاق سۇلىرى ئاياغقا بارغانچە ئۇلغىيىپ ، ئاخىر ئازىق دارىسىنى بويلاپ سوزۇلغان غول ئېقىنغا قۇيۇلىدۇ .

چاكارلار يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ ، نورۇزبۇلاقنىڭ بويىغا گىلەملەرنى يېيىپ ، ئۈستىگە يېكەندازلارنى سالدى . خانلار ۋە مېھمانلار ئولتۇرۇشتى . ئوپال مەدرىسىسىنىڭ تالىپلىرى ئۇلارنى چۆرىدەپ ئۆرە تۇردى .

ئوپالدا ئەنئەنىگە ئايلانغان ئادەت بويىچە سورۇن ئىشتىراكچىلىرى نورۇز بايرىمىغا ئاتاپ نەزم يېزىلغان قەغەزلىرىنى قويۇنلىرىدىن چىقىرىشتى . ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخاننىڭ تەكلىپى بىلەن شەيخ ئىمام ھۈسەين ئىبنى خەلەپ نەزم ئوقۇشنى باشلاپ بەردى . ئۇ ئوقۇپ بولۇپ ، نەزم يېزىلغان قەغەزنى نورۇزبۇلاق سۈيىنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بەردى . شۇنىڭدىن

كېيىن ھەممەيلەن نۆۋەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشتى ۋە شېئىر يېزىلغان قەغەزلىرىنى بىر ۋاراق - بىر ۋاراقتىن بۇلاق سۈيىگە تاشلاشتى. سارغۇچ قەغەز ۋاراقلىرى گويا قۇتلۇق نورۇز بايرىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىغۇچى شادلىق ئەلچىلىرىدەك كەينى - كەينىدىن يىراقلارغا ئېقىپ كەتتى. شېئىرلار مۇتالىئە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۇلاق بېشىدا جەم بولغانلار ساي تەرەپكە كۆز تىكىشتى.

بايرام مۇراسىمى ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ خىللانغان چەۋەندازلىرى ئارىق دارىسىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئات چاپتۇرۇپ بەيگىگە چۈشتى. ئەتراپتا توپلانغان خالايىق ساي بويىغا قىستاپ كېلىپ، زوق - ھەۋەسلىرىنى بېسىۋالالماي قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈشتى. بەزىلەر ئۆز كەنتلىرىنىڭ چەۋەندازلىرىغا مەدەت بېرىپ ۋارقىراشسا، بەزىلەر قايسى ئات ئۆزۈپ چىقىدىغانلىقى ئۈستىدە قىزىشىپ بەسلىشەتتى.

بەيگە تاماملانغاندىن كېيىن ئوغلاق تارتىش باشلاندى. خالايىقنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئەۋجىگە چىقتى. كىشىلەر ئوغلاقچىلاردىن بەتتەر ھاياجانلىنىپ، كۆچەپ كېتىشتى. كۆزلەر شوخ چاقناپ، ئاۋازلار بوغۇلۇپ كەتتى.

ئاخىر بەيگە ۋە ئوغلاق تارتىشىشتا ئۇتۇپ چىققان ئەزىمەتلەر ئىلىكخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە شايى تون ۋە تىللا - تەڭگىلەر بىلەن مۇكاپاتلاندى.

ئەمدى ئومۇميۈزلۈك خەلق تاماشىسى باشلانغۇسى ئىدى. بۇلاق بويىدىكىلەر قاپتالدىكى دەرەخزارلىقنى ئارىلاپ ئۆتۈپ تۆپىلىككە چىقىشتى. تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت يېنى مەرمەر پەلەمپەيلىك بىر ئازادە كۆتۈرمە سۇپا بار ئىدى. سۇپىغا ئۇدۇننىڭ ئېسىل گىلەملىرى سېلىنغان، ئۈستىگە زەر پوپۇكلۇك يوغان قىزىل كىمخاب سايىۋەن ئورنىتىلغانىدى. سۇپىدا بۇبى رابىيە ۋە چولپانئاي ئالتۇن تارىملار كېنىزەكلىرىنى ئولاشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. خان ۋە تېگىنلەرمۇ مېھمانلىرىنى باشلاپ كېلىپ شۇ

سۇپىدىن ئورۇن ئالدى .
ئون بەش غۇلاچ ئېگىزلىكتە باغلانغان دارىنىڭ شادىلىرى بۇ يەردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئارقاننىڭ ئۇستىدە ئۇياق ـ بۇياققا ھەرىكەت قىلىپ ، ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان دارۋازنىڭ قىزىل كالتە چاپىنى ۋە سېرىق بوغما شىمى ئاسماننىڭ كۆك ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئالاھىدە سەنئەتلىك تۈس ئېلىپ جىلۋىلىنەتتى . ئادەملەر باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپ قېلىشتى . دارۋاز قايتىپ چۈشكەندىن كېيىن كىشىلەر يېنىكلەشكەن ھالدا دېمىنى رۇسلاپ ، ئاپىرىن ئېيتتى .
ھەربىرى بىر ئارسلاننى كۆتۈرۈپ باسقۇدەك پالۋانلار سۇپىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا كىرىپ يىغىلىشتى ھەمدە ئىككى ـ ئىككىدىن بولۇپ چېلىشىشقا چۈشتى . پالۋانلار بىر ـ بىرى بىلەن گىرە سېلىپ ئېلىشاتتى ، بىر ـ بىرىنى يانپاشقا ئېلىشاتتى ، تارتىشاتتى ، ئىتتىرىشەتتى ، بىر ـ بىرىنى كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىشاتتى ، يىقىلاتتى ۋە يەنە قوپۇپ تۇتۇشۇپ كېتەتتى .
كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ بۇ نامايەندىلىرىمۇ خانلارنىڭ ئېتىبارىغا نائىل بولدى . ئازىق قەلئەسىنىڭ خەزىنە ئەمەلدارى دارۋاز ۋە يەڭگەن پالۋانلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئىنئام قىلدى .
ئومۇمىي سەيلە ـ تاماشىلار باشلاندى . كۆز يەتكۈدەك يەرنىڭ ھەممىسىدە ئادەملەر يامراپ كەتتى .
سەنئەتخۇمار ياشلار سازلىرىنى چالدى . يىگىتلەر بىر تۈركۈم ، قىزلار بىر تۈركۈم بولۇشۇپ ناخشا ئېيتىشىشقا چۈشتى . بىرمۇنچە ئۇسسۇلچىلار چىنار شاخلىرىغا مەزمۇت باغلانغان ئىلەڭگۈچلەردە ئۇچماقتا .
قىزىقچى ھەزىلكەشلەر ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ سۆزمەنلىك قىلىشاتتى . كىشىلەر ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ پاراقلاپ كۈلۈشەتتى ، ھەتتا بەزىلەر تولا كۈلۈپ تېلىقىپ كېتەتتى .
مويسىپىتلار ئۇ توپتىن بۇ توپقا كۆچۈپ يۈرۈپ ئويۇن كۆرەتتى ۋە ياكى بىر چەتتە ئۆزلىرى ئايرىم يىغىلىپ سۆھبەت

قۇراتتى .
قىزىقچىلىقتا ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنى بىلىنمەيتتى . كىشىلەر يوغان ـ يوغان داش قازانلاردا قايناۋاتقان داشقايناقلارنى ھىجىرلارغا ئۇسۇپ قورساقنى تويدۇرۇۋۇالغاندىن كېيىن يەنە ئويۇنغا ئۆزىنى ئاتاتتى .
ساماغا چۇشۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كىشىلەر توپى ئىچىدىن پاكارراق كەلگەن دوغىلاق بىر كىشى تەستە قىستىلىپ ئۆتۈپ ، چېرىكلەرنىڭ توسۇشىغا ئۇنىماي سۇپىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، دەرھال تىزلىنىپ ، بېشى يەرگە تەگكۈچە تەزىم قىلدى .
— سالىمىمنى ئىلىك ئالغايلا ، مەھمۇد كاشغەري ھەزرەتلىرى ، — دېدى ئۇ دادىللىقى چىقىپ تۇرغان بوم ئاۋازى بىلەن .
سۇپىدا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراشتى . مەھمۇد كاشغەري ، بۆز كۆڭلىكى ئۈستىدىن يېشىل پوتا باغلاپ ، پۇتلىرىغا چورۇق تارتقان بۇ دېھقان سۇپەت كىشىنى بىر يەردە كۆرگەندەك بولدىيۇ ، ھە دېگەندىلا يادىغا كەلتۈرەلمىدى . ھېلىقى كىشى بۇنى سەزدى بولغاي ، يەنە سۆزلىدى :
— مېنى تونۇماسلىقلىرى مۇمكىن ، ھەزرىتىم . مەن سىلىنى ياۋلاق سارىغ بەگنىڭ ھويلىسىدا كۆرگەندىم .
مەھمۇد كاشغەري ئەمدى ئېسىگە كەلتۈردى . توغرا ، مەھمۇد بۇ كىشىنى بۇلتۇر كۈزدە تۇرۇمتاينىڭ سۆيگىنى كۈمۈش قىزنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن تاشبالىققا بارغاندا كۆرگەن ئەمەسمۇ . شۇ كۈنى بەگنىڭ ھويلىسىدا توپلانغان دېھقانلار ئىچىدە مۇشۇ كىشى ھەممىسىدىن دادىل كۆرۈنەتتى . بەگنىڭ چاكارلىرى ھېلىقى دېھقاننى باغلاپ : «سېلىق تۆلەشتىن باش تارتتى» دەپ قىيىن ـ قىستاققا ئېلىۋاتقاندا ، بۇ كىشى مەھمۇدغا : «ئۇ سېلىقنى تۆلىدى ، مەن بىلىمەن» دېگەنىدى . ئاندىن يەنە ، ئۇ مەھمۇدنىڭ خانزادە ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ : «ھە ، بەللى ، غوجامنىڭ غوجىسى بار» دېگەنىدى .

— خۇش كېلىپسىز ، مېھمان بولۇڭ ، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ ، — قانداق گېپىڭىز بولسا تارتىنماي سۆزلەڭ .

ھېلىقى كىشى ئورنىدىن تۇردى .

— ئۆزلىرىنى كارۋان تارتىپ سەپەرگە چىقماقچى دەپ ئاڭلىدىم ، شۇ گەپ راستمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەھمۇدقا تىك بېقىپ .

— راست ، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا قىزىققان ھالدا .

— ھەزرىتىم ، مەن سىلىنىڭ تەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان . سىلىنىڭ ئادىللىقلىرىنى ياۋلاق سارىغىنىڭ ھويلىسىدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . شۇڭا ، سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇشنى بەخت دەپ بىلىمەن . سەپەرگە چىقىشتا مېنى خىزمەتكارلىققا ياللىۋالسىلا ، ئۆتۈنۈپ قالاي .

مەھمۇد ئويلىنىپ قالدى .

— قانداق ئىشلارنى قىلالايسىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— مېنىڭ ئەسلىي كەسپىم كارۋانچى . ئەگەر كارۋان باشقۇرۇشقا تېخى ئادەم تاللىمىغان بولسىلا ، مەن كارۋان بېشى بولاي ، پۇشايمان قىلمايلا ، سىلىنى رازى قىلىمەن .

— ئەمدى ئېسىمگە كەلدى ، — دېدى نىزامىددىن ئىسراپىل توغان تېگىن ، — مەن ئۇنى بالاساغۇنغا بارغان بىر سودا كارۋىنىدا كۆرگەنىدىم .

يۇسۇپ بالاساغۇنىمۇ سۆزگە ئارىلاشتى .

— توغرا ، — دېدى ئۇ ، — مەنمۇ كۆرگەن ، ئۇ كارۋان باشقۇراتتى .

بۇ چاغدا ھەسەن تېگىن كۈلۈپ كەتتى .

— ئەستاغپۇرۇللا ، ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان ! — دېدى ئۇ ، — بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن ئارسلان تېگىن ھەزرەتلىرى خوراسانغا ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ بارغاندا مۇشۇ

كىشىنى ياللىغان ئەمەسمۇ!

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى ھېلىقى دوغىلاق كىشى.

— ئارسلان تېگىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن: «بۇ كىشى كارۋاننى بەك ياخشى باشقۇرىدىكەن» دەپ ئۇنى ماختىغانىدى.

دوغىلاق كىشى مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلدى.

— مەن بۇ ياقتا سارىغ ئۆگۈز دەرياسىغىچە، ئۇ ياقتا قىزىل دېڭىزغىچە بارغان. كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە ھەممە كارۋان يوللىرىنى بەش قولدەك بىلىمەن.

— مېنىڭچە، ئۇنى كارۋان بېشى قىلىنساۋلسا بولىدۇ، — دېدى ھەسەن تېگىن ھۈسەين ئارسلان ئېلىكخانغا قاراپ.

ئېلىكخانمۇ رازى بولۇپ بېشىنى ئىرغىتتى.

— ھەرقايسىلىرى گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرغان يەردە مەنمۇ قوشۇلىمەن، ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى مەھمۇد دوغىلاق كىشىگە مۇراجىئەت قىلىپ، — بۈگۈن بايرامنى بىز بىلەن ئۆتكۈزۈڭ، ئاندىن ئەتىلا كارۋاننى تاپشۇرۇۋېلىڭ.

دوغىلاق كىشى خۇشال بولۇپ قايتا ـ قايتا تەزىم قىلدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كىشىلەرنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

نورۇز بەزمىسى داۋاملىشىۋەردى. شوخ ناخشا، يېقىملىق ساز، جاراڭلىق كۈلكە، ئۇنلۇك خىتابلار ... ھەريەردە جۇش ئۇرۇپ ياڭراۋاتقان شادلىق ساداسى!

ئاھ، نورۇز بايرىمى، باھار بايرىمى!

سوغۇق پەسىلنىڭ ئىللىق كۈنلەرگە ئالمىشىشى بىلەن قايتىپ كەلگەن قارلىغاچلارنىڭ گۈل باھارغا مەدھىيە ئوقۇپ ۋىچىرلاشلىرىمۇ، قەيەردىدۇر شوخ سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ خۇش ناۋاسىمۇ بۇ قۇتلۇق بايرامنىڭ جۇشقۇنلۇق نەغمىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

ئاھ ، نورۇز بايرىمى ، باھار بايرىمى !

بارلىق تەبىئەت گويا بەخت يارانقۇچى ئىلاھىي تىلسىماتقا ئوخشاش غايىبانە زۇۋان چىقىرىپ : «كاشغەردە نورۇز ! كاشغەردە باھار !» دەپ جاكارلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

ئاھ ، نورۇز بايرىمى ، باھار بايرىمى !

مەھمۇد كاشغەرىي بايرامنىڭ شادلىق ساداسى ئىچىدە ئۇشتۇمتۇت يېنىككىنە ئاق بۇلۇتتەك ئۇچۇپ كەلگەن خىيال پەردىسىگە ئورىلىپ قالدى : «ئەمدى سەپەرگە چىقىپ كەتسەم ، كاشغەرنىڭ باھارىنى يەنە قاچان كۆرەرمەن ؟»

ئاھ نورۇز بايرىمى ، باھار بايرىمى !

# ئون ئۈچىنچى باب

## ئالىم سەپەرگە ئاتلاندى

نورۇز بايرىمىدىن كېيىنكى قۇياشلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھمۇد كاشغەرىي سەپەرگە ئاتلاندى. قىرىق تۆگە ۋە ئەللىك نەپەر قورۇقچى چەۋەندازدىن تەركىب تاپقان كارۋان كۈچا يولىغا چۈشۈپ ئىلگىرىلىدى.

ياش ئالىم كۈچلۈك تورۇق ئېتىنى يورغىلىتىپ كارۋاننىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە كەڭ قۇچاق ئاچقان ئۇپۇققا كۆز تىكتى. شىمال ئارىلاش توپىلىق تۈزلەڭ خۇددى پايانسىز داستىخاندەك يېيىلىپ، ئاسمان بىلەن زېمىننى تۇتاشتۇرغاندى. گاھى - گاھى غۇيۇلداپ چىقىپ قالىدىغان شوخ باھار شامىلى مەھمۇدنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىلاپ، چىلان تورۇق ئاتنىڭ سىلىق تارالغان يالىنى لەرزان يەلپۈپ ئۆتەتتى.

كارۋان يول بويى ئۇچرىغان بەزى كەنتلەردە بىر - ئىككى كۈندىن توختاپ ئۆتكەچكە، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئاستا ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي سەپەر بىلەن تىل تەكشۈرۈش ئىشىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئاھالىلەرنىڭ تىلىدىكى شىۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى سىلىشتۇراتتى، يەر - جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلايتتى، ئۇرۇق - قەبىلىلەر تارىخىنى سۈرۈشتۈرەتتى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي خاتىرىلەيتتى.

ئۈچ[1] دېگەن ئاۋات شەھەرگە كەلگەندە كارۋان دەم ئېلىشقا توختىدى .

— بۇ شەھەردە سۇ كۆپ ، تۇرمۇش پاراۋان ، — دەپ چۈشەندۈردى كارۋان بېشى مەھمۇد كاشغەرىيگە ، — مۇشۇ يەردە ئات - ئۇلاغلارنى ئوبدان ئارام ئالدۇرۇپ ، يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى تولۇقلىۋالايلى .

مەھمۇد تاشبالىقتىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىپ ياللانغان بۇ قارىمۇتۇق دوغىلاق كارۋان بېشىنىڭ ھەرقانداق ئادەم ئالدىدىمۇ ئانچە تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماي ، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دەۋېرىدىغان تۈز ئادەم ئىكەنلىكىنى مۇشۇ بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا بىلىپ بولغانىدى . ئۇ كارۋانغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى . تۆگىلەرنى ئوبدان ئاسرايتتى ، گەپ - سۆزىدىن قارىغاندا ، كارۋان يوللىرىنى خۇددى كاشغەردىكى ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدەك پۇختا بىلەتتى . يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بولسىمۇ ، خۇددى ياش يىگىتلەردەك چەبدەس ۋە چېۋەر ئىدى . «ئۆز ئىشىغا پىششىق ئادەم ئىكەن» دەپ ئويلىدى مەھمۇد ۋە ئۇنى كارۋان بېشى قىلىپ ياللىغانلىقىدىن ئۆز ئىچىدە قانائەت ھاسىل قىلدى .

كارۋاننىڭ ئۈچتا تۇرۇۋاتقىنىغا تۆت - بەش كۈن بولۇپ قالغانىدى . مەھمۇد بۇ يەردە خاتىرىلەنگەن قولىيازمىلىرىنى رەتلەپ ، كارۋان سارايىنىڭ ئىچكەركى بۆلمىسىدە يالغۇز ئولتۇراتتى ، يېزىقچىلىققا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى . تۇرۇمتاي ياندۇرۇلغان چىراغنى كۆتۈرۈپ ، ئالىمنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىردى . ئۇ ھازىر مەھمۇدنىڭ ھەم خاس مەھرىمى ، ھەم خاس قورۇقچىسى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا ئىدى .

— قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويايمۇ ، ھەزرىتىم ؟ — سورىدى

---

[1] ئۈچ — ھازىرقى ئۈچتۇرپان نامىسى .

تۇرۇمتاي چىراغنى بىر يانغا قويۇپ .

ئالىم تالغان كۆزلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئۇۋۇلىدى .

— ياق ، مۇشۇنداق تۇرىۋەرسۇن . كېرەك بولغاندا دەررۇ قەلەم تەۋرىتىشكە ئەپلىك بولىدۇ . بۇ يەردە يەنە ئىككى كۈن تۇرىمىز ئەمەسمۇ .

تۇرۇمتاي چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە ، تامدىكى قوزۇققا ئىلىپ قويۇلغان موۋۇت پەرىجىنى ئېلىپ ، كۆڭلەكچان ئولتۇرغان خوجايىنىنىڭ ئۇچىسىغا يېپىنچاقلاپ قويدى .

— هاۋا سالقىنلاپ قالدى ، هەزرىتىم .

— رەهمەت ، تۇرۇمتاي .

شۇ ئەسنادا هويلىدىن قالۇننىڭ مۇڭلۇق ساداسى ئاڭلاندى . باشقا تاۋۇشلار بىراقلا بېسىقتى . قالۇنغا قوشۇلۇپ بىر ئەر كىشى ناخشا ئېيتتى . بۇ ، ئالپ ئەرتوڭا هەققىدىكى ئاهاڭغا سېلىنغان داستان ئىدى . مەهمۇد ناخشىغا قۇلاق سالغاچ تۇرۇمتايغا قارىدى .

— كىم ئۇ ؟

— كارۋان بېشى ، — دەپ جاۋاب بەردى تۇرۇمتاي ، — ئۇ قالۇن چالالايدىكەن .

مەهمۇد بىردەم تىڭشاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى .

— يۈرگىنە ، بىزمۇ چىقىپ باقايلى .

كارۋان سارايىنىڭ هويلىسى كەڭ بولۇپ ، مەهمۇد ئىجارىگە ئالغان ياتاقنىڭ قارشى ئۇدۇلىدا ئۆسكەن بىر تۈپ شاخلىق چىناردىن باشقا هېچنېمە يوق ئىدى . نۆكەرلەر ۋە خىزمەتكارلار شۇ چىنارنىڭ ئەتراپىدا چەمبەر هاسىل قىلىپ توپلاشقانىدى . بەزىلەر ئاستىغا پالازلارنى سېلىپ ، بەزىلەر ئېگەر ـ توقۇملارنى قويۇپ ئولتۇرۇشقان ، يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر ئۆرە تۇرۇشقانىدى . بۇ چەمبەرنىڭ مەركىزىدە ، يەنى چىنارنىڭ تۈۋىدە كارۋان بېشى ئولتۇراتتى . ئۇ ئۆزى قالۇن چېلىپ ، ئۆزى ناخشا ئېيتاتتى .

مەھمۇد باشقىلارنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىلاجى بار شەپە چىقارماي ئاستا كېلىپ بىر چەتتە جىم تۇردى. تۇرۇمتايمۇ ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى. ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولغاچقا، باشقىلارمۇ خوجايىنىنىڭ كەلگىنىنى بايقىمىدى.

بۇلۇتسىز ئاسماندا يورۇق يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىدى. تولاي دەپ قالغان ئاي مەھمۇدنىڭ كەينى تەرىپىدىن ئۆرلەپ چىقىپ، ھويلا ئىچىگە سۈتتەك ئاق نۇر چاچتى. دۇبۇلغىلىق، قالپاقلىق ۋە تاقىرباشلارنىڭ ئارىسىدىن قالۇنچىنىڭ گەۋدىسى مەھمۇدقا يېرىم - يارتا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كېچىلىك جىمجىتلىقتا ناخشا ۋە قالۇن ساداسىدىن باشقا ھېچقانداق تاۋۇش ئاڭلانمايتتى. قەھرىمانلىق داستانىنىڭ نەزمىلىك بايانى ھەيۋەتلىك كۈي بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى ئەسىر قىلغانىدى. ناخشا قەدىمكى قەھرىمانلارغا گويا جان كىرگۈزمەكتە، ئالپ ئەرتوڭانىڭ يارقىن ئوبرازىنى گويا مۇشۇ چىنارنىڭ ئالدىدا گەۋدىلەندۇرمەكتە، ئۇنىڭ ئەل ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ئاجايىپ ئىش ئىزلىرىنى گويا مۇشۇ يۇلتۇزلۇق ساما بوشلۇقىدا خۇددى راست بولۇۋاتقاندەك سۈرەتلىمەكتە ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي ھەيرەت ئىچىدە كارۋان بېشىغا كۆز تىكىپ، بۇ چوڭ تىپتىكى ئاھاڭلىق داستانغا زور ئىشتىياق بىلەن قۇلاق سالاتتى. دەرۋەقە، ئۇ ئۆزىدىن بۇيان ئىزدەپ يۈرگەن قىممەتلىك دۇر - مارجانلارنى بۈگۈن مانا مۇشۇ كارۋان سارايىنىڭ ھويلىسىدا تۇساتتىن تېپىۋالغانىدى. ئۇ قەدىمكى تۇران بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئەينى زامانلاردىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت بىرقەدەر ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلارنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بۇ داستاننى بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىرنەچچە غەزەلخانلاردىن ئاڭلىغان ۋە خاتىرىلىۋالغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى بۇنداق تولۇق ئەمەس ئىدى.

جىمجىت كېچىدە قالۇن ساداسى كىشىلەرنىڭ ھېس -

تۈيغۇلىرىنى گويا يىراق ئۆتمۈشتىكى كەڭ دالىلارغا ئەكەتمەكتە ئىدى.

داستاننىڭ جەڭنامە قىسمى ئاياغلىشىپ، مەرسىيە قىسمى باشلاندى. ئالىپ ئەرتوڭا ئىرانلىق چىرىك ئاتقان ئوقنىڭ زەربىسى بىلەن قۇربان بولدى. كارۋان بېشى قايغۇلۇق ئاھاڭدا ماتەم قوشاقلىرىنى ئېيتتى:

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
يۇزسىز دۇنيا قالدىمۇ.
پەلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۇرەك يىرتىلۇر.

قالۇننىڭ يۇمشاق ۋە دولقۇنلۇق ساداسى، غەزەلخاننىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى گويا قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ كۆمۈلگەن ئىزلىرىنى سىغىنىش يالقۇنلىرى بىلەن يورۇتماقتا ئىدى:

ئەل بۆرىدەك ھۇۋلاشتى،
يىرتىپ ياقا يىغلاشتى.
پەرياد چېكىپ دادلاشتى،
كۆزلەر ياشقا قاپلىنۇر.

مەرسىيە تامام بولدى، لېكىن ھېچكىم ئورنىدىن قوزغالمىدى. غەزەلخانمۇ، تىڭشىغۇچىلارمۇ چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، يەنە ئۇزاققىچە سۈكۈت ئىچىدە باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— قارىغىنا، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى، — دېدى مەھمۇد ياتىقىغا قايتىپ كىرىپ كېتىۋاتقاندا تورۇمتايغا، — خەلق ئەجدادلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ! خەلقىمىز مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تارىخىمىز،

مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز يوقىلىپ كەتمەي ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ .
ئەتىسى مەھمۇد كارۋان بېشىنى ياتىقىغا چاقىرىپ ئەھۋاللاشتى .

— مېنىڭ ئاتام قوشاقچى ۋە مەدداھ ئىدى ، — دەپ سۆزلەپ بەردى كارۋان بېشى ، — ئانامدىن كىچىكىمدىلا يېتىم قالغانىدىم . ئاتام مېنى ئەگەشتۈرۈپ ، يۇرتمۇيۇرت كېزىپ جاھانكەزدىلىك قىلاتتى . بارغانلىكى يېرىمىزدە كونا قوشاق ، داستانلارنى ئېيتىپ جان باقاتتۇق . شۇ چاغلاردىكى سەرگەردانلىق ھاياتىمىزنىڭ تەجرىبىلىرى كېيىن ماڭا ئەسقاتتى . بىز قاراخانىيلار ۋە قارا قوچۇ تەۋەلىكىدىكى ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنى ئارىلاپ چىققان بولغاچقا ، ئۇزۇن سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرىگە كۆنۈپ ، كارۋان يوللىرىغا كۆزۈم پىشىپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئاتام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سودىگەرلەرگە ياللىنىپ كارۋانچىلىق قىلىشقا باشلىدىم .

مەھمۇد كاشغەري ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى . بۇ كارۋان بېشى ناخشا ، قوشاقلاردىن سىرت يەنە تۈرلۈك ئەپسانە ، رىۋايەتلەرنىمۇ بايان قىلىشقا ئۇستا ئىدى . ئۇيغۇر ، ئوغۇز ۋە قىپچاق شېۋىلىرىدە راۋان سۆزلەيتتى .

كارۋان ئۆچتىن قوزغىلىپ چىققاندا ، راسا ئۆرۈك پىشقان چاغ ئىدى . ھاۋا رايى بورۇنقىدەكلا ئىسسىق ۋە تىنچ ئىدى .
كارۋان بېشى ئۆزىنىڭ تۇكلۇك ئالا ئېتىنى مەھمۇدنىڭ تورۇق ئېتىغا يانداشتۇرۇپ قانداقتۇر خىيال باسقان قىياپەتتە كېتىۋاتاتتى . خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ئىچى پۇشۇپ قالدىمۇ ، ئىشقىلىپ سوراپ قالدى :
— بارسغانغا بارىدىغان ئويلىرى يوقمۇ ؟
— بارمايمىز ، — دېدى مەھمۇد ، — بارسغان ۋە ئومۇمەن

ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى جايلار ماڭا خېلى تونۇشلۇق .

— ئەمىسە ، بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ شەھەرلىرىگىچۇ ؟

— ئۇ ياقلارغىمۇ ئۆتمەيمىز . تالاس بىلەن ئىسپىجاپقا ئىككى قېتىم بارغانمەن . بۇ قېتىم ئۆزۈم كۆرمىگەن يۇرتلارنى ئايلىنىپ چىقىشىم كېرەك .

يەنە جىم بولۇشتى . توساتتىن مەھمۇد قامچىسى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى :

— بۇ قايسى كەنت ؟

— ئۇ يەردە ھازىر ئاھالە يوق ، — دېدى كارۋان بېشى ، — ئارسلان تېگىن غازات قىلغاندا ، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بۇتپەرەسلەرنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىكەن .

كارۋان شۇ جايغا يېقىنلاشقانسېرى سوقما تاملىق ئۆيلەر ۋە خىشتا قوپۇرۇلغان بىر بۇتخانىنىڭ خارابىلىرى ئېنىق كۆرۈندى .

كۇچاغا يېتىپ بارغۇچە بۇنداق بۇتخانا خارابىلىرى يەنە بىرنەچچە يەردە ئۇچرىدى . بۇلار بۇ ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ تېخى يېقىندىلا بۇددا دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى بولغانلىقىنىڭ ئاخىرقى گۇۋاھلىرى ئىدى .

يەنە بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن ئېتىزلار ۋە مېۋىلىك باغلار قۇچاق ئاچتى . يول بويى ئۇچرىغان يېزىلاردا باغلار ناھايىتى كۆپ ئىدى . بۇ جايلاردا باغسىز يېزا يوق ، ھەتتا باغسىز بىرەر ھويلىنىمۇ كۆرۈش تەس ئىدى . ئۈرۈكزارلار ، ئۈزۈمزارلار ، شاپتۇللۇق ، ئانارلىق باغلار... بۇ يەردە باغسىز ھاياتنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى .

— كۇچاغا كەلدۇق ، — دېدى كارۋان بېشى .

مەھمۇد ھەر تەرەپكە ، دۇچ كەلگەن ئادەملەرگە قىزىقىپ قاراشقا باشلىدى . مانا ئۇ كۇچا ! ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ تونۇلغان مەشھۇر شەھەر ! يېزىقچىلىق ، تەسۋىرىي سەنئەت ۋە ناخشا - ئۇسسۇللىرى بىلەن

تارىخ سەھىپىلىرىدە شەرەپلىك نام قالدۇرغان قەدىمكى كۇسەن !
مانا مۇشۇ جەننەت كەبى بوستانلىق ماكاندا قانچە ـ قانچىلىگەن
ئىجتىھاتلىق ئەدىبلەر يالقۇنلۇق نەزمىلەرنى يازغان ! قانچىلىگەن
ئىقتىدارلىق تەرجىمانلار ھىندى ، سانسكرىت ، خەنزۇ تىللىرىدىكى
نادىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ! قانچىلىگەن قولــى گۈل
رەسساملار ، ھەيكەلتىراشلار ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسەتكەن !

— ھەزرىتىم ، كارۋان ساراي بۇياقتا قالدى ! — دەپ توۋلىدى
كارۋان بېشى مەھمۇدنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا شەھەرنىڭ چوڭ
كوچىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ .

دەرۋەقە ، مەھمۇد ئۆزىمۇ ئېتىنى توختاتتــى ، چۈنكــى
يولۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مېڭىش تەسلىشىپ قالغانىدى . ئاتلىق ،
ئېشەكلىك ، پىيادە كېتىۋاتقان كىشىلەر يول ئۈستىدىكى كارۋانغا
ئانچە پىسەنت قىلمايتتى . بەزىلەر چەتكە چىقىپ يول بوشاتسىمۇ ،
بەزىلەر يول تالىشىپ قىستىلىشاتتى .

ئۇتۇن باسقان كېلەڭسىز بىر كۆتەك هارۋا كارۋاننىڭ يولىنى
توسۇپ ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى .

— بۇ كارۋان دېگەنلەردىن خويمۇ تويدۇمغۇ ! — دەپ ئۇنلۇك
خىتاب قىلدى ئۆزۈن ساقاللىق هارۋىكەش تەرلىشىپ ، قىزىرىپ
كەتكەن يۈزىنى سالۋا تۇمىقى بىلەن يەلپۈپ تۇرۇپ ، —
تۈنۈگۈندىن بېرى توغراقلىقتا جاپا تارتىپ ، بۇ بىر هارۋا ئوتۇننى
بازارغا ئەكىرەي دېسەم ، نېرىقى كوچىنــى قانداقتۇر بىــر
ئەجنەبىيلەرنىڭ كارۋىنى توسۇۋاپتۇ . ئەمدى بۇ كوچىغا كىرسەم ،
يەنە شۇ ئەھۋال .

ئاق شايى كۆڭلەك ۋە قوزا كۆرپىسىدىن قارا قالپاق كىيگەن
بىر يىگىت قىستىلىپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدىن بۆسۈپ
چىقتى ـ دە :

— هوي كارۋانچى ! يولنى بوشات ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە
ئويناقلاپ تۇرغان بوز ئېتىنى چاپتۇرۇپ ، مەھمۇدنىڭ كەينىدىكى

قورۇقچىلار سىپىنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن يەنە بىر كارۋاننىڭ ئات ۋە تۆگىلىرى چىقىپ كەلدى. تۇرۇمتاي ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ شۇ تەرەپكە قارىدى.

— بۇ قىتانلار①، — دېدى ئۇ، — مەن كاشغەردە قىتانلارنىڭ سودىگەرلىرىنى ئىككى قېتىم كۆرگەنىدىم.

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى كارۋان بېشى، — بۇ قىتان سودىگەرلىرى.

— كەينىمىزگە يانايلى، — دېدى مەھمۇد كارۋان بېشىغا، — يول باشلاڭ.

ئۇلار كارۋان سارايغا بارىدىغان يولغا چۈشكەندىن كېيىن كارۋان بېشى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى:

— كاشغەر ۋە ئۇدۇنغا بارىدىغان قىتان، خەنزۇ، قوچۇ ئۇيغۇر كارۋانلىرى بۇ يەردە توختاپ ئۆتىدۇ. شۇڭا، پات - پاتلا مۇشۇنداق قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىدۇ.

پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپ، سەرەپتە يۇيۇنۇپ تازىلانغۇچە كەچ كىردى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن مەھمۇد كارۋان بېشى، تۇرۇمتاي ۋە ئونچە قورۇقچى بىلەن پىيادە يۈرۈپ شەھەر كوچىلىرىنى تاماشا قىلدى. بۇ يەرنىڭ بازارلىرى كاشغەردىكىدەك چوڭ بولمىسىمۇ، بەك جانلىق قىزغىن، خەلقى خۇشخۇي ئىدى. يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى ۋە چەت ئەللىك كارۋانچىلارنىڭ يايمىلىرى چوڭ كوچىلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بار ئىدى.

① قىتانلار — قەدىمكى دەۋرلەردە سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ ياشىغان قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق نامى. ئۇلار مىلادىيە X ئەسىردە قىتان خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق مىلادىيە 1125 - يىلى جۇرجانلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان. قىتانلار ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «كىدان»، خەنزۇچە مەنبەلەردە «لياۋ»، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تىلىدا «قارا خىتاي» دەپ ئاتالغان.

شۇنداق كوچىلارنىڭ بىرىدە مەھمۇد توختىدى . بۇ يەردە سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىدىن تاشقىرى ، زەرگەر ، مىسكەرلەردەك ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ۋە تۈرلۈك ھۆل ، قۇرۇق مېۋىلەرنى ساتىدىغان باققاللارنىڭمۇ دۇكانلىرى بولۇپ ، ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى .

ھالبۇكى ، شۇ تاپتا خالايىقنىڭ نەزىرى بازار مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوپۇرۇلغان ئازادە سەھنىگە قارىتىلغانىدى . سەھنىدە بىر توپ سەنئەتچىلەر ئويۇن كۆرسىتىۋاتاتتى .

— يۈرۈڭلار ، كۆرەيلى ، — دېدى مەھمۇد ھەمراھلىرىغا ۋە سانجاق ـ سانجاق بولۇپ ئولاشقان كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ، ئاران دېگەندە سەھنىگە يېقىنلاشتى .

تىللاردا داستان بولغان مەشھۇر كۇسەن ئۇسسۇلى ئورۇندالماقتا ئىدى . سازەندە يىگىتلەر سەھنىنى يېرىم دائىرىدە چۆرىدەپ ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ كەينىدە ناخشىچى ئەر ـ ئاياللار قاتار تىزىلىپ تۇراتتى . باربىت ، خارپ ، تەمبۇر ، قالۇن ، داپ ۋە دۇمباقلار تەڭكەش قىلىنغان شوخ سازغا ناخشىچىلارنىڭ خۇش ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ، تاماشىبىنلارنى گويا ئەپسانىۋى ھۆر ـ پەرىزاتلار بەزمىسىگە باشلاپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك يېقىملىق تۇيغۇلارنى قوزغايتتى . ئەنە شۇ جەننەتتىن چۈشكەن پەرىزاتلار سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى باھاردىكى ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى .

— ۋاھ ! ئۇسسۇل دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ! ؟ — قورۇقچىلاردىن بىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالماي خىتاب قىلدى .

كۇچا ئۇسسۇلى ! قەدىمكى كۇسەن ئۇسسۇلى ! سەھنە ئۈستى ھەقىقەتەن ئەسىرلەر قوينىدا بىباھا گۆھەردەك چاقناپ تۇرغان ئاشۇ ئاجايىپ كۇسەنىنىڭ كىچىككىنە بىر كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۇرگەنىدى .

سازەندىلەر ئاق ۋە زەڭگەر شايى كۆڭلەكلەرنى كىيىشكەن بولۇپ ، يەڭ ۋە ياقىلىرى كەشتىلەنگەن ، ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈكلىرىنىڭ قونچىلىرىغا زەر بېسىلغان . ناخشىچىلارنىڭ ئازادە

يىپەك لىباسلىرىغا ياقۇت ۋە كەھرىۋادىن تۈگمە قادالغان. ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئىگىز قىلىپ كۆپتۈرۈپ تۈگۈلگەن چاچلىرىغا ئالتۇن زىنچىلار سانجىلغان. ئۇلارنىڭ سىپتا ھال رەڭ تاۋاردىن تىكىلگەن قىسقا يەڭلىك ئىچچامغىنا كۆڭلەكلىرى ھەمدە بەلدىن تىزلىرىغىچە تار بولۇپ، تىزدىن تۆۋەن قىسمى كاناي گۈلى شەكلىدە كەڭ ئېچىلغان ئىشتانلىرى مۇرەككەپ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە تازا ماسلىشىپ، ئىنسان بەدىنىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلاتتى.

تاماشىبىنلار زوقلانغان ھالدا سەنئەتچىلەرنى ماختىشاتتى، ساز ۋە ئۇسسۇل راسا ئەۋجىگە چىققان پەيتلەردە ئۈزلۈكسىز ئالقىش ياڭرىتىپ تۇراتتى.

ئويۇن تاماملانغاندىن كېيىن سازەندە يىگىتلەردىن ئىككىسى مىس تاۋاقلارنى كۆتۈرۈپ، توپلانغان تاماشىبىنلارنى ئارىلاپ چىقتى. كىشىلەر تاۋاقلارغا يارماق ۋە تەڭگىلەرنى تاشلاشتى.

— ئاپىرىن! ئاللا ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلسۇن! — دېدى مەھمۇد ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەن يىگىتكە ۋە تاۋاققا بىر قاپچۇق تىللانى تۆكتى.

سازەندە يىگىت بۇنداق سېخىيلىقتىن سەل ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە تەزىم قىلىپ، رەھمەت ئېيتتى.

كوچا خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىرلىقىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ كىيىنىش، ياسىنىشلىرىمۇ مەھمۇدتا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. توغرا، بۇ خىل كىيىملەرنى كاشغەر، ئۇدۇن ۋە سەمەرقەنتنىڭ سەنئەتچىلىرىمۇ ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئوينىغاندا كىيىشەتتى. پەرقى شۇكى، كاشغەردە بۇنداق كىيىملەرنى پەقەت سەھنىدىلا كۆرگىلى بولاتتى، لېكىن كوچادا بىر قىسىم كىشىلەر ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ شۇ خىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى.

— كوچادا بۇنداق سەييارە سەنئەت ئۆمەكلىرى ناھايىتى كۆپ، — دەپ چۈشەندۈردى كارۋان بېشى، ئۇلار ياتاققا قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن.

— مەن كاشغەردىمۇ كۆچالىق سەنئەتچىلەرنىڭ ئويۇن قويغىنىنى كۆرگەنىدىم، — دېدى تۇرۇمتاي.

— ئۇلار بالاساغۇن، قوچۇ، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ بارىدۇ، — دېدى يەنە كارۋان بېشى.

— شۇنداق، — دەپ پاراڭغا قوشۇلدى مەھمۇد، — كۆچا سەنئىتى تارىختا نۇرلۇق ئىزلارنى قالدۇردى. بۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت يۈز يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا كۆچا ئۇيغۇرلىرى تابغاچلار[1]نىڭ چاڭئەن، لوياڭ دېگەن ئاستانىلىرىگە بېرىپ سەييارە ئويۇن كۆرسەتكەن. خەنزۇ خەلقى ئۇلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنى بەك ياقتۇراتتى. تابغاچ خانلىرى ئۇلارغا نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغىلارنى بېرىپ باي قىلىۋېتەتتى. شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرچە ساز چېلىش، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئويناش، ئۇيغۇرچە كىيىم كىيىش زور ھەۋەسكە ئايلانغانىدى. خەنزۇلار ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ باربىت، چاڭ، غىجەككە ئوخشاش سازلىرىنى چالىدۇ، خەنزۇ ئاياللار ھازىرمۇ ئۇيغۇرچە كىيىملەرنى قەدىرلەپ كىيىدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە خەنزۇلارنىڭ ئىلىم ـ ھۈنەر جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگەندى. بىناكارلىق، توقۇمىچىلىق كەسىپلىرى خەنزۇلارنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى.

— باشقا شەھەرلەرنىڭ سەنئەتچىلىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغانمۇ؟ — دەپ سورىدى كارۋان بېشى.

مەھمۇد بۇ كارۋان بېشىنىڭ مەرىپەت مەسىلىلىرىگە ۋە تارىخي ۋەقەلەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى بايقاپ قالغانىدى. ئۇ مەھمۇدتىن تۈرلۈك سوئاللارنى كۆپ سورايتتى. مەھمۇدمۇ ئىلاجى بار ئۇنى قانائەتلەندۈرۈشكە تىرىشاتتى.

---

[1] تۈركىي قەبىلىلەر تاڭ سۇلالىسىنى «تابغاچ» دەپ ئاتايتتى.

— شۇنداق، — دېدى مەھمۇد، — كاشغەر، ئۇدۇن، قوچۇ، بەشبالىق سەنئەتچىلىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپ بارغان، لېكىن بۇ جەھەتتە كۆچالىقلارنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك.

— ئوتتۇرا تۈزلەڭدىن باشقا يەرلەرگە بارىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەستۇ؟ — دەپ كارۋان بېشى يەنە سورىدى. ئۇ مەھمۇدنىڭ گەپلىرىنى كۆپرەك ئاڭلاشنى خالايتتى.

مەھمۇد ئۇنىڭ سۆھبەتتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولغان ئىشتىياقىنى كۆرۈپ ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىزنىڭ سەنئەتچىلىرىمىز، ئالىملىرىمىز خەنزۇ، هىندى، پارسلار بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. هازىر ئەرەبلەر بىلەنمۇ بېرىش - كېلىش قىلىۋاتىمىز. مۇشۇنداق ئۆزئارا ئۆگىنىشنى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئېلىمىز ئاۋاتلىشىپ، گۈللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مىسال ئۈچۈن، بايىقى كۇسەن ئۇسسۇلىنى ئالايلى. كۇسەن ئۇسسۇلى نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنى شۇنچە جەلپ قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشقا تائىپە كىشىلىرىنىڭمۇ ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ؟ چۈنكى، بۇ ئۇسسۇلغا دۇنيادىكى نادىر سەنئەت نامايەندىلىرىنىڭ تەسىرى سىڭگەن. كۆچالىقلار ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپ ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ، شۇنداقلا قەدىمكى سوغدىلارنىڭ، هىندىلارنىڭ سەنئەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ساز ۋە ئۇسسۇل سەنئىتىنى تولۇقلىغان، بېيىتقان ۋە كۆپ خىللاشتۇرغان. ئۇلار ھەرقايسى تائىپىلەردىن قوبۇل قىلىنغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىغا يۇغۇرۇپ، يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇلار بىر ئىزدا توختاپ قالماي، داۋاملىق يېڭىلاش ئېلىپ بارغان، داۋاملىق ئىلگىرىلىگەن. نەتىجىدە ئەنە شۇنداق مەشھۇر كۇسەن ئۇسسۇلى بارلىققا كەلگەن. بۇ خۇددى نۇرغۇنلىغان تارماق ئېقىنلار قوشۇلۇپ، چوڭ دەريانى شەكىللەندۈرگەنگە ئوخشايدۇ. ئەگەر

قايسى تارماق ئۇمۇمىي ئېقىنغا قوشۇلمىسا، ئۇ مەڭگۇ چوڭ ئېقىن بولالمايدۇ، كىچىك بىر ئۆستەڭ، بىر ئېرىق ھالىتىدە قېلىۋېرىدۇ. كۇچا خەلقى بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەنگەن.

ئۈچەيلەن شۇ كۈنى ئۇزاق مۇڭداشتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ مەھمۇد تۇرۇمتايىنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا يىراق - يېقىنغا قاتناپ، تىل تەكشۈرۈش ئىشىنى يەنە باشلىۋەتتى.

— ھەزرىتىم، — دېدى كارۋان بېشى بىر كۈنى مەھمۇد چەت يېزىلارنى ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەندە، — بىر ئىشقا ئىچىم پۇشىدۇ. سورىسام ئەدەپسىزلىك بولارمۇ؟

— سوراۋېرىڭ.

— بىز ئۈچتا بىر كارۋان سارايدا ياتقانىدۇق. بۇ يەردىمۇ ئادەتتىكى بىر سودىگەرنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ياتاق قىلدىڭىز. نېمىشقا كۇچانىڭ ھاكىمىغا تونۇشلۇق بەرمەيسىز؟ ھاكىم سالاھىيىتىڭىزنى ئۇقسا، سىزگە كاتتا ئىمارەتلەرنى ھازىرلاپ بېرىدۇغۇ.

— راست شۇنداق قىلىدۇ، — دېدى مەھمۇد، — ئۇ ھەتتا ئەمەلدار ۋە يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ مېنى بىر كۈنمۇ يالغۇز قويماسلىقى مۇمكىن. شۇنداق بولسا، تەكشۈرۈش ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىمنى قانداق قىلىمەن؟

شۇ ئەسنادا تۇرۇمتاي كىرىپ مەلۇمات بەردى.

— ئىككى خەنزۇ سودىگەر كېلىپتۇ. «كارۋىنىڭلارنىڭ خوجايىنى بىلەن كۆرۈشسەك» دەپ ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ.

مەھمۇد بۇ يەرگە يېقىندا خەنزۇلارنىڭ بىر چوڭ سودا كارۋىنى كەلدى دەپ ئاڭلىغان، لېكىن ئۇلار بىلەن تېخى كۆرۈشمىگەنىدى.

— قېنى، باشلاپ كىرگىن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ. كارۋان بېشى چىقىپ كەتتى.

تۇرۇمتاي خانىغا ئىككى ئەمەس، ئۈچ كىشىنى باشلاپ كىردى.

ئالدىدا كىرگىنى ئىگىز، ئورۇقراق كەلگەن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى شالاڭ چار ساقاللىق كىشى بولۇپ، بېشىغا كۆپتۆرمە قارا بۆك، ئۈچىسىغا زەر گۈللۈك ئۇزۇن قىزىل تاۋار تون، پۇتلىرىغا ئۈچى قايرىلىپ تۇرىدىغان قېلىن چەملىك ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇ جۇپلەپ تۈگۈلگەن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، خۇش چىراي كۈلۈمسىرىگەن هالدا سالام بەردى ۋە خەنزۇچە گەپ قىلدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن كىرگەن ئوتتۇرا ياشلىق، قارا ساقاللىق كىشى ئالدىغا ئۆتۈپ، مەهمۇدقا تەزىم قىلدى ـ دە:

— تيەن جاناب هەزرەتلىرىگە ئامانلىق ۋە سالامەتلىك تىلەيدۇ، — دەپ سودىگەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— قەدىمىڭىزلەر قۇتلۇق بولسۇن، مەرهەمەت قىلغايسىزلەر! — دېدى مەهمۇد ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

مېهمانلار گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان كىمخاب يېكەندازلارغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىگىز بويلۇق سودىگەر ئۆزىنىڭ هەمراهلىرىنى تونۇشتۇردى:

— بۇ ياق تىلماچ، — دېدى ئۇ قارا ساقاللىق كىشىنى كۆرسىتىپ، — گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن بولىدۇ.

تۇرۇمتاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تىلماچقا قىزىقسىنىپ قارىدى. ئۇ بۇتپەرەس ئۇيغۇرلارنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

«قارا ساقاللىق، قارا قاشلىق، كۆزلىرى يوغان، قاڭشارلىق، چىرايى بىزگە ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بىراق كىيگەن كىيىمى بىزنىڭكىدىن باشقىچە، خۇددى بۇددا راهىبلىرىنىڭ ئۇزۇن چاپانلىرىغا ئوخشايدۇ».

— بۇ ياق پېقىرنىڭ غوجىدارى، — دېدى يەنە سودىگەر ئۈچىنچى كىشىنى كۆرسىتىپ.

قارا مەخمەلدىن جىيەك تۇتۇلغان ۋە ياندىن ئېتىلىدىغان ئۇزۇن كۆك يىپەك تون كىيگەن بۇ كىشىمۇ كۈلۈمسىرىگەن هالدا

جۇپلەپ تۈگۈلگەن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئېھتىرام بىلدۈردى.
بىر قۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن سودىگەر سۆز باشلىدى:
— بىز كەيفېڭ شەھىرىدىن كەلدۇق. سەپەردە بولۇۋاتقىنىمىزغا بىر يىلدىن ئاشتى. قوچۇ ۋە بەشبالىق شەھەرلىرىدە بىر مەزگىل تۇردۇق. ئەمدى كاشغەرگە بارماقچىمىز. بۇ پېقىرنىڭ غەربىي دىيارغا تۇنجى قېتىم كېلىشى بولىدۇ. ھەزرەتلىرىنى كاشغەردىن كەلگەن دەپ ئاڭلاپ، ئالاھىدە سالام بېرىش ئۈچۈن ھۇزۇرلىرىغا داخىل بولدۇق.
— ھەشقاللا، — دېدى مەھمۇد، — كەلگىنىڭلارغا بەك خۇش بولدۇم.
— مەن بۇرۇن كەيفېڭدا غەربىي دىيارغا قاتناپدىغان سودىگەرلەردىن خۇ[1]لارنى مېھماندوست، مەرد ۋە دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان خەلق، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدا ھەرقانداق تائىپىنىڭ ئادەملىرى يەكلەنمەي، خاتىرجەم ۋە ئىناق بولۇپ ياشايدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم.
— ئەمدى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن قانداق تەسىراتقا ئىگە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد.
— ئاڭلىغانلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. قوچۇ، بەشبالىقلاردا قىزغىن قارشى ئېلىنغاندۇق. سۇلمىدىن ئۆتۈپ، قاراخانىيلار تەۋەسىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن مۇسۇلمان خۇلارنىڭ چېرىكلىرى كارۋان يوللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ چارلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۇق. سۇلمى بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدىكى چوڭ توغراقلىققا كەلگەندە ئۈچ يۈز ئاتلىق چېرىك كارۋىنىمىزنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالدى. ئۇلار بىزنى قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ تاكى توغراقلىقتىن چىقىپ بولغۇچە بىز بىلەن بىللە بولدى، ئاندىن يەنە قايتىپ كەتتى. بۇنداق غەمخورلۇقتىن بىز قاتتىق تەسىرلەندۇق.

---

[1] خۇ — ئۇيغۇر.

سودىگەرنىڭ سول يېنىدا ئولتۇرغان ئۆچكە ساقاللىق غوجىدارمۇ سۆز قاتتى :

— چارلىغۇچى چېرىكلەر ۋە جايلاردىكى ئەمەلدارلار بىزگە بەك ياخشى مۇئامىلىدە بولدى . غەربىي دىياردا ئادەم ھەقىقەتەن مېھرىبانلىق ۋە ئىللىقلىق ھېس قىلىدىكەن .

سودىگەرنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان گەنجۇلۇق تىلماچ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى مەھمۇدقا ، مەھمۇدنىڭ سۆزىنى ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىپ ئولتۇردى .

— كاشغەر ۋە سەمەرقەنت يوللىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرەمدۇ ؟ — دەپ سورىدى سودىگەر .

— ئەلۋەتتە ، — جاۋاب بەردى مەھمۇد ، — قانداق يەرگە بارساڭلارمۇ كارۋانلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ . بىزنىڭ خاقانلىرىمىز يوللارنىڭ راۋان بولۇشىغا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ . ھىندى ، پارس ۋە ئەرەبلەرنىڭ ، شۇنداقلا سالچۇقىيلار-نىڭ ، غەزنەۋىيلەرنىڭ سودىگەرلىرى ۋە يالاۋاچلىرى داۋاملىق كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ . ئۇلارمۇ خۇددى سىلەر كۆرگەنگە ئوخشاش قارشى ئېلىش ۋە قوغداشقا ئېرىشىدۇ . بىز ھەممىمىز ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىمىز ، بىر - بىرىمىزگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشىمىز كېرەك .

— توغرا ، توغرا ، — سودىگەر بىلەن غوجىدار باشلىرىنى لىڭشىتتى ، — ھەزرەتلىرى بەك توغرا گەپ قىلدى .

— بىزنىڭ كارۋانلىرىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارسىمۇ تېگىشلىك ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن ياخشى قارشى ئېلىنىدۇ ، — دېدى يەنە مەھمۇد ، — بىزمۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن مىننەتدار .

— غەربىي دىيارنىڭ سودىگەرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نۇرغۇن شەھەرلەرگە بارىدۇ ، — دېدى غوجىدار ئاۋۋالقىدەكلا خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ ، — خۇلار سودىغا بەك پىششىق كېلىدىكەن . ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ . ھىندىستان ، خوراسان ۋە ئەرەب

ئەللىرىنىڭ ، ئىشقىلىپ ، بىزنىڭ قەدىمىمىز ئاسانلىقچە يەتمەيدىغان جايلارنىڭ ئىسىل ماللىرىنى ئاپىرىدۇ .

— بىزنىڭ بۇنداق دوستانە بېرىش - كېلىشلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردىن باشلانغان ، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ ، — ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلار تابغاچلارغا ئات بېرەتتى ، تابغاچلار ئۇيغۇرلارغا يىپەك بېرەتتى .

— تابغاچ دېگەن نېمە ؟ — سورىدى سودىگەر .

— ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇلارنى «تابغاچ» دەپ ئاتايتتى ، — دەپ چۈشەندۈردى تىلماچ .

— ھە ، توغرا ، توغرا ، — دېدى سودىگەر خۇشال بولۇپ ، — ھەزرەتلىرى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىكەن ، تارىخنى پىششىق بىلىدىكەن . يىگىرمە تالىپ چاغلىرىمدىن باشلاپلا كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدىم . ئۆزاقتىن بۇيان غەربىي دىيارغا ساياھەت قىلىش ئارزۇيۇم بولغاچقا ، خولارنىڭ تارىخىغا دائىر كىتابلارنى ئوقۇغانىدىم . بىزدە «خەننامە» ، «تاڭنامە» دېگەن كاتتا ئەسەرلەر بار . شۇ ئەسەرلەردە يېزىلىپ قالغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، خەنزۇلار بىلەن خولار ئىناق ، ئىتتىپاق بولۇپ ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ياشىغانىكەن . مەسىلەن ، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ دەۋرىدە ئەن لۇشەن ، شى سىمىن قاتارلىق سەركەردىلەر توپىلاڭ كۆتۈرگەن . توپىلاڭچىلار چاڭئەن ، لوياڭدىن ئىبارەت ئىككى ئاستانىنى بېسىۋالغان . بۈيۈك تاڭ خاندانلىقى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى . شۇ چاغدا يېڭىدىن پادىشاھ بولغان تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇرلاردىن توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى سورىدى . ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى دەرھال بىر ئاتلىق قوشۇننى تەشكىللىدى ۋە ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلىنى بۇ قوشۇنغا قوماندان قىلىپ ياردەمگە ئەۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار قوشۇنى تاڭ قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ توپىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلدى . شۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئىنتايىن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان . ئۇلار زەپەر قۇچۇپ چاڭئەن ھەم لوياڭ شەھەرلىرىگە

كىرگەن . توپىلاڭنىڭ باش - ئايىغى تىنچىغۇچە ئۇيغۇرلار بىرنەچچە قېتىم قوشۇن كىرگۈزگەن . ئاخىر ، ئەن لۇشەن ، شى سىمىن قوشۇنلىرى ئۇزۇل - كېسىل تارمار بولدى . تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادشاھلىرى ئۇزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۇرۇش ۋە ئوتتۇرىدىكى دوستلۇقنى يەنىمۇ چىڭىتىش ئۈچۈن ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانلىرىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش مەلىكىنى ياتلىق قىلىپ بەرگەن .

بۇ ئوقۇمۇشلۇق سودىگەرنىڭ باياناتلىرىنى ھەممەيلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى .

سۆھبەت داۋاملاشقان ئارىلىقتا تۇرۇمتاي ئوتتۇرىغا داستىخان سالدى .

كەيپىچىلىق سودىگەر كاشغەرنىڭ ئانار شەربىتىنى بەك ياقتۇرۇپ قالدى . غوجىدار قورۇتۇلغان ئۇزۇم ۋە ئۆرۈك قېقىنى ماختىدى . گەنجۇلۇق ئۇيغۇر تىلماچ بولسا ، قولماق ئىچىملىكىنى «قالتىس مەي ئىكەن» دەپ ھوزۇرلىنىپ ئىچتى .

# ئون تۆتىنچى باب

## ئەدىقۇت زېمىنى

كۆك ئاسماندا يېنىك ئاق بۇلۇتلار ئاستا ئۈزۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ھاۋا ئىسسىپ كەتتى. كارۋان پايانسىز قاقاسلىقتا كېتىپ باراتتى. قاغجىراپ كەتكەن سېرىق توپىلىق تۈزلەڭدە توپ - توپ ئۆسكەن قىزىل يۇلغۇن، غۇژمەكلەشكەن قامغاق، يانتاق، چاكاندا قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ھەريەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. شىمال تەرەپتە ھەرە چىشلىرىنى ئەسلىتىدىغان تاغ چوققىلىرى قىزغۇچ، سېرىق، كۆكۈچ، قارامتۇل رەڭلەردە سۈرەتلىنىپ سوزۇلغان، جەنۇب تەرەپتە تاكى ئۇپۇققا تاقاشقىچە تۈپتۈز چۆل كەڭ يېيىلغان. جىمجىتلىق، تۇگملەرنىڭ كولدۇرما ساداسى ۋە ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇپ قويۇشلىرىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى.

ئۇشتۇمتۇت بىر چېرىك ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ، قولى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى:

— قاراڭلار! دەرەخلەر كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— توغراقلىق، — دەپ قويدى كارۋان بېشى ئۇنىڭغا جاۋابەن ۋە قايتىدىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئالا ئېتىنىڭ يالىغا تىكىلگىنىچە كېتىۋەردى.

مەھمۇدمۇ تورۇق ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئۇيقۇ باسقاندەك مۈكچىيىپ كېتىۋاتاتتى. بايىقى چېرىكنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى. بارغانسېرى يېقىنلاپ

كۆرۈنۈۋاتقان توغراق ئورمانلىقىنى كۆرۈپ كىشىلەر تېتىكلىشىپ قالدى.

— قاراڭلار، ئاۋۇ نېمە؟ — دېدى يەنە بىر چېرىك قامچىسى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ.

چۆلدە ئوتلاپ يۈرگەن ئالتە ـ يەتتە ھايۋاننىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قۇلان، — دېدى مەھمۇد شۇ ياققا كۆز تىكىپ، — قېنى، ئەزىمەتلەر، كىم ياۋا ئاتلارنى ئوۋلىيالايدۇ؟

يىگىرمىدەك چەبدەس چەۋەنداز كارۋاندىن ئايرىلىپ، ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. بىراق، نەدىكىنى! قۇلانلار ئۇلارنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇچقاندەك چاپقان پېتى توغراقلىقتا غايىب بولدى. بۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ جۈغى كىچىكرەك بولسىمۇ، شۇنداق تېز چاپاتتىكى، كارۋان ئەھلى ئۇلارغا قاراپ تاڭ قېلىشتى.

— ۋاھ، شۇ قۇلانلاردىن بىرەرىنى كۆندۈرۈۋالغىلى بولسا ـ ھە! — دەپ خىتاب قىلدى تۇرۇمتاي زوقلانغان ھالدا.

قاقاس چۆلدە ھاياتلىقنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى كۆرمەي ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن كۆز ئالدىدا نامايان بولغان بۇ ئورمان ۋە ھايۋانلاردىن ھەممەيلەننىڭ روھىي كەيپىياتى كۆتۈرۈلدى، بەس ـ بەستە ۋارقىراشتى، ئات ۋە تۆگىلەر ئۇزلۇكىدىن مېڭىشىنى تېزلەتتى.

كارۋان توغراقلىقتا توختاپ، ئادەملەر غىزالاندى، ئات ۋە تۆگىلەر بۇلاق سۈيىدە سۇغىرىلدى ـ دە، شۇ ھامان يەنە سەپەر داۋاملاشتى. بۇ جايدا ھاردۇق چىقىرىپ، تۈنەپ قېلىش پىكىرلىرىنى كارۋان بېشى قەتئىي رەت قىلدى.

— بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — قوچۇ[1] تەۋەسىگە ئاز قالدۇق. بۇنداق چەت ـ ياقا جايلاردا كېچىلىرى قاراقچىلار يول توسىدىغان

---

[1] قوچۇ — ھازىرقى تۇرپان.

ئىشلار پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكۈچە قوچۇ قوشۇنلىرىنىڭ چېگرىدىكى قاراۋۇلگاھلىرىغا يېتىۋېلىشىمىز كېرەك.

— قوچۇ قوشۇنلىرى بىزگە چېقىلمامدۇ؟ — دەپ سورىدى بىر ياش قورۇقچى سەل خاتىرجەمسىزلىنىپ.

— چېقىلمايدۇ. ئۇلارمۇ بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىزغا ئوخشاش كارۋان يوللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

— ئەممە، مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرىي دىندىكى ئۇيغۇرلار گاھى چاغلاردا ئۇرۇشۇپ تۇرىدۇ دېيىشىدۇغۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە بىر قورۇقچى.

— ئۇرۇشۇپ تۇرىدىغانلار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قاراقچىلىرى، — جاۋاب بەردى كارۋان بېشى، — ئۇنداق يامان ئادەملەر ھەممە يەردە تېپىلىدۇ.

كارۋان سۈرئىتىنى تېزلەتتى ۋە گۇگۇم چۈشكەن مەھەلدە قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەسىگە كىرىپ، كارۋان يوللىرىنى قوغدىغۇچى بىر بۆلۈك قوشۇن جايلاشقان قورغاندىكى دەڭدە قونالغۇغا توختىدى.

ئەتىسى كۈنى سەھەردە سەپەر يەنە داۋاملاشتى. ئەمدى كارۋاندىكى ھەممە كىشى سەگەكلەشتى، ئۇلار ئۇچرىغان ئادەملەرگە، تۇرالغۇ جايلارغا قىزىققان ھالدا نەزەر سالاتتى، ھەممە نەرسىگە دىققەت قىلاتتى.

كۈن ئولتۇرۇشقا باشلاپ، ئاسماننىڭ غەربىي قىسمى قىزىلگۈل رەڭگىگە كىرگەن گۈزەل پەيتتە، كارۋان سۇلمى شەھرىگە كىرىپ كەلدى.

تۇرۇمتاي قاتتىق ھاياجانلىنىپ، نەپەسلىرى بوغۇلۇپ كەتتى، تىزگىن تۇتقان قوللىرى تىترەشكە باشلىدى. ھازىرلا ئەمەس، سۇلمىنىڭ كۈنگۈرىلىك سېپىللىرى يىراقتىن كۆرۈنگەندىلا ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، كۆزلىرى چوڭ - چوڭ ئېچىلىپ كەتكەندى.

سۇلمى ! تۇرۇمتاينىڭ ئانا يۇرتى ! بۇ شەھەرنى كۆرۈشنى ئۇ قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتى ! قانچە كېچىلەردە بىدار بولۇپ ، مۇشۇ سېپىللارنى ، مۇشۇ كوچىلارنى ، سۇلمىلىكلەرنىڭ ئۆي - ماكانلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدى ! ئۇ سۇلمىنىڭ توپىلىق يوللىرىدا گويا ئاتىسىنىڭ ئىزلىرىنى ، قومۇش ئۆسكەن سازلىقلاردا گويا ئەجدادلىرىنىڭ غايىۋى سىيماسىنى كۆرگەندەك بولاتتى .

مەھمۇد كاشغەري سۇلمىدە بىر مەزگىل تۇرۇشنى قارار قىلدى . ئۇ يەنە تىل تەكشۈرۈش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى . تۇرۇمتاي خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ، تۆت نەپەر چاكار بىلەن تەمىنات ۋە يولنىڭ تەييارلىقىنى غەملىدى .

ئەتە يولغا چىقىمىز دېگەن كۈنى ، مەھمۇد ئۆزىنىڭ سۇلمىدىكى ئاخىرقى خاتىرىلىرىنى يېزىپ بولۇپ ، زاۋال پەيتىدە ئۆيدىن چىقتى . بۇ يەردە سازلىق ۋە قومۇشلۇقلار كۆپ بولغاچقا ، كېچىلىرى پاشا چېقىپ ، ئادەمگە ئارام بەرمەيتتى . شۇڭا ، قورۇقچى ۋە خىزمەتكارلار ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۇلخان يېقىپ ، چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىدى . مەھمۇدمۇ كېلىپ ئۇلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى . كىشىلەر كۆيۈۋاتقان توغراق شاخلىرىغا پاخال ۋە خازانلارنى تاشلاش بىلەن كۆپرەك تۈتۈن چىقىرىپ ، پاشا ۋە كۇمۇتىلارنى قوغلاشقا تىرىشاتتى .

بىر ھازادىن كېيىن تۇرۇمتاي جىملىقنى بۇزدى :

— شۇنداق قىلىپ ، ئەتە بۇ يەردىن كېتەمدۇق ؟

بۇ گەپنى ئۇ ھېچكىمگە قارىماي ، تىزلىرىنى قۇچاقلاپ تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان ھالدا كۆزلىرىنى تۈتەپ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن ئالماي تۇرۇپ ئېيتتى . ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى .

— ئەجەبمۇ ئىچىم پۇشتىغۇ ، — دېدى يەنە تۇرۇمتاي ، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مەھمۇدقا مۇراجىئەت قىلدى . — ھەزرىتىم ، بىرئاز سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ .

— نېمىنى سۆزلەي؟

— نېمە بولسىمۇ مەيلى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى توغرۇلۇق بولامدۇ... ياكى مۇشۇ سۇلمى توغرۇلۇق بولامدۇ...

مەھمۇد ئۇنىڭ قەلبىنى چۇشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

— ماقۇل، — دېدى ئۇ، — بىز ئەمدى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا سەپەر قىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇلار توغرۇلۇق بىرئاز سۆزلەپ بېرەي. بىز ھازىر بۇيۇك ئىدىقۇت زېمىنىدا تۇرۇۋاتىمىز...

— ئىدىقۇت دېگەن نېمە؟ — سورىدى قورۇقچىلاردىن بىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— بىزنىڭ خاقانلىرىمىز قاراخان دەپ ئاتالغىنىغا ئوخشاش، قوچۇ خاقانلىرى ئىدىقۇت دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

— داۋامىنى سۆزلەڭ، ھەزرىتىم!

— ھە، داۋامىنى...

— ھەي، جىم بولۇڭلار!

مەھمۇد سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىدىقۇت زېمىنىدە بەش شەھەر بار. بۇ شەھەرلەرنىڭ بىرى بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان مۇشۇ سۇلمى. ئىدىقۇت خانىنىڭ ئىككى ئاستانىسى بولۇپ، بىرى قوچۇ، ئىككىنچىسى بەشبالىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە چانبالىق[1] ۋە ياڭىبالىق دېگەن شەھەرلىرى بار.

— سۇلمى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسىڭىز ئىكەن، — دېدى تۇرۇمتاي ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا.

مەھمۇد ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— ماقۇل. تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، ئىسكەندەر

---

[1] چانبالىق — ھازىرقى سانجى شەھىرىنىڭ گورنىدا بولغان.

زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، قاغان ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇيغۇر چېرىكلىرى باتۇر ۋە مەرگەن بولۇپ، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە: «بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. «ئالتۇنقان» دېگەن يەردە بولغان شۇ قېتىمقى جەڭدە تاجاۋۇزچىلار ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن زۇلقەرنەيىن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇيغۇر قاغانى بىلەن سۈلھى تۈزدى. تىنچلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن زۇلقەرنەيىن مۇشۇ سۈلمى شەھىرىنى سالدۇردى.

— كېيىن قانداق بولدى! — سورىدى يەنە تۇرۇمتاي.

— كېيىن، زۇلقەرنەيىن بۇ يەرلەردە ئۇزاققىچە تۇرالمىدى. كۆچمەن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تۈشمۇتۈشتىن ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىۋېرىشى ئاخىر تاجاۋۇزچىلارنى ھالسىرىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىغا قايتىپ كېتىشتى. ئۇلار كەتكەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بۇ سۈلمى شەھىرىدە ئۇيغۇرلار ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

مەھمۇد سۆزلەشتىن توختىدى.

گۈلخاننىڭ يالقۇنى پەسلىگەن بولۇپ، پەقەت كۆكۈچ قارامتۇل ئىس چىقىپ تۇراتتى.

پەلەكنىڭ يۈزى ھېكمەتلىك ئۈنچىلەردەك نۇرلىنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن قاپلىنىپ، سامانيولى سۈزۈلۈپ كۆرۈنۈشكە باشلانغانىدى.

— ئەمدى ئۇخلايلى، — دېدى مەھمۇد ۋە ئورنىدىن قوپتى.

ئۇچۇپ قالاي دېگەن گۈلخان يېنىدا يالغۇز تۇرۇمتاي قالدى.

ئۇ تۇتەپ تۇرغان قوقاسلارغا كۆز تىكىپ، يەنە ئۇزاق ئولتۇردى.

— سۇلمى دېگەن شۇنداق شەھەر ئىكەن - دە، — دېدى ئۇ
چوڭقۇر تىنىق ئېلىپ.

گۇلخاندىكى قوقاسلارمۇ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ ئۇنىڭغا
جاۋاب قايتۇرمىدى.

※ ※

— نېمىدېگەن ئىسسىق بۇ!

— ئۆمرۈمدە بۇنداق ئىسسىقنى كۆرۈپ باقمىغانمەن.

— ئەزبىرايى خۇدا، چىدىغۇدەك ھالىم قالمىدى.

— بىر يۇتۇم سوغۇق سۇ بولسىچۇ، كاشكى. تورسۇقتىكى
سۇلارمۇ قىزىپ كېتىپتۇ.

قورۇقچى ۋە خىزمەتكارلارنىڭ زارلانغان خىتابلىرى
كولدۇرما ئاۋازىغا قوشۇلۇپ پات - پاتلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
ئادەملەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى.
سۇغا چىلانغاندەك ھۆل بولغان كۆڭلەكلەر تەنلەرگە چاپلىشىپ
كەتكەنىدى. ئاتلارنىڭمۇ باشلىرى ساڭگىلاپ، پۇتلىرىنى ئاران
سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. پەقەت چۆل دېڭىزىنىڭ مەزمۇت كېمىلىرىدىن
ئىبارەت بولغان تۆگىلەرلا ھامان مەغرۇر قىياپەتتە سالماق قەدەم
بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

كۆز يەتكۈسىز شېغىللىق چۆل خۇددى قىزىتىلغان تونۇردەك
ئوتنىڭ تەپتىنى چاچاتتى.

مەھمۇد بىر قولىدىن يوغان بۆز ياغلىقنى چۈشۈرمەي، باش
ۋە يۈز، بويۇنلىرىدىن تەپچىپ تۇرغان تەرنى ئېرتاتتى. ئۇنىڭ
تامىقى قۇرۇپ، دېمى سىقىلىپ، ئاق شايى كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى
كەڭ ئېچىۋەتتى. ئۇ قوچۇدا ياز بەك ئىسسىق بولىدۇ دەپ
ئاڭلىغانىدى. مانا ئەمدى بۇ يەرنىڭ قانداق ئىسسىق
بولىدىغانلىقىنى ئۆزى كۆرۈۋاتىدۇ.

— كەلدۇق ، ھەزرىتىم ، ئەنە ! — دېدى كارۋان بېشى قامچىسى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ .

كۇنچىقىش تەرەپتىكى ئۇپۇقتا توپ - توپ دەرەخلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى . ئادەملەرگە گويا جان كىرگەندەك بولدى . ئات ۋە تۆگىلەر ئىختىيارسىز تۇردە يۇرۇشنى تېزلەتتى .

قوچۇغا يېتىپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن قورۇقچىلار كارىزنىڭ مۇزدەك سۇزۇك سۇيىنى قاپاق ۋە تورسۇقلار بىلەن تارتىپ ، باشلىرىدىن تۆكۇشتى ، پۇخادىن چىققۇچە يۇيۇنۇشتى . مەھمۇدمۇ مۇنچىغا چۇشۇپ ، سالقىن كېمىر ئۆيدە ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىۋالدى .

ئەتىسى كۇنى قورۇقچى ۋە خىزمەتكارلار روھلانغان ھالدا سەپەر تەسىراتلىرىنى سۆزلىشىشكە باشلىدى . ئۇلار بېدىش ئاستىدا سايداپ ئولتۇرغان مەھمۇدنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىشتى . ئۇلار بىكار چاغلىرىدا بۇ دىلكەش ئالىمنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولۇپ قالغانىدى . كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەھمۇد بۇ كارۋان يوللىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى :

— بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار ، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ ، — كۇنچىقىشتا ئوتتۇرا تۇزلەڭدىن باشلىنىپ ، كۇنپېتىشتا تاكى رۇم ، يۇنان ۋە ئەرەب ئەللىرىگىچە تۇتىشىدۇ . مۇشۇ يوللاردا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ كارۋانلىرى ئوتتۇرا تۇزلەڭنىڭ جاھانغا مەشھۇر يىپەك ۋە جانان چىنىلىرىنى كۇنپېتىشتىكى ئەللەرگە ، كۇنپېتىشتىكى ئەللەرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرا تۇزلەڭگە توشۇيدۇ . قاراخانىيلار ۋە قوچۇلۇقلار بۇ ئۇلۇغ يولنىڭ مەركىزي قىسمىدا ماكانلاشقان بولغاچقا ، ئۇياققىمۇ ، بۇياققىمۇ قاتناپ تۇرىدۇ . بۇ بىر ئۇلۇغ دوستلۇق يولى . بىز ئەنە شۇ يولنى بويلاپ سەپەر قىلىۋاتىمىز . رۇملۇقلار بۇ يولنى «يىپەك يولى» دەپ ئاتايدۇ ، يەنى شەرقتىن يىپەك توشۇلىدىغان يول دېمەكچى .

※ ※

مەھمۇد ئۇدا بەش ـ ئالتە كۈنگىچە قوچۇ ياكى قارا قوچۇ دەپ ئاتالغان بۇ مەشھۇر ئاستاننىڭ كوچا ، بازارلىرىنى ، يىراق ـ يېقىندىكى ھەرقايسى جايلىرىنى ئارىلاپ سەيلە ـ ساياھەتتە بولدى .

ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان قورۇقچىلار ئۇيچۈرىسگە قىزىقسىنىپ قارشاتتى .

شەھەرىستاندىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ ، كاشغەردىكى قەسىرلەرگە ئوخشمايتتى ، لېكىن كوچادىكى بىر قىسىم دۆلەتمەن كىشلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىغا ئوخششىپ كېتەتتى .

— بۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ بىزنىڭكىگە ئوخشمايدىكەن ، — دېدى قورۇقچىلاردىن بىرى .

— يۇقىرى تەبىقە كىشلىرى شۇنداق ، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭغا جاۋابەن ، — لېكىن پۇقرالارغا قاراڭلار...

— راست ، — دېدى تۇرۇمتاي ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ ، — پۇقرالار خۇددى كاشغەر دېھقانلىرىغا ئوخشاشلا تۇرمامدۇ . بۆزدىن يەكتەك ، تامبال كىيىدىكەن ، پۇتلىرىدا ئۇچلۇق كەشە .

— پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىمۇ كاشغەر يېزىلىرىدىكى ئۆيلەردىن پەرقلەنمەيدىكەن ، — دېدى يەنە بىر قورۇقچى .

— بۇتخانىلار ئەجەبمۇ كۆپ ئىكەن ، — دەيتتى قورۇقچىلار ۋە تاقىرباش راھىبلارغا ياقتۇرمىغان سىياقتا قاراپ قويۇپ ، بۇ يەردىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشكە ئالدرايتتى .

چوڭ بىر كىتابپۇرۇشلۇق دۇكىنىغا كەلگەندە ، مەھمۇد توختىدى . كۆپتۈرمە قارا بۆك كىيگەن ئاق ساقاللىق كىتابپۇرۇش ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ ، ئۇلارنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى . مەھمۇد دۇكانغا كىردى ، باشقىلار ئىشىك ئالدىدىكى لەمپىنىڭ تېگىدە سايىداپ ئولتۇرۇشتى .

— خالىغىنىڭىزنى ئېلىپ كۆرگەيسىز، تەقسىر، — دېدى كىتابپۇرۇش تەكچىلەرنى كۆرسىتىپ، — بۇ يەردە ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان ئەڭ نادىر ئەسەرلەرمۇ بار.

دۇكان ئىچى خېلى چوڭ بولۇپ، تام ياقىلاپ قويۇلغان تەكچىلەرگە ئۇيغۇرچە كىتابلاردىن سىرت يەنە خەنزۇ ۋە سانسكرىت تىللىرىدىكى كىتابلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىلىرى رەتلىك تىزىلغانىدى. مەھمۇد تەكچىلەرنى ئارىلاپ، كىتابلارنى كۆرۈشكە باشلىدى. كىتابپۇرۇش ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي، ھېلى ئۇ كىتابنى، ھېلى بۇ كىتابنى ئېلىپ كۆرسىتەتتى.

— بۇ «مايترى سىمىت»، مانا بۇ «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، مانا بۇ «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت»....

مەھمۇد بەجايىكى كىتابلارنىڭ سېھىرلىك دۇنياسىغا كىرىپ كەتكەندەك ۋاقىتنى ئۇنتۇغانىدى، بەزى كىتابلارنى ۋاراقلاپ كۆرەتتى، بەزىلىرىنى ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن ئوقۇپ كېتەتتى.

كىتابپۇرۇش كىتابقا شۇ قەدەر ئىشتىياق باغلىغان خېرىدارنىڭ كىرىپ قالغىنىدىن خۇش بولۇپ، بىر قىسىم كىتابلارنىڭ مەزمۇنى ۋە مۇئەللىپلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئەستايىدىل سۆزلەپ بەردى. مەھمۇد بىرمۇنچە كىتابنى تاللاپ سېتىۋالدى ۋە ئۆزى بىلەن كەلگەن خىزمەتكارلاردىن بىرىگە كۆتۈرگۈزۈپ، كىتابپۇرۇش بىلەن خوشلاشتى.

ياتاققا قايتقۇچە قورۇقچىلار ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ مېڭىشتى.

— نېمىدېگەن ئىسسىق بۇ!

— ئاۋۇ تاغلارنى قاراڭلار، خۇددى چوغدەك قىپقىزىل تاۋلىنىپ تۇرىدۇ.

— يېرى بەك قۇملۇق ئىكەن.

— قۇملۇقتا ئۇزۇم ئوخشايدۇ. ئۇزۇمنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرمەمسەن.

— ھەممە يەردە ئۈزۈم ! قايسى ھويلىغا قارىساڭمۇ ئىشىك ئالدىدا بېدىش بار .
— بۇ يەرنىڭ كارىزلىرىنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم .
— شۇنى دېمەمسەن ! بۇ بىر مۆجىزىگە ئوخشايدىكەن . ھاۋا ئىسسىق ، يەر قۇملۇق ، لېكىن يەرنىڭ تېگىگە چۈشسەڭ شۇنچە سالقىن ، سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ .

ئارىدىن ئون كۈنچە ئۆتكەندە ھېلىقى كىتابپۇرۇش بوۋاي مەھمۇد ياتاق قىلغان كېمىر ئۆيگە كىرىپ كەلدى . مەھمۇد ئۇنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى ، خۇددى كونا بۇرادەرلەردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .
— تەقسىر ، — دېدى كىتابپۇرۇش يېكەندازغا چازانى قۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — ئۆزلىرىنى يېزىلارغا قاتناپ ، تىل تەكشۈرۈش ئىشىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىدىم .
— شۇنداق ، — دېدى مەھمۇد كۈلۈمسىرەپ ، — بۇنى قانداق بىلدىلە ؟
— بىلمەيدىغان ئىش بولامدۇ ، تەقسىر . قەيەرگە بارسامۇ خەقنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ . كاشغەردىن بىر ئالىم كېلىپتۇ ، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ، قوشاق - بېيىت ، ماقال - تەمسىل ، رىۋايەت - چۆچەك ۋە ھەتتا ئۇرۇق - قەبىلە ناملىرىدىن تارتىپ يەر ناملىرىغىچە سۈرۈشتۈرۈپ يېزىپ يۈرىدۇ ، قەدىمكى قولىيازمىلارنى يىغىۋاتىدۇ دېگەن گەپلەر ھەممە يەرگە پۇر كەتتى .
مەھمۇد تۇرۇمتايغا داستىخان سېلىشنى بۇيرۇدى ، لېكىن مويسىپىت كىتابپۇرۇش بۇنىڭغا يول قويمىدى .
— يوقسۇ ، تەقسىر ، — دېدى ئۇ ، — بۇنىڭغا كېيىن يەنە پۇرسەت بولار . پېقىر سىلىنى ئۆز ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم . بىرنەچچە قەلەمكەش يارەنلىرىم بار ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپ ، سالام بېرىشكە ئالدىرىدى . شۇ يارەنلىرىمنىڭ ئۆتۈنۈشى ۋە ئۆزۈمنىڭ

تەقەززالىقىم بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇسىنى ئىزدەپ تاپتىم. يارەنلىرىم پىقىرنىڭ خانىسىدا ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالدى. مالال كۆرمەي قەدەم تەشرىپ قىلسىلىكەن.

مەھمۇد بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

كىتابپۇرۇشنىڭ ئۆي بىساتى ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، ھويلىسى كەڭرى ۋە پاكىز، چېدىر شەكلىدىكى ئۆگزىسىگە كاھىش ياتقۇزۇلغان چاققانغىنە ئۆينىڭ كۆنگەي تەرەپتىكى تېمىغا ياندىشقان بىددىشنىڭ تېگىدە ئازادە سۇپا بولۇپ، گىلەم سېلىنغانىدى. ئۇلار شۇ سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

كىتابپۇرۇش بوۋاي ئېيتقاندەك مەھمۇدنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغان كىشىلەر ئۈچ نەپەر ئىدى. ئۇلاردىن ئىككىسى تەخمىنەن ئوتتۇز ياشلار چامىسىدا بولۇپ، چاچلىرىنى تۈگۈنچە قىلىپ، شەلپەر بىلەن چىگىۋېلىشقانىدى. ئۈچىنچىسى جۇدەك كەلگەن مويسىپىت ئىدى. ئاق ساقىلى سىلىق تارالغان، بېشىغا قارا مەخمەلدىن تىكىلگەن كۆپتۇرمە بۆك كىيگەن بولۇپ، باشقىلار ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن «تويىن» دەپ ئاتايتتى. مەھمۇدنى شۇ موسىپىتنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇشتى.

ساھىبخانا بولغۇچى كىتابپۇرۇش بۇ موسىپىتنى مەھمۇدقا تونۇشتۇردى:

— بۇ زات ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. قوچۇدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپلەر «ۋىخارا» دەپ ئاتىلىدۇ، ۋىخارانىڭ باش ئوقۇتقۇچىسى «تويىن» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خۇددى مۇسۇلمانلاردىكى «مەدرىسە»، «مۇدەررىس» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشىشىدۇ.

تويىن بىلەن مەھمۇد ھۆرمەت ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ، بىر - بىرىگە قايتىدىن باش ئېگىشتى.

ساھىبخانا تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ ئىككى زات تويىننىڭ سابىق شاگىرتلىرى. بۇ ياق ھازىر شائىر. بۇ ياق تارىخچى.

داستىخان سېلىنىپ، ئۈزۈم ۋە توقاچلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ھەممىلەن ئاسانلا ئورتاق تىل تېپىپ، چىقىشىپ كەتتى.

— بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بارغانلا يېرىمىزدە بەك ياخشى قارشى ئېلىندۇق، — دېدى مەھمۇد، — ئەمەلدارلار بىزگە ھەر جەھەتتىن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ، پۇقرالارمۇ بىزگە كۆپ ئىلتىپات كۆرسىتىۋاتىدۇ.

— سىزگە ئوخشاش ئەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى زات ئەلۋەتتە ھەرقانداق يەردە قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك، — دېدى پېشقەدەم تويىن، — قوچۇ خەلقى بىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ.

— دىنىمىز ئوخشاش بولمىسىمۇ قىلچە يەكلەنمىدۇق، — دېدى يەنە مەھمۇد، — مەن ئۆزۈمنى ئەك يېقىن تۇغقانلىرىمنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

تويىن ئەمكىنلىك بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ، ئاق ساقىلىنى سىلاشتۇرۇپ قويدى.

— ھەممە ئىنسان قېرىنداشتۇر، — دېدى ئۇ.

قارا ساقاللىق شائىر سۆزگە ئارىلاشتى:

— شەھىرىمىزدە خاقانىيە ۋە ماۋارائۇننەھىردىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇسۇلمانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئەك بالدۇر كەلگەنلىرىگە ئۈچ - تۆت ئەۋلاد بولۇپ قالدى. ھازىرمۇ يەنە كېلىۋاتقانلار بار. ئومۇمىي سانى ئۈچ مىڭدەك چىقىدۇ.

— راست، مەنمۇ ئۇلارنى كۆردۈم، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭ سۆزىنى ئەستىقلاپ.

سېرىق بۇدۇر ساقاللىق تارىخچى شائىرنىڭ سۆزلىرىنى تولۇقلىدى:

— قارا قوچۇ ئەۋلىكىدە بۇددا دىنىدىكىلەردىن باشقا يەنە ناسارالار[1]، مانىخەيلەر ۋە ھەتتا ئىپتىدائىي شامان دىنىنىڭ قالدۇق ئېتىقادچىلىرىمۇ بار.

---

[1] ناسارا — خرىستىئان.

— شۇنداق ، — دېدى تويىن يەنە ئاۋۋالقىدەكلا تەمكىنلىك بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ ، — قوچۇ ۋە بەشبالىق سارايلىرىدا ھەرقايسى قەبىلىلەردىن كېلىپ چىققان ۋە ھەرقايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن ئالىملار خىزمەت قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەتتا يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپلەرگە ئېرىشكەن . ئىدىقۇت خان بىلىملىك ئادەملەرنى قەدىرلەيدۇ .

مەھمۇد شۇك بولۇپ كەتتى . بۇ يەردە ئاڭلىغانلىرىدىن ۋە ئۇمۇمەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىدىن ئۇ قاتتىق تەسىرلەنگەنىدى . سۇلىمدىن مۇشۇ جايلارغىچە بولغان ئارىلىقتا ، ئۇ خەلقنىڭ تىنچ ، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى كۆردى . خان جەمەتى ئىچىدىمۇ ، پۇقرالار ئىچىدىمۇ ئۇملۇك كەيپىياتى ھۆكۈم سۈرىدىكەن . شۇڭا ، جەمئىيەت مۇقىم ، تۇرمۇش پاراۋان . مانا بۇ قۇدرەت تېپىش ۋە يۈكسىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى .

— خاقانىيەدىكى نۇرغۇن كىشىلەر قوچۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ ، — دېدى مەھمۇد ئۈيچان كۆزلىرى بىلەن سۆھبەتداشلىرىغا قاراپ ، — بۇنىڭدىن كېيىن بېرىش - كېلىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ ، چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بەك زۆرۈر .

— ھەزرەتلىرى دانا گەپ قىلدى ، — دېدى تويىن ، — ھازىر دىنىمىز ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى ، لېكىن تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ، بىز بىر ئۇرۇقتىن تۆرەلگەن قېرىنداشلار ئەمەسمۇ .

— ئېنىقراق ئېيتقاندا ، ھەممىمىز قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ، — دېدى شائىر .

شۇ چاغقىچە سۆھبەتنىڭ تىڭشىغۇچىسى بولۇپ ئولتۇرغان ساھىبخانا ئەمدى مەھمۇدقا تارىخچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— مانا بۇ بۇرادىرىمىز دەل مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە كاتتا ئەسەر يېزىۋاتىدۇ ، — دېدى .

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، — دېدى تارىخچى ، — بۇنى كاتتا ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ . پېقىرنىڭ يازغانلىرى ھەممىگە ئايان بولغان

ئومۇمىي ساۋاتىنىلا ئىبارەت.
مەھمۇد ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى ۋە ئەقىل نۇرى سىڭگەن ئويچان قوي كۆزلىرىگە قىزىقىش نەزىرى بىلەن سەپسېلىپ مۇراجىئەت قىلدى:
— ھەزرەتلىرى مەرھەمەت قىلىپ، شۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن پېقىرنى خەۋەردار قىلسا، بىلىم ئاسمانىغا يەتكەندەك بولار ئىدىم.
تارىخچى ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، مەھمۇدقا ئېھتىرام بىلەن ئېگىلدى.
— مۇبادا يازغانلىرىم تاماملانغان بولسا، ھەزرەتلىرىگە بىر نۇسخىنى يادنامە قىلىش پېقىر ئۈچۈن زور بەخت بولاتتى. ئەپسۇسكى، تېخى پات ئارىدا يېزىپ بولالمايمەن. شۇنداقتىمۇ، ھەزرەتلىرىنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن كۆڭلۈمگە پۈككەنلىرىمنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى بىر قۇر بايان قىلىپ بېرەي.
يېزىۋاتقىنىم شۇكى، بۇ گەپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كەڭ يايلاقلاردىن باشلىنىدۇ. شۇ يايلاقلاردا ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ كۆك تەڭرىگە سىغىنغان، قوڭۇر يەرنى ئۇلۇغ بىلگەن بىر خەلق ياشايتتى. تاغ ئاتا، يەر ئانا ئۇلارغا ھاياتلىق بەخش ئەتكەن. ئۇلار ئېگىز تاغلارنىڭ گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرلىرىدا، چۆل - باياۋانلارنىڭ قارا بورانلىرىدا چېنىقىپ قۇدرەت تاپقان. زامانلارنىڭ خەۋپ - خەتەرلىك داۋانلىرى ئۇلارنى باش ئەگدۈرەلمىدى. ئۇلار قورال تۇتۇشنىمۇ، قەلەم تۇتۇشنىمۇ بىلگەن، ئۆز زامانىسىدىكى ئەللەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان پاراسەتلىك خەلق ئىدى. ئۇلار «مەڭگۈ تاش» دەپ ئاتىلىدىغان نۇرغۇنلىغان تاش پۈتۈكلەرنى يېزىپ، ئۆز نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرگەن. ئەنە شۇ خەلق مەغرۇر ھالدا ئۆزلىرىنى «بىز ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتايتتى. ئۇيغۇرلار ئۆتۈكەن تاغلىرىنى تايانچ قىلىپ، قارابالغاسۇن شەھىرىنى ئاستانە قىلغانىدى. ئۇلار توققۇز قەبىلىدىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، «توققۇز ئۇيغۇر» ياكى

«توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن ئۇلارنىڭ قەبىلە سانى كۆپەيگەنلىكتىن «ئون ئۇيغۇر»، «ئون بىر ئۇيغۇر» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز بىر قەبىلىنىڭ نامى ئەمەس، بەلكى ئورخۇن بويلىرىدىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقىغىچە بولغان يەرلەردە ياشايدىغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق نامى ئىدى.

تارىخچىنىڭ بايانلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان مەھمۇد بېشىنى ئىرغىتتى.

— توغرا، توغرا، قېنى، داۋامىنى ئاڭلايلى.

تارىخچى يەنە سۆزلىدى:

— قارابالغاسۇن ئۈستىدە زور پاجىئە قارا قاناتلىرىنى يايدى. ئۇدا بىرنەچچە يىل داۋام قىلغان تەبىئىي ئاپەتتە چارۋا ماللار مىڭلاپ قىرىلىپ كەتتى، زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتتى، ھەممە يەرنى قەھەتچىلىك قاپلاپ كەتتى. بۇنى ئاز دەپ ئوردا ئىچىدە چاتاق چىقتى. ھۆكۈمدارلار تەختنى تالىشىپ، بىر - بىرىگە قارشى قوشۇن تارتىپ چىقىشتى. خانۇەيران بولغان پۇقرالار يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ چېچىلىپ كەتتى. ئىسيانكار ۋەزىرلەر مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قېچىپ كېتىپ، يېنسەي دەرياسى بويلىرىدىكى كۆچمەن قىرغىزلارنى باشلاپ كەلدى. پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ھالى قالمىغان ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار ۋە ئىسيانكارلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. قارابالغاسۇننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۈركۈم - تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، ئىس - تۈتەك ۋە جەسەتلەرگە تولغان ئۆتۈكەن باغرىدىن چېكىنىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كەتتى. يەنە بىر قىسمى سەددىچىن سېپىلى ئاياغلاشقان جايلارغا بېرىپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى بەرپا قىلدى. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى بۇزماي، خانزادە پان تېگىننىڭ رەھبەرلىكىدە تەڭرىتاغ

ئەتراپلىرىدىكى ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسىغا كۆچۈپ كەلدى. بۇ جايلارنىڭ يەرلىك ئاھالىسىمۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بولغاچقا، ئورخۇندىن كەلگەن قەبىلىلەر ئاسانلا ئۆزلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قوچۇ ۋە بەشبالىقنى قوش ئاستانە قىلغان يېڭى ئۇيغۇر خانلىقى بارلىققا كەلدى.

تارىخچى سۆزلەشتىن توختىدى. مەھمۇد ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ داۋامىنى چۈشۈردى:

— كېيىن تارىم، ئىلى ۋە ئېمىل ۋادىلىرىمۇ بۇ يېڭى خانلىق بىلەن بىرلىككە كەلدى.

— شۇنداق، — دەپ سۆز قوشتى تويىن، — بۇ يەرلەردە ئەزەلدىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە باشقا تۈركىي، پارسىي قەبىلىلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇلار ئورخۇنلۇق قېرىنداشلىرىنى ئىللىق مېھرى بىلەن قارشى ئالدى.

شائىر ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلدى:

— شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئورخۇنلۇقلار باشقا يەرلەرگە بارماستىن، دەل مۇشۇ جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن - دە.

— ئەپسۇسكى... — دېدى تارىخچى بوش ئاۋازدا ۋە گېپىنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرمەي ئەلەملىك ھالدا بېشىنى چايقاپ قويدى.

مەھمۇد ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى پەملىدى ۋە ئۇ باشلاپ قويغان سۆزنىڭ ئايىغىنى چۈشۈردى:

— ئەپسۇسكى، ھازىر قاراخانىيلار بىلەن ئىدىقۇت خانلىقى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى. ئوخشىمايدىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. ھەر ئىككى تەرەپتىكى جاھىل كۆچلەر دىن بىلەن نەسەبنى پەرقلەندۈرمەي، قانداشلىقىمىز، تارىخىمىزنى ئۇنتۇپ قالغىلى تۇرۇۋاتىدۇ.

سۆھبەتداشلار سۈكۈتكە چۆمدى. بۇ ئاچچىق ھەقىقەت مەرىپەت نۇرى بىلەن قەلبى يورۇغان بۇ كىشىلەرنى ئىچكى ئازاب ئوتىدا ئۆرتەۋاتقانلىقى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى. نېمە دېگۈلۈك! تېخى يېقىندىلا ئىلى ۋە ئېمىل بويلىرىدا قاراخانىي غازاتچىلىرى

بىلەن ئىدىقۇت قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭلەر بولۇپ ئۆتكەنىدى. بۇ ئىشلارنى سورۇندىكى ھەربىر كىشى ئۆز ئىچىدىلا ئويلىدى، تىلغا ئالمىدى. لېكىن، بۇ كىشىلەر شۇنىمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرمەكتە ئىدىكى، ھۆكۈمدارلار ئاشۇنداق دۈشمەنلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ئۆزلىرىنى ئىلىم ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئالىيجاناب كىشىلەر تىنچ - ئامانلىق ۋە ئىنسانلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن باش قاتۇرماقتا ئىدى.

ساھىبخانا بوۋاي جىملىقنى بۇزغۇسى كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ، يەنە گەپ تەشتى:

— مەن بۇلتۇر كاشغەردىن كەلگەن بىر سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇ دىنىي نام بىلەن ئۇرۇقداشلىق نەسەب نامىنى پەرقلەندۈرمەيدىكەن. «بىز بۇرۇن ئۇيغۇر بولغان بولساقمۇ، ئەمدى مۇسۇلمان بولدۇق» دەيدۇ. مەن ھەرقانچە چۈشەندۈرۈپمۇ ئۇنى قايىل قىلالمىدىم.

— نادانلىق، — دەپ قويدى مەھمۇد مەيۈس كۈلۈمسىرەپ.

پېشقەدەم تويىن سورۇننىڭ كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— بولدى، بۇ گەپنى قويايلى. ئەمدى بىزنىڭ شائىرىمىز ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدىن بىرنەچچىنى ئوقۇپ بەرسە، قانداق دەيسىلەر؟

— بەلەن گەپ بولدى! — دېدى مەھمۇد خۇشاللىق بىلەن، — سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. ئەمدى شائىر دوستىمىزنىڭ قەلب ساداسىنى ئاڭلاپ باقايلى.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى شائىر سۆھبەتداشلارغا خۇش تەبەسسۇم بىلەن بېقىپ، — ھەزرەتلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىرنەچچە مىسرا شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي.

بىلىك بىلگىن يا بېگىم،
بىلىك ساڭا ئەش بولۇر.

بىلىك بىلگەن ئول ئەرگە
بىر كۈن دۆلەت تۇش بولۇر .

(يەشمىسى : بىلىم ئۆگەنگىن ، ئەي بېگىم ، بىلىم ساڭا دوست بولۇر . بىلىم ئالغان كىشىگە ئاخىر بىر كۈنى دۆلەت تۇشمۇ تۇشتىن ياغىدۇ . )

بىلىكلىك ئەر بەلىگە
تاش قورشانسا قاش بولۇر .
بىلىكسىزنىڭ يانىڭا
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر .

(يەشمىسى : بىلىملىك ئادەمنىڭ بېلىگە تاشنى باغلاپ قويسا قاشتېشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ، بىلىمسىزنىڭ يېنىغا ئالتۇن قويسا تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ . )

※ ※

شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد كاشغەرىي ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاستانىسى بەشبالىقنى ۋە ياڭىبالىق ، چانبالىق شەھەرلىرىنى ئارىلاپ چىقتى . ئۇنىڭغىچە ياز پەسلى ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا ، سودا ـ سېتىق ۋە سەپەر تەييارلىقىنى غەملىگەچ چانبالىقتا قىشلاپ قالدى .

## ئون بەشىنچى باب

# ئىلى يولى — تاغلىق يول

باھارنىڭ دەسلەپكى ئىللىق شامالللىرى بىلەن تەڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كارۋىنى چانبالىقتىن چىقىپ كۆنپېتىش تەرەپكە راۋان بولدى.

بۇ خاقانىيىدە ھاۋا ئوبدانلا ئىسسىپ قالىدىغان چاغ ئىدى، ئەمما تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا قىش ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. پايانسىز ئىدالا تېخىچە ئاق قار بىلەن قاپلىنىپ ياتاتتى. ئەتىسى - ئاخشاملىرى جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولاتتى. بۇنداق قار - مۇزلۇق سوغۇققا كۆنمىگەن كاشغەرلىكلەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىشتىن بەكمۇ بىزار بولدى.

مەھمۇد سۆسەر تۈمىقىنى قۇلاقلىرىنى ياپقۇدەك چۆكۈرۈپ، قوندۇز جۇۋىسىنى كەڭ تېرە كەمەر بىلەن چىڭ تارتىپ باغلىغان ۋە پۇتلىرىغا يۇڭلۇق ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ غولى قورۇلۇپ، پۇت بارماقلىرى توڭلاپ تۇرغانلىقتىن، بىر ئاز ئىسسىۋېلىش ئۈچۈن يەرگە چۈشتى ۋە تورۇق ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ ماڭدى. كارۋان بېشىمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭغا يانداشتى.

— چانبالىقتىن چىققىنىمىزغا ئون كۈندىن ئاشتى، — دېدى مەھمۇد، — تېخىچە بىرەر يېزىمۇ ئۇچرىمايدۇغۇ؟

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى كارۋان بېشى، — بۇ ئەتراپتا ئاھالە شالاڭ.

— ھەي ... بىرەر كۈن بولسىمۇ ، ئىسسىق ئۆيدە راھەتلىنىپ ئۇخلىۋالغان بولساق - ھە ! — دېدى تۇرۇمتاي ئارمان قىلغان تەلەپپۇزدا ۋە ئۇمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ مەھمۇدنىڭ كەينىدىن ماڭدى .

ئۇلارغا ياندىشىپ كېلىۋاتقان بىر قورۇقچى ئات ئۈستىدىن كارۋان بېشى تەرەپكە ئېگىشىپرەك سورىدى :

— نەچچە كۈن بولدى ، بۇتپەرەسلەرنىڭ چارلىغۇچى قوشۇنلىرى كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

— ھازىر بىز ئىدىقۇت زېمىنىدىن چىقىپ بولدۇق ، — جاۋاب بەردى كارۋان بېشى .

— ئەمىسە ھازىر كىمنىڭ يېرىدە كېتىۋاتىمىز ؟

— كىم بىلسۇن ! كۆرۈۋاتىسەنغۇ ، بۇ يەرلەردە ئاھالە يوق . ئىلى تاغلىرىغىچە بولغان بەزى جايلاردا بىر قىسىم ئۇششاق كۆچمەن قەبىلىلەر ئۇچراپ قالىدۇ . ئۇلاردىن سورىساڭ ، قايسى خانلىققا تەۋە ئىكەنلىكلىرىنى ئۆزلىرىمۇ بىلىشمەيدۇ .

— ئەمىسە ، ئىلىدىكى قەبىلىلەرچۇ ؟

— ئۇلار بۇرۇن ئىدىقۇت خانلىقىغا تەۋە ئىدى ، ھازىر قاراخانىيلار تەۋەلىكىگە ئۆتتى .

— ئۇلار قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ ؟

— ئارسلان تېگىن غازى بىلەن مۇھەممەد چاقىرتوڭاخان ئىلى ۋە ئېمىلنى قاراخانىيلار تەۋەسىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن ئىلىدىكى خەلقنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا كىردى ، لېكىن يەنە خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىيان مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بار .

— ھە ، بىلىمەن ! — دەپ خىتاب قىلدى ھېلىقى قورۇقچى ، — مېنىڭ ئاكام ئارسلان تېگىنگە چېرىك بولۇپ ، ئىلىدىكى شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان .

مەھمۇد خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ قالغان قۇياشقا قاراپ قويدى - دە :

— كارۋان توختىسۇن ، دەم ئالايلى ، — دەپ بۇيرۇق بەردى .

جاكارچى چېرىك ئېتىنى كارۋاننىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە چاپتۇرۇپ خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى .

چۈش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ ، تىنىق ئاسماندا قۇياش يارقىن نۇر چاچماقتا ئىدى . ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالدى . قارلار ئېرىپ ، نەملەشكەن توپراقتىن ھور چىقىپ تۇراتتى .

چېرىكلەر ئاتلارنى چۈشەپ ، تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈشتى . چاكارلار ئۈچ ئاياغلىق قازانلارنى ئېسىشتى .

كۆپچىلىك سەپەر داۋامىدا ئادەتلىنىپ قالغىنى بويىچە مەھمۇدنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى ۋە كەڭ دائىرە ھاسىل قىلىپ سېلىنغان كىگىزلەرگە ئېيىق ، بۆرە تېرىلىرىنى قويۇپ ئولتۇرۇشتى .

كارۋان بېشى بىلەن سۆزلەشكەن ھېلىقى قورۇقچى تېخىچە ھاياجانلانغان ھالدا ئىلىدىكى جەڭ توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلىگىلى تۇردى .

مەھمۇد ئۇنىڭ يېنىغا يۆتكىلىپ ئولتۇردى .

— گەپلىرىڭدىن قارىغاندا ، سەن ئىلى ئادەملىرىنى ئۈچ كۆرىدىغان ئوخشىمامسەن ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

قورۇقچى ئىرادىسىدىن يانمايدىغان ئادەملەرگە خاس كەسكىن تەلەپپۇزدا جاۋاب قايتۇردى :

— ئەلۋەتتە ئۈچ كۆرىمەن ، چۈنكى ئۇلار ھازىر ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولسىمۇ ، ئەسلىدە غەيرىي دىندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىلىرى .

— سەن ئۆزۈڭ قايسى قەبىلىدىن ؟ — دەپ يەنە سورىدى مەھمۇد ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ .

— مەن ياغما قەبىلىسىدىن .

— ياخشى . ئەمىسە ، ئىلى ۋادىسىدا قايسى قەبىلىلەر ياشايدۇ ؟ بىلەمسەن ؟

— بىلمەيمەن .

— ئۇنداقتا، مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي، ئىلىدىمۇ ياغمالار ياشايدۇ.

— ياغما؟

— شۇنداق. ئۇنىڭدىن باشقا، توخسىلار، چىگىللەر ۋە يەنە بىرمۇنچە چوڭ - كىچىك ئۇرۇق - قەبىلىلەرمۇ بار. مەن ئېيتقاندەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى.

— نېمە؟ ياغمالارمۇ ئۇيغۇر؟

— شۇنداق.

— ئەمىسە، كاشغەردىكى ياغمالارمۇ... — قورۇقچى ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

ئالىم بىلەن ياش قورۇقچى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پاراڭغا باشقىلارمۇ قىزىقىپ قالدى. ھەر دائىمقىدەك مەھمۇدنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان كارۋان بېشى:

— بۇنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەيسىز، ھەزرىتىم، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

— جىم بولۇڭلار! — دەپ توۋلىدى تۇرۇمتاي غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان قورۇقچىلارغا.

مەھمۇد چۈشەندۈردى:

— ياغمالار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تەشكىل قىلغان توققۇز قەبىلىنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن ئۇلار كاشغەر ۋە ئىلى تەۋەسىدىكى يەرلەرگە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشتى. ئورخۇن خانلىقى كېڭەيگەن چاغلاردا چىگىللەرمۇ ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدە بولغان. توخسىلار بۇرۇندىنلا ئىلىدا ماكانلاشقان ئۇيغۇر قەبىلىسى ئىدى. ھازىر ئىلىدا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئۇرۇق - قەبىلىلەرمۇ ياشايدۇ. لېكىن، ئۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى توخسى بىلەن ياغما.

ھېلىقى ياش قورۇقچى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇ ھەرقايسى قەبىلىلەرنى پەقەت دىنىي پەرقلەرگە قاراپلا

ئايرىيىتتى. ئەسلىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ دىن، ماكان ۋە مەمۇرىي جەھەتلەردە بۇنداق تارقاقلىشىش مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

⁂ ⁂

كارۋان بىر خىلدىكى كولدۇرما ساداسى ئاستىدا چۆلدىكى يورۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. تۇزلەڭلەر، ئېدىرلار... جەنۇب تەرەپتە چوققىلىرى قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان تەڭرىتاغ تىزمىلىرى كۆكۈچ - قارامتۇل سۈرەتلىنىپ تۇرىدۇ. كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا سوزۇلغان بۇ ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ ئۇ چېكىمۇ، بۇ چېكىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. كارۋان يىراقتىن شۇ تاغلارنى بويلاپ، داۋاملىق كۈنپېتىش تەرەپكە ئىلگىرىلىمەكتە.

— نورۇز بايرىمىنى يولدا ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، — دېدى كارۋان بېشى مەھمۇدقا قىيا كۆزدە قاراپ قويۇپ.

ئۇ جىمجىتلىقتىن ئىچى پۇشۇپ قالغان چاغلىرىدا ھامان ئۇنى - بۇنى دەپ، خوجايىنىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا تىرىشاتتى.

— شۇنداق، — دېدى مەھمۇد، — بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم نورۇز بايرىمىنى يول ئۈستىدە ئۆتكۈزۈشۈم.

يەنە جىم بولۇشتى. كارۋاننىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ئۇزۇن يولنىڭ جاپاسىدىن ھېرىپ شۈك بولۇپ كەتكەنىدى.

باھار كەڭ كۆلەمدە قىشنى سۈرۈپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ھاۋا ئوبدانلا ئىسسىپ قالغانىدى. ئۇ يەر - بۇ يەردە چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ كۆكلەشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. پەقەت قىسمەن يارلارنىڭ تۈۋىدە ۋە دۆڭلەرنىڭ تەسكەي باغرىدا ئاخىرقى قار قالدۇقلىرى كۆزگە تاشلىناتتى.

كىشىلەر قېلىن جۇۋىلىرىنى سېلىۋېتىپ، خېلى يەڭگىللەپ قېلىشتى.

شۇ تەرىقىدە چۆلدىكى يول يەنە بىرنەچچە كۈن داۋاملاشتى.

كارۋان يولى تاغلارغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. سوغۇق ۋە يېنىك تاغ ھاۋاسى دىماغقا ئۇردى. كىشىلەر ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىنى سېزىپ، خۇددى ئۇيقۇسى يېشىلگەندەك ئۆپچۆرىسىگە، تاغلارغا نەزەر سېلىشىپ، ئۆزئارا سۆزلەشكىلى تۇردى.

— سايرامغا كېلىپ قالدۇق، بۇرادەرلەر! — دېدى كارۋان بېشى كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن كۆپچىلىككە ئاڭلىتىپ.

دەرۋەقە، ھايال ئۆتمەي كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئېيتقىنىنى ئەمەلدە كۆردى. خۇددى ئاسماننىڭ بىر پارچىسى يەرگە چۈشۈپ قالغاندەك كۆپكۆك سايرام كۆلى كارۋاننىڭ ئالدىدا كەڭ قۇچاق ئاچتى. ئات ۋە تۆگىلەرگە گويا باشقىدىن جان كىردى. بىر يىلدىن بېرى سۇسىز چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر كۆز ئالدىدىكى بۇ گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ، خۇددى سېھىرلەنگەندەك ھەيرەت ئىچىدە ھارغىنلىقنى ئۇنتۇشتى.

كارۋان كۆل بىلەن تاغنىڭ ئارىسىغا كەلدى. كۆپكۆك سۈزۈك سۇ يۈزىدە ئۇششاق دولقۇنلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، شېغىللىق قىرغاققا ئىنتىلەتتى. قاتمۇقات ئېگىز تاغلارنىڭ قاپتاللىرى يايپېشىل قارىغاي ۋە ئارچىلار بىلەن قاپلانغان، تاغ ئېتىكىدە ئوت - چۆپلەر ئوبدانلا ئۆسۈپ قالغان بولۇپ، بۇ ئوتلاق تاكى كۆل بويىغىچە يۇمران مەخمەلدەك تەكشى يېيىلغانىدى.

تاغ بىلەن كۆل ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ ئوتلاققا چېدىر ۋە كىگىز ئۆيلەر تىكىلدى. كارۋان بۇ يەردە بىر قونۇپ، ئەتىسى سەھەردە تەلكىنىڭ داۋانلىرىدىن يول ئالدى. تاغلار، تاغلار، ھەيۋەتلىك قارىغايزار تاغلار! تەنلەرگە ھوزۇر بېغىشلىغۇچى ساپ ھاۋا!

— نېمىدېگەن كۆركەم تاغلار!

— نەقەدەر گۈزەل مەنزىرە!

— جەننەت ئىكەنغۇ بۇ يەر، جەننەت!

قورۇقچىلار زوقلانغان ھالدا خىتاب قىلىشتى.

بەجايىكى مەڭگۈ يېڭىلمەس پالۋانلاردەك مەغرۇر قەد كۆتۈرگەن قارىغايلار، ئارچىلار! ئىسسىقتىمۇ، سوغۇقتىمۇ

رەڭگىنى ئۆزگەرتمەستىن ياشناپ تۇرىدىغان، مەڭگۇ يېشىل قارىغايلار، ئارچىلار! تەڭرىتاغنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۆزگەرمەس يېشىللىق! ئەجدادلارنىڭ مۈرەككەپ ھايات يولىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەگرى - توقاي داۋان يولى! ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە كۆچۈپ كېلىۋاتقان تەڭرىتاغنىڭ يوللىرى! تاغلار، يوللار...

ئىلى يولى، تاغلىق يول.

داۋاندىن چۈشۈپ، كەڭسايغا كەلگەندە كارۋان توختىدى. مەھمۇد كاشغەرىي چارۋىچىلار ئارىسىدا تىل تەكشۈرۈش بىلەن تاغدىن تاغقا كۆچۈپ يۈرۈپ بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى.

※ ※

كاشغەرلىك ئالىم شۇ تەرىقىدە تاغلار ئىچىدىكى قىشلاقلارنى، ئىلى دەرياسى بويلىرىدىكى يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاپ، مىڭلاق[1] شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، پۈتۈن تەبىئەت گۈل - چېچەكلەرگە پۈركىنىپ، باغلاردا قىزىل، سېرىق ئالمىلار راسا يېتىلىپ پىشىپ كەتكەنىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي ئادىتى بويىچە كارۋان بېشى بىلەن تۇرۇمتايىنى ئەگەشتۈرۈپ، شەھەرنىڭ كوچا، بازارلىرىنى ئايلىنىپ چىقتى. مىڭلاق بىر كىچىك شەھەر بولۇپ، ئۆي - ئىمارەتلىرى ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، مەنزىرىسى گۈزەل، باغۇ بوستانلىق ۋە ئاۋات جاي ئىدى. بىر قاراشتىلا پۇقرالارنىڭ باياشاتچىلىق ۋە توقچىلىق ئىچىدە ياشايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بازارلاردا ئاشلىق ۋە مېۋە - چېۋىدىن باشقا چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. قوي، كالا، ئات قاتارلىق چارۋا ماللار توپ - توپى بىلەن سېتىلاتتى ۋە ئالماشتۇرۇلاتتى.

---

① مىڭلاق — ئىلى دەرياسى بويىدا بولغان بىر شەھەر.

ئۇنىڭدىن باشقا، كېيىك، بۇغا، قىرغاۋۇل، بۆدۇنە، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلارمۇ بازارغا سېلىناتتى. رەستىلەردە تۈلكە، تېيىن، بۆرە، ئېيىق، سۇغۇر، قۇندۇز قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى ئېسىۋېتىلگەنىدى. ئادەملەرنىڭ تولىسى، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ئاتلىق يۈرەتتى، ھەتتا ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ سودىلىشاتتى.

— ئاتلىرىنىڭ نەسلى بەك ياخشى ئىكەن، — دېدى تۇرۇمتاي ئۆتكەن - كەچكەن ئاتلىقلارغا زوقى كېلىپ.

— شۇنداق، — دېدى كارۋان بېشى، — ئىلى ئاتلىرىنىڭ داڭقى بار. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى ۋە سودىگەرلىرى ھەمىشە بۇ يەرگە كېلىپ ئات سېتىۋالىدۇ.

— قاراخانىيلارنىڭ باشقا يۇرتلىرىدىمۇ، جۈملىدىن كاشغەردىمۇ ئىلى ئاتلىرى كۆپقۇ، — دەپ سۆز قوشتى مەھمۇد.

كۆرىدىغاننى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ بىر تۈركۈم ياخشى ئاتلارنى تاللاپ سېتىۋېلىپ، سەپەردە ئورۇقلاپ، ئاجىزلىغان ۋە چىقىم بولغان ئاتلىرىنىڭ ئورنىنى تولۇقلىۋالدى، ئاندىن مەھمۇد يىراق - يېقىنلارغا قاتناپ، تىل تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مىڭلاق شەھىرىنىڭ ھاكىمى كاشغەردىن كەلگەن ئالىمنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىدىن خەۋەر تاپتى. بۇ ھاكىم خۇشخۇي، مېھماندوست ۋە مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ شەخسەن ئۆزى كارۋاننىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ، مەھمۇدنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى ۋە ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىپ مېھمان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىڭلاق ھاكىمى بىلەن كاشغەرلىك ئالىم داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇردى.

— مۆھتەرەم ھەزرەت، — دېدى بىر كۈنى ھاكىم، — ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى. پېقىر دەريا بويىغا بىر زىياپەت

ئويۇشتۇرغانىدىم، كۆڭلىمىزنى يەردە قويماي قاتنىشىپ بەرسىڭىزكەن.

— تەكلىپلىرىنى خۇرسەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىمەن، مۆھتەرەم ھەزرەتلىرى.

ھاكىمنىڭ زىياپىتى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىنىڭ بويىدىكى جىگدىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. سورۇنغا مىڭلاقنىڭ كاتتا مۆتىۋەرلىرى ۋە قەلەمكەش مەۋلانىلىرىدىن بولۇپ، ئالاھازەل يىگىرمە — ئوتتۇزچە ھۆرمەتلىك زات جەم بولغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىي ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە ھاكىمنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

داش قازانلارغا پاقلان گۆشى سېلىنىدى، كاۋاپدانلارغا كېيىك گۆشى بېسىلدى. غاز بويىندەك ئۇزۇن جومەكلىك ئۇۋرىقلاردىكى مەي ۋە شەربەتلەر كۈمۈش قەدەھلەرگە قۇيۇلدى. بۇ دوستلار ئارا كۆڭۈللۈك زىياپەت ئۈچۈن راسا باب جاي ئىدى. كۈمۈش يوپۇرماقلىق، ئالتۇن مېۋىلىك جىگدە دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىغا داستىخان سېلىنغان؛ جىگدىلىكتىن دەريا بويىغىچە بولغان يۈز قەدەمچە ئارىلىق ياپيېشىل چىمەنزار ئىدى. شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ ئۇششاق ئاق بۇژغۇنلىرى ئۈستىدە بېلىقئالغۇچلار بىردەم يۇقىرىغا ئۆرلەپ، بىردەم پەسكە شۇڭغۇپ قانات قاقاتتى.

جىگدىلىكتە باش قوشقان بۇ ئۈلپەت كاشغەردەك يىراق ئاستانىدىن كەلگەن تىلشۇناسنىڭ سۆزىنى، بولۇپمۇ ئىلمىي نۇتقىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شائىرلار، مۇدەررىسلەر، خەتتاتلار ۋە بىر ياش تىلشۇناسمۇ بار ئىدى.

ئاشۇ ياش تىلشۇناس ھەممىدىن ئاۋۋال گەپ ئېچىپ سورىدى:

— ھەزرەتلىرى ئېلىدىكى تىل تەكشۈرۈشنى تاماملىغاندىن كېيىن يەنە قايسى جايلارغا بارىدىكىن؟

مەھمۇد كاشغەرىي ھەر دائىمقىدەك ئەستايىدىللىق بىلەن

جاۋاب بەردى:

— ئاللا مەقسىتىمگە يەتكۈزسە، تۈركىي قەبىلىلەر ياشايدىغان يۇرتلارنى ئىمكانقەدەر تولۇقراق كۆرۈپ چىقسام دەيمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشنى ئويلايمەن. ئىلىمدىكى ئىشلىرىمنى پۈتتۈرۈۋالسام يەتتەسۇ ۋە قىپچاق داللىرىنى كېزىپ ئۆتۈپ، يايىق[1] ۋە ئېدىل[2] بويلىرىغىچە بارىدىغان قارارىم بار.

سورۇندىكىلەر ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

— ئىنشائاللا، بۇ ئۇلۇغ مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا چاھاريارلارنىڭ پاك روھلىرى مەدەت بەرگەي.

ياش تىلشۇناس يەنە جىم ئولتۇرالمىدى. ئۇ كۆپرەك نەرسىلەرنى سورىۋالغۇسى كېلىپ، بىتاقەت بولاتتى.

— پېقىر مەھمۇد كاشغەرىي ھەزرەتلىرىنىڭ «كىتابى جاۋاھىرۇننەھۋى فىللۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى بىرنەچچە قېتىم تەكرار ئوقۇپ چىقتىم. ھەزرەتلىرى بۇ قېتىمقى تىل تەكشۈرۈشتىن كېيىن قانداق ئەسەر يازماقچى بولۇۋاتىدىكىن؟ كۆپ سوئال سوراپ كەتتىم، ئەدەپسىزلىككە بۇيرۇماسلىقلىرىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. لېكىن، تىل بىلىمىگە بولغان ھەۋىسىمنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن راستىنلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايۋاتىمەن.

— كۆڭلى يېقىن ئادەملەر جەم بولغاندا بۇنداق تەكەللۇپلار ھاجەتسىز، مەۋلانە، — دېدى مەھمۇد، — پېقىر بىلەن كەسپداش ئىكەنسىز. دىلىمغا پۈككەنلىرىمنى جانابىڭىز بىلەن ئورتاقلىششقا مېنىڭمۇ ئىشتىياقىم قوزغىلىۋاتىدۇ. گەپ شۇكى، سەپىرىمنى ئاياغلاشتۇرۇپ كاشغەرگە قايتقاندىن كېيىن، خۇدا بۇيرۇسا، بىر دىۋان يازماق ئىستىكىم بار. ئۇدۇن ۋە كاشغەر ئاھالىسىدىن تارتىپ تاكى ئېدىل بويلىرىدىكى بۇلغار ۋە قىپچاقلارغىچە بولغان

---

① يايىق — ئۇرال دەرياسى.

② ئېدىل — ۋولگا دەرياسى.

بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ شېۋىلىرىدە كۆرۈلىدىغان پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئاساسىدا شەرھلەپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

ياش تىلشۇناس بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئويلىنىپ قالدى، ئاندىن ھۆرمەت تۇيغۇسى ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن مەھمۇدقا قارىدى.

— بىلىشىمچە، — دېدى ئۇ، — ھەزرەتلىرىنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقىنى تىل ئىلمىدە ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىچە ئۇسۇل ئىكەن. ھەرقايسى شېۋىلەردىكى نازۇك ۋە قانۇنىيەتلىك پەرقلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن غايەت زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئىشنى يالغۇز كىتابىي بىلىملەرگە تايىنىپلا بىر باشقا ئاچىققىلى بولمايدۇ. ھەزرەتلىرىنىڭ بۇنداق مۈشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققانلىقى بىكار ئەمەس ئىكەن.

مىڭلاق ھاكىمى بۇ گەپلەرگە ئالاھىدە قىزىقىپ قالدى.

— مۆھتەرەم ھەزرەت، — دېدى ئۇ مەھمۇدقا قاراپ، — قايسى قەبىلىلەرنىڭ تىل جەھەتتە پەرقى باركىن؟ بۇ يەرگە قىپچاقلار كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ، بەزىدە ئوغۇزلارمۇ سودا ئىشلىرى بىلەن كېلىپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ تىللىرىدا بىزنىڭكىگە ئانچە ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلىدۇ. لېكىن، كاشغەرلىكلەرنىڭ تىلى بىلەن بىزنىڭ تىلىمىزنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرىنى تاپالمىدىمغۇ، ئاز - تولا پەرقى بارمۇ، قانداق؟

سورۇنغا ئىشتىراك قىلغان ھەممەيلەن بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ، چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە قۇلاق سېلىشتى.

مەھمۇد بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈردى:

— بارلىق تۈركىي قەبىلىلەر تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇر، ئوغۇز، قىپچاقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈركۈمگە ئايرىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە. ئۇيغۇرلار تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. بۇ

يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ.

سەھرا خەلقلىرىدىن بولغان چومۇللارنىڭ تىلى ئالاھىدە بىر تىل بولۇپ، ئۇلار تۈركچىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. قاي، ياباقۇ، تاتار، باسمىل قەبىلىلىرىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭمۇ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار، جۇملىدىن تۈركچىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. قىرغىز، قىپچاق، ئوغۇز، توخسى، ياغما، چىگىل، ئوغراق، چارۇق قەبىلىلىرى بىرلا خىل ساپ تۈركچە تىلدا سۆزلىشىدۇ. يەمەك ۋە باشقىرت تىللىرى ئۇلارغا يېقىن. رۇم ئۆلكىسى يېنىدىكى بۇلغار، سۇۋار، پەچەنەكلەرنىڭ تىللىرى سۆزلەرنىڭ ئاخىرى ئىنچىكىلىشتۇرۇلغان ئايرىم بىر خىل تۈركچىدۇر.

تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن تات ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ.

— مۇھتەرەم ھەزرەت، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ياشىنىپ قالغان بىر كىشى، — پېقىر مىڭلاق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىمەن. ئەرەبىي، پارسىي ۋە تۈركىي تىللاردىن دەرس بېرىمەن. ھەزرەتلىرى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق يەنىمۇ ئېنىقراق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولسا، بىزنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىزغا زور پايدىسى بولاتتى.

— باش ئۈستىگە، مۇھتەرەم ھەزرەتلىرى، — دېدى مەھمۇد، — مىسالغا شۇنداق سۆزلەرنى ئېلىشقا بولىدۇكى، خاقانىيىلىكلەر «مەن باردىم» دېسە، ئوغۇز، قىپچاق ۋە سۇۋارلار «بەن باردۇم» دەيدۇ؛ خاقانىيىلىكلەر «تاغ» دېسە، ئوغۇزلار «داغ»، قىپچاقلار «تاۋ» دەيدۇ؛ خاقانىيىلىكلەر «بەر» دېسە، ئوغۇزلار «ۋەر»، قىپچاقلار «بېر» دەيدۇ، ۋەھاكازا. باشقا ئىسىم

ۋە پېئىللارنىمۇ مۇشۇ مىساللار بويىچە قىياس قىلىش كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەسلىي سۆزلەردە پەرق ئاز بولىدۇ. سۆزلەردىكى پەرقلەر بىر قىسىم تاۋۇشلار ئورنىغا باشقا تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىپ كېلىشىدە ياكى چۈشۈپ قېلىشىدا كۆرۈلىدۇ.

سورۇندىكىلەردىن ياشراق بىر شائىر سوئال قويدى:

— ھەرقايسى قەبىلىلەر ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىدىغان سۆزلەرمۇ باردۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇد، — بۇنداق سۆزلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئات، ئاي، قىز، قىزىل، ئالما، قىلىچ، بىز، بىر، ئون، سۇ، كۆك دېگەندەك نۇرغۇن سۆزلەرنى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەر ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىدۇ.

مەھمۇد سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مىساللارنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلىدى. سۆز بېشى، ئوتتۇرى ۋە ئاخىرىدىكى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىش ھادىسىلىرى ھەمدە سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن تارتىپ جۈملە تۈزۈلۈشلىرىگىچە توختىلىپ، تىل تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى، تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.

سورۇن ئىشتىراكچىلىرى ئەمدى قىزغىن مۇھاكىمىگە چۈشتى. ھەربىر كىشى بەس - بەستە سۆزلەشكە باشلىدى. ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تىلى ۋە تەلەپپۇزىدىكى ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىقلارنى تېپىپ، سانسىزلىغان مىساللارنى كەلتۈرەتتى.

ھېلىقى ياش تىلشۇناس گەپ ئارىسىدا ھاياجان بىلەن خىتاب قىلاتتى:

— خۇدا ھەققى! — دەيتتى ئۇ، — بۇنداق سېلىشتۇرما تەتقىقات ئىلىم دۇنياسىدا ھازىرغا قەدەر كۆرۈلۈپ باقمىغان! بۇ بىر يېڭىلىق! ئاجايىپ كاتتا يېڭىلىق! ئىلىم خەزىنىسىگە قوشۇلغان بىباھا گۆھەردەك قىممەتلىك تۆھپە!

— ئاللاتائالا مۇبارەك دىلىڭىزغا پۈككەن شۇ ئەسىرىڭىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ پۈتتۈرۈشىڭىزگە نېسىپ قىلسۇن ! — دېدى ھاكىم .

سورۇندىكىلەر يەنە ئەدەبىيات ، سەنئەت ، جۇغراپىيە بىلىملىرى ئۈستىدىمۇ پىكىر ئالماشتۇرۇپ ، ئۇزاق سۆھبەتلەشتى . مەھمۇد بۇ دىلكەش سۆھبەتداشلىرىدىن خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ، مەدرىسىلەردىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋە يەنە خىلمۇخىل مەسىلىلەرنى سورايتتى . ئۇزىمۇ كاشغەر ، بالاساغۇن ، بارسغان قاتارلىق جايلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇراتتى . ئۇنىڭ ئىلھامبەخش سۆزلىرى ئىلى دولقۇنلىرىنىڭ شاۋقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ ، بۇ مەرىپەت سۆيەر كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇراتتى .

※ ※

بۈگۈن بۇ يايلاق كەم كۆرۈلىدىغان قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى . بايراملىق كىيىملىرىنى كىيگەن ۋە ئەڭ ياخشى ئاتلىرىغا مىنگەن چارۋىچىلار قارىغايلىق تاغلاردىن ئېنىپ ، بۇ يەرگە توپلانماقتا ئىدى . شۇنى ئېيتىش لازىمكى ، ھەرقانداق چوڭ بايرام ۋە توي - تاماشىلاردىمۇ ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتاتتى . ئەمما ، بۈگۈن بۇ يەرگە ئىككى قەبىلىنىڭ كىشىلىرى ، يەنى ياغمالار ۋە توخسىلار يىغىلغانىدى . يىغىلغانلار ئىچىدە ئەرلەرمۇ ، ئاياللارمۇ ، قېرىلارمۇ ، ياشلارمۇ بار ئىدى ، ھەتتا كىچىك باللارمۇ يايداق ئاتلارغا ۋە تورپاقلارغا مىنىۋېلىپ ، شوخلۇق قىلىپ يۈرۈشەتتى .

قارىغايلىق ئورمان بىلەن تاشتىن تاشقا سەكرەپ ئېقىۋاتقان شوخ تاغ سۈيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىمەنلىك تۈز يەرگە يېگانە ئاق كىگىز ئۆي تىكىلگەنىدى . توپلانغان كىشىلەر شۇ ئۆيگە ھۆرمەت بىلەن كۆز تىكەتتى ۋە بالدۇر كەلگەنلىرى كېيىن كەلگەنلىرىگە

ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— ئاقساقاللىرىمىزنىڭ مېھمانلىرى شۇ ئۆيدە، — دېيىشەتتى.

ھايال بولماي ئاق كىگىز ئۆيدىن بىر توپ كىشىلەر چىقتى. بۇلار مەھمۇد كاشغەريي، مىڭلاق ھاكىمى، ھېلىقى ياش تىلشۇناس ۋە يەتتە-سەككىز مۆتىۋەر ئىدى. ياغما، توخسى ئاقساقاللىرى ئۇلارغا يول باشلاپ ماڭدى.

بۇ ئاقساقاللارنىڭ مەخسۇس ئاق كىگىز ئۆي تىككۈزگەنلىكى ۋە قىممەتلىك يىپەك لىباسلارنى كىيىشكەنلىكلىرىدىن چارۋىچىلار ئالاھىدە ھۆرمەتلىك مېھمانلارنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى بىلدى.

مېھمانلار ئىككى ئاقساقالنىڭ ھەمراھلىقىدا ئانچە چوڭ بولمىغان ئېقىن سۇدىن تاشلارغا ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆتۈپ، رەڭمۇرەڭ تاغ گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تۆپىلىككە چىقتى. تۆپىلىككە رەڭدار تېكىمەتلەر يېيىلىپ، سورۇن ھازىرلانغانىدى.

— مەرھەمەت، مەرھەمەت، — دېيىشتى ياغما ۋە توخسى ئاقساقاللىرى مېھمانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ.

مېھمانلار كېلىپ، تېكىمەتلەر ئۈستىگە سېلىنغان ئېيىق ۋە يىلپىز تېرىلىرىگە ئولتۇرۇشتى.

چۆرىسى كەشتىلەنگەن ئاق يىپەك داستىخانغا كېيىك ۋە تاغ تېكىسىنىڭ كاۋاپلىرى، ئارقار، ئۇلار، كەكلىكلەرنىڭ ھەر خىل ئۇسۇلدا پىشۇرۇلغان مەززىلىك گۆشلىرى قويۇلدى. كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بىلەن مەي ئورنىغا قىمىز كەلتۈرۈلدى.

— بۈگۈن بىز ئىككى قەبىلە ئاقساقاللىرى يېقىن ئەتراپتىكى ئادەملىرىمىزنى يىغىپ، ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىمىزنىڭ شەرىپىگە توي-تاماشا ئۇيۇشتۇردۇق. ھەرقايسىمىزنى ئۆز تۇغقانلىرىڭلاردەك كۆرۈپ، بەھۇزۇر كۆڭۈل ئاچقايسىزلەر، —

دېدى ياغما ئاقساقىلى .

— ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىمىز ئىجازەت قىلسا ، تاماشىمىزنى ئوغلاق تارتىشتىن باشلىساق ، — دېدى توخسى ئاقساقىلى .

يىراقتىكى جىلغىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى كەڭرى ئوتلاقتا ئوغلاق تارتىش باشلاندى ، ئاندىن پالۋانلار چېلىشقا چۈشتى . ئاخىردا چارۋىچىلار ئوتلاقتا ، قارىغايلار ئارىسىدا ، كۆز يەتكۈدەك ھەممە يەردە توپ ـ توپ بولۇپ يىغىلىشىپ ، تاغلىقلارنىڭ ئۆزگە خاس بەزمىسىنى باشلىۋەتتى .

مەھمۇد بۇنىڭدىن ئىلگىرى بالاساغۇن ، بارسغان ۋە تالاس ئەتراپلىرىدىكى چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرگەن بولسىمۇ ، بۇنداق كەڭ كۆلەملىك قەبىلىۋى ئويۇن ـ تاماشىلارغا تېخى داخىل بولمىغانىدى . شۇڭا ، بۇ يەردىكى جانلىق ، جۇشقۇن كەيپىيات ئۇنىڭغا بەكمۇ كۆڭۈللۈك تەسىر كۆرسەتتى . ئۇ بىر تەرەپتىن ھەيۋەتلىك قارىغايلار ، يېشىل يايلاق ، سۈزۈك ۋە ئويناق تاغ سۈيىگە قاراپ زوق ئېلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېگىز تاغلار ئارىسىدا تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ ياشايدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ جەسۇرانە قىياپەتلىرىگە قاراپ ، قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ تەسۋىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى .

— ھەزرەتلىرىم مۇۋاپىق كۆرسە ، پېقىر ئاشۇ چارۋىلارنىڭ سورۇنلىرىنى ئارىلاپ چىقسام ، — دېدى مەھمۇد ھەمراھلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ .

كۆپچىلىك ئۇنىڭ ھەمىشە تىل تەكشۈرۈش مەشغۇلاتى بىلەن دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئارىسىدا يۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتى .

— مەرھەمەت ، ھەزرەتلىرى ، — دېيىشتى ئۇلار ، — يايلىقىمىزنى ئۆز ئۆيىڭىزدەك كۆرگەيسىز .

مەھمۇد بىلەن ياش تىلشۇناس قارىغايلىققا يېقىن جايدا سورۇن تۈزگەن بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ توختىدى . بەزمە راسا قىزىپ كەتكەن بولغاچقا ، قارىغايلىقنى ئارىلاپ چىقىپ

كەلگەن بۇ ئىككىيلەنگە ھېچكىم دىققەت قىلمىدى .

قىزلارنىڭ بىرلەشمە ئۇسۇلى تاماملانغاندىن كېيىن بويى بەستى كېلىشكەن بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقتى . ئۇ كەڭ يەلكىلىرىگە چېچىلىپ چۈشكەن قوڭۇر چاچلىرى ئۈستىدىن قىزىل ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان ، قويۇق ئۆسكەن بۇرۇتىنىڭ ئۇچلىرىنى يۇقىرىغا قارىتىپ تولغىۋالغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى باھادىر سۈپەت كىشى ئىدى . چارۋىچىلار ئۇنى كۆرۈپ ئالقىش ياڭراتتى .

— ھە ، بەللى ! مانا ئەمدى ناخشا قىزىيدىغان بولدى !

— ھەي ، جىم بولۇڭلار !

— ناخشاڭنى باشلا ، ئاداش .

بۇرۇتلۇق كىشى ئۆزىگە سۇنۇلغان مەينى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى - دە ، قەدەھنى ساقىيغا قايتۇرۇپ بېرىپ ، ناخشىنى باشلىدى :

ئوتتۇز ئىچىپ قىقرالىم ،
يۇقار قوپۇپ سەكرەلىم ،
ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم ،
قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم .

(يەشمىسى : ئۈچ قېتىم ئىچىپ قىيقىرايلى ، يۇقىرى قوپۇپ سەكرەيلى ، ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى ، قايغۇ قاچتى ، سۆيۈنەيلى )

ئۇنىڭ بوم چىقىدىغان كۈچلۈك ئاۋازىمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ تۇرقىغا ئوخشاش باھادىرلىق سۈپىتىنى گەۋدىلەندۈرەتتى . مەردانە ئاھاڭدا ئېيتىلغان ناخشا ئاۋازى گويا پەلەككە ئۆرلەپ ، تاغلار ئارىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

گەپ - سۆزلەر ، ۋاراڭ - چۇرۇڭلار بىراقلا بېسىقتى . ناخشا قەلبلەرنى يايرىتىپ ، ئىلھام تولپارلىرىنى قاناتلاندۇرغانلىقى

كىشىلەرنىڭ شوخ چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى .
ئاشۇ باھادىر سۇپەت ناخشىچىغا يېقىن تۇرغان بىر توپ يىگىت دەرھال ناخشىنىڭ نەقراتىغا قوشۇلدى :

ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم ،
قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم .

يىگىتلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يەنىمۇ جانلانغان ناخشا گوياكى ئانا يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقاندەك ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۈي بولۇپ ئاڭلاندى .
باھادىر سۇپەت ناخشىچى ئۆزىگە ياراشقان بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى تولغاپ قويۇپ ، ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى :

ئۆۋرىق باشى قازلايۇ ،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ ،
ساقىنچ قودى كىزلەيۇ ،
تۇن - كۈن بىلە سەۋنەلىم .

(يەشمىسى : ئۆۋرىق بېشى غاز بويىنىغا ئوخشاپ تۇرماقتا ، ساغەر تولۇپ كۆزگە ئوخشاپ تۇرماقتا ، قايغۇنى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىپ ، كېچە - كۈندۈز سۆيۈنەيلى )
ئەمدى تېخىمۇ كۆپ يىگىتلەر نەقراتنى تەكرارلىدى :

ساقىنچ قودى كىزلەيۇ ،
تۇن - كۈن بىلە سەۋنەلىم .

مويسىپىتلار مەمنۇن بولغان ھالدا باشلىرىنى ئىرغىتىپ ۋە باش بارماقلىرىنى چىقىرىپ :

— يارايسلەر !

— ياشاڭلار ! — دەپ خىتاب قىلىشتى .

قولاقلىرىغا كۈمۈش سىرغا ، ئالتۇن سۆكە سېلىپ ، ئۈزۈن ئۆرۈمە چاچلىرىغا تىزىق - تىزىق چاچتەڭگىلەرنى ئېسىپ ياسانغان گۈل چىراي قىزلار چاۋاك ئۇرۇپ ناخشىغا تەڭكەش قىلىشتى .

ناخشىچى ئۇلارغا قاراپ بېشىدىكى قىزىل ياغلىقىنى تۈزەپ قويدى ۋە ئادىتى بويىچە بۆرۈكىنى تولغاپ قويۇپ ، ناخشىنى شوخ ئاھاڭغا يۆتكىدى :

يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتۇ ،
يىغاچ يېمىش ئىرغاتۇ ،
قۇلان ، كەيىك ئاۋلاتۇ ،
بەدرەم قىلىپ ئاۋنالىم .

(يەشمىسى : يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ ، قۇلان ، كېيىك ئوۋلىتىپ ، بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى )

ئەمدى يىگىتلەرگە قىزلارمۇ قوشۇلدى :

قۇلان ، كەيىك ئاۋلاتۇ ،
بەدرەم قىلىپ ئاۋنالىم .

چەبدەس يىگىتلەر ئۆزىنى بېسىۋالالماي مەيدانغا سەكرەپ چۈشتى - دە ، قۇلان ، كېيىك ئوۋلاۋاتقان ئوۋچىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى .

ئويۇن - تاماشىلار ھەر تەرەپتە قىزىپ كەتتى . مەھمۇد بىلەن ياش تىلشۇناس ئۇ توپتىن بۇ توپقا كۆچۈپ يۈرۈپ ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى .

— بۇ يەرلەردىكى ناخشا ، قوشاقلارنىڭ تولىسىنى مەن بۇرۇن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن ، — دېدى مەھمۇد بەزمە ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، — بۇلارنى خاتىرىلەپ يېزىۋېلىشىم كېرەك .

— مالال بولمىغايسىز ، ھەزرىتىم ، — دېدى ياش تىلشۇناس ، — كەمىنىگىز خىزمىتىگىزگە تەييار ، ھەممىنى مەن يېزىپ تەييارلاپ بېرەي .

ياغما ئاقساقىلى بىلەن توخسى ئاقساقىلى مەھمۇدنى قويۇپ بەرمەستىن ، ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ مېھمان قىلدى .

## ئون ئالتىنچى باب

## دەشتى قىپچاق

كارۋاننىڭ ئالدىدا يەنە چۆل ، تۇپتۇز كەتكەن پايانسىز چۆل ... قانچە كۈن ، قانچە تۈن ئۆتسىمۇ ، بۇ تۈزلەڭ داللاردا ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيدۇ . كارۋاننىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى تۆگىنىڭ بوينىغا ئېسىلغان كولدۇرما ساداسى ، ئاندا ـ ساندا ئاتلارنىڭ كىشنىشى ۋە ئىچى پۇشۇپ قالغان چېرىكنىڭ ناخشىسىدىن باشقا كىشىلىك هاياتتىن شەپە بېرىدىغان هېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ .

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن رۇمغىچە بولغان ئەللەرگە يىپەك توشۇلىدىغان غول كارۋان يوللىرى جەنۇب تەرەپلەردە قالدى . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كارۋىنى توختىماي شىمال تەرەپكە ئىلگىرىلىمەكتە . ئۇلار ئىلىنىڭ تاغ ۋە يايلاقلىرى ، يېزا ۋە قىشلاقلىرى ، مىڭلاق ، ئىلىبالىق ، قۇياس شەھەرلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ قىشنى چىقاردى . هاۋا ئىللىغاندا يولغا چىقىپ ، يەتتەسۇ يايلاقلىرىنى كېزىپ ئۆتكۈچە يازمۇ كىرىپ قالدى . مانا ئەمدى بۇ تۆگمەس دالا ، قىپچاقلارنىڭ ماكانى .

قورۇقچىلار ئۆزئارا سۆزلىشەتتى :

— دەشتى قىپچاق دەپ داڭقىنى ئاڭلايتتۇق . مانا ئەمدى ئۆزىمىزمۇ كۆردۇق . دېمىسىمۇ چېكىگە يەتكىلى بولمايدىغان دالا ئىكەن .

— ئاخىرقى قېتىم قىپچاق چارۋىچىلىرىنىڭ ئاۋۇلىدا تۆت كۈن تۇرۇپ ئۆتكىنىمىزچە هازىرغىچە بىر ئايدىن ئاشتى ، تېخىچە

بىرەر شەھەر ياكى بىرەر كىچىك ئاۋۇلمۇ ئۇچرىمايدۇ .

— ئىبدىل دەرياسىغا يېتىپ بىرىشىمۇ ئاسان ئەمەس ئوخشايدۇ...

كارۋان ئايدالىدا قونالغۇغا توختاپ ، گۇلخانلار يېقىلدى .

— بۇلغارلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرى بار دېيىشىدۇ . ئۇ يەرلەرگە قاچانلاردا يېتىپ بارارمىز ؟ — دېدى قورۇقچىلاردىن بىرى .

گۇلخاننىڭ ئوتىنى چۇقچىلاپ ئولتۇرغان كارۋان بېشى بۇ سوئالنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ ، بۇرۇنقىدەك ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا دادىل سۆزلىمەستىن ، شۈك بولۇپ قالدى ، ئاندىن سەل ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە ئورنىدىن قوزغىلىپ قويۇپ ، بوغۇق ئاۋازدا جاۋاب بەردى :

— راستىنى ئېيتسام ، مەن بۇياقلارغا كېلىپ باقمىغان . ھەمىشە سودا كارۋانلىرى بىلەن يۈرگىنىم ئۈچۈن يىپەك توشۇلىدىغان غول يولدىن چەتلەپ باقمىغانىكەنمەن .

— بىز ئالدى بىلەن ئىبدىل بويىغا بارىمىز ، — دېدى مەھمۇد ، — ئاندىن قايتىش يولىمىزدا بۇلغار ۋە پەچەنەكلەرنىڭ يۇرتلىرىنى ئارىلاپ ئۆتىمىز .

— قاراڭلار ، بۆرىلەر يەنە كەلدى ، — دېدى قورۇقچىلاردىن بىرى .

يۇلتۇزلۇق ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن چۆلنىڭ گۇلخان شولىسى يەتمەيدىغان يەرلىرىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن خۇددى جۈپ يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرغان يورۇق نۇقتىلار كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى .

— ھېلىمۇ ياخشى ، بۇ بۆرە دېگەنلەرنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇدا يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغىنى ، — دېدى تۇرۇمتاي ئاشۇ جۈپ نۇقتىلارغا قاراپ ، — بولمىسا ، قانداق كېلىپ قالغىنىنى تۇيغىلى بولماس ئىكەن .

بۆرىلەرنىڭ يورۇق نۇقتىلاردەك كۆرۈنگەن كۆزلىرى

بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى . لېكىن ، تۆگىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ چۆكتۈرۈلگەن . ئاتلار قىل ئارقانلار بىلەن بىر ئورۇنغا چېتىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىغىمۇ گۈلخانلار يېقىلغان بولغاچقا ، ئوت يالقۇنىدىن قورقىدىغان بۇ يىرتقۇچلار يېقىن كېلىشكە جۈرئەت قىلالماي يىراقتا ھۇۋلاپ تۇرۇۋەردى .

— بۇ دالىدا بۆرىلەر نېمانچە كۆپ ؟ ھەر كۈنى كەچتە مۇشۇ ئەھۋال .

— بۇ يەرلەردە جەرەن ، بۆكەنلەر كۆپ ئىكەن ئەمەسمۇ .

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئادەم يوق .

— بۆرە بولسىغۇ كارى چاغلىق ، كېچىچە گۈلخانلارنى ئۆچۈرمەيمىز ، قارىماي سىركەلگەن ئوقلارغا ئوت يېقىپ ئاتىمىز . ئەمما ، قاراقچىلار كېلىپ قالسا ، ئىش چاتاق ، ئۇلارنى ئوت بىلەن قورقۇتقىلى بولمايدۇ .

— بۇ ئادەمزاتسىز چۆللەردە قاراقچى نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

— ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟ قىپچاق چارۋىچىلار بەزىدە قاراقچىلار پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، پەخەس بولۇشىمىزنى تاپىلىغان ئەمەسمىدى .

— مەھمۇد ھەزرەتلىرى ، راستتىنلا قاراقچىلار بارمىدۇ ؟

— بار بولۇشى مۇمكىن ، — دېدى مەھمۇد ، — بىلىشىمچە ، بىرقىسىم قاچاق جىنايەتچىلەر ، ھەرقايسى ھۆكۈمدارلارغا بويسۇنماي پېتىراپ كەتكەن باشباشتاق ئادەملەر خان قاراۋۇللىرىنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان مۇشۇ دالىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرەرمىش . ئۆز بېشىمچىلىقتا ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇنداق كىشىلەر يايلاقلاردا ئات ئوغرىلاش ياكى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنارمىش .

— ئىلاھىم ، بۇ چەت - ياقا يەرلەردە ئۇنداق يامانلارغا يولۇقتۇرمىغايسەن ، — دېدى كىمدۇ بىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن .

— كەلسە كەلمەمدۇ ، بىزنىڭمۇ قولىمىزدا ياراغ بارغۇ ، — دېدى يەنە بىرى مەنسىتمىگەن ئاھاڭدا .

شۇنداق قىلىپ، بۇ كىچىمۇ خۇددى دەشتى قىپچاقتا ئۆتكەن نۇرغۇن كېچىلەرگە ئوخشاش گۈلخانلارنىڭ يورۇقىدا ۋە بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشى ئاستىدا ئۆتۈپ كەتتى.

كارۋان يەنە بىرنەچچە كۈن يول يۈردى. ئەمدى قۇرغاق باياۋانلار بارا - بارا يېشىل ئوتلاقلا ئۆزگەردى. قىپچاقلارنىڭ قوي ۋە كالا پادىلىرى، ئۇيۇر - ئۇيۇر يىلقىلىرى كۆپلەپ ئۇچراشقا باشلىدى. كارۋاندىكى بەزىلەر: «بۇ ئەجەب ياخشى ئوتلاق ئىكەن» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئات ئوغرىلىرى مۇشۇنداق يەرلەرگە كۆپ كېلىدۇ» دېيىشەتتى.

دەرۋەقە، ئۇلار كەلدى. كەلگەندىمۇ ئادەتتىكى ئات ئوغرىلىرى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىر قوشۇندەك توپلانغان قورallıق قاراقچىلار كەلدى.

كەچكە تاقاپ قالغان مەزگىل بولۇپ، كارۋان قونالغۇغا توختىغانىدى. يىراقتىكى ئېدىرلار ئىچىدىن قىلىچ، نەيزە ۋە ئايپالتىلار بىلەن قوراللانغان ئاتلىق كىشىلەر قىيقاس - چۇقان سېلىپ چىقىپ كەلدى. ئادەم سانى ئاللاھازەل يۈزگە يېتەتتى.

مەھمۇدنىڭ ئاتلارنى ئېگەرلىك پېتىچە تەييار ھالەتتە تۇتۇشنى بۇيرۇغانلىقى ياخشى بولغانىكەن! ھەممەيلەن دەرھال ئاتلاندى ۋە يوچۇن كىشىلەرنى تۆگىلەرگە يېقىن يولاتماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بەردى.

مەھمۇد سەپەر جەريانىدا ھەممىدىن بەكرەك مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ھەرقانداق يەرگە بارسا كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىش ئەمەس، ئەكسىچە يېقىن - يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ، بەلكى پۈتۈن جاھاننىڭ تىنچلىق ۋە مېھرىبانلىق ئىچىدە ئۆتۈشىنى خالايتتى. مانا ئەمدى ئۆز ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋائانىدىن يارالغان بەندىلەرگە قارشى تىغ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ۋەھشىيلەشكەن كاللا كېسەرلەرنىڭ زەربىسىنى

زەربە بىلەن ياندۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھاياتىنى قوغدىشى كېرەك ئىدى . مەخسۇس بىر تۈگمىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى ساندۇقتا قاچىلانغان قولىيازمىلىرىنى بۇ قۇترىغان قاراقچىلارنىڭ قولىدا نابۇت بولۇپ ، يوقىلىپ كېتىشىدىن ساقلاپ قېلىشى كېرەك ئىدى .

شۇ تاپتا ئۇ قاراقچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە سالماقلىق زىيان يەتكۈزەلمەسلىكىگە ئىشىنەتتى . مەھمۇدتەك بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا تەجرىبىلىك مەشقاۋۇللارنىڭ يېتەكلىشىدە تەربىيىلىنىپ ئۆسكەن خانزادە ۋە ئۇنىڭ خىللانغان قورۇقچى چېرىكلىرى ئالدىدا بۇ بىر توپ باشباشتاق سەرگەردانلار نېمە ئىدى !

— قوغلاڭلار ، تۈگىلەرگە يېقىن كەلتۈرمەڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى مەھمۇد ئات ئۈستىدە قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ۋە شەخسەن ئۆزى چېرىكلەرنى باشلاپ قاراقچىلارغا ئېتىلدى .

مەھمۇدنىڭ پەرىزى توغرا بولۇپ چىقتى . قاراقچىلار ئانچە ـ مۇنچە ئېلىشىپ بېقىپلا ئىشنىڭ چاتاقلىقىغا كۆزى يەتتى . ئۇلار بۇ كارۋان ئىگىلىرىنىڭ ئادەتتىكى سودىگەرلەر ئەمەسلىكىنى دەررۇ پەملىدى ھەمدە قالايمىقان چېچىلىپ قېچىشقا يۈزلەندى . قورۇقچىلار ئۇلارنى ئىلاجى بار يىراققا سۈرۈۋېتىش ئۈچۈن قوغلاپ كېتىشۋەردى . بىراق ، شۇ ئارىدا كۈتۈلمىگەن ئەھۋال كېلىپ چىقتى .

كارۋانغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر كىچىكرەك تاغ بار ئىدى . قاراقچىلارنىڭ بىر بۆلۈك ئادەملىرى شۇ تاغنىڭ كەينىدە مۆكۈنۈپ تۇرغانىكەن . ئۇلار تۇيۇقسىز تاغ كەينىدىن ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ چىقىپ ، تۈگىلەرگە تېگىش قىلدى . تۈگىچىلەر ۋە بۇ يەردە قالغان ئاز ساندىكى چېرىكلەر ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي قېچىشقا مەجبۇر بولدى . قاراقچىلار تۇشمۇتۇشتىن كېلىپ ، تۈگىلەرنى تاغ كەينىگە ھەيدىگىلى تۇردى .

مەھمۇد بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ ، ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇرغان پېتى تۈگىلەرنى ھەيدەۋاتقان

قاراقچىلارغا ئېتىلدى. تۇرۇمتايمۇ بىر توپ چېرىكنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆلگۈرۈپ كەلدى. بىر مەيدان قىسقا، لېكىن شىددەتلىك ئۇرۇ-يىقىت باشلىنىپ كەتتى. قالايمىقانچىلىقتا پىتىراپ كەتكەن تۇگىلەر ھەر تەرەپكە چېچىلىپ قاچقىلى تۇردى. مەھمۇد ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۆزىنىڭ ساندۇقلىرى ئارتىلغان تۆگىنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. بىراق، ئۇ قاراقچىلار ئارىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا تورۇق ئېتىنىڭ ئاق قاشقىسى ئۇستىدىن بىر قىلىچ ئۇرۇلدى. ئەجەللىك يارىلانغان ئات چېپىپ كېتىۋاتقان تېزلىكى بىلەن يەرگە «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى. مەھمۇد ئېگەردىن قاڭقىپ چىقىپ، قويۇق ئوت-چۆپ ئۆسكەن يۇمشاق تۇپراقتا دومىلاپ كەتتى، قىلىچىمۇ قولىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردىيۇ، ھە دېگەندىلا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالدى. زىڭىلداپ تۇرغان قۇلاقلىرىغا تۇياقلارنىڭ دۈپۈرلىشى ئاڭلاندى، ئالاچەكمەن بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە غەزەپلىك چىرايلار ۋە پولاتتىن تۇرغان قىلىچ، نەيزىلەر پىررىدە ئايلىنىپ كۆرۈندى-دە، يەنە يىقىلىپ چۈشتى. يىقىلىپ چۈشۈۋېتىپ، ئۇ ئوڭ مۈرىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىغانلىقىنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بوراندەك ئۇچۇپ كەلگەن جەدە ئاتنىڭ ئۇستىدىكى تونۇش چىراي كۆزىگە ئېلىندى. «تۇرۇمتاي!» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ مېڭىسىدە چاقماق تېزلىكىدە ۋاللىدە بىر يېنىپ ئۆچكەندەك بولدى.

بۇ ھەقىقەتەن تۇرۇمتاي ئىدى. ئۇ جان-جەھلى بىلەن قىلىچىنى ئوڭ ۋە سولغا چېپىپ، مەھمۇدنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ كېلىپ قالغان ئىككى قاراقچىنى «ھايت-ھۇيت» دېگۈچىلا جايلىۋەتتى ۋە ئېگەردىن سەكرەپ چۈشتى-دە، مەھمۇدنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئۆزىنىڭ جەدە ئېتىغا مىندۇردى ۋە ئۆزىمۇ ئارقىسىغا مىنگەشتى. ھورى بېسىلماي تېپىرلاپ تۇرغان ئات يۇلقۇنۇپ چاپقان پېتى ئۇلارنى يىراققا ئېلىپ قاچتى.

بۇ چاغقىچە چېرىكلەرنىڭ كۈچلۈك زەربە بېرىشى نەتىجىسىدە

قاراقچىلار تىرىپىرەن بولۇپ، قاراڭغۇلۇقتا چۆكۈشكە باشلىغان دالىغا تارقىلىپ غايىب بولۇشتى.
چاكار ۋە چېرىكلەر يەنە خېلى ئاۋارە بولۇپ، ھەر ياقلارغا چېچىلىپ كەتكەن تۆگىلەرنى يىغىپ كېلىشتى.
— تۆگىلەر تولۇقمۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى مەھمۇد.
— ھەممە تۆگىلەر تەل، ھەزرەتلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى كارۋان بېشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.
— ئەنە، ھەزرىتىمنىڭ ساندۇقلىرى ئارتىلغان تۆگىمۇ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىدىغان تۇرۇمتاي.
مەھمۇدنىڭ ئوڭ مۈرىسى نەيزىنىڭ زەربىسىدىن زەخىملەنگەن بولسىمۇ، يارىسى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. تۇرۇمتاي بىلەن كارۋان بېشى دورا تەييارلاپ، ئۇنىڭ جاراھىتىنى تاڭدى.
— ھەممە گۇناھ مەندە، ھەزرىتىم، — دېدى تۇرۇمتاي ھەسرەتلىنىپ، — ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ كېلەلمىدىم، ھەزرىتىمنى ئۇ مەلئۇنلاردىن قوغداپ قالالمىدىم...
— ئۇنداق ئەمەس، تۇرۇمتاي، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ، — سەن دەل ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كەلدىڭ، سەن مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ. مەن بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.
— ھەزرەتلىرى، ئىككى قاراقچى تىرىك تۇتۇۋېلىندى، — دەپ مەلۇمات بەردى قورۇقچىلاردىن بىرى.
مەھمۇدنىڭ جاراھىتى تېڭىپ بولۇنغانىدى.
— ئەكېلىڭلار، — دېدى ئۇ كىمخاب تونىنى يېپىنچاقلىغان ھالدا كىگىز ئۈستىدە چازانى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ.
تۆت چېرىك ئىككى قاراقچىنى يالاپ ئەكېلىپ تىزلاندۇرۇشتى. مەھمۇد غەزەپلىك چىرايى بىلەن ئۇلارغا ھومىيىپ قارىدى.
— مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىڭنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ يېشى چوڭراق بولغان چاڭگا ساقاللىق قاراقچىغا، —

يىرتقۇچ هايۋاندەك چۆللەردە قاتراپ گۇناھ قىلغۇچە هالال ئەمگەك بىلەن كۈنۈڭنى ئالساڭ بولمامدۇ؟ خۇدادىن قورقمامسەن؟

قاراقچى مەھمۇدقا زەردە بىلەن ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قىلچىلىكمۇ قورقۇش ئالامىتى سېزىلمەيتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ياش قاراقچى، ئەكسىچە، چىرىكلەرنىڭ هەربىر هەرىكىتىدىن چۆچۈپ، خۇددى قورقۇپ كەتكەن تۇلۇمچاشقاندەك قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، يىغلامسىراپ ئولتۇراتتى.

— هەزرىتىم سوراق قىلىۋاتىدۇ، جاۋاب بېرىش! — دېدى قورۇقچىلاردىن بىرى ئۇلارنىڭ باش ۋە دۈمبىلىرىگە نوقۇپ ۋە دۆشكەلەپ.

ياش قاراقچى تاقىر بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى.

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن! مېنى ئۆلتۈرمەڭلار! ماڭا ئۇۋال بولدى! ئۇۋال بولدى...

— ئاغزىڭنى يۇم، كارغا كەلمەس قورقۇنچاق! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇنىڭغا چاڭگا ساقاللىق قاراقچى، — زالىم بايلاردىن شەپقەت كۈتۈش، خۇددى ئۆلۈكتىن ئىمان تەلەپ قىلغاندەك ئىش...

— ئەي ئاللانى ئۇنتۇغان پاسىق گۇناھكار! — مەھمۇد قەھر - غەزىپى بىلەن قولىنى شىلتىپ ئۇنىڭ ۋارقىرىشىنى بۆلۈۋەتتى، — سەن تېخى ئۆزۈڭگە شەپقەت قىلمايدىغان ئادەمنى زالىم دېيىشكە پېتىنىۋاتامسەن؟ بالا تەگكەن نەپسىڭنى دەپ قانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنى قاقشاتقانسەن...

— قاقشاتتىم، هەتتا ئۆلتۈردۈم، تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەن بولسا سېنىمۇ ئۆلتۈرەتتىم.

— شەرىئەت بويىچە سەنلەرگە ئۆلۈمدىن باشقا جازا لايىق ئەمەس.

— ماڭا ئۇۋال بولدى! ئوبدان بېگىم، ماڭا ئۇۋال بولدى، — ياش قاراقچى ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

قاپىقى يامان چاڭگا ساقاللىق قاراقچى تىتىلىپ، يۈزلىرى

چىقىپ قالغان سالۋا تۇمىقىنى بېشىدىن چاڭگاللاپ ئېلىپ زەردە بىلەن يەرگە تاشلىدى .

— ئۆلتۈر ! — دەپ ھۆركىرىدى ئۇ ئاۋازى بوغۇلۇپ ، — ساڭا ئوخشاش نائىنساپ بەگلەرنى كۆپ كۆرگەنمەن . ئۆلتۈرمەمسەن ! نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ؟

چېرىكلەر بۇ قوتۇرغان جاھىل جىنايەتچىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گەجگە ۋە مۈرىلىرىنى قامالاپ تۇتقانىدى ، مەھمۇد قول ئىشارىسى قىلىپ ئۇلارنى توختىتىۋالدى .

— ئۆلۈم ئالدىدا دەيدىغان گېپى بولسا ، دەۋالسۇن .

ياش قاراقچى ئالدىراپ ، ھودۇقۇپ سۆزلەپ كەتتى :

— ئۇلۇغ بېگىم ، رەھىم قىلسىلا ، ماڭا بەك ئۇۋال بولدى… يۇرتىمىزدا ئۇدا ئىككى يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولدى… زىرائەت ئۈنمىدى… سېلىق ۋە يەر ئىجارە ھەققىنى تۆلىيەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن يۇرتىمىزنىڭ بېگى يالغۇز سىڭلىمنى قوللۇققا تۇتۇپ كەتتى . مەن سىڭلىمنى قوللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يۇرتۇمنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتتىم . بىراق ، قەيەرگە بارسامۇ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن . يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈرۈپ مەدىكارچىلىق قىلدىم ، ھامال بولۇپ يۈك توشۇدۇم ، مىس كانلىرىدا ئىشلەمچى بولدۇم … ئۈچ يىلغىچە جېنىمنى ئايىماي ئىشلەپمۇ سىڭلىمنى قۇتۇلدۇرغۇدەك پۇلنى ھەرگىز تاپالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى . تۈنلەر بويى خۇداغا يىغلاپ نالە قىلدىم … تېنەپ يۈرۈپ ، ئاخىر مۇشۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىم … كىشىلەردىن قاراقچىلار پۇلنى كۆپ تاپىدۇ دەپ ئاڭلىدىم … شۇنىڭ بىلەن … بۇ يىل ئەتىيازدىن باشلاپ مۇشۇ دالىدا … مەن گۇناھ قىلدىم … لېكىن مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم …

— ئادەم ئۆلتۈرمىگىنىڭنى خۇدا بىلىدۇ ، — دېدى بىر قورۇقچى نەپرەت بىلەن .

ياش قاراقچى تېخىمۇ ئەدەپ يىغلاپ كەتتى .

— ئادەم ئۆلتۈرمىدىم ، مەن ... سىڭلىمنى قۇتۇلدۇرۇشۇم كېرەك . يالغۇز ئانام ئىگە ـ چاقىسىز قالدى ...

چاڭگا ساقاللىق قاراقچى بولۇشچە ۋارقىراپ ، مەھمۇدقا ھاقارەت ياغدۇرغىلى تۇردى .

— سەن مېنى گۇناھكار دەيسەن ، ئۆزۈڭدە گۇناھ يوقمۇ ؟ — دەيتتى ئۇ ، — ساڭا ئوخشاش بەگلەرنىڭ دەستىدىن كونا ئالالماي قاراقچى بولدۇم ... ئەسلىدە ئېدىل دەرياسى بويىدا ئىسسىق ئۆي ـ ماكانىم بار ئىدى ، دېھقانچىلىق قىلاتتىم . ئاچ كۆز بەگلەر بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشۇپ ، ئەلگە تىنچلىق بەرمىدى . قايسى تەرەپ يېڭىپ چىقمىسا ، قارشى تەرەپنىڭ يۇرتىنى ۋەيران قىلىدۇ ، تالان ـ تاراج قىلىدۇ ، ئادەملەرنى قۇللۇققا تۇتۇپ كېتىدۇ . بىزنىڭ يېزىمىزمۇ بىرنەچچە قېتىم قولدىن قولغا ئۆتۈپ ، دېھقانلارنىڭ ھېچ ھالى قالمىدى . نۇرغۇن ئۆيلەر كۆيدۈرۈۋېتىلدى ، نۇرغۇن باغلار ، ئېتىزلار تاشلىۋېتىلدى . بۇنى ئاز دەپ ، مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرىي دىندىكىلەر ئۇرۇش قوزغىدى . مالىمانچىلىقتا ئۆلگەن ئادەمنىڭ سانى يوق . بىر ياقتا خان قوشۇنلىرى غازات قىلىشىۋاتىدۇ ، يەنە بىر ياقتا بەگلەر زېمىن ۋە بايلىق تالىشىپ ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىۋاتىدۇ . بىزنىڭ بەگ مېنى چېرىكلىككە تۇتتى . باشقا بىر بەگنىڭ چېرىكلىرى بىلەن جەڭ قىلدۇق . مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم . ئۆزۈمگە ئوخشاشلا گۇناھسىز چېرىكنى ئۆلتۈردۈم ، چۈنكى مەن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەم ئۇ مېنى ئۆلتۈرەتتى . ئاشۇ بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ئۈچۈن بىزنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى . ئاخىر بىر كۈنى قېچىپ كەتتىم . يېزامغا قايتىپ كەلدىم . قارىسام ، خوتۇن ، باللىرىم يوق . ئوغلۇمنى قارشى تەرەپتىكى بەگنىڭ چېرىكلىرى چېپىپ تاشلاپتۇ . ئەمچەكتىكى قىزىم ئاچارچىلىقتا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ . خوتۇنۇمنى قول قىلىپ سېتىۋېتىپتۇ . ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى . ئۇ ئۆلدىمۇ ، تىرىكمۇ ، ھازىرغىچە بىلمەيمەن . جېنىمدىن جاق تويدۇم . ماڭا يەنە قايسى يول قالدى ؟

مانا ، ئىككى يىل بولدى ، قاراقچىلىق قىلىۋاتىمەن . ساڭا ئوخشاش باي ، بەگلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىۋاتىمەن .
قاراقچى سۆزلەۋەردى ، سۆزلەۋەردى . مەھمۇد ئۈنچىقمىدى . ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ، كۆڭلىدە نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئىدى .
— ... بۇ ۋەھشىي مەلئۇنلارنىڭ قورۇق گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرماي ، ئۇلارنى چېپىپ تاشلايلى ! — دېدى بىر قورۇقچى مەھمۇدقا مۇراجىئەت قىلىپ .
— چېپىپ تاشلايلى !
— ئۆلتۈرۈۋېتەيلى ! — باشقا چېرىكلەرمۇ ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى . ئۇلار ھەتتا پولات تىغلىرىنى قىنلىرىدىن سۇغۇرۇۋېلىشتى .
مەھمۇد تۇرمىتىنىڭ يۈلىشى بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇردى .
— ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار ، — دېدى ئۇ ھېچكىمگە قارىماستىن .
قورۇقچىلار ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى . چاڭگا ساقاللىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، شۇئان سەكرەپ قوپتى - دە :
— مېنىڭ ئېتىمنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى .
— ئۇنىڭ ئېتىنى بېرىۋېتىڭلار ، — دېدى يەنە مەھمۇد .
چاڭگا ساقاللىق ھەش - پەش دېگۈچە ئېتىغا مىنىپ تىكىۋەتتى .
ھېلىقى ياش قاراقچى يۈگۈرۈپ كېلىپ ، مەھمۇدنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ تىزلاندى .
— ئاق كۆڭۈل بېگىم ، ھىممەتلىك بېگىم ، خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن ... مەندىن يانمىسا ، خۇدادىن يانار ...
مەھمۇد گەپ قىلماي ، ئۆز يولىغا ماڭدى ، لېكىن ياش

قاراقچى ئىتتىك ئۆمىلەپ كېلىپ ، ئۇنىڭ پەشلىرىنى سۆيدى .
— مەنمۇ كەتسەم بولامدۇ؟ بېگىم...
— يوقال! — دېدى مەھمۇد زەردە بىلەن ۋە ئۆزىنىڭ چېدىرىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى .
ياش قاراقچى ئېتىنى چۆلۈۋرىدىن يېتىلەپ بىرنەچچە قەدەم يۈردى . ئاندىن توختاپ ، قانداقتۇر بېشى قاتقان قىياپەتتە ئۆپچۆرىسگە كۆز تاشلىدى ، بايىقى چاڭگا ساقال قاراقچى كەتكەن شەرق تەرەپكە بۇرۇلۇپ ، پۇتىنى سۆرەپ ماڭدى . يەنە توختىدى . ئاخىر ، بىر قارارغا كەلگەندەك ئېتىغا مىندى ـ دە ، غەرب تەرەپكە يول ئالدى . دالىنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇق بىردەمدىلا ئۇنى يۇتۇپ كەتتى .

※ ※

ئېدىل دەرياسى كەڭ يېيىلىپ ئاقماقتا ئىدى . كۆپكۆك ئاسماندا قۇياش سېخىيلىك بىلەن نۇر چاچاتتى . دەريا بويىدىن سوقۇپ تۇرغان سالقىن شامال قوم ـ شېغىللىق قىرغاقلارنى سىيپاپ ئۆتۈپ ، يايلاقتىكى گۈل ـ گىياھلارنى ئەركىلىتىپ ئوينىتاتتى .
كارۋان ئەنە شۇ يايلاقنى بويلاپ كېلىۋاتاتتى . مەھمۇد قىسقا موۋۇت چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ ، قارا قالپىقىنى كەينىگىرەك سۈرۈپ قويدى . ئۇنىڭ ئېدىل دەرياسىنىڭ ئۆركەشلىرىگە تىكىلگەن كۆزلىرى ئاجايىپ بىر خىل ھەۋەس بىلەن چاقناپ تۇراتتى .
— ئېدىل ، ئېدىل !
— پاھ ، نېمىدېگەن چوڭ دەريا ! — چېرىكلەر زوقلىنىپ خىتاب قىلىشتى .
كارۋان دەريا بويىغا كېلىپ توختىدى . مەھمۇد ئېتىنى ئات باقارلارغا تاپشۇرۇپ بەردى ۋە سۇ بويىدا تۇرۇپ ، دەريانىڭ ئۇششاق

دولقۇنلىرىغا، ئاق بۇژغۇنلار ئۈستىدە شۇڭغۇپ يۈرگەن بېلىقئالغۇچلارغا كۆز تىكتى.

مانا، ئاخىر مەھمۇد ئىبدىل بويلىرىغىمۇ يېتىپ كەلدى! ئۆزىنىڭ بۇ ئۇزۇن سەپىرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە يېتىپ كەلدى. قانچە تاغ، قانچە داۋان ۋە قانچە دەريا، قانچە دەشت - باياۋانلار بېسىپ ئۆتۈلدى! گاھى تومۇزنىڭ كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئىسسىقىدا بىر يۇتۇم سۇغا تەشنا بولۇپ، قۇم بارخانلىرىنى كېزىپ ئۆتتى؛ گاھى قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇقلىرىدا قار - مۇزلۇق ئۆتكەللەردىن ھالقىپ ئۆتتى؛ گاھى پايانسىز داللاردا ئازغىشىپ يۈردى ۋە گاھى دولقۇنلۇق دەريالاردىن ئۈزۈپ ئۆتتى... تۈركىي قەبىلىلەر ياشايدىغان كەڭ زېمىننى كۈنچىقىش چېكىدىن باشلاپ تاكى كۈنپېتىش چېكىگىچە ئارىلاپ چىقتى. شەھەرلەرنى، يېزىلارنى، قىشلاقلارنى كۆردى. تۈرلۈك قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ھەرقايسى جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىلەن تونۇشتى؛ ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ تەرەپ ۋە ئارىلىقلىرىنى ھېسابلىدى ۋە يەنە نۇرغۇن يېڭى بىلىملەرگە ئىگە بولدى، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. بۇرۇن ئۆزى بىلمىگەن ۋە ئەمدى مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىملىرى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن بېيىتىلدى.

مەھمۇد كاشغەرىي ئىبدىل دەرياسىنىڭ ئاق بۇژغۇنلۇق دولقۇنلىرىغا قاراپ تۇرۇپ ئەنە شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— ھەزرىتىم، ئەمدى تۆگىلىرىمىزنىڭ باشلىرىنى قايسى تەرەپكە بۇرايمىز؟

بۇ سوئالنى سورىغان كىشى تۇرۇمتاي بولۇپ، ئۇمۇ چۈشەلگەن ئىپتىنى ئوتلاشقا قويۇپ بېرىپ، ئالىم خوجايىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرغىنىغا خېلى بولۇپ قالغانىدى. مەھمۇد يەنىلا يىراققا نەزەر سالغىنىچە بىر ئەسناغىچە جاۋاب بەرمىدى، ئاندىن ئاستا بۇرۇلۇپ، خىيالچان كۆزلىرى بىلەن بۇ سادىق قۇلىغا قارىدى.

— ئەمدى قايتىمىز ، تۇرۇمتاي ، — دېدى ئۇ ، — ئاللا بۇيرۇسا ، ئەمدى ئات ۋە تۆگىلىرىمىزنىڭ باشلىرىنى كاشغەر تەرەپكە بۇرايمىز .

— مەن بۇ دەريادىن ئۆتۈپ باقمىغان ، — دېدى شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەن كارۋان بېشى ، — بۇنىڭ نېرىسىدىكى يوللارنى بىلمەيمەن .

مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنىڭغىمۇ خىيالچان كۆزلىرىنى تىكىپ ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

— شۇنداق ، — دېدى ئۇ ، — تۈركىي قەبىلىلەر ياشايدىغان يەرلەرنىڭ كۆنپېتىشتىكى چېكىگە يېتىپ قالدۇق . يەنە داۋاملىق مېڭىۋەرسەك رۇسلارنىڭ ۋە باشقا سلاۋيان قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىغا بېرىپ قالىمىز .

ئۇچەيلەن ئۇزاققا سوزۇلغان سۈكۈت ئىچىدە ھەيۋەتلىك ئېدىل دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىغا قاراپ تۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ۋە جاپالىق سەپەردە جۇدىگەن ، چۆل ئاپتىپىدا ۋە تاغ بورانلىرىدا قارىدىغان ھارغىن چىرايى كۆكۈل ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، مەقسەتكە يەتكەن ئىرادىلىك كىشىلەرگە خاس مەغرۇرلۇق ۋە مەمنۇنلۇق ئالامەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ تۇراتتى . ئېدىل دولقۇنلىرىنىڭ يېقىملىق شاۋقۇنلىرى گويا بۇ كاشغەرلىك سەيياھلارنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك ، مۇبارەكلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

ئۇشتۇمتۇت يىراقتىن ئاڭلانغان ناخشا ئاۋازى بەجايىكى دەريانىڭ شاۋقۇنلىرى ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ ، كۆك ئاسماننىڭ قەرىگە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى . دەريا بويىدا تۇرغان ئۈچ كىشى خۇددى سېھىرلەنگەندەك بىر ـ بىرىگە ئىتتىك قارىدى . ناخشا ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاشتى .

تۇرۇمتاي گەپ قىلماستىن ، دەرياغا ئانچە يىراق بولمىغان ئېدىرلىقنى قولى بىلەن كۆرسەتتى .

— قىپچاق چوپان ، — دېدى كارۋان بېشى ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ .

دەرۋەقە، مەھمۇد كاشغەرىمۇ شۇ تەرەپكە قاراپ، ئېدىرلىقتىن قويلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ كېلىۋاتقان چوپان يىگىتنى كۆردى. چوپان يىگىت دەريا بويىدا توختىغان چوڭ كارۋانغا پەرۋا قىلماستىن، جاراڭلىق ئاۋازىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، ئېدىل قىپچاقلىرىنىڭ جۇشقۇنلۇق ناخشىسىنى تولۇپ كېلىۋاتاتتى:

ئېدىل سۈۋى ئاقاتۇرۇر،
قايا تۈبى قاقاتۇدۇر،
بالىق تەلىم باقاتۇرۇر،
كۆلۈك تاقى كۈشەدۇر.

(يەشمىسى: ئېدىل سۈيى ئېقىپ تۇرار، قىيالارنىڭ تۈۋىگە سوقۇلۇپ تۇرار، بېلىق، پاقا تولۇپ تۇرار، كۆلچەك تېخى تېشىپ تۇرار)

— يۇرۇقلار، ئۇنىڭغا سالام بېرەيلى، — دېدى مەھمۇد روھلانغان ھالدا، — بۇ يەردىكى چارۋىچىلار بىلەن تونۇشايلى.

مەھمۇد كاشغەري ناخشا ئېيتىۋاتقان چوپان يىگىتكە قاراپ قەدەم تاشلىدى. تۇرۇمتاي بىلەن كارۋان بېشى ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

سالام ئېدىل دەرياسى! سالام قىپچاق قېرىنداشلار!

## ئون يەتتىنچى باب

## ھەركىم ھەر كويدا

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كارۋىنى ئىبدىل بويلىرىدىن يېنىپ، جەنۇب تەرەپلەردىكى بۇلغار، پەچەنەك ۋە سۇۋارلارنىڭ يۇرتلىرىنى كېزىپ ئۆتكەندىن كېيىن يەتتەسۇ، ئىلى يوللىرىغا چۈشمەستىن، يۈنىلىشىنى داۋاملىق جەنۇب تەرەپكە قاراتتى ۋە جەيھۇن دەرياسى بىلەن سەيھۇن دەرياسىنىڭ ئايرىلىقىدىكى يەرلەردە بولدى، ئاندىن تەڭرىتاغ داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئارتۇچقا كىرىپ كەلدى.

مەھمۇد كاشغەري ئوپالغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇ - ئىستەكلىرى بويىچە جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ كۈندۈزلىرى ئوپال مەدرىسىسىدە تۈركىي ۋە ئەرەبىي تىللاردىن دەرس ئۆتسە، كېچىلىرى خاقانىيە ئۆلكىسىدىن ئارتىپ تاكى ئىبدىل دەرياسىغىچە سوزۇلغان ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا توپلانغان خاتىرە ۋە قوليازمىلىرىنى رەتلەيتتى، تولۇقلايتتى، تۈزىتەتتى.

بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ سۆيۈملۈك رەپىقىسى چولپانئاي ئالتۇن تارىم ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەملىشەتتى. تەييار بولغان قولىيازمىلارنى چىرايلىق ھۆسنىخەت بىلەن كۆچۈرەتتى، توجۇپلەپ كۆچۈرۈلۈپ بولغانلىرىنى كۆن مۇقاۋىغا ئېلىپ توپلەيتتى. ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى شىرەلەرگە يېيىشتۇرلىگەن قەغەزلەرنى يىغىپ، توپلەنگەنلىرى، كۆچۈرۈشكە تېگىشلىكلىرى ۋە تېخى

پىششقلانمىغانلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم دەستىلەپ، تەكچىلەرگە تىزاتتى.

— بۇ بىر چوڭ بايلىق، چولپان، — دەيتتى مەھمۇد قولىيازمىلىرىنى ئىككى قولى بىلەن تەڭ كۆرسىتىپ، — ئالتۇن ـ كۈمۈشكىمۇ، ھەرقانداق جاۋاھىراتقىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان باھاسىز بايلىق. ئەگەركى بۇ قولىيازمىلارنى مۇكەممەل ئىلمىي ئۇسلۇبتا رەتلەپ ۋە پىششقلاپ يېزىپ چىقالىسام، بىر كاتتا ئىلمىي ئەسەر بولۇپ چىقىدۇ، چولپان، قامۇس خىلىدىكى دىۋان بولۇپ چىقىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا قۇربىم يېتەرمۇ؟

— ھارمىغايسىز، غوجام، — دەيتتى چولپانئاي ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ، — ئاللا ئىگەم خالىسا، بۇ ئۇلۇغ مۇددىئايىڭىز ھاسىل بولۇر.

— ئوپالدا ياتاقلىق چوڭ مەدرىسە بەرپا قىلىش كېرەك، — دەيتتى يەنە مەھمۇد كاشغەرىي، — قۇرۇلۇش چىقىمى ۋە مەدرىسىنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ئازىق قەلئەسىنىڭ خەزىنىسىدىن چىقارماقچىمەن. ئوپال ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەردە ياشايدىغان نامراتلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ۋە باشپاناھسىز يېتىم باللارنى يىغىپ شۇ مەدرىسىدە تەربىيىلەيمەن. ئاللا بۇيرۇسا، ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا مەدرىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلايمەن.

ھالبۇكى، مەھمۇد كاشغەرىي شۇ ئىشلار بىلەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئالدىراش بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، كاشغەر ۋە تالاس ئوردىلىرىدىن تەشۋىشلىك خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىق بارا ـ بارا ئوتكۈر زىددىيەتكە ئۆزگەرمەكتە ئىدى. ئىككى ئوتتۇرىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلدى، ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىمۇ قايرىپ قويۇلدى. ئاكىسى ئىنىسىغا باقمايدىغان، ئىنىسى ئاكىسىغا ھۆرمىيدىغان ھالەتكە يېتىشتى.

كاشغەر ئوردىسىدا ھىساممىددىن ئىبنى مۇسادىن ئىبارەت يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەرباب سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ھوزۇرىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تەلەتكە جىددىيلەشكەن تۈس بېرىپ، مەخپىي سۈيىقەستچىلەرگە خاس بوش ۋە سىرلىق ئاھاڭدا سۆخەنچىلىك قىلغىلى تۇردى:

— شەۋكەتلىك سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، تالاس ۋە ئىسپىجاپ تەرەپتىن بوران - چاپقۇننىڭ شەپىسى كېلىۋاتىدۇ. ئىشەنچلىك ئايغاقچىلارنىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، مۇھەممەد بۇغراخان كاشغەر ۋە بالاساغۇننىڭ ئالتۇن تەختلىرىگە تەمەگەرلىك بىلەن كۆز تىكمەكتە. بۇغراخان ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، تالاستا چوڭ مەجلىس ئاچقان ھەمدە نۇتۇق سۆزلەپ: «ئارسلانخاننىڭ ئىقتىدارسىزلە- قىدىن خانلىقىمىز زەئىپلەشتى، خانلىقىمىز پارچىلاندى. مۇبادا مەن چوڭ خان بولسام، مەرھۇم ئاتىمىز يۇسۇپ قادىرخانغا ئوخشاش پۈتۈن قاراخانىيلار زېمىنىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرىمەن» دېگەندەك كۆپۈر سۆزلەرنى قىلغان. ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى مەسچىت ۋە مەدرىسىلەردە جامائەتنى قايمۇقتۇرۇپ، قۇتراتقۇلۇق قىلماقتا. شەۋكەتلىك ئارسلانخانغا يەنە شۇ گەپمۇ ئايان بولغايكى، بۇغراخاننىڭ سەنگۈن ۋە تارخانلىرى قوشۇنلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قىلىش مەشقلىرىنى قانات يايدۇرۇۋاتقۇدەكمىش، ھەرقايسى قەبىلىلەردىن چېرىك ئېلىپ، قوشۇنلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋاتقۇدەكمىش، تۆمۈرچىلەر بەس - بەستە قورال - ياراغ ياساۋاتقۇدەكمىش... شەۋكەتلىك ئارسلانخان ئالىيلىرىغا ۋە يەنە شۇ گەپمۇ ئايان بولغايكى...

ھىساممىددىن سۆزلىگەنسېرى ئارسلانخاننىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، مۇشتلىرى تۈگۈلەتتى، غەزىپى ئۆرلەپ، نەپەسلىرى بوغۇلاتتى.

— بارسغاندىن قانداق ئۇچۇر ئالدىڭىز؟

خاقاننىڭ بۇ سوئالىغا جاۋابەن ھىساممىددىن ئىبنى مۇسا

ئۇستالىقتا داڭقى چىققان بىر قېرى ئايغاقچىنى سارايىنىڭ قوبۇلخانىسىغا باشلاپ كىردى.

— بۇ سادىق چاكارلىرى بارسغان شەھىرىدىن يېتىپ كەلدى، — دېدى ھىسامىددىن ئاشۇ ئايغاقچىنى ئارسلانخانغا كۆرسىتىپ، — ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى ئىلىك ئېلىپ، سۆزىنى ئىشىتىپ كۆرگەيسىز.

ئايغاقچىنىڭ بايانىدىن مەلۇم بولدىكى، بارسغان ھۆكۈمدارى ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخان ئۆز ئاتىسى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ يولىيورۇقى بويىچە قول ئاستىدىكى قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئات - ئۇلاغ يىغىپ، ئاشلىقنى جۇغلاپ، قانداقتۇر چوڭ ئىشقا تەييارلىق كۆرمەكتە ئىكەن.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھىسامىددىن يەنە بىر ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، ئارسلانخانغا تونۇشتۇردى:

— بۇ كىشى تاشبالىق دىيارىنىڭ بېگى ياۋلاق سارىغ بولىدۇ. ئۇ بۈيۈك خاقانىمىزغا قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ساداقەتلىكىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن دىدار شەرىپىلىرىگە داخىل بولاتۇرۇ.

ئارسلانخان ئۆزىنىڭ ئالدىدا ھودۇققان قىياپەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان پاكار، سېمىز ئادەمنىڭ ياغلىنىشىپ، پارقىراپ تۇرغان ئەتلىك يۈزىگە ۋە بىر نۇقتىغا تىكىلەلمەي پىلدىرلاپ تۇرغان يۇمىلاق كۆزلىرىگە غەمكىنلىك بىلەن سەپسالدى. ياۋلاق سارىغ خۇددى ھەقىقىي ئارسلاننىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك قورققىنىدىن كېكەچلەپ، ئۇزۇن سېرىق ساقىلىنى تىترىتىپ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن بىرنېمىلەرنى دەپ سۆزلەپ كەتتى. ئارسلانخان باش - ئايىغىنىڭ تايىنى يوق بۇ سۆزلەرنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ، ھېچنېمىنى دېگۈدەك چۈشىنەلمىدى. ھىسامىددىن ئۆزىنىڭ بۇ گۇماشتىسىنىڭ گەپنى ئەپلەشتۇرەلمىگەنلىكىدىن ئىچىدە تىت - تىت بولسىمۇ، سىرتىدا چاندۇرماستىن، خاقانغا چۈشەنچە بېرىپ تۇردى:

— ياۋلاق بەگنىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇكى، مەھمۇد

كاشغەري سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان ئوپال مەدرىسىسىدە دەرىي كىتابلاردىن دەرس ئۆتمەكتە ئىكەن. ئۇ يۇنان كاپىرلىرىنىڭ قانداقتۇر تەلىماتلىرىنى سۆزلىگەنمىش، بۇتپەرەس قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغانمىش، خەنزۇلار يازغان تارىخلارنى تىلغا ئالغانمىش...

— بۇ بەگ ئوپالدىكى ئىشلارنى قانداق بىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئارسلانخان ئۆزىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان ئىككىيلەنگە زەن سېلىپ قاراپ.

ھىساممىددىن يەنە چۈشەندۈردى:

— تاشبالىقتىن ئوپالغا بېرىپ ئوقۇيدىغان تالىپلار بار ئىكەن. ياۋلاق بەگ پېقىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاشۇ تالىپلارنىڭ ئىچىگە ئۆزىنىڭ ئايغاقچىلىرىنى سەپلەپ قويغان.

خاقان گەپ قىلمىدى. ئەپتىدىن قارىغاندا بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ياۋلاق سارىغ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھىساممىددىن يەنە دەھرىيلىكتىن سۆز ئاچقانىدى، سۇلايمان ئارسلانخان خۇشياقمىغان سىياقتا قولىنى بوشقىنا سىلكىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئالىملارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئارتۇقچە چات كىرىۋېلىش ياخشى ئەمەس، شەيخۇلئىسلام. ئىلىم ئۆگەنمەك پەرز ۋە سۈننەتتۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن قاراخانىيلارنىڭ بىزدىن ئىلگىرىكى خاقانلىرىمۇ ئىلىم ئەھلىگە كەڭ ئىمتىياز بەرگەن. دېمەك، ئىلىم ئۆگەنمەك يەنە ۋاجىپتۇر.

«كىشىلەرنى چېقىشتۇرۇشنىلا بىلىدۇ، ئۆزىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ» دەپ ئويلىدى ئارسلانخان. ئۇ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ھىساممىددىننىڭ چېقىمچىلىقىنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما كېيىن ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا باشلىغانىدى. ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق باشقۇرۇش ئۈچۈن بۇنداق خۇشامەتچى چېقىمچىلار ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي خىزمەت قىلالايدىغان قابىلىيەتلىك خادىملار بولۇشى لازىم ئىكەنلىكىنى ئارسلانخان بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىدىغان

بولۇپ قالغانىدى .

ھىسامىددىن ئىبنى مۇسانىڭ بايىقى تاغنى يۆتكىگۈچتەك ئەلپازىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى . ئۇ خاقانىنىڭ ھەربىر سۆزىگە «ھەق - ھەق !» دەپ ، تۇمشۇقى يەرگە تاقاشقۇدەك ئېگىلەتتى . ئارسلانخان ئالىملارنىڭ ، جۇملىدىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىگە مەدەت بېرەتتىكى ، ھەرگىز قارشى تۇرمايتتى . شۇڭا ، بۇ ھەقتىكى غەيرىي نىيەتتە ئېيتىلغان ئۆسەك سۆزلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى . ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى تالاس ۋە ئىسپىجاپتا شاۋقۇن سېلىۋاتقان مۇھەممەد بۇغراخانغا قارىتىلغانىدى . ھىسامىددىن بۇنى بىلەتتى ، ئەلۋەتتە . بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھەر قېتىم گەپ تەس كەلگەندە سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئەنە شۇ «شاۋقۇن سېلىۋاتقان» بۇغراخانغا يۆتكەيتتى . بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلدى .

— تالاس بىلەن ئىسپىجاپتىن سوغۇق شامال كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە ، — دېدى ئۇ ، — ياۋلاق بەگگە ئوخشاش مەنسەپ تەمەسىدە خىزمەت كۆرسىتىشكە ئالدىراۋاتقان ئادەملەردىن مۇۋاپىق تۇردە پايدىلىنىش لازىم . ياۋلاق سارىغىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تاشبالىق يەرلىرى ئوپالغا تۇتىشىدۇ . بۇغراخانىنىڭ نەۋرىسى ئوپالدا تۇرۇۋاتقان شارائىتتا ، بىزمۇ تاشبالىقنى چىڭ تۇتۇشىمىز ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇرمىكىن .

ھىسامىددىن مىجەزى چۈس ۋە قاپىقى يامان بۇغراخانىنى ئۆچ كۆرەتتى . بۇغراخانىنىڭ ئۇنى شەيخۇلئىسلاملىق مەنسىپىگە كۆتۈرۈشكە قوشۇلمىغانلىقىنى ھىسامىددىن تېخى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق ! ئاشۇ بۇغراخانىنىڭ ئۇنى : «بىلىمسىز ، ئېقتىدارسىز» دەپ ھاقارەتلىگەنلىكىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ! ئەنە شۇ مۇھەممەد بۇغراخان بىر قېتىم ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن بولغان تالاش - تارتىشتا : «ھىسامىددىندەك شەخسىيەتچى ئادەملەر ئوردىغا كىرسە ئىش بۇزۇلىدۇ . ئۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن خۇشامەتچىلىك

بىلەن چېقىمچىلىقتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ» دېگەنىدى. ھىسامىددىنگە بۇ گەپلەرنى ئۆزىنىڭ ئالتۇن ئۇچۇن جېنىنى قولىغا ئېلىپ قويۇپ، ئۇتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىشتىن يانمايدىغان ھېيلىگەر ئايغاقچىلىرى يەتكۈزگەنىدى. ئورۇنباسار خاننىڭ بۇنداق كۆزقاراشتا بولۇشى، ھىسامىددىننىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن زور تەھدىت ئەمەسمۇ!

شەيخۇلئىسلام ھىسامىددىن ئەنە شۇ ۋەجىدىن مۇھەممەد بۇغراخاننى ئۆچ كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭدىن قورقاتتى. «ئىلاھىم، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي! — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — مۇبادا كاشغەر تەختىگە بۇغراخان چىقىپ قالسا تۈگەشكىنىم شۇ». ئەكسىچە، بۇغراخان يوقالسا، ھىسامىددىن غەم - ئەندىشىدىن قۇتۇلاتتى. دېمەك، ئاكا - ئۇكا خانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارازچىلىقنى ئۇلغايتىپ، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چېچىش كېرەك. ئەگەر ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ قالسا، تېخىمۇ ياخشى. بۇنداق ئۇرۇشتا، ئەلۋەتتە، ئاستانىدىكى چوڭ خاننىڭ يېڭىپ چىقىشى تۇرغان گەپ. ھىسامىددىنلا ئەمەس، بەلكى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ يېنىدىكى بىرمۇنچە مۆتىۋەرلەرمۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى ئەنە شۇنداق مۆلچەرلەيتتى.

دەرۋەقە، سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن مۇھەممەد بۇغراخان ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بوھران ئاخىر يانار تاغدەك پارتلىدى. تالاستىن مۇھەممەد بۇغراخان، بارسغاندىن ھۇسەين ئارسلان ئىلىكخان قوشۇن تارتىپ، كاشغەر تامان ئىلگىرىلىدى. كاشغەردە بولسا، سۇلايمان ئارسلانخان بالاساغۇن ھاكىمى مۇھەممەد چاقىرتوتقاخانغا يارلىق يوللاپ، بۇغراخان قوشۇنىغا يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدى ۋە ئاندىن شەخسەن ئۆزى زور قوشۇننى باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى. مىڭلىغان ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ھەيۋەتلىك دۈپۈرلەپ، چۆللەرنى ئويغاتتى، شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ ئارامىنى بۇزدى.

قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن خان جەمەتىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەزالىرى پەيلى بۇزۇلغان ئىككى خانغا ھەرقانچە نەسىھەت قىلسىمۇ، ھەرقانچە كۈچ چىقارسىمۇ ھېچ پايدىسى بولمىدى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، كۈندىن ـ كۈنگە بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. خان جەمەتىنىڭ ئىچكى دۇنياسى گويا كى سۇر باسقان زۇلمەتكە ئايلاندى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئاچچىق ھەسرىتىنى يۇتۇپ، تىنغ كۆتۈرگەن ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئىنساپ تىلەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشاتتى.

يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئىنىسى تۇغانخان ھەزرەت ئۆزكەنت شەھرىنىڭ قەسرى ئىچىدە تەنھا ئولتۇرۇپ، كۈندۈزلىرى ئاھ ئۇرسا، كېچىلىرى كۆز يۇممايتتى. كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ ئاپئاق ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى نەملىدى. قىرلىق يەتكەن قەددى يەنىمۇ مۈكچىيىپ كەتتى. ئۇ ساڭگىلىغان دەردلىك بېشىنى زەئىپ قوللىرى بىلەن چاڭگاللاپ، ئۆزىنى تۇتالماي ئۈنلۈك يىغلاپ كەتتى.

— ئەي خۇدا! تۆت كۈنلۈك ئۆمرۈم قالغاندا ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك بۇ؟ رەھمەتلىك ئاكامنىڭ ئوغۇللىرى مەندەك بىر يالغۇز تاغىسىنىڭمۇ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلمىدى، نەسىھەتلىرىمگە قۇلاق سالمىدى. ئۇلارنى گۇناھكەبىردىن توسۇپ قالالمىدىم. مەھشەرگاھتا ئاكام يۇسۇپ قادىرخاننىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟

سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ئىنىسى مەھمۇد ئارسلان تېگىن ئوردۇن شەھرىنىڭ قەسرى ئىچىدە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، گاھ يىرىك قارا ساقىلىنى يۇلۇۋېتىدىغاندەك سىقىملاپ، گاھ قەپەسكە سولانغان قاپلاندەك ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا ئەسەبىيلەرچە قەدەم تاشلاپ، غەزەپتىن بوغۇلغان ئاۋازى بىلەن تەكرار خىتاب قىلاتتى: «ھۇ، دۇنياغا تويمايدىغان قارا كۆڭۈللەر! ئەقلى بۇلغانغان ئىنساپسىزلار!

نادانلار !»

ئارسلانخانمۇ ، بۇغراخانمۇ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تولغان مەكتۇپلارنى ئەۋەتىشكەنىدى . ئارسلان تېگىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە جاۋاب قايتۇرمىدى .

«نېمە بولۇشسا بولۇشسۇن !»

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ھەسەن تېگىن ئاتىسىنىڭ يوق ۋاقتىدا كاشغەرنى باشقۇرۇشقا قالدۇرۇلغانىدى . تولا ۋاقىتلىرىنى كىتاب ئوقۇش ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە پەلسەپە رىسالىلىرىنى يېزىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بۇ تېگىن ئۆزىنىڭ كەم سۆز ، ئېغىر - بېسىق مىجەزىنى ئۆزگەرتمىدى . لېكىن ، تالا - تۈزگە چىقمايدىغان ، كىشىلەر بىلەن ئىلاجى بار كۆرۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى . ھەتتا ئۆزى ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ئالىملار بىلەنمۇ سۆھبەتلەشمەيدىغان بولدى . «ئۇلارغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن ؟ — دەيتتى ئۇ ، — نېمە ئۈچۈن ئاتاڭ بىلەن تاغاڭنى ياراشتۇرۇپ قويمىدىڭ دېسە نېمە دەيمەن ؟» ھەسەن تېگىن ئۆزاقتىن بېرى ئاتىسىغا ھاي بېرىپ كەلدى ، تالاسقا بېرىپ بۇغراخانغا تاشنى ئېرىتكۇدەك گەپلەرنى قىلدى . ئەپسۇسكى ، ھەر ئىككى خان سۆزىدىن يانمىدى . ئاخىر ، بولغۇلۇق بولدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ ھەسەن تېگىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، بەئەينى چۆللەردە تېنەپ يۈرگەن پاناھسىز مەجنۇنغا ئوخشىشىپ قالدى .

ئوپالنىڭ ئارىق قەلئەسىدە مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ ئۇزۇن سەپىرى جەريانىدا يىغىلغان قولىيازمىلىرى ئاساسىدا ئەسەر يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى . ئارسلانخان بىلەن بۇغراخاننىڭ ئارىسى بۇزۇلغانلىق سەۋەبىدىن ھۆسەين ئارسلان ئىلىكخان ئۇنى بارسغانغا كېتىشكە بىرنەچچە قېتىم دەۋەت قىلغانىدى . «ئۇرۇش بولۇپ قالسا ، ئارسلانخان ئوپالنى ئىشغال قىلىدۇ ، سىبنى تۇتقۇن قىلىشىمۇ مۇمكىن» دېدى ئۇ . لېكىن ، مەھمۇد ئۇنىمىدى .

«ھەرقانچە بولسىمۇ قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تىغ كۆتۈرۈشىگە ئىشەنمەيمەن ، — دېدى ئۇ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ، — ناۋادا راستىنلا ئۇرۇش بولۇپ قالسا ، ئۇنداق ئەخمىقانە ماجىراغا ئارىلاشمايمەن » .

ۋەھالەنكى ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇرۇش توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر ئوپالغا يېتىپ كەلدى . مەھمۇد ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ، بارسغاندىن كەلگەن چاپارمەننىڭ قولىدىن ئاتىسىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ ئوقۇدى ـ دە ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى .

بۇ چاغدا ئىشىك ئالدىدىكى كەڭرى مەيداندا مەھمۇدنىڭ ئايالى چولپانئاي كېنىزەك قىزلار بىلەن قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىۋاتاتتى . ئۇ ئېرىنىڭ ئۇزايدىكى ئۆزگىرىشنى بايقاپ ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى .

— ئاخىر ئۇرۇش بوپتۇ ، — دېدى مەھمۇد مەكتۇپنى چولپانئايغا كۆرسىتىپ .

چولپانئاينىڭ خوش تەبەسسۇمى غايىب بولۇپ ، چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى .

— پەرۋەردىگارىم ! ئەمدى قانداق بولۇپ كېتەر ؟ — دېدى ئۇ يىغلاپ تاشلايدىغاندەك ئاۋازدا .

— بۇنداق قورقۇپ كەتمىگىن ، چولپانئاي ، — دېدى مەھمۇد ئايالىغا تەسەللى بېرىپ ، — قورققۇدەك ئىشمۇ بولۇپ كەتمەس .

— ئۇرۇش بولۇۋاتسا قانداقمۇ قورقماي ؟ — چولپانئاينىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى .

مەھمۇد چولپانئاي ئىنچىچە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان قىلىچنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى .

— ھەر كۈنى قورال ئىشلىتىشنى مەشىق قىلىدىغان ئادەممۇ قورقامدىكەن ؟ — دېدى ئۇ چاقچاق قىلغان تەلەپپۇزدا .

چولپانئاي قىلىچنى قىنىغا سالدى .

— بۇنداق ئۇرۇشتا قىلىچ تۇتالمايمەن ، — دېدى ئۇ ۋە

كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى .

مەھمۇدنىڭ ھەسرەتكە تولغان كۆزلىرىدە مۇھەببەت خۇشاللىقى جىلۋىلەندى .

— ئەقىللىقىم ، — دېدى ئۇ چولپانئاينىڭ قولىنى ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ، — توغرا ئېيتتىڭ ، بىز بۇ ئورۇشتا قىلىچ تۇتالمايمىز ، بىزنىڭ قورقىدىغان يېرىمىز شۇ . قان تۆكۈلمىسە بولمىغۇدەك سەۋەب بولسىمۇ ، كاشكى !

ھالبۇكى ، كېيىنكى ئىشلار ئۇلارنى قورال تۇتۇشقا مەجبۇر قىلدى .

خەۋپ كاشغەر ئوردىسىدىن ئەمەس ، تاشبالىقنىڭ بېگىدىن كەلدى . ياۋلاق سارىغ ئۇزاقتىن بۇيان مەھمۇد كاشغەرىيگە ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەنىدى .

ئۇ بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سېتىۋالغان ھېلىقى كۈمۈش ئىسىملىك قول قىزنى تېخى ئۇنتۇمىغانىدى . ئۇ قىزنىڭ كۆزلىرى بۇلاقتەك ، تەنلىرى سۈتتەك ئاق ئىدى ، كۆزلەرنىڭ يېغىنى يەپ كەتكۈدەك گۈزەل ئىدى . ياۋلاق سارىغ ئۇ قىزنى توقاللىققا ئېلىپ ، لەززەتلىك تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغاندا ئاشۇ مەھمۇد كاشغەريي ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ ، ئۇ قىزنى ئەكەتتى . يەنە تېخى ئۇ قىزنى ئۆزىنىڭ تۇرۇمتاي دېگەن بىر قۇلىغا نىكاھلاپ چېتىپ قويدى . ئۇ ياۋلاق سارىغدەك بىر بەگنى ئاشۇ قۇلچىلىكمۇ كۆرمىدى . «بۇ ئاھانەتنى قانداقمۇ ئۇنتۇغىلى بولسۇن ؟ — دەيتتى ياۋلاق سارىغ ئەلەم بىلەن ، — خەپ ، توختاپ تۇر ، مەھمۇد . خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئۆزۈن . ماڭىمۇ پۇرسەت كېلىپ قالار» .

ئېيتقاندەك ، پۇرسەت كەلدى . ئارسلانخان بىلەن بۇغراخاننىڭ ئارىسى بۇزۇلدى ، ئورۇش پارتلىدى . ھىسامىددىن ئىبنى مۇسانىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ياۋلاق سارىغ مىڭبېشىلىق ھەربىي مەنسەپكە ئېرىشتى . قولىدا مىڭ كىشىلىك قوشۇن بار . بۇ قېتىملىق

ئۈرۈشتا ئوبدان خىزمەت كۆرسىتەلىسە، تارخانلىق ئۈنۋانىدىنمۇ ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ.
ھىسامىددىن ياۋلاق سارىغنىڭ مەھمۇد كاشغەرىيگە بولغان ئاداۋىتىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتمەكتە ئىدى.
ھىسامىددىن ئارسلانخانغا ھەمراھ بولۇپ يۈرۈشكە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا، ياۋلاق سارىغ ئۇنىڭ بىلەن دەرقەمتە بولغان ۋە: «ئوپالنى ئىشغال قىلىش ۋەزىپىسىنى پىقىرغا يۈكلىسىلە» دېگەنىدى. ھىسامىددىن مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ بېشىنى ئىرغىتىش ئارقىلىق رازىلىق بىلدۈرگەنىدى. ئۇلار مەسلەكداش بولغاچقا، بىر ـ بىرىنى تولىمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى.
ياۋلاق سارىغمۇ خۇددى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى ئاددىيلا تەھلىل قىلاتتى. ئارسلانخان چوڭ خاقان. شۇڭا، ئۇنىڭ غالىب بولۇشى جەزمەن. ھېچ ئىككىلەنمەستىن، دادىل ھەرىكەت قىلىش كېرەك!
شۇنىڭ بىلەن ياۋلاق سارىغ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قول ئاستىدىكى بىر مىڭ مۇنتىزىم چېرىكنى سەپكە تۇرغۇزدى. دېھقانلار ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ھېرىسمەن تەۋەككۈلچىلەردىن، زىندانلاردىكى جىنايەتچىلەردىن بولۇپ، يەنە بىر مىڭ كىشىلىك ياللانما قوشۇن تەشكىل قىلدى. يىراق ـ يېقىندىكى مەسلەكداشلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يەنە بەش يۈز قاۋۇل قوللىنى قوراللاندۇردى. بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن بار بولغان بەش يۈز قورۇقچىسىنى قوشقاندا، جەمئىي ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن يىغىلدى.
تونۇردەك قىزىپ كەتكەن تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تاشبالىقنىڭ بۇ تىنىم تاپماس بېگى ئاشۇ ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، ئوپال تەۋەسىگە باستۇرۇپ كەلدى. ھىسامىددىننىڭ بىرنەچچە تۇغقانلىرىمۇ ئىككى مىڭچە چېرىكنى

باشلاپ كېلىپ ئۈنىڭغا قوشۇلدى .

ئازىق قەلئەسىنىڭ قورۇقچى چېرىكلىرى مىڭغا يەتمەيتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئوچۇق دالىدا ئېلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، قەلئەنىڭ تۆمۈر دەرۋازىلىرىنى تاقاشتى . دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار ، خىزمەتكارلار ھەم قۇللارمۇ سېپىللارغا چىقىپ ، قەلئەنىڭ مۇداپىئەسىگە قاتناشتى . چولپانئايمۇ كېنىزەكلەر ۋە ئايال قۇللارغا قوماندانلىق قىلىپ ، ئەرلەر بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ جەڭ قىلدى .

— ئەمدى قىلىچ تۇتمىساق بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى ، — دېدى ئۇ مەھمۇد كاشغەرىيگە مەيۈس كۆلۈمسىرەپ .

ياۋلاق سارىغىنىڭ چېرىكلىرى سەھەردىن كەچ كىرگۈچە قەلئە سېپىللىرىگچە بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ، زەربە بىلەن چېكىندۈرۈلدى . سېپىلغا چىقىشقا ئۇرۇنغان ھۇجۇمچىلارنىڭ ئۈستىگە ئوقيا ، تاش ، خىش ، كېسەكلەر ، كومزەكلەرگە قاچىلىنىپ ئوت يېقىلغان قارىمايلار يېغىپ كەتتى .

مەھمۇد كاشغەري قەلئە مۇداپىئەسىگە شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلدى . ئۇ ، چاۋۇشلار (ئوفىتسېرلار )غا يوليورۇق بېرەتتى ، سېپىلنىڭ قايسى قىسمىغا ھۇجۇم ئەڭ قاتتىق بولسا ، شۇ جايغا بېرىپ ، چېرىكلەرگە مەدەت بېرەتتى . چولپانئاينىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئايال جەڭچىلەر يا ئوقلىرىنى توشۇيتتى ، كومزەكلەرگە قارىماي قاچىلايتتى ، يارىدارلارنى قۇتۇلدۇراتتى ، ھۇجۇم بەك كۈچىيىپ كەتكەن چاغلاردا دۈشمەنگە تاش ، كېسەكلەرنى ئاتاتتى . تۇرۇمتاي قۇللارغا باشلامچىلىق قىلىپ ، ئوقيا ۋە ئۇچار نەيزىلەرنى ئېتىپ ، ياۋنى سېپىل دەرۋازىلىرىغا يېقىن كەلتۈرمىدى .

ھالبۇكى ، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ پەرقى چوڭ ئىدى . ئازىق قەلئەسىدىكىلەر قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىنى تارمار قىلىشقا بارغانسېرى ئامالسىز

قىلىنىۋاتاتتى. ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار كۆپەيدى. پالاقمانلاردىن ئېتىلغان تاشلار سېپىلنىڭ بىرنەچچە جايلىرىدىكى كۈنگۈرىلىك توسۇقلارنى ۋەيران قىلدى.

ياۋلاق سارىغ قەلئەنىڭ تەسلىم بولمايۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆز ئادەملىرىنىڭمۇ كۆپ تالاپەت تارتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ قۇترىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئالاھىدە يوغان تۆمۈر باشلىق پالاقمان ئالتە ئاتقا سۆرىتىلىپ ئەكېلىندى. تاۋۇزدەك چوڭلۇقتىكى قاتۇرۇلغان قارىمايلارغا ئوت يېقىلىپ، شۇ پالاقمان بىلەن قەلئەگە ئېتىلدى. لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان قارىمايلارنىڭ بىرمۇنچىسى سېپىلغا تېگىپ چۈشۈپ كەتتى، لېكىن يەنە بىرمۇنچىسى سېپىلدىن ھالقىپ قەلئە ئىچىگە چۈشتى. ئازغىنىنىڭ ئىككى يېرىدە يانغىن كۆتۈرۈلدى. كىشىلەرنىڭ قالايمىقان ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى. تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان قاپقارا ئىس - تۈتەكلەر سېپىل ئۈستىگىمۇ يېتىپ كەلدى. بىر قىسىم چېرىكلەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ تەمتىرەپ قېلىشتى.

ياۋلاق سارىغنىڭ ھۇجۇمى باشلانغان چاغدىلا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يېقىنلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۇرۇشماي چىرايلىقچە تەسلىم بولۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى.

— قارشىلىق كۆرسەتكەننىڭ پايدىسى يوق، — دېيىشتى ئۇلار، — بىز كاشغەر ئوردىسىنىڭ بىقىنىدىلا تۇرىمىز. تالاس ۋە بارسغان يىراق. پۈتۈن ئەتراپىمىزنى ئارسلانخاننىڭ چېرىكلىرى قورشاپ تۇرىدۇ. خۇددى دېڭىزدىكى ئارالغا ئوخشىشىدىغان كىچىككىنە ئوپالدا نېمە قىلغىلى بولسۇن؟

— ياق، — دېدى مەھمۇد، — ھازىر كاشغەردە ھەسەن تېگىن ئىش باشقۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ مەرىپەتپەرۋەر بىلىملىك زات، گۇناھسىز پۇقرالارنى باستۇرۇشتەك بۇنداق ياۋۇزلۇققا ئۇ يول قويمايدۇ.

مەھمۇد كاشغەري ھەقىقەتەن ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى ئەۋلىيادەك سۆز قىلغانىدى. قاش قارايغان مەھەلدە كاشغەر

تەرەپتىن بىر توپ ئاتلىقلار چاڭ توزۇتۇپ چېپىپ كەلدى .

— ھەزرىتى ھەسەن تېگىندىن پەرمان ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇلاردىن بىرى تېخى ئېتىدىن چۈشمەي تۇرۇپ .

ياۋلاق سارىغ كاناي شەكلىگە يۆگىلىپ ، قىزىل شايى بوغقۇچ بىلەن چىگىلگەن بىر ۋاراق سېرىق قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇدى ۋە خۇددى بېشىغا تاغدەك بالا ـ قازا چۈشكەن ئادەمگە ئوخشاش تاتىرىپ كەتتى ، جىمىپ كەتتى . ئاخىر ، تەخت ۋارىسىنىڭ پەرمانىغا نائىلاج بويسۇنۇپ ، روھى چۈشكەن ھالدا قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ ئەكەتتى .

بۇ چاغدا مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ قوشۇنلىرى تېخى يىراقتا ئىدى . ئىككى تەرەپ تېخى توقۇنۇشمىغانىدى . ئارسلانخان ئىسيانكار ئىنىسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ، ئۆز تاجۇ تەختىگە كېلىۋاتقان تەھدىتنى يوقىتىش خاھىشىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىدە غەزەپ بىلەن ئىلگىرىلەۋاتاتتى . بۇغراخان بولسا ، تاج ۋە تەختنى ئىگىلەپ ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن قاراخانىيلار زېمىنىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرىمەن دەپ داۋراڭ سېلىپ ، تاغنى تالقان قىلىدىغان ئەلپازى بىلەن بېسىپ كېلىۋاتاتتى .

بۇ چاغدا ، بالاساغۇندىن چىققان قوشۇن ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ئۇرۇش تەقدىرىنىڭ كۈتۈلمىگەن تەرزدە ھەل بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى . بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ھاكىمى مۇھەممەد چاقىر تونقاخان كاشغەر ئوردىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بۇغراخانغا يان تەرەپتىن زەربە بېرىش ئۈچۈن ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى . تالاسلىقلار بىلەن بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە ئۇچرىشىپ قالارمىزمىكىن دەپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، مۇھەممەد چاقىر تونقاخاننىڭ ئوغلى نىزامىدىن ئىسراپىل توغان تېگىن قوشۇننىڭ كەينىدىن ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي چېپىپ كېلىۋاتقان بىر چەۋەندازنى توسۇپ توختىتىۋالدى . چەۋەنداز چاققانغىنا كەلگەن ياش يىگىت بولۇپ ، ئۆزۈن يولدىن ھېرىپ ـ

ئېچىپ، بۇ يەرگە ئاران يېتىپ كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۈستىبېشىنى چاڭ باسقان، چىرايى قارىداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، لەۋلىرى قورۇشۇپ يېرىلىپ كەتكەن؛ بىرى بىرىدىن ئېسىل ئىككى ئارغىماقنىڭ بىرىنى مىنىپ، بىرىنى يېتىلىۋالغانىدى.

— ئۇدۇندىن كەلدىم... — دېدى ئۇ ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئېغىر نەپەس ئېلىپ، — مۇھەممەد چاقىر توقاخان بىلەن كۆرۈشمەن. مەھمۇد ئارسلان تېگىن غازىنىڭ مەكتۇپىنى ئەكەلدىم.

توغان تېگىن ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. توقاخان بۇ كۈتۈلمىگەن مېھماننىڭ قولىدىن مەكتۇپنى ئېلىپ ئوقۇپ چىقتى. مەكتۇپتا ئارسلان تېگىن ئاللا ۋە رەسۇلۇللانى تىلغا ئېلىپ، بۇنداق بىھۇدە قىرغىنچىلىققا يول قويماسلىق ھەققىدە چاقىرىق قىلغانىدى. مەكتۇپتا يېزىلىشىچە، ئارسلان تېگىن ئوخشاش مەزمۇندىكى مەكتۇپلارنى ئارسلانخان ۋە بۇغراخانلارغىمۇ يوللىغانىكەن.

«... گەرچە ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل شەكىلدىكى ياراشتۇرۇش چارىلىرى ئۈنۈم بەرمىگەن بولسىمۇ، — دېيىلگەنىدى مەكتۇپتا، — ئەڭ ئاخىرقى ھالقىلىق پەيتتە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ئىككى خاننىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى ۋە شەخسىي غەرەزلىرى تۈپەيلىدىن قېرىنداشلار ئارا قان تۆكۈپ، خانلىقىمىزنى ۋەيران قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق! زىددىيەتنى مادارا ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. كىمدەكىم بۇ جىنايى نىيىتىدىن يانمايدىكەن، جەمەتىمىزنىڭ لەنەت — نەپرىتىگە ئۇچرىغۇسى! ھەزرىتى مۇھەممەد چاقىر توقاخانغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، ياباقۇ ۋە باسمىللارنىڭ توپىلاڭلىرىنى باستۇرۇشتا شەرەپ قازانغان قىلىچىڭىزنى گۇناھىنىڭ قارا پاتقاقلىرىدا بۇلغاپ قويمىغايسىز. ئەكسىچە بولغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە بىزلەر بىلەن

قانداق كۆرۈشۈشنى ئويلاپ قويۇڭ» .

مەكتۇپ ئىنتايىن قاتتىق تەلەپپۇزدا يېزىلغانىدى. تونقاخان گاڭگىراپ قالدى. ئۇ ئارسلان تېگىننىڭ قەيسەرلىكىنى، قىلغان سۆزىدىن يانمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى ۋە ئۇنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەيتتى. ياباقۇ، باسمىل، چۇمۇل، يەمەك قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىپ كۆتۈرگەن كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بالاساغۇن ئەتراپىدا، ئىلى ۋە ئېمىل ۋادىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە ئارسلان تېگىن بىلەن تونقاخان سەپداش بولغان، جاپا - مۇشەققەتتە ۋە خەۋپ - خەتەرلەردە بىللە بولغان. ئۇلار ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە ئىخلاسمەن ئىدى.

تونقاخاننىڭ بېشى قاتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئارسلانخاننىڭ پەرمانىغا بويسۇنماسلىققا بولامدۇ؟ بالاساغۇندىن شۇنچە ئۇزاپ كەتكەن قوشۇننى ئەمدى ئارسلان تېگىننىڭ چاقىرىقى بويىچە قايتۇرۇپ كەتسە توغرا بولامدۇ؟

ھالبۇكى، تونقاخاننىڭ ئوغلى نىزامىددىن ئىسرايىل توغان تېگىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولغانىدى. ئۇ ئاتىسىنى ئارسلان تېگىننىڭ چاقىرىقى بويىچە ئىش كۆرۈشكە ئۈندىدى.

— ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىمىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، — دېدى ئۇ ئاتىسىغا، — قېرىنداشلارنىڭ جانلىرىغا زامىن بولۇشقا ۋىجدانىڭىز چىدامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئويلاپ كۆرۈڭ، ھازىر خان جەمەتىنىڭ مۇتلەق كۆپ ئەزالىرى ئارسلان تېگىننى قوللاۋاتىدۇ.

مۇھەممەد چاقىر تونقاخان يەنىلا دىلىغۇللۇقىنى تۈگىتەلمىگەن بولسىمۇ، ئاخىر پەرىشان ھالدا قوشۇننى بالاساغۇنغا قايتۇرۇپ كەتتى.

ئەسلىدە مەھمۇد ئارسلان تېگىن ئىككى ئاكىسىنىڭ راستىنلا قوشۇن تارتىپ چىققانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن يەنىلا چىداپ تۇرالماستىن، ئەڭ ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە تىغ كۆتۈرگەن

ھەرقايسى خان ۋە تېگىنلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم مەكتۇپ يوللىغانىدى.

ئارسلان تېگىننىڭ مەكتۇپى مۇھەممەد چاقىر تونقاخانغا تەسىر كۆرسەتتى. لېكىن، باشقىلارغىچۇ؟

سۇلايمان ئارسلانخان كەنجى ئىنىسىنىڭ بۇ مەكتۇپىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇن ـ تىن چىقارماي ئېتىغا مىندى ۋە ئىشەنچكە تولغان ھالدا قولىنى شىلتىپ، قوشۇنىنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇدى.

مۇھەممەد بۇغراخان بولسا، ئۆزىگە يان باسمىغان بۇ يالغۇز ئىنىسىنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇنى قەھرى بىلەن تىللىدى ۋە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان سەركەردىلەرگە ئوت چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ: «ئالغا!» دەپ ۋارقىرىدى.

شۇنداق قىلىپ، مىلادىيە 1057 ـ يىلى كۈز كىرىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىككى خان باشلاپ كەلگەن كاشغەر ۋە تالاس قوشۇنلىرى توقۇنۇشتى. جەڭ بولدى، دەسلەپكى جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاش دېگۈدەك تالاپەت كۆردى. لېكىن، ئىككىنچى كۈنى بۇغراخاننىڭ ئىسپىجاپ تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلگەن يەنە بىر قوشۇنى ئارسلانخاننىڭ يان تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. كاشغەر قوشۇنى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. سۇلايمان ئارسلانخان بالاساغۇن يولىغا تەقەززالىق بىلەن كۆز تىكەتتى. ئەپسۇسكى، مۇھەممەد چاقىر تونقاخاننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، شەپىسىمۇ ئاڭلانمىدى. جەڭگاھتا يالغۇز قالغان ئارسلانخان قوشۇنى ئىككى ياقتىن كېلىۋاتقان ئۈزۈلمەس ھۇجۇملارغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆپ چىقىم تارتتى. قوشۇن قالايمىقانلاشتى. بىر قىسىم بەگلەر جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز چېرىكلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ئارسلانخان ھەرقانچە قىلىپمۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالمىدى. بالاساغۇن قوشۇنىنىڭ جەڭگە قاتناشمىغانلىقى جەڭ مەيدانىدىكى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا روشەن سېلىشتۇرما پەيدا

قىلدى . ئامالسىز قالغان ئارسلانخان جەڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، كاشغەر تەرەپكە تېز چېكىنىشكە باشلىدى .

بۇغراخان رەھبەرلىكىدىكى تالاس ۋە ئىسپىجاپ قوشۇنلىرى ئارسلانخاننىڭ زور دەرىجىدە خوراپ كەتكەن قوشۇنىنى قورشىۋېلىش ئۈچۈن يېرىم ئاي شەكلىدە سەپ تارتىپ توختىماي قوغلىدى . ئۇن كۈن قوغلاپ زەربە بېرىش نەتىجىسىدە ئارسلانخاننىڭ قوشۇنى تولۇق تارمار كەلتۈرۈلدى . خاقانىيىنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانى سۇلايمان ئارسلان قاراخان يات ئىستېلاچىلار تەرىپىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۆز قېرىندىشى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىندى .

مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخان دەسلەپتە ئاتىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش قارارىنى قوللىمىغانىدى . ئۇ ئارسلان تېگىن قاتارلىق مادارا قىلغۇچىلار بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا ئىدى . ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆپ خىزمەت ئىشلىدى ، ئاتىسىنىڭ ئارسلانخان قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى رەت قىلدى . «شۇنداق قىلسام ئاتام قوشۇن تارتىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالماس» دەپ ئويلىدى ئۇ . لېكىن ، ئەھۋال ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماستىن ، ئىككى خان بىر - بىرىگە قارشى ئاتلىنىپ چىققاندىن كېيىن ، ئۇ ئوپالدىكى ئوغلى مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئەنسىرەپ قالدى . بولۇپمۇ ، ئالتۇن تارىم بۇبى رابىيە ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى .

— ئۇلار مەھمۇدنى گۆرۈگە تۇتۇپ قالسا قانداق قىلارمىز ؟ — دەيتتى ئۇ قار - يامغۇردەك ياش تۆكۈپ .

شۇنىڭ بىلەن ھۈسەين دەرھال بارسغان قوشۇنىنى باشلاپ كاشغەر تەرەپكە ئاتلاندى . كاشغەر سېپىلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن قارارگاھ قۇرۇپ ، شەھەر ئىچىدىكى ھەسەن تېگىنگە ئەلچى ئەۋەتتى . ھەسەن تېگىن ئوپالغا تېگىش قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە

ۋەدە بەردى ، بىراق ھۈسەيىننىڭ ھازىرچە كاشغەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىدى .

ھۈسەينمۇ بۇ شەرتكە ماقۇل بولدى ، ئەمما كاشغەر يېنىدىن كەتمەستىن ، ئۇرۇش ھالىتىدە تۇردى .

مۇھەممەد بۇغراخان تالاس ۋە ئىسپىجاپ قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ، يول بويىدىكى بەگ ۋە تارخانلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ، ھۈسەيىننىڭ قارارگاھى جايلاشقان يەرگە يېتىپ كەلدى .

ھەسەن تېگىن قول ئاستىدىكى قوشۇن ۋە يېقىنلىرى بىلەن كىچىك تاغىسى ئارسلان تېگىننى پاناھ تارتىپ ، ئۇدۇن شەھىرىگە چېكىنىپ كەتتى .

ئالىپ ئەرتوڭا دەۋرىدىن باشلاپ ئوردۇكەنت دېگەن نام بىلەن ئاستانە بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئەزىم شەھەر كاشغەرگە ، سوغۇق شامال گۈرگىرەپ تۇرغان كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مۇھەممەد بۇغراخان غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن كىرىپ كەلدى .

## ئون سەككىزىنچى باب

# ئالتۇن تەختتىن نېمە تاپتىڭ، ئەي خاقان

مۇھەممەد بۇغراخان ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ ھەر ساھەلەردىكى خىزمەت ئەھۋاللىرىدىن بەرگەن مەلۇماتلىرىنى ئاڭلىماقتا ئىدى.

خەزىنە ۋەزىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى.

— شەۋكەتلىك بۇغراخان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، ئوردا خەزىنىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە جاۋاھىراتلارنى ھەسەن تېگىن ئۇدۇنغا يۆتكەپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئەمەلدارلار بىلەن مۇنتىزىم قوشۇنلارنىڭ مائاش ۋە تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەس بولۇۋاتىدۇ.

سۇ باشى ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇدۇن تەرەپكە يۈرۈش قىلغان قوشۇن قارشىلىققا ئۇچرىدى. ھازىرچە ئىلگىرىلەش بولمايۋاتىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ بارغان ياللاۋاچلىرىمىزنى ئارسلان تېگىن قوبۇل قىلماپتۇ.

يابغۇ ئۇنۋانىدىكى ۋەزىر سۆز ئالدى:

— غەزنەۋىيلەر تەۋەسىدىن كەلگەن ئايغاقچىلار خەۋەر قىلىندۇلەركى، غەزنە ھۆكۈمدارلىرى خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلىپ، چېگرىدىكى چېرىكلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋاتقۇدەكمىش.

كۆل ئېركىن ئۇنۋانلىق ۋەزىر مۇنداق دېدى:

— ماۋەرائۇننەھر سودىگەرلىرى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ

مۇقىملىقىغا ئىشىنەلمەي ، خاقانىيگە مال چىقىرىشنى توختىتىپ قويۇشۇپتۇ .

ۋەزىرلەر بىرىدىن بىرى كۆڭۈلسىز مەلۇماتلارنى يەتكۈزمەكتە ئىدى . بۇغراخاننىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى . ئۇ بىر ئەسناغىچە سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن مۇراسىمنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلىدى . ۋەزىرلەر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، چىقىپ كېتىشتى .

مۇھەممەد بۇغراخان بۇ ھەشەمەتلىك ساراي ئىچىدە ، ئاشۇ ئالتۇن تەختتە تەنها ئولتۇرغىنىچە چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى . باش قاتۇرىدىغان ئىشلار شۇنچە كۆپ ، ئەمما ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى ھامان ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخانغىلا مەركەزلىشەتتى . ئۇنىڭغا ھازىر ھەممىدىن بەكرەك ئارام بەرمەيۋاتقىنى ئەنە شۇ ئەسىر قىلىنغان ئاكىسى ! بۇغراخان كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن ئارسلانخاننى ئوردا ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە نەزەربەند قىلدى . مەخسۇس خىزمەتچى خادىملارنى تەيىنلەپ ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى ، تۇرمۇش جەھەتتىكى بارلىق تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرىشنى تاپىلىدى ، ئاندىن ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام بەردى . لېكىن ، كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئېغىز ئاچالمىدى . زەردىسى قايناپ ، خۇدىنى يوقاتقان ئارسلانخان : «يوقال ، يۈزى قارا مەلئۇن ! كۆزۈمدىن يوقال !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى ئۇنىڭغا ئاتقىلى تۇردى . بۇغراخان گەپ قىلماستىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى .

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھەسەن تېگىندىن مەكتۇپ كەلدى . مەكتۇپتا ئارسلانخاننى قويۇپ بېرىش ئەڭ كەسكىن ئىبارىلەر بىلەن تەلەپ قىلىنغانىدى .

ھالبۇكى ، بۇغراخاننىڭ بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ قارارى بار ئىدى . ئۇ ئارسلانخاننى ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە يولغا سېلىپ قويماقچىدى . ھەجدىن كېيىن مەككىدە بولامدۇ ، باغداتتا بولامدۇ ، ئىشقىلىپ قاراخانىيلار زېمىنىدىن يىراقراق بىر يەردە

ماكانلىششى كېرەك ئىدى. ئەنە شۇنداق شەكلى ئۆزگەرگەن سۈرگۈن قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئارسلانخاندىن قۇتۇلۇشقا بولاتتى. بۇغراخان ئۆزىنىڭ بۇ قارارىنى ئارسلانخانغا شەخسەن ئۆزى ئۇقتۇرماقچى ۋە بۇ ئىشنى رازى - رىزالىق بىلەن چىرايلىقچە پۈتتۈرمەكچىدى، لېكىن بۇنىڭغا ئامال بولمىدى. شۇڭا، ئۇ بۇنداق سۆزلىششنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خاس ھاجىپى بىلەن ئابرۇيلۇق ئىككى مۆتىۋەرنى ئارسلانخاننىڭ ئالدىغا كىرگۈزدى. بۇنىڭمۇ پايدىسى بولمىدى.

«ئۇ نائەھلى مۇناپىققا دەيدىغان گېپىم يوق. ئۇنىڭ بىلەن قىيامەتتە كۆرۈشىمەن.» ئارسلانخاننىڭ جاۋابى شۇ بولدى.

بۇغراخان ئۆزىنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تاغىسى توغانخان ۋە ئىنىسى ئارسلان تېگىن باشلىق ئورۇق - تۇغقانلىرى، شۇنداقلا جايلاردىكى مەرتىۋىسى ئۈستۈن زاتلارنى كېڭەش ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە كاشغەرگە تەكلىپ قىلغانىدى. لېكىن، توغانخانمۇ، ئارسلان تېگىنمۇ كەلمىدى. كەلگەنلەر ناھايىتى ئاز بولدى. بالاساغۇن ھاكىمى مۇھەممەد چاقىر تۇنقاخان گەرچە بۇغراخاننىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئارسلان تېگىن قاتارلىق ئۆكتىچىلەر بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتمىگەنىدى.

مۇھەممەد بۇغراخان ئۆزىنىڭ سەلتەنىتى يولىدا نۇرغۇن تۇسالغۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، بىراق بۇنچىلىك قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىمىگەنىدى. «ماڭا نېسىپ بولغان سەلتەنەت شۇمۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ خۇددى دۇنيانى تەرك ئەتكەن زاھىتتەك يالغۇز ئۆزى شۈمشىيىپ ئولتۇرۇپ، — جاھاندا قايسى خاقان بۇنداق قەدىرسىز بولغان؟»

مۇھەممەد بۇغراخان ھەسرەتلىك خىياللارنىڭ ئازابلىق سىقىشلىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى بەجايىكى سانسىزلىغان بۇدۇشقاقلارنىڭ تىكەنلىرى تاتىلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى،

غەم باسقان بېشى بارغانسېرى چىڭقىلىپ ئاغرىپ، ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى بىر نەرسىدىن خۇدۇكسىرەۋاتقاندەك نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۇيچۇرىسىگە سەپسالدى. مانا ئۇ بىرنەچچە ئەۋلاد بۈيۈك خاقانلارنىڭ تۇرار جايى بولۇپ كېلىۋاتقان ھەشەمەتلىك ساراي... مانا ئۇ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلار ئولتۇرىدىغان ئالتۇن تەخت... لېكىن، ئۇ مۇشۇ ساراي، مۇشۇ تەخت ئۇچۇن سىرپ قىلىغان ئەجرىدىن نېمە ھالاۋەت كۆردى؟ ئارسلانخان ئەسىر قىلىندى. ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ بىرمۇنچىلىرى، ھەتتا ھىساممىددىن ئىبنى مۇسادەك جاھىل مۇخلىسلىرى جەڭ مەيدانىدا قازا تاپتى، پىتىراپ كەتكەن چېرىكلىرى يىغىۋېلىنىپ، بۇغراخان قوشۇنىغا قوشۇۋېتىلدى. كاشغەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئارسلانخانغا تىرەك بولغۇدەك ھېچنېمە قالمىدى.

ۋەھالەنكى، بۇغراخانمۇ ئەمدى كۈچلۈك بۇغرا ئەمەس، بەلكى توپتىن ئايرىلىپ تېنەپ قالغان قېرى تۈگىگە ئوخشاپ قالغانىدى. خان جەمەتىنىڭ كۆپچىلىك ئەزالىرى ئۇنى بۈيۈك خاقان دەپ ئېتىراپ قىلمىدى. بۇرۇنقى ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن ھېچكىم دېگۈدەك ئۇنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلىش ئۇچۇن كەلمىدى، قېچىپ كېتىشتى، قاچماي قالغانلىرىمۇ خۇددى بۆرىدىن ئۈركۈپ كەتكەن قويلاردەك قورقۇپ، چۆچۈپ يۇرۇشىدۇ، خۇددى كالۋالاردەك ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىشمايدۇ، قىزغىنلىقى يوق.

تەختىنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن كىشى بۇغراخاننىڭ تۈگىمەس خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى. بۇ سارايىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، يەنى قاپۇغ باشى ئىدى. بۇغراخان سەگەكلەشتى ۋە دەررۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. قاپۇغ باشى قول باغلاپ ئېگىلگەن ھالدا ئۇزۇن كىمخاب تونىنىڭ پەشلىرىگە پۇتلىشىپ كېلىپ، تەختىنىڭ ئالدىدا توختىدى ـ دە، تېخىمۇ پەسرەك ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن مەلۇمات بەردى:

— شانۇ شەۋكەتلىك تاجدارىمىز بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ ۋاجىب ئەمرىگە بىنائەن شەيخ ئىمام ھۇسەين ئىبنى خەلەپ ھەزرەتلىرى قەدەم تەشرىپ قىلاتۇدۇر.

مۇھەممەد بۇغراخان ئۆزىنىڭ كونا ئۇلپىتى، كاشغەر ساچىيە مەدرىسىسىنىڭ شەيخ ئىمام دەرىجىلىك باش مۇدەررىسى ھۇسەين ئىبنى خەلەپنى چاقىرتىشقا ئادەم ئەۋەتكەنىدى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ يولىغا قاراپ، سارايدا يالغۇز ئولتۇرغانىدى.

— كىرسۇن، كىرسۇن! — دېدى ئۇ، خۇددى شەيخ ئىمامنىڭ كىرمەي كېتىپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئالدىرىغان ئاھاڭدا.

پېشقەدەم مۇدەررىسنىڭ ھاسا تۇتقان ئورۇق گەۋدىسى بوسۇغىدا كۆرۈنۈشى بىلەنلا، بۇغراخان دەرھال ئالتۇن تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۆھتەرەم شەيخ ئىمام.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

بۇغراخان مۇدەررىسنىڭ قولىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ قىسىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ يول باشلىدى. ئۇلار سارايىنىڭ تەخت جايلاشقان چوڭ خانىسىدىن چىقىپ ياندىكى ھۇجرىغا كىردى، گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان تۆت قات كىمخاب كۆرپىگە ئولتۇرۇشتى. بۇغراخان خۇددى بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قايتىدىن قوپۇپ، كەشتىلەنگەن ماھۇت ياستۇقتىن ئىككىنى ئەكېلىپ، ھۇسەين ئىبنى خەلەپنىڭ يېنىغا قويۇپ بەردى.

— بېلىڭىز تېلىپ قالسا ياستۇققا يانپاشلىۋالغايسىز، شەيخ ئىمام، — دېدى ئۇ، ئاندىن ئۆزىمۇ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.

شەيخ ئىمام بۇ يېڭى خاقاننىڭ شۇ قەدەر مېھرىبانلىقلىرىدىن ئانچە تەسىرلەنمىگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمايلا كۆمۈش باشلىق ھاسىسىنى بىر چەتكە قويۇپ، ياستۇققا جەينىكى بىلەن تاياندى.

— ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۈر، — دېدى ئۇ ۋە بۇغراخاننىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى كۈتۈپ شۈك بولدى.

بۇغراخان ئۇنىڭ «ئالىيلىرى» دېگەن سۆپەتنى تىلغا ئالمايۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى.

ئىككى مەھرەم كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى. مېۋە - چېۋىلەر ۋە تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر كەلتۈرۈلدى. بۇغراخان داستىخان ئۈستىدىكى كۈمۈش لېگەنلەرگە دۆۋىلەپ قويۇلغان ئۈزۈم ۋە شاپتۇللارغا قاراپ يەنە خىيال سۈرۈپ كەتتى.

ئۇ بۇلتۇر كەچ كۈز پەسلىدە كاشغەرگە كېلىپ تەختكە ئولتۇرغانىدى، مانا ھازىر يەنە ئۈزۈم - شاپتۇللار مەي باغلىغان چاغلار يېتىپ كەلدى، يەنە كۈز كېلىپ قالدى، بىر يىل بولۇپ قالدى. شۇنداق، ئۇنىڭ خاقانلىق تاجىسىنى كىيگىنىگە سەل كەم بىر يىل بولۇپ قالدى. لېكىن، تاكى ھازىرغىچە ئۆزىگە بىر سىرداش تاپالمىدى. ئوغلى ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخان كاشغەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە بارسغانغا كەتتى، چوڭ ئوردىدا ۋەزىر بولۇشتىن بارسغاندا ئىلىكخان بولۇشنى ئەۋزەل كۆردى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن بۇغراخان ئۆزىنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ يېقىن ئۆتكەن غەمگۇزارى مانا مۇشۇ ھۈسەين ئىبنى خەلەپنى بىرنەچچە قېتىم چاقىرتىپ سۆزلەشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ھامان باغلاشمايتتى. ئۆمۈر بويى مۇدەررىسلىك قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئاتاقلىق ئالىم ئۆزىنى ئەدەپ - قائىدە بويىچە تۇتاتتىيۇ، ئارتۇق سۆزلىمەيتتى، باشقىچىلا ياۋاش بولۇپ قالغانىدى.

مانا، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. يا نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تەگمەيدۇ، يا كۆڭۈل ئوچۇق بولسىمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويمايدۇ. بۇغراخان مەيۈسلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇزۇن ئاق ساقىلى سىلىق تارالغان، ھەتتا قاشلىرىنىمۇ ئاق ئارىلىغان، جۇدەڭ يۈزىنى قورۇق باسقان، يېشى چوڭايغانسېرى ئۇرۇق گەۋدىسى ئولتۇرۇشۇپ، تېخىمۇ كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

ھالبۇكى، بۇ مۇكچىيىپ قالغان ئاق ساقال بوۋاينىڭ ۋۇجۇدىدا غايەت زور سېھرىي كۈچ بار ئىدى. ئاۋام خەلقمۇ، ھۆكۈمدارلارمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. كىشىلەر ئۇنى گويا ئەقىل ۋە پەزىلەتنىڭ نۇرلۇق چىرىغىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى تەشنالىق بىلەن ئاڭلايتتى، ئۇگۇت ـ نەسىھەتلىرىگە ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلاتتى.

بۇغراخان سۈكۈت ئىچىدە ئۇنىڭغا يەنە قارىدى. «خۇددى مەن ئۇنى تەنبىھ بېرىش ئۈچۈن چاقىـرتقاندەك زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغىنىنى! — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بولسا، مەن بىلەن كۆرۈشكەندە شۇنچە خۇشال بولۇپ كېتەتتى».

ھۈسەين ئىبنى خەلەپ تېخىچە جىمجىت ئولتۇراتتى، بىرەر قېتىممۇ بۇغراخانغا كۆز قىرىنى سېلىپ قويمىدى. تۇرقىدىن: «بىز قىلىشقۇدەك نېمە گەپ بولسۇن؟» دېگەندەك بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك كەيپىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بېرى ئۇنىڭ بۇنداق مۇئامىلىسىنى ئار ئالماسلىققا كۆنۈپ قالغان بۇغراخان چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ سۆز باشلىدى:

— مۆھتەرەم شەيخ ئىمام، ئادەم قېرىغاندا قەدىناس يارەنلىرىنى بەكرەك سېغىنىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. شۇڭا، كۆڭلۈم تارتىپ سىزنى چىللىدىم، مۇڭداشقۇم كېلىپ قالدى.

— پېقىردەك بىر ئاجىز پۇقرالىرىنى ياد ئەتكەنلىرىگە ھەشقاللا، — دېدى ھۈسەين ئىبنى خەلەپ. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن دوستلۇق تۇيغۇسى ئەمەس، بەلكى ساراي ئادەتلىرىگە خاس رەسمىيەتچىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ئۇنداق دېمەڭ، شەيخ ئىمام، — دېدى بۇغراخان، — سىز ئاجىز پېقىر ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى ئىلمىي خىزمەتلەرگە بېغىشلىغان بۈيۈك ئالىم، خاقانلارغا ئەقىل كۆرسىتىدىغان دانىشمەن.

— يوقسۇ، يوقسۇ، بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە.

— كۆڭلۈمدىكى سىرىمنى سىزگە ئېيتمىسام كىمگە ئېيتاي، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بۇغراخان، — خاقانلارنىڭ قىسمىتى شۇنداق بولامدۇ ياكى ئۆزۈمنىڭ تەلىيىم شۇنداقمۇ، بۇنى بىلمىدىم. ئەمما، كاشغەرگە كەلگەندىن تارتىپ ئاجايىپ غېرىبچىلىق ھېس قىلىۋاتىمەن. ئوردا ئىشلىرى دىل ئارامىمنى قويمىدى. گويا كىيگەن تونۇم كېپەن، يېگەن ئېشىم زەھەر بولۇۋاتىدۇ.

ئاخىرقى سۆزلەرنى قىلغاندا بۇغراخاننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. شەيخ ئىمام ئۇنىڭغا ئەمدى ئېچىنغان ھالدا نەزەر سالدىيۇ، يەنە گەپ قىلمىدى.

— قەدىناسلار ھالاۋەتتىمۇ، مۇشەققەتتىمۇ بىللە بولۇشى كېرەك دېگەن گەپ بار، — بۇغراخان يەنە سۆزلىدى، — پېقىر ئىلگىرىكى غەمسىز، بەختلىك چاغلىرىمدا سىز بىلەن ھەمنەپەس غەمگۇزار بولۇپ ئۆتكەنىدىم. ھازىرمۇ ماڭا يار - يۆلەك بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزنى ئوردا غوۋغالىرىدىمۇ پېقىر بىلەن بىللە بولسا ئىكەن دەيمەن.

بۇغراخان سۆزىنى توختىتىپ، بۇ جىمغۇر سۆھبەتدىشىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا قارىدى. مۇدەررىس بولسا، يەنىلا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— ماڭا قاراڭ، شەيخ ئىمام، — دېدى بۇغراخان ئۆزىنىڭ دوستلۇق ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — پېقىر سىزنى ساراي خىزمىتىگە تەكلىپ قىلماقچى. شەيخۇلئىسلاملىق مەرتىۋىسىنى ئۈستىڭىزگە ئالسىڭىز، مۇرادىم ھاسىل بولاتتى. ئىلگىرىكى شەيخۇلئىسلام ھىسامىددىن ئىبنى مۇسا ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن جەڭدە قازا تاپتى. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرغىچە بوش تۇرىدۇ. ئەمدى ئۆزىڭىز شۇ بوش ئورۇننى ئىگىلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس ئەھكاملىرىنى گۇناھكار بەندىلەرنىڭ دىللىرىغا تېخىمۇ مۇستەھكەم يىلتىز تارتقۇزۇش ئۈچۈن كارامەتلىك ئەجرىڭىزنى سىڭدۈرگەيلا.

مۇدەررىس ھۈسەين ئەمدى تۈت ئېغىز گەپ قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتى .

— ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ تەشەككۈر ، — دېدى ئۇ ، — ۋە لېكىن شۇنى ئېيتمىسام بولمايدۇكى ، قېرىدىم ، تەن ساقلىقىم ياخشى ئەمەس . ساراي ئىچىدىكى مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشىم تەس . خاقانىنىڭ دىنىي مەسلىھەتچىسى بولىدىغان شەيخۇلئىسلاملىق مەرتىۋىسىگە باشقا بىر قابىل ۋە قاۋۇل نامزاتنى ئويلىشىپ كۆرگەيسىز .

ھۈسەين ئىبنى خەلەپ بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن تەلەپپۇزىنى يۇمشىتىپ قوشۇپ قويدى :

— ئەلۋەتتە ، خانىنىڭ ئەمرى ۋاجىپ . پېقىر بۇنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق . شۇنداقتىمۇ ، ئۆمرىنىڭ ئاداققى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر ئاجىز ئىنساننىڭ ئەھۋالىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ، گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا .

مۇدەررىس شۇ تاپتا خاننىڭ قاتتىق رەنجىشىنى ، ھەتتا غەزەپكە كېلىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى . لېكىن ، ئۇنداق بولمىدى . بۇغراخان بىر ئەسناغىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى .

«توۋا ، ئۇ بۇرۇن بۇنداق ئەمەس ئىدى ، — دەپ ئويلىدى ھۈسەين ئىبنى خەلەپ ۋە ئۇشتۇمتۇت بۇ ھۆكۈمدارغا ئىچى ئاغرىپ قالدى . لېكىن ، يەنىلا گەپ قىلمىدى ، — ئۇنىڭغا تەسەللىي بولغۇدەك نېمە دېيەلىشىم مۇمكىن ؟ » دېدى ئۇ يەنە ئۆز ئىچىدە .

— ماقۇل ، — دېدى مۇھەممەد بۇغراخان مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ ، — ماقۇل ، سىزنى ئاۋارە قىلمايمەن ، مۆھتەرەم شەيخ ئىمام .

ھۈسەين ئىبنى خەلەپ خوشلاشتى . بۇغراخان ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ، سارايىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى .

شۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇھەممەد بۇغراخان مۇدەررىس ھۈسەين

ئىبنىي خەلەپنىي دەرگاھىغا چاقىرتمايدىغان بولدى. شەيخۇلئىسلاملىق ۋەزىپىسىگە پېشقەدەم مۇپتىلاردىن بىرىنى تاللاپ ئولتۇردى.
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ يېتىمسىرىگەن بۇغراخان گىلەم ۋە كىمخاب بىلەن بېزىتىلگەن مەپىگە ئولتۇرۇپ، مىڭ كىشىلىك خىللانغان نۆكەرلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئوردىدىن چىقتى. بۇ ئۇنىڭ خاقانلىق تاجىنى كىيگەندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم سىرتقا چىقىشى ئىدى.
شەھەرنىڭ رابات قىسمىدىكى پۇقرالار ئۇلارنىي كۆرۈپ ۋەھىمىگە چۈشتى. بىر قىسىم كىشىلەر ئالدىراش ئۆيلىرىگە كىرىپ، دەرۋازىلىرىنى تاقاشتى. يۈرەكلىكرەك بولغانلىرى توپ - توپ بولۇشۇپ غۇلغۇلا قىلىشتى.
— نېمە ئىش بولغاندۇ؟
— يەنە ئۇرۇش بولامدىغاندۇ؟
— بېشىمىزغا چۈشىدىغان يەنە قانداق بالا - قازا باردۇ؟
— نېمە بولۇشىمۇ يىراقراق چۆللەرگە چىقىپ ئۇرۇش قىلسا مەيلى ئىدى. شەھەر، يېزىلاردا ئۇرۇشۇپ، پۇقرالارنى ۋەيران قىلمىسا بولاتتى.
ۋەھالەنكى، كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئەندىشىلىرى ئورۇنسىز ئىدى. ئۇرۇشقاقلىقتا نامى چىقىپ قالغان بۇغراخان بۇ قېتىم رەقىبىنىڭ ئالدىغا ئەمەس، بەلكى نەۋرىسى مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئوپالغا كېتىۋاتاتتى.
مۇھەممەد بۇغراخان قاتاللىقتا پېتىپ قالغان ئوردا ئىشلىرىنى ئۆگۈشلۈق بىر تەرەپ قىلالماي، كېچە - كۈندۈز بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ، ئاخىر چارچىدى. ئىلگىرىكى تىنچ ئائىلە تۇرمۇشىنى، خاتىرجەم ئۆتكەن كۈنلىرىنى سېغىنىپ ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئەمدى خاتىرجەملىك يوق ئىدى. پەرىشانلىقتا يۈرۈپ، نەۋرىسى مەھمۇدنى كۆرگۈسى كېلىپ قالدى.
ئوپالدا ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەكلا، خۇددى ھېچ ئىش

بولمىغاندەكلا ئىدى. تەخت ساھىبلىرىنىڭ ئالمىشىشى بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ئەكەلمىگەنىدى. بۇغراخان ئارىق قەلئەسىنىڭ كۆنگۈرىلىك سېپىللىرىنى يىراقتىن كۆرۈشى بىلەنلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئۆتمۈشتىكى بەختىيار چاغلارنىڭ ئىللىق تىنىقلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ، مۇزلاپ كەتكەن ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغاتتى. چىنار ۋە ئاق تېرەكلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭغا شۇنچە گۈزەل كۆرۈندى. ئۇشتۇمتۇت قۇيۇن پەيدا قىلىپ، خازانلارنى پىرقىرىتىپ ئۇچۇرتۇپ كېتىدىغان سوغۇق كۈز شامىلى ئۇنىڭغا شۇنچە ھۇزۇر بېغىشلىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي خان بوۋىسىنى ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا قارشى ئالدى. ئۇنى ئاۋايلاپ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئۆيگە باشلىدى، خۇددى سەبىي بالىنى پەپىلىگەندەك ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن مېھرىبانلىق كۆرسەتتى، چۈنكى ئۇمۇ بوۋىسىنى سېغىنغانىدى.

مەھمۇد سېغىنغانلىقىنى ئېيتقانىدى، بۇغراخان خۇددى باتنىغان كىچىك بالىدەك ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— سېغىنغان بولساڭ نېمە ئۈچۈن كاشغەرگە كەتمەيسەن؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمدا تۇرمايسەن؟ — دېدى ئۇ، — مەن تالاستىن كەلگەندىن بېرى ئاران ئىككى قېتىم مېنى يوقلاپ باردىڭ، بارغاندىمۇ ئىككى - ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرمىدىڭ.

— بۇ گۇناھىمدىن ئۆتكەيسىز، قەدىرلىك خان بوۋا، — دېدى مەھمۇد، — ئادەم چوڭ بولغانسېرى يۈكى ئېغىرلىشىدىكەن. بۇ يەردىكى ئىشلىرىم تولىمۇ بېسىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوردا ئىشلىرى تېخىمۇ بېسىق بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا، سىزنى ئورۇنسىز بىسەرەمجان قىلىشنى خالىمىدىم.

— ئوردا ئىشلىرىنىڭ بېسىق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىكەنسەنغۇ، — دېدى بۇغراخان يېنىككىنە كىنايە تەلەپپۇزى بىلەن، — مۇشۇ كۈنلەردە ئوردىدىكى بىرەر مەنسەپنى ئۈستۈڭگە

ئىلىپ، بىلىمنىڭ بىلەن غەيرىتىڭنى جارى قىلدۇرغان بولساڭ، ماڭا تاغدەك يۆلەك بولاتتىڭ. بۇ ھەقتە ساڭا نەچچە قېتىم ئېغىز ئاچقان بولساممۇ ئۇنىماي كېلىۋاتىسەن.

مەھمۇد بوۋىسىنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن مۇمكىنقەدەر سىلىق سۆزلەشكە تىرىشتى.

— كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ، بوۋا، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — سىز مېنىڭ ئۆز بوۋام. مېنى سىز ئۆزىڭىز تەربىيىلەپ ئۆستۈردىڭىز. ئۆمرۈم بويى خىزمىتىڭىزنى قىلساممۇ ئەجرىڭىزنى ياندۇرالمايمەن. لېكىن، مېنىمۇ ئويلاڭ. مەن ئۆزۈمنى ئىلمىي ئىشلارغا بېغىشلىدىم. توپلانغان قولىيازمىلىرىمنى رەتلەپ، بىر دىۋان يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم، ئوپال مەدرىسىسىدە دەرس ئۆتۈۋاتىمەن. ئوردىغا بېرىپ مەنسەپ تۇتسام، بۇ ئىشلىرىمنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىغا تەسىر يېتىدۇ. باشقا ھەرقانداق ئىشىڭىز بولسا، مانا مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز، لېكىن مۇشۇ ئىشتا مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇپ بەرسىڭىز.

بۇغراخان غەمكىن كۈلۈمسىرىدى.

— چۈشەندىم، بالام، چۈشەندىم، — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — بۇرۇندىنلا شۇنداق دەپ كېلىۋاتىسەن. بولدى، بۇ ھەقتە سۆزلىمەيلى. مەن بۇ ئىش بىلەن كەلمىدىم، بىرنەچچە كۈن بىللە بولۇپ، دىدارىڭغا قېنىۋالاي دەپ كەلدىم، بالام.

بۇرۇنقى سۈرلۈك، قەيسەر بۇغراخان ئەمدى يوق ئىدى. مەھمۇدنىڭ ئالدىدا مىسكىن، ياۋاش بىر بوۋاي مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. «قېرىپتۇ، بىچارە بوۋام» دەپ ئويلىدى مەھمۇد ۋە ئۇنىڭ يۈرىكى پەرزەنتلىك مېھرىنىڭ تەپتىدىن گويا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى.

— بوۋا، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — گېپىڭىزگە كىرمەي ئۆز سۆزۈمدە چىڭ تۇرغانلىقىمنى كەچۈرگەيسىز، گۇناھىمدىن ئۆتكەيسىز.

بۇغراخان يەنە بايىقىدەك مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ

قويدى .

بۇ گەپ شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى . بۇغراخان ئوپالدا تۆت ـ بەش كۈن تۇردى . شۇ جەرياندا مەھمۇد بوۋىسىنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلمىدى . بۇغراخان كېچىلىرى مەھمۇد بىلەن مۇڭداشتى ، كۈندۈزلىرى ئاتقا مىنىپ ، ئوپالنىڭ جاي ـ جايلىرىنى كېزىپ سەيلە قىلدى . ئۇ قارىماققا بەك قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ ، تېخى كۈچىدىن قالمىغانىدى . ئاتقا ئۆزى مىنىپ ، ئېگەر ئۈستىدىن كۈن بويى چۈشمىسىمۇ هارمايتتى . مەھمۇد ئۇنى هارۋىغا ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ ، ئۇنىماستىن ، گاھ ئاتلىق ، گاھ پىيادە يۈرۈپ ، مەھمۇدنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەدرىسە ۋە كۇتۇپخانىنى زىيارەت قىلدى .

ئاخىردا مەھمۇد بوۋىسىنى نورۇزبۇلاق تۆپىلىكىگە باشلاپ چىقتى . بۇ يەردە يېڭىدىن سېلىنغان خېلى چوڭ بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى .

— بۇ يېڭى مەدرىسە ، — دەپ چۈشەندۈردى مەھمۇد ، — تېخى يېقىندىلا سېلىنىپ بولدى . قىش كىرگۈچە كونا مەدرىسىدىكى تالىپلارنى مۇشۇ يەرگە يۆتكەپ كەلمەكچىمەن .

بۇغراخان بۇ يېڭى مەدرىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆردى . مەھمۇد ئۇنى ئۇ خانىدىن بۇ خانىغا باشلاپ كۆرسەتتى ۋە چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ تۇردى :

— بۇ تالىپلارنىڭ ياتىقى... بۇ دەرسخانا... بۇ كۇتۇپخانا... بۇ ئاشخانا... بۇ سەرەپ...

بۇ مەدرىسە گەرچە كاشغەر مەدرىسىلىرىدەك ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ ، ئۆزگە يارىشا ئازادە ۋە كۆركەم ئىدى . بېزەكلىرى ھەتتا ساچىيە مەدرىسىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئىدى . تاملىرىغا ئاق گەجدىن قاپارتما نەقىشلەر ئىشلەنگەن ، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىدىكى ئويما نەقىشلەر ھەر خىل رەڭلەردە سىرلانغان .

بۇغراخان رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ ماختىدى :

— كۆركەم ئىمارەت بوپتۇ ، ياخشى لايىھىلىنىپتۇ .

ئىمارەتنى كۆرۈپ بولۇپ، قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۇ سورىدى:

— قورۇلۇشىنىڭ چىقىمى ئۈچۈن سېلىق يىغدىڭمۇ؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇد، — ئۆز يېنىمدىن چىقاردىم.

بۇغراخان يەنە بېشىنى ئىرغىتتى.

— ساۋابلىق ئىش قىلىپسەن، بالام.

ئۇلار ئازىق قەلئەسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەھمۇد بوۋىسىنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان بىر ئىشتىن سۆز ئاچتى:

— سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، بوۋا، خوپ كۆرەرسىزمىكىن.

— قېنى ئېيتقىن، نېمە گەپ؟

— مەن خاس قۇلۇم تۇرۇمتاينى هۆرلۈككە چىقارسام دەيمەن. سىزمۇ ئۇنى تونۇيسىز. ئۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ باشتىن - ئاياغ بىزگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنى قۇلدەك ئەمەس، ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسىدەكلا كۆرىمەن. كارۋان بىلەن يۇرت ئارىلىغان سەپىرىمدە ئۇ مېنىڭ قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولۇپ، پەم - پاراسەتتىمۇ، كۈچ - غەيرەتتىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى. قىپچاق چۆلىدە قاراقچىلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىغان چېغىمىزدا، ئۇ مېنى كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالغان ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش ھەققىدە ئارسلانخانغا ئىلتىماس قىلغانىدىم، لېكىن ئارسلانخان رازىلىق بەرمىدى. خان بوۋا، شۇ قۇلنى هۆرلۈككە چىقىرىش ھەققىدە بىر پارچە هۆججەت يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز، تىلىكىم ئىجابەت بولاتتى.

بۇغراخان بىرئاز ئويلىنىپ قالدى.

— قۇللارنىڭ ئۆز خوجايىنىغا سادىق بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئاللا

ئالدىدىكى بۇرچى ، — دېدى ئۇ ، — ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ . ئەلمىساقتىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ . ئەزىز بەندىلەر بىلەن پەس بەندىلەرنىڭ پەرقى بولۇشى كېرەك ـ دە . چاپاننىڭمۇ ياقىسى يۇقىرىدا ، پەش ، ئېتەكلىرى پەستە بولىدۇ . بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ ؟ بىر قولغا ھۆرلۈك بەرسەڭ ، باشقا قۇللارنىڭمۇ قورسىقىغا جىن كىرىدۇ . ھەممىسى ھۆر بولۇشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ . ئۇنداق بولغاندا ، قۇللارنى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالىسەن . ھەممە قۇللارغا ھۆرلۈك بەرگىلى تۇرسام ، بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە قول كېرەك بولمامدۇ ؟

— ئارسلانخانمۇ شۇنداق گەپلەرنى قىلغانىدى ، — دېدى مەھمۇد قايىل بولمىغان ئاھاڭدا ، — مەنمۇ ھەممە قۇللارنى قويۇپ بېرەيلى دېمىدىمغۇ . تۇرۇمتاي باشقا قۇللارغا ئوخشىمايدۇ . ئۇنىڭ خەت ـ ساۋاتى بار ، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ، ئۆزى باتۇر ، مېنى قىلىچ ، نەيزە تۇتقان قاراقچىلارنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى . شۇ چاغدا تۇرۇمتاي بولمىغان بولسا بەلكىم سىز بىلەنمۇ بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرالمىغان بولار ئىدۇق . بۇ تۇرۇمتاينىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ھېسابلانمامدۇ ؟

بۇغراخان خېلىغىچە شۈك بولۇپ قالدى . ئۇ نەۋرىسىنىڭ شۇ قەدەر ئەستايىدىل سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرغۇسى كەلمىدى .

— بىزنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنىمىزدا قۇللار جەڭ مەيدانىدا خىزمەت كۆرسەتسە قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىدۇ ، — دېدى ئۇ ، — تۇرۇمتاي چوڭ جەڭلەردە بولمىغان بولسىمۇ ، قاراقچىلارغا زەربە بېرىشتە باتۇرلۇق قىلىپتۇ ، سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ . بۇنى ئۇنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى دېيىشكە بولىدۇ . ماقۇل ، بالام ، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن . تىلىكىڭ شۇ بولسا ، ھۆججەت يېزىپ بېرەي . قېنى ، قەغەز ، قەلەملىرىڭنى كەلتۈرگىن .

بۇغراخاننىڭ چىرايى ، گەپ ـ سۆزلىرى ، ئۆزىنى تۇتۇشى شۇ قەدەر ياۋاش ، كەمتەر ۋە مىسكىن بولۇپ قالغانىدىكى ، مەھمۇد

ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئىچىنغان سىياقتا قاراپ قالدى . «بوۋام ئۆزگىرىپتۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ . بۇرۇن بۇنداق ئەمەس ئىدى . ئۇردا ماجىراسى بىچارىنىڭ ھالىنى خاراب قىلىپتۇ» .

ھۆججەت يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇغراخان گەپنىڭ ماۋزۇسىنى باشقا تەرەپكە بۇردى .

— بولدى ، بۇ گەپنى قويايلى ، — دېدى ئۇ ، — بۇ يەرگە كېلىشتە ساڭا دېمەكچى بولغان گېپىمنى تېخى دېمىدىم . مەن ئاتاڭنى چاقىرتىپ ، بارسغانغا مەخسۇس يارلىق بىلەن چاپارمەن ئەۋەتتىم . بالام خاقانلىق تەختىنى ئاتاڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچىمەن . مەن قېرىپتىمەن ... قىيىنچىلىقلار كۆندىن - كۈنگە تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ . مەن بەرداشلىق بېرەلمىدىم . ئەمدى بۇ ئىشلارنى ھۆسەيىن كېلىپ قولىغا ئالسۇن . ئۇ ساغلام ، ئىقتىدارلىق ئادەم بولدى . بارسغاننى بەك ياخشى باشقۇرۇپ كەلدى . ئۇ مەن قىلالمىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ . تاج ۋە تەختنى قولىغا ئالسا ، پېشكەللىكلەرنى يېڭىپ ، ھەممە ئىشلارنى ئىزىغا چۈشۈرەلەيدۇ .

مەھمۇد تاسادىپىلىق ھېس قىلغانلىقتىن ، بوۋىسىغا «يالت» قىلىپ قارىدى .

— ئاتام رازى بولدىمۇ ؟ — سورىدى ئۇ .

بۇغراخان «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلەپ ، بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى .

مەھمۇد جىم بولۇپ قالدى . بىر ئەسنادىن كېيىن ئۇ :

— ئارسلانخاننى قانداق قىلماقچىسىلەر ؟ — دەپ يەنە سورىدى .

بۇغراخان ئۆزىنى ئازابلايدىغان بۇ سوئالنى ئاڭلاپ ، خۇددى بىر يېرى ئاغرىپ كەتكەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى .

— ئارسلانخاننى نېمىمۇ قىلاتتۇق ؟ — دېدى ئۇ ، — بارلىق مال - دۇنياسىنى قولىغا بېرىپ ، مەككىگە يولغا سېلىپ قوياي

دېسەم كاجلىق قىلىپ ئۇنىمايۋاتىدۇ. بىلگۈچىلىكى بولسا، ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياغلىرى تەگكەن مۇقەددەس يەرلەردە ماكانلىشىپ قالسا، ئۆزىگە ياخشى بولاتتى. ئەمدى ئاتاڭ ھۇسەين خاقان بولىدۇ. قانداق قىلىشنى شۇ ئۆزى بىلەر.

— ئاتام خاقان بولغاندىن كېيىن سىز قانداق قىلىسىز؟ — مەھمۇد ئېھتىيات بىلەن سوراپ باقتى.

— يەنە تالاسقا كېتىمەن، — دېدى بۇغراخان، — بۇ يەرنىڭ ماجىراسىدىن جاق تويدۇم. تالاسقا بارغاندىن كېيىن بۇ ۋاپاسىز دۇنيانىڭ تۈگىمەس غوۋغالىرىدىن خالىي بولۇپ، ئىبادەتنى قولدىن بەرمەي، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئاللاغا سېغىنىش بىلەن ئۆتكۈزەي دەيمەن.

شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسى ھۇسەين ئارسلان ئىلىكخان بارسىغاندىن كاشغەرگە كېلىپ، بۈيۈك قاراخان بولۇش ئالدىدا تۇراتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي خىيال سۈرۈپ قالدى: «ئەمدى يەنە قانداق ئىشلار بولار؟ كاشغەر تەختىنىڭ ئۈستىدە تەقدىرنىڭ كۆرسىتىدىغان يەنە قانداق كۈنلىرى باردۇ؟»

# ئون توققۇزىنچى باب

## كاشغەر ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار

مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ چوڭ خانىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىگەنىدى. ئۇ ئوغلى ھۈسەيىن تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن چاغدىلا تۇغۇت ئۈستىدە ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ھازىر ئاق ساقاللىق بۇغراخاننىڭ ئىلكىدە ئۆزىدىن خېلى كىچىك بولغان، تېخى چاچلىرىغا ئاق كىرمىگەن كىچىك خانىشى بار ئىدى.

چاكارلار بۇ خانىشتىن بەك قورقاتتى. ئەگەر كىمدەكىم ئۇنىڭ بۇيرۇغان ئىشىنى دەل ۋاقتىدا ۋە ئەينەن ئورۇندىيالمىسا كۆرگۈلۈكىنى كۆرەتتى. بۇ خانىش كۆڭلىگە ياقمىغان ئادەمگە رەھىم - شەپقەتنى كۆرسەتمەيتتى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ھېيىقاتتى. ئۇ كىم بىلەن ئۆچەكىشىپ قالسا، بارلىق چارە - تەدبىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەدىپىنى بەرمەي قويمايتتى، ھەتتا بىر قىسىم دۆلەتمەن ئەر تۇغقانلىرىمۇ ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرسە ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى.

ئىچكى دۇنياسى مۇرەككەپ بولغان بۇ خانىش باشقىلارغا شۇنچە سۈرلۈك كۆرۈنگىنى بىلەن ئېرىگە يېقىملىق كۆرۈنۈشنى بىلەتتى. مۇز چىرايىنى بۇغراخاننىڭ ئالدىدا بىردەمدىلا كۈلۈپ تۇرغان پەرىشتىنىڭ مەسۇم چىرايىغا ئۆزگەرتەلەيتتى. شۇڭا، بۇغراخانمۇ بۇ خانىشىغا ئالەمدىن ئۆتكەن باشقا خانىشلىرىغا قارىغاندا بەكرەك ئىخلاس قىلاتتى.

بۇغراخان ئورۇنباسار خان بولۇپ، تالاسقا كۆچۈپ بارغاندىن

كېيىن بۇ خانىش «ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم» دېگەن نام بىلەن ئىززەتلىنىپ ئاتىلىدىغان بولغانىدى.

ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم ئاخىرقى كۈنلەردىن بېرى بۇغراخانغا ئارام بەرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇغراخاننىڭ ئۇنىڭسىزمۇ پاراكەندە بولۇپ تۇرغان كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلاتتى. ئۇ بۇغراخاننىڭ خاقانلىق تەختىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەينگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىنى ئۇققاندىن كېيىن خۇددى كۆكۈيۈن چاققان بايتالدەك تېپىرلاپ كەتتى. ھۈسەين ئۇلۇغ ئالتۇن تارىمغا ئۆگەي. ھالبۇكى، ئۇلۇغ ئالتۇن تارىمنىڭ ئۆز ئوغلى بار ئەمەسمۇ!

دەرۋەقە، مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ئەنە شۇ كىچىك خانىشتىن تۇغۇلغان ئىبراھىم ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم ئەنە شۇ ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنى تەخت ۋارىسى قىلىش كويىدا بارچە ئامالنى ئىشقا سېلىپ، جىددىي ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. ئۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قەبىلىۋازلىق ۋە يۇرتۋازلىق ئەقىدىلىرىدىن پايدىلىنىشنى كۆزلىدى.

شۇنى ئېيتىش لازىمكى، مۇھەممەد بۇغراخان ۋە ھۈسەيننىڭ ئانىسى ياغما قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم بولسا، قارلۇق قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى قارلۇقلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى، يەنى يابغۇ ئىدى. شۇڭا، بۇغراخان ئوردىسىدىكى قارلۇقلاردىن بولغان بىر قىسىم ئەمەلدارلار ئۇلۇغ ئالتۇن تارىمنىڭ تەخت دەۋاسىغا ئاۋاز قوشتى. ئۇلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بۇغراخاننىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇردى. لېكىن، بۇغراخان ئۇلارنىڭ تەختنى ئىبراھىم تېگىنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى گەپلىرىنى قەتئىي رەت قىلدى.

— بۇنداق بولمىغۇر قۇرۇق گەپلەرنى ئىككىنچى تىلغا ئالغۇچى بولماڭلار! قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دەپ قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ.

ئەمەلدارلار بۇنداق ۋارقىراشتىن جېنى چىققۇدەك قورقۇپ

كېتىشتى ۋە خۇددى تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كەتكەن چاشقانلاردەك بۇغراخاننىڭ ئالدىغا ئىككىنچىلەپ بۇنداق گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كىرمەيدىغان بولۇشتى.

ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم ئەمەلدارلارنى كۇشكۇرتۇپ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كېيىن شەخسەن ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ كېچىلىرى بۇغراخانغا ئۇيقۇ بەرمەي، قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ كەتتى.

— ئىبراھىممۇ ئۆز ئوغلىڭىزغۇ، — دەيتتى ئۇ بىردەم ئەركىلەپ، بىردەم يىغلاپ، — ئۇنىڭمۇ ئىستىقبالىنى ئويلىسىڭىز بولامدۇ. ھۇسەيىن سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدە ئىلىكخان بولدى. لېكىن، ئىبراھىم مۇشۇ ۋاقىتچە نام - نىشانسىز بوينىنى قىسىپ يۈرىدۇ...

بۇغراخان دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇنىڭ كوتۇلداشلىرىنى بۆلۈۋەتتى:

— تولا كاپشىما! سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ بۇ سېنىڭ باش قاتۇرىدىغان ئىشىڭ ئەمەس. ھۇسەيىن بىلەن ئىبراھىم بىر ئاتىدىن بولغان قېرىنداشلار. ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مېنىڭ ئىشىم. ھۇسەيىن خاقان بولىدۇ، ئىبراھىم ۋەزىر بولۇپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ئالتۇن تارىمنىڭ ئاغزى تۇۋاقلاندى. ئۇ بۇغراخانغا يەنە بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىسە دەككىسىنى يەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنداقتىمۇ ئۇ نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇ قىلىمەن دېگەن ئىشىدىن ئۇنداق ئاسانلا ۋاز كېچىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. «ئەمدى باشقىچە يول تۇتمىسام بولمىغۇدەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — قارلۇق ئەمەلدارلىرى كارغا كەلمىدى. بۇغراخاننى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولمىدى. ئەمدى ئۆزۈم... قېنى، كۆرىمىز تېخى! چۈجىنى كۈزدە سانايمىز».

ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم شۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندە كۆزلىرى ئاجايىپ بىر خىل ئۆتكۈر نۇر بىلەن چاقناپ كەتتى.

مۇبادا كىمدەكىم شۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كۆرگەن بولسا، تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتكەن بولاتتى.
بۇغراخان ئۇپالغا كەتكەن كۈنىلا بۇ تىنىم تاپمايدىغان خانىش دەرھال ئوغلى ئىبراھىمنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى.
ھايال ئۆتمەي ئىبراھىم كىرىپ ئانىسىغا تەزىم قىلدى. بۇغراخاننىڭ قىرىغاندا تاپقان بۇ ئوغلى تېخى ئەمدىلا يىگىرمە بىر - يىگىرمە ئىككى ياشلارغا كىرگەن بولۇپ، ئانىسىنىڭ جان كۆيدۈرۈپ باققانلىقىغا قارىماي، ئاجىز، كېسەلچان ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم بۇ يالغۇز ئوغلىنىڭ سالامەتلىكىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى ئۆزى بۇيرۇپ، ئۆزى نازارەت قىلاتتى. بادام، ياڭاق، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەردىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر، باغدا باققان پاقلان گۆشىنىڭ شورپىسى، قارىغايلىق ئورمانلاردا قاپقانغا چۈشكەن كېيىك گۆشىنىڭ كاۋاپلىرى، كۆكئارت تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز قارلىق چوققىلىرىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن ئۇلار گۆشى سېلىنغان تائاملار، غاز، ئۆردەك چۈجىلىرىدىن تارتىپ كۆك كەپتەرنىڭ باچكىسىغىچە ... ئىشقىلىپ، ئىنسانغا پايدىلىق دەپ ئاتالغانلىكى نەرسە بولسا، ھەممىسى ئىبراھىم تېگىنىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلەتتى. ئوردا تېۋىپلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تۈرلۈك - تۈمەن دورىلارنى ياساپ، بار ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ بولدى. لېكىن، بۇ ئەتىۋارلىق تېگىننىڭ يەنىلا بولۇشى شۇ — جۇدەڭ ۋە سولغۇن ئىدى.
ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم ئۆزىنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ ئېگىلگەن ئوغلىنىڭ قولىدىن تارتىپ، يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.
— ئەھۋالىڭ قانداقراق، بالام؟ — دەپ سورىدى خانىش، — تۈنۈگۈن تاۋىم يوق دەپ ياتاتتىڭ، ئوڭشىلىپ قالدىڭمۇ؟
— ياخشى بولۇپ قالدىم، ئانا، — دەپ جاۋاب بەردى ئىبراھىم تېگىن، — ھېلىقى ئۇدۇندىن كەلگەن تېۋىپنىڭ دورىلىرى ئوبدان پايدا قىلدى. تېۋىپلار ئۇيەدە كۆپ ئولتۇرماس-

تىن ، ھاۋالىق جايلارغا بېرىپ ، سەيلە ـ سایاھەتتە بولسىڭىز ، تەن ساقلىقىڭىز ئۈچۈن مەنپەئەتتى بولىدۇ دەيدۇ . شۇڭا ، ئەتە ئارتۇچقا بېرىپ ، ھەزرىتى ساتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلغاچ بىرنەچچە كۈن ئويناپ كېلەيمىكىن دەۋاتىمەن .

ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم ئوغلىغا قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ، ئاندىن ئانىلىق مېھرى بىلەن كۆيۈنگەن ئاھاڭدا دېدى :

— تېۋىپلارنىڭ ئېيتقىنىنغۇ توغرا. بىراق ھازىر نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ؟ مۇشۇنداق غەم يېمەي يۈرۈۋېرەمسەن ؟

ئىبراھىم كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، تەئەججۈپ ئارىلاش نەزىرى بىلەن ئانىسىغا قارىدى .

— نېمە ئىش بولدى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بالىلارچە ساددىلىق بىلەن .

— نېمە ئىش بولدى دەيسەنغۇ . ئەتە ـ ئۆگۈن ھۈسەين كېلىدۇ . بۇنى ئويلاپ قويدۇڭمۇ ؟

— ئاكام كەلسە كەلمەمدۇ ، بۇنىڭ ئويلايدىغان نېمىسى بار ؟

ئالتۇن تارىمنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى .

— يائاللا ، قاچانمۇ چوڭ بولۇرسەن ، ئىبراھىم ! قاچانمۇ ئەقلىڭنى تاپارسەن ! — دەپ تەكرار ـ تەكرار خىتاب قىلدى ئۇ ئەلەم قىلغان تەلەپپۇزدا .

ئىبراھىم تېگىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ، ئۇنىڭغا قارىغىنىچە ئۇن ـ تىن چىقارمىدى .

— بولدى ، چىق ، ئىشىڭنى قىل ، — دېدى خانىش ئوغلىغا تەتۈر قاراپ .

ئىبراھىم ھاپىلا ـ شاپىلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، ئۆزۈن كىمخاب تونىنىڭ پەشلىرىگە پۇتلىشىپ چىقىپ كەتتى .

ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم تەنھا ئۆزى خۇددى قېتىپ قالغاندەك ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى .

ئىبراھىم تېگىن ئەتىسىلا ئۆزىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ھەقەمسايىلىرىنى باشلاپ ئارتۇچقا كەتتى . ئۇنىڭ

ھەقەمسايىلىرىنىڭ ئىچىدە پىچىۋېتىلگەن بىر كۆسا بېدىكمۇ بار ئىدى . ياش قۇرامىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بۇ كۆسا نازىنىن ئويۇنچى قىزلارنى تېپىپ كېلىشكە ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن ئىبراھىمغا يېقىپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئويۇن - تاماشىلاردا ئىبراھىم ئۇنى يېنىدىن ئايرىمايتتى . ئۇلۇغ ئالتۇن تارىمنىڭ بۇ ئەركە ئوغلى ئۆزىنىڭ كېسەلچانلىقىغا باقماي ، ئايال جىنسلىق ئوتى يامان بەندىلەرگە بەكمۇ ئامراق ئىدى . ئۆز نىكاھىدىكى ئىككى خوتۇنىغا قانائەت قىلماي ، پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان ئىشرەت سورۇنلىرىدا ھەر يۇرت ، ھەر قەبىلىدىن چىققان «ئاي قىز» ، «گۈل قىز» ، «ناۋات قىزلار»نى يار تۇتاتتى .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ئارتۇقچا كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى كۆسا بېدىك يەنە «ئانار گۈلدەك» ، «شاپتۇل چېچىكىدەك» ئىشرەتۋاز چوكانلارنى تېپىپ كەلدى . بەزمە - تاماشىلار قىزىپ كەتتى . ساز ، ناخشا - ئۇسسۇللار ئەۋجىگە چىقتى . بۇغداي شارابى ، ئۈزۈم شەربىتى ، قۇلماق ئىچىملىكلىرى زىيادە مول بولدى . ھالبۇكى ، ئىبراھىم تېگىن مەجۇنى مەسھانىڭ كەيپىنى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى . ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ھېكمەتلىك بولاقتەك ئۇرغۇتۇپ ، خۇشاللىق بىلەن خاپىلىقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان بۇ كارامەت يېمەكلىك ئۇنى مەۋجۇدىيەت دۇنياسىدىن روھىي دۇنيا يۈكسەكلىكىگە ئاچىقاتتى .

بىراق ، شەھۋەتپەرەس تېگىن بۇ قېتىم ئارتۇقچا كېلىپ ئارماندا قالدى . كۆسا بېدىك تېپىپ كەلگەن نازىنىن بىلەن پۇخادىن چىققۇچە بىللە بولالمىدى . مەجۇنى مەسھا دەپ ئاتالغان كارامەت يېمەكلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ ، يۈرەكلەرنى ئېرىتىۋەتكۈدەك خۇلقى چىققان شۇ ئىشقۋاز چوكان بىلەن بىر كېچىنى ھوزۇرلىنىپ ئۆتكۈزدى - دە ، يەنە بىر قېتىم ھوزۇرلىنىشقا ئۈلگۈرەلمىدى .

كۆتۈلمىگەندە كاشغەردىن چاپارمەن كەلدى . مۇھەممەد بۇغراخان ئىبراھىم تېگىنگە دەرھال ئوردىغا قايتىپ كېلىشنى بۇيرۇغانىدى . ئامال قانچە ! ئىبراھىم تېگىن خۇلقى - نازى بىلەن

ئۇنى ئۆزگە باغلىۋالغان ھېلىقى چوكاننىڭ مىلىق - مىلىق تەنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ھەسرەتلەنگەن ھالدا كاشغەرگە قايتتى .

مۇھەممەد بۇغراخان ئوپالدىن قايتىپ كېلىپلا ئوردا ئەھلىنى يىغىپ مەجلىس ئاچتى . مەجلىستە ئۆزىنىڭ تاج ۋە تەختىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەينگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىنى رەسمىي ئۇقتۇردى . ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار : «خاقاننىڭ ئەمرى ۋاجىپ ، بۇغراخان ئالىيلىرى نېمىنى بۇيرۇسا شۇنى قىلىمىز ، بۇنىڭدىن كېيىن ھۈسەينگە سادىق بولۇپ خىزمەت قىلىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى . ئىبراھىم تېگىن يا ئۇنداق ، يا مۇنداق دېمەستىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى . بۇغراخان ئۇنىڭغا قاراپ «كۆڭلىدە باشقىچە ئويى بارمۇ ؟ نارازىلىقى بارمۇ ؟» دەپ ئويلاپ ئەنسىرەپ قالدى . شۇڭا ، مەجلىستىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلەشتى .

ئەسلىدە ئىبراھىم تېگىن مەجۇنى مەسھانىڭ كارامىتىنى كۆرگەن ھېلىقى كېچىدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ ، مەجلىستە بولۇۋاتقان گەپلەرگە ئانچە قىزىقمىغانىدى . «ئاتام خاقان بولامدۇ ، ئاكام خاقان بولامدۇ ، مەن ئۈچۈن بەرىبىر . بۇ مەن باش قاتۇرىدىغان ئىش ئەمەسىدى» دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە . تېگىننىڭ باشقىچە ئويى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن بۇغراخاننىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى .

ۋەھالەنكى ، بۇغراخاننىڭ خانىشى خاتىرجەم بولمىدى . ئۇ ئوغلىنى ئۆز ھۇجرىسىغا چاقىرتىپ كىرىپ ، كايىغىلى تۇردى :

— مانا ئاخىر مەن دېگەندەك بولدىمۇ ؟ ئاتاڭنىڭ مەجلىستە نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانسەن ؟ تېخىچىلا مۇشۇنداق بېشىڭنى ئېچىڭگە تىقىپ يۈرۈۋېرەمسەن ؟

— نېمە دەۋاتىسىز ، ئانا ؟ — دېدى ئىبراھىم بىزار بولۇپ ، — مۇشۇ گەپ بىلەنلا بولۇپ قالدىڭىزغۇ .

— ھەي قاپاق باش ، ھۈسەين ئاللىقاچان بارسغاندىن يولغا

چىقتى . ئەتە ـ ئۆگۈن كاشغەرگە يېتىپ كېلىپ خاقان بولىدۇ .
— بولسا بولمامدۇ . ئۇ مېنىڭ ئاكامغۇ . ئانا بۆلەك بولساقمۇ ئاتا بىرغۇ .
— ئەقلىڭ بولسا ئويلاپ باق . ئاتاڭمۇ سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن ئاتا بىر ، ئانا بۆلەك قېرىنداش . مانا ھازىر ئۇلار نېمە بولۇشتى ؟ ئاتاڭ ئارسلانخاننى ئاكام دەپ ئاياپ قويمىدىغۇ . ھۈسەين خاقان بولسا سېنى ئىنىم دەپ ئاياپ قويارمۇ ؟ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ساڭا قول سالمايدۇ دېگىلى بولامدۇ ؟
بۇ گەپلەر ئىبراھىم تېگىنگە ئۇنۇملۇك تەسىر كۆرسەتتى . ئۇ ئانىسىنىڭ ئاغزىغا چەكچىيىپ قارىغىنىچە ئويلىنىپ قالدى ، بىرنېمە دېيىشكە تەمشەلدىيۇ ، يەنە گەپ قىلالماستىن پەسكە قارىدى .
— ئويلاپ باق ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ ، — مەنغۇ يەيدىغىنىمنى يەپ ، كۆرىدىغىنىمنى كۆرۈپ بولدۇم . ھاياتتىن كۈتىدىغان ئارتۇقچە تەلىپىممۇ يوق . مەن سېنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىمەن ، بالام ئىبراھىم ، سېنىڭ ئىستىقبالىڭنى ئويلاۋاتىمەن ...
— ئەمىسە... — ئىبراھىمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى ، — ئەمىسە قانداق قىلسام بولىدۇ ؟
— سەن بەخىرامان يۇرگىنىڭ بىلەن ، مەن ھەممە ئىشنى توغرىلاپ قويىدۇم ، — دېدى خانىش ، — رەھمەتلىك ئاتامنىڭ يېقىن ئادەملىرى ھالىمغا يەتتى .
ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ ، ئۇزاققىچە پىچىرلاشتى .

※ ※

ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخان ئاتىسى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قىش كىرىپ قالغانلىقىغا

قارىماي ، تۆت مىڭ كىشىلىك خىللانغان قورۇقچى قوشۇنىنى باشلاپ بارسغان شەھىرىدىن ئاتلىنىپ چىقتى .
بۇغراخاننىڭ يارلىقىدا يېزىلىشىچە ، كاشغەرنىڭ ۋەزىيىتى جىددىي بولۇپ ، سەلتەنەت بوھرانغا يۈزلەنمەكتە ئىدى . ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئىلىكخانلار ئوردا بىلەن داۋاملىق قارشىلاشماقتا ، ئۇدۇندىكى ئارسلان تېگىن بىلەن ھەسەن تېگىننىڭ قوشۇنلىرى كۆن ئارىلاپ دېگۈدەك بۇغراخان قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرماقتا ئىدى . باج ، سېلىق يېغىشقا ئامال بولمايۋاتىدۇ . خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتىدۇ . ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ تىنچ ئەمەس . يوشۇرۇن سۇيىقەستلەرنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى چوڭ . بۇغراخان قىيىن ئەھۋالدا قالغاندى . شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇسەين تېزلىكتە كاشغەرگە كېلىپ خاقانلىق تەختىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە خەۋپلىك ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ ، سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئىزغا سېلىشى كېرەك ئىدى .
شۇنداق قىلىپ ، قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھۇسەين قەدىناس خانىشى بۇبى رابىيە بىلەن كاشغەرگە يېتىپ كەلدى . مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئوردىغا چاقىرتىلغانىدى . ئۇ ۋەزىر ۋە سەنگۈنلەر بىلەن شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئاتىسى بىلەن ئانىسىنى كۈتۈۋالدى . ئۇلار بۇغراخان خانىدانىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقانلار سالامغا كىرىپ ، ھال - ئەھۋال سوراشتى .
ھۇسەين ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن كېلىپ ئۆگەي ئانىسىغا تەزىم قىلدى .
— تىنچ تۇردىڭىزمۇ ، ھۆرمەتلىك ئانا ؟
ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم ئۇنى كۆرۈشى بىلەن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ دەرھال چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى .
— خۇش كېلىپسىز... — ئۇ پەقەت شۇ گەپنىلا ئاغزىدىن ئاران چىقىرالىدى .
بۇبى رابىيە ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىشقا تەمشەلدىيۇ ، توختاپ

قالدى ۋە سەل ئوڭايسىزلانغان هالدا چوڭقۇر ئىگىلىپ تەزىم قىلدى ، چۈنكى ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم ئانىلاردەك ئىش قىلمىدى ، ئۇنى قۇچاقلىمىدى ، سۆيمىدى .

— قۇتلۇق بولۇڭ ، ئۇكە تەگىت ، — دېدى هۇسەين ۋە ئىبراهىمنى قۇچاقلىدى . لېكىن ، ئۇ سوغۇق بىر تاش بۇتنى قۇچاقلىغاندى . ئىبراهىم خۇددى هودۇقۇپ قالغاندەك بىر قىسما بولۇپ هەرىكەت قىلمىدى ؛ بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىپ ، ئاغزىنى ئاچقان بولسىمۇ ، زۇۋان چىقمىدى .

هۇسەين هاردۇق چىقارغاچ ئانىسى بىلەن سۆهبەتلىشىپ ۋە ئەهۋال بىلەن تونۇشۇپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى .

— مەن قېرىپتىمەن ، ئوغلۇم ، — دېدى بۇغراخان ، — بۇ مالىمانچىلىقلارنى ئوڭشاشقا قۇربىم يەتمىگۈدەك . بارلىق ئۈمىدىم سەندە قالدى . كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ، جەمەتىمىزنىڭ ۋە ئوردا ئەهلىنىڭ ئالدىدا تەختنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرەي .

هۇسەين ئانىسى بىلەن قىلىشىدىغان گەپنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئوغلى مەهمۇد كاشغەرىينى دەرگاهىغا چاقىردى .

— ئەهۋال ئاتام ئويلىغاندىنمۇ مۇرەككەپ ئىكەن ، — دېدى هۇسەين ، — ئۇلۇغ ئالتۇن تارىمنىڭ توغقانلىرى ۋە بىر قىسىم قارلۇق سەنگۈنلەر ئىسيان كۆتۈرۈشنى قەستلەۋېتىپتۇ . بۇ خەۋەرنى قارلۇقلار ئىچىدىكى بىزگە سادىق بولغان بىر ئەمەلدار ماڭا خۇپىيانە هالدا يەتكۈزۈپ قويدى .

مەهمۇد كاشغەرىي ئېغىر خورسىندى .

— قاچانغىچە ئەقلىمىزنى تاپمايمىز ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ، — مەن بوۋام بۇغراخاننىڭ ئۆكتە قوپۇشىنىمۇ باشتىلا قوللىمىغانىدىم ، لېكىن بولغۇلۇق بولدى . ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى كار قىلمىدى . هۆكۈمدارلار ۋە مەنسەپدارلار يۇرت ، قەبىلە سۈرۈشتۈرۈپ جېدەل قىلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ماهىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ تار شەخسىي مەنپەئىتىنى ئومۇمىي خەلق مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن قويغانلىق . بىز

خەققە ھەر بالا كەلسە مۇشۇ قەبىلىۋازلىق ، يۇرتۋازلىق كېسىلىدىن كېلىدۇ . بۇ كېسەلنى ۋاقتىدا ساقايتمىساق ، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىز ۋەيران بولۇپ تۈگىشىدۇ . ئۇ قەبىلە ، بۇ قەبىلە ، ئۇ يۇرتلۇق ، بۇ يۇرتلۇق دەيدىغان نادانلىقىمىزنى تاشلىمىساق ، ھايات يولىدا يىراققا بارالمايمىز ، ھەرقانچە كۈچەسەكمۇ قىردىن ئاشالمايمىز .

— توغرا دەيسەن ، — دېدى ھۇسەين ، — لېكىن ھازىر بۇ مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشقا ۋاقىت يوق . يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان پاراكەندىچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك . ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ، كاشغەردە چوڭ چاتاق چىقمايدۇ . خەۋپ كەلسە ، ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىۋاتقان بىر قىسىم قارلۇق بەگلىرىدىن كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشنى ساڭا تاپشۇرىمەن .

— ماقۇل ، — دېدى مەھمۇد ئىلاجسىزلىقتا .

ھۇسەين سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— سەن دەرھال ئاتلىنىپ چىقىپ ، ئوپال بىلەن ئارتۇچنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۇرۇق - ئايماقلارنى قوراللاندۇرۇپ ، سەپەرۋەر قىل ، ئاندىن ئارتۇچتىكى مۇنتىزىم قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ شۇ سۇيىقەستچى بەگلەرنىڭ يولىنى توسۇپ تۇر .

— خوپ ، — دېدى مەھمۇد ۋە ئارقىدىنلا سورىدى ، — بارسغاندىكى ئىشلار قانداق ؟ ئۇ يەردە ياغمالار ئاز ، قارلۇقلار بىلەن چىگىللەر كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇغۇ .

— بارسغاندا چاتاق يوق ، — دېدى ھۇسەين ، — ئۇ يەرگە كۈيئوغلىمىز ئىنال تېگىننى ھاكىم قىلىپ قويدۇم . ئۇ قارلۇقلارنىڭ ئىناۋەتلىك خانىدانىدىن كېلىپ چىققان ئوقۇمۇشلۇق ، جەسۇر ئەمەلدار . چىگىل بەگلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ . ھە ، سەنمۇ ئىنال تېگىننى ياخشى كۆرىسەنغۇ .

— شۇنداق ، — دېدى مەھمۇد ، — ئۇ ھەقىقەتەن بىلىملىك ، پەزىلەتلىك ئادەم .

ئىنال تېگىن مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ كۈيئوغلى ، يەنى ھۈسەيىننىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئىدى . مەھمۇد كاشغەريي بارسغانغا بارغان چاغلىرىدا كىتابنى كۆپ ئوقۇيدىغان بۇ ئېگىر - بېسىق كىشى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى .

ھۈسەين مەھمۇدقا قاراپ بىر ئەسناغىچە شۈك بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى ، ئاندىن مۇڭلۇق تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دېدى :

— ئېغىر كۈنلەردە ياشاۋاتىمىز ، مەھمۇد . خانىدانىمىزنىڭ رەقىبلىرى كۆپەيدى . قاچانكى ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ... ئىلاھىم ئۇنداق كۈنلەرنى ھارام قىلسۇن ، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ، بارسغانغا كەتكىن .

شۇنداق قىلىپ ، مەھمۇد ئاتىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئوپالغا قايتتى . شۇ ئەتراپتىكى ئايماق ئاقساقاللىرىنى يىغىپ ، پىدائىيلارنى قوراللاندۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئازىق قەلئەسىدە ئارتۇقچا مېڭىشنىڭ تەييارگەرلىكىنى كۆردى .

مەھمۇد قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق بېرىپ ، ئۇياقتىن - بۇياققا ئالدىراش مېڭىپ يۈرەتتى . ئۇشتۇمتۇت ئۇ ھەيران بولغان ھالدا توختاپ قالدى . ئۇي ئىچىدىن باربىتنىڭ ساداسى ئاڭلىنىۋاتاتتى . ھەممە ئادەم پايپېتەك بولۇپ ئالدىراشلىقتا يۈرگەن پەيتتە ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ باربىت چېلىۋاتقان كىمدۇ ؟ مەھمۇد ئۆيگە كىردى . باربىت چېلىۋاتقان ئۇنىڭ رەپىقىسى چولپانئاي ئىدى . مەھمۇد بوسۇغىدا توختاپ ، تەئەججۇپ ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ قالدى .

چولپانئاي رەڭدار گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن گىلەم ئۈستىدە ئولتۇراتتى . كەشتىلەنگەن ئىككى ياستۇق ، زەرباپ تون ، نېپىز يىپەك رومال ، قولياغلىق ۋە يەنە بەزىبىر ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى . چولپانئاي ھېچنېمىگە قارىماستىن ، بېرىلىپ باربىت چېلىۋاتاتتى . ئۈچىسىغا نېپىز ھاۋا رەڭ يىپەك كۆڭلەك كىيگەن ، كۆڭلەكنىڭ

ياقىسى تۈگمىلەنمىگەن، ئېچىلىپ قالغان ياقىسىدىن بەدىنى سۈت بىلەن يۇغۇرۇلغاندەك ئاپئاق كۆكسى چالا - بۇلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قويۇق قوڭۇر چاچلىرى ئۆرۈلمىگەن بولۇپ، ئىككى يەلكىسىنى بويلاپ دولقۇنلىنىپ چۈشۈپ تۇراتتى. يوغان - يوغان قوي كۆزلىرىدە چەكسىز قايغۇ - ھەسرەتنىڭ روشەن ئىپادىسى ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا چوڭقۇر ئۇھ تارتاتتى. شۇنداق چاغدا ئانارنىڭ دانىسىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى سەل - پەل ئېچىلاتتى - دە، ئاق سەدەپتەك تەكشى تىزىلغان چىشلىرى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. يەڭلىرى جەينىكىگىچە تۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، سوزۇق ئاق بىلەكلىرى يالىڭاچلانغان، نازۇك بارماقلىرى باربىتنىڭ تارلىرى ئۈستىدە خۇددى شوخ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك تېز - تېز ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا چولپانئاينىڭ پۈتۈن تۇرقى - سىياقى گوياكى تۇتقۇن قىلىنغان ئەپسانىۋى گۈزەل مەلىكىنىڭ قايغۇلۇق روھىي ھالىتىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. ئۈستىلىق بىلەن چېلىنىۋاتقان باربىتنىڭ مۇڭلۇق ساداسى بولسا، ئاشۇ ئەپسانىۋى گۈزەللىككە يەنە قانداقتۇر ئىلاھىي گۈزەللىكنىڭ قۇدرىتىنى قوشۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

مەھمۇد خۇددى سېھىرلەنگەندەك ئۇن - تىن چىقارماستىن، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىۋەردى.

پەدىلەرنى بېسىۋاتقان ۋە تارلارنى چېكىۋاتقان بارماقلار ھەرىكەتتىن توختىدى. ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. چولپانئاي جىمىپ قالغان باربىتنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىغىنىچە ئاستا ئېرىگە قارىدى. مەھمۇد شۇندىلا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — سىياقىڭ باشقىچە، ھالىڭ پەرىشان كۆرۈنىدۇغۇ؟

— نېمە بولدۇمكىنتاڭ، — دېدى چولپانئاي خۇددى ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىغان ئادەمدەك بوش ئاۋازدا، — ئۆزۈمچىلا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى مەھمۇد ۋە ئايالىنىڭ كۆڭلىنى

ياساش ئۇچۇن ئۇنىڭ چىچىلىپ تۇرغان چاچلىرىنى تۇزەشتۇرگەچ مۇرىسىدىن قۇچاقلىدى، — تاۋنىڭ يوقمۇ؟ بىر ئىشتىن خاپا بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ياق، — دېدى چولپانئاي، — راستىنى ئېيتسام، مۇشۇ بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپ ئىچىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆز ئادەملەر بىر - بىرىمىز بىلەن دۈشمەنلىشىپ، تۇزۇپ تۇگەيدىغان ئوخشايمىز.

چولپانئاينىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، شەھلا كۆزلىرى نەملەشتى. مەھمۇد «راست» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىرغىتتى. چولپانئاي يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى ئاچتىيۇ، گەپ قىلالماستىن لېۋىنى چىشلىدى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىن، چولپانئاي، — دېدى مەھمۇد ئايالىغا تەسەللى بېرىپ، — بىزگىمۇ خۇدانىڭ ئېيتقان بىر كۈنى باردۇر.

— خوجام، ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ...

— نېمىدىن شۇنچە غەم قىلىسەن، قەدىرلىكىم؟ مانا، مەن ساق - سالامەت تۇرىمەنغۇ، ئاللا خالىسا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچ ئىش بولمايدۇ. بۇنداق ئەنسىزلىك قىلمىغىن.

— ئىلاھىم، ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن.

— يوق ئىشلارنى ئويلاپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلمىغىن. مەن چىقاي، ۋاقتىم قىس...

— خوجام، — چولپانئاي مەھمۇدنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇتۇۋالدى، — خوجام، بۇ ئىشلارنىڭ كەينىدىن قانداقتۇر شۇملۇق پۇراپ تۇرىدۇ. كۆڭلۈم سېزىۋاتىدۇ... بىر بەختسىزلىك يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ...

مەھمۇد ئايالىغا شېرىن سۆزلەر بىلەن تەسەللى بەردى، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنىڭمۇ يۈرىكى قىسىلىپ كەتتى.

— پەخەس بولۇڭ، — دەپ تەكرارلىدى چولپانئاي مەھمۇدنى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە.

— ھېچ گەپ يوق ، — دېدى يەنە مەھمۇد ، — ئۆزۈڭنى بۇنداق تاشلىۋەتمىگىن ، بۇرۇنقىدەكلا غەيرەتلىك ، جانلىق بولغىن .

ئۇ چولپانئاينىڭ ئىككى قولىنى مەھكەم قىسىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

مەھمۇد قورۇقچىلىرىنى باشلاپ ئارتۇچقا كەتتى ، چولپانئاي يەنە مۇڭلانغان ھالدا تەنھا ئۆزى باربىت چېلىپ ئۆيدە قالدى .

⁂ ⁂

ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە ھاۋا تۇتۇلۇپ ، قۇياشنىڭ يۈزى كۆرۈنمىدى . بەزەن چاغلاردا تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كەلگەن قارا بۇلۇتلار قىشنىڭ كۈل رەڭ ئاسمىنىنى تۇتاش قاپلاپ كېتەتتى . يا قار ياغمىدى ، يا كۈن ئېچىلمىدى . ئاچچىق قۇرۇق سوغۇق تەنلەرنى قورۇپ ، جانغا يېتىدىغاندەك قىلاتتى . بۇنداق كۆڭۈلسىز كۈنلەردە كوچا ۋە بازارلاردا يۈرگەن كىشىلەر قوللىرىنى جۇۋا ياكى پاختىلىق چاپانلىرىنىڭ يەڭلىرىگە تىقىشىپ ، دۈگدەيگەن ھالدا كۈل رەڭ قارا ئاسمانغا خۇددى يامانلاپ قالغاندەك ئالىيىپ قاراپ قويۇشاتتى . ئاسمان ئادەملەرگە قۇياشنى قاچان كۆرسىتىشنى ئاڭقىرالماي تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقاندەك ، ئادەملەر بولسا ، نېمىنىدۇ زارىقىپ كۈتۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىغا بەلگىلىگەن ۋاقتى ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىگە توغرا كەلدى .

يۈسۈپ قادىرخان سالدۇرغان ھەشەمەتلىك سارايدا مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ۋە ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخان بىلەن بارسغاندىن كەلگەن بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار جەم بولدى . بۇ خاقان ئالمىشىدىغان پەۋقۇلئاددە يىغىن بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىيلەننىڭ كەيپىياتى تەنتەنىلىك ۋە جىددىي تۈس ئالغانىدى .

مۇھەممەد بۇغراخان ئىككى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ ،

تۆردىكى تەخت سۇپىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان كۇرسىغا ئولتۇردى. چوڭ ئوغلى ھۇسەين ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدىن، كىچىك ئوغلى ئىبراھىم سول يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇغراخان ئۆز ئاكىسى ئارسلانخاننى ئاغدۇرۇپ تەختكە چىققان كۈنىدىن ھېسابلىغاندا، ھازىرغا قەدەر ئون بەش ئاي ئۆتكەنىدى. بىر يىلدىن سەل ئاشقان شۇ ۋاقىت ئىچىدە بۇغراخاننىڭ يۈزىدىكى قورۇقلىرى كۆپەيدى، ئورۇق ئېگىز گەۋدىسى بۇرۇنقىدىن بەكرەك مۈكچەيدى، ئىلگىرىكى سۈرلۈك قىياپىتى يوقىلىپ، چىرايى سولغۇن كۆرۈنەتتى. بۇ ئون بەش ئايىنى ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمىگەنلىكى تولىمۇ روشەن سېزىلىپ تۇراتتى.

ھۇسەيىننىڭ قويۇق قارا ساقال - بۇرۇتىغا ئاندا - ساندا ئاق ئارىلىغان بولسىمۇ، ئوزايىدىن ساغلاملىقى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇ باھادىرلارغا خاس كەڭ يەلكىلىرىنى ئازادە كېرىپ، باشقىلاردىن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇرىدىغان سالاپەت بىلەن ئولتۇراتتى.

ئىبراھىمنىڭ ئىلگىرىكى پەرۋاسىز چىرايى بۈگۈن ئۆزگىچە جانلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ بەئەينى تۆشۈكىدىن چىقىپ، ئۆپچۆرىسىگە زەن سېلىۋاتقان چاشقاندەك قاپقارا دوگىلەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ جىم ئولتۇرالماي، ھەدەپ ئۇيان - بۇيانغا قارايتتى.

مۇراسىم ئىشتىراكچىلىرى بۇ ئۈچ نەپەر ئالىي شەخستىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي سۈكۈت ئىچىدە گويا قېتىپ قېلىشقانىدى.

مۇھەممەد بۇغراخان قىرىلىقتىن زەئىپلەشكەن ئاۋازى بىلەن چىڭقىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم. بارلىق ماختاش - ئالقىشلار يۈكسەك پەزىلەت ۋە كۆركەم سەنئەت ئىگىسى بولمىش قادىر ئاللاغا مەنسۇپتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەممىگە پېشۋا بولغان ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا ئاللا ئۆزى رەھمەت قىلغاي. ئاللاغا ئېتىقاد بىلدۈرۈپ، رەسۇلىللاغا مەدھىيە ئوقۇغۇشتىن سوڭرە سۆزۈم

شۈكى، خاقانىيىنىڭ تاج ۋە تەختىنى ئۆز ئىختىيارىم ۋە رازىلىقىم بىلەن چوڭ ئوغلۇم ھۈسەينگە تاپشۇردۇم. ئۇشبۇ سورۇندا جەم بولغان مۇسۇلمانلار بۈگۈنگىچە شاھىت بولغايسىزلەر. بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوغلۇم ھۈسەين «بۇغراخان» ئۇنۋانى بىلەن بۈيۈك ئاستانىمىز كاشغەردە تەخت ساھىبى بولسۇن. شەۋكەتلىك ۋەزىرلەر، باھادىر سەنگۈنلەر، ئەمدى ھۈسەين بۇغراخاننىڭ ئەمرىنى ۋاجىپ دەپ بىلگەيسىزلەر.

شۇ سۆزدىن كېيىن مۇھەممەد بۇغراخان قوپۇپ، ئوردا مۇلازىمى يېشىل شايى رومال يېپىلغان لىگەندە سۇنۇپ بەرگەن ئالتۇن تاجنى ئالدى ۋە ئۆز قولى بىلەن ھۈسەيىننىڭ تاقىر بېشىغا كىيدۈرۈپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۈسەين ئالتۇن تەختكە ئولتۇردى.

مۇراسىم ئىشتىراكچىلىرى مەرتىۋە دەرىجىلىرى بويىچە بىر ـ بىرلەپ تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم ـ تەۋەززۇلار بىلەن بەيئەت قىلدى:

— ھۈسەين بۇغراخانغا مۇبارەك بولغاي!

— ھۈسەين بۇغراخاننىڭ مۇبارەك ئاياغلىرىغا باش قويۇش پېقىر ئۈچۈن ئالىي شەرەپ!

— ھۈسەين بۇغراخانغا جېنىمىزنى پىدا قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىمىز!

ھۈسەين ئورنىدىن تۇردى ۋە قۇرئان تۇتۇپ قەسەمياد قىلدى:

— ھەقتائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مۇقەددەس شەرىئەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەلنى ئادالەت ۋە ھەققەت بىلەن سورايمەن. ئىنشائاللا، پۇقرالارغا غەمخورلۇق قىلىپ، بۆرە بىلەن قوي، لاچىن بىلەن كەپتەر ئىناق ياشايدىغان ئاسايىشلىق كۈنلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جېنىمنى ئايىمايمەن!

مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھەممەيلەن زىياپەت ھازىرلانغان مېھمان كۈتۈش خانىسىغا كۆچتى. تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر تىزىلغان داستىخاننى چۆرىدەپ سېلىنغان كىمخاب

يېكەندازلارغا باداشقان قورۇپ ئۆلتۈرۈشتى.

مۇھەممەد بۇغراخان كىچىك ئوغلى ئىبراھىمنىڭ خۇددى گاھ ئوتقا كىرىپ، گاھ سۇغا چۆككەندەك بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ بىئارام بولدى. ئۇ ئىككى ئوغلىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، يېلىنغان تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

— ئىناق بولۇڭلار، باللىرىم. سىلەر چىقىشالماي قالساڭلار، ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ، گۆرۈمدە تىنچ ياتالمايمەن.

ئۇ، شۇ گەپنى قىلدى ـ دە، «رەھمەتلىك ئاتام يۇسۇپ قادىرخانمۇ ئاكام سۇلايمان بىلەن ئىككىمىزگە شۇنداق دېگەنىدى» دېگەن ئويىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئىبراھىم بىلەن ئىككىمىز قان ـ قېرىنداش، — دېدى ھۇسەين، — بىز ئۆمۈر بويى گۆش بىلەن ياغدەك بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلماي، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ياردەملىشىپ ياشايمىز. شۇنداقمۇ، ئۇكە تەگىت؟

ئىبراھىم غەلىتە بىر قىسما دۇدۇقلاپ:

— ھەئە... شۇنداق... شۇنداق... — دېدى ـ دە، كەينى ـ كەينىدىن بېشىنى ئىرغىتىپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا زىياپەت بولۇۋاتقان مېھمانخانىنىڭ يان ئىشىكى قىيا ئېچىلىپ، ئۇلۇغ ئالتۇن تارىمنىڭ ئۆڭسۈلى قالمىغان يۈزى كۆرۈندى. شۇ ئىشىكتىن بىردەممۇ كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان ئىبراھىم ئۇنى كۆرۈپلا بەئەينى مۇردىدەك تاتىرىپ كەتتى. ئانىسى ئۇنى ئىشارەت بىلەن چاقىردى. ئىبراھىم ئۆز ئىختىيارىدىن تاشقىرى بىر خىل قولاشمىغان ھەرىكەت بىلەن قوپتى ۋە خۇددى مەست بولغان ئادەمدەك پۇتلىشىپ، سەنتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ يېنىغا چىقتى.

ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ، يېقىنراق كەلتۈردى. ئىبراھىم خۇددى ئېسىنى يوقاتقان دەلدۈشتەك ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

— ئەمدى ئۇ ئۆيگە چىقما، — دېدى ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم، — مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر.

ئاندىن ئۇ ئوغلىغا تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ ۋە ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ مۇنداق دېدى:

— بۇنداق قورقۇنچاقلىق قىلما، ئىبراھىم، غەيرەتلىك بول. سەن ھازىر خاقان بولىسەن. مانا بۇلار سېنىڭ نۆكەرلىرىڭ. كۆردۈڭمۇ؟

ئىبراھىم بۇ ئازادە خانىدىكى قىلىچ ئاسقان يىگىرمىچە تەمبەل يىگىتنى ئەمدىلا كۆردى. روشەنكى، ئۇلار ئۇلۇغ ئالتۇن تارىمنىڭ قانداقتۇر بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

بىر چەتتە يوغان - يوغان ساپال كومزەكلەرنى قاماللاپ كۆتۈرۈۋالغان ئىككى قول تۇراتتى. ئالتۇن تارىم ئۇلارنى قول ئىشارىسى قىلىپ چاقىردى. قۇللار كېلىپ، خانىشنىڭ يېنىدىكى شىرەگە تىزىپ قويۇلغان جانان چىنىلەرگە كومزەكلەردىن شەربەت قۇيدى.

ئىبراھىم ئانىسىغا بىر قاراپلا بەجايىكى يىلاننى كۆرۈپ قالغاندەك ۋارقىراپ تاشلىدى:

— ياق! ئۇنداق قىلماڭ. جېنىم ئانا، ئۇنداق قىلماڭ!

ئىبراھىمنىڭ بۇنداق ۋارقىراپ كېتىشىتىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ ئانىسى سۇزۇك قاشتېشىدىن ياسالغان قاپاق شەكلىدىكى بىر قۇتىنى قوينىدىن چىقارغانىدى.

— بۇنداق ۋارقىرىما، ئىبراھىم. مەن سېنىڭ ئاناڭ. سەن ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتىمەن.

— ياق، جېنىم ئانا. ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنداق قىلماڭ...

— سېنىڭ خاقان بولۇشۇڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىش كېرەك!

خانىش قاشتېشى قۇتىسىنىڭ قىزىل تاۋار بىلەن پاتلانغان ئاغزىنى ئاۋايلاپ ئاچتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تاتىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، شەربەت

تولدۇرۇلغان چىنىلەرگە قولىدىكى قوتىدىن قانداقتۇر سۇيۇقلۇقنى ئاز - ئازدىن قويىدى .

ئىبراھىم بەئەينى بىر مۇردىغا ئوخشىشىپ قالدى .

— ئانا ... بۇ ...

خانىش ئۇنىڭغا ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قاراپ قويىدى .

— بۇ ئانار شەربىتى ، — دېدى ئۇ ، — ھۈسەين ئانار شەربىتىنى ياخشى كۆرىدۇ .

خانىشنىڭ ئىشارىتى بىلەن ھېلىقى ئىككى قول چىنىلەرنى ئىككى لېگەنگە بۆلۈپ تىزدى - دە ، زىياپەت سورۇنىغا ئاچىقىپ كەتتى .

غىزا تاماملىنىپ ، نۆۋەت ئىچىملىككە كەلگەندى . مۇھەممەد بۇغراخان ، ھۈسەين بۇغراخان ۋە باشقىلار ئانار شەربىتى قويۇلغان ھېلىقى جانان چىنىلەرنى ئېلىپ ئالدىلىرىغا قويۇشتى ، گۈگۈر - مۇگۈر پاراڭ بىلەن ئۇلتۇرۇپ ئىچىشتى .

ئۇشتۇمتۇت مۇھەممەد بۇغراخان ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى بېسىۋېلىپ ئاغزىنى يوغان ئاچتى ، لېكىن ھېچنېمە دېيەلمەستىن ، بىر يانغا قىيسىيىپ يىقىلغىنىچە يېتىپ قالدى . ئارقىدىنلا رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ھۈسەيىنمۇ قورسىقىنى تۇتۇپ تولغۇنۇپ قالدى . ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ، خۇددى يارىدار بولغان ئارسلاندەك ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى - دە ، نېمىنىدۇ تۇتماقچى بولغاندەك بىر قولىنى ئالدىغا سوزۇپ :

— زەھەر... — دەپ خىرقىرىغان ئاۋازدا ۋارقىرىدى ۋە شۇئان داستىخان ئۈستىگە «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى .

داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرغانلاردىن يەنە بىرنەچچە كىشىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەريانغا يىقىلىشتى .

خانىش يانىدىكى خانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ھېلىقى يىگىرمە نۆكەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ، پاجىئە يۈز بەرگەن سورۇنغا ئېتىلىپ كىردى . زەھەرلىك شەربەتنى ئىچىپ ئۆلگۈرمىگەن ئەمەلدارلاردىن بەزىلىرى تىزلىنىپ تۇرۇپ : «بىر

قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز» دەپ ئىتائەت بىلدۈرۈشتى .
قارشىلىق كۆرستىشكە ئۇرۇنغانلىرى نەق مەيداندا چېپىپ
تاشلاندى . تۆت - بەش ئەمەلدار بولسا ، بۇ چاغدا يان ئىشىكتىن
چىقىپ كەلگەن خانىشنىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ ، نېمە
توغرۇلۇقتۇر جىددىي سۆزلىشىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ سۇيىقەستچى
خانىش بىلەن ئالدىبۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ بولغانلىقى پەقەت
ئەمدىلا مەلۇم بولدى .
— ئەمدى ئارسلانخاننى ! — دەپ كەسكىن تەلەپپۇزدا بۇيرۇق
بەردى خانىش .
قان تۆكۈپ كۆزى قىزارغان چېرىكلەر سۇلايمان ئارسلانخان
نەزەربەند قىلىنغان ئۆيگە ئالمان - تالمان باستۇرۇپ كىردى -
دە ، ئۇنىڭ بېشىنى قارا لاتا بىلەن چۈمكەپ يەرگە يىقىتىشتى .
بەستلىك بىر چېرىك ئارسلانخاننىڭ مەيدىسىنى تىزلاپ تۇرۇپ ،
ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇپ ئۆلتۈردى .
سارايغا ئىسيانچىلارنىڭ چېرىكلىرى توشۇپ كەتتى .
بۇغراخانغا سادىق بولغان نۆكەرلەرنىڭ قارشىلىقى ئاسانلا
باستۇرۇلدى .
خانىش ئىبراھىمنى قولىدىن تۇتۇپ سۆرەشتۈرگەن ھالدا
تەخت سۇپىسىغا چىقتى . ئۇ بۇ يەردە جەم بولغان ئۆزىنىڭ
قوللىغۇچىلىرىغا گويا دوزاخ ئوتىنى چېچىپ تۇرغان كۆزلىرى
بىلەن بىر قۇر قاراپ چىقتى ، ئاندىن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋە
قورقۇنچلۇق ئاۋازى بىلەن ، خېلى ئىش كۆرگەن ئەركەكلەرنىڭمۇ
يۈرەكلىرىنى تىترىتىۋېتىدىغان ئاۋازى بىلەن ئېلان قىلدى :
— ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ھازىردىن باشلاپ ئوغلۇم
ئىبراھىم خاقان بولدى ! ئەمدى ئۇ ئىبراھىم بۇغرا قاراخان دېگەن
ئاتاق بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ !

## يىگىرمىنچى باب

# مۇق يولى

پاجىئە يۈز بەرگەندە ھۆسەيىننىڭ خانىشى بۈبى رابىيە ئاياللار ئۈچۈن زىياپەت ھازىرلانغان ئايرىم خاندا ئىدى. ئۈشتۈمتۈت، بارسغاندىن ئۈلار بىلەن بىللە كەلگەن تارخانلاردىن بىرى بىر توپ چېرىكلەر بىلەن يۈگۈرۈپ كىردى - دە:

— تېز بولۇڭ، ئالتۇن تارىم! ئىسيان! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە بۈبى رابىيە ئىسنى يىغىۋالغۇچە ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ تاشقىرىغا ئاچقتى. زىياپەتتىكى ئاياللار قورقۇپ كەتكەنلىكتىن قالايمقان چىرقىراپ ئۆينى باشلىرىغا كىيىشتى. بارسغانلىق نۆكەرلەر بۈبى رابىيەنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، ئىسيانچى چېرىكلەرنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرگەچ ئوردىنىڭ سىرتىغا چىقتى. ئۈلارنىڭ بەختىگە يارىشا، شەھەر سېپىلىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى قوغداۋاتقان چېرىكلەر ئىسيانچىلارغا قوشۇلمىغانىدى. لېكىن، ئۈلار دەرۋازىنى ئېچىۋاتقاندا قوغلاپ كەلگەن ئىسيانچىلارنىڭ ئوقلىرى نۇرغۇن ئادەمنى يىقىتتى. شۇنداقتىمۇ، ساق قالغانلىرى ئاۋۋالقىدەكلا بۈبى رابىيەنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئۆزلىرىنى قالقانلىرى بىلەن ھىمايە قىلىپ سېپىلدىن چىقىۋالدى.

سېپىل ئىچىدە ئىككى تەرەپنىڭ چېرىكلىرى ئۆزئارا جەڭگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. بارسغانلىق چېرىكلەر بولسا، قانداق قىلىپ بولمىسۇن خانىش بۈبى رابىيەنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇپال تەرەپكە يول ئالدى. سېپىل دەرۋازىسىنى قوغدىغۇچى چېرىكلەر

بەرگەن ئاتلار يېتىشمىگەنلىكتىن بىرمۇنچە ئاتلارغا ئىككىدىن ئادەم مىنىۋالغانىدى.

شۇ تەرىقىدە بىر ھازا يول يۈرگەندىن كېيىن چۆلنى بويلاپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر بۆلۈك قوشۇننىڭ قارىسى كۆرۈندى. قوشۇن يېقىنلاپ كەلگەندە، بۇبى رابىيەنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققان ھېلىقى تارخان خۇشال بولۇپ خىتاب قىلدى:

— توغان تېگىن!

سەپ ئالدىدا ئات سېلىپ كېلىۋاتقان سەركەردە ھەقىقەتەن نىزامىددىن ئىسرايىل توغان تېگىن ئىدى.

ئەسلىدە ھۈسەيىن بارسغاندىن مېڭىش ئالدىدا بالاساغۇنغا مەكتۇپ يوللاپ، توغان تېگىننى كاشغەرگە چاقىرتقانىدى، ھۈسەيىن كاشغەرگە كېلىپ يەتتە ـ سەككىز كۈن ئۆتكەندە توغان تېگىنمۇ ئۆز قوشۇنى بىلەن يېتىپ كەلگەنىدى. تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىنىڭ ھارپىسىدا ھۈسەيىن بىلەن توغان تېگىن پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇلار بۇغراخاننىڭ خانىشى بىلەن تۇغقانچىلىقى بولغان قارلۇق يابغۇسى قوشۇن تارتىپ كېلىشى مۇمكىن دېگەن قاراشتا بىرلىككە كەلدى. شۇڭا، مەسلىھەت بويىچە توغان تېگىن ئۆز قوشۇنى بىلەن شەھەر سىرتىدا چارلاپ يۈرمەكچى بولدى. ناۋادا قارلۇق يابغۇسى ياكى باشقا ئۆكتىچىلەر راستتىنلا كېلىپ قالسا، توغان تېگىن ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە سۆزلىشىپ، نىيىتىدىن ياندۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشى كېرەك ئىدى. مەيلى قارلۇق، چىگىل ۋە ياكى باشقا قەبىلە ئاقساقاللىرى بولسۇن، ھەممىسى توغان تېگىننىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. چۈنكى، توغان تېگىن ئۆز ئاتىسى مۇھەممەد چاقىرتوڭقاخان بىلەن نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتنىشىپ ۋە بىر قاتار سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلاردا ئەقىل ـ پاراسىتىنى نامايان قىلىپ، يۈكسەك ئابرۇي قازانغانىدى. ئەل ئىچىدە ئۇنىڭ ھۆرمىتى چوڭ ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىشى يېتەرلىك بولماي قالغانىدى. ئەجەللىك زەربە

سىرتتىن ئەمەس ، بەلكى سارايىنىڭ ئىچىدىن بىرىلگەنىدى . ئوردىدىكى سەركەردىلەرنىڭ تولىسى بۇغراخانغا ئاسىيلىق قىلغانىدى .

شۇنداق قىلىپ ، توغان تېگىن سەپ ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ يېقىن كەلگەندىن كېيىن شەھەردىن قېچىپ چىققانلار ئىچىدىكى قۇندۇز جۇۋا ، كەمچەت تۇماق كىيگەن بۇبى رابىيەنى دەرھال تونۇدى .

— خاتالىشىپتۇق ، — دەپ ھەسرەتلىك خىتاب قىلدى توغان تېگىن بۇبى رابىيەنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ ، — بۇغراخاننىڭ قوينىدىن چىققان ئۇ زەھەرلىك يىلاننى بۇنچىلىك قەبىھلىك قىلىدۇ دەپ ئويلىماپتۇق !

بۇبى رابىيەمۇ ھېلىقى تارخاننىڭ ياردىمىدە ئېگەردىن چۈشتى ۋە توغان تېگىنگە ئېسىلىپ ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .

— جېنىم بالام نىزامىددىن ، مەھمۇد بالامنىڭ جان دوستىسەن ، ساڭا ئېيتماي كىمگە ئېيتاي بۇ دەردىمنى ! خۇدا قوشقان مۇرەببىمدىن ئايرىلدىم... نۇر - چىرىغىمدىن ئايرىلدىم... بوينۇم قىسىلدى ، قانىتىم قايرىلدى ...

— ئەلھۆكمىللا ، ئالتۇن تارىم ، — توغان تېگىن ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ بەختىسىز ئايالغا تەسەللى بەردى ، — ئەلھۆكمىللا ، جاننى خۇدا بەردى ، خۇدا ئالدى . بىز ئاجىز بەندىلەر بۇنىڭغا چارىسىز . ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلمەكلىك يوق ، ئەمدى تىرىكلەرنىڭ غېمىنى قىلايلى .

بۇبى رابىيە يەنىلا ئۈن سېلىپ يىغلاۋەردى .

— مەھمۇد بالام ئامانمىدۇ ؟ ئىبلىسلارنىڭ قانلىق قوللىرى ئۇنىڭغىمۇ يەتكەنمىدۇ ؟

— مەھمۇد ئارتۇچتا ، — دېدى توغان تېگىن ، — ئۇ تەرەپلەر تېخى تىنچ ، ئوردىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن بولغان ئەھۋالنى ئۇقۇپ ، تېخى ئەجەل يەتمىگەنلەرنى قۇتۇلدۇراي دەپ بۇ يەرگە قوشۇن تارتىپ كەلگەنىدىم . خۇداغا شۈكرى ، ئۆزۈڭلار

قوتۇلۇپ چىقىپسىلەر. ئەمدى شەھەرگە كىرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. سىلەر ھازىر ئىمكانقەدەر تېز يۈرۈپ، ھېچ يەردە توختىماي ئوپالغا بېرىڭلار.

توغان تېگىن بۇبى رابىيەنىڭ يېنىدا تۇرغان تارخانغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئوپالدىن تاغ تەرەپكە مېڭىڭلار. مۇق يولى ئارقىلىق كۆكئارت تاغلىرىدىن ئۆتۈڭلار، ئاندىن ئۇدۇل بارسغانغا كېتىڭلار. ھازىر بىردىنبىر بىخەتەر يول، شۇ مۇق يولى.

— مەھمۇدچۇ؟

— سىزچۇ؟

بۇبى رابىيە بىلەن تارخان ئەمدىلا ئېغىز ئېچىۋىدى، توغان تېگىن قول ئىشارىسى بىلەن ئۇلارنى توختىتىپ چۈشەندۈردى:

— مەھمۇدقا خەۋەر يوللىدىم، چاپارمەنلەرنى ماڭدۇرۇۋەتتىم. ئۇمۇ ئوپالغا كېلىپ، مۇق يولىغا چىقىدۇ. بايا چارلىغۇچىلار پېقىرغا مەلۇمات يەتكۈزدى. بىر بۆلۈك ئىسيانچىلار كۈچا يولىدىن بۇياققا كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئارتۇچقا كەلگۈچە، مەن تېزرەك بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇراي. سىلەر تېز بولۇڭلار. ھازىر مۇق يولى دېگەن شۇ ئۆتكەلدىن باشقا يول قالمىدى.

شۇنىڭ بىلەن، توغان تېگىن ئۆز قوشۇنىدىكى ئارتۇق ئاتلارنى ئۇلارغا سەپلەپ بېرىپ ئوپالغا ماڭدۇرۇۋەتتى ۋە ئۆزى شۇ ھامان كۈچا يولىغا قاراپ ئات سالدى.

* *

ئوردىدىن قېچىپ چىققان بۇبى رابىيەنى قوغداپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر ئاتلىرىنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ قارلىق دالىدا كېتىۋاتقان مەزگىلدە، ئوپالدا مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. نامەلۇم بىر ئاتلىق قوشۇن ئۇشتۇمتۇت ئوپال كوچىلىرىغا

قوﻳﯘندەك ئۇچۇپ كىردى ـ دە ، ئۇدۇل ئازىق قەلئەسىنىڭ تۆمۈر بىلەن قاپلانغان چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى .
— كاشغەردىن كەلدۇق . مۇھىم ئىش بار ، تېز بولۇڭلار ! — دەپ تاقەتسىزلىنىپ ۋارقىرىدى ئۇلار .
قەلئە ئىچىدىكىلەر ئۇلاردىن ئۈچ كىشىنى دەرۋازىدىن كىرگۈزدى . ئۇلار بىلەن تۇرۇمتاي كۆرۈشتى . تۇرۇمتاي قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىپ ، ئازىق قەلئەسىنىڭ قوغدىغۇچى چېرىكلىرىگە قوماندانلىق قىلىدىغان چاۋۇش قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى .
نامەلۇم قوشۇننىڭ ئۈچ نەپەر ۋەكىلى :
— ئوردا قانغا بويالدى ، بۇغراخان بىلەن ھۈسەين زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى ، بۇغراخاننىڭ خانىشى تەختنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى ، — دەپ مەلۇمات يەتكۈزۈشتى .
تۇرۇمتاي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ، تەمتىرەپ قالدى .
— ئەمدى ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىينى قۇتقۇزۇۋېلىش كېرەك ، تېز بولۇڭلار ! — دەپ ئالدىراتقىلى تۇردى ئۈچ نەپەر ۋەكىل ، — بىز ئوردىدىن ئاران قېچىپ چىقىپ ، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلدۇق . تېز بولۇڭلار ، بولمىسا ، ئىسيانچىلار ھېلى يېتىپ كېلىدۇ . بىزنى مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭلار .
تۇرۇمتاي ئوردا ئىچى تىنچ بولمايۋاتقانلىقىنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغانىدى . مەھمۇد كاشغەرىيمۇ بۇ يەردىن كېتىش ئالدىدا ئۇنى بۇ ھەقتە ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇپ ، ھوشيار بولۇشنى تاپىلىغانىدى . مانا ئەمدى پەرەز ۋە گۇمانلار ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپتۇ ـ دە ! تۇرۇمتاي جىددىيلەشتى .
— ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىي بۇ يەردە ئەمەس ، — دېدى ئۇ ، — ئارتۇچقا كەتكەن .
— راست گەپ قىل !
— راست ...
— دېمەك ، بىزنىڭ ئالغان مەلۇماتىمىز توغرا ئىكەن ـ

دە، — دېدى ئۇچ ۋەكىلدىن بىرى.
شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئارتۇق گەپ قىلماستىن، ئارقىغا بۇرۇلۇشتى - دە، ئالدىراپ چىقىپ كېتىشتى.
نامەلۇم قوشۇن ئارتۇچ يولىغا چۈشۈپ، ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرغان پېتى ئۇزاپ كەتتى.
تۇرۇمتاي قانداق قىلىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي، سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئەسەبىيلەرچە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ كەتتى، ئاندىن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، ھېلىقى نامەلۇم قوشۇن كەتكەن تەرەپكە ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. «بۇ شۇم خەۋەرنى چولپانئاي ئالتۇن تارىمغا ئېيتىش كېرەكمۇ؟ ياكى مەھمۇد ھەزرەتلىرى كەلگۈچە ئۇنى پاراكەندە قىلماي تۇرۇش كېرەكمۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ.
تۇرۇمتاي سېپىل ئۈستىدە شۇنداق ئويلار بىلەن قانچىلىك تۇردىكىن، ئىشقىلىپ بىر چاغ بولغاندا يىراقتىن ئات سېلىپ كېلىۋاتقان يېگانە ئادەمنىڭ قارىسى كۆزگە ئىلىندى. بۇ ئاتلىق كىشى بايىقى نامەلۇم قوشۇن كەتكەن تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. تۇرۇمتاي ئۇنىڭغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈردى. ئاتلىق كىشى ئۇدۇل سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار، مۇھىم ئىشىم بار! تېز، تېز! تۇرۇمتاينى چاقىرىۋېتىڭلار! — دەپ بار كۈچى بىلەن ۋارقىرىغىلى تۇردى.
تۇرۇمتاي سېپىل ئۈستىدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ، دەرۋازىنى ئاچقۇزدى. ئاتلىق كىشى چېرىكلەرنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئېتىنى قامچىلاپ دەرۋازىدىن كىردى.
— كارۋان بېشى! — دەپ تەئەججۈپ ئىچىدە خىتاب قىلدى تۇرۇمتاي.
دەرۋەقە بۇ ئاتلىق كىشى ھېلىقى كارۋان بېشى ئىدى، كاشغەردىن ئېبدىل بويلىرىغىچە سوزۇلغان ھېلىقى ئۇزۇن سەپەردە مەھمۇد كاشغەرىي ۋە تۇرۇمتايلار بىلەن بىللە بولغان داڭلىق

كارۋان بېشى ئىدى .

— ئەھۋال چاتاق ! ئاتلىنىڭلار ، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويمايلى ، — دەپ يەنە ۋارقىرىدى كارۋان بېشى ئېتىدىن چۈشمەي تۇرۇپ .

— زادى نېمە گەپ ؟ ئۆپكەڭنى بېسىۋېلىپ سۆزلىمەمسەن !— دەپ تۇرۇمتايمۇ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى .

— گەپ قىلىمەن دەپ ئەزمەڭنى ئېزىپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقىت يوق ، تۇرۇمتاي ! چۈشىنىۋاتامسەن ؟ ياۋلاق سارىغ ... بۇ ياۋلاق سارىغنىڭ قوشۇنى ... مەھمۇد كاشغەرىينى تۇتۇش ئۈچۈن ئارتۇچقا كېتىۋاتىدۇ . مەنمۇ شۇ قوشۇندا ئىدىم ، مېنى مەجبۇرىي چېرىكلىككە تۇتقانىدى ... ئوغرىلىقچە ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېچىپ كەلدىم ، قاپاق باش ، مەھمۇد كاشغەرىينى ئارتۇچقا كەتتى دەپ ئۆزۈڭ ئېيتىپ بەردىڭ ئۇلارغا !

تۇرۇمتاي خۇددى جېنى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ ، ئىككى مۇشتى بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇردى ، چىرايىدا قان قالمىدى .

— يۇر ،— دېدى ئۇ كارۋان بېشىنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ،— ئەمدى ھەممە گەپنى چولپانئايغا ئالتۇن تارىمغا ئېيتىمساق بولمايدۇ .

كارۋان بېشى ئۆزى بىلگەن گەپنىڭ ھەممىسىنى چولپانئايغا ئالدىراپ تۇرۇپ ، سۆزلەپ بەردى :

— ياۋلاق سارىغ مەھمۇد كاشغەرىينى كۈچ بىلەن ئەمەس ، ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرمەكچى ، — دېدى ئۇ ، — ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى ئۆزلىرىنى بۇغراخاننىڭ قېچىپ چىققان چېرىكلىرى دەپ يېقىنلىشىپ قول سالماقچى . بۇغراخاننىڭ خانىشى ياۋلاق سارىغقا شۇ ھىيلىنى ئۆگىتىپتۇ . ياۋلاق سارىغ ئۆزىنىڭ بىر كۆندۈرۈلگەن كەپتىرىنى خانىشقا ئەۋەتىپ بەرگەنىكەن . شۇ كەپتەر بۈگۈن بىر پۈتىغا قەلەي ئۈزۈك سېلىنغان ھالدا ياۋلاق سارىغنىڭ ھويلىسىدىكى كاتەككە قايتىپ كېپتۇ . ياۋلاق سارىغ شۇ شەرتلىك

بەلگىگە قاراپ، بۇغراخان بىلەن ھۈسەيىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇياققا ماڭدى.
بۇلتۇر بۇغراخان زەپەر قۇچۇپ كاشغەرگە كىرگەندىن كېيىن ياۋلاق سارىغ قېچىپ كەتكەنىدى. دەسلەپتە ئۇ چەت - ياقا جايلاردا تېنەپ يۈردى، كېيىن بۇغراخاننىڭ خانىشىنىڭ مەسلەكداشلىرى بىلەن تېپىشتى، تىل بىرىكتۈردى، مەھمۇد كاشغەرىينى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئالدى ۋە مەخپىي كېلىشىم بويىچە تونۇگۇن ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئوغرىلىقچە تاشبالىققا كەلگەنىدى.
چولپانئاي كارۋان بېشىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئورنىدىن دەس تۇردى.
— ماڭايلى! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — تۇرۇمتاي، بارلىق چېرىكلەرنى، قۇللارنى، قورال تۇتالايدىغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسىنى يىغ، ئاتلىنايلى. ياۋلاق سارىغنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ھېلىسىگە يول قويمايلى. مەھمۇدنى ئەمدى پەقەت بىزلا قۇتۇلدۇرالىشىمىز مۇمكىن.
چېرىكلەر يىغىلىپ بولغۇچە چولپانئاي چاقماق تېزلىكىدە كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ ئەرەنچە كىيىندى، چاچلىرىنى تۈگۈپ، سۆسەر تۇماقىنىڭ ئىچىگە يوشۇردى، بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن كالتە جۇۋىسىنىڭ بېلىنى كەمەر بىلەن چىڭ باغلاپ قىلىچ ئاستى، تالاغا چىقىپ، گەۋدىلىك ئاق بوز ئاتقا چەبدەسلىك بىلەن مىندى.
— ئۇلارنى قوغلاپ يېتەلەمدۇق؟ — ئەنسىرەپ سورىدى ئۇ.
— يېتىشۋالىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى كارۋان بېشى، — ئۇلار كارۋان يولى بىلەن ماڭدى. بىز چۆلنى ئۇدۇل كېسىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقىمىز. بۇ يەرلەرنىڭ ئوي - دۆڭلىرى ماڭا ئوبدان تونۇشلۇق. ئۆزۈم يول باشلايمەن.
ئوپال چېرىكلىرىگە چولپانئاي ئالتۇن تارىم ئۆزى قوماندان بولۇپ سەپ ئالدىغا ئۆتتى. ئۇلار كارۋان بېشىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قار باسقان دالىنىڭ ئويمان - چوڭقۇرلىرى ئارىسىدىن تۈز يەرلەرنى تاللاپ شىددەتلىك ئىلگىرىلىدى.

يىراقتا ياۋلاق سارىغنىڭ قوشۇنى كۆرۈندى. چولپانئاي قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، ئېتىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى.

— ئەي ـ ھەي! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ياۋلاق سارىغ قوشۇنىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، — توختاڭلار! مەھمۇد كاشغەريي سىلەرنى چاقىرىۋاتىدۇ!

ياۋ قوشۇنى توختىدى. ياۋلاق سارىغنىڭ سىمىز، پاكار گەۋدىسى توپ ئىچىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى. ئۇ كۈتۈلمىگەندە قارلىق دالىدىن چىقىپ كەلگەن قورال‌لىق چەۋەندازلارغا ۋە بولۇپمۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا ۋارقىراپ كېلىۋاتقان ئايالغا ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— بۇ خوتۇن نېمدەپ كاپشىۋاتىدۇ؟ — دەپ غودۇڭشىدى ئۇ.

چولپانئاي بولسا، توختىماستىن ۋارقىرىغىنىچە بارا ـ بارا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى:

— ئەي ـ ھەي! توختاڭلار! مەھمۇد كاشغەريي سىلەردىن ياردەم سوراۋاتىدۇ!

ياۋلاق سارىغ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدى. شۇ ئەسنادا چولپانئاي، تۇرۇمتاي، كارۋان بېشى ۋە بارلىق چېرىكلەر بۇ تەۋەككۈلچى قارا نىيەتلەر ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ كەتتى.

— ھوي، ھوي! بۇ نېمە گەپ؟ مەھمۇد كاشغەريي قەيەردە؟ — بۇ گەپلەر ياۋلاق سارىغنىڭ پانىي ئالەمدىكى بەندىلەرگە قاراتقان ئەڭ ئاخىرقى خىتابى بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى تېخى بېسىقماي تۇرۇپلا چولپانئاينىڭ قولىدىكى ئەگرى قىلىچ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا گويا ھەسەن ـ ھۈسەن ھاسىل قىلىپ ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇلدى. باش يېرىلدى، گۇناھكار تەندىن ئامانەت جان ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇپال چېرىكلىرى تۇشمۇ تۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قىلىچ، نەيزىلىرىنى ئىشقا سالدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئارىلىشىپ كەتتى. قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. كۈچەپ ئۇرۇلغان قىلىچلار

كىملەرنىڭدۇ يۇمشاق ئەتلىرىنى كېسىپ، قاتتىق سۆڭەكلىرىنى پارچىلايتتى. ئۇزۇن ساپلىق نەيزىلەر كىملەرنىڭدۇ كۆكرىكىگە سانجىلىپ، كىملەرنىڭدۇ قورساقلىرىنى تېشىپ ئۆتەتتى. ئىگىسىز قالغان ئاتلار خۇددى كۆكۈيۈن تەگكەندەك ئۇركۈپ، جەڭ بولىۋاتقان يەردىن بەدەر قاچاتتى.

چولپانئاي ئالتۇن تارىم قىلىچۋازلىق بابىدىكى ماھارىتىنى راسا ۋايىگە يەتكۈزۈپ نامايان قىلدى. مەنمەن دېگەن نوچىلار ئۇنىڭ يالتىراپ تۇرغان قىلىچىدىن ئۆز ئەجىلىنى تاپتى. چولپانئاي قىلىچنى غەزەپ بىلەن چاپاتتى، توختىماستىن چاپاتتى. «بۇ نىجىسلارنى يوقىتىش كېرەك، مەھمۇدنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ نىجىسلارنى قەتئىي يوقىتىش كېرەك!» دېگەن بىرلا ئوي ئۇنىڭ كۆچىگە كۈچ، جېنىغا جان قوشاتتى. ئۇنىڭ سۆسەر تۇمىقى چۈشۈپ قالغان بولۇپ، قويۇق قوڭۇر چاچلىرى يەلكىلىرىدە دولقۇنلىنىپ ياتاتتى، ئىككى مەڭزى قىزغۇچ ئەتىرگۈلنىڭ رەڭگىنى ئالغانىدى. ئىنچىكە يادەك ئېگىلىپ چۈشكەن قارا قاشلىرى ئاستىدىكى شەھلا كۆزلىرى غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچاتتى.

قالايمىقان گىرەلىشىپ كەتكەن ئادەملەر ئارىسىدىن ئۇشتۇمتۇت بىر چاڭگا ساقاللىق مەخلۇق چىقىپ، خۇددى چاقاللىقتىن قاۋان چىققاندەك ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، قولىدىكى ئۇزۇن نەيزىسىنى ئاشۇ گۈل بەدەنگە ئۇردى. نەيزىنىڭ پولات ئۇچى چولپانئاينىڭ تومپىيىپ تۇرغان كۆكسىگە سانجىلدى.

گۈل شېخىدىن ئۈزۈلدى. چولپانئاي ئېگەردىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

ئانچە يىراق بولمىغان جايدا دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بېرىۋاتقان تۇرۇمتاي بۇنى كۆرۈپ بەئەينى يولۋاستەك ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، قىلىچنى جان ـ جەھلى بىلەن ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، نەچچىسىنىڭ جېنىنى ئالدى، نەچچىسىنى يارىدار قىلدى، ئاندىن ئۇ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، قىمىر قىلماستىن ياتقان چولپانئاينى

كۆتۈرۈپ جەڭگاھتىن ئاچىقتى .

شۇ ئەسنادا بۇ قىسقىغىنا جەڭمۇ ئاياغلاشتى . سەركەردىسىدىن ئايرىلغان ياۋ قوشۇنى تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ تارقىلىپ كەتتى .

تۇرۇمتاي چولپانئاينى ئات تۇياقلىرى تەگمىگەن جايدىكى ئاپئاق قارنىڭ ئۇستىگە ئاۋايلاپ ياتقۇزدى ، ئۇنىڭ يوغان ئېچىلىپ قالغان كۆزلىرىنى ئاستا ئۇۋۇلاپ يۇمدۇرۇپ قويدى ، چېچىلىپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى ۋە كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتمەستىنلا ئۆرە قوپتى . باشقا چېرىكلەرمۇ كېلىپ توپلىنىشتى .

ئەتراپ جىمجىت ، جىمجىت ... گوياكى تەبىئەت مۇڭغا چۆمگەندەك جىمجىت . قىيامەتلىك ئېرى ئۈچۈن ، مۇھەببىتى ئۈچۈن ئەزىز جېنىنى قۇربان قىلغان شۇ ۋاپادار ئايالغا يەرمۇ ، ئاسمانمۇ قايغۇرۇپ ماتەم تۇتۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى .

※ ※

تۇرۇمتاي چېرىكلەرنىڭ بىرىمىنى ئايرىپ ، ئۇلارغا ۋەزىپە تاپشۇردى .

— سىلەر مەرھۇمەنى ئۇپالغا ئەكېتىڭلار ، — دېدى ئۇ .

— ئازنىقىمۇ ؟

— ياق ، ئازنىقا دۈشمەنلەر كېلىپ قېلىشى مۇمكىن .

— ئەمىسە قەيەرگە ئاپىرىمىز ؟

— شەيخ ئىمام ھۇسەين ئىبنى خەلەپنىڭ ئۆيىگە . ئۇ ھەزرەت ھازىر ئۇپالدىكى ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ . بىلەمسىلەر ؟

— بىلمەمدىغان . بۇغراخان ئۇنى ئوردا ئەمەلدارلىقىغا تەكلىپ قىلسا ، ئۇنىماستىن ئۇپالغا كېلىۋالغىنىچە شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ .

— توغرا ، بىلىدىكەنسىلەر ، شۇ زاتنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىڭلار .

چېرىكلەر ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى كەنتكە بېرىپ ، بىر

دېھقاننىڭ كالا ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ ئالدى ۋە مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمغان چولپانئاي ئالتۇن تارىمنى شۇ ھارۋىغا ياتقۇزۇپ، ئوپالغا قايتۇرۇپ كەتتى.

* *

بۇۋى رابىيە ۋە ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر يول بويى ھېچ يەردە توختىماي ئازىق قەلئەسىگە كىرگەندىن كېيىنلا ئاتلىرىدىن چۈشتى. قەلئەدە قورۇقچى چېرىكلەرمۇ يوق، چولپانئايمۇ يوق. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىگىلىكى چۆلدەرەپ قالغانىدى. خىزمەتكار ۋە دېدەكلەر قورقۇپ كەتكەنلىكتىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇشاتتى. ھەتتا ئىتلارمۇ چوڭ بەختسىزلىكنى تۇيۇپ، قۇيرۇقلىرىنى چات ئارىسىغا قىسقىنىچە كىشىلەرگە قاراپ ئېچىنىشلىق غىڭشىپ قوياتتى.

بۇۋى رابىيە ئوغلى مەھمۇدنىڭ ئوت قالانمىغان سوغۇق ھۇجرىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، تاشنى ئېرىتكۈدەك يىغلاپ كەتتى.

ئازىق قەلئەسىنىڭ باش غوجىدارى بەختسىز خانىشنى قوغداپ كەلگەن ھېلىقى بارسغانلىق تارخانغا بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

— ... شۇنداق قىلىپ، چولپانئاي ئالتۇن تارىم ئارتۇچ يولىدا ئەجەل شارابىنى ئىچىپتۇ، ئىلاھىم، ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — تۇرۇمتاي چېرىكلەرنى باشلاپ مەھمۇد كاشغەرىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ. تېخى بايىلا تۇرۇمتاينىڭ يېنىدىن بىر قىسىم چېرىكلەر قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى شۇلاردىن ئۇقتۇق.

— ئاتلارنىڭ قارنىنى تويدۇرۇپ، تەرىنى قۇرۇتۇۋالايلى، — دېدى تارخان روھىي چۈشكەن ھالدا، — ئاندىن يەنە يولغا

چىقىشىمىز كېرەك . بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ .
هالبۇكى ، ئۇلار ئاتلىرىنىڭ تەرىنى قۇرۇتۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . ياش بىر چاكار سالتاڭ ئاتنى چاپتۇرغان پېتى تارخان بىلەن غوجىدارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراپ كەتتى :
— يەنە بىر بۆلۈك قوشۇن كېلىۋاتىدۇ ! دېھقانلارنى تۇتۇۋېلىپ ، خانىش بۇبى رابىيە قايسى تەرەپكە كەتتى ، دەپ سوراق قىلىشىپتۇ ...
قەلئە ئىچىدىكىلەر ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتتى . تارخان يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بۇبى رابىيەنى ئېتىغا مىندۈردى .
— مۇق يولىغا ! — ۋارقىراپ بۇيرۇق بەردى تارخان ئاتلىنىپ بولغان چېرىكلىرىگە .
— ئارتۇچقا بارايلى ، — دېدى بۇبى رابىيە ئېسەدەپ تۇرۇپ ، — نېمە بولسامۇ مەھمۇد بالام بىلەن بىللە بولاي .
— بولمايدۇ ! — تارخان ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى ، — ئەمدى ئۇ تەرەپكە ئۆتكىلى بولمايدۇ . ئۇ ياقتىكى يوللارنى دۈشمەنلەر قامال قىلىپ بولدى . ھەزرىتى مەھمۇدنى مۇق ئۆتكىلىدە ساقلايمىز . دۈشمەنلەر ئۇ تاغ ئۆتكەللىرىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . توغان تېگىنىمۇ شۇنداق دېگەنىدىغۇ .
— ئاتلارنىڭ ئىشى چاتاق بولدى ، — دېدى يەنە تارخان غوجىدارغا قاراپ ، — ئالماشتۇرغۇدەك ئات يوقمۇ ؟
قەلئە ئىچىدە ئالماشتۇرغۇدەك ئات يوق ئىدى . ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك چېرىكلەر مىنىپ كەتكەنىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېرىپ - ئېچىپ ماغدۇرى قالمىغان ئاتلىرىغا مىنىپ مۇق يولىغا يۈزلەندى .

※ ※

تۇرۇمتاي ئوپال چېرىكلىرىنى باشلاپ ، قارلىق داللار ، شىغىللىق سايلار ، توزلەڭ ۋە ئېدىرلاردا توختىماي ئىلگىرىلەپ ،

تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا ئارتۇچقا يېتىپ كەلدى. بولۇپ ئۆتكەن پاجىئەلەرنىڭ ئۇچۇرى بۇ يەرگە تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى.

تۇرۇمتاي ئالدى بىلەن بۇ يەردىكى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغۇچى سەنگۇننى ئويغاتتى. ئۇلار ئىككىسى بۇنداق پەۋقۇلئاددە جىددىي خەۋەرنى مەھمۇد كاشغەرىيگە دەررۇ ئاڭلاتمىساق بولمايدۇ دەپ ھېسابلاشتى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەقەدەر غەيرەتلىك، ئىرادىلىك ئەر ئىكەنلىكى تۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇ بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا تۆپە - تۆپىلەپ بېشىغا چۈشكەن كۆتۈرگۈسىز دەرد - ھەسرەتتىن، يۈرىكىنى زور تاغدەك باسقان قارا قىسمەتتىن كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن تۇرۇمتاينىڭ يەلكىسىنى تۇتۇۋالدى. ئاغزىدىن ئەمەس، يۈرەك - باغرىدىن يىغلىغانغا ئوخشاش قانداقتۇر بوغۇق سادا چىقتى، لېكىن ئۇ يىغلىمىدى، ھايال ئۆتمەي ئېسىنى يىغىۋالدى؛ ئايەت ئوقۇپ، دۇئا قىلدى، ئاندىن تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ئاۋازدا بۇيرۇق بەردى:

— چېرىكلەر تۇرغۇزۇلسۇن! ئاتلىنايلى!

تاڭ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. چېرىكلەر ئاتلىرىغا مىنىپ، سەپ بويىچە تىزىلىپ بولغانىدى. شۇ ئەسنادا سىپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللار تاڭ شەپقىدەك قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى. بۇ دۈشمەننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان شەرتلىك بەلگە ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي سىپىل ئۈستىگە چىقىپ قارىدى. ئىسيانچى باشباشتاق بەگلەرنىڭ مىڭلىغان ئاتلىق چېرىكلىرى قارا قاغىدەك يامراپ كەلمەكتە ئىدى. نەپسى يامان تەۋەككۇلچىلەر بۇغراخاننىڭ تەرەپدارلىرىنى باستۇرۇش باھانىسى بىلەن مال - دۇنيا يىغىشقا، ئولجا ئېلىشقا ئالدىراپ قوترىغانىدى.

ئىسيانچىلار ھە دېگەندىلا قىزىپ كېتىپ سىپىلگە ئۇمۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ئارتۇچ چېرىكلىرى ئۇلارغا

شۇنداق كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بەردىكى، سېپىلنىڭ تۆت ئەتراپىغا جەسەتلەر تېرىلىپ كەتتى.

ئىسيانچىلارنىڭ بىر قىسمى: «ئارتۇچقا كىرمەي، ئۇدۇل كاشغەرگە بارايلى» دېگىلى تۇردى. ئۇلارنى باشقۇرۇۋاتقان بەگ بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالمىدى.

— ئارتۇچ دېگەن بۇ جاي كىچىك بولسىمۇ، خان جەمەتىنىڭ سەيلىگاھى. بۇ يەردە ئالتۇن ـ كۈمۈش دېگەن تولۇپ ياتىدۇ، — دېدى ئۇ.

ئىسيانچىلار تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ ھۇجۇم بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن سېپىلنى چەمبەر شەكلىدە مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇلار قەلئەگە كىرىشنىڭ باشقىچە ئامالىنى ئىزدەپ، ۋاقىتنى كەينىگە سوزماقچى ئىدى.

مەھمۇد سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى.

— بۇنداق تۇرۇۋەرسەك بولمايدۇ، — دەيتتى ئۇ، — ئانام نەدە يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ يېنىغا تېزرەك بارسام بولاتتى... كىچىككىنە قالمىسام بولاتتىغۇ...

ھەربىي ئەمەلدارلارمۇ ئەنسىرەشكە باشلىدى.

— ئارتۇچ كىچىك شەھەر. سېپىللارمۇ ئېگىز ئەمەس. بۇ يەردە ئۇزاققىچە تىركىشىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، — دېيىشەتتى ئۇلار.

— بۇ يەردىن بۆسۈپ چىقىپ كېتەيلى، — دېدى مەھمۇد.

ھەربىي ئەمەلدارلار ئىككىلەندى:

— ئۇلار بەك كۆپ. مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئاسان ئەمەس.

— لېكىن، بۇ سېپىلنىمۇ ئۇزاققىچە قوغداپ تۇرالمايمىز.

— ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئادەملىرى «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىگە جاۋاب تاپالماي ئاۋارە بولۇپ تۇرغاندا، كاشغەر

تەرەپتىن ئات سېلىپ كېلىۋاتقان زور قوشۇن پەيدا بولدى. ئارتۇچ سېپىللىرىنى قامال قىلىپ ياتقان توپىلاڭچىلار ئۇلارنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشتى. بەزىلىرى ئۇپۇل-توپۇل ئاتلىرىغا مىنىپ، قېچىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىشتى. بۇ چاغدا سېپىل ئۈستىدىكىلەر، ئەكسىچە شادلىنىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى:

— بۇ بالاساغۇنلۇقلار ئىكەن!

— توغان تېگىننىڭ قوشۇنى ئىكەن.

بۇ ھەقىقەتەن توغان تېگىننىڭ قوشۇنى ئىدى. ئۇلار ئارتۇچ سېپىلىدىكىلەرگە نىجاتلىق ئەكەلدى. توپىلاڭچىلار قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. بالاساغۇنلۇق چېرىكلەر دالىغا كەڭ يېيىلىپ ھەممە ياقنى قاپساپ كەلدى. سەپ ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن چاۋۇش:

— باشلىقىڭلار كىم؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشى بولغان بەگ ئىنتائەتمەنلىك بىلەن ھاپىلا-شاپىلا يۈگۈرۈپ توپ ئىچىدىن چىقتى-دە، تۇم قارا ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە ھەيۋەتلىك قىياپەتتە ئولتۇرغان توغان تېگىننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە غال-غال تىترەپ تۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— كەمىنە قۇللىرى مۇبارەك ئاياغلىرىغا باش قويۇشنى ئۆزۈم ئۈچۈن بەخت دەپ بىلىمەن.

— بەگ بولمىش ئىنسان پۇقرالارنى ھەق-ھالال ئىشقا باشلىشى كېرەك، — دېدى توغان تېگىن ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ، — ئادەملىرىڭىزنى باشلاپ دەرھال قايتىپ كېتىڭ. قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇشبۇ گۇناھلىق قىلمىشىڭىز ئۈچۈن تۆۋا-ئىستىغپار ئوقۇڭ.

قورقۇپ كەتكەن بەگ كالۋالاشقان تىلى بىلەن ئالدىراپ خۇشامەت سۆزلىرىنى قىلىپ، كەينى-كەينىدىن تەزىم قىلغىنىچە كەينىچە مېڭىپ يىراقلاشتى.

توپىلاڭچىلار ھەش-پەش دېگۈچە مۇھاسىرىنى بوشىتىپ

ئاتلىرىغا مىنىشتى ۋە توغان تېگىننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىغا خۇش بولۇپ، كەلگەن يولىغا راۋان بولدى.
مەھمۇد سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىپ توغان تېگىن بىلەن قۇچاقلاشتى.
— ئەلھۆكمىلىللا، — دېدى توغان تېگىن، — غەيرەتلىك بولۇڭ، قەدىرلىك دوستۇم. سىز ئۆزىڭىزنى خەلققە بېغىشلىغان ئالىم. سىز خەلقىمىزگە كېرەكلىك. سىز خەلقىمىزگە يەنە تېخى نۇرغۇن ئىش قىلىپ بېرىسىز... ئىلاھىم، بىز ئۇچۇن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيسىز.
مەھمۇد گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئەمدى كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ كەتتى.
توغان تېگىن يەنە سۆزلىدى:
— ئوردىدا پاجىئە يۈز بەرگەن هامان سىزگە مەكتۇپ يېزىپ، مەخسۇس چاپارمەنلەر ئارقىلىق يوللىغانىدىم. ئەپسۇس، چاپارمەنلەر مەنزىلگە يەتمەي تۇرۇپ، يوللاردا تىمىسقىلاپ يۈرگەن توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە چارلىغۇچىلىرىم ئارقىلىق خانىدانىڭىزنىڭ قىزىلگۈلى سولغانلىقى ھەققىدىكى مۇسىبەت خەۋىرىنى ئۇقتۇم. ئەلھۆكمىلىللا، قەدىردان دوستۇم، سەۋر قىلىڭ. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار خۇسۇسىدا پېقىرنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ بېقىشنى مۇۋاپىق تاپسىڭىز، ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي ئالتۇن تارىم ئانىڭىزنى تاپقايسىز.
مەھمۇد كاشغەرىي قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن بۇ سادىق دوستىغا قارىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەجرۇھلانغان قەلبىدىكى مىننەتدارلىقىنى سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ تىكىلىپ قارىشى بىلەن ئىپادىلىدى، ئاندىن «ئېيتقىنىڭىز توغرا» دېگەننى بىلدۈرۈپ بېشىنى ئىرغىتتى.
— ئانىڭىزنى مۇق يولىغا ماڭدۇرۇۋەتتىم، — دېدى يەنە توغان تېگىن، — سىزمۇ تېزرەك شۇ يولغا چۈشكەيسىز. پېقىر

ئىسيانچىلارنى ئۇ تەرەپكە ئۆتكۈزمەي يولنى توسۇپ تۇرىمەن. ئاندىن، ئەھۋالغا قاراپ، كېيىنرەك بالاساغۇننى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن كېتىشىم كېرەك. ئامان بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى جان دوست ئايرىلىشتى.

مەھمۇد ئالدى بىلەن ئۇپالغا كەلدى. ئازىق قەلئەسى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەنىدى. خىزمەتكار ۋە قۇللار قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر جاي، ھەر يەرلەردە مۆكۈنۈۋېلىشقانىدى. مەھمۇد كەلگەندىن كېيىن ئۇلار كەينى ـ كەينىدىن قايتىپ كېلىشتى.

مەھمۇد ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۇدۇل ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىردى. جاۋەنلەر ئۆرۈلگەن، كىتاب ۋە قەغەزلەر قالايمىقان چېچىۋېتىلگەنىدى. بۇلۇڭدىكى قاڭالتىر بىلەن گۈل چىقىرىپ قاپلانغان ساندۇقنىڭ ئاغزى ئوچۇق تۇراتتى. مەھمۇد ئۇنىڭغا قاراپلا تاتىرىپ كەتتى. بۇ ساندۇقتا ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان توپلىغان قولىيازمىلىرى ساقلىناتتى. مانا ئەمدى ساندۇقنىڭ ئىچى قۇرۇق تۇراتتى. شۇنچە يىللاردىن بېرى قان ـ تەر ئاققۇزۇپ توپلىغان قولىيازمىلىرى، يېزىشقا كىرىشكەن دىۋانىنىڭ دەسلەپكى سەھىپىلىرى يوق ئىدى!

«ئەي خۇدا، — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — تەقدىرنىڭ ماڭا تەييارلاپ قويغان بۇنداق جازاسىمۇ بارمىدى؟ شۇنچە دەردلەرنى تارتقۇدەك نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم!»

ئۇڭتەي ـ توڭتەي قىلىنىۋېتىلگەن بۇ كۇتۇپخانىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قەدەم شەپىلىرى ئاڭلاندى. مەھمۇد ھەسرەتلىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، تورلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئىشىككە قارىدى. ياش ئىككى تالىپ شەيخ ئىمام ھۇسەين ئىبنى خەلەپنى ئىككى يېنىدىن يۆلەپ جىمجىتلا كىرىپ كەلدى. مەھمۇد ساندۇقنىڭ يېنىدىن قوپۇپ، ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇستازىغا خۇددى قاپقانغا چۈشكەن كىيىكنى ئەسلىتىدىغان ئېچىنىشلىق ھالەتتە تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇستازى قېرىپ كەتكەنىدى، بەكلا قېرىپ كەتكەنىدى. ساقال ـ بۇرۇتى ۋە مۇدەررىسلىك سەللىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ

تۇرغان شالاڭ چاچلىرى يېڭى ياغقان قاردەك پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن ، قەددى پۈكۈلگەن بولۇپ ، ئىككى تالپىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاران دەسسەپ تۇراتتى .

— قولىيازمىلىرىڭنى بۆلەكچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ نابۇت بولمىسۇن دەپ مەن ئەكەتكەندىم ، — دېدى ئۇ يىغا باسقان ئاۋازدا ، — مانا ئەمدى ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بېرەي .

مەھمۇد يوغان قاپنى كۆتۈرۈپ بوسۇغىدا تۇرغان چاكارنى پەقەت ئەمدىلا كۆردى . چاكار قاپنى مەھمۇدنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى . مەھمۇد قاپنى ئاچتى . قاپقا قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان دەستە ـ دەستە سىرىق قەغەزلەر رەتلىك تىزىلىپ قاچىلانغانىدى .

— رەھمەت ، ئۇستازىم ، — مەھمۇد شۇ سۆزلەرنىلا ئېيتالىدى .

— ئەمدى تېزرەك جابدۇغىن ، بالام ، — دېدى پېشقەدەم مۇدەررىس ، — يولۇڭدىن قالمىغىن . ھازىر سەن ئۈچۈن ھەربىر دەقىقە ئىنتايىن قىممەت . بۇ يەردە ئەجەل شارابىنى ئىچكەنلەرنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن . سەن كېتىۋەرگىن ، ئاللا ساڭا يار بولسۇن .

دېمىسىمۇ ئەھۋال جىددىي ئىدى . بىر دەقىقە ۋاقىتنىمۇ قولدىن بېرىشكە بولمايتتى . ئىسيانچىلارنىڭ كۆپ ئۆتمەي كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى چوڭ ئىدى . توغان تېگىن كۆچا يولى ئارقىلىق كېلىدىغان ياۋنى توسۇپ تۇراتتى ، ئەمما كاشغەر يولى ئوچۇق ئىدى .

مەھمۇد قولىيازمىلار سېلىنغان قاپنى بىر ئاتقا تاڭدۇردى ۋە ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ مۇق يولىغا راۋان بولدى . ئۇ يول بويى ئانىسى بۇبى رابىيەنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ ماڭدى . ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى : «بىلمەيمىز » دەپ جاۋاب بېرىشەتتى ، بەزىلىرى گەرچە بۇبى رابىيەنى تونۇمىسىمۇ ، بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ مۇق يولى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى ، ھەتتا بەزىلەر شۇ ئاتلىقلار ئىچىدە ياشانغان بىر ئايالنىمۇ كۆرگەنلىكىنى يادىغا

ئېلىشتى.

مەھمۇد كاشغەري شۇ ئاتلىقلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى ئايىماي چاپتۇردى. كۆكئارت تاغلىرىغا يېقىنلاشقانسېرى يوللۇچىلارمۇ ئۇچرىمايدىغان بولۇپ قالدى.

مۇق يولىغىمۇ يېتىپ كېلىشتى. ھېچكىم ئۇچرىمىدى. لېكىن، تاغ يوللىرىدا نورغۇن ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزلىرى كۆرۈنەتتى. شۇنىڭغا قاراپ، ئۇلارنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتى دەپ قىياس قىلىشقا بولاتتى.

مەھمۇد كاشغەري ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئات ئىزلىرىنى يىتتۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىپ، كۆكئارت تاغلىرىغا ئىچكىرىلەپ كېتىۋەردى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

## بارسغان

بارسغان گەرچە كاشغەر، بالاساغۇن ۋە سەمەرقەنتتەك چوڭ بولمىسىمۇ، گۈللەنگەن، ئاۋات شەھەر ئىدى. بارسغانلىقلار ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن ئالاھىدە پەخىرلىنەتتى. يىراقتا قارىغايلىق ئورمان بىلەن قاپلانغان تاغ تىزمىلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئورمان ياقىسىدىن تاكى شەھەر سىپىلىگىچە قويۇق ئۆسكەن چاتقاللىقلار غۇژمەكلىشىپ يېپىلغان. ئورمان ۋە چاتقاللىقلار بارا - بارا پەسلەپ كېلىپ، كەڭ تۈزلەڭلىككە تۇتىشىدۇ. شۇ تۈزلەڭدە قىش ۋە ياز ئوخشاشلا لەرزان چايقىلىپ تۇرىدىغان كۆپكۆك ئىسسىقكۆل ئۇلۇغۋار باغرىنى كەڭ ئېچىپ ياتىدۇ. كۆلنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە يىراقتىكى تاغلارنىڭ ئېتەكلىرىگىچە تەكشى سوزۇلغان ياپيېشىل مەخمەلدەك يايلاقتا قوي، كالا پادىلىرى ئوتلاپ يۈرىدۇ.

مىلادىيە 1059 - يىلى يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. بارسغان ئۆزىنىڭ تىنچ، پاراغەتلىك تۇرمۇش ئېقىمىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. كاشغەردە كۆتۈرۈلگەن تەخت ماجىراسىنىڭ قارا بورانلىرى ئىسسىقكۆل بويلىرىغا يېتىپ كەلمىگەنىدى. كىشىلەر خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزلىرىنىڭ جاھاندارچىلىق ئەمەللىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئاستىنىدە بولۇۋاتقان ئىشلار بۇ يەردە ئەكس سادا پەيدا قىلالمىغانىدى. ئوردىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇ

خان چىقسا قانداق بولار ، بۇ خان چىقسا قانداق بولار ، دەپ باش قاتۇرىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى . كۆپچىلىك پۇقرالار : «قايسى خان چىقسىمۇ بىزنىڭ نېمە كارىمىز ، ئاكاڭ كىمنى ئالسا ، يەڭگەڭ شۇ» دېگەن ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك مەنتىقە بويىچە بەخىرامان يۈرەتتى . بازارنىڭ ئاۋات جايلىرىدىكى شىپاڭلار ئاستىدا چاي ، قېتىق ۋە ياكى قىمىز ئىچىپ ئولتۇرىدىغان سۆھبەتداشلار كاشغەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى مۇبالىغىلەشتۇرۇپ ، گويا ئەپسانىۋى رىۋايەتلەرنى توقۇپ سۆزلىشەتتى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئەنە شۇنداق شىپاڭلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرۇشقان بىر توپ كىشىلەر ئىچىدىن بىرەيلەن ئۇشتۇمتۇت كوچىدا كېتىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرسەتتى .

— قاراڭلار ، ئۇ كىم ، بىلەمسىلەر ؟ ئۇ كاشغەردىن كەلگەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ قوللۇقتىن ئازاد قىلىنغانىكەن . ئۇ ھازىر ئىنال تېگىننىڭ خانىدانىدا ئۆزىنىڭ خوجايىنى مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن بىللە تۇرىدىكەن .

— لاپ ئۇرما ، سەن نەدىن بىلەتتىڭ .

— بىلسەڭ ئېيتىپ باقە ، ئۇنىڭ ئىسمى كىم ؟

— تۇرۇمتاي .

— مەھمۇد كاشغەرىينى خان جەمەتىدىن دېيىشىدۇغۇ ؟

— شۇنداق . ئۇ شەھىرىمىزنىڭ بۇرۇنقى ھاكىمى ، مەرھۇم ئىلىكخاننىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ .

— ھە ، مۇنداق دېگىن .

— بۇ تۇرۇمتاي دېگىنى ئەنە ئاۋۇ ئۇدۇلدىكى دورىگەرلىك دۇكىنىغا پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ .

— مەھمۇد كاشغەرىينى ئېغىر كېسەل دەپ ئاڭلىدىم...

بازاردىكى ئۇزۇن قولاقلارنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس ئىدى . ئۇلار ئېيتقاندەك ، تۇرۇمتاي دورىگەرلىك دۇكىنىغا كىردى . بۇ ئازادە دۇكاننىڭ ئىچى خىلمۇخىل خام ۋە پىششىقلانغان دورىلار بىلەن توشتۇرۇۋېتىلگەنىدى . بۇ يەردە بۇغا مۈڭگۈزى ، بۆكەن

مۇڭگۇزىدىن تارتىپ ، ئادەمگىياھ ، سۇنبۇل قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ، مەجۇن ، مەلھەم ، شەربەتلەردىن تارتىپ ، ئىپار ، ئەنبەر قاتارلىق خۇش پۇراقلىق دورىلارغىچە ، ئىچىلىدىغان دورىلاردىن تارتىپ ، سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلارغىچە… ئىشقىلىپ ، ئادەم بەدىنىدە كۆرۈلىدىغان ئىغىر - يېنىك كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە شىپا بولىدىغان دورىلار تېپىلاتتى. كاشغەر ۋە ئۇدۇننىڭ داڭقى پۇر كەتكەن شىپاخانىلىرىدىن قېلىشمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىگە كېرەكلىك دورىلارنى مۇشۇ دۇكاندىن ئېلىشنى تۇرۇمتايغا تاپىلىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ تۇرۇمتاي دۇكان ئىگىسىدىن ئىككى بولاق دورىنى ئېلىپ قايتتى.

تۇرۇمتاي كىرگەندە ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يېنىدا تېۋىپ ئولتۇراتتى. بۇ ياشنىپ قالغان بولسىمۇ ، مەڭزىلىرىدىن قان تەپچىپ تۇرىدىغان خۇش چىراي كىشى بولۇپ ، ئىنال تېگىننىڭ خۇسۇسىي تېۋىپى ئىدى.

مەھمۇد تۆت قات كۆرپىنىڭ ئۈستىدىكى مەشۈت بىلەن كەشتىلەنگەن قوش ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ خېلى ئوبدانلا ئورۇقلاپ قالغان بولۇپ ، چىرايى خۇنۇك ، كۆزلىرى نۇرسىز كۆرۈنەتتى.

تېۋىپ تۇرۇمتاي ئەكەلگەن ئىككى چوڭ بولاقنى ئېچىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇششاق بولاقلارغا تۇگۈلگەن خام دورىلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ تەكشۈرۈپ چىقتى.

— ياخشى ، — دېدى ئۇ ، — مەن ھازىرلا بۇ دورىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە تۇتۇش قىلىمەن.

شۇ ئەسنادا مەھمۇدنىڭ مەھرەملىكىنى قىلىۋاتقان ياش بىر قول كىردى.

— ئىنال تېگىن ھەزرەتلىرى بىلەن ئالتۇن تارىم كەلدى ، — دەپ مەلۇم قىلدى ئۇ.

ئىنال تېگىن بويى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ، تەن قۇرۇلۇشى مۇستەھكەم، قويۇق بۇدۇر ساقاللىق ئانچە - مۇنچە ئاق ئارىلىغان، يېقىملىق كۆرۈنىدىغان كىشى ئىدى.

ئىنال تېگىننىڭ خانىمى، مەھمۇدنىڭ هاماچىسى بۇبى سەلىمە بۇغداي ئۆڭلۈك، ئەتلىك ئايال بولۇپ، بېشىغا شايى رومال سالغان ۋە ئۈچىسىغا ئوشۇقلىرىنى ياپقۇدەك ئۇزۇن تاۋار تون كىيگەنىدى.

— ئەھۋالىڭىز قانداق، ئىنىم؟ — دەپ سورىدى ئىنال تېگىن مەھمۇدنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ.

مەھمۇد ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— خۇداغا شۈكرى، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. تېۋىپ ھەزرىتىم ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ، بەرگەن دورىلىرىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمى ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

بۇبى سەلىمە كۆز ياشلىرىنى روملىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈپ تېۋىپقا يېلىنغان ئاھاڭدا مۇراجىئەت قىلاتتى.

— ئاللا ھەققىدە شۇ جىيەن بالامنى ئوبدان كۆڭۈل قويۇپ ساقايتىپ قويغايسىز، مەۋلان ھېكىم، — دەيتتى ئۇ، — رەھمەتلىك ئاكامنىڭ مۇشۇ بىر تەۋەررۈك ئوغلى قالدى.

— خاتىرجەم بولغايسىز، ئالتۇن تارىم، — دېدى تېۋىپ، بۇبى سەلىمەگە ئېگىلىپ قويۇپ، — ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىي ئالىم بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ھەممىمىز ئۈچۈن قەدىرلىك، ئاللا ھەممىنى بىلىدۇ، ئاندىن قالسا تېبابەت ئىلمىنىڭ ھېكمەتلىرى كېسەللىك ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇشىمىزغا يول ئاچىدۇ.

— بىھۇدە غەم قىلماڭ، ھاماچا، — دېدى مەھمۇد مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — بىر ئوبدان تۇرىمەنغۇ، ھېچقانداق كېسىلىم قالمىدى. پەقەت بىرئاز ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلىمەن.

— ئۇيقۇڭىز قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ — تېۋىپ ئۇنىڭدىن سورىدى.

— ئۇيقۇم ئانچە ياخشى ئەمەس ، قارا باسىدۇ ، كېچىلەردە ئويغىنىپ كېتىمەن .

— ئەسەبلەرنىڭ زەئىپلىكى تېخى ئۆزەلمىگەن ، — دەپ چۈشەندۈردى تېۋىپ ، — ماغدۇرسىزلىقمۇ ئاساسەن شۇنىڭغا باغلىق .

— ئەمدى ئەسەبلەرنى تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلسام بولارمۇ ؟ — سورىدى مەھمۇد .

— شۇنداق ، ھەزرىتىم ، — دېدى تېۋىپ ، — ئەمدى سىزگە بىر خىل مەجۇنى دورا ياساپ بېرىمەن . بۇ دورىنىڭ خاسىيىتى كۆپ . باش قېيىش ، كۆز قاراڭغۇلىشىش ، قۇلاق غوڭۇلداش ، ئۇنتۇغاقلىق ، ئۇيقۇ كەلمەسلىكتەك بىتابلىق ئاسارەتلىرىنى تۈگىتىشتە شىپالىق تەسىرى كۈچلۈك . شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن كۈشتىسىنى باشلايمىز ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ ، — بۇ دورا بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدۇ ، باشقۇرغۇچى ئەزالارنى كۈچلەندۈرىدۇ ، بولۇپمۇ يۈرەك ۋە مېڭىگە قۇۋۋەت بېرىش ئۈنۈمى ياخشى .

بۇ تېۋىپ ئۆز كەسپىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن كىشى بولۇپ ، تېبابەتچىلىك ساھەسىدە بىر مۇنچە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتاندى ، دورىگەرلىك ئىلمىگە ئائىت رىسالىلەرنى يازاتتى . ئۇ ئادەتتە كەم سۆز ، ئېغىر - بېسىق ئادەم بولسىمۇ ، تېبابەت مەسىلىسىگە كەلگەندە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سۆزلەپ كېتەتتى ۋە قانچە سۆزلىسىمۇ زېرىكمەيتتى .

— خۇشاللاندۇرغۇچى دورىلارنى ئۆزلۈكسىز ئىستېمال قىلىڭ ، — دېدى يەنە تېۋىپ تەكىتلەپ .

— توغرا ، — دېدى مەھمۇد ، — سىز ياساپ بەرگەن ياقۇت مۇپەررىھى تېخى تۈگىمىدى . بۇ دورىنىڭمۇ ئىنتايىن ياخشى تەسىر بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن .

تېۋىپ يەنە قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈردى :

— ياقۇت مۇپەررىھى كۆڭۈلنى خۇشال قىلىدۇ ، خاپىغانلىقنى

يوقتىدۇ .
ئاندىن ئۇ ھېسسىياتىنى باسالمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ، تەكچىنىڭ ئالدىغا كەلدى . بۇ تەكچىگە تۈرلۈك شىشە ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان قۇتىلارغا قاچىلانغان دورىلار تىزىۋېتىلگەنىدى . تېۋىپ قۇتىلارنى قولى بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ يەنە سۆزلىدى :
— قىزىلگۈل ۋە رەيھان گۈلقەنتلىرىنى داۋاملىق يەپ بېرىڭ... مۇرابباﻻرنىڭ ، بولۇپمۇ ئەنجۈر مۇرابباسىنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ... ئىپار ۋە سۇنبۇلنى پات - پات پۇراپ بېرىڭ...
ئاخىردا ئۇ مەھمۇدنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تەكرار تاپىلاپ چىقىپ كەتتى .
— بۇ ياخشى تېۋىپ ، — دېدى ئىنال تېگىن .
— خۇشخۇي ، كۆڭۈلچەك ئادەم ئىكەن ، — دېدى مەھمۇد .
— ھەرنېمە بولسىمۇ ئوڭشىلىپ قالدىڭ ، مەھمۇد بالام ، — دېدى بۇبى سەلىمە ، كۆزلىرى نەملەشكەن بولسىمۇ كۈلۈمسىرەشكە ئۇرۇنۇپ .
ئۇلار بىر ئەسناغىچە ئارتۇق سۆز قىلماستىن شۈك بولۇپ كەتتى . ئۇچىلىسى بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى . ئىنال تېگىن بىلەن بۇبى سەلىمە مەھمۇدنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ، ئوردا پاجىئەسىنى ئەسلىتىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلماسلىققا تىرىشاتتى . مەھمۇدمۇ بۇ ھەقتىكى سۆزلەردىن ئۆزىنى قاچۇراتتى . بىراق ، ئۇ يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ، بولۇپمۇ ئۇيقۇسىز ئۆزۈن تۈنلەردە ئەسلەيتتى ، بوۋىسىنى ، ئاتىسىنى ، ئانىسىنى ، چولپانئايىنى ئىختىيارسىز تۈردە ئەسلەيتتى ، يۈرىكى ئۆرتەنگەن ھالدا ئەسلەيتتى .
مەھمۇد ئوپالدىن چىقىپ ، تاغمۇتاغلاردىن ئۆتۈپ ، چۆلمۇ چۆللەرنى كېزىپ ، يېزا - قىشلاقلارنى بېسىپ ، ئىككى ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈش جەريانىدا ئانىسىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى . ئۇ كۆككارت تاغلىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى يەرلەرگە ئۆتۈپ ،

ئاندىن يەنە شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئاخىر ئىسسىقكۆل بويلىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ پەقەت بارسغان شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىنلا بولغان ۋەقەدىن خەۋەر تاپتى.

ئۇ يول بويى ئانىسى بۇبى رابىيەگە يېتىشىۋالىمەن دەپ ئالدىرىدى، لېكىن يېتىشەلمىدى. يول بويى ئۇچرىغان كىشىلەر كاشغەردىن قېچىپ ئۆتكۈچىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللارنىڭمۇ، ھەتتا ئۇششاق بالىلارنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى، لېكىن بۇبى رابىيەنى ھېچكىم تونۇمايتتى، مەھمۇد ئانىسىنى بارسغاندا كۆرۈشكە ئۈمىد باغلىدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدىمۇ يوققا چىقتى. بۇبى رابىيە بارسغانغا كەلمىگەنىدى، ئۇ كاشغەردە قالغانىدى! بۇ گەپلەرنى ئوردىدىن بۇبى رابىيە بىلەن بىللە قېچىپ چىققان ۋە مەھمۇدتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بارسغانغا يېتىپ كەلگەن چېرىكلەر سۆزلەپ بەردى. ئەمىسە، بۇبى رابىيە قانداق بولۇپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ كاشغەردە قالدى؟

ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغانىدى. بۇبى رابىيە ۋە ئۇنى ئوردىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان ھېلىقى تارخان باشلىق چېرىكلەر نىزامىددىن ئىسرابىل توغان تېگىنىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە مۇق يولىغا راۋان بولدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار تېخى تاغ باغرىغا يەتمەي تۇرۇپلا زور ئاتلىق قوشۇن قوغلاپ كەلدى. بۇ قوشۇننى بۇغراخانىنىڭ كىچىك ئوغلى، يەنى ئاتىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ بېشىغا چىقىپ، ئۆزىنى «بۇغرا قاراخان» دەپ ئاتىۋالغان ئاشۇ ئىبراھىم باشلاپ كەلگەنىدى. قىسقىغىنا تەڭسىز توقۇنۇش يۈز بەردى. بۇبى رابىيەنى قوغداپ كېلىۋاتقان تارخان مەردلەرچە قۇربان بولدى. باشقا چېرىكلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تۇتۇلغانلىرى تۇتۇلدى. ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا تاغقا قېچىپ چىقىپ قۇتۇلۇپ قالالىدى. بۇبى رابىيەمۇ قولغا چۈشتى. ئىبراھىم ئۇنى كاشغەرگە قايتۇرۇپ كەتتى.

دېمەك، مەھمۇد ئارتۇچ قەلئەسىنىڭ مۇداپىئە جېڭىدىن بوشاپ، مۇق يولىغا يېتىپ بارغۇچە بولىدىغان ئىش بولۇپ

بولغانىدى . ھالبۇكى ، مەھمۇد بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولۇپ ،
ئانىسىغا يېتىشىۋېلىش ئىستىكى بىلەن ئالغا قاراپ كېتىۋەرگەن .

ئىنال تېگىن بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي بۇبى رابىيەنى قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ ، ئۇزاق سۆزلەشتى . ئىبراھىم بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىشتىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولمايتتى . ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، ئاخىر بىر تۈركۈم جەسۇر ۋە ئەپچىل يىگىتلەرنى كاشغەرگە مەخپىي ئەۋەتىپ ، بۇبى رابىيەنى ئەپقېچىپ كېلىش قارارى تايىن تاپتى .

شۇنداق قىلىپ جەسۇر يىگىتلەرمۇ تاللاندى . يول تەييارلىقى قىلىنىۋاتقان بىر كۈندە كاشغەردىن يەنە ئىككى ئادەم كېلىپ قالدى .

— ئىنال تېگىن بىلەن كۆرۈشمىز ، بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىمنىڭ خەۋىرىنى ئەكەلدۇق ، — دەپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى ئۇلار .

ئىنال تېگىن بىلەن بۇبى سەلىمە : «خۇش خەۋەرمۇ ، شۇم خەۋەرمۇ ؟ بۇ كىشىلەر نېمە ئۈچۈن مەھمۇد بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىشمىدى ؟ » دېگەن خىياللار بىلەن تاقەتسىزلىنىپ ، ئۇلارنى دەرھال دەرگاھىغا چاقىرتىشتى .

يېڭى كەلگەن كىشىلەر ئەسلىي بارسغانلىق بولۇپ ، ھۆسەين ئارسلان ئىلىكخان بىلەن كاشغەرگە كەتكەنىدى . ئىنال تېگىن بۇ كىشىلەرنى ئوبدان تونۇيتتى .

— ھەزرىتى ئىنال تېگىنگە مەلۇم بولغاي ، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇلاردىن بىرى ، — بىز بۇبى رابىيە ئالتۇن تارىم بىلەن بىللە ئوردىدىن قېچىپ چىققاندۇق . تېخى مۇق يولىغا يەتمەي تۇرۇپ ، ئىبراھىم ئۆز ئادەملىرى بىلەن كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ ، ئالتۇن تارىم بىلەن بىزنى تۇتۇپ كەتتى . بىز كاشغەردىكى زىنداندا تۆت كۈن ياتتۇق . تەلىيىمىزگە يارىشا ، زىندان قاراۋۇللىرى ئىچىدە ئالتۇن تارىمغا ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىلەر

چىقىپ قالدى. ئۇلار يېرىم كېچىدە بىزنى زىنداندىن چىقىرىپ، ئات ـ ئۇلاغ بېرىپ يولغا سېلىپ قويدى. بىز يىگىرمىچە ئادەم ئالتۇن تارىم بىلەن بىرلىكتە تاغ تەرەپكە ئات سالدۇق. ئالتۇن تارىم بىزنى ئالدىرىتاتتى. «مەھمۇد بالام مۇق يولىغا كەتكەنىدى، بىزمۇ شۇ ياققا ماڭايلى، تېز بولايلى» دەيتتى ئۇ. مۇق يولىغا كېتىۋاتقان چېغىمىزدا ئىبراھىمنىڭ ئادەملىرى كەينىمىزدىن يەنە قوغلاپ يېتىپ كەلدى. «ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاڭلار، بىرىمۇ تىرىك قالمىسۇن! ئىبراھىم قاراخانىنىڭ پەرمانى شۇنداق» دەپ جار سالدى ئۇلارنىڭ باشلىقى.

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە بۇبى سەلىمە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى.

— ۋاي خۇدايىم... — دەپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى ئۇ.

ئىنال تېگىننىڭ چىرايى ئۆزگۈرۈپ كەتتى. ئۇ: «داۋامىنى سۆزلە» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان نەزىرى بىلەن سۆزلىگۈچىگە تىكىلىپ قارىدى.

— ئۇلار دېگىنىنى قىلدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ھېلىقى كىشى، — ئۇلار خۇددى بىر توپ يىرتقۇچلاردەك تۇشمۇتۇشتىن ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇدۇل كەلگەننى قىلىچ بىلەن چېپىشقا باشلىدى...

سۆزلىگۈچىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، كۆزلىرىگە ياش تولدى.

— يەڭگەم بۇبى رابىيە قېنى؟ — دەپ خىتاب قىلدى بۇبى سەلىمە، — ئۇ... ۋاي خۇدايىم... ئۇ... نېمە بولدى؟

— ئالتۇن تارىمنىڭ ئازابلانغان جېنى رەھىملىك ۋە شەپقەتلىك ئاللانىڭ ئاخىرەتلىك پاناھى ئاستىغا كۆچتى. پەقەت مۇشۇ ئىككىمىزلا ساق قالدۇق. بىز قالايمىقانچىلىقتا چاتقاللىق ئىچىگە مۆكۈنىۋالغاندۇق، ئۇلار بىزنى كۆرمەي قالدى.

— نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك! — دېدى ئىنال تېگىن مۇشتلىرىنى تۈگۈپ.

بۇبى سەلىمە ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى.

— بىچارىنىڭ جەستتى نەلەردە قالغاندۇ؟ — دېدى ئۇ يىغا ئارىسىدا.

— بىز چاتقاللىقتا يېتىپ تۇرۇپ ئاڭلىدۇق. ئۇ قارغىش تەگكۇرلەرنىڭ باشلىقى: «بۇ خاتۇننىڭ ئۇپالدىكى تۇغقانلىرىغا خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى شۇلار ئۆزلىرى قىلىشسۇن» دېگەنىدى.

⁂ ⁂

مەھمۇد كاشغەرىي ئانىسى توغرىسىدىكى بۇ چىدىغۇسىز قايغۇلۇق خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن بەئەينى ئەس - ھوشىنى يوقاتقان مەجنۇنغا ئوخشاپ قالدى. كۈن بويى بىر ئىنسانغا گەپ قىلمايتتى، نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، گېلىدىن غىزا ئۆتمەيتتى. ئاخىر ئۇ قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ماغدۇرسىزلىنىپ، بېشى قېيىپ، كېچىلىرى ئۇخلىيالماي، ئۇخلىسا قارا بېسىپ جۆيلۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى، ئاندىن قاتتىق مېڭە ئاغرىقىغا دۇچار بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

شۇنداقتىمۇ ئىنال تېگىننىڭ خۇسۇسىي تېۋىپى بارلىق ھۈنىرى ۋە بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ جىددىي داۋالىغانلىقتىن، ھايال بولماي ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. كېيىنچە مەھمۇد ئۆزىمۇ تېۋىپنىڭ داۋالىشىغا پائال ماسلىشىدىغان بولدى. «مەن تېخى ياشىشىم كېرەك، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — دىلىمغا پۈكۈپ قويغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار. شۇ ئىشلىرىمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىم كېرەك».

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تالا - تۈزگە چىقىدىغان، كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىدىغان، ئات مىنىپ ۋە پىيادە يۈرۈپ چېنىقىدىغان بولدى. ئۇ بېشىغا چۈشكەن شۇ قەدەر زور قايغۇ - ھەسرەتلەرگە، قاتمۇقات روھىي زەربىلەرگە قەيسەرلىك بىلەن تاقابىل تۇردى. بۇ

جەھەتتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مەنىۋى كۈچىنى ۋە ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى نامايان قىلدى.

ئاستا ئاستا ئۇ سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. شۇ جەرياندا ھېچكىممۇ ئۇنىڭ زارلانغان ياكى دەرد تۆككەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىدى. ئۇ ئىنال تېگىن بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىدا نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى. ھامماچىسى بۇبى سەلىمە بىلەن بىللە بولغاندا ئۆزىنى تېتىك تۇتۇشقا تىرىشىپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرەتتى. تۇرۇمتاي بىلەن يالغۇز قالغاندا، ئۇنىڭ مۇرىلىرىدىن قۇچاقلاپ، قوللىرىنى قىسىپ، كۆيۈنگەن ھالدا تەسەللى بېرەتتى.

— بىز غۇرۇرىمىز بىلەن ياشىشىمىز كېرەك، — دەيتتى ئۇ، — پۈۋلەپ قويسا توزۇپ كېتىدىغان مامكاپ گۈلدەك بولماستىن، قار - شىۋىرغانلاردىمۇ ياشناپ تۇرىدىغان قارىغايدەك بولۇشىمىز كېرەك.

تۇرۇمتاي مەھمۇدنىڭ بۇنداق ئىلھامبەخش گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، بېشىنى ئىرغىتاتتى.

ئىنال تېگىن مەھمۇدنىڭ ئۇگشىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرىدىغان ۋە كۆڭلىدىكى غەم - ئەندىشىلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان بولدى.

— كاشغەردىن ئالغان مەلۇماتلىرىمىزدىن قارىغاندا، — دەيتتى ئۇ، — ئىبراھىم ھازىر بارسغانغا باستۇرۇپ كېلىش كويىدا بولۇۋېتىپتۇ.

— بۇ تامامەن مۇمكىن، — دەيتتى مەھمۇد، — ئۇنىڭ تەخت ساھىبى بولغانلىقىنى ئارسلان تېگىننىمۇ ۋە باشقا ئىلىكخانلارمۇ ئېتىراپ قىلمىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆز ئورنىنى قورال كۈچى بىلەن مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇنۇشى تۇرغان گەپ.

— شۇنداق، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى ئىنال تېگىن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر خۇن دەۋاسىنى قىلالايدىغان بىردىنبىر ئادەم بارسغاندا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئالدى بىلەن

بىزگە قول سېلىشنى ئويلايدۇ.

— ئەلۋەتتە، — مەھمۇدمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى، — مەن ھازىر ئۇنىڭ كۆزىگە قادالغان تىكەن بولدۇم. مېنى يوقاتمىغۇچە ئۇ خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئەمدى سىز قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

ئىنال تېگىن مەھمۇدقا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىشەنچ ۋە قەتئىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— زەھەرنى زەھەر بىلەن، تىغنى تىغ بىلەنلا يانىدۇرۇشقا بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

مەھمۇدمۇ ئىنال تېگىنگە تىكىلىپ قارىدى. ئۇ گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئىنال تېگىننىڭ پىكرىنى تامامەن قوللايدىغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ مەنىلىك قارىشى بىلەن روشەن ئىپادىلىدى.

※ ※

كاشغەر، ئوردا. مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىبراھىم تاج كىيىپ، تەختكە چىقىپ ئۆز بەختىنى تاپمىدى. ئوردا ئۇنىڭغا گويا قەپەستەك، خاقانلىق تاجى گويا ئوت چەمبەردەك، ئالتۇن تەخت گويا تاۋۇتتەك تۇيۇلاتتى. ھەدېسىلا ئاتىسى بىلەن ئاكىسى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ئىبراھىم ئۇلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشاتتى، لېكىن ھەرگىز ئۇنتۇيالمايتتى، كۆز ئالدىدىن كەتكۈزۈۋېتەلمەيتتى. ئۇنى قورقۇنچ باساتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى قىسىلاتتى، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىرى ئوغرىلىقچە كېلىپ پىچاق ئۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتەتتى - دە، ئۆزىچىلا چۆچۈپ كېتەتتى. ئالدىغا غىزا كەلسە «زەھەر سېلىنغانمىدۇ» دېگەن گۇمان بىلەن ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالاتتى.

ئۇ ئىلگىرى: «خاقان بولغان ئادەم مۇراد - مەقسەتلىرىگە

يېتىدۇ» دەپ ئويلايتتى . ئەمدى بولسا ، ئۆزىنى ئەڭ بەختسىز ئادەم دەپ ھېس قىلىدىغان بولدى . ئۇ ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى ، بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ئانىسى باشقۇراتتى .

ئۇ ئىلگىرى كەيپ ـ ساپاغا بەكمۇ خۇشتار ئىدى ، ئەمدى ئۇنداق يۈگەنسىز ھەۋەسلىرى تۇتۇندەك تارقىلىپ كەتتى . ئۇنىڭ قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولغان ھىلىقى كۇسا بېدىك گۈل يۈزلۈك ، مامۇق تەنلىك نازىنىنلارنى تېپىپ كەلگەنىدى ، بىراق ئىبراھىم بېدىكنىڭمۇ ، نازىنىنلارنىڭمۇ دەككىسىنى بېرىپ قوغلاپ چىقاردى .

ئۇ ئىلگىرى ئانىسىنى بەك ياخشى كۆرەتتى ، ھېچقانداق ئىشتا ئۇنىڭ سۆزىنى يىرمايتتى ، ئەمدى ئۇنىڭغىمۇ قوپال تېگىدىغان بولۇپ قالدى . ئانىسى ئوردا ئىشلىرىدىن ئېغىز ئاچسىلا ، ئۇنىڭ جىنى تۇتۇپ قالاتتى .

— ئانا ، بولدى ، گەپ قىلماڭ . كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق ، — دەيتتى ئۇ زەردىسى قايناپ .

ھالبۇكى ، ئوردىدىكى باشقا كىشىلەر ئىبراھىمغا ئارتۇق سۆزلەشكە پېتىنالمىسىمۇ ، ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم ھەرقانداق شارائىتتا پائالىيەتچانلىقىنى قىلچە سۇسلاشتۇرمايتتى .

— بۇنداق بوشاڭلىق قىلما ، ئىبراھىم ، — دېدى ئۇ ئوغلىغا تەنبىھ بېرىپ ، — ئەتراپىڭدا دۈشمەنلىرىڭ تولۇپ ياتىدۇ . قاچانغىچە ھوشۇڭنى تاپمايسەن ؟

— قايسى دۈشمەنلەر ؟

— خۇن دەۋاسىنى قىلىدىغان مەھمۇدچۇ . تەخت دەۋاسىنى قىلىدىغان ئارسلان تېگىنچۇ ، ھەسەن تېگىنچۇ .

— ئەمىسە ، قانداق قىلىشىم كېرەك ؟

— ئۇلارنى يوقىتىشىڭ كېرەك !

— ئۇلارنى...

— شۇنداق ، ئاۋۋال مەھمۇدنى يوقات ، ئاندىن كاشغەر بىلەن

بارسغاننىڭ قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇدۇنغا بارسەن .

— ئۇنداق قىلسام...

— شۇنداق قىلساڭ تەختىڭمۇ ، جېنىڭمۇ ئامان بولىدۇ .

ئۇلۇغ ئالتۇن تارىمنىڭ بۇ خىل مەنتىقىسى ئىبراھىمغا ئاخىر ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسەتتى . ناغرا ، بۇرغىلار چېلىندى ، تۇغ - ئەلەملەر ئېگىز كۆتۈرۈلدى . خاقان بولۇپ دىل ئارامىنى يوقاتقان ئىبراھىم زور قوشۇننى باشلاپ بارسغان تەرەپكە ئاتلاندى .

ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم سېپىل دەرۋازىسىغىچە ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقتى .

— تەخت دەۋاسىنى قىلدىغانلاردىن بىرىمۇ قالمىسۇن ! — دېدى ئۇ ئوغلى بىلەن خوشلىشىپ .

⁂ ⁂

قاراخانىيلار دەۋرىدە چوڭ شەھەرلەرنىڭ تۆت ئەتراپىدا مۇنارسىمان ئېگىز قورۇلمىلار بولۇپ ، بۇلار «قاراغۇ» دەپ ئاتىلاتتى . قاراغۇلار مۇنتىزىم قىسىملارنىڭ چېرىكلىرى تەرىپىدىن قوغدىلاتتى .ناۋادا ، دۈشمەن تەرەپنىڭ قورال‌لىق قىسىملىرى يېقىنلاپ كەلسە ، شۇ قاراغۇلارغا ئوت يېقىلاتتى . بۇ ئوت — شەرتلىك بەلگە ئىدى . شەھەرنى قوغدىغۇچى قىسىملار ۋە پۇقرالار شۇ ئوتقا قاراپ دۈشمەننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقاتتى .

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بارسغان شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى قاراغۇلارغا ئوت يېقىلدى . سېپىلدىكى قاراۋۇللار قاراڭغۇلۇقتا يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان بۇ ئوتلارنى كۆرۈپ جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى . بىر قىسمى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ، ھاكىمنىڭ تۇرار جايىغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەتتى ، يەنە بىر قىسمى دۇمباق ۋە بۇرغىلارنىڭ تەشۋىشلىك ساداسىنى ياڭرىتىپ ئاھالىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزدى .

ھاكىم ئىنال تېگىن ھەر دائىمقىدەك سالماق قەدەم تاشلاپ

چىقىپ كەلدى. سەنگۈنلەر ئەسكىرىي قىسىملارغا بۇيرۇق بېرىشكە باشلىدى. قوشۇنلار چاقماق تېزلىكىدە جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتتى. گۈلخان ۋە مەشئەللەر يېقىلىپ، ئەتراپنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاپلىدى.

شۇ ئالدىراشچىلىقتا تاڭ سۈزۈلدى. سېپىللارنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ توپلانغان كىشىلەر شەھەرنى قامال قىلىپ ياتقان قوشۇنلارنىڭ چېدىر، بارگاھلىرىنى كۆردى. پۈتۈن ئەتراپ گوياكى تۇغ ۋە نەيزىلەردىن ھاسىل بولغان ئورمانغا ئايلانغانىدى.

ئىنال تېگىن بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي سېپىللارنى ئايلىنىپ، قامال قىلغۇچىلارنى كۆزىتىپ چىقتى.

سېپىل ئۈستىدىكى بارلىق كىشىلەر سۈكۈت ئىچىدە تۇراتتى. قامال قىلغۇچىلار تەرىپىدىنمۇ ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى. ئىنال تېگىن بىلەن مەھمۇد گويا سەھەرنىڭ بۇ جىمجىتلىقىنى بۇزغۇسى كەلمىگەندەك گەپ - سۆز قىلىشماي كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇردى. قىلىشقۇدەكمۇ نىمە گەپ بولسۇن؟ ئەھۋال ناھايىتى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك تۇرسا! ئىنال تېگىن بىلەن مەھمۇدنىڭ دۈبۈلغا، ساۋۇت كىيىپ، قىلىچ ئاسقانلىقىمۇ ئەھۋالنىڭ ئېنىقلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇراتتى.

قامال قىلغۇچىلار سېپىلدىن ئۈچ نەپەر قورالسىز چەۋەنداز ئايرىلىپ چىقتى. ئۇلار ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەلچىگە ئۆلۈم يوق! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇلاردىن بىرى سېپىل تۆپىسىدىكى قاراۋۇللارغا، — ئىبراھىم بۇغرا قاراخاننىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلدۇق، ئىنال تېگىن بىلەن كۆرۈشىمىز.

دەرۋازا ئېچىلدى. ئەلچىلەر كىرىپ، ئىنال تېگىنگە سالام بەردى.

ئىنال تېگىن ئىبراھىمنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ ئوقۇدى. مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. ئىنال

تېگىن گەپ قىلماستىن، مەكتۇپنى ئۇنىڭغا بەردى. مەكتۇپ قىسقىلا يېزىلغانىدى. «ئىنال تېگىننىڭ ھاكىملىق مەرتىۋىسىگە دەخلى - تەرۇز يەتمەيدۇ... مەھمۇد كاشغەرىينى ئوردىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسىلا ئىش تامام». ئىبراھىمنىڭ ئاساسلىق دېمەكچى بولغىنى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى.

ئىنال تېگىن مەكتۇپنى مەھمۇدنىڭ قولىدىن ئېلىپ، تۆت پارچە قىلىپ يىرتىۋەتتى، ئاندىن شۇ يىرتىلغان مەكتۇپنى ئەلچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئىبراھىم ھايۋان ھەزرەتلىرىگە مېنىڭ بېرىدىغان جاۋابىم شۇ، — دېدى ئۇ چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن تەمكىنلىك بىلەن.

يىرتىلغان مەكتۇپنى قولىغا ئالغان ئەلچىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى، لېكىن ئۇن - تىن چىقارماي تەزىم قىلدى.

ئۈچ ئەلچى ئىبراھىمنىڭ ھوزۇرىغا قايتىپ كەلدى. ئىبراھىم قوراللىق قىسىملارنىڭ ئارقا تەرىپىگە قورۇلغان زەر گۈللۈك قىزىل كىمخاب چېدىردا ئەلچىلەرنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئەلچىنىڭ قولىدىن يىرتىلغان مەكتۇپنى ئىتتىك ئالدى - دە، شۇ ھامان بەجايىكى چايانني تۇتۇۋالغاندەك چۆرۈپ تاشلىدى. تۆت پارچە سېرىق قەغەز ئۇتقاشتەك رەڭدار گىلەمگە چېچىلىپ چۈشتى. ئىبراھىم چەكچىيىپ قالغان دوگىلەك كۆزلىرى بىلەن ئەلچىلەرگە تېكىرقىغان سىياقتا قارىدى، ئاندىن سوئال مەنىسى ئىپادىلەنگەن نەزىرىنى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سۇباشىغا يۆتكىدى.

— ئەمدى قەلەمنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرۇپ، ئەلەمنى ئىشقا سالايلى، — دېدى سۇباشى ئۇستازىنىڭ شاگىرتقا تەلىم بېرىدىغان تەلەپپۇزى بىلەن.

— ئەلەمنى ئىشقا سالايلى! — دېدى ئىبراھىم دەرھال ئۇنىڭ «تەلىمى»نى تەكرارلاپ.

ئۇلار سىرتقا چىقتى. شەھەر سېپىلىدە تۇرغانلارنى خېلى

ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولغۇدەك ئارىلىقتىكى ئېگىز دۆڭدە توختاشتى. قوۋۇق ئوت - چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن شۇ دۆڭگە گىلەم سېلىندى. چۆرىسىگە مەشۈتتىن چۈچىلا تۇتۇلغان قىزىل كىمخاب كۈنلۈك تىكلەندى. ئىبراھىم خاقانلىق ئىززىتىنىڭ سىمۋولى بولغان شۇ كۈنلۈكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئەتراپتىكى پولات ساۋۇت، مىس دۇبۇلغا كىيىپ، قالقان تۇتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىبراھىم كەسكىن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۈچىسىغا زەرباپ تون كىيگەن، بېشىغا يوغان ئاق يىپەك سەللە ئورىغان، سەللىسىنىڭ ماڭلىيىغا ئۆرۈكتەك چوڭلۇقتىكى يېشىل زۇمرەت، يان قىسمىغا ئىككى تىزىق سارغۇچ مەرۋايىت قادالغانىدى.

— ھۇجۇمنى باشلاڭلار، — دېدى ئۇ يېنىدىكى سەنگۈنلەرگە قولى بىلەن سىپىلنى كۆرسىتىپ.

— ھۇجۇم! — دەپ ۋارقىرىدى سۇباشى قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

پالاقمانچىلار سېپىلغا قارىتىپ تاش ياغدۇرۇشقا باشلىدى. پىيادە قىسىملار ئۇزۇن شوتىلارنى كۆتۈرۈشۈپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئاتلىق قىسىملار ئۇلارنى ئىككى ياندىن مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭدى.

ۋەھالەنكى، بارسغانلىقلار سېپىلنىڭ سىرتىدا جەڭگە چۈشۈشنى قارار قىلغانىدى. سېپىل دەرۋازىلىرى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلدى. ئىنال تېگىننىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئالدىدا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە قوشۇنلىرى ئۇچۇق دالىغا چىقتى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىچىگە پاتماي كەتكەن دەرد ۋە ھەسرەتلىرى ئەمدى غەزەپ ۋە كۈچكە ئايلاندى. ئۇ بىر بۆلۈك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقتى ۋە قىلىچنى يالىڭاچلاپ:

— ئاللاھۇ ئەكبەر! — دەپ خىتاب قىلدى - دە، ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. تۇرۇمتاي بىلەن ھېلىقى كارۋان بېشىمۇ ئۇنى ئىككى يېنىدىن قورۇقداپ ئات سالدى.

ئىنال تېگىن ئۆز خانىدانىنىڭ قورۇقچى قوشۇنىنى باشلاپ ، جەڭ مەيدانىنى ئېنىق كۆزەتكىلى بولىدىغان ئېگىز تۆپىلىككە چىقتى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ ، ھەرقايسى سەپلەردىكى قوشۇنلارنىڭ ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىشقا ھازىرلاندى . بۇ بىر قېتىملىق تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭ بولىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان چۈشىنەتتى . شۇڭا ، شۇ ھەل قىلغۇچ پەيتتە ئۆزىمۇ ئەڭ ئاخىرقى چېرىك ۋە پىدائىي قىسىملار بىلەن بىللە ھايات ـ ماماتلىق جەڭگە كىرىشىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى .

ھالبۇكى ، بۇ قېتىمقى جەڭدە بەخت قۇشى كىمنىڭ بېشىغا قونىدىغانلىقى ناھايىتى تېزلا ئايان بولدى . ئىككى تەرەپنىڭ سەپلىرى تېخى توقۇنۇشماي تۇرۇپلا ئىبراھىمنىڭ بىرنەچچە سەنگۇنلىرى ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىنال تېگىن تەرەپكە قېچىپ ئۆتتى .

— بىز ئىبراھىمنى قانۇنىي تاجدار دەپ ئېتىراپ قىلمايمىز ، — دېدى بۇ سەنگۇنلەردىن بىرى ئىنال تېگىننىڭ ئالدىغا كېلىپ .

— شۇڭا ، بۇ جەڭدىن باش تارتتۇق ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تولۇقلىدى يەنە بىر سەنگۇن .

— قاچانكى قانۇنلۇق خان تەختكە چىققۇچە ، ئىنال تېگىن ھەزرەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا تۇرۇشنى خالايمىز ، — دېدى ئۈچىنچى سەنگۇن .

جەڭ بەك ئاسانلا ئاياغلاشتى ، ھەتتا بۇنى جەڭ دېيىشكە ئەرزىگۇدەكمۇ ئىش بولمىدى . ئىنال تېگىننىڭ قوشۇنلىرى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، قارشى تەرەپنىڭ سەپلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى . ئىبراھىم قوشۇنىدىكى چېرىكلەر بىرنەچچە سەنگۇننىڭ ئىنال تېگىن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ سەپلىرى شالاڭلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇشتى .

مەھمۇد كاشغەرىي سەپ ئالدىدا قىلىچىنى ئوينىتىپ ، غەزەپ بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋەردى . لېكىن ، ئۇ ھېچقانچە قارشىلىققا

ئۆچرىمىدى. تىغ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە چۈشكەنلەر بەك ئاز بولدى. كۆپ قىسىم چېرىكلەر ھەر تەرەپكە قېچىپ، چېچىلىپ كەتتى. ئىنال تېگىننىڭ چېرىكلىرى ئۇلارنى كەڭ دالىدا قوغلاپ يۈرۈپ قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن ساۋاشقا باشلىدى.

ئىبراھىم قوشۇنى تامامەن تارمار بولدى. تەسلىم بولغان سەنگۈنلەر ساداقلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ، غالىب ئىنال تېگىننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— رەھىم قىلىڭ، شەۋكەتلىك ئىنال تېگىن، — دېدى ئۇلار قارا يەرگە باش ئۇرۇپ، — شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئەقىلسىزلىق قىلدۇق، ئىززىتىمىزنى ساقلىماي ئەدەپسىزلىك قىلدۇق.

ئىنال تېگىن ئۇلارغا ئاتىلارچە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزدى ۋە ئالىيجاناب ھۆكۈمدارلارغا خاس مەردلىكى بىلەن ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلدى.

— بىز ھەممىمىز بىر تائىپىدىن چىققان قانداش قېرىنداشلارمىز، — دېدى ئۇ، — ئارىمىزدا قان بىلەن يۇيمىسا تۈگىمەيدىغان ئاداۋەت داغلىرى يوق. ھايات يولىدا ئېزىپ قېلىش گۇناھ بولسىمۇ، ئازغان يولدىن قايتىپ كېلىش ساۋاب.

ئىبراھىم ئۆز قوشۇنىنىڭ خۇددى كەچ كۈزدىكى خازاندەك چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى، چىرايىدا قان قالمىدى. ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاتقا مىندى ۋە خاقانلىق ئىززىتىنىڭ سىمۋولى بولغان قىزىل كىمخاب كۈنلۈكنى شۇ پېتىچە قالدۇرۇپ، ئارقا ـ ئالدىغا قارىماي قاچتى. پەقەت ئاز ساندىكى نۆكەرلەرلا ئۇنىڭغا ئەگەشتى. بۇ نۆكەرلەر جېنىنى قولىغا ئېلىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار قېچىپ كېتىۋېتىپ، قوغلىغۇچىلارنى يېقىن كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئارقىغا قارىتىپ ئوقيادىن ئوق ئۈزگىلى تۇردى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى چېرىكلەر

ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . يا ئوقلىرى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن بىرنەچچە كىشىنى يىقىتتى . تۇرۇمتاي ئىتنى قامچىلاپ ، مەھمۇدقا يېقىنلاشتى . قىزىپ كەتكەن ئاتلار بوراندەك ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى .

— ھەزرىتىم ، ئوق تېگىپ كەتمىسۇن ، مۇنۇ قالقاننى ئېلىۋېلىڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى تۇرۇمتاي ۋە چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدىن مەھمۇدقا ئۆزىنىڭ قالقىنىنى سۇنۇپ بەردى .

ئاتلار چېپىپ كېتىۋەردى ، ئوقلار ئۇچۇپ كېلىۋەردى . تۇرۇمتاينىڭ قالقىنى مەھمۇدنىڭ قولىغا يەتمەي تۇرۇپ چۈشۈپ كەتتى . ئات چېپىپ كېتىۋەردى ، تۇرۇمتاي خۇددى چۆچۈپ كەتكەندەك بىر سىلكىندى ـ دە ، ئېگەردىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ، يەردە يېتىپ قالدى .

مەھمۇد ئىتنى توختاتتى .

— تۇرۇمتاي ! — دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى ئۇ ، ئاندىن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ، يەردە ياتقان تۇرۇمتايغا ئۆزىنى ئاتتى . تۇرۇمتاينىڭ كۆكرىكىدە يا ئوقى سانجىلىپ تۇراتتى .

مەھمۇد ئۇنىڭ يېنىغا تىزلاندى . ئۇنىڭ تىنىقىنى ، يۈرىكىنى تەكشۈرۈپ كۆردى . تۇرۇمتاينىڭ تىنىقىمۇ ، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىمۇ توختىغانىدى . مەھمۇد ئۇنىڭ يېنىدىن تۇرماي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىۋەردى . باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ بىللە ئۆسكەن ، ئۇنىڭغا سادىق بۇ ئادەممۇ ئەمدى كۆزلىرىنى مەڭگۈگە يۇمۇپ ياتاتتى . كاج پەلەك مەھمۇد كاشغەرىيگە يەنە بىر قېتىم ئېغىر زەربە بەردى . تۇرۇمتاي خۇددى قاتمۇقات ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر يۈكىدىن قۇتۇلۇپ ، ئەبەدىي راھەت ـ پاراغەتنىڭ قۇچىقىدا ئەللەي بولۇۋاتقاندەك جىمجىت ياتاتتى . ئۇنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىدە ئۆزگەرمەس خاتىرجەملىكنىڭ ئىپادىسى قېتىپ قالغانىدى . لېكىن ، مەھمۇد چوڭقۇر قايغۇ دېڭىزىغا چۆمگەنىدى . ئۇ خۇددى باياۋاندىكى تىكەنگە ئوخشاش يالغۇزلۇق ھېس قىلدى ، يېتىمسىرىدى .

پۈتۈن ئەتراپتا ئىنال تېگىنىنىڭ چېرىكلىرى غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن چۇقان سالماقتا ئىدى. جەڭ ئاياغلاشقانىدى. بارسغان چېرىكلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆز قوماندانلىرىنىڭ تۇغلىرى ئاستىغا قايتىدىن يىغىلىشقا باشلىدى. بىر قىسمى ئىبراھىمنىڭ ئەل بولغان چېرىكلىرىنى توپ - توپى بىلەن ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. توساتتىن، بەكرەك چۇقان سېلىشىپ كەتكەن بىر توپ چېرىكلەر مەھمۇدنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ياش بىر چەۋەنداز ئىككى قولى قىل ئارقان بىلەن باغلانغان بىر كىشىنى ئېتىغا سۆرىتىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ تۇتقۇننى ھەر ياندىن قورشاپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكلەر خۇشال بولۇپ ۋارقىرىشاتتى. بەزىلىرى كۈلۈشەتتى، بەزىلىرى ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن كىنايە قىلىشاتتى. بىرى تۇتقۇننى كەينىدىن ئىتتىرىپ ماڭسا، يەنە بىرى ياندىن كېلىپ ئۇنى دۈشكەلەيتتى.

— ئەڭ چوڭىنى تۇتتۇق، ئىنال تېگىندىن سۆيۈنچە ئالىمىز، — دەپ ۋارقىرىشاتتى چېرىكلەر.

مەھمۇد ئورنىدىن تۇرۇپ تۇتقۇنغا قارىدى. بۇ تۇتقۇن — ئىبراھىم ئىدى. ئۇنىڭ زەر، اپ تونى توپىغا مىلەنگەن ۋە يىرتىلغان، ئاق يىپەك سەللىسى چۇۋۇلۇپ مۈرىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى قولى قىل ئارقان بىلەن باغلانغان، ئارقانىنىڭ بىر ئۇچى ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئېگىرىگە چېتىلغانىدى. ئات ئىتتىكرەك مېڭىپ كەتسە، ئىبراھىم يىقىلىپ چۈشۈپ، سۆرىلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئارقىدىن كېلىۋاتقان چېرىكلەر ئۇنى ئۇرۇپ، تېپىپ تۇرغۇزاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خاقانلىق تاجىنى كىيىمەن دەپ بەختىنى قارا قىلغان بۇ تىرىك مۈردىنى ئىنال تېگىنىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىشتى.

مەھمۇد ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئاسىي تاغىسىنىڭ بۇ ھالىتى ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىرات قالدۇرمىدى. ئۇ يا غەزەپلەنمىدى، يا ئېچىنمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ گوياكى قارىڭغۇ بوشلۇقتا ئوخشىشىپ قالغان قەلبىدە يېتىملىك

تۈيغۇسىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى.
كارۋان بېشى مەھمۇدنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ باشقا چېرىكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرۇمتاينىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئەكەتتى.
مەھمۇد ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ، ھارغىن قەدەملەر بىلەن شەھەرگە قايتتى.
ئىككى كۈندىن كېيىن ئىنال تېگىن قازى ۋە مۇپتىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا دىۋان مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا چىقىپ، بۇ يەرگە يىغىلغان جامائەت ئالدىدا ئىبراھىمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى:
— كاللىسى ئېلىنسۇن!
شۇنداق قىلىپ، ئىبراھىم ئىبن مۇھەممەد ئۆز ئاتىسى ۋە ئاكىسىنىڭ خۇنى بەدىلىگە كەلگەن تەختكە چىقىپ تۇپتوغرا ئالتە ئاي ئۆتكەندە ياش جېنىدىن ئايرىلدى.

※ ※

سۇلايمان ئارسلانخان ۋە مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ئىنىسى مەھمۇد ئارسلان تېگىن بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنۇملۇك ھەرىكەت قوللانماستىن، ئۇدۇن شەھىرىدە تۇرۇۋاتاتتى. ھەسەن تېگىن گەرچە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتا بولسىمۇ، ئاتىسى ئارسلانخاننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇھەممەد بۇغراخانغا قارشى قوشۇن تارتىپ چىقماقچى بولغانىدى. ئارسلان تېگىن ئۇنى يەنىلا توسۇپ قالدى.
— ئۇنداق قىلساق ئىشنى بۇزۇپ قويىمىز، — دېدى ئۇ، — ئەگەر بۇغراخان يېڭىپ چىقسا، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بىھۇدە قىرىلىپ كېتىدۇ، ئۇدۇننىمۇ قولدىن بېرىپ قويىمىز. ئەگەر بىز يەڭسەك، قوشۇنىمىز كاشغەرگە كىرگۈچە، ئۇلار

ئارسلان خانغا قەست قىلىپ قويۇشى مۇمكىن . شۇڭا ، بۇغراخان بىلەن چىرايلىقچە پۈتۈشۈشنىڭ ئامالىنى قىلايلى ، ئۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمىسە ، ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخاندىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ . ئۇ غەرەز ئۇقمىغان ئاقىلانە ئادەم . ھازىر بۇغراخان تەختنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ . ھۈسەين تەختكە چىققاندىن كېيىن ھەممە ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ بىلەن كېلىشەلەيمىز .

ۋەھالەنكى ، كېيىنكى ئىشلار ئارسلان تېگىننىڭ مۆلچىرىگە ئويغۇن بولمىدى . ئالدىنقى بابتا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك ، بۇغراخانمۇ ، ئارسلانخانمۇ ، ھۈسەينمۇ جەننەت كەبى كاشغەر شەھىرىدە چايان كەبى زەھەرلىك بىر خوتۇننىڭ قولىدىن ئەجەل شارابىنى ئىچتى .

بۇ خەۋەر ئۇدۇنغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھەسەن تېگىن ھېچنېمىگە قارىماستىن قوشۇن تارتىپ كاشغەر تەرەپكە ئاتلاندى . لېكىن ، تەقدىرنىڭ تەتۈر شامىلى ئۇنىڭ يولىنى توسۇدى . يېرىم يولغا كەلگەندە ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى توقۇنۇشتى . دەسلەپكى توقۇنۇشتىلا ھەسەن تېگىنگە يا ئوقى تېگىپ يارىدار بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئۇدۇنغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى .

ھەسەن تېگىننىڭ يارىسى ساقايغۇچە ، ئىبراھىمنى ئەجەل بارسغانغا سۆرەپ باردى .

ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ ، ئاخىر ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنىڭمۇ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغاندىن كېيىن پۇشايمان يېدىمۇ ؟ گۇناھلىرىغا تۆۋا قىلدىمۇ ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . ئۇ بارسغاندىن قېچىپ كەلگەن ئادەملىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە بۇ دۇنيادىن مېھرىنى ئۈزگەن زاھىتلاردەك ئۆز ھۇجرىسىغا سولىنىۋالدى .

«ئىبراھىم ئۆلمىدى، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى، — ئىبراھىم ئۆلمەيدۇ، ئۇ ئۆلسە بولمايدۇ!»

ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم شۇ گەپلەرنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى، شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۇلۇشىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن قارىغان كۆزلىرى خۇددى چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك يوغان ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ نېمە دەۋاتقانلىقىنى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. شىرە ئۈستىدە ئاپئاق قاشتېشىدىن قاپاق شەكلىدە ئويۇپ ئىشلەنگەن نەپىس بىر قۇتا تۇراتتى. ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى بىلەن شۇ قۇتىغا تىكىلىپ قارىدى. بۇغراخان تەختنى ھۇسەينگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن كۈنى ئۇ ئانار شەربىتى قۇيۇلغان چىنىلەرگە مانا مۇشۇ قۇتىدىن زەھەر قۇيغانىدى. ئۇلۇغ ئالتۇن تارىمنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يوغان ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ قولىنى ئاستا سوزۇپ قۇتىنى ئالدى. قۇتىنىڭ قىزىل تاۋار پۆرۈچ بىلەن پاتلانغان ئاغزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترىمىدى، قۇتىنىڭ ئاغزىنى كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرىگە تەگكۈزدى. بېشىنى كەينىگە تاشلاپ، قۇتىدىكىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋەتتى.

※ ※

مەھمۇد ئارسلان تېگىن بىلەن ھەسەن تېگىن ئۇدۇندىن كاشغەرگە قايتىپ كەلدى. جەڭ بولمىدى، پاراكەندىچىلىكمۇ يۈز بەرمىدى. ئەزىزانە كاشغەر گويا ماتەم تۇتۇۋاتقاندەك جىمجىت ئىدى.

مۇھەممەد بۇغراخان تەختنى تارتىۋالغاندا خان جەمەتىنىڭ ئەزالىرى بۇ يەرگە قەدەم باسمىغانىدى. ئەمدى ئارسلان تېگىننىڭ چاقىرىقى بويىچە ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئىلىكخانلار ۋە تېگىنلەر بۇ چوڭ ئاستانىدە جەم بولدى، خان جەمەتىنىڭ يىغىنى ئېچىلىپ،

تەخت ساھىبى ئېلان قىلىندى . مەھمۇد ئارسلان تېگىن خاقان بولدى ۋە ئۇ «توغرۇل قاراخان» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئۇلۇغلاندى . ھەسەن تېگىن ئورۇنباسار خان بولدى ۋە ئۇ «بۇغراخان» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى .

※ ※

مەھمۇد كاشغەري ياز ، كۈز ۋە قىش پەسىللىرىنى بارسغاندا ئۆتكۈزدى . مىلادىيە 1061 - يىلى باھاردا ئۇ سەپەرگە جابدۇندى . بۇبى سەلىمە كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز يېشى قىلدى .

— كەتمىسەڭ بولمامدۇ ، مەھمۇد ، — دەيتتى ئۇ ، — بىز بىلەن تۇرساڭ بولمامدۇ ؟

ئىنال تېگىن گەپ قىلالماستىن يەرگە قاراپ تۇراتتى . ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئۇ مەھمۇدنىڭ بارسغاندا قالغىنى توغرىمۇ ياكى بۇ يەردىن كەتكىنى توغرىمۇ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب تاپالمايتتى .

تەخت ساھىبى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كاشغەردىن مەكتۇپ كەلگەنىدى . مەھمۇد توغرۇل قاراخان بىلەن ھەسەن بۇغراخاننىڭ مۆھۈرلىرى بېسىلغان بۇ مەكتۇپتا تەخمىنەن مۇنداق مەزمۇنلار بايان قىلىنغانىدى : «خانلىق تەۋەلىكىدىكى بارلىق يۇرتلار قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ ، بارلىق يۇرتلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى كاشغەر ۋە بالاساغۇندىن ئىبارەت قوش ئاستانىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى شەرت . ئىنال تېگىن ئىبراھىمنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكتىن ، ئۇنىڭغا خانلىق خەزىنىسىدىن ئالتۇن ، كۈمۈش تارتۇق قىلىنىدۇ . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىناۋىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈلمەيدۇ . ئۇنىڭغا خان جەمەتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئەزاسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ . لېكىن ، ئوپال دىيارى ئەمدى مۇھەممەد بۇغراخان خانىدانىنىڭ خۇسۇسىي زېمىنى دەپ ئېتىراپ قىلىنمايدۇ ۋە كاشغەر مەمۇرىيىتىنىڭ بىر

تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ».

ھەسەن بۇغراخان شەخسەن ئۆزى مەھمۇد كاشغەرىيگە بىر پارچە ئالاھىدە مەكتۇپ يازدى. ئۇنىڭ مەكتۇپىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «پېقىر جانابىڭىزنى ئالىم دەپ ھۆرمەتلەيمەن، تۇغقان دەپ قەدىرلەيمەن. ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەيلى. ئاتىلىرىمىزنىڭ نادانلارچە ئارازچىلىقلىرىغا بىز خاتىمە بېرەيلى. ئاداۋەتنى كېيىنكى ئەۋلادلارغىچە سۆرەپ يۈرمەيلى. بۇ ئىشتا سىز بىلەن بىزنىڭ گۇناھىمىز يوق. كاشغەرگە قايتىپ كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز». مەكتۇپتا يەنە مەھمۇد كاشغەرىيگە ئۆزى خالىغان مەنسەپ ـ مەرتىۋە ئاتا قىلىنىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغانىدى.

ئىنال تېگىن مەھمۇدنىڭ بۇ مەكتۇپقا قانداق ئىپادە بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئۇقۇش ئىستىكى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، لېكىن مەھمۇد ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ گەپ قىلمىدى. ئۇدا ئىككى كۈنگىچە گەپ قىلماي يۈردى، ئاندىن ئىنال تېگىن بىلەن سۆزلەشتى.

— مەن ئەمدى سەمەرقەنتكە باراي دېگەن قارارغا كەلدىم، — دېدى ئۇ.

مەھمۇدنىڭ بۇنداق دېيىشىدىمۇ سەۋەب بار ئىدى. كاشغەردىكى ئوردا پاجىئەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي بارسغانغا سەمەرقەنتتىن يالاۋاچلار كەلگەنىدى. ئۇلار مەھمۇد كاشغەرىيگە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى ئىبراھىم تابغاچخاننىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان مەكتۇپىنى تاپشۇردى. مەكتۇپتا تابغاچخان كاشغەردىكى زور مۇسىبەتكە ئۆزىنىڭ قايغۇسىنى بىلدۈرگەن ۋە مەھمۇد كاشغەرىينى سەمەرقەنتكە تەكلىپ قىلغانىدى. مەھمۇدمۇ جاۋابەن مەكتۇپ يېزىپ، تابغاچخانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە مۇۋاپىق پەيتتە سەمەرقەنتكە بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى.

مەھمۇدنىڭ بۇ قارارىغا ئىنال تېگىنمۇ قوشۇلدى.

شۇنداق قىلىپ، قارا قىسمەتنىڭ شەپقەتسىزلەرچە سىقىشلىرى ئىچىدە يۈرەك - باغرى زەرداب بولغان كاشغەرلىك ياش ئالىم، كۆكلەم پەسلىدىكى قۇياشلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەمەرقەنتنى پاناھ تارتىپ يولغا چىقتى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، جېنىم بالام، — دېدى بۇبى سەلىمە ئالتۇن تارىم ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ.

مەرھۇم تۇرۇمتاينىڭ تۇل قالغان ئايالى كۆمۈش ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغان ھالدا ئالتۇن تارىمغا يېپىشىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنى ئەمدى بۇبى سەلىمە خاس مەھرەم قىلىۋالغانىدى.

— ئاقىۋول بولسۇن، قەدىرلىك ئىنىم، — دېدى ئىنال تېگىن مەھمۇدنى قۇچاقلاپ.

ئىنال تېگىننىڭ يېنىدا تۇرغان كارۋان بېشى چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلىش ئارقىلىق، بۇ دەردمەن خانزادە ئالىم بىلەن خوشلاشتى. ئۇمۇ ئەمدى بارسغاندا ماكانلىشىپ قېلىشنى ئىختىيار قىلغانىدى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كارۋىنى چۆل تەرەپكە سوزۇلغان كارۋان يولىغا چۈشۈپ، ئاستا - ئاستا يىراقلىشىپ كەتتى.

خەير - خوش، بارسغان! خەير - خوش، كاشغەر!



# ئىككىنچى قىسىم





مۇقەددىمە

# قاراخانىيلار ، سالجۇقىيلار ، ئابباسىيلار

— خۇش كېلىپسىز ، مەۋلانە مەھمۇد ، — دېدى ئىبراھىم تابغاچخان سەمەرقەنت ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشكەن مەھمۇد كاشغەرىينى قۇچاقلاپ ، — قېنى ، ئىچكىرى كىرەيلى ، بۇ يەرنى ئۆز ئۆيىڭىزدەك كۆرگەيسىز ، قەدىرلىكىم !

— ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ تەشەككۈر ، تابغاچ بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى ، — دېدى مەھمۇد كاشغەرىي ئۆڭىگە تەزىم قىلىپ .

— بۇنداق تەكەللۇپلار نەكېرەك ، قەدىرلىكىم ، — پېقىرنى ئىبراھىم تاغا دەپلا ئاتاۋېرىڭ . بىز ئۇرۇق - تۇغقان ئادەملەر ، سىزمۇ خانىدانىمىزنىڭ بىر خوجايىنى .

شۇ گەپ بىلەن ئىبراھىم تابغاچخان مەھمۇدنى شەخسەن ئۆزى ئوردا دەرۋازىسىدىن باشلاپ كىرىپ كەتتى .

ئەتىسى كۈنى سەمەرقەنتنىڭ بۇ ھۆكۈمدارى مۇتىۋەر - ئۆلىمالارنى چاقىرىپ ، كاشغەردىكى ئوردا پاجىئەسىدە قۇربان بولغان سۇلايمان ئارسلانخان ، مۇھەممەد بۇغراخان قاتارلىق تۇغقانلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمىقۇرئان ئۇتكۇزدى ھەمدە قىرىق قوچقارنى بوغۇزلىتىپ ، تۇل خوتۇن ، يېتىم ئوغۇللارغا نەزىر بەردى ؛ تىللا ، تەڭگە ۋە يارماقلارنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ، نامراتلارغا چېچىپ بەردى .

شۇنداق قىلىپ ، ئۆز ئانا يۇرتى ئەزىزانە كاشغەرنى تەرك

ئېتىپ مۇساپىر بولغان دەردمەن ئالىم سەمەرقەنت ئوردىسىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئىللىق مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان خانىدانىدا تۇرۇپ قالدى.

كۈنلەر، ئايلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. ۋەھالەنكى، يۈرەك - باغرى مەجرۇھلانغان كاشغەرلىك ئالىمنىڭ يەنىلا كۆڭلى پەرىشان، دىلى سۇنۇق ئىدى؛ كۆپ سۆزلىمەيتتى، قولى ئىشقا بارمايتتى؛ كېچىلىرى كىرپىك قاقماي ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ بىدار بولاتتى. كۈندۈزلىرى قايغۇلۇق ئەسلىمىلىرىنى نېرى قىلىش ئۈچۈن شەھەر كوچىلىرىنى پىيادە ئارىلاپ سەيلە قىلاتتى؛ باغلار ۋە رەستىلەرنى كۆرەتتى، مەسچىت ۋە مەدرىسىلەرگە باراتتى، كىشىلەر بىلەن تونۇشاتتى، پاراڭلىشاتتى.

ئىبراھىم تابغاچخاننىڭ مەرھۇم ئاتىسى كاشغەر ھۆكۈمدارلىرى بىلەن چىقىشالماي، مىلادىيە 1041 - يىلى ئۆز ئالدىغا چىگرا بۆلۈۋالغاندىن ئېتىبارەن ئىككى ياقتىكى ھۆكۈمران تەبىقە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىشلەر كېمىيىپ كەتكەنىدى. ھالبۇكى، سىياسىي مۇناسىۋەتلەر سۇسلىشىپ قالغىنى بىلەن، پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، سودا ۋە قېرىنداشلىق - تۇغقانچىلىق ئالاقىلىرى يەنە بۇرۇنقىدەكلا جانلىق ۋە دەخلىسىز داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

«لېكىن، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، — دېيىشەتتى يىراقنى كۆزلەيدىغان مويسىپىتلار چوڭقۇر خىيال بىلەن باشلىرىنى چايقىشىپ، — ئاخىر بىر كۈنلەردە پۇقرالارنىڭ بېرىش - كېلىش يوللىرىدىمۇ توسۇق پەيدا بولۇشى مۇمكىنغۇ!»

«توۋا، — دەپ ئويلايتتى مەھمۇد كاشغەرىي، — بىر پۈتۈن بۈيۈك قاراخانىيلار زېمىنىنىڭ مۇشۇنداق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشىگە نېمە سەۋەب بولغان؟ تىلى بىر، كېلىپ چىقىشى بىر، نەسەب ۋە تارىخى بىر بولغان، ئەزەلدىن بىر تائىپە، بىر قوۋم بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇنداق پاسىل ئورنىتىۋېلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ بۇنداق ئايرىلىشنىڭ

كىمگە پايدىسى بار؟ توۋا، توۋا! ھۆكۈمدارلار ئارىسىدىكى نادانلارچە ئارازچىلىقنىڭ كاساپىتىدىن قېرىنداشلار جۇدالىقتا ياشامدۇ؟ خانلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەت مەيدانىدا تۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغان ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەرمۇ؟ «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن گەپ بىكارغا ئېيتىلمىغانغۇ. ئاھ، پاك پەرۋەردىگارىم، مۇشۇنداق بولىۋەرسە بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز قانداق بولار؟»

قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرى ھەرقانداق چوڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئالىملار ئىشتىراك قىلغان كېڭەش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلاتتى. لېكىن، خانلىقنى بۆلۈۋېتىدىغان مۇشۇ ئېچىنىشلىق قارارنى قوبۇل قىلىشتا، ھۆكۈمدارلار ئالىملار ۋە دانىشمەنلەرنىڭ نەسىھەتلىرىگىمۇ، خەلقنىڭ ئاۋازىغىمۇ قۇلاق سالمىدى. تەخت ۋە شەخسىي مەنپەئەت ھېرىسمەنلىكى ھەممىدىن ئۈستۈن كەلدى.

«قانداقلا بولمىسۇن، تابغاچخان يەنىلا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى ئۇنتۇماپتۇ، — دەيتتى مەھمۇد ئۆز-ئۆزىگە، — ئۇنىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرساڭ، تۇيىقى سىرقىراپتۇ»، دېگەندەك، بېشىمغا كۈن چۈشكەندە بىر چەتتە قاراپ تۇرالمىدى».

ئەلقىسسە، بۇرۇن «بۆرە تېگىن» دەپ ئاتالغان مەزكۇر سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى «تابغاچ بۇغرا قاراخان» دېگەن دەبدەبىلىك ئۇنۋاننى قوبۇل قىلىپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئىقتىدارلىق خاقان سۈپىتىدە تونۇلۇشقا باشلىدى، بىلىملىك، ئىختىساسلىق مەۋلانىلەرنى ئەتراپىغا توپلىدى ۋە ئۇلارنى قەدىرلەپ ئىشلەتتى، پۇل ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. كۈمۈشنىڭ كۆپلەپ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى ساپ كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ ئورنىغا كۈمۈش يالىتىلغان مىس پۇللارنى چىقاردى. باج ۋە بازار باشقۇرۇش خىزمەتلىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى، ئەمەلدارلار

ئىچىدىكى خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇقنى چەكلەش ئۈچۈن بىر قاتار چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ هاياتى ۋە مال - مۈلكىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان جىنايى هەرىكەتلەرگە زەربە بەردى، جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىبراهىم تابغاچخان خەلقنىڭ هىمايىسىگە ئېرىشىپ، داڭقى - شۆهرىتى كۈندىن - كۈنگە ئۆستى.

جۈملىدىن، مۇنداق بىر ۋەقە ئەل ئىچىدە ئۇزاققىچە هېكايە قىلىنىپ، سۆزلىنىپ كەلدى ۋە تارىخچىلار تەرىپىدىن خاتىرىلەندى.

تابغاچخان تەختكە يېڭى ئولتۇرغان مەزگىللەردە سەمەرقەنتتە ئوغرى ۋە بۇلاڭچىلار قوتراپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ دەستىدىن كىشىلەر يىراق - يېقىنغا يالغۇز بارالمايدىغان، كېچىلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان ئەھۋالدا قالغانىدى. «بىرىنىڭ پۇلىنى ئېلىۋاپتۇ، بىرىنىڭ پۇلى بىلەن جېنىنى قوشۇپ ئاپتۇ» دېگەندەك ۋەھىمىلىك گەپ - سۆزلەر هەر كۈنى دېگۈدەك ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى.

ئوغرىلار شۇ قەدەر مۇتتەهەملىشىپ كەتتىكى، بىر كۈنى ئۇلار سەمەرقەنتنىڭ شەهەرىستان دەرۋازىسىغا: «بىز گويا كى پىيازغا ئوخشايمىز، قىرقىغانسېرى ئۆسۈپ تۇرىمىز» دەپ يېزىپ قويۇشتى. تابغاچخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن شۇ دەرۋازىغا: «مەن گويا كى باغۋەن - كۆكتاتچىمەن، قانچىلىك ئۆسكىنىڭلار بىلەنمۇ هەممىڭلارنى كولاپ چىقىرىپ ئالۇرمەن» دەپ يېزىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردا ئايغاقچىلىرى بۇلاڭچىلارنىڭ بىر ئاتامانىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئىبراهىم تابغاچخان ۋەزىرلەردىن بىرىگە شۇ ئاتامانىنى دەرگاهىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. بۇلاڭچىلار ئاتامانى ساراي قوبۇلخانىسىغا ئەكىرىلدى. خاقان

ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ شۇنداق دېدى:

— سەن قالتىس باتۇر ئەزىمەت ئىكەنسەن. مەن ساڭا ئوخشاش قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەرنى قەدىرلەيمەن، شۇڭا سېنى زىندانبېگى قىلىپ تەيىنلىدىم.

خاقاننىڭ مەھرەملىرى ئاتامانغا شايى تون كىيدۈردى. بۇ جىنايەتچى ئاتامان ئۆز ئىچىدە: «تەلىيىم كەلدى، بېشىمغا بەخت قۇشى قوندى» دەپ ئويلاپ، ئوردىدا بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى، ئاندىن خاقان ئۇنى يەنە چاقىرتتى.

— بۇرۇنقى يارەنلىرىڭنى يىغىپ كەلگىن، — دېدى خاقان ئاتامانغا، — مەن ئۇلارنى ئۆزۈمگە نۆكەر قىلىۋالماقچىمەن.

ئاتامان ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوغرى، بۇلاڭچى ۋە ئادەتلەنگەن قاتىللار ئىدى.

— ئادەملىرىڭنىڭ ھەممىسى شۇمۇ؟ — دەپ سورىدى تابغاچخان جىنايەتچىلەر ئاتاماندىن.

— ھەممىسى شۇ.

— ياخشى. ئۇلارغا تون كىيدۈرۈڭلار!

ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى تىزىلدۇرۇپ، تەرتىپ بويىچە بىر - بىرلەپ كىيىم - كېچەك ئامبىرىغا باشلاپ كىردى - دە، ھەممىسىنى تۇتۇپ چەمبەرچاس باغلاشتى. خاقان ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بۇيرۇدى.

بۇ ۋەقە ئوغرى ۋە قاراقچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن سەمەرقەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلمىشلىرى زادى كۆرۈلمىگەن، ھەتتا تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنغىنىدەك، پۇقرالارنىڭ «بىر دىرھەم پۇلىمۇ يىتمەيدىغان» تىنچ ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. يەنە بىر قىسىم تارىخچىلار ئىبراھىم تابغاچ بۇغرا قاراخاننى «ئادالەتلىك خاقانلارنىڭ ئۈلگىسى» دەپ تەرىپلىگەن.

خەلقنىڭ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، پۈتۈن ماۋەرائۇننەھردە

تۇرمۇشى خاتىرجەم بولۇپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى تېز گۈللىنىشكە باشلىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ قاراخانىيلار زېمىنى شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملاردىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىلىپ، ئىككى سىياسىي مەركەز بارلىققا كەلگەندىن كېيىن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كەڭرى ماكانىدا يەنە ئۈچىنچى بىر سىياسىي - ئىجتىمائىي گەۋدە شەكىللىنىشكە باشلىدى.

مىلادىيە 844 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن باشقا تۈركىي قەبىلىلەر قاتارىدا ئوغۇزلارمۇ غەربكە كۆچكەن. مىلادىيە 915 - يىلى بىر قىسىم ئوغۇزلار سەركەردە سالجۇق بەگنىڭ رەھبەرلىكىدە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلارغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوغۇزلار گاھى قاراخانىيلار، گاھى غەزنەۋىيلەر تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلدى، كېيىن ئۇلار كاشغەر ۋە ماۋەرائۇننەھردىن كۆچۈپ، خوراسانغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مىلادىيە 1035 - يىلىغا كەلگەندە، سالجۇق بەگنىڭ نەۋرىلىرى چاغرى بەگ بىلەن توغرۇل بەگلەر خوراساندا ماكانلاشتى ۋە غەزنەۋىيلەر خانلىقىغا تەھدىت سالغىلى تۇردى. مىلادىيە 1040 - يىلى 5 - ئايدا توغرۇل بەگ باشچىلىقىدىكى ئوغۇز قوشۇنى بىلەن سۇلتان مەسئۇت باشچىلىقىدىكى غەزنەۋىيلەر قوشۇنى مەرۋى شەھىرىنىڭ يېنىدىكى دەندانقان دېگەن جايدا جەڭ قىلدى. بۇ جەڭدە غەزنەۋىيلەر قوشۇنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

ئوغۇزلار ئەنە شۇ زور غەلىبىدىن كېيىن ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر مۇستەقىل دۆلەتنى تەشكىل قىلدى. دۆلەت توغرۇل بەگ بىلەن چاغرى بەگلەرنىڭ بوۋىسى سالجۇق بەگنىڭ نامى بىلەن «سالجۇقىيلار سۇلتانلىقى» دەپ ئاتالدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ دۆلەتكە توغرۇل بەگ سۇلتان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۇيغۇر - قارلۇق تۈركۈمىنى ئاساس قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن بىر قاتاردا

ئەمدى يەنە ئوغۇز ـ تۈركمەن تۈركۈمىنى ئاساس قىلغان سالجۇقىيلار سۇلتانلىقى بارلىققا كەلدى.

مىلادىيە 1055 ـ يىلى سۇلتان توغرۇل بەگ ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدات شەھرىگە كىرىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شىئە مەزھىپىدىكى پارسلارنىڭ بۇۋەيھى سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئاببا سىيلار خەلىپىسى قايىم سۈننىي مەزھىپىدىكى سالجۇقىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى سۇلتان توغرۇل بەگنى تەنتەنىلىك قارشى ئالدى. مەزكۇر خەلىپە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ دىنىي داھىيلىق سالاھىيىتى بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىنى ۋە توغرۇل بەگنى «بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى» دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

شۇنداق قىلىپ ئەرەبلەر ياشايدىغان ئىراق ۋە پارسلار ياشايدىغان ئىران زېمىنلىرىمۇ سالجۇقىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى.

مىلادىيە 1063 ـ يىلى توغرۇل بەگ ئالەمدىن ئۆتتى. خوراسان ئۆلكىسىنىڭ باش ۋالىيسى مۇھەممەد ئالپ ئارسلان (توغرۇل بەگنىڭ ئاكىسى — چاغرى بەگنىڭ چوڭ ئوغلى) سالجۇقىيلارنىڭ سۇلتانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

سالجۇقىيلار تەدرىجىي كېڭىيىپ ۋە روناق تېپىپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئىنتايىن قۇدرەتلىك سىياسىي ۋە ھەربىي گەۋدىگە ئايلانغانىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت قاراخانىيلارغا، بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىسمىدىن ئىبارەت ماۋەرائۇننەھرگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

سالجۇقىيلار خوراساننى ئىشغال قىلىپ، قاراخانىيلار بىلەن داۋاملىق تىركىشىپ تۇرغان ئىران شاھلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يوقاتتى. غەزنەۋىيلەر دەندانقاندىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ماۋەرائۇننەھردىكى يۇرتلارغا تەھدىت سالالمايدىغان بولدى.

مەھمۇد كاشغەرىي كاشغەر ۋە بارسغاندىن ئايرىلىپ، سەمەرقەنتكە كەلگەندە قاراخانىيلار، سالجۇقىيلار ۋە

ئاباسىيلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئەنە شۇ خىل تارىخىي ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئىبراھىم تابغاچخان تاشقى جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇپ، پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئىچكى ئىگىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قاراتتى. بولۇپمۇ، بىناكارلىق، ئىلمە توقۇمىچىلىق، زەرگەرلىك ھۈنەر - كەسىپلىرى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى قاتارلىق ساھەلەردە زور ئۇتۇقلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئالىملار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئالاھىدە جانلىنىپ كەتتى. سەمەرقەنت ۋە بۇخارا ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر شەھەرلەر قاتارىدا ئاتىلىدىغان بولدى.

كاشغەرلىك مەھمۇد سەمەرقەنتتە تىنچ - ئاسايىشلىق تۇرمۇش مەنزىرىسىنى كۆردى. تۇغقانلار ئۇنى كۆيۈمچانلىق بىلەن ئىللىق باغرىغا باستى.

— تېتىك بولۇڭ، ئوغلۇم، ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ، — دېدى ئىبراھىم تابغاچخان مەھمۇدنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ، — چىداملىق بولۇڭ. ئالتۇن ئوتتا سىنىلىدۇ، ئادەمنىڭ ياخشىسى قىيىنچىلىقتا سىنىلىدۇ. بېشىڭىزغا ھەرقانچە بالايىـئاپەتلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، خۇددى شۇۋىرغاندىكى قارىغايدەك قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، يىراققا نەزەر سېلىڭ. سىز ئادەتتىكى پۇچەك ئادەملەردىن ئەمەس، بەلكى بىلىملىك ۋە ئالىيجاناب مەۋلانە. سىز ھاياتنىڭ قەدرىنى ۋە مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشىنەلەيسىز. ئالىيجاناب ئادەملەر ئۆزى ئۈچۈنلا، راھەت كۆرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈنمۇ، ئەل ئۈچۈنمۇ ياشاشنى بىلىدۇ؛ ئەل ئۈچۈن ئېغىر يۈكنى، قىيىنچىلىقلارنى ئۆز ئىختىيارىي بىلەن يەلكىسىگە ئارتىدۇ.

— توغرا، — دېدى مەھمۇد بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ، — سىز ئېيتقاندەك ئاشۇ نۇرلۇق غايە قەلبىمدىكى مۇسىبەت قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتۇپ، ۋۇجۇدۇمغا كۈچ بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، بېشىمغا چۈشكەن بۇ قارا قىسمەتنى كۆتۈرەلىشىم تەس ئىدى.

ئىبراھىم تابغاچ بۇغرا قاراخان بىر قولى بىلەن مەھمۇدنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ، يەنە بىر قولى بىلەن يىراقتىكى كەڭ ئۇپۇقنى كۆرسەتتى. مەھمۇدقا بۇ قاراخان گويا سېھىرلىك قولى بىلەن ئىنسان ھاياتىنىڭ سىرىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك، ئادەم بالىسى ئۇز ئۆمرىدە بېسىپ ئۆتىدىغان ئىگىز-پەس، تار-كەڭ، بۇرالغان شۇنچە تولۇق ۋە شۇنچە سىرلىق ھايات يولىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئاشۇ يىراقتىكى ئۇپۇقتىن گوياكى مەھمۇدنىڭ ئۆتكەنكى كۈنلىرى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن كۆرىدىغان كۈنلىرى بىر-بىرلەپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئاھ، ھايات! مەھمۇد ئۇز ئۆمرىدە نېمىلەرنى كۆردى؟ ئەمدى يەنە نېمىلەرنى كۆرىدۇ؟

«— ئاھ، ھايات! — مەھمۇد كاشغەرىي خىيالچان كۆزلىرىنى ئۇپۇققا تىككەن ھالدا خىتاب قىلدى، — كىشىلىك دۇنياسىنىڭ ھاياتلىق كارۋىنى كېلىۋاتقان يول تۈگەپ قالمايدۇ! بۇ يول تۈگىمەيدۇ، بۇ كارۋانمۇ مەڭگۈ توختىمايدۇ! بۇ دۇنيا ھەرقانچە ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە، جاپا-مۇشەققەتلەرگە تولغان بولسىمۇ، ھايات يولى ئۈزۈلمەيدۇ!»

## بىرىنچى باب

# ھايات يولى ئۇزۇلمەيدۇ

ھايات يولى نىمە ئۇچۇن ئۈزۈلمەيدۇ؟ نىمە ئۈچۈن تۈگىمەيدۇ؟ يىراقنى كۆزلەيدىغان دانىشمەن ۋە ئۈمىدۋار كىشىلەر بوران - چاپقۇن، ئوي - چوڭقۇر ۋە ياكى تاغ - داۋانلارغا دۇچ كەلگەندىمۇ توختىماي ئۇزلۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ئالدىنقىلارنىڭ ئايىغى يەتمىگەن باياۋانلاردىن يول ئاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاياتلىق يولى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ كېلىۋېرىدۇ. ئەزەلدىن شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىرادىلىك، ئالىيجاناب كىشىلەر ئازاب - ئوقۇبەت، جاپا - مۇشەققەتلەر ئىچىدىمۇ بەخت يارىتىدۇ. مانا بۇ كۈرەش دېمەكتۇر! كۈرەشچان باتۇر ئادەملەر بەختسىزلىك ئىچىدىن بەخت ئىزدەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي ئەنە شۇنداق يول ئاچقۇچى ئالىيجاناب، كۈرەشچان ئادەملەر جۈملىسىدىن ئىدى. قاتمۇقات مۇسىبەت قايغۇسى، تۆپە - تۆپىلەپ چۈشكەن روھىي زەربىلەر ئۇنى سۇندۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئىرادىسى بەجايىكى پۈتۈن ئالەمدىكى قۇم بارخانلىرىنى كېزىپ ئۆتۈپمۇ ھېرىش - چارچاشنى بىلمەيدىغان خىسلەتلىك بۇغراغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بەجايىكى تاغنى كۆتۈرۈپمۇ بېلىنى پۈكمەيدىغان تەڭداشسىز باھادىرنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بەجايىكى ھەسرەت - نادامەت قاراڭغۇسىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ھېكمەتلىك چىراغقا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ

ئەقىل - پاراسىتى بەجايىكى جاھان مىقياسىدىكى ئىلىم - ھېكمەت بۇلاقلىرىنىڭ ھاياتبەخىش سۈزۈك سۇلىرىغا تەشنا بولۇپ قانمايدىغان مەڭگۈ سولماس خۇشبۇي گۈلگە ئوخشايتتى. قىسقىسى، ئۇ چىن ئىنسان ئىدى!

⁂ ⁂

سەمەرقەنت ئوردىسى ھەشەمەت ۋە كۆركەملىكى جەھەتلىرىدە كاشغەر ئوردىسىدىن قېلىشمايتتى. ئېگىز ۋە مەزمۇت كۈنگۈرىلىك سېپىللار بىلەن ئورالغان شەھەرىستانىنىڭ تۆت تەرىپىدە قېلىن قارا تۆمۈر بىلەن قاپلانغان تۆت دەرۋازىسى بار. دەرۋازىدىن كىرگەن ئادەم تورلۇك ئۇسلۇبتا سېلىنغان ھەر خىل ئىمارەتلەر ۋە كۆككە بوي تارتقان نۇرغۇن مۇنارلارنى كۆرىدۇ. ۋەھالەنكى، تابغاچ بۇغرا قاراخان سارىيىغا كەلگەندە، ھەرقانداق ئادەم زوق - ھەۋەسىنى باسالماي كۆز تىككەن ھالدا توختاپ قېلىشى تۇرغان گەپ. بۇ يېڭى ئاستانە كونىدىن - كونىغا ئۇلغىيىپ، يەر يۈزىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى بىلەن داڭق چىقارغان قەدىمىي چوڭ شەھەرلەرنى تېزدىن قوغلاپ يەتمەكتە ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي ئوردا مۇلازىمىنىڭ باشلىشى بىلەن سارای ئالدىغا كەلگەندە، ئۆزىگە ئاللىقاچان تونۇش بولۇپ كەتكەن بۇ نەقىشلىك ۋە زىننەتلىك تام، ئىشىك ۋە روجەكلەرگە قاراپ، ئىختىيارسىز ھالدا: «بەئەينى كاشغەردىكى سارايغىلا ئوخشايدۇ» دېگەن ئويىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— مەرھەمەت، مەۋلانە ھەزرىتىم، — دېدى مۇلازىم سارايىنىڭ چوڭ ئىشىكىنى ئېچىپ.

مەھمۇد ئاق مەرمەر تاشتىن قوپۇرۇلغان پەلەمپەيدىن چىقىپ ئىچكىرى كىردى.

ئىبراھىم تابغاچخان سارايدىكى دەم ئېلىش ئۆيىدە راسلانغان ئازادە ۋە يورۇق بۆلمىلەردىن بىرىدە ئوغلى ناسىر تېگىن بىلەن

شاھمات ئويناپ ئولتۇرغاندى . بۆلمىنىڭ كەڭ ئىچمۇھىتىلگەن نەقىشلىك روجەكلىرىدىن ھۇپپىدە چىچەكلەپ كەتكەن شاپتۇل دەرەخلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئاشۇ شاپتۇللۇق باغنىڭ قەيىرىدىندۇ بىر يېرىدىن جاراڭلىق بۇلبۇل ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

مەھمۇد كىرگەندە تابغاچخان ھەر دائىمقىدەك ئۇنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى .

— مەرھابا ، مەۋلانە ، مەرھابا ، — دېدى ئۇ كۆتۈرەڭگۇ ئاۋاز بىلەن ، — كېلىڭ ، بۇ ياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ .

— مەرھابا ، — دېدى ناسىر تېگىنمۇ ۋە قارشى ئالدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېشىنى ئېگىپ قويدى .

— سالام ، تابغاچخان ئالىيلىرى ، سالام ، ھۆرمەتلىك خانزادە .

مەھمۇد ئوردا قائىدىسى بويىچە سالام ۋە تەزىمىنى بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن شاھمات تاختىسىغا يېقىن سېلىنغان كىمخاب يېكەندازغا چارزا قۇرۇپ ئولتۇردى .

تابغاچخاننىڭ گەرچە ساقال - بۇرۇتلىرى كۇمۇشتەك ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا ساغلام ۋە تېتىك ئادەم ئىدى . بولۇپمۇ كەيپى خۇش چاغلىرىدا ئۇ چاقچاق قىلىشنى ، گۇڭۇر - مۇڭۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشنى ياكى شاھمات ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى .

— قېنى ، مەۋلانە ، بۇياققا يۆتكىلىپ ئولتۇرۇڭ ، — دېدى ئۇ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇننى كۆرسىتىپ ، — بايا ناسىر بىلەن شاھمات ئوينىغانىدۇق ، ئەمدى سىز بىلەن بىر قول ئوينايلى . قانداق دەيسىز ؟

— باش ئۈستىگە ، ئالىيلىرى ، — دېدى مەھمۇد ۋە شاھمات ئورۇقلىرىنى تىزىشقا باشلىدى .

ئويۇن ئۇزاققا سوزۇلمىدى . تابغاچخان بىرنەچچە قېتىم شاھ بېرىپ ، ئاخىر مەھمۇدنى مات قىلدى .

— تېخىچىلا كۆڭلىڭىز جايىدا ئەمەس ، — دېدى خاقان ۋە

ھېسداشلىق مەنىسى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن مەھمۇدنىڭ قىسقا قىرقىلغان قويۇق قارا ساقاللىق يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى .

«چىراي - تۇرقى بەئەينى ئاتىسى ھۇسەينىگە ئوخشايدۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — پەرقى شۇكى ، ھۇسەيىننىڭ كۆزلىرى مەردانە سەركەردىلەرگە خاس جەسۇرلۇق بىلەن چاقناپ تۇراتتى . مەھمۇدنىڭ كۆزلىرى بولسا ، ئەقلىنى كۆپ ئىشلىتىدىغان مۆلانىلەرگە خاس ھالدا خىيالچان كۆرۈنىدۇ» .

— سىزگە ئېيتىدىغان بىر گېپىم بار ئىدى ، مەھمۇد ، — دېدى يەنە تابغاچخان ، — سەمەرقەنتكە كەلگىنىڭىزگە بىر يىل بولۇپ قالدى . ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات . ئەمدى خۇدانىڭ بەرگەن كۈنىگە شۈكرى - قانائەت قىلىپ ، ھاياتىڭىزنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر . كۆڭلىڭىزدىكى ماتەم قاراڭغۇسىنى ئاللا ئاتا قىلغان مۇھەببەت چىرىغى بىلەن يورۇتماقلىق كېرەك . دېمەكچىمەنكى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن بېشىڭىزنى ئوڭشاپ قويسام دېگەن ئۈمىدىم بار . خان جەمەتىمىز ئىچىدىكى كىمنىڭ قىزىنى مۇۋاپىق تاپسىڭىز ، شۇنىڭ بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قالغايسىز .

مەھمۇد چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن خاقانغا قارىدى ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بېشىنى ئەگدى .

— ھىممەتلىرىگە كۆپ تەشەككۇر ، ئالىيلىرى ، — دېدى ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، — غېرىبلىقىمنى بىلىندۈرمەي ئاتىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىلا . بۇ ياخشىلىقلىرىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن ۋە لېكىن كەمىنىلىرى تېخى نىكاھ ئىشىنى ئويلاشمىدىم . ياخشى نىيەت بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئالدىلىرىدا گۇناھكارمەن ، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە ، تابغاچ قارا خاقان ئالىيلىرى .

— خاقاننىڭ ئەمرى ۋاجىپ ، تەقسىر ، — دەپ سۆز قاتتى

خانزادە ناسىر تېگىن مەھمۇدتىن نارازى بولغان تەلەپپۇزدا، — بۇنداق يۈزتۇرا خان ئاتامنىڭ سۆزىنى يېرىدىغان ئەھۋاللار تېخى ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

— ئالدىڭىزدا خىجىلمەن، ھۆرمەتلىك خانزادە، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭغىمۇ باش ئېگىپ، — ۋەھالەنكى، پېقىر بۇ گەپنى خاقانىنىڭ بۇيرۇقى دەپ چۈشەنمىدىم.

— بولدى، بەس، — دېدى ئىبراھىم تابغاچخان، — مەۋلانە مەھمۇد توغرا ئېيتتى، بۇ خاقانىنىڭ ئەمرى ئەمەس، بەلكى تۇغقانلار ئارىسىدىكى سۆھبەت، مەسلىھەت.

— كەمىنىلىرىنىڭ مۇنداق بىر ئۆتۈنۈشى بار، — دېدى مەھمۇد، — دىلىمدىكى نادامەت داغلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەمدى قايتا جەمئىيەتكە يۈزلىنىشىم كېرەك. ئالدى بىلەن سەمەرقەنتتىكى كۇتۇپخانىلارنى كۆرۈپ چىقسام دەيمەن. بىلمىدىم، ھەرقايسىلىرى قانداق ئويلايدىكىن؟

— بولىدىغان گەپ، — دېدى خاقان، — ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئەتە ئەتىگەندە بۇرادىرىڭىز ناسىر سىزنى باشلاپ بارىدۇ.

— ھەشقاللا، ئالىيلىرىم.

مەھمۇد خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تابغاچخان ئوغلىغا مۇنداق دېدى:

— بوپتۇ، ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ تۇرسۇن. سەن ئۇنى كۇتۇپخانا ۋە مەدرىسىلەرگە باشلاپ ئاپىرىپ تونۇشتۇرۇپ قويغىن، كېيىنچە ئۇنى سارايدىكى بىرەر خىزمەتكە مەنسەپدار قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمىز.

ناسىر بۇ گەپنى ئانچە قوللىمىدى.

— مەنسەپكە يارايدىغان بىلىملىك ئادەملەر ئۆزىمىزدىمۇ ئاز ئەمەس، — دېدى ئۇ سەل دۇدۇقلاپ، — كاشغەردىن كەلگەنلەرنى سارايغا ئورۇنلاشتۇرمىساقمۇ...

ئىبراھىم تابغاچخان خاپا بولدى. خاپا بولغاندىمۇ خېلى ئۇبدانلا قېنى قىزىپ، ئوغلىغا تەنبىھ بەردى:

— كاشغەردىن كەلگەن بولسا نېمە بوپتۇ ـ ھە! كاشغەرلىك، سەمەرقەنتلىك دېگەننىڭ قانداق گەپ ئۆزى؟ ھەممىمىز بىر ئۇرۇقتىن تارقالغان خەلق بىز. تىلىمىز بىر، قېنىمىز بىر. بۇنى ئۇنتۇپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئۆزۈڭمۇ ئۇنتۇما، پەرزەنتلىرىڭگىمۇ شۇنى ئۆگەت!

— باش ئۇستىگە، خان ئاتا! ئويلىماي سۆزلەپ قويغىنىمنى كەچۈرگەيسىز.

⁂ ⁂

ناسىر تېگىن مەھمۇد كاشغەرىينى خانلىق مەدرىسە قارىمىقىدىكى چوڭ كۇتۇپخانىغا باشلاپ كىردى. خانزادىنى كۆرۈپ ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بولۇشۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا سالام بەرگىلى كەلدى. ناسىر تېگىن مۇدەررىسلەر ۋە كۇتۇپخانا خادىملىرىغا مەھمۇدنى تونۇشتۇرۇپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد ھەر كۈنى ئۆزى يالغۇز شۇ كۇتۇپخانىغا كېلىپ تۇردى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ كىتابخۇمار مەۋلانىلەر بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلەشتى، ئاندىن تەكچىلەرگە رەت ـ رەت تىزىۋېتىلگەن كىتابلارنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئاخىر، قېلىن بىر كىتابنى ئارىيەتكە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

بىر چەتتىكى شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئۈچ نەپەر تالىپ قىزىقىش نەزەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

— بۇ مەھمۇد دېگەن كىشى سەمەرقەنتكە كەلگىنىگە بىر يىل بولدى دېيىشىدۇ. لېكىن، مۇشۇ ۋاقىتچە كۇتۇپخانىغا كىرىپ باقمىغانىدى. مەۋلانە دېگەنمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ — دېدى ئاقپىشماق كەلگەن، تېخى ساقال ـ بۇرۇتى چىقمىغان بىر تالىپ.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ! بۇنداق مەۋلانىلەردىن ئالىم چىقمايدۇ، — دېدى تېخىمۇ ياشراق كۆرۈنىدىغان يەنە بىر تالىپ،

ئۆزىنى بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشۋاتقان ئاھاڭدا .

— قۇرۇق گەپنى قويۇڭلار ، ئەخمەقلەر ! — دېدى ياش قۇرامى چوڭراق بولغان ئۆچىنچى تالىپ ، — ئۇ تىل ، ئەدەبىيات ، تارىخ ، جۇغراپىيە ئىلىملىرى بويىچە بىرمۇنچە رىسالىلەرنى ۋە يەنە «دىۋانۇ فىللۇغاتىت تۈرك» ناملىق كاتتا ئەسەرنى يېزىپ چىققان ئالىم كىشى . لېكىن ، كاشغەردە يۈز بەرگەن توپىلاڭدا ئۇنىڭ بوۋىسى ، ئاتىسى ، ئانىسى ، رەپىقىسى ۋە باشقا يېقىن كىشىلىرى بىرلا ۋاقىتتا قازا تاپقان . بۇ ئاسان گەپمۇ ؟ «بىر يىلغىچە كۆتۈپخانىغا كىرمىدى» دېگىنىڭنى قارا تېخى ! ھۇ ، گالۋاڭلار !

※ ※

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە ئاي ئۆتتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، تابغاچ قارا خاقان ئالىيلىرى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي .

مەھمۇد ئۆزىنىڭ خاقان بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈشكە كەلگەنلىكىدىكى مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى :

— شەۋكەتلىك ئىبراھىم بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى ، قادىر ئاللا ئىگەم قايغۇ - ھەسرەت بىلەن خىرەلەشكەن دىلىمغا چىراغ ياقتى . تۇنۇگۈن كاشغەردىن كەلگەن سودا كارۋىنى پېقىرغا ئۇستازىم ھۇسەين ئىبنى خەلەپ ھەزرەتلىرىنىڭ مەكتۇپىنى يەتكۈزدى . ئۇستازىم پېقىرنى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى مەركەزلەشكەن بۇخارا شەھىرىگە بېرىپ ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىپتۇ . ھۆرمەتلىك ئۇستازىمنىڭ مۇبارەك مەكتۇپى ۋۇجۇدۇمغا كۈچ - مادار قوشتى . ھاياتقا مۇھەببىتىم ، ئەمگەككە رىغبىتىم يەنىمۇ ئاشتى . ئەمدى ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ، قايتىدىن قولۇمغا قەلەم ئېلىشىم كېرەك .

خاقان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەستىقلىغان تەرزدە ئەمكىنلىك

بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى .

— ئالىيلىرىغا ئېيتار ئىلتىماسىم شۇكى ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەھمۇد كاشغەرىي ، — ساخاۋەت يالقۇنىنىڭ بىر ئۇچقۇنىنى پېقىرغا مەرھەمەت قىلسىلا ، پېقىرنى ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن بۇخارائى ئەزىمگە راۋان قىلسىلا . شۇ ئەزىم شەھەردىكى ئىلمىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ بىرەرىدە خىزمەت قىلسام دېگەن ئارزۇ - ئۈمىدىم بار .

تابغاچخان ماقۇل بولدى .

مۇنەججىم ۋە قۇرئەندازلار تاللىغان خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، مەھمۇد كاشغەرىي ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى ئىبراھىم تابغاچ قاراخانىنىڭ بۇخارا ھاكىمىغا ئۆز قولى بىلەن يازغان مەكتۇپىنى قوينىغا سېلىپ ، سەمەرقەنت ئوردىسىدىن ھەدىيە قىلىنغان قىرىق تۆگىنى كارۋان قىلىپ يولغا راۋان بولدى .

ئەي ، ھايات ! ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر باسىدۇ ، ئالدىنقىلار تۈگىتەلمىگەن يولنى كېيىنكىلەر داۋاملاشتۇرىدۇ . ئىنسان پەيدا بولغاندىن تارتىپ يەر يۈزىدە يوللار سېلىندى . يول ھاياتلىقنىڭ نىشانىسىدۇر . قەدىمكى يوللار يېڭى يوللارغا تۇتىشىدۇ . زامانلارنىڭ بورانلىرى ، تارىخنىڭ توزانلىرى بىر يولنى بوز ۋۇۋەتسە ، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ، ئۇنىڭدىنمۇ داغدام يوللار ئېچىلىپ تۇرىدۇ . بۇ يوللار يۇرتلارنى ، ئەللەرنى تۇتاشتۇرىدۇ ؛ ئىنسانى ئىنسانغا ، قەلبلەرنى قەلبلەرگە باغلايدۇ . ئىنسانىيەت مەۋجۇتلا بولىدىكەن ، يوللار يوقالمايدۇ ، ئەكسىچە كۆپىيىدۇ . ھايات يولى ئۈزۈلمەيدۇ !

كاشغەردىن چىققان مۇساپىر ئالىمنى ھايات يەنە قايسى يوللارغا سالاركىن ؟

## ئىككىنچى باب

# بۇخارا

بۇخارادا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن پارس تىلىنىڭ تۈرلۈك شېۋىلىرىدە سۆزلىگۈچى ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. تۇران، يەنى تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يۇرتلار بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلار داۋامىدا بۇ شەھەر قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرغان. سامانىيلار سۇلالىسى ئامۇ دەريا بىلەن سىر دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلاردا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن بۇخارانى ئۆزلىرىگە پايتەخت قىلىۋالغانىدى. مىلادىيە 999 - يىلى كۈزدە قاراخانىيلاردىن ناسىر ئىلىكخان سامانىيلارغا يۈرۈش قىلىپ، بۇخارانى قايتۇرۇۋالغانىدى. ئەمدى ھازىر بۇ قەدىمكى شەھەر ئىبراھىم تابغاچ بۇغرا قاراخانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى.

سامانىيلار دەۋرىدىن تارتىپلا بۇخارا داڭلىق شەھەر ئىدى. بۇ يەرگە تۈرك، پارس، ھىندى، ئەرەب، ۋىزانتىيە① سودىگەرلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. توغرا، چەت ئەل سودىگەرلىرى كاشغەر، سەمەرقەنت، ئۆزكەنت قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ باراتتى. ۋەھالەنكى، بۇخارا گويا شەرق ۋە غەربنىڭ رەڭلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ئالاھىدە گۈزەل ھەم قىزغىن، جانلىق ماكان ئىدى.

بۇ يەردە ئورغۇنلىغان تۈركىي ۋە پارسىي تىللىق ئالىملار

---

① ۋىزانتىيە — شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى.

ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ يەرگە يەنە ئىراقتىكى ئاببىاسىيلار خەلىپىلىكى تەۋەسىدىن ۋە ھەتتا مىسىردىكى پاتىمە خەلىپىلىكى تەۋەسىدىنمۇ ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ مەشھۇر مۇتەخەسسىسلىرى كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇ شەھەردە ئۇزاققىچە تۇراتتى ياكى پۈتۈنلەي ماكانلىشىپ قالاتتى. ھەرقايسى يۇرتلاردىن ۋە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان تالىپلار بۇخارانىڭ كۆركەم ۋە ئازادە مەدرىسىلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلاتتى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مۇشۇنداق بىر شەھەردە خىزمەت قىلىشنى خالىغانلىقى بىكار ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ھەم ئۆگىنگىلى، ھەم تەتقىقات ئېلىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ شەھەر ئۆزىنى ئىلمىي ئىشلارغا بېغىشلىغان كىشى ئۈچۈن تازا كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىدى. پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر ئالتۇن ئۈزۈك بولسا، بۇخارا شۇ ئۈزۈككە قوندۇرۇلغان زۇمرەت كۆز ئىدى.

※ ※

مەھمۇد كاشغەرىي بۇخارادىكى مەدرىسىلەردىن بىرىدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقىنىغا تۆت يىلدىن ئاشتى. ئۇ يۈرىكىنى چىرماپ تۇرغان روھىي ئازاب ۋە دەرد ـ ئەلەملەرنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ، ئۆزى ئۈچۈن يېڭىچە بولغان تۇرمۇش شارائىتىغا خېلى كۆنۈپ قالغانىدى. يېڭى تونۇشلار، يېڭى دوستلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتىي كۈچنى تولۇقلاۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. بۇرۇنقى خۇشاللىقلارمۇ، قايغۇ ـ ھەسرەتلەرمۇ ئارقىدا قالدى. ئەمدى يېڭى خۇشاللىقلار ۋە يېڭى غەملەر ئۇنىڭغا ھايات دەرياسىنىڭ توختاپ قالماي ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ مەدرىسىدە جاي ـ جايلاردىن كەلگەن ھەر قەبىلە، ھەر تائىپە تالىپلىرىغا تۈركىي ـ ئەرەبىي تىللىدىن، يەنى خاقانىيە تىلىدىن ۋە ئەرەب تىلىدىن دەرس بېرەتتى، بوش ۋاقىتلىرىدا كۇتۇپخانا ۋە

كىتابپۇرۇشلۇق دۇكانلىرىنى ئارىلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەپ، تۈرك ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلەش ئىمكانىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئىككى پارچە رىسالە يازدى. بىرنەچچە قېتىم ئەرەب، تۈرك ۋە پارس ئالىملىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بىرلەشمە ئەنجۈمەنلەرگە ئىشتىراك قىلدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھمۇد كاشغەريي مەدرىسىدىن چىقتى - دە، ئادىتى بويىچە كوچا ئارىلاپ پىيادە ماڭدى. ئازادە رەستىلەرنىڭ بىرىگە كەلگەندە، بازار مەيدانىدا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر دائىرە ھاسىل قىلىپ قىستىلىشىپ تۇرغانلىقىنى، دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر كىشى خۇددى مەدداھلاردەك خالايىققا بىرنېمىلەرنى دەپ ئۈنلۈك سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. مەھمۇدمۇ يېقىن كېلىپ، كىشىلەرنىڭ باشلىرى ئارىسىدىن قارىدى.

يېشىل كىمخاب تون كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان، ئاق بۆز يەكتەك - تامبال كىيگەن توققۇز - ئون ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ ئەتراپتا توپلانغان كىشىلەرگە يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەيتتى:

— ئەي مۇسۇلمانلار، بۇ باشپاناھسىز يېتىم بالىغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن! بېقىپ قويساڭلار، چوڭ بولغاندا ئىشىڭلارغا ياراپ قالىدۇ. پېقىرغا پۇل - مال كېرەك ئەمەس، خالىس تېپىشتۇرغۇچىمەن. ئەي مۇسۇلمانلار، ئاللا ھەققىدە شۇ يېتىم بالىنى بېقىۋېلىڭلار! ساۋاب بولىدۇ، بۇ بالىدىن يانمىسا ئاللادىن يانىدۇ. ئەي، مۆمىنلەر...

مەھمۇد توپ ئىچىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، يېتىم بالا بىلەن ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ بېشىنى ئەگدى.

— سالام سىزگە، ئەي ئاق كۆڭۈل ئادەم، — دېدى ئۇ، —

پېقىرنىڭ ئۆيىدە بىر چىنە چاي ئىچىشكە چ پاراڭلاشساق ، قانداق قارايسىزكىن ؟

— ياخشى گەپ ، تەقسىر .

— قېنى ئەمىسە ، مەرھەمەت .

مەھمۇد ئۇ ئىككىيلەننى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردى . چاكار بوۋاي داستىخان سېلىپ ، نان ۋە ئۈزۈملەرنى قويدى ، جانان چىنىلەرگە چاي قۇيدى .

مەھمۇدنىڭ تەلىپى بويىچە ھېلىقى كىشى يېتىم بالىنى تونۇشتۇردى .

— كەمىنىڭىز ئەلىدىن چىققان سودىگەر بولىمەن ، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ ، — كەيپېڭدىن كەلگەن سودىگەرلەردىن مال ئېلىپ ، ئەمدى ئەرەب ئەللىرىنى كۆزلەپ ماڭدىم . ئۇشبۇ بۇخارا شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر يېزىغا كەلگەندە ، مانا مۇشۇ بالىنى ئۇچرىتىپ قالدىم .

ئەللىك سودىگەر يەنە ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بالىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى . يېتىم بالا ئەيمەنگەن ھالدا مەھمۇدقا قاراپ قويدى ـ دە ، دەررۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى . بالا بەك ئورۇق ، بويىنى ئىنچىكە بولغاچقا ، تاقىر بېشى گەۋدىسىگە ماسلاشمىغان ھالدا يوغان كۆرۈنەتتى .

— چاي ئىچكىن ، بالام ، نان يە ، ئۈزۈم يە ، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭغا زەن قويۇپ قاراپ .

سودىگەر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— سۈرۈشتۈرۈپ ئۇقۇشۇمچە ، بۇ بالا باسمىل قەبىلىسىدىن بولۇپ ، ئەسلى يۇرتى ئېمىل دەريا ۋادىسىدا بولغانىكەن . مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى دىندىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغان يىللىرى باسمىل قەبىلىسىدىكى نۇرغۇن ئاھالىلەرنىڭ ئىگىلىكى ۋەيران بولغانلىقتىن ، يۇرتلىرىنى تاشلاپ جاي ـ جايلارغا تارقىلىپ كېتىشكەنىكەن . جۈملىدىن ، بۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇزاققىچە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ئاخىر بۇخاراغا قاراشلىق يېزىلاردىن

بىرگە كېتىپتۇ ، زېمىندارلارغا ياللىنىپ ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ . لېكىن ، ئاڭلىشىمچە ، يەرلىك دېھقانلار ئۇلارنى يەكلەپتۇ ، ئۇلارنى «قاچقۇن» ، «ياقا يۇرتلۇق» دەپ ئاتىغا ئالماپتۇ . زېمىندارمۇ ھەدېسىلا ئىش ھەققىنى تولۇق بەرمەي ، ئۇلارغا هاشار ـ سېلىقنى تۆپى ـ تۆپىلەپ كۆپەيتىپتۇ . بۇ مۇساپىرلار گادايلىقتىن باش كۆتۈرەلمەي كېسەلچان بولۇپ كېتىپتۇ . بۇ بالىنىڭ ئانىسى كېسەلدىن قوپالماي ئاخىر ئۆلۈپ كېتىپتۇ . ئاتىسى بولسا ، بىر كۈنى مەينى بولۇشىغا ئىچىپ مەست بولۇپ زېمىندارنى دۇمبالاپتۇ . زېمىندارنىڭ چاكارلىرى نەق مەيداندىلا ئۇنى كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ .

— بۇ دۇنيادا نادان ۋە رەھىمسىز ئادەملەر ئاز ئەمەس ، — دېدى مەھمۇد ۋە ئېچىنغان هالدا بېشىنى چايقاپ قويدى .

سودىگەر ئۆزى بىلىدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەرمەكچىدى .

— شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپتۇ ، — دېدى ئۇ يەنە ، — مەن كارۋىنىم بىلەن شۇ يېزىغا يېقىنلاپ كەلگەندە ئۇ ئاچلىقتىن هالسىزلىنىپ يول بويىدا ياتقانىكەن . ئىچىم ئاغرىپ ئۇنى ئۆزۈم بىلەن ئەكەتتىم . مانا هازىر بەش كۈن بولدى ، ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈۋاتىمەن .

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە يېتىم بالا ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى .

— يىغلىما ، بالام . يىغلىما ، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ، — ئەمدى سەن يېتىم ئەمەس . مانا مۇشۇ ئۆي ئەمدى سېنىڭ ئۆيۈڭ بولىدۇ .

— تەقسىر ، — دېدى سودىگەر مەھمۇدنىڭ بالىنى ئېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ ، — كەمىنىمىز تىجارەتنى كەسىپ قىلغان جاھانكەزدى ئادەم ، ئۆيۈم يىراقتىكى ئىلى دەرياسى بويىدا قالدى . ئۇيغۇرلارنىڭ توخسى قەبىلىسىدىن بولىمەن . بۇنداق كىچىك بالىنى كارۋان بىلەن ئېلىپ يۈرۈش ئەپسىز بولىدىكەن .

— ئەلۋەتتە، مۆھتەرەم تەقسىر، بۇنى چۈشىنىمەن، — دېدى مەھمۇد، — بۇ بالىنى مەن ئېلىپ قالاي، بىر گۇناھسىز نارەسىدىگە شاپائەت ئەيلىگەن ئالىيجاناب پەزىلىتىڭىزگە ئاپىرىن، تەقسىر. جاھاندا ياخشى ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس!

— بىر تىرىك جاننىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتىشكە قانداقمۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى چىدىسۇن، — دېدى سودىگەر ۋە ئورنىدىن قوپتى، — ئەمىسە خوشلىشاي، تەقسىر. تىجارەتچىنىڭ ئىشى ئالدىراش بولىدۇ.

— تەخىر قىلىپ تۇرغايسىز، تەقسىر، — دېدى مەھمۇدمۇ ئورنىدىن قوپۇپ ۋە ئىچكەركى خانىدىن بىر قاپچۇق تىللانى ئاچىقتى ـ دە، سودىگەرگە ئۇزاتتى.

— ئاز بولسىمۇ، پېقىرنىڭ كۆڭلى دەپ بىلگەيسىز.

سودىگەرنىڭ چىرايىدىكى خۇش تەبەسسۇم دەرھال غايىب بولدى.

— مۆھتەرەم تەقسىر، مېنى ئۇنداق ئادەم دەپ ئويلىماڭ، — دېدى ئۇ مەھمۇدنىڭ تىللا تۇتقان قولىنى سىلىقلىقنا ئىتتىرىۋېتىپ، — بىر يېتىمغا قىلغان كىچىككىنە ياردىمىم ئۈچۈن ھەق ئالسام، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا يۈزۈم قارا بولغۇسى. نىيىتىمنى چۈشىنىڭ، پاك قەلبىمنى بۇلغاشقا يوچۇق ئېچىپ بەرمەڭ.

سودىگەر خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

— ئېتىڭ نېمە، ئوغلۇم؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد يېتىم بالىنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ.

— ئەلتەمۇر.

— ماشا قارا، ئەلتەمۇر، ئەمدى سەن مۇشۇ ئۆينىڭ ئادىمى بولدۇڭ. نېمە قىلغۇڭ، نېمە يېگۈڭ كەلسە تارتىنماي ئېيتقۇر. مەن سېنى باقىمەن، تەربىيىلەيمەن، ئوقۇتىمەن. بولامدۇ ـ ھە؟

ئەلتەمۇر ئۈنچىقماستىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

مەھمۇد شۇ كۈنىلا ئۇنى ھامامدا يۇيۇندۇرۇپ، تىككۈچىگە

ئېلىپ باردى ۋە ئىككى قۇر كىيىم بۇيرۇتتى . بازارغا بېرىپ ئۇنىڭغا بېغىر رەڭ مەخمەل بۆك ، قونچىلىرىغا گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن سېرىق ئۆتۈك ، كۈمۈش توقىلىق خۇرۇم كەمەر ئېلىپ بەردى .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەھمۇد ئىلتەمۇرنى شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئالدىغا دەپتەرنى قويدى ، قولىغا قەلەمنى تۇتقۇزدى .

— بۈگۈن بىرىنچى دەرسنى باشلايمىز ، — دېدى ئۇ ، — قارا ، «ئەلىف» مۇنداق يېزىلىدۇ ، «بە» مۇنداق .

— خوپ ، ئۇستازىم .

※ ※

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ ، مىلادىيە 1068 - يىلى يېتىپ كەلدى .

ئىلتەمۇر كوچىدا بىر توپ باللار بىلەن قوغلاشماق ئويناۋاتاتتى . سۆلەتلىك كىيىنگەن ئاتلىق بىر كىشى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توۋلىدى :

— ھەي ئىلتەمۇر ، ھەزرىتىم ئۆيدە بارمۇ ؟

— بار .

— بولدى ، ئويۇنۇڭنى ئويناۋەر ، ئۆزۈم كىرەي .

شۇ گەپ بىلەن ئاتلىق كىشى ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە كىردى . بۇ كىشى بۇخارا ھاكىمى مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يېقىن بۇرادىرى ئىدى . ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ، ئۆزىنىڭ ئالدىغا چىققان قېرى چاكارغا تىزگىننى بەردى . بۇ مېھمان ئۆيگە كىرىپ مەھمۇد بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن تۆۋەندىكى پەۋقۇلئاددە خەۋەرنى يەتكۈزدى :

— سەمەرقەنتتە شەۋكەتلىك ئىبراھىم تابغاچ قاراخان ئالىيلىرى مېڭىسىگە قان چۈشۈپ يېتىپ قالغانىكەن . شۇ ۋەجىدىن ئۇ خاقانلىق ئورنىنى چوڭ ئوغلى ناسىر تېگىنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ

ۋە ئۇچ كۈندىن كېيىن ئەجەل شارابىنى ئىچىپتۇ.
— ئاللاتائالا ئۇنىڭ روھىنى قۇتلۇق قىلغاي!
مەھمۇد رەھمەتلىك تابغاچخاننىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى.
— چوڭ خانزادە تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تولۇق نامىشەرىپىنى «ئەبۇ ناسىر شەمسۇلمۇلۇك تابغاچ قاراخان» دەپ ئېلان قىپتۇ.
مەھمۇد مېھماننىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭ يەنە قانداقتۇر مۇھىم گەپ قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى ۋە بۇ يېڭى خەۋەرنىڭ داۋامىنى كۈتۈپ ئۈنچىقماي ئولتۇردى.
مېھمان يەنە سۆزلىدى:
— ھۆكۈمدارلارنىڭ قىلمىشلىرىغا باھا بېرىشكە ھەققىمىز يوق ۋە لېكىن سىزدەك قەدىردان بۇرادىرىمگە سۆزلىمەي تۇرالمايمەن. چوڭ خانزادىنىڭ تەختكە ئولتۇرغىنىغا كىچىك خانزادە ئۆكتە قوپتى.
مەھمۇدمۇ سۆھبەتدىشىغا جىددىيلەشكەن سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قالدى. كىچىك خانزادە بۇخارا شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئىدى. بۇ قېرىنداشلار ئەمدى نېمە قىلماقچى؟
— شۇنىڭ بىلەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مېھمان، — بۇ ئىككى ھۆكۈمران ھازىر پەيلىنى بۇزۇپ، ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىش ھالىتىدە تۇرماقتا.
— خۇدانىڭ گۇناھكار بەندىلىرىگە بۇ ئۆتنە ئالەمدە يەنە نېمە يېتىشمەيدىغاندۇ؟ — مەھمۇد چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن خىتاب قىلدى.
— ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىي، — دەپ چۈشەندۈردى مېھمان، — چوڭ خانزادىنىڭ ئانىسى سەمەرقەنتلىك، كىچىك خانزادىنىڭ ئانىسى بۇخارالىق. ھەممە چاتاق شۇنىڭدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ قەبىلىۋازلىق، يۇرتۋازلىق ئىللەتلىرىدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمىز، ھەزرىتىم؟
— بۇ بىر خىل ئاغسىزلىق، — دېدى مەھمۇد، — قاچانكى

خاقانلاردىن تارتىپ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىلەردىكى پۇقرالارغىچە پۈتۈن خەلق ئەقىل - پاراسىتىنى ئۇرغۇتۇپ ، ئىنسانغا خاس يۈكسەك ئاڭ سەۋىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا بۇ خىل ئىللەتنى يوقاتقىلى بولىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن جەمئىيەتتىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كېرەك ، ھەممە ئادەم بىلىملىك بولۇشى كېرەك . بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قورساق تويدۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان كۆزى ئوچۇق كور بولماستىن ، ئۆزىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى كۆرەلەيدىغان ھەقىقىي ئىنسان خۇسۇسىيىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك . ئەنە شۇ چاغدىلا ھەربىر ئادەم بەخت بېغىدىكى نېمەتلەردىن ئۆزىگە تېگىشلىك ئۈلۈشىنى ئالالايدۇ .

مېھمان ئەلەملىك قىياپەتتە بېشىنى چايقىدى .

— شۇنداق كۈنلەر قاچان كېلەركىنتاڭ !

دەرۋەقە ، مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن مەھكىمە ئەمەلدارى ئوتتۇرىسىدا شۇ سۆھبەت بولۇپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە بۇخارا خەلقى ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىچىدە قالدى . سەمەرقەنت ۋە بۇخارا قوشۇنلىرى بىر - بىرىگە قارشى سەپ تارتىپ ھەيۋە بىلەن ئاتلىنىپ چىقتى . جەڭ بولدى . سەمەرقەنت قوشۇنى غەلىبە قازاندى . شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ناسىر شەمسۇلمۇلۇك پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر دىيارىنىڭ دەخلىسىز ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى .

بۇخارا مەھكىمىسىدىكى بىرمۇنچە ئەمەلدارلار ۋە سەركەردىلەر شەمسۇلمۇلۇكنىڭ جازاسىغا ئۇچراشتىن قورقۇپ بىر قىسمى كاشغەر ، خوتەن تەرەپلەرگە ، بىر قىسمى سالجۇقىيلار تەۋەسىگە قېچىپ كەتتى . مەھمۇد كاشغەرىي جازاغا ئۇچراشتىن قورقمايتتى . ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ چېقىلمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ شەمسۇلمۇلۇك بىلەن مىجەزى تازا چىقىشىپ كېتەلمەيتتى . شۇڭا ، ئۇمۇ كېتىشنى مۇۋاپىق تاپتى .

— يۈرگىن ، ئوغلۇم ئىلتەمۇر ، يۈر . بۇ شەھەردىمۇ بىزنىڭ

ئورنىمىز ئىسسىمىدى، — دېدى مەھمۇد يۈك - تاقلىرى تۆگىلەر ۋە قېچىرلارغا ئارتىلىپ، تېگىلىپ بولغاندىن كېيىن.

ئۇ بوش قالغان ئۆيگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، ئىلتەمۇرنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ماڭدى.

— يۈر، ئىلتەمۇر، ئەمدى بۇ يەردىن كېتىمىز، يىراققا كېتىمىز.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇخارالىق ئەل - ئاغىنىلىرى، شاگىرت - تالىپلىرى ئۇلارنى ئۇزىتىشقا كەلدى. يەنە بىرمۇنچە دېھقان - باغۋەنلەر، ھۈنەرۋەنلەر، ئاشپەز - ناۋاي، قاساپلارمۇ كەلدى. مەھمۇد ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتقان، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغان، ئۇلارنىڭ دەردىگە يېتىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ياخشى نامىنى ئاڭلىغان يەنە باشقا كىشىلەرمۇ كەلدى.

— ئۇرۇق - تۇغقاندەك بولۇپ قالغانىدۇق. ئاخىر ئايرىلىدىغان بولدۇق، ھەزرەتلىرى.

— ئۆزلىرىنىڭ كۆپ ياخشىلىقلىرىنى كۆرگەنىدۇق. ئاللا دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلغاي.

— بىزنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، ھەزرەتلىرى، يۇرتىمىزغا يەنە كېلىپ تۇرسىلا.

مەھمۇد ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

كارۋان قوزغىلىپ ماڭغاندىن كېيىنمۇ يول بويى ئۇچرىغان ئادەملەر مەھمۇدنىڭ ئالدىغا كېلىپ خوشلاشتى.

— سەپەر قاياققا، ھەزرەتلىرى؟

— نىشاپۇرغا، بۇرادەرلەر، نىشاپۇرغا!

## ئۈچىنچى باب

# نىشاپۇر

ئوغۇزلار غەربىي خوراساننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن نىشاپۇر شەھىرىنى ئاستانە قىلغانىدى، كېيىن سالجۇق ئوغۇزلىرىنىڭ زېمىنى غەربكە يەنىمۇ كېڭەيگەچكە، پايتەختى تېھرانغا يۆتكەلدى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوغۇزلارنىڭ نىشاپۇردىن ئىبارەت بۇ سابىق پايتەختىگە كېلىشنى قارار قىلغانلىقى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. مەھمۇدنىڭ بۇخارادىكى بىرقاتار ئىلمىي يىغىلىشلاردا تونۇشقان كۆڭلى يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ھازىر نىشاپۇردا تۇراتتى. بۇ يەردە، شۇنداقلا، سالجۇقىيلار تەۋەسىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن بۇخاراغا بېرىپ مەھمۇدنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلىغان سابىق شاگىرتلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ئوغۇز مەۋلانىلىرى مەھمۇدنى ئەنە شۇ نىشاپۇرغا كۆچۈپ كېلىشكە بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ قىلىشقانىدى.

مەھمۇد بۇ تەكلىپلەر ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى. ئۆزىگە خەيرخاھلىق كۆرسەتكەن ۋە تۇغقانلىق مېھرىنى يەتكۈزگەن ئىبراھىم تابغاچخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاكا - ئۇكا خانزادىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتكەندە مەھمۇد نىشاپۇرغا بېرىشنى قارار قىلدى.

— ھۆكۈمرانلارنىڭ دەتالاشلىرىنى كۆرسەم يۈرىكىم ئاغرىيدۇ، — دېگەنىدى ئۇ يېقىن دوستلىرىغا، — ۋەتەننى قوغداش

ئۇچۇن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش بولسا، جېنىمنى تىكىپ قوپۇپ قولۇمغا قورال ئالغان بولار ئىدىم. بىراق، ئۆز ئادەملىرىنىڭ تەخت ۋە بايلىق تالىشىپ بىر - بىرىگە تىغ كۆتۈرۈشى چوڭ جىنايەت! ئەخمىقانە ئۇرۇشلارنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش يېتىم ۋە بەختسىز بولغانلىقىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن».

شۇنداق قىلىپ بۇ كاشغەرلىك مەۋلانە غېرىبلىق كۈنلىرىدە تەقدىرى ئۆزىگە قوشۇلغان ئىلتەمۇرنى باشلاپ نىشاپۇرغىمۇ كەلدى ھەمدە چاققانغىنا ھويلىلىق بىر ئۆينى سېتىۋېلىپ، يەرلىك مەدرىسلەردىن بىرىدە يەنە مۇدەررىسلىك خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. شۇ تەرىقىدە كۈنلەر ۋە ئايلار ئۆتۈپ مىلادىيە 1070 - يىلى يېتىپ كەلدى.

مەھمۇد نېمىدىندۇ بېشى قاتقان ھالدا ئۆزى يالغۇز ئىچكىرىدىكى بۆلمىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە تىللا، تەڭگە ۋە مىس يارماقلارنى تۆكتى - دە، ساناشقا باشلىدى، بىردەم ئويلاپ ئولتۇرۇپ قايتا ساندى.

چار ساقاللىق خىزمەتكار كىرىپ بوسۇغىدا توختىدى.

— ھەزرەتلىرى، چۈشلۈك غىزاغا نېمە قىلساقكىن؟ بازارغا چىقىپ بىرئاز گۆش ئەكەلسەممىكىن؟

— ئىلتەمۇرگە پۇل بەرگەنىدىم. گۆش، كۆكتات ئالغىلى چىقىپ كەتتى، — دېدى مەھمۇد ۋە بېشىنى چايقاپ چوڭقۇر تىنىپ قويدى.

— پۇلنى تېجەپ ئىشلەتمىسەك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ يەنە، — دەسمايەم بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ.

— خۇدايىم بېرىدۇ، ھەزرەتلىرى، خۇدايىم بېرىدۇ، — دېدى قېرى خىزمەتكار قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، — يېقىندىن بېرى ئۆزلىرى ساقسىز بولۇپ، خىزمەتكە چىقالمىغاچقا كىرىم قىلالمىدىلا. ئاللا شىپالىق بېرىپ، سالامەتلىكلىرى ئەسلىگە كەلسە، ئىشلىرىمىز يەنە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ،

ھەزرەتلىرى . ئاللا ئۆزى ئەزىز قىلىپ ياراتقان بەندىسىنى خار قىلمايدۇ .

شۇ ئەسنادا تاشقىرىدا دەرۋازا قېقىلدى .

— ئىلتەمۇر كەلدى بولغاي ، — دېدى مەھمۇد .

خىزمەتكار دەرۋازىنى ئېچىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى .

دەرۋازا ئېچىلدى ۋە خىزمەتكارنىڭ كايىپ سۆزلىگىنى ئاڭلاندى :

— گۆش قېنى ، كۆكتات قېنى ؟ ھەي ئىلتەمۇر ، ھەي ئىلتەمۇر ! نېمىشقا بۇنداق بەڭباشلىق قىلىسەن ؟ ھەزرىتىم تۇرمۇش خىراجىتىنى تېجەش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتسا ، سەن مۇشۇنداق بەتخەجلىك قىلساڭ بولامدۇ ؟ !

ئىلتەمۇر بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى ، ئاندىن ئىككىسى مەھمۇدنىڭ ئالدىغا كىردى .

ئىلتەمۇر قېلىن بىر كىتابنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇراتتى .

— قارىسىلا ، ھەزرەتلىرى ، بۇنىڭ بەڭباشلىقىنى ، — دېدى قېرى خىزمەتكار ، — گۆش ئالماي ، كۆكتات ئالماي ، ھەممە پۇلغا بىر كىتاب سېتىۋېلىپ كېلىپتۇ .

ئىلتەمۇر قېيىدىغان قىياپەتتە تۇمشۇقىنى سوزۇپ ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى .

مەھمۇد خۇددى ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قىزىقىپ قارىدى . ئىلتەمۇر بوي تارتىپ چوپچوڭلا بالا بولۇپ قالغانىدى . ھازىرچە تېخى تېنى ئەت ئالمىغان ، تولمىغان بولسىمۇ ، ئېگىزلىكتە مەھمۇدقا يېتەي دەپ قالغانىدى .

— ئەمدى غىزانى قانداق قىلىمىز ، ھەزرەتلىرى ؟ — دەپ سورىدى خىزمەتكار .

— بۈگۈن بىرەر قېتىم ئۇماچ ئىچىپ تۇرايلى ، — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇد .

خىزمەتكار دىمىغىدا غودۇڭشىپ چىقىپ كەتتى . ئىلتەمۇر تېخىچە ئىشىك ئالدىدا بېشىنى سېلىپ تۇراتتى .

— بۇياقتا كەلگىنە، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭغا، — قانداق كىتاب ئالدىڭ؟

ئىلتەمۇر يېقىن كېلىپ قولىدىكى كىتابنى ئۇزاتتى. مەھمۇد كىتابنى قولىغا ئالدى. كىتابنىڭ شەلپەر بىلەن پاتلانغان قاتتىق مۇقاۋىسىغا ئالتۇن رەڭلىك ھۆسنىخەت بىلەن «تارىخىي مەسئۇدىيە» دەپ يېزىلغانىدى.

— بۇ ئوتتۇزىنچى جىلد، — دەپ چۈشەندۈردى ئىلتەمۇر مەھمۇدقا، — ئۆزىڭىز ئۆتكەندە بۇ ئەسەرنىڭ ئوتتۇزىنچى جىلدىنى سېتىۋالالمىغانلىقىڭىزنى تىلغا ئالغانىدىڭىز. بايا كىتابپۇرۇشلۇق دۇكىنىغا كىرىپ قارىسام مۇشۇ كىتاب تۇرۇپتۇ... ئوتتۇزىنچى جىلد ئىكەن. شۇڭا، بۇنى باشقىلار ئەكەتمىسۇن دەپ سېتىۋالدىم.

«تارىخىي مەسئۇدىيە»نىڭ مۇئەللىپى بەيھاكى ئەسلى پارسلاردىن بولۇپ، غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىدە تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل ۋەزىر ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى جەمئىي ئوتتۇز جىلد بولۇپ، ئۇنىڭدا مەھمۇد غەزنەۋىي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇت ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردىكى تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئەسەرنىڭ بىرنەچچە جىلدلىرىنى سەمەرقەنتتە، يەنە بىر قىسمىنى بۇخارادا سېتىۋالغانىدى، لېكىن ئەڭ ئاخىرقى بىر جىلدنى ھازىرغىچە تاپالماي يۈرەتتى.

— ھە، بۇ ياققا كېلىپ ئولتۇرغىنا، ئىلتەمۇر، — دېدى ئۇ، — بۇ كىتابنى ئەكەلگىنىڭ ياخشى بوپتۇ. بىراق، مەن ساڭا بەرگەن پۇل بۇنىڭغا يەتمەيدۇغۇ؟

ئىلتەمۇر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۇ كىتابپۇرۇش بوۋاي سىزنى تونۇغاچقا، كېيىن يەنە بىر تىللا ئەكېلىپ بەر دەپ بۇ كىتابنى بەردى.

مەھمۇد ئۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئىلتەمۇرنى ئۇ ئۆزى ئوقۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. «ئەجرىم بىكارغا كەتمىگۇدەك، — دەپ ئويلىدى مەھمۇد، — ئەقىللىق، تىرىشچان بالا بولۇپ ئۆسۈۋاتىدۇ».

دېمىسمۇ، ئىلتەمۇر كىتاب ئوقۇشقا ئالاھىدە ھەۋەس قىلاتتى، مەھمۇدنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە مۇناسىۋەتلىك گەپلىرىنى بەك قىزىقىپ ئاڭلايتتى.

— ئۇستازىم، مەن تىرىشىپ ئۆگەنسەم، چوڭ بولغاندا مۇشۇنداق كىتابلارنى يازالايدىغان بولامدىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەھمۇدنىڭ خاپا بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ.

مەھمۇد مۇلايىم كۈلۈمسىرىدى.

— ئاخىرىغىچە بوشاشماي تىرىشىپ ئۆگەنسەڭ، ئەلۋەتتە يازالايسەن، — دېدى ئۇ، — بىلەمسەن، ئەسەر يېزىش يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغانغا ئوخشايدۇ. بەيھاكى بۇ ئەسىرىنى ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاخىر 1059 - يىلى يېزىپ بولغان. ئىلمىي ئىشلار مۇشۇنداق جاپالىق بولىدۇ. يېقىندا غەزنەۋىيلەر ئېلىگە بېرىپ كەلگەن پارس ئاغىنىلەردىن ئاڭلىشىمچە، ھەزرىتى بەيھاكى ھازىر قېرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئەڭ ياخشى، قىران چاغلىرىنى مۇشۇ ئەسەرنى يېزىش بىلەن ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە مەزمۇت خاتىرە مۇنارىسى تىكلىدى. ئۇنىڭ نامى ئۇنتۇلمايدۇ. ھەرقايسى ئەللەردىكى ھەرقايسى تائىپە كىشىلىرى ئۇنى تونۇيدۇ ۋە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. بىلىملىك ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ نامى ئۆلمەيدۇ. لېكىن، بۇنداق بولۇش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشكە، بەلكى ئۆمۈر بويى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

— مەن ئۆمۈر بويى ئۆگىنىمەن، — دېدى ئىلتەمۇر. بۇ گەپنى دېگەندە ئۇنىڭ كۆزلىرى باشقىچە بىر خىل جانلىنىپ، چاقناپ كەتتى.

— يارايسەن، ئوغلۇم، يارايسەن. شۇنچىلىك غەيرىتىڭ بولسىلا، مەنمۇ ساڭا ئۆمۈر بويى ئۆگىتىمەن.

— ماڭا پارس تىلىنى تېخىمۇ پىششىق ئۆگىتىپ قويۇڭ، ئۇستازىم. مەن «تارىخىي مەسئۇدىيە»نىڭ بىرىنچى جىلدىنى بىرئاز ئوقۇپ باققاندىم، بەزى يەرلىرىنى دېگەندەك چۈشىنىپ

كېتەلمىدىم.

بۇخارادىمۇ، نىشاپۇردىمۇ پارسىي تىللىق قەبىلىلەرگە مەنسۇپ ئاھالىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئىلتەمۇر كېيىنكى بىر نەچچە يىللار ئىچىدە پارس بالىلىرى بىلەن ئويناپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تىلىدا خېلى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەھمۇدمۇ ئۇنىڭغا پارس تىلىدىن دەرس بېرەتتى.

— پارس تىلىدىن ئاساسىڭ تىكلىنىپ قالدى، — دېدى مەھمۇد، — قالغىنىنى ئۆزۈڭ ئاستا - ئاستا تولۇقلاپ كېتەلەيسەن. لېكىن، «تارىخىي مەسئۇدىيە»دەك مۇنداق كاتتا ئەسەرنى پارس تىلىدا ئەمەس، تۈركىي تىلدا يېزىلغان بولسىمۇ تولۇق چۈشىنىپ كېتىشىڭ تەس. سەن تېخى كىچىك. پارس تىلىنىمۇ داۋاملىق ئۆگەنگىن، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن مەن ساڭا ئاساسلىقى ئەرەب تىلىنى ئۆگىتىمەن.

ئىلتەمۇر خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتكىلى تاس قالدى.

مەھمۇد ئالدىدىكى پۇل قاپچۇقىدىن بىر تىللانى چىقىرىپ ئىلتەمۇرگە بەردى.

— مە، ئەمدى غىزا تەييار بولغۇچە بۇ تىللانى كىتابپۇرۇشقا بېرىۋېتىپ كەل.

ئىلتەمۇر ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى - دە، تىللانى ئېلىپ يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئاشخانىدا غىزا پىشۇرۇۋاتقان قېرى خىزمەتكار ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ بېشىنى چايقىدى. «قۇرۇق ئۇماچ چېلىۋاتسام، بۇ ئىككىسىنىڭ خۇش بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان تېخى! خۇددى كىتابنى يېگىلى بولىدىغاندەك».

※ ※

ئاردىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ، مىلادىيە 1071 - يىل كىرەي دەپ قالغانىدى.

نشاپۇر ئاستانە بولۇشتىن قالغاندىن بېرى بۇ يەرگە ئالىي ھۆكۈمرانلار كېلىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، سۇلتان مۇھەممەد ئالپ ئارسلاننىڭ ئۇشتۇمتۇت بۇ سابىق ئاستانىگە كېلىپ قالغانلىقى ئاھالىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى ئىچىدە زور غۇلغۇلا قوزغىدى. كوچىلاردا، رەستىلەردە، ئۆيلەردە كىشىلەر بۇ ھەقتە تۈرلۈك تەخمىن - قىياسلارنى قىلىشىپ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇراتتى.

— سۇلتان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندۇ.

— پۇقرالارنىڭ ئەرز - ھالىنى ئۇقۇش ئۈچۈن كەلگەندۇ.

— كونا ئاستانىنى كۆرگۈسى كېلىپ قالغاندۇ.

— ياق، ياق. بەزى ئۆزۈن قۇلاق ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، يەنە ئۇرۇش بولارئىمىش، ئۇرۇش!

— ھەي... سالجۇق ئەۋلادلىرى ھاكىمىيەت قۇرغاندىن تارتىپ توختىماي ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ.

— سالجۇق ئوغۇزلىرىنىڭ ئاتلىرى نۇرغۇن ئەللەرنى بېسىپ ئۆتتى، ئەمدى ئالپ ئارسلاننىڭ ئاتقان ئوقى يەنە قايسى ئەلگە چۈشەركىن؟

دەرۋەقە، سالجۇقىيلارنىڭ قول ئاستىدىكى يەرلەر يىلدىن - يىلغا ئەمەس، بەلكى ئايدىن - ئايغا دېگۈدەك سۈرئەت بىلەن كېڭىيمەكتە ئىدى. سۇلتان مۇھەممەد ئالپ ئارسلاننىڭ نامى يەر يۈزىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە خۇددى باھار شامىلىدەك تېز يېيىلىپ تارقالماقتا ئىدى. ئۇ تەختكە چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1064 - يىلى ئىچكى توپىلاڭنى باستۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىدى، ئاندىن ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى سالجۇقىيلار قوشۇنلىرى ئانادولۇ يېرىم ئارىلىنى، ۋان كۆلى بويىدىكى ئەرمەن شەھەرلىرىنى ۋە ئاخىرى كاۋكازنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىشغال قىلدى. مىلادىيە 1067 - يىلى خارەزمنى ئالدى. 1070 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەرەب پاتىمە خەلىپىلىكىدىن مەككە ۋە مەدىنە شەرىپلەرنى تارتىۋالدى، سۈرىيىنى بويسۇندۇردى.

روشەنكى، سالجۇق تۈركلىرىنىڭ بەخت يۇلتۇزى نۇرغۇن يۇلتۇزلارنى پەستە قالدۇرۇپ، پايانسىز كۆكنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە يارقىن چاقنىماقتا ئىدى.

ھالبۇكى، سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ زەپەر ناخشىسى تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. ئۇ مىلادىيە 1070 ـ يىلى ۋان كۆلى يېنىغا قۇرۇلغان غايەت مۇستەھكەم مالازگىرد قورغىنىنى شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. سالجۇقىيلارنىڭ بۇ سۇلتانى ھەرقايسى ئەللەردە يەڭگىلى بولمايدىغان غالىب سۇپىتىدە تونۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدىغان رىۋايەتكە ئايلانغانىدى.

ئەنە شۇنداق بۈيۈك ھۆكۈمراننىڭ چاپارمەنلىرى نىشاپۇر ھاكىمىنىڭ تۇرالغۇسىدىن چىقىپ، مەھەللە ۋە كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ كەتكەندە كىشىلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن قىزىقىپ قاراپ قېلىشتى.

— سۇلتاننىڭ چاپارمەنلىرى مەھەللە ئىچىدە نېمە قىلىدىكىن ـ ھە؟

ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەن ئىككى نەپەر چاپارمەن تۆكىلىرى مايلىشىپ، پارقىراپ تۇرغان تورۇق ئاتلارنى مىنىپ، ئېگەرلەنگەن يەنە بىر ئاق ئاتنى چۇلۋۇرىدىن يېتىلىۋالغانىدى. ئۇلار شۇ مېڭىشىدا ئۇدۇل چوڭ مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

— مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىينى ئىزدەپ كەلدۇق، — دېدى ئۇلاردىن بىرى ئىچكىرى كىرگەندىن كېيىن.

— پېقىر شۇ ئىزدىگەن ئادىمىڭىز بولۇرمەن، باھادىر يىگىتلەر، — دېدى مەھمۇد يىغىلىشىپ ئولتۇرغان مۇدەررىسلەر ئارىسىدىن قوپۇپ.

چاپارمەنلەر تەزىم قىلىشتى.

— شەۋكەتلىك سۇلتانىمىز مەۋلانە ھەزرەتلىرىنى ئۆز

دەرگاھىغا تەكلىپ قىلدى .

— ئەمىسە ماقۇل، سۇلتاننىڭ ئەمرى ۋاجىپ .

— مەرھەمەت قىلغايلا .

چاپارمەنلەر ئېگەر - جابدۇقلىرى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن بېزىتىلگەن ئاق بوز ئاتقا مەھمۇدنى ئېھتىرام بىلەن يۆلەپ مىندۈردى .

ئۇلار خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن كەڭرى تۈزلەڭلىكتە يالغۇز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كەلدى . بۇ ، نىشاپۇر ئاستانە بولغان چاغلاردىكى سالجۇقىيلارنىڭ كونا ئوردىسى ئىدى . ھازىر ئەمدى سۇلتان ياكى ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى نىشاپۇرغا كېلىپ قالغان چاغلىرىدا مۇشۇ قەسىرگە چۈشەتتى . باشقا ۋاقىتلاردا بۇ يەرنى قورۇقچى چېرىكلەر ۋە خىزمەتكار - چاكارلار ساقلاپ ياتاتتى .

چاپارمەنلەر بىلەن مەھمۇد تاشقىرىقى ھويلىدىن ئۆتۈپ ، تۆمۈر بىلەن قاپلانغان ھەيۋەتلىك دەرۋازا ئارقىلىق ئىچكىركى ھويلىغا كىردى . كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاماللىرى بۇ يەردىكى دەل - دەرەخلەرنى يالىڭاچلاپ ، گۈلزارلارنى خازان قىلغانىدى . يېشىللىقتىن مەھرۇم بولغان بۇ ئالتۇن رەڭ مەنزىرە ئىچىدە مۇرەككەپ نەقىشلەر بىلەن بېزىتىلگەن كۆركەم ئىمارەت ئالاھىدە ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك قىياپەتتە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى .

مەھمۇد بۇ ئىمارەتنىڭ ئىچكىرىمۇ ئىچكىرى ئۆيلىرىدىن ئۆتۈپ ، ئانچە چوڭ بولمىغان بىر بۆلمىگە كەلگەندە توختىدى . بۆلمە ئىچىنى بىر ئالغان گىلەم ئۈستىگە كىمخاب يېكەندازلار سېلىنغان ، ئۇ يەر - بۇ يەرگە يىلپىز ۋە يولۋاس تېرىلىرى تاشلاپ قويۇلغان ، يېكەنداز ۋە تېرىلەر ئۈستىگە كەشتىلەنگەن ماموق ياستۇقلار قويۇلغانىدى . تاملارغا جۇڭگو ۋە ھىندىستاننىڭ تاۋار - دۇردۇنلىرى ئېسىۋېتىلگەنىدى .

مەھمۇدنى باشلاپ كىرگەن ھېلىقى چاپارمەنلەر :

— سۇلتان ئالىيلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى خەۋەر

قىلىپ قويايلى ، — دەپ چىقىپ كەتتى .

هايال ئۆتمەي سۇلتاننىمۇ كىردى . بېشىدا ئاق يىپەك سەللە ، سەللىنىڭ ماڭلاي قىسمىدا ئۈزۈكتەك چوڭلۇقتىكى يېشىل زۇمرەت ؛ ئېگىنىدە يېشىل مەخمەل تونى ئۈستىدىن ئالتۇن كەمەر باغلانغان ؛ پۇتلىرىدا گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن ئۇچلۇق سېرىق ئۆتۈك . قويۇق ئۆسكەن قاپقارا ساقال - بۇرۇتلىرىدا بىرەر تالمۇ ئاق كۆرۈنمەيدۇ ، خۇددى شۇنداقلا قارا قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدىن جەسۇرلۇق ۋە قەتئىيلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، شەۋكەتلىك سۇلتانۇل ئەزەم ، — دەپ سالام بەردى مەھمۇد ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي ھەزرەتلىرى ، مەرھەمەت قىلغايسىز ، — دېدى سۇلتان ئالپ ئارسلان ۋە قولى بىلەن يېكەندازلارنى كۆرسەتتى .

ئىككىلەن ئولتۇرۇشتى . سالجۇقىيلار ھۆكۈمدارى بىلەن كاشغەرلىك مەۋلانە خۇددى كونا تونۇشلاردەك ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى ؛ ھال - ئەھۋال سوراشتى ، پاراڭلاشتى ، مۇڭداشتى . ئالپ ئارسلان ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى .

— رەھمەتلىك بوۋىڭىز مۇھەممەد بۇغراخان بىلەن ئىككىمىزنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەردىكى كۆز قاراشلىرىمىز ئوخشاش ئىدى . ئۇ رەھمەتلىك بىلەن ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ئاسان چۈشىنەلەيتتۇق ، — دېدى ئۇ .

كېيىن ئۇ ئىبراھىم تابغاچخاننىمۇ تىلغا ئالدى .

— ئۇ ئادالەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق خان ئىدى ، — دېدى ئۇ يەنە .

— شۇنداق ، جانابىي ئالىيلىرى ، تابغاچخان ئوبدان ئادەم ئىدى ، — دەپ ئۇنىڭ پىكرىنى قوللىدى مەھمۇد .

— هازىرقى غەربىي قاراخان شەمسۇلمۇلۇك قانداقراق ئادەم؟ — دەپ ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى ئالپ ئارسلان .

مەھمۇد بىرئاز ئويلىنىپ قالدى ۋە ئاندىن جاۋاب بەردى:
— گەرچە پېقىر خاقان شەمسۇلمۇلۇك بىلەن يېقىن ئەسرا بولۇپ كېتەلمىگەن بولساممۇ، لىللا گەپنى ئېيتىشىم لازىمكى، ئۇمۇ خۇددى رەھمەتلىك ئاتىسىغا ئوخشاش پاراسەتلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئادەم.
ئالپ ئارسلان بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ئىرغىتىپ قويدىيۇ، ئارتۇق سۆز قىلمىدى. مەھمۇد سۇلتاننىڭ كۆڭلىدىن: «ئەمىسە نېمە ئۈچۈن شۇ ياقتا تۇرۇۋەرمىدىڭىز؟» دېگەن سوئال ياكى تەخمىنەن شۇنداقراق بىر خىيال كەچكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە مۇنداق دېدى:
— شەمسۇلمۇلۇك نېمە ئۈچۈندۇ پېقىرغا ئۆزىنىڭ ئاتىسى تابغاچخاندەك تۇغقانلىق مېھرىنى ئانچە قويۇق ئىپادىلەپ كەتمىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قول ئاستىدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشنى بىئەپ كۆردۈم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تابغاچخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خانزادىلەر تەخت تالىشىپ جەڭگى - جېدەلگە چۈشۈپ كەتتى. ئەل پاراكەندە بولدى. ھالبۇكى، مەن چوڭراق بىر ئىلمىي ئەسەر يېزىشنى ئۆزۈمدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم. شۇڭا، خىزمىتىمگە قولايلىق شارائىت ئىزدەپ بۇياققا كۆچۈپ كەلدىم. جانابىي ئالىيلىرىغا مەلۇمكى، ئىلىم ئىشلىرى تەپەككۇرغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن ئىلىم ئەھلى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئۇنىڭ پىكىر ئوقلىرى بىھۇدە چېچىلىپ كېتىدۇ - دە، كۆزلەنگەن نىشانغا يېتىپ بارالمايدۇ.
— ھەق گەپنى قىلدىڭىز، مەۋلانە، — سۇلتان ئالپ ئارسلان مەھمۇدقا كۈلۈمسىرەپ قارىدى، — مەن سىزگە ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم ۋە قولايلىق خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىشنى خالايمەن. بۈگۈن ھەزرەتلىرىنى دەل شۇ مەقسەت بىلەن چاقىرتقانىدىم.
مەھمۇد ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بېشىنى ئېگىپ

قويدى .
— ئىلتىپاتلىرىغا ئاللا رەھمەت قىلسۇن ، سۇلتانىۇل ئەزەم .
— باغدات شەھىرىگە بېرىپ ، ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلىشقا رايىڭىز قانداقكىن ، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي ؟
— بۇ مېنىڭ ئۆزۈمدىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان ئارزۇيۇم ، سۇلتانىۇل ئەزەم .
سۇلتان مۇھەممەد ئالپ ئارسلان ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم شۈك بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمرانلارغا خاس بولغان ئالاھىدە بىر خىل مەغرۇر تەلەپپۇزدا ئالدىرىماي سۆزلىدى :
— ھازىر تۈركىي ئالىملىرىنى باغداتقا كۆپرەك جەلپ قىلىش زۆرۈر بولۇپ تۇرماقتا . ئەرەبلەر ۋە پارسلار ئىچىدە ھازىر تۈركىي تىلىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئەۋج ئالماقتا . شۇڭا ، ھەزرىتىم باغداتقا بېرىپ ، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ مۆتىۋەرلىرىگە تۈركىي تىلىدىن دەرس ئۆتكەن بولسىڭىز ، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى .
— باش ئۈستىگە ، سۇلتانىۇل ئەزەم .
ئالپ ئارسلان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— ئاللاتائالا تۈركلەرنى سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى ، دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى . تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى . شۇڭا ، نۆۋەتتە خۇسۇسەن باغدات ئۆلىمالىرى ئىچىدە تۈركىي تىلىنى ئۆگىنىشكە ھەۋەس قوزغالدى . ھالبۇكى ، ھازىر ئابباسىيلار يەرلىرىدە تۈركىي قوۋملار تېخى ناھايىتى ئاز . بىز شۇ ۋەجىدىن باغداتقا بىر تۈركۈم تۈركىي تىللىق مەۋلانىلەرنى يۆتكەپ بېرىشنى ئويلىشىۋاتىمىز .
— ئالىيلىرىنىڭ دانا قاراردىن خۇشالمەن ، — دېدى مەھمۇد كاشغەرىي .
سۇلتان مۇھەممەد ئالپ ئارسلان سۆھبەتنىڭ ئاياغلاشقانلىقى-

نى ئىپادىلەپ ئورنىدىن قوپتى .
— ئەمىسە سەپەرگە تەييارلىق قىلغايسىز ، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەريي ھەزرەتلىرى .
ئەتىسى كۈنى سەھەردىلا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دەرۋازىسى قېقىلدى . ئىلتەمۇر يۈگۈرۈپ چىقىپ ، بىر سالجۇقىي ئەمەلدارنى باشلاپ كىردى .
— سۇلتانۇل ئەزەم ئالىپ ئارسلاننىڭ پەرمانى بىلەن ئۆزلىرىنى باغداتقا ئۆزىتىپ بارىدىغان بولدۇم ، — دېدى بۇ ئەمەلدار ئوغۇز شىۋىسىدە سۆزلەپ ، — سالىمىمنى ئىلىك ئالغايسىز ، مەۋلانە .
— مەرھەمەت ، مۆھتەرەم تەقسىر .
مەھمۇد بىلەن ئەمەلدار ئۆزئارا تونۇشقاچ پاراڭغا چۈشتى .
— سۇلتانىمىز ، — دېدى ئەمەلدار ، — ئۆزلىرىگە ئاتاپ ئات ۋە تۆگىلەرنى ھەدىيە قىلدى . يەنە ئەللىك نەپەر قوراللىق مۇھاپىزەتچىنى بەلگىلىدى .
— سۇلتانۇل ئەزەمگە ئاللاتائالا رەھمەت قىلغاي ، — دېدى مەھمۇد مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ .
— ئەمدى دەرھال يولغا چىقايلى ، مەۋلانە ، — دېدى يەنە ئەمەلدار ، — ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ قېلىۋاتىدۇ . ۋىزانتىيە پادشاھى ئەرمەنىستاننى بىزنىڭ قولىمىزدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن قوشۇن تارتىپ كېلىۋاتىدۇ . شۇ ۋەجىدىن سۇلتانىمىز ئالىپ ئارسلانمۇ ئوغۇز باتۇرلىرىنى جەڭگە چاقىردى . ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە زور قوشۇنىمىز يۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ .

# تۆتىنچى باب

## باغدات خەلىپىسى خاقانىيە تىلىغا قىزىقىدۇ

رىزقى ھەر جايلارغا چېچىلغان بۇ دەردمەن كاشغەرلىك ئالىمنى تەقدىرنىڭ شاماللىرى يەنە ئۇچۇرتۇپ نىشاپۇردىن ئەكەتتى. سۇلتان ئالپ ئارسلان تەييارلاپ بەرگەن كارۋان شۇ يۇرۇشتە سالجۇقىيلارنىڭ ھازىرقى ئاستانىسى تېھراندىن ئۆتتى ۋە كۈندىن - كۈنگە ئەرەبلەرنىڭ ماكانلىرىغا يېقىنلاپ باردى. باغداتقا يېقىنلاشقانسېرى ھاۋا ئىسسىماقتا ئىدى. قۇملۇق چۆللەردە ئۇزۇن ئاق كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، يۈز - كۆزىنى رومال بىلەن ئورىۋالغان ئاتلىق، تۆگىلىك ۋە پىيادە كېتىۋاتقان ئەرەبلەر ئۇچراشقا باشلىدى. مەھمۇد ئۇلارغا قىزىقسىنىپ قارايتتى. ئۇ ئىلگىرى كاشغەر، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ئەرەبلەرنىڭ ئۆلىمالىرى، بىر قىسىم سودىگەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغانىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن دائىملىق ئالاقىدە بولۇپ تۇرغانىدى. ئەمما، ئەرەبلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدا تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

باغدات! دۇنيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تونۇلغان بۇ مەشھۇر شەھەرگە بېرىشنى مەھمۇد ئۆزۈندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ باغدات مەدرىسىلىرىنى كۆرۈشنى، ئۇ يەردىكى ئالىملار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى، كاتتا كۇتۇپخانىلاردا بىلىم ئاشۇرۇشنى ئويلايتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ شۇ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. ئەنە

شۇ ئارزۇلۇق باغدات كۆندىن ـ كۈنگە ، مەنزىلدىن ـ مەنزىلگە يېقىنلاشماقتا ئىدى .

مانا ، باغدات ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەر ، دېھقانلارنىڭ ئېگىز ـ پەس كۆلبىلىرى ، بوغداي تېرىلغان ئېتىزلار ، چوڭ ـ كىچىك باغلار ، ئۈزۈمزارلار ، خورما دەرەخلىرى ...

كارۋان ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى .

— كېلىپ قالدۇق ، مەۋلانە ھەزرەتلىرى ، — دېدى مەھمۇدقا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان سالجۇقىي ئەمەلدار قامچىسى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ .

مەھمۇد ئىختىيارسىز تۇردە ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ شۇ ياققا قارىدى ...

كارۋان باغدات كوچىلىرىغا كىردى . مەھمۇد تىزگىن ۋە ئۈزەڭگىلىرىگىچە ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن بېزىتىلگەن سېمىز ئاتلارنى مىنگەن بايلارنى كۆردى ؛ ياماق چاپان ، يېرىم يالىڭاچ كەمبەغەللەرنىمۇ كۆردى ؛ يول بويلىرىدا قوللىرىنى سوزۇپ ئولتۇرغان تىلەمچى ـ دىۋانىلەرنى كۆردى ؛ غېرىبانە كەپىلەرنى ۋە ھەشەمەتلىك ھويلا ـ قورۇلارنىمۇ كۆردى ...

— ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن ، — دېدى ئىلتەمۇر مەھمۇدقا قاراپ .

ئۇ مەھمۇدنىڭ ئېتىغا ياندىشىپ كېلىۋاتقان تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى .

— مەن تېخى باغداتتا ھەممە ئادەم باي ، ھەممە ئۆيلەر چىرايلىق دەپ ئويلاپتىكەنمەن ، — دېدى يەنە ئىلتەمۇر .

— ھەي نادان ، پانىي ئالەمدە جەننەت بار دەپ ئويلىغانمىدىڭ ؟ — دەپ كۈلۈپ كەتتى سالجۇقىي ئەمەلدار .

مەھمۇد ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قويۇپ ئەتراپىغا يەنە شۇنداقلا قىزىقىپ قارايتتى . ئۇ ئاخىر باغداتنى كۆردى ، بۇ شەھەرنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەجلە دەرياسىنى كۆردى . كۆردى ، ئاخىر كۆردى .

مەھمۇدنى باغداتقا ئەكەلگەن ئەمەلدار كارۋانغا يول باشلاپ ماڭدى . ئۇ مەھمۇدقا قاراپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى :

— نىزامىيە مەدرىسىسىگە يېقىن جايدىن ئۆزلىرىگە ئوخشاش يىراقتىن كېلىدىغان مەۋلانىلار ئۈچۈن دەپ بىرنەچچە يۇرۇش ئۆي تەييارلاپ قويغانىدۇق . شۇ يەرگە بارايلى .

ئىسلام ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئاجايىپ ھەشەمەتلىك ھەم كۆركەم ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئەمەلدار ئالاھىدە بىر خىل پەخىرلىك ھېسسىياتى بىلەن :

— مانا ، نىزامىيە مەدرىسىسى ! — دېدى .

مەھمۇد بۇ مەدرىسىنىڭ داڭقىنى بۇخارادىكى چېغىدىلا ئاڭلىغانىدى . ئۇ مەدرىسىنىڭ قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسىغا ، رەڭگارەڭ نەقىشلىك تاملىرىغا ، رەڭلىك ئەينەكلەر ئورنىتىلغان دېرىزىلىرىگە ، گۈمبەزسىمان ئۆگزىسىگە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىز قىلىپ تىكلەنگەن ئالتۇن رەڭلىك يېڭى ئاي بەلگىسىگە ھەۋەسلىنىپ قارىدى .

— بۇ مەدرىسىنى خانىدانلىقىمىزنىڭ باش ۋەزىرى جانابىي نىزامىلمۇلۇك تەشەببۇس قىلىپ سالدۇرغان ، — دېدى يەنە ھېلىقى ئەمەلدار .

— شۇنداق ، خەۋىرىم بار ، — دېدى مەھمۇد ئىمارەتتىن كۆزىنى ئالمىغان ھالدا بېشىنى ئىرغىتىپ .

ئەمەلدار يەنە زوق - ھەۋەس بىلەن چۈشەندۈرۈشىنى داۋاملاشتۇردى :

— بۇ دۆلەت ئىلكىدىكى تەلىم - تەربىيە ئورنى . بۇ يەردە ئۆلىمالار ، مۇدەررىسلەر ۋە مەخسۇس دۆلەت ئەمەلدارلىرى تەربىيىلىنىپ يېتىشتۈرۈلىدۇ .

مەھمۇد يەنە بېشىنى ئىرغىتتى .

— ئاڭلىغانمەن ، — دېدى ئۇ ، — ئاڭلىغانمەن . بۇخارا ۋە نىشاپۇردىكى ئالىملار سۇلتان ئالىپ ئارسلان بىلەن باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇكنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا ناھايىتى ئېتىبار

بىلەن قارايدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ جەھەتتە قىلغان ئىش ئىزلىرىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەپ يۈرىدۇ .

— ئۇستازىم ، مەن مۇشۇ مەدرىسىدە ئوقۇسام بولامدۇ ؟ — دەپ سورىدى ئىلتەمۇر شوخ چاقناپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن مەھمۇدقا قاراپ .

— بولىدۇ ، ئوغلۇم ، — دېدى مەھمۇد كۈلۈمسىرەپ ، — بىز ئەمدى باغداتتا تۇرىمىز ، بەلكىم خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن . شۇڭا ، ئەلۋەتتە سەنمۇ مۇشۇ شەھەردە ئوقۇشۇڭ كېرەك - دە .

— ئۇستازىم ، سىزمۇ ئەمدى مۇشۇ مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلامسىز ؟

مەھمۇد بىر ھازاغىچە ئويلاۋاتقاندەك جىمىپ كەتتى ۋە ئاندىن جاۋاب بەردى :

— ياق ، بالام . مەن ئەمدى بىر مەزگىل باشقا ئىشلار بىلەن بەند بولىمەن .

— ئەسەر يازامسىز ، ئۇستازىم ؟

— شۇنداق ، ئىلتەمۇر . شۇنداق ئويۇم بار .

كارۋان مەدرىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ، ياندىكى كوچىغا كىردى . سالجۇقىي ئەمەلدار ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى .

— بىز تەييارلاپ قويغان ئۆيلەرنىڭ بىرى مۇشۇ ، ھەزرىتىم ، — دېدى ئۇ ، — كىرىپ كۆرۈپ باققايسىز . ئەگەر كۆڭلىڭىزگە ياقسا ، يۈك - تاقلارنى چۈشۈرەيلى .

— ياقمايدىغان نېمىسى بار ، تەقسىر ، بەلەن ھويلا ئىكەن . بولدى ، مۇشۇ ئۆيگە ئورۇنلىشاي .

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ باغدات شەھىرىدە تۇرۇۋاتقىنىغا ئون كۈنچە بولۇپ قالدى . بۇ جەرياندا ئۇ ئىلتەمۇرنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەر كوچىلىرىنى ۋە رەستىلەرنى ئايلاندى ، بازارلىق - سودىلىق

ئىشلىرىنى پۈتتۈردى، ئاندىن نىشاپۇردىن بىللە كەلگەن ھېلىقى سالجۇقىي ئەمەلدار مەھمۇدنى يوقلاپ كەلدى.

— ھەزرىتىم، ئەگەر خالىسىلا ئۆزلىرىنى نىزامىيە مەدرىسىسىدىكى مۇدەررىسلەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويساممىكىن؟

— ھىممىتىڭىزگە بارىكاللا، تەقسىر. كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز. قېنى، ئەمىسە يول باشلىغايسىز.

ئىككىيلەن ئۆيدىن چىقتى.

مەدرىسىگە كىرگەندە، ئۇلارنى شەيخ ئىمام دەرىجىلىك باش مۇدەررىس غەززالى قارشى ئالدى. ئۇ بوي ـ تۇرقى چاققانغىنا كەلگەن، ساقال ـ بۇرۇتلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئاقىرىپ كەتكەن خۇش چىراي ۋە يېقىملىق كىشى ئىدى. بېشىغا يوغان مۇدەررىسلىك سەللىسىنى ئوراپ، پەتتىسىنى مورىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ كۆكرىكىگە چۇشۇرۇۋالغان، پەشلىرى يەرگە تېگەي دەپ قالغۇدەك ئۇزۇن كۆك تونى ئۇستىدىن ئاق شايى يەكتەك كىيگەن بۇ ھۆرمەتلىك زات ئۇششاق قەدەملىرى بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەرھابا، مېھمانلار، مەرھابا. ئىچكىرى كىرەيلى.

ئۇلار ئىچكىرىدىكى بىر خانىغا كىرىپ ئىران نۇسخىلىق گىلەم ئۇستىگە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. دۇئايىسالامدىن كېيىن سالجۇقىي ئەمەلدار تونۇشلۇق بەردى:

— مۆھتەرەم شەيخ ئىمام، كەمىنىڭىز سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ پەرمانى بىلەن مانا بۇ مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىيگە ھەمراھ بولۇپ نىشاپۇردىن كەلدىم.

غەززالى مەھمۇدقا قىزىقىپ قارىدى.

— تەخەللۇسىڭىزدىن قارىغاندا كاشغەرلىك ئىكەنسىز ـ دە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، شەيخ ئىمام.

سالجۇقىي ئەمەلدار يەنە سۆزلىدى:

— پېقىر تونۇغۇن مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى خەلىپە قايىم

ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا داخىل بولدۇم. خەلىپە ھەزرەتلىرىگە سۇلتانىمىز ئالىپ ئارسلاننىڭ مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىينى تونۇشتۇرۇپ يازغان مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ بەردىم.

شۇ گەپتىن كېيىن ئەمەلدار قويندىن ئىنچىكە كانايچە قىلىپ مەشۇت بىلەن چىگىلگەن مەكتۇپنى چىقىرىپ، شەيخ ئىمام غەززالىغا قوش قوللاپ ئۇزاتتى.

— خەلىپە ھەزرەتلىرى بۇ مەكتۇپنى ئۆزلىرىگە يوللىدى، — دېدى ئۇ.

غەززالىمۇ مەكتۇپنى قوش قوللاپ ئالدى ۋە ئۇنى ئېچىپ ئوقۇدى.

— ھەزرىتى خەلىپە قايىم مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىينى ئەتە ئۆز دەرگاھىغا باشلاپ كىرىشنى پەقىرغا ھاۋالە قىلىپتۇ، — دېدى ئۇ ۋە مەھمۇدقا خۇش تەبەسسۇم بىلەن قاراپ بېشىنى ئېگىپ قويدى.

— خەلىپە ھەزرەتلىرىگە ئاللاتائالا رەھمەت قىلغاي، — دېدى مەھمۇد.

غەززالى ئەسلى تەبىئىتىدىن تۈز كۆڭۈل، پاراكچى ئادەم بولغاچقا، مەھمۇد بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى. مەھمۇدمۇ بۇنداق دىلكەش سۆھبەتداشقا ئۇچرىغانلىقىدىن خۇرسەن ئىدى. شۇ ئولتۇرۇشتا ئۇلار يەنە خېلى ئۇزاق سۆزلەشتى، ئۆزئارا يەنىمۇ يېقىن تونۇشتى.

— شەيخ ئىمام، — دېدى مەھمۇد، — نىشاپۇردىكى چېغىمدا ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپە ئىلمىگە دائىر رىسالىلىرىنى كۆرگەنىدىم. يەنە قانداق ئەسەرلىرى باركىن؟

سۆھبەت ئىلمىي ئىشلار ماۋزۇسىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن غەززالى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك قوپۇپ، تەكچىگە تىزىۋېتىلگەن كىتابلاردىن بىرىنى ئېلىپ مەھمۇدقا بەردى. كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا ئەرەبچە ھۆسنخەت بىلەن «ئىلىمنىڭ مۇقەددىمىسى» دەپ يېزىلغانىدى.

— بۇ مېنىڭ يېقىندا يېزىپ پۈتتۈرگەن ئەسىرىم ، — دېدى غەززالى ، — بۇنىڭدا مەدرىسىلەردىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى بەش چوڭ مەسىلە شەرھلەنگەن . بۇ مەسىلىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت : بىرىنچى ، تالىپلاردا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك پەزىلەت ؛ ئىككىنچى ، تەلىم ۋە تەربىيىنىڭ ئەھمىيىتى ؛ ئۈچىنچى ، ئەقىل - ئىدراك دەلىللىرى بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ قىممىتىنى ئىسپاتلاش ؛ تۆتىنچى ، بىلىمنىڭ تۈرلىرى ؛ بەشىنچى ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تالىپلارنىڭ ۋەزىپىلىرى .

— بەك مۇھىم مەزمۇنلار بايان قىلىنىپتۇ ، — دېدى مەھمۇد كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ .

— قىزىقسىڭىز ، ئوقۇپ باقسىڭىز ، مەۋلانە ، — دېدى غەززالى ، — بۇ كىتابنى سىزگە تەقدىم قىلاي .

— رەھمەت ، شەيخ ئىمام .

— سالجۇقىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ ، — دېدى يەنە غەززالى ، — ئۇلار بىلىملىك ئادەملەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن جىددىيلىك بىلەن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ . مانا بۇ مەدرىسە قۇرۇلغىنىغا يەتتە يىل بولۇپ قالدى . بۇ مەسچىتلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئايرىلغان مۇستەقىل تەلىم - تەربىيە ئورنى بولۇپ قالدى . بۇ يەردە بايلارنىڭ باللىرىمۇ ، كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىمۇ ئوقۇيدۇ . ئوقۇش خىراجىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەك تالىپلارغا ۋەخپە يېرىنىڭ كىرىمىدىن تەمىنات بېرىلىدۇ . سۇلتان ئالپ ئارسلان جاي - جايلاردىن تۈرك ۋە پارس ئالىملىرىنى باغدادقا تەكلىپ قىلىپ يىغىۋاتىدۇ . مانا سىزمۇ شۇنىڭ مىسالى .

— شۇنداق ، شەيخ ئىمام ، — ئۇنىڭ سۆزىنى ئىخلاس بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان مەھمۇد تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى لىڭشىتتى .

ئۇلار ئەتە ئەتىگەندە خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا بىرلىكتە بېرىشقا

كېلىشىپ خوشلاشتى. مەھمۇد ھېلىقى ئەمەلدار بىلەن بىللە قايتتى.

— مەنمۇ خوشلىشاي، مەۋلانە، — دېدى ئەمەلدار، ئۇلار كوچىغا چىققاندىن كېيىن، — مېنىڭ ئەسلىي خىزمەت ئورنۇم تېھراندا. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شۇ ياققا كېتىمەن. بىرىپ يول تەييارلىقلىرىمنى پۈتتۈرگەچ تۇراي.

— ماقۇل ئەمىسە، تەقسىر، ماڭار چېغىڭىزدا سىزنى ئىزدەپ ئۆزىتىپ قويىمەن.

مەھمۇد ناشتىدىن كېيىن ئېتىنى مىنىپ نىزامىيە مەدرىسىگە باردى. شەيخ ئىمام غەززالىمۇ ئاتقا مىنىپ چىقتى. ئۇلار ئىككىسى ئۆزەڭگىلىرىنى تېگىشتۈرۈپ دېگۈدەك يانمۇيان ماڭدى. مەھمۇد ئۈپچۆرىسىگە دىققەت قىلىپ قارايتتى. ئۇ تېخى شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرۈپ بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. غەززالى قولىدىكى قامچىسى بىلەن ھېلى ئۇ يەرنى، ھېلى بۇ يەرنى كۆرسىتىپ تونۇشتۇراتتى:

— ئەنە ئاۋۇ كوچىدىن ئۆتسىڭىز مال بازىرى بار... ئاۋۇ مەسچىتنىڭ ئارقىسىدىكى كوچىدا قوش بازىرى بار... ئاۋۇ ئالدىمىزدىكى ئۆي مۇنچا... ئاۋۇ ساتىراشخانا... بۇ ھويلىدا سالجۇقىيلار دىۋانبېگى ئولتۇرىدۇ... ئەنە ئاۋۇ دىۋان...

مەھمۇد دىۋان قىلىنىغان ئىمارەتنىڭ ھەيۋەتلىك ئەگمە شەكىلدىكى دەرۋازىسى ئۈستىگە قادالغان قىزىل بايراققا قارىدى. ئۇ نىشاپۇردىن تارتىپ تېھران ۋە باغداتقىچە بولغان ھەممە شەھەرلەردە سالجۇقىيلارنىڭ مۇشۇنداق قىزىل بايراقلىرىنى كۆردى. «ئوغۇز بەگلىرىنىڭ غالىبانە قەدەملىرى ھەقىقەتەن بەك يىراقلارغا كېتىپتۇ، — دەپ ئىختىيارسىز تۇردە ئويلاپ قالدى مەھمۇد، — ئەمدى يەنە سۇلتان ئالپ ئارسلان ۋىزانتىيە پادىشاھىنى مەغلۇپ قىلىپ، تېخىمۇ يىراقلارغا بارماقچى. ئۇ ھازىر ئۇدا غەلىبە قازىنىپ شان قوچۇۋاتقان تۈرك قوشۇنلىرىنى

باشلاپ قەيەرلەردە كېتىۋاتقاندۇ؟»

مەھمۇد شۇلارنى ئويلاپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرى مانا مۇشۇ سالجۇق ئوغۇزلىرى بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ ئەمدى كۆپ جەھەتتىن سالجۇقىيلار تەقدىرى بىلەن باغلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. «بۇ يەرلەردە يەنە قاچانغىچە مۇساپىر بولۇپ يۈرەرمەن؟ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئەزىزانە كاشغەرگە قاچان قايتارمەن؟ قاچان؟»

مەھمۇد شۇ ئويلارغا بېرىلىپ غېرىبلىق ھېس قىلدى ۋە مەيۈسلۈك بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— قاراڭ، مەۋلانە، كەلدۇق، — دېدى غەززالى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈپ.

مەھمۇد خۇددى چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى.

— خەلىپە قايىمنىڭ تۇرار جايى، — دەپ چۈشەندۈردى يەنە غەززالى.

مەھمۇدنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا بايىقى دېۋانىنىڭ دەرۋازىسىدىنمۇ ھەيۋەتلىكرەك ۋە ئەرەب ئۇسلۇبىدا كۆركەم نەقىشلەنگەن دەرۋازا نامايان بولدى. ۋەھالەنكى، بۇ دەرۋازا ئۈستىگە ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ قارا بايرىقى تىكلەنگەنىدى.

مەھمۇد ئىختىيارسىز تۇردە: «بىر شەھەردە ئىككى خىل رەڭ، قىزىل بايراق ۋە قارا بايراق» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ھازىر سالجۇق تۈركلىرىنىڭ قىزىل بايرىقى ھاكىمىيەتكە، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ قارا بايرىقى دىنىي ھوقۇققا ۋەكىللىك قىلاتتى. توغرول بەگ ئوغۇز - تۈركمەن قوشۇنىنى باشلاپ باغداتقا كىرىپ كەلگەندىن كېيىن خەلىپە قايىم سالجۇقىيلارنىڭ بۇ رەھبىرىنى «بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى» دەپ ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۆزى دىنىي داھىي بولۇش سالاھىيىتى بىلەن چەكلەنگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئىراق زېمىنىدە دۇنياۋى ھاكىمىيەت سالجۇقىيلارنىڭ قولىدا، دىنىي ھوقۇق ئابباسىيلار قولىدا بولۇپ

كەلمەكتە ئىدى .

غەززالى بىلەن مەھمۇد ئاشۇ قارا بايراقلىق دەرۋازىدىن ھويلا ئىچىگە كىرىپ ئاتتىن چۈشتى . ئىككى نەپەر ئەرەب چاكار يۈگۈرۈپ كېلىپ ،ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئاتخانىغا ئەكەتتى . ئېسىل كىيىنگەن بىر سالاپەتلىك ئەمەلدار مېھمانلارغا ئەدەپ بىلەن سالام بەردى ۋە ئۇلارنى خەلىپە تۇرۇشلۇق ھەرەمخانىغا باشلاپ كىردى .

ئۇلار دەھلىز ۋە بىرقانچە ئۆي ـ ئايۋانلاردىن ئۆتۈپ ، چاسا شەكىللىك كەڭرى بىر خانىغا كىرىپ توختىدى . تاملارغا ئاق گەجدىن قاپارتما نەقىشلەر قوندۇرۇلغان ، قۇببە شەكىللىك ئېگىز تورۇس ھاۋا رەڭدە سىرلانغان ، مۇرەككەپ ئويما نەقىشلەر بىلەن قاپلانغان پەنجىرىلەرگە قىزىل ، سېرىق ، كۆك ، يېشىل رەڭلىك ئەينەكلەر ئورنىتىلغانىدى . يەرگە ئالا قويماي گىلەم سېلىنغان بولۇپ ، تۆردىكى يۇمشاق كۆرپە ۋە ياستۇقلار قويۇلغان سۇپىدا خەلىپە قايىم ئولتۇراتتى . ئۇ بەك قېرىپ كەتكەن ئادەم ئىدى . ئۆزى سېمىز ، قورساق سالغان بولسىمۇ ، شۇ ئولتۇرغان قىياپىتى مۈكچەيگەن ھالەتتە ئىدى . ئالماس ۋە مەرۋايىتلار قادالغان سىماب رەڭلىك يوغان يىپەك سەللىسى گويا ئۇنىڭ ئاق ساقاللىق بېشىنى ئارتۇقچە بېسىپ ، يەرگە ئېگىپ قويغاندەكلا كۆرۈنەتتى . ياش ۋە بېجىرىم ئىككى قول تۆگمۇشىنىڭ پەيلىرىدىن ياسالغان ئىككى يەلپۈگۈچنىڭ ئۇزۇن ياغاچ ساپلىرىدىن تۇتۇپ ، ئۇنى ئىككى ياندىن يەلپۈپ تۇراتتى .

مەھمۇد چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .

— مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى خەلىپە ھەزرەتلىرىگە ئاللا ئۆزى رەھمەت قىلغاي ، ئەبەدىي ئېسەنلىك بەرگەي ، — دەپ سالام بەردى ئۇ .

— مەرھەمەت ، — دېدى خەلىپە زەئىپ ئاۋازى بىلەن ، — يېقىن كېلىپ ئولتۇرغايسىزلەر .

مەھمۇد بىلەن غەززالى سۇپىغا يېقىن كېلىپ ، گىلەم ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . ئۇلارنى باشلاپ كىرگەن ئەمەلدار

يەنە قايتىپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ زات نىشاپۇردىن كەلگەن مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى غەززالى.

خەلىپە نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن مەھمۇدقا قارىدى.

— سۇلتان ئالپ ئارسلان سىزنى تونۇشتۇرۇپ يازغان مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم، — دېدى ئۇ، — سىز تىل ئىلمىنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان مەۋلانە ئىكەنسىز.

— شۇنداق، خەلىپە ھەزرەتلىرى، — دېدى مەھمۇد سەل ئېگىلىپ قويۇپ، — پېقىر كاشغەر، بۇخارا ۋە نىشاپۇردىكى مەدرىسىلەردە تۈركىي، ئەرەبىي، پارسىي تىللاردىن دەرس بەرگەنمەن.

— خۇددى ساپ ئەرەبلەردەكلا سۆزلەيدىكەنسىز، — دېدى خەلىپە رازىمەنلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان ئاۋازدا، — مالال كۆرمەي ئۆزىڭىزنىڭ نام - نەسەبىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىزكەن، مەۋلانە.

— خوپ، — دېدى مەھمۇد تەمكىنلىك بىلەن، — خەلىپە ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولسۇنكى، مەن تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇر - قارلۇق چوڭ تائىپىسىدىن بولىمەن ۋە يەنە شۇ تائىپە ئىچىدىكى ياغما قەبىلىسىدىن بولىمەن. ياغمالار قاراخانىيلارنىڭ ئاھالىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىدۇر. ئۇلار زېرەك، سۆزمەن كېلىدۇ، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلىدۇ. ئۇلار جەڭ ئىشلىرىدا نەيزىۋازلىقتا ئۇستا. قاراخانىيلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارلىرى، يەنى ئارسلانخانلار ۋە بۇغراخانلار ئەنە شۇ قەبىلىدىن چىقىدۇ.

قېرى خەلىپىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدە غىل - پال ئۇچقۇنلاپ ئۆتۈپ كەتكەن كۈلۈمسىرەش ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

— سۆزلىرىڭىزدىن ۋەتىنىڭىزنى سېغىنغانلىقىڭىز بىلىنىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ.

مەھمۇدنىڭ چىرايىغا گوياكى ھەسرەت بۇلۇتلىرىنىڭ سايىسى

چۈشكەندەك بولدى . ئۇ كۆزلىرىنى پەسكە قاراتتى ، ئاغزىدىن ئاران ـ ئاران ئاڭلانغۇدەك «ئاھ !» دېگەن بوغۇق سادا چىقتى . سادا ئەمەس ، ھىجران ئازابىدا كۆيگەن يۈرەكنىڭ ئوت ـ يالقۇنلىرى ئۇرغۇپ چىقتى .

غەززالى مەھمۇدنىڭ ھېسسىياتنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ، ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتتە بېشىنى ئاستا ئىرغىتىپ قويدى .

خەلپە يەنە سۆزلىدى :

— بىزنىڭ بۇ يەردە تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشكە بولغان ئېھتىياج يىلدىن ـ يىلغا ئېشىۋاتىدۇ . ئەمەلدارلىرىمىز ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەربابلار تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ . سۇلتان ئالپ ئارسلان بىر قىسىم تۈركىي تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى شەھىرىمىزدىكى مەدرىسىلەرگە ئورۇنلاشتۇردى .

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە ، شەيخ ئىمام غەززالى تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى ئىرغىتتى ۋە :

— شۇنداق ، شۇنداق ، — دەپ سۆز قاتتى .

— سىزمۇ شۇ مەدرىسىلىرىمىزدىن بىرىدە دەرس ئۆتسىڭىز قانداق ، مەۋلانە ؟ — دەپ سورىدى خەلپە مەھمۇدقا قاراپ .

مەھمۇد : «نېمە دېسەم بولار ؟» دېگەندەك بىر خىل ئەپسىز كۆرۈنۈشتە ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويدى .

— خەلپە ھەزرەتلىرى ، — دېدى ئۇ سىپايىلىك بىلەن ، — ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى مېنىڭ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن تاللىۋالغان كەسپىم ئىدى . ھالبۇكى ، كەمىنىلىرىنىڭ ئۆزۈمدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان يەنە باشقا ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمۇ بار . بىلمىدىم ، ھەزرەتلىرى بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن ؟

— ھە ، سۆزلەڭ ، مەۋلانە .

— ئەمىسە ، چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن سۆزنى سەل يىراقتىن باشلاي ، — دېدى مەھمۇد ، — مەن ياش ۋاقتىمدا رەھمەتلىك بوۋام بىلەن ئاتام تەييارلاپ بەرگەن سودا كارۋىنىنى

باشلاپ بىرنەچچە يىل جاھانكەزدىلىك قىلدىم . شۇ جەرياندا مەن تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان شەھەر ۋە سەھرالارنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ ، كاشغەردىن تاكى ئېدىل دەرياسى بويلىرىغىچە بارغانىدىم . ئوغۇز ، تۈركمەن ، ياغما ، چىگىل ، توخسى ، قىرغىز ، قىپچاقلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى يول بويى خاتىرىلەپ ماڭدىم . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلارنىڭ شېۋىلىرى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى . كاشغەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەن يەنە ئىككى - ئۈچ يىلچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، شۇ خاتىرىلەرنى پۇختا رەتلەپ ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم .

— ۋاھ ، بەلەن ئىش قىلىپسىز ، مەۋلانە ، بەلەن ئىش قىپسىز ! — دەپ خىتاب قىلدى غەززالى .

— كېيىن ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەھمۇد ، — سەمەرقەنت ، بۇخارا ۋە نىشاپۇردا تۇرغان چاغلىرىمدا شۇ خاتىرىلىرىمنى يەنە تولۇقلىدىم .

شەيخ ئىمام غەززالى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئىلمىي ئىشلارغا بېغىشلىغان ئادەم بولغاچقا ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى غايەت زور ئىشتىياق بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرۇپ ، گويا خەلىپىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى .

— بارىكاللا ، مەۋلانە ، بارىكاللا ! — دەپ تەكرار خىتاب قىلاتتى ئۇ ، — بۇنداق ئىشلار كۆرۈنگەنلا قەلەمكەشنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ . شۇنچە يىللار داۋامىدا زېرىكمەي ، ھارماي ، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپسىز . ھە ، شۇنداق قىلىپ ، ئەمدى ئۇ خاتىرىلىرىڭىزنى نېمە قىلماقچىسىز ؟

— ھە ، داۋامىنى سۆزلەڭ . گېپىڭىزنىڭ ئايىغى چىقمىدىغۇ تېخى ، — دېدى خەلىپىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تېتىكلىشىپ ، ئۇنىڭ جاراڭسىز ۋە تۇتۇق ئاۋازىدىمۇ ئەمدى قىزىقىش ئاھاڭلىرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى .

مەھمۇد ئۆزىنىڭ بۇ خاتىرىلىرىنى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەشكە تەمشەلگەندە تۇساتتىن ھاياجانلىنىپ

قالدى . ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە كۆمۈلۈپ قالغان بۇرۇنقى ، قانچە يىللار ئىلگىرىكى ھەۋەس - ئىشتىياقلىرى ، قەلەم تۇتۇپ تەتقىقات داۋانلىرىغا ئاتلانغاندا ھېرىش - چارچاشنى بىلمەيدىغان كۈرەشچان روھى گويا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ، ئىلھاملىرى قايتىدىن جوش ئۇرۇپ چىقىۋاتقاندەك بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى خۇشاللىقمۇ ئەمەس ، قايغۇمۇ ئەمەس ياكى كۈلگەندەكمۇ ئەمەس ، يىغىسى تۇتقاندەكمۇ ئەمەس ، چۈشىنىكسىز ، شۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل دولقۇنلۇق ھېس - تۇيغۇلار چىرمىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ سۆزلىدى ، سۆزلەپ كەتتى :

— مەن ئەسلى بۇ خاتىرىلىرىم ئاساسىدا كاتتا بىر ئەسەر يېزىشنى ئويلىغانىدىم . توپلىغانلىرىمنى پىششىقلاپ ، يېزىشقىمۇ كىرىشكەنىدىم . لېكىن ، شۇ كۈنلەردە كاشغەر ئوردىسىدا قانلىق پاجىئە يۈز بەردى . بوۋام ، ئاتام ، ئانام ، رەپىقەم ۋە يەنە بىرمۇنچە يېقىن كىشىلىرىمىز بىراقلا قازا تاپتى . بىر - ئىككى كۈنىڭ ئىچىدىلا ھەممىسى يوق بولدى . مەن خۇددى چۆلدىكى تىكەندەك يالغۇز قالدىم . شۇنىڭدىن كېيىن يۇرتۇمنى تاشلاپ چىقىپ يېزىمۇ يېزا ، شەھەرمۇشەھەر كۆچۈپ يۈرۈپ سەرگەردانلىق ھاياتىمنى باشلىدىم . بۇ قارا قىسمەتنىڭ زەربىسىدىن بەجايىكى تېنىمدىن روھىم چىقىپ كەتكەن تىرىك مۇردىغا ئوخشاپ قالدىم . تىرىكچىلىك ئېھتىياجى بىلەن مەدرىسىلەردە دەرس بەرگەن بولساممۇ ، ئەمما باشقا ھەۋەس ، ئىنتىلىشلىرىم گويا قاراڭغۇلۇق تولغان دىلىمدا بېسىلىپ غايىب بولدى . شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قولۇمغا قەلەم ئالمىدىم .

مەھمۇد خۇددى نەپسى بوغۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ ، سۆزىنى توختاتتى . خەلىپە بىلەن شەيخ ئىمام ئۇنچىقماستىن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى .

مەھمۇد بېشىنى كۆتۈرۈپ خەلىپىگە قارىدى .

— ئاللا تەيىنلىگەن خەلىپىمىز ئالدىدا بىئەدەپلىك قىلىپ

ئارتۇق سۆزلەپ قويدۇم ، — دېدى ئۇ ، — بۇ يېڭىلىكىمنى كەچۈرگەيلا ، ھەزرەتلىرى .

— تەكەللۇپ قىلىش ھاجەتسىز ، مەۋلانە ، — دېدى خەلىپە ، — كۆڭلىڭىزدە نېمە گەپ بولسا ، تارتىنماي ئېيتقايسىز .

مەھمۇد مۇددىئاسىنى چۈشەندۈردى :

— ھېكمەتلەر ماكانى دەپ ئاتالغان بۇ باغدات شەھىرىنىڭ ئىلمىي مۇئەسسەسەلىرىنى كۆرۈش پېقىرنىڭ بىر چوڭ ئارزۇسى ئىدى . ئاللا ئىگەم ئاخىر بۇ تىلەكىمگە يەتكۈزدى . ئەمدى خەلىپە ھەزرەتلىرىنىڭ پاناھى ئاستىدا بايا ئېيتقان ئەسىرىمنى رەسمىي يېزىشقا تۇتۇش قىلاي دەيمەن .

خەلىپە «چۈشەندىم» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى .

— ياخشى ئويلاپسىز ، مەۋلانە ، — دېدى ئۇ ، — يازماقچى بولغىنىڭىز قايسى تۈردىكى ئەسەر بولىدۇ ؟

— لۇغەت تۈردىكى ئەسەر بولىدۇ ، ھەزرەتلىرى .

— تۈركچە - ئەرەبچە لۇغەت قىلماقچىمۇ سىز ؟

— يوقسۇ ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ شېۋىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا يازماقچىمەن . شۇنداق يېزىلسا ، تۈركىي تىلنى تولۇق ، ئەتراپلىق ئۆگىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا پايدىسى بار دەپ ھېسابلايمەن .

— بۇ شېۋىلەرنىڭ پەرقى چوڭمۇ ؟ — يەنە سورىدى خەلىپە . ئۇ سۆھبەت مەزمۇنىغا بارغانسېرى قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى .

— پەرقى چوڭ ئەمەس ، — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇد ، — لېكىن ھەرقايسى شېۋىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان قىسمەن ئالاھىدىلىكلىرى بار . تىل ئۆگەنگۈچىلەر ، بولۇپمۇ تەتقىقاتچىلار بۇ نازۇك پەرقلەرنى بىلىشى زۆرۈر . يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ، بۇ پەرقلەرنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ . چۇمۇل ، كەنجەك ، باسمىل قاتارلىق بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بار ، لېكىن ئۇلار تۈركچىنىمۇ بىلىدۇ . قىرغىز ،

قىپچاق ، ئوغۇز ، توخسى ، ياغما ، چىگىل ، ئۇغراق ، چارۇق قەبىلىلىرى بىرلا خىل ساپ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدۇ . يەمەك ۋە باشقىرت تىللىرى ئۇلارغا يېقىن . رۇم ئۆلكىسى يېنىدىكى بۇلغار ، سۇۋار ، پەچەنەكلەرنىڭ شېۋىلىرى سۆزلەرنىڭ ئاخىرى ئىخچاملاشتۇرۇلغان ئايرىم بىر خىل تۈركچىدۇر . تىللارنىڭ يېنىدىكى ئوغۇز تىلى ، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى ، ئىلى ، ئېرتىش ، يامار ، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئىمدىقۇت ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىمۇ توغرا . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيە تىلىدۇر . كاشغەر شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ .

— مۇشۇ ئاساستا يازسىڭىز ، ھەقىقەتەنمۇ تۈركىي تىلنى بەك ئەتراپلىق ۋە تەپسىلىي شەرھلىگۈدەكسىز ، — دېدى غەززالى ، — ۋەھالەنكى ، ئەسىرىڭىزگە بۇنىڭدىن باشقا مەزمۇنلارمۇ كىرەمدۇ ؟

— ھەئە . تىل مەسىلىلىرىدىن باشقا مەن يەنە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار ، ئۇلار ياشايدىغان جايلار ، ئەدەبىي پارچىلار ، مۇنەججىملىك ، دورىگەرلىك ، كىيىم - كېچەك ، تاماق تۈرلىرى ، ماقال - تەمسىللەر ۋە شۇ قاتارلىق مەزمۇنلارنىمۇ كىرگۈزمەكچىمەن .

خەلىپە قانائەت ھاسىل قىلغان ھالدا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ رەك ئىپادە بىلدۈردى :

— بۇ ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي خەلقلەرنى كەڭرەك چۈشىنىشى ۋە تۈركىي تىلنى پۇختا ئىگىلىشى ئۈچۈن تازا كۆڭۈلدىكىدەك قوللانما بولغۇدەك . مەۋلانە ، بۇ ئەسەرنى ئەرەب تىلدا يېزىپ چىقسىڭىز بەك ياخشى بولاتتى .

— شۇنداق ، ھەزرەتلىرى ، مەنمۇ ئەرەب تىلدا يېزىشنى ئويلاۋاتىمەن .

— ياخشى . ئەمىسە باشقا ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ ، مۇشۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغايسىز . قىيىنچىلىق ياكى تەلەپلىرىڭىز بولسا

ئېيتىڭ . سىزگە ئوبدان خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىمىز .

— خەلىپىلىكنىڭ چوڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىشىمگە رۇخسەت قىلىنسا ئىكەن .

— مەرھەمەت ، كۇتۇپخانىمىز سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا ، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەريي .

— كۆپتىن - كۆپ تەشەككۇر ، خەلىپە ھەزرەتلىرى . ئالللا مەرتىۋىلىرىنى دائىم يۇقىرى قىلغاي ، ئۆمۈرلىرىنى راھەت - پاراغەت ئىچىدە ئۇزۇن قىلغاي !

مەھمۇد بىلەن غەززالى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى .

## بەشىنچى باب

# دەسلەپكى قۇرلار

— ئەمدى سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار، شەيخ ئىمام، — دېدى مەھمۇد، خەلپە ئوردىسىدىن قايتىپ چىقىپ يولدا كېتىۋاتقاندا.

ئۇلار ئىككىسى يەنە ئاتلىرىنى يانمۇ يان ئاستا ماڭدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

— قۇلىقىم سىزدە، مەۋلانە، — دېدى ئۇنىڭغا جاۋابەن غەززالى.

— مۆھتەرەم شەيخ ئىمام، ئۆيۈمدە بىر يېتىم ئوغلۇم بار. شۇنىڭ ئوقۇش ئىشى بېشىمنى قاتۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— ھە شۇ گەپمىدى، مەۋلانە، بۇنىڭ ئىشى ئاسان. مەن بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنى تونۇيمەن. ئۇ ھازىر ئۆز ئۆيىدە بەش ـ ئالتە بالىنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ. ئوغلىڭىزنى شۇ ئوقۇتقۇچىغا ئاپىرىپ بەرسەك بولارمىكىن؟

— بۇ ياخشى گەپ بولدى، شەيخ ئىمام، پېقىرغا بۇنداق كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت.

شۇنداق قىلىپ، ئىلتەمۇرنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. مەھمۇد شۇ كۈنىلا غەززالىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھېلىقى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىغا شۇ يېتىم ئوغلىنى ئوقۇشقا بەردى.

— نىزامىيە مەدرىسىدە ئوقۇغۇم بار، — دېدى ئىلتەمۇر دومسىيىپ.

مەھمۇد كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— سەن تېخى كىچىك ، ئىلتەمۇر ، — دېدى ئۇ ، — نىزامىيە مەدرىسىدە مەخسۇس مۇتەخەسسىسلەر ۋە دۆلەت خادىملىرى تەربىيىلىنىدۇ . سەن ھازىر ئوقۇتقۇچۇڭ ئۆتكەن دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگەن . يېشىڭ يەنە سەل چوڭ بولغاندا ، مەن سېنى نىزامىيە مەدرىسىسىگە كىرگۈزۈپ قويىمەن . مانا ماۋۇ جىلتىگە ، ماۋۇ كىتاب ، دەپتەرلەرنى سال . ئوقۇتقۇچىڭنىڭ ئۆيىگە بارىمىز . دەرس ئۆگىنىدىغان كۈنى كېيىن كوچىدا ئويناپ يۈرمەستىن ئۇدۇل ئۆيگە كەل بولامدۇ ؟

— ماقۇل .

※ ※

— ئەمدى مېنىڭ يېنىمغا ھېچكىم كىرمىسۇن ، — دېدى مەھمۇد ، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئاشپەزلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ تۇرۋاتقان قېرى خىزمەتكارغا .

— خوپ ، ھەزرىتىم .

مەھمۇد ئىشخانا قىلىنغان ئەڭ ئىچكىرىدىكى خېلى چوڭ بىر بۆلمىگە كىردى . يەرگە ئىران نۇسخىلىق يۇغان گىلەم سېلىنغان ، گىلەم ئۈستىگە شىرە قويۇلغان ، شىرەنىڭ يېنىغا ئىككى قات قىلىپ كۆرپە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە كەشتىلەپ ئىشلەنگەن دۈردۈن تەكىيە قويۇلغانىدى . ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ۋە سول تەرەپتىكى تاملارنى ياقىلىتىپ قاتار كىتاب جاھازىلىرى تىزىلغان ، ئوڭ تەرەپتىكى تام تۈۋىگە تۆمۈر بىلەن گۈل چىقىرىپ قاپلانغان بىر ساندۇق قويۇلغانىدى . بۇ ساندۇقتا مەھمۇدنىڭ كاشغەر ، بالاساغۇن ، بارسغان ئەتراپلىرىدا ، شۇنداقلا خاقانىيەدىن ئېدىل بويلىرىغىچە بارغان ئۇزۇن سەپىرى جەريانىدا توپلىغان قولىيازمىلىرى ساقلىناقتا ئىدى .

مەھمۇد تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ساندۇقنىڭ ئېغىر تۆمۈر قۇلۇپىنى ئاچتى ۋە بىر ئەسناغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ

كەتتى. كاشغەر ئوردىسىدىكى قانلىق پاجىئە يۈز بەرگەن مەزگىلدە بۇ قولىيازمىلارنى مەھمۇدنىڭ قەدىردان ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبىن خەلەپ ئىسيانچىلارنىڭ نابۇت قىلىۋېتىشىدىن ساقلاپ قالغان، كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قولى بىلەن مەھمۇدقا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. مەھمۇد ئۆز خانىدانىدىكى مال - مۈلۈكتىن ھېچنېمىنى ئالماستىن، پەقەت قولىيازمىلىرى سېلىنغان مۇشۇ ساندۇقنىلا ئېلىپ ئوپالدىن قېچىپ چىققانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇگۈنگىچە بولغان ئون نەچچە يىل داۋامىدا، ئۇ مۇشۇ ساندۇقنى يېنىدىن ئايرىماي بىللە ئېلىپ يۈردى. غورىبەتچىلىك، مۇساپىرچىلىقتا يۈرتمۇ يۈرت كۆچۈپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە يازغان خاتىرىلىرىنىمۇ مۇشۇ ساندۇققا سېلىپ تولۇقلاپ تۇردى.

مەھمۇد كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا ئولتۇرۇپ كاشغەرنى، ئوپالنى، ئاشۇ ئاق ساقاللىق ئۇستازىنى ئەسلىدى. بوۋىسى، ئاتىسى، ئانىسى، چولپانئاي، تۇرۇمتاي بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلگىلى تۇردى. مەھمۇدنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى، لېكىن ئۇ شۇ ھامان بېشىنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ ئورنىدىن دەس تۇردى. «ياق، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ھېسسىياتقا بۇنداق ئاسان بېرىلىپ كېتىشكە بولمايدۇ. مەن يەنە تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك».

ئۇ يېڭىدىن غەيرەتكە تولۇپ، تۆمۈر بىلەن قاپلانغان ساندۇقتىكى قولىيازمىلىرىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ شىرەگە، شىرە ئەتراپىغا تىزىۋەتتى. قولىيازمىلارنىڭ سېرىق قەغەزلىرىدىن گويا يىراقتىكى ئۇدۇننىڭ يۇرەككە مادار بېرىدىغان پۇرىقى كېلىپ تۇرغاندەك، قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان قۇرلار گويا سۆيۈملۈك كاشغەرنىڭ قاتار - قاتار كوچىلىرىدەك تۈيۈلۈپ كەتتى. ئۇ قەغەزلەرنى ئالدىرىماي ۋاراقلىدى. ۋاراقلار ئارىسىدىن گويا كۇچانىڭ مېۋىلىك باغلىرى، بالاساغۇننىڭ يېشىل يايلاقلىرى، بارسغاننىڭ تاغ ۋە دالىلىرى نامايان بولۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

مەھمۇد ئاستا كېلىپ شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. ئۆتكەن

كۆنلەرنىڭ ، ئاشۇ ئۇنتۇلماس ئۇزۇن سەپەرنىڭ ئەسلىمىلىرى بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى : قاراقوچۇنىڭ چېكىگە كۆز يەتمەس ئۇزۇمزارلىرى ، ئىلى دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنلىرى ، ئۇپۇققا تاقاشقان پايانسىز قىپ-چاق دالىسى ۋە يەنە تاغ - داۋانلارغا چىقىپ - چۈشۈشلەر ، دەريا - ئېقىنلاردىن سال ۋە يەل تولدۇرۇلغان تورسۇقلار بىلەن كېزىپ ئۆتۈشلەر ، قوم بارخانلىرى ئارىسىدىكى قويۇن - بورانلار ، ئادەمزاتسىز باياۋاندىكى كېچىلەردە تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ قويۇپ گۈلخان يېنىدا نۆۋەت بىلەن ئولتۇرۇشلار ، تۈن قاراڭغۇسى ئىچىدىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ... كۈنلەر ، ئايلار ، ھەتتاكى يىللار شۇ تەرىقىدە ئۆتتى . ئەنە شۇ خىلدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەھمۇدنىڭ بۇ قولىيازمىلىرى قورمۇ قور ، بەتمۇ بەت كۆپىيىپ باردى ۋە ئاخىر مانا مۇشۇنداق دەستە - دەستە بولۇپ توپلاندى . بۇ قولىيازمىلارنى ئۇ قانچە -قانچە قېتىملار مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ چىققان ! قانچە - قانچە قېتىملار تۈزىتىپ ، كۆچۈرۈپ رەتلىگەن ! بۇلارنىڭ مەزمۇنلىرى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياد بولۇپ كەتكەن . ئەمدى مۇشۇ قولىيازمىلارنى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇش لازىم ئىدى . ئۇيغۇر يېزىقىدا خاقانىيە تىلى بىلەن يېزىلغان بۇ قولىيازمىلارنى ئەمدى ئەرەب تىلى بىلەن يېزىش كېرەك .

مەھمۇد قولىيازمىلارنى شىرەنىڭ ئىككى يېنىغا دەستىلەپ تىزىپ قويۇپ ، شىرە ئۈستىگە ئاق قەغەزلەرنى قويدى ، قولىغا قەلەمنى ئالدى ۋە ئەرەبچە ھۆسنخەت بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دەپ يازدى ، ئاندىن ئىككىنچى بەتنى ئېچىپ بىرىنچى قۇرغا چىرايلىق ھۆسنخەت بىلەن : «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ يازدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، مۇسۇلمان مۇئەللىپلەرنىڭ ئادەتكە ئايلانغان ئۇسلۇبى بويىچە ئاللاغا ئاتاپ ماختاش - مەدھىيە سۆزلىرىنى يازدى . شۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا ئاتاپ دۇئايى كالاملىرىنى ئىزھار قىلدى .

«ئەمدى مۇھەممەد ئوغلى ھۇسەيىنىڭ پەرزەنتى مەھمۇدنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغايسىز» — شۇ سۆزلەر يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن قەلەمنى قويۇپ، قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا كۆزلىرىنى قانداقتۇر بىر بەلگىسىز نۇقتىغا تىكىپ ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. نۇۋەتتە تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىدراكىي كۈچ ھاسىل قىلىش ۋە شۇ كۈچ بىلەن قەلەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەۋرىتىش كېرەك ئىدى.

بىر ئەسنادىن كېيىن ئۇ ئۆز كۈچىگە تولۇق ئىشەنگەن كىشىلەرگە خاس قەتئىيلىك بىلەن قەلەمنى يەنە ئالدى ـ دە، يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

※ ※

شۇ مەزگىللەردە باغداتتىن يىراق بولغان ئەرمەنىستان تۇپرىقىدا سالجۇقىيلار تارىخىدىكى پەۋقۇلئاددە زور ۋەقەلەردىن بىرى بولۇپ ئۆتتى.

سۇلتان مۇھەممەد ئالپ ئارسلان شەخسەن ئۆزى سالجۇقىيلار قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئەرمەنىستان زېمىنلىرىنى، بولۇپمۇ ئىنتايىن مۇستەھكەم بولغان مالازگىرد قورغىنىنى ھۇجۇم بىلەن ئالغاندىن كېيىن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ سالجۇقىيلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى تارمار كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، مىلادىيە 1071 ـ يىلى ئەتىيازدا بۇ ئىمپېراتور ئىككى يۈزمىڭ كىشىلىك ۋىزانتىيە قوشۇنىنى باشلاپ، ئەرمەنىستان تەرەپكە يول ئالدى.

سالجۇقىيلار سۇلتانى ئالپ ئارسلان بۇ چاغدا نىشاپۇردا ئىدى. ئۇ ۋىزانتىيە ھۆكۈمرانىنىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، پايتەخت تېھرانغا باردى ۋە ئۇ يەردىن خىللانغان ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ،

ئەرمەنىستانغا يۈرۈش قىلدى . ئالپ ئارسلان بۇ يۈرۈشنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى . ئۇ بىر تەرەپتىن جەڭ تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېھتىيات يۈزىسىدىن دىپلوماتىك پائالىيەتلەر ئارقىلىق مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ ئالدىغا مەخسۇس بىر ياللاۋاچلار ئۆمىكىنى ئەۋەتتى . بۇ ياللاۋاچلار ئالپ ئارسلاننىڭ نامىدىن ئۇرۇش قىلماي چىرايلىقچە يارىشىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ھالبۇكى ، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى تولىمۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن ياللاۋاچلار باشلىقىغا مۇنداق دەپ جاۋاب قايتۇردى :

— سەن بېرىپ سۇلتانىڭغا ئېيت . كېلەر يىلى يارىشىش مۇزاكىرىلىرىنى تېھراندا باشلايمەن . قوشۇنلىرىمنى ئىسپاھاندا دەم ئالدۇرىمەن ، ئات - ئۇلاغلىرىمنى ھەمەداندا قىشلىتىمەن .

ياللاۋاچلار باشلىقى ئۆزىنى تەمكىن تۇتقان ھالدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى :

— ئاتلىرىڭىزنىڭ ھەمەداندا قىشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ، لېكىن سىزنىڭ قەيەردە قىشلايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن .

شۇنىڭ بىلەن ، تىنچلىق يولى بۇزۇلدى . پەقەت بىرلا يول ، ئۇرۇش يولىلا قالغانىدى . مىلادىيە 1071 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سالجۇقىيلار قوشۇنى ۋە ۋىزانتىيە قوشۇنى مالازگىرد قورغانىنىڭ يېنىدىكى كەڭ دالىدا بىر - بىرىگە قارشى سەپ تارتىپ تىزىلدى .

باغدات كوچىلىرىغا بىر توپ ئاتلىقلار كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزى مىنگەن ئاتتىن باشقا يەنە بىردىن ئاتنى يېتىلىۋالغان . يانلىرىغا قىلىچ ، خەنجەرلەرنى ئاسقان بولۇپ ، چىرايلىرى ھارغىن ، ئۈستىبېشىنى چاڭ باسقانىدى . ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ئاتلىقلار يول بويىدىكى بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ

ئاتتىن چۈشتى. ئاشپۇزۇل خوجايىنى ئۇلارنى كۆرۈپ شاپاشلاپ يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئەرەب تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ كەتتى. ئاتلىقلار ئوغۇز جەڭچىلىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى، ئەلۋەتتە.

ئوغۇز جەڭچىلىرى لاپاس ئاستىدىكى كەڭ سۇپىغا چىقىپ، بىر شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ئوغۇز جەڭچىلىرىنىڭ باشلىقى ئەرەب تىلىدا راۋان سۆزلەيتتى.

— ئۇسساپ كەتتۇق، خوجايىن، — دېدى ئۇ، — بىزگە ئالدى بىلەن سۇ بەر، ئاندىن غىزا كەلتۈرگىن.

جەڭچىلەر مۇزدەك قۇدۇق سۈيىدىن ئىچىپ، تەشنالىقىنى قاندۇردى.

— قەيەردىن كېلىۋاتىسىلەر، ئەزىمەتلەر؟ — دەپ سورىدى ئاشپۇزۇل خوجايىنى.

— يىراقتىن كېلىۋاتىمىز، خوجايىن، يىراقتىن، — دەپ جاۋاب بەردى جەڭچىلەرنىڭ باشلىقى، — بۇ يەردىن بەك يىراقتىكى ئەرمەنلەر يېرىدىن كېلىۋاتىمىز. ئاڭلىغانمۇ سەن، شۇنداق يەرنى؟

— ئاڭلىغان. ئۇ يەردە ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىغانىدۇق.

— شۇنداق، بىلىدىكەنسەن، خوجايىن. ئۇرۇش بولدى، چوڭ ئۇرۇش بولدى.

ئاشپۇزۇل ئىچىدە غىزالىنىپ ئولتۇرغان باشقا كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قىزىقىپ قۇلاق سالدى.

— ھە، ئۇرۇشقۇچىلار كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار، — سىلەرمۇ شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانمۇ؟

— بىز سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ چاپارمەنلىرى بولىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى ئوغۇز جەڭچىلىرىنىڭ باشلىقى، — بىزمۇ شۇ چوڭ جەڭگە قاتناشقان. ئەمدى شۇ جەڭنىڭ خەۋىرىنى ۋە سۇلتاننىڭ يارلىقىنى ئېلىپ، خەلىپە ئوردىسىغا

كېتىۋاتىمىز .

كىشىلەر : «سۇلتانىنىڭ چاپارمەنلىرى كېپتۇ . ئۇرۇش بوپتۇ» دەپ جار سېلىشىپ ، بىر - بىرىنى چاقىرىشتى . ھەش - پەش دېگۈچە ئاشپۇزۇلنىڭ ئىچىگە لىق ئادەم تولدى . سۇپىغا پاتمىغانلىرى لاپاسنىڭ سىرتىدا قىستىلىشىپ تۇرۇشاتتى . يىغىلغانلار ئىچىدە ئەرەبلەرمۇ ، تۈركلەرمۇ ۋە قىسمەن پارسلارمۇ بار ئىدى .

— ئەي ، چاپارمەن ، ئەي ، باتۇر يىگىت ! — دەپ توۋلايتتى ئۇلار ، — بىزگە سۆزلەپ بەرگىنە . قەيەردە ئۇرۇش بولدى ؟ قانداق ئۇرۇش بولدى ؟

چاپارمەنلەر باشلىقى جەڭ تەسىراتلىرىدىن ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى :

— ئەرمەنىستاندىكى ۋان كۆلىگە يېقىن يەردە مالازگىرد دېگەن بىر قورغان بار . ئەنە شۇ قورغاننىڭ يېنىدىكى دالىدا بىزنىڭ قوشۇنىمىز بىلەن ۋىزانتىيە قوشۇنى سەپ تارتىپ تىزىلدى . دۈشمەننىڭ ئادەم سانى بىزدىن ئۈچ - تۆت ھەسسە ئارتۇق ئىدى . لېكىن ، بىزنىڭ سۇلتانىمىز غەلىبە قازىنىشقا قەتئىي ئىشىنەتتى . ئۇ جەڭ باشلىنىشتىن ئاۋۋال ھەرقايسى قىسىملارنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى شەخسەن ئۆزى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بويلۇق ئاق بوز ئارغىمىقىغا مىنىپ بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتكەندە ، چىرايى - تۇرقى شۇنچە خاتىرجەم ۋە ئاجايىپ ئۇلۇغۋار كۆرۈنەتتى . ئاخىر جەڭ باشلاندى . سۇلتان بىزگە ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى بەردى . كاناي ، دۇمباقلار چېلىندى ، قىزىل بايراق ئېگىز كۆتۈرۈلدى . بىز ئاتلىرىمىزنى چاپتۇرۇپ ، ئالغا ئېتىلدۇق . دۈشمەن قوشۇنىمۇ ھەيۋە بىلەن چۇقان سالغان ھالدا باستۇرۇپ كەلدى . قىلىچ ، نەيزىلەرنى ئىشقا سالدۇق . ئاجايىپ دەھشەتلىك جەڭ بولدى . بىز قاتتىق ئېلىشتۇق . جەڭچىلىرىمىز ئادەم بالىسىنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى . ئەمما ، بىز ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان ھالدا تازا كېلىشتۇرۇپ

سوقۇشۇۋاتقان پەيتتە سۇلتانىمىز تۇيۇقسىزدىن چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى . بىز نېمە ئىش بولغانلىقىنى پەملىيەلمەي ھەيران بولدۇق . لېكىن ، بۇيرۇق دېگەن بۇيرۇق ، بىز پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىندۇق ، ۋىزانتىيە ئەسكەرلىرى قورال - ياراغلىرىنى تەنتەنىلىك پۇلاڭلىتىپ ، كەينىمىزدىن ئوق ئېتىپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . بىز خېلى ئۇزاققىچە ئات سېلىپ قاچتۇق . ئاخىر بىز جەڭ ۋەزىيىتىنى چۈشەندۇق . ھە ، ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن - دە ! ئېدىرلار ئارىسىدا بىزنىڭ مۆكتۈرمىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىسىملىرىمىز يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىكەن . ئۇلار ئىككى ياندىن ئوچقاندەك ئېتىلىپ چىقىپ ، ۋىزانتىيە ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى . ۋىزانتىيە ئەسكەرلىرى بىزنى قوغلاپ ئۆز قارارگاھىدىن بەك يىراقلىشىپ كەتكەن بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ ياردەمچى قىسىملىرى ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىدى . ياردەمچى قىسىملار يېتىپ كەلگەندە ، بىزنى قوغلاپ كەلگەنلەر ئاللىقاچان ۋەتۆرىكى چىقىپ تۈگەپ بولغانىدى .

چاپارمەنلەر باشلىقى سۆزىنى توختىتىپ ، ئالدىغا قويۇلغان ھېجىردىن ئىككى ئوتلام سۇ ئىچتى . تىڭشىغۇچىلار ھاياجانغا كەلگەنىدى . ئۇلار بايان قىلغۇچىنى ئالدىراتقىلى تۇردى :

— ھە ، ئاخىرى قانداق بولدى ؟

— سۇلتان ئامانمۇ ؟

— قېنى ، ئاخىرىنى سۆزلىگىنە ، بۇرادەر .

ئوغۇز چاپارمەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— سۇلتان ئالپ ئارسلان يەنە بىر بۆلۈك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ، قارارگاھتا قالغان ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىغا ھۇجۇم قىلدى . نەتىجىدە ۋىزانتىيە قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈرۈلدى . ئىمپېراتور ئۆزىمۇ يارىدار بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى .

تىڭشىغۇچىلار ئۈنلۈك خىتاب قىلىشتى :

— ۋاھ ! قالتىس ئىش بوپتۇ !

— سۇلتان ۋىزانتىيە پادىشاھىنى نېمە قىلدى؟
— كاللىسىنى ئالغاندۇ؟
— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىدۇ ـ دە. كاللىسىنى ئېلىش كېرەك ئۇ مەلئۇننىڭ!

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى چاپارمەن، — بىزنىڭ سۇلتانىمىز ئۆزىنىڭ مەردلىكىنى ۋە ئالىيجانابلىقىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. ئۇ ۋىزانتىيە پادىشاھىنى جازالىمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلدى، ئۆزىنى تەمكىن ۋە خۇش چىراي تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سۇلتان ئالپ ئارسلان ۋىزانتىيە پادىشاھىنى ئۆز ۋەتىنىگە يولغا سېلىپ قويدى.

تىڭشىغۇچىلار يەنە غۇلغۇلا قىلىشتى:
— نېمىدېگەن مەردلىك بۇ ـ ھە!
— باتۇر ۋە دانا ئادەملەر ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب كېلىدۇ. قورقۇنچاقلار بولسا، ئەكسىچە، نامەرد بولىدۇ.
— شۇنداق. ئەمما، ئۇ مەلئۇن پادشاھ قۇتۇلۇپ چىققۇچىلىپلا يەنە ئەسكىلىك قىلىپ يۈرمىسە بولدىغۇ.
— ئۇنداق قىلمايدۇ ھەم قىلالمايدۇ، — دېدى چاپارمەن، — ۋىزانتىيە دۆلىتى ئەمدى ھەر يىلى بىر قېتىم بىزنىڭ ئوردىمىزغا سېلىق تۆلەيدىغان بوپتۇ.

شۇ گەپ بىلەن چاپارمەنلەر باشلىقى ئولتۇرغان يېرىدىن قوپتى. باشقا چاپارمەنلەرمۇ بۇ چاققىچە غىزالىنىپ بولغانىدى. ھەممىسى سىرتقا چىقىپ، ئاتلىرىنى مىنىشتى.
— يول بولسۇن، ئەزىمەتلەر. ئەمدى قەيەرگە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراشتى ئۇلاردىن توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر.
— خەلىپە ھەزرەتلىرىنىڭ ئوردىسىغا كېتىۋاتىمىز، بۇرادەرلەر. مالازگىرد ئۇرۇشىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز، — دېدى چاپارمەنلەر باشلىقى ۋە ئېتىغا قامچا سالدى.

چاپارمەنلەر چاڭ توزۇتقان ھالدا ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ ئۆزاپ كېتىشتى .

※ ※

ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ ئوردا تارىخچىسى ئۆز ئىشخانىسىغا ئالدىراپ كىردى . ئۇ قەغەز ، قەلەم ، سىياھلىرىنى شىرە ئۈستىگە ئېلىپ تەييار قىلدى ، بىر دەمگىچە پىكرىنى يىغىپ جىم ئولتۇردى ، ئاندىن قەلىمىنى سىياھقا چىلاپ ، مالازگىرد ئۇرۇشى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى تەپسىلىي يېزىشقا كىرىشتى .

«مالازگىرد ئۇرۇشىدىكى ئالەمشۇمۇل غالىبىيەت سالجۇقىي سۇلتانلىقىنى تىكلىگەن ئوغۇز - تۈركمەنلەرنىڭ قۇدرىتىنى يەنىمۇ يۇكسەلدۈردى . دۇنيانىڭ غەربىي قىسمىدا ئەمدى ئۇلارغا تەھدىت سالالىغۇدەك رەقىب قالمىدى» .

تارىخچى يازغان خاتىرىسىنى ئەنە شۇ قۇرلار بىلەن ئاياغلاشتۇردى .
باغدات ۋە تېھراندىكى ئوردا ئەھلى غالىب سۇلتاننىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ، ئۇنى مۇناسىپ تۈردە تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرمەكتە ئىدى . ھالبۇكى ، تەقدىر ئالپ ئارسلاننى باغداتقىمۇ ، تېھرانغىمۇ قايتىپ كېلىشكە نېسىپ قىلمىدى . مىلادىيە 1072 - يىلى ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى شەرق تەرەپكە بۇراپ ، ماۋارائۇننەھرگە كۆز تىكتى .

※ ※

بۇ چاغدا مەھمۇد كاشغەرىي دۇنيادا ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆزىنىڭ «دىۋان»نى يازماقتا ئىدى .

«ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ، ئۇلۇغ ئاللاغا سېغىنىپ ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دەپ ئات قويدۇم» .

مەھمۇد شۇ قۇرلارنى يېزىپ بولۇپ ، قەلەمنى قولىدا تۇتقان هالدا يەنە بىردەم خىيالەن پىكىر يۈرگۈزدى . قايناق هېسسىياتقا چىرمىشىپ كېلىۋاتقان ئۆتكۈر پىكىرلەر شۇنچە كۆپ . بۇ پىكىرلەرنىڭ قايسىلىرىنى ئاۋۋال ، قايسىلىرىنى كېيىن بايان قىلىش كېرەك ؟ «تەپەككۇر ئۈنچىلىرىنى شۇنداق تىزىشىم لازىمكى ، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئاجرالماس ئالتۇن زەنجىرنى هاسىل قىلسۇن» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە قومۇش قەلەمنى سىياهقا چىلاپ يەنە يازدى :

«مەن بۇ كىتابنى هېكمەتلىك سۆزلەر ، قاپىيىلىك نەسرلەر ، ماقال - تەمسىللەر ، بېيىت - قوشاقلار ، قەهرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم . ئۆگەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن ، بىرنەچچە يىللار مۇشەققەت چېكىپ ، سۆزلەرنى جاي - جايىغا قويدۇم ، تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم ، چىگىشلىرىنى يەشتىم» .

مەھمۇد قەلەمنى قويۇپ ، ئەتراپتا تىزىۋېتىلگەن قوليازمىلارغا كۆز يۈگۈرتتى . تۇغرا ، ئۇ سەمەرقەند ، بۇخارا ، نىشاپۇرلاردا ئۆتكەن بىرنەچچە يىللار جەريانىدا مۇشەققەت چېكىپ ، بۇ قولىيازمىلارنى قايتىدىن كۆرۈپ چىققان ، تۈزەتكەن ،

پىششىقلىغان ، تولۇقلىغان ۋە ئاخىر تۈرلەرگە ئايرىپ ، رەتلەپ چىققانىدى . مانا ھازىرمۇ بۇ قولىيازمىلار شۇ ئايرىلغان تۈرلەر بويىچە ئايرىم - ئايرىم دەستىلەپ قويۇلغانىدى . جەمئىي سەككىز تۈرگە ئايرىلغان . كىتابنىمۇ مۇشۇ تۈرلەر بويىچە سەككىز بۆلۈمگە ئايرىپ يېزىش كېرەك .

مەھمۇدنىڭ قەلىمى قەغەز يۈزىدە ئىز قالدۇرۇپ ، ئۇ قۇردىن بۇ قۇرغا يۆتكىلىپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى .

«مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن ، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم . بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن ، پايدىلانغۇچىلارغا قوللانما بولغۇدەك بىر قىممەتكە ئىگە بولسۇن دېگەن نىيەت بىلەن ، بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ ، يېڭى - يېڭى ئۆلچەملەرنى قويدۇم . ھەربىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سۆز ياساشقا ئاساس بولىدىغان تۈپ سۆزلەرنىلا ئالدىم» .

مەھمۇد يېزىشنى توختاتتى .

«توغرا ، بۇنداق ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن تېخى ھېچكىم يېزىپ باقمىغان ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — ھەقتائاللا تېنىمنى ساق قىلىپ ، توغرا بالا - قازادىن ساقلىسا ، كۆڭلۈمگە پۈككەنلىرىمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ تاماملىسام ، مۇرادىمغا يېتەتتىم» .

مەھمۇد يېنىغا قويۇلغان كىمخاب تەكيىگە يۆلىنىپ قىيسايدى ۋە كۆزلىرىنى يۇمدى . ئۇ چارچىغانىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا گويا يىراقتىن كولدۇرما ساداسى ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇنىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرى ئالدىدا گويا چۆلدە قاتار تىزىلىپ كېتىۋاتقان تۆگىلەر سۈرەتلىنىشكە باشلىدى . ئۇ يەنە خىيالغا بېرىلىپ كەتتى . خىياللار ، خىياللار ... خۇددى شۇ كارۋاننىڭ تۆگىلىرىدەك قاتار تىزىلىپ كېلىۋاتقان خىياللار ، ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەر ...

كارۋان ماڭدى ، ماڭدى ، توختىماي ئالغا قاراپ كېتىۋەردى . ئايلار ، يىللار ئۆتتى . كارۋان يەنىلا مېڭىۋەردى . تاغلار ، داللار ، دەريالار ئارقىدا قالدى . مەھمۇد كارۋاننىڭ داۋاملىق ئالغا مېڭىۋېرىشكە بۇيرۇدى . قانچىلىگەن جاپا ـ مۇشەققەت ، قانچىلىگەن خەۋپ ـ خەتەر ! قار ـ شىۋىرغانلىق تاغلار ، سۇسىز قاغجىرىغان چۆل ـ باياۋانلار... بۇلاڭچى ـ قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇملىرى... ھالبۇكى ، مەھمۇد شۇ ئۇزۇن ھەم جاپالىق سەپەرنىڭ ھالاۋىتىنى مانا ئەمدى كۆرۈۋاتىدۇ . مانا مۇشۇ دەستە ـ دەستە قوليازمىلار ئاشۇ ئۇزۇن سەپەرنىڭ ، ئاشۇ ئۇزۇن يىللىق ئەمگەكنىڭ مېۋىلىرى !

«يول جاپالىق ۋە خەتەرلىك بولسىمۇ ، ھەممە يەردە ياخشى ئادەملەر بار ئىكەن ، — مەھمۇد يەنە ئويلىدى ، — تىل تەكشۈرۈش جەريانىدا قەيەرگە بارسام ، شۇ يەردىكى كىشىلەر ماڭا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملەشتى ، مېنى قوللىدى ، قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى . شۇنداق بولمىسا ، بەلكىم بۇنچىلىك تولۇق ماتېرىيال توپلىيالىشىم تەس بولار ئىدى» .

مەھمۇد كۆزلىرىنى ئاچتى ، قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇردى ۋە قەلەمتىراچ بىلەن قومۇش قەلەمنى باشقىدىن ئاۋايلاپ ئۇچلاپ ، سىياھقا چىلىدى . ئۇنىڭ ئالدىدىكى قەغەز يۈزىگە يېڭى ـ يېڭى قۇرلار يېزىلىشقا باشلىدى .

※ ※

سۇلتان ئالپ ئارسلان مالازگىردتىكى غەلىبىدىن كېيىن يەنە جەنۇبىي ھەربكەتكە كېلىپ ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن تەشكىللىدى . ئوغۇز ـ تۈركمەنلەرنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تارتىپ تۇراتتى . ئۇ غەربتىكى يېڭى يۇرتلار بىلەن ماۋارائۇننەھر ۋە تەڭرىتاغ

ئەتراپلىرىدىكى ئانا يۇرتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئويلايتتى. لېكىن، ئالپ ئارسلانغا كۆيئوغۇل بولغان ماۋارائۇننەھىر ھۆكۈمدارى شەمسۇلمۇلۇك بۇنداق بىرلەشتۈرۈشكە قارشى تۇردى. شۇڭا، ئالپ ئارسلان مىلادىيە 1072 ـ يىلى كۈزدە قوشۇن تارتىپ ماۋارائۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى.

سالجۇقىيلار قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلەپ جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتتى. دەريا بويىدىكى بىر قورغاننىڭ قوماندانى ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتتى. بىر مەيدان جەڭ بولدى. جەڭدە قورغان مۇھاپىزەتچىلىرى مەغلۇپ بولدى ۋە ئۇلارنىڭ قوماندانى ئەسىرگە چۈشتى. سالجۇق ئەسكەرلىرى ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ، سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ ئالدىغا ئەكېلىشتى. بۇ قوماندان ئۆزىنى بەك مەغرۇر تۇتقان ھالدا سۇلتاننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئالپ ئارسلاننىڭ غەزىپى كەلدى. ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قوپال تېگىپ تاكاللىشىپ قالدى. بۇ چاغدا ئەسىرگە چۈشكەن قوماندان خۇدىنى يوقاتقان ھالدا قولىنى قويىنىغا تىقتى. ئۇنىڭ تونى ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان خەنجىرى بار ئىدى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا شۇ خەنجەرنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، ئالپ ئارسلاننىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى. كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان خەنجەر سۇلتاننىڭ قورسىقىنى يىرتىۋەتتى. سالجۇق ئەسكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، خەنجەر تۇتقان ئەسىرنى قىلىچلاپ قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ، يېڭىلمەس، قۇدرەتلىك سۇلتان ئالپ ئارسلان شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە ھېچقانداق ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان بىر ئەھۋالدا، يەنى غالىب سەركەردىنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا چۈشكەن بىر ئەسىرنىڭ قولىدا جان بەردى.

سالجۇقىيلار قوشۇنى ئامۇ دەريا بويلىرىدىن چېكىنىپ كەتتى. سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ جەسىتى مەرۋى شەھىرىگە ئاپىرىلىپ دەپنە قىلىندى.

* *

بۇ چاغدا باغداتتىكىلەر بۇ ئىشلاردىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى. مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغان چاپارمەنلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەريا بويىدىن ئىراقتىكى دەجلە دەرياسى بويلىرىغا ئۇنداق تېز يېتىپ كېلەلمەيتتى، ئەلۋەتتە.

مەھمۇد كاشغەري يەنىلا ئۆز ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىۋاتاتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ ئىلتەمۇر كىردى.

— غەززالى ھەزرەتلىرى كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى ئۇ مەھمۇدقا.

— ھە، قېنى؟ باشلاپ كىر.

شەيخ ئىمام غەززالى بىلەن مەھمۇد كاشغەري قەدىناس دوستلارچە قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمىدىڭىز، — دېدى غەززالى، — كۆرۈشۈپ چىقاي دەپ كەلدىم.

— رەھمەت، شەيخ ئىمام، كۆپ رەھمەت. كەلگىنىڭىزگە بەك خوش بولدۇم.

ئۇلار شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇشتى.

— يېزىۋاتامسىز، مەۋلانە مەھمۇد؟

— يېزىۋاتىمەن، شەيخ ئىمام.

غەززالى قولىيازمىلارغا ۋە يېڭىدىن يېزىلىۋاتقان بەتلەرگە نەزەر سالدى. بەزىلىرىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقتى.

— ئىشلار قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. مەھمۇد ئۆزىنىڭ ئىشى ۋە كەسپىنى چۈشىنىدىغان بىر غەمگۇزار تېپىلغىنىدىن مەمنۇن ئىدى. شۇڭا، ھەۋەسلىنىپ سۆزلىدى:

— مۇقەددىمە قىسمىنى يېزىپ بولدۇم، ئاندىن گەپنى

يېزىقتىن باشلىدىم. ئۇيغۇر يېزىقىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتمىسەم بولمايدىكەن، چۈنكى قاراخانىلار ۋە ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەر، شۇنداقلا ئوغۇز - تۈركمەنلەرمۇ شۇ يېزىقنى قوللىنىدۇ. بۇ يېزىقتا ئىپادىلىنىدىغان بىر قىسىم تاۋۇشلار ئەرەب تىلىدا يوق. بۇ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەرنى كۆرسەتكۈچ، تىل تاۋۇشلىرى جەھەتتىكى شۇ خىل پەرق ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى شەرھلەپ ئۆتتۇم.

شەيخ ئىمام غەززالى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زېھىن قويۇپ تىڭشاپ، قانائەتلەنگەن ھالدا بېشىنى ئاستا ئىرغىتىپ قويدى. مەھمۇد يېزىلىپ بولغان ۋاراقلارنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ، غەززالىغا كۆرسەتكىلى تۇردى.

— ئاندىن ئىسىم، سۈپەت، مەستەر قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرى ئۈستىدە توختالدىم، — دەيتتى ئۇ، — ھازىر ئومۇمىي تۈركىي تىل ۋە تۈركىي تىلىنىڭ شېۋىلىرى ھەققىدە يېزىۋاتىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن رەسمىي لۇغەت قىسمى باشلىنىدۇ.

※ ※

نىزامىيە مەدرىسى، سىنىپ ئىچى. شەيخ ئىمام غەززالى پەلسەپە دەرسىنى سۆزلەپ بولدى. ياشلىق ئەييامى ۋە يىگىتلىك دەۋرانىغا قەدەم قويغان يىگىرمىدىن ئارتۇق تالىپ ھۆرمەت تۇيغۇسى سىڭگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇستازىغا قاراپ جىم ئولتۇراتتى. دەرس ئاياغلاشقان بولسىمۇ، شەيخ ئىمام نېمە ئۈچۈندۇر ئورنىدىن قوزغالماي، باداشقانىنى قۇرغىنىچە خىيالغا كەتكەندەك بىر خىل قىياپەتتە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇراتتى. بىر ئەسنادىن كېيىن ئۇ شاگىرتلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى - دە، سۆزلىدى.

ئۇنىڭ بۈگۈن سۆزلىگۈسى كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ياشانغان ئادەمنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈپ سۆزلىگەندىكى نەسىھەت

قىلىش تەلەپپۇزى بىلەن ئوقۇشنىڭ، بىلىم ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتى، قانداق قىلغاندا ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىدى. ئەڭ ئاخىردا ئۇ مۇنداق دېدى:

— مەن بىر ئوقۇمۇشلۇق زاتنى تونۇيمەن. ئۇ نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ماددىي ھەم روھىي قىيىنچىلىقلارنى يەتكۈچە تارتتى. لېكىن، قىيىنچىلىقلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى. ئۇ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان ئاجايىپ غايىلىك ئادەم. ئۇ داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگەندى، ئىزدەندى. ئۇ ھازىر ئۆزۈن يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە يىغىلغان ئەمەلىي بىلىمى ۋە مول تەجرىبىسى بىلەن كاتتا بىر ئەسەر ئۈستىدە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ دوستلار بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ھەم تەتقىقات ئىشلىرى ھەققىدە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ كېتىدۇ. ئىلىم ئىشلىرىغا ئەنە شۇنداق ئوتلۇق مۇھەببەت، كۈچلۈك ئىنتىلىش بولغاندىلا نەتىجە ياراتقىلى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ روھىدىن ئۆگىنىڭلار، باللىرىم!

تالىپلار ئۇستازىنىڭ سۆزىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭشىماقتا ئىدى.

## ئالتىنچى باب

# ئىنسان دېگەن

— سۇلتان ئالپ ئارسلان شېھىت بولدى، چوڭ خانزادە جالالىددىن مەلىكشاھ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى! ئەمدى سۇلتانۇل ئەزەم مەلىكشاھنىڭ نامى، شەرىپى خۇتبىدا ئوقۇلسۇن!

ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەتكەن چاپارمەنلەر ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەھەرلەرنىڭ بەگ ۋە ھاكىملىرىغا يۇقىرىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزدى.

باغدات مەسچىتلىرىدە مەلىكشاھنىڭ ئىسمى خۇتبىدا ئوقۇلدى. خەلىپە قايىم تەيىنلىگەن ئابرۇيلۇق ئەربابالاردىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ يېڭى سۇلتاننى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ئالدىراش جابدۇنۇپ يولغا چىقتى.

باغداتنىڭ كوچا ۋە رەستىلىرىدە ھەر خىل كىشىلەر نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى:

— مەلىكشاھنى تېخى ياش يىگىت دەپ ئاڭلىدىم.

— شۇنچە چوڭ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى تەجرىبىسىز ياش يىگىت ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلەرمۇ؟

— سۇلتان تەختتە ئولتۇرىدۇ، باشقا ئىشلارنى ۋەزىرلەر قىلىدۇ ـ دە.

— بولۇپمۇ باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك ناھايىتى قابىل ئادەم.

— شۇنداق، نىزامىلمۇلۇكنىڭ داڭقى ـ شۆھرىتى ھەممىگە ئايان. ئۇ مەرھۇم ئالپ ئارسلان تەختكە چىققاندىن تارتىپ باش

ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى بېجىرىپ كەلگەن، مانا ئەمدى مەلىكشاھقىمۇ باش ۋەزىر بولۇپ خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ.

— توغرا، توغرا، نىزامىلمۇلۇك باش ۋەزىر بولسا، ئىشلىرىمىز يەنە بۇرۇنقىدەكلا ياخشى بولۇپ كېتىۋېرىدۇ.

— راست، شۇنداق...

— ئاللائىگەم، ئەلگە ئىپسەنلىك بەرگەيسەن! سۇلتانلىرىمىز-نىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ئاتا قىلغايسەن!

※ ※

جالالىددىن مەلىكشاھ تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا غەيرەتلىك ۋە ئىستىبداتلىق ھۆكۈمدار سۈپىتىدە تونۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلارنى پائال ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ مالىيە ئەھۋالىنى، خەزىنىنىڭ كىرىم - چىقىم ھېساباتىنى، باج - سېلىق ئىشلىرىنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقتى، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالىدى، خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىرىنى ئالماشتۇردى، پاك - دىيانەتلىك ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىرىنى مۇكاپاتلىدى ۋە ئەمىلىنى ئۆستۈردى. ئۇ ھەرقانداق يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەربابلارغىمۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغىمۇ قىلچە يان باسمىدى. ئۇ يەنە قوراللىق قوشۇنلارنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىنتىزامىنى، جەڭگىۋارلىق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مائاش بېرىش تۈزۈمىنى قانۇنلاشتۇردى.

ئوردا ئەھلى مەمنۇن بولغان ھالدا خىتاب قىلىشاتتى:

— مەلىكشاھنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئىقتىدارى كىچىك ئەمەس ئىكەن جۇمۇ!

— خۇددى ئاتىسىنى تارتىپتۇ.

— باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇكمۇ ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە ھەيران قېلىۋاتىدۇ. «بۇ يىگىت چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان

سۇلتان بولىدۇ» دېگەنىدى ئۇ.

— سۇلتان مەلىكشاھ بىلەن نىزامىلمۇلۇك ئۆزئارا ئوبدان ماسلىشىۋاتىدۇ.

دەرۋەقە، نىزامىلمۇلۇك مەرھۇم ئالىپ ئارسلان ئوردىسىدا باش ۋەزىر بولۇپ خىزمەت قىلغان توققۇز يىل ئىچىدە دانىشمەنلىكتە نام چىقارغانىدى. دىۋان ـ مەھكىمە ئىشلىرىدىمۇ، يۈرۈش ـ جەڭ ئىشلىرىدىمۇ ئۇ ئالىپ ئارسلان بىللە بىللە بولدى. نۇرغۇن پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى كۆرسىتىپ، نۇرغۇن ئاقىلانە سىياسەتلەرنى تۈزدى؛ نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى ئۆزى بىۋاستە تۇتۇپ، ئوڭۇشلۇق باشقۇردى.

ھالبۇكى، ئالىپ ئارسلان ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان جەڭ ئىشلىرى بىلەن، تاشقى ئىشلار بىلەن كۆپ مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، ئىچكى ئىشلارغا دېگەندەك يېتىشەلمەي قالغانىدى. مەلىكشاھنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى دەل مۇشۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرگەنىدى. نىزامىلمۇلۇكمۇ بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى ئېتىراپ قىلدى ۋە ياش سۇلتاننىڭ زېرەكلىكىگە ئاپىرىن ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىككىسى، يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك، بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىچكى ئىشلارنى تەرتىپكە سالدى.

ياش سۇلتان ۋە تەجرىبىلىك باش ۋەزىر ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بىرمۇنچە قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىپ، زاماننىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئوردا ئىچى گويا قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، ئىشلار بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كەتتى.

ھالبۇكى، مەلىكشاھنىڭ يولى تۈز ۋە خەتەرسىز بولمىدى. ئىراننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا يېڭى سۇلتانغا قارشى دولقۇن كۆتۈرۈلدى. مەلىكشاھنىڭ كېرمان ئۆلكىسىگە ۋالىي بولۇپ تۇرۇۋاتقان تاغىسى تەخت دەۋاسىنى قوزغاپ چىقتى. سۇلتان جەمەتى ئىچىدىكى يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنى قوللىدى، بۇ دەۋا

بارا ـ بارا ئۆتكۈر ئىختىلاپقا ئايلاندى. مۇرەسسە ـ مادارا كار قىلمىدى. ئاخىر، ئىككى تەرەپ تىغ كۆتۈرۈپ، سەپ ئايرىپ چىقتى. بۇ تالاش ـ تارتىشلاردا باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۈك مەلىكشاھنى قەتئىي قوغدىدى، ھالقىلىق پەيتتە ئۇ ئىسيانكارلارنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشىغا يول قويمىدى.

بەگ ۋە پادىشاھلارنىڭ تارىختا بولۇپ ئۆتكەن تۈگىمەس جاڭجاللىرىدىن يەنە بىرى تەكرارلاندى. قانلىق جەڭ بولدى. مىلادىيە 1073 ـ يىلى ئىدى، سۇلتان قوشۇنلىرى شىددەتلىك ئىلگىرىلەپ، كېرمان ئۆلكىسىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. ئىسيانچىلار تارمار كەلتۈرۈلدى. باش ئىسيانچى، يەنى مەلىكشاھنىڭ تاغىسى جەڭدە ئۆلدى.

شۇنداق قىلىپ، جالالىددىن مەلىكشاھنىڭ سەلتەنىتى تولۇق تەنتەنە قىلدى. مەغلۇپ بولغان ئىسيانچىلار قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى بويۇنلىرىغا سالاقلىرىنى ئېسىپ، ياش سۇلتاننىڭ ئايىغىغا باش ئۇردى.

— ئەي سۇلتانۇل ئەزەم، — دېيىشتى ئۇلار، — ئەقىلسىزلىقىمىزنى كەچۈرگەيسىز. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ توغرا يولدىن ئېزىپتۇق، گۇناھىمىزدىن ئۆتكەيسىز.

ياش سۇلتان ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن ئۇلارغا كەچۈرۈم قىلدى.

— تۇۋا قىلغانلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈش كېرەك، — دېدى ئۇ، — ئاداۋەت تىكەنلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن گۇناھلىق ئۆتمۈشۈڭلاردىن قول ئۈزۈپ، ھالال ئەمگىكىڭلار بىلەن ياشىغايسىلەر.

سۇلتان مەلىكشاھ بىلەن باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۈك ئاتلىرىغا قايتا مىندى. تۇغ ـ ئەلەملەر ئېگىز كۆتۈرۈلدى، دۇمباق ـ بۇرغىلار ساداسى ھەيۋەتلىك ياڭرىدى. سالجۇقىيلار قوشۇنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى. ئۇلار يەنە قەيەرلەرگە بارار؟

※ ※

گۈگۈم چۈشۈپ قالغان مەزگىل ئىدى . مەھمۇد كاشغەرىي تاشقىرىدىن ئالدىراپ كىرىپ كەلدى . ئۇ بەك خاپا كۆرۈنەتتى .

— ئىلتەمۇر ئۆيدە بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ قېرى خىزمەتكاردىن .

خىزمەتكار جاۋاب بەرگۈچە ئىلتەمۇر ئۆزى ئىچكەركى ئۆيدىن چىقتى . ئۇ مەھمۇدقا تىك بېقىپ قاراشقا پېتىنالماي ، قورۇنغان هالدا تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇراتتى .

— قاچان كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد ئۇنىڭدىن .

— بايا ... سىز كېلىشتىن بۇرۇنراق كەلگەن ...

— مۇشۇ چاغقىچە قەيەردە يۈردۈڭ ؟

ئىلتەمۇر تاقىر بېشىنى ساڭگىلىتىپ ، گەپ قىلمىدى .

— يۈر ، ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشەيلى .

مەھمۇد ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ، ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى .

— ئولتۇر .

ئىلتەمۇر گىلەمگە يۈكۈندى . مەھمۇدمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— بۈگۈن مەكتەپكە بارماپسەنغۇ ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ .

ئىلتەمۇرنىڭ كۆز چاناقلىرىغا ياش تولدى . ئۇ بېشىنى تېخىمۇ پەسرەك ساڭگىلىتىپ مۈكچىيىپلا قالدى ، ئاندىن بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئاستا سۈرتتى . ئۇ كىچىكىدىنلا يېتىم قېلىپ دىلى سۇنۇق بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ياكى مەھمۇد ئۇنىڭغا قاتتىق ـ يىرىك گەپ قىلماي يۇمشاق مۇئامىلىگە ئۆگىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ، ئىشقىلىپ ، ئىلتەمۇر ھېسسىياتچان ۋە كۆڭلى نازۇك بالا بولۇپ ئۆسۈۋاتاتتى .

— ئوقۇتقۇچۇڭ مېنى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتىپتىكەن، — دېدى يەنە مەھمۇد، — ھازىر شۇ يەردىن كەلدىم. ئىلتەمۇر، سەن نېمە بولدۇڭ - ھە؟ بىز باغداتقا كەلگەن بىر يىلدىن بېرى ئۈزلۈكسىز قېتىرقىنىپ ياخشى ئوقۇۋاتاتتىڭ، مۇشۇ يېقىندىن بۇيان ئەھۋالىڭ باشقىچە. ئۆگىنىشتە چېكىنىپ كەتتىڭ. مانا بۈگۈن تېخى مەكتەپكىمۇ بارماپسەن. ئەتىگەن مەكتەپكە بارىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن ئادەم، بۇ چاغقىچە قەيەردە يۈردۇڭ؟ قەيەرگە باردىڭ؟

ئىلتەمۇر دۇدۇقلاپ سۆزلىدى:

— بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى ... شۇلارنىڭكىگە باردىم. ئۇلار دۇكىنىغا يېڭى گەزماللارنى چۈشۈرۈپتىكەن ... مەن قارىشىپ بەردىم.

— ئۇ ساۋاقدىشىڭمۇ مەكتەپكە بارمىدىمۇ؟

— ياق، ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان. ئۇ ئاتىسى بىلەن دۇكاندا ئولتۇرۇپ، سودا قىلىشنى ئۆگىنىۋېتىپتۇ.

— ئەتىگەندىن كەچكىچە شۇ يەردە بولدۇڭما؟

— ھەئە.

مەھمۇد: «ئەمدى نېمە دېسەم بولار» دېگەن ئوي بىلەن مۇۋاپىق سۆز تاللاپ جىم بولدى.

— ئۇستازىم، — دېدى ئىلتەمۇر مەھمۇدنىڭ يېنىدىن تۇتۇپ. ئۇ بېقىۋالغان ئاتىسىنى «ئۇستازىم» دېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى، — ئۇستازىم، مەنمۇ سودىگەرچىلىك قىلايچۇ، سودىگەرچىلىك بەك ياخشى ئىش ئىكەن.

— نېمىسى ياخشى ئىكەن؟

— ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىكەن. سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئاشۇ ئاغىنەم بەلبېغىغا دائىم توشتۇرۇلغان پۇل قاپچۇقىنى ئېسىۋېلىپ يۈرىدۇ.

مەھمۇد ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، خانا ئىچىدە ئالدىرىماي ئۇيان - بۇيان ماڭغىلى تۇردى.

— كاللاڭغا مۇشۇنداق خىياللار كىرىۋالغاچقا ئوقۇشتىن سوۋۇپ كېتىپتىكەنسەن - دە ، — دېدى ئۇ ئاخىر ، ئىلتەمۇرگە قاراپ تۇرۇپ .

ئىلتەمۇر بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ ، يەنە ئىككىلىنىپ ئۈن چىقارمىدى .

مەھمۇد ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى .

— مەن ساڭا ھېچنېمىنى ئويلىماي ياخشى ئوقۇ دەپ قايتا - قايتا تەربىيە بېرىپ كېلىۋاتىمەن . لېكىن ، سەن ئەمدى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدىغان بوپسەن - دە ، — دېدى ئۇ .

ئىلتەمۇر تۇمشۇقىنى سوزۇپ دومسايدى :

— پۇل تېپىشنى ئۆگىنەي دېسەم ، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار ؟...

— ئاغزىڭنى يۇم ! — مەھمۇد ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ، — بىلجىرلىغىلى تۇردۇڭغۇ ئەمدى ! مەنزە سېنى پۇل تېپىپ كىرسۇن دەپ قولۇڭغا تۆت تەڭگىنى تۇتقۇزۇپ بازارغا چىقىرىپ قويسام بولىدىكەن - دە ! تولا خام خىيالغا بېرىلمەي ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ . بولمايدىغان بولسا ، پاچاقلىرىڭنى چىقىپ تاشلايمەن ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن ، بەتبەخت شۇم ! ئۇقتۇڭمۇ ؟

ئىلتەمۇر مەھمۇدنىڭ بۇنداق خاپا بولۇشىنى تېخى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى . ئۇ راستىنلا قورقۇپ كەتتى ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قالدى .

مەھمۇد بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە ئىلتەمۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— خاپا بولماڭ ، ئۇستازىم ، مەن خاتا قىپتىمەن . بۇنىڭدىن كېيىن تىرىشىپ ياخشى ئوقۇيمەن ، — دېدى ئىلتەمۇر ئۇنىڭغا قىيا كۆزدە قاراپ .

مەھمۇد ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ تۇتتى .

— مەن سېنى يارامliq ئادەم قىلىپ چىقاي دەۋاتىمەن ، ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ مۇلايىملاشقان ئاۋازى بىلەن ، — مەن سېنى

قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدىغان بىلىملىك ئادەم قىلىپ چىقاي دەۋاتىمەن. ئوقتوڭمۇ؟

مەھمۇد سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قايسى خەلقنىڭ بىلىملىك ئادەملىرى كۆپ بولسا، شۇ خەلق دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ. خەلق ئۆز ئىچىدىكى بايلار بىلەن پەخىرلەنمەيدۇ، بەلكى ئۆز تارىخىدا ئۆتكەن ئالىملار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، قەھرىمانلار، دانىشمەن سىياسەتچىلەر بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

— چۈشەندىم، ئۇستازىم، ئەمدى بەڭباشلىق قىلمايمەن.

— سەنمۇ ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، ئىلتەمۇر، ئون بەش ياشقا كىرىپ قالدىڭ. خۇدا بۇيرۇسا، كېلەر يىلى نىزامىيە مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇيسەن.

— سىز كۆتكەندەك ئادەم بولىمەن، ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايمەن، ئۇستازىم.

— پۇل مەڭگۈ بىلىمنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ئوغلۇم. بۇنى ئېسىڭدىن چىقارما. ئاۋۋال ئۆگەن، ئەقىل تاپ، ئاندىن سودىگەرچىلىك قىلساڭمۇ ۋە باشقا ھەرقانداق ئىشنى قىلساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن. ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى ھەرقانداق ئىشنى قاملاشتۇرۇپ ئىشلىيەلەيدۇ.

ئىلتەمۇر «چۈشەندىم» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىتتىك لىڭشىتتى.

— ئەمىسە ھۇجراڭغا چىقىپ تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلىگىن، — دېدى مەھمۇد ۋە ئورنىدىن تۇردى.

ئىلتەمۇرمۇ قوپتى، لېكىن ئىشىك ئالدىغا بارغاندا ئارىسالدى بولۇپ توختاپ قالدى.

— ئالدىنقى كۈنى ئۆتۈلگەن ھېساب دەرسىنى تولۇق چۈشىنەلمىگەنىدىم، ئوقۇتقۇچى تەنبىھ بەردى... — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

مەھمۇد ئۇنىڭغا قاراپ مەيۈس كۈرۈنۈشتە بىردەم تۇرۇپ

قالدى .

— ئۆزۈمنىڭ يېزىقچىلىقىم بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ، سېنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالماپتىمەن ، — دېدى ئۇ ، — يۈر ، ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي .

ئۇ ھەممە ئىشىنى تاشلاپ ، ئىلتەمۇرگە دەرسلەرنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى . ئۇ بىردەم سۆزلەيتتى ، بىردەم كىتابنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى ، بىردەم قەغەزگە يېزىپ كۆرسىتەتتى . ئۇلار ئىككىسى ئولتۇرغان ئۆينىڭ چىرىغى ئۇزاققىچە ئۆچمىدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە مەھمۇد ئۆزى ئىلتەمۇرنى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى .

— گۇناھ مەندە ، ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچى ، — دېدى ئۇ ، — ئىلتەمۇرنىڭ ئۆگىنىشتە چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي يۈرۈۋېرىپتىمەن . توۋا ، مەن ئۆزۈممۇ مۇدەررىس . تالىپلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ ، زېرىكمەي - تېرىكمەي ئوقۇتاتتىم ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت نەزەردىن ساقىت قىلماي ۋاقتى - ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تۇراتتىم . ئەمما ، ئۆز ئۆيۈمدىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ نېمە ئويلاپ ، نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەلمەپتىمەن .

— نېمە دېگۈلۈك ، — دېدى ئۇنىڭغا جاۋابەن ئوقۇتقۇچى ، — بىز ھەممىمىز سەۋەنلىكتىن خالىي بولالمايمىز ، ئىنسان دېگەن شۇنداق بولىدىكەن .

مەھمۇد ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدىن ، يەنى خۇسۇسىي مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى ، باققالچىلىق بازىرىدىن ئۆتۈۋاتقاندا شەيخ ئىمام غەززالى ئۇچراپ قالدى .

— تونۇشۇپ قويۇڭلار ، — دېدى غەززالى مەھمۇدقا ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى كۆرسىتىپ ، — بۇ زات باغدات ھاكىمىنىڭ مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلىدۇ ، ئۆزى كاتىپ . ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش خاقانىيە تەۋەسىدىن كەلگەن .

— تونۇشقىنىمىزدىن خۇرسەنمەن، تەقسىر، — دېدى مەھمۇد كاتىپقا باش ئېگىپ.

كاتىپ ئانچە ئوچۇق چىراي كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، قائىدە - يوسۇنلۇق سالاملاشتى.

— بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز، تونۇشۇپ قالايلى، — دېدى ئۇ، لېكىن بېشىنى ئەگمىدى.

غەززالى تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ زاتنىڭ ئىسمى ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ، — دېدى ئۇ كاتىپنى كۆرسىتىپ ۋە ئاندىن يەنە، — بۇ زاتنىڭ ئىسمى مەھمۇد كاشغەري بولىدۇ، — دېدى.

مەھمۇد ئۇلار بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ تۇردى ۋە ئاندىن خوشلىشىپ ئۆز يولىغا ماڭدى.

— خەلىپە ھەزرەتلىرى راستتىنلا سىز ئېيتقاندەك بۇ مەھمۇد كاشغەري دېگەن ئادەمگە شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ غەززالىدىن.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى غەززالى، — توغرىسىنى ئېيتقاندا، خەلىپە قايىم ھەزرەتلىرى مەھمۇد كاشغەري يېزىۋاتقان ئەسەرگە ئالاھىدە قىزىقىۋاتىدۇ.

— ھىم... — دېدى ھەيدەر كاتىپ، — سىز بۇ ئەسەرنى بىرنەچچە قېتىم تىلغا ئالغانىدىڭىز. ئۇ زات بۇ ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن ئون نەچچە يىل جاپا تارتىپ ئىزدىنىپتۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئون نەچچە يىل ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىپ ئەمدى يېزىۋاتىدۇ. ھەزرىتى مەھمۇد بۇ ئەسىرىنىڭ يېزىلىپ بولغان بىر قىسىم جايلىرىنى ماڭا كۆرسەتتى. مېنىڭچە، بۇ بىر قىممەتلىك ھەم نادىر ئەسەر بولۇپ چىقىدۇ.

— ھىم ... قەدىرلىك شەيخ ئىمام ... بىرنېمە دېمەك تەس. ئەسەر دېگەننى باشلاش بىر گەپ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتۇرۇش باشقا گەپ.

غەززالى ئۇنىڭ پىكرىگە دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۇنى

قايىل قىلىشقا ئالدىرىدى :

— مەھمۇد كاشغەري بۇ ئەسەرىنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى ناھايىتى مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . مەن ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشكەن .

— بەلكىم شۇنداقتۇ ، شەيخ ئىمام ، بەلكىم شۇنداقتۇ ، — دېدى ھەيدەر پىسەنت قىلمىغان تەلەپپۇزدا ، — ۋە لېكىن ... مېنىڭچە ، ئىستېداتلىق قەلەم ئىگىسى بولسا ، بىر ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن ئۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلمىغان بولاتتى .

غەززالى ئەمدى گەپ قىلمىدى ۋە خۇددى ھەيدەر كاتىپنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراپ قويدى . ھەيدەر يەنە سۆزلەشنى ئەپسىز كۆردى بولغاي ، خوشلىشىپ ئۆز يولىغا مېڭىپ كەتتى .

غەززالى ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى .

«ھەي ، ئىنسان دېگەن ... »

## يەتتىنچى باب

# كۈنلەر ۋە تۈنلەر

كۈنلەر ۋە تۈنلەر — قۇياشلىق يورۇق كۈنلەر ۋە بۇلۇتلۇق تۇتۇق كۈنلەر، تولۇن ئاي پارلىغان يورۇق تۈنلەر ۋە ئايسىز قاراڭغۇ تۈنلەر ئالمىشىپ، تەكرارلىنىپ ئۆتۈۋەردى. مەھمۇد كاشغەري يازغان قەغەز ۋاراقلىرى دەستە ـ دەستە بولۇپ تىزىلىپ كەتتى. ئالىم كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، دۇۋانە زاھىت كەبى تاشقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ دېگۈدەك، غىزا ۋە ئۇيقۇنىمۇ ئۇنتۇپ يازاتتى، يازاتتى، توختىماي يازاتتى. بەزىدە شىرەنىڭ يېنىدا قىيسىيىپلا ئۇخلاپ قالاتتى. قانچىلىك ئۇخلايدىكىن، ئىشقىلىپ، بىر چاغلاردا كۆزلىرىنى ئاچقاندىن كېيىن سەگىپ قالغان مېڭىسىدە يېڭى پىكىرلەر، پاساھەتلىك جۈملىلەر، كېرەكلىك سۆز ـ ئىبارىلەر گوياكى نۇرلۇق يۇلتۇزلاردەك چاقناپ ئەكس ئېتىشكە باشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تاھارەت ئالغۇچە ياكى ناشتىغا ئولتۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆڭۈلدىكىدەك بەش ـ ئالتە قۇرنى بولسىمۇ يېزىۋالاتتى. ھەر كۈنى ئەھۋال شۇ تەرىقىدە داۋاملىشاتتى...

قېرى خىزمەتكار كىرىپ بوسۇغىدا توختىدى.

— قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ، ھەزرىتىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — بىرەر يېمەكلىك تەييارلاپ بېرەيمۇ؟

— رەھمەت، قورسىقىم ئاچمىدى.

— ئەمىسە، ئىچىملىك لازىممۇ؟

— ماقۇل. ئانار شەربىتى بولسا بىر چىنە ئىچىپ قوياي.

قىزى خىزمەتكار چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئىلتەمۇر بىر چىنە شەربەتنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئولتۇرغىن، ئىلتەمۇر، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭ قولىدىن چىنىنى ئېلىپ، — كەل، يېقىن كېلىپ ئولتۇر.

ئىلتەمۇر ئولتۇردى.

— ئۇستازىم، بۈگۈن باشقىچە خۇشال كۆرۈنىسىزغۇ؟

دېمىسىمۇ، مەھمۇدنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، چىرايىدا شادلىق ئالامەتلىرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

— راست دەيسەن، ئىلتەمۇر. مەن بارغانسېرى خۇشاللىقىمنى بېسىۋالالماي قېلىۋاتىمەن. ھە، نېمە ئۈچۈن دەمسەن؟ ئەسىرىم ئاياغلىشاي دەپ قالدى. ئېيتىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاخىرقى سۆزلەرنى يېزىپ خۇلاسىلىۋەتسەملا تۈگەيدۇ.

— بەك ياخشى بوپتۇ، ئۇستازىم، ئەمدى قانغۇدەك ئۇخلىۋالىدىغان بولدىڭىز.

— ھە، ئوقۇش ئەھۋالىڭ قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ — مەھمۇد گەپنىڭ ماۋزۇسىنى يۆتكەپ سوئال قويدى.

— ياخشى ئوقۇۋاتىمەن، يادلايدىغان يەرلەرنىمۇ تولۇق يادلاۋاتىمەن.

— كېلەر يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرىسەن، — دېدى مەھمۇد، — ۋاقتنى چىڭ تۇتۇپ دەرسلەرنى پىششىق ئۆگەن، كۆپ تەكرار قىل.

— ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن، ئۇستازىم.

ئىلتەمۇر چىقىپ كەتتى.

مەھمۇد ئانار شەربىتىنى بىر - ئىككى ئوتلىدى - دە، يەنە قەلەمنى قولىغا ئالدى. ئاخىرقى باب تاماملىنىشقا ئاز قالغانىدى. يېزىشقا تېگىشلىك سۆزلۈكلەر ئاز قالغانسېرى مەھمۇدنىڭ

ئىلھامى، ئىجتىھاتى ھەسسىلەپ ئاشماقتا ئىدى. ئۇ يازدى، يازدى... ھېسسىياتلىنىپ، ھاياجانلىنىپ يازدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئىشقىلىپ، بىر چاغ بولغاندا ئۇ قەلەمنى بىر چەتكە قويدى. ئۇ يېزىپ بولغانىدى. مەھمۇد خۇددى ئۆز ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك ھەيرەت ئىچىدە گەپ قىلماي، مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ كەتتى. «بۇ راستمۇ؟ — دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — راستتىنلا يېزىپ بولدۇممۇ؟»

ئۇ، لۇغەتكە كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك بىرەر سۆز ئۇنتۇلۇپ قالغان بولمىسۇن دەپ قولىيازمىلىرىنى، خاتىرىلىرىنى ۋاراقلاپ، ئاختۇرۇپ چىقتى. يوق، ئۇنتۇلۇپ قالغان سۆزلەر يوق ئىدى. ھەممىسى يېزىلىپ بولغانىدى. «تۈگەپتۇ! — مەھمۇدنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. — «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ئاخىرى يېزىلىپ بولدى!».

ئۇ قەلەمنى ئىتتىك ئالدى-دە، يېزىلىپ بولغان ئەڭ ئاخىرقى قۇرغا ئۇلاپ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قوشۇپ قويدى: «بۇ سەككىز بۆلۈمنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە تەربىيىلىگۈچى ئاللاغا ئالقىشلار بولسۇن».

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، خانا ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا توختىماي مېڭىپ كەتتى. چەكسىز بەخت تۇيغۇسىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يېنىكلەپ، بىلىنەر-بىلىنمەس بېشى ئايلىنىپ تۇرغاندەك سېزىلەتتى.

ئۇ يەنە شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە تىترەپ تۇرغان قولىدا قەلەمنى تۇتقان ھالدا بىردەم پىكىر يۈرگۈزۈپ، ھاياجىنىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدى:

«ھۇسەين ئوغلى مەھمۇد ئېيتىدۇكى، تۈركىي تىللارنىڭ سۆزلۈكلىرىنى توپلاش، قائىدە ۋە ئاساسلىرىنى بايان قىلىش، پەرقلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بۆلۈملەرگە

بۆلۇشنى كىتابنىڭ بېشىدا شەرت قىلغانىدۇق. بۇ سۆزىمىز بەجا كەلدى، ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشتى. ئوشۇقچە، ئورۇنسىز ۋە كېرەكسىز بولغانلىرىنى كىتابتىن چىقىرىپ تاشلىدىم. ئەمدى كىتاب ئۇزاق زامانلارغىچە كەڭ تارقالسۇن، ئەبەدىي يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن. كىتابىمىز مۇشۇ يەردە تاماملانسۇن».

قانچە - قانچىلىغان جاپالىق كۈنلەر ۋە ئۇيقۇسىز تۈنلەردە يېزىلىپ، كۆپىيىپ بارغان قەغەز ۋاراقلىرى مانا ئەمدى رەسمىي بىر ئەسەر بولۇپ تۈگەللەندى.

※ ※

خۇدانىڭ كۈن ۋە تۈنلىرىدىن ھەر خىل كىشىلەر ھەر خىل پايدىلىنىدۇ.

باغدات شەھەرلىك مەھكىمىدە ئىشلەيدىغان ئالتە - يەتتە كاتىپ، كۆچۈرمىچىلەرنىڭ ... ىرى بولغان ھەيدەر ئىبن ياقۇپ ئۆز ئۆيىدە زىياپەت ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ھەيدەر بۇ زىياپەتكە قانچىلىك پۇل چىقىم قىلدى! قانچىلىك جاپا تارتتى! قانچە كۈن، قانچە تۈن باش قاتۇرۇپ، ھېرىپ - ئېچىپ تەييارلىق قىلدى! ھەيدەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىشلارنى پەقەت كاللىسى ئىشلەيدىغان، قولى ئەپلىك، ئايىغى يېنىك ئادەملەرلا قاملاشتۇرالايدۇ. مەسىلەن، مۇنداق بىر قىسىم ئادەملەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. ئۇلار ھېيت - ئايەم دەمدۇ، توي - تۆكۈن دەمدۇ ياكى ئورۇق - تۇغقان ۋە ياكى ئەل - ئاغىنە دەمدۇ، ئەيتاۋۇر شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان تۈرلۈك سەۋەب ۋە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا بىر تۈركۈم كىشىلەرنى مېھمان قىلىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ مېھمان قىلغانلىرى ئادەتتىكى تەلەيسىز جاپاكەش

بەندىلەردىنلا ئىبارەت بولىدۇ . ئۇنداق ئادەملەرنى ھەرقانچە مېھمان قىلغىنىڭ بىلەنمۇ، ئۇلار ساڭا ھېچقانچە پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ . «ھەتتا بەزى ئەخمەقلەر بىرمۇنچە چىقىم تارتىپ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلارنىمۇ مېھمان قىلىدىكەن ، — دەپ مەسخىرە قىلاتتى ھەيدەر ، — ئۇ بىچارىلەرنىڭ ئەقلى شۇنچىلىك - دە ، — دەيتتى ئۇ يەنە ، — ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ - دە . مۇناسىۋەت باغلاش دېگەن چوڭ بىلىم !»

دەرۋەقە ، كاتىپ ھەيدەرنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتكە شەھەر ھاكىمى ، بازار ، باج - سېلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار ۋە يەنە شۇ قاتارلىق بىرنەچچە مەنسەپدارلار چاقىرىلغانىدى .

«بۇ زىياپەتكە قانچە كۈن ، قانچە تۈن تىنىم تاپماي تەييارلىق قىلدىم - ھە !— دەيتتى ھەيدەر ئۆز - ئۆزىگە ، — بۇ ، كۆرۈنگەنلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس . بۇنىڭغا سەگەك مېڭە بولۇشى كېرەك ، پەم كېرەك . بۇ دۇنيادا يول تېپىپ مېڭىشنى بىلمىسەڭ ياشاش تەس» .

ئۇ ئەنە شۇنداق يول تاپالىغانلىقى ئۈچۈن شەھەرلىك مەھكىمىدە بىر كىشىلىك ئورۇننى ئىگىلەپ ، «كاتىپ ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ !

ئۇ دەسلەپتە كاشغەردىكى بىر باج مەھكىمىسىدە خەتتاتلىق قىلىپ ئىشلەيتتى . خىزمەت قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سودىگەرلەردىن يىغىلغان باج ھېساباتى يېزىلغان بىر ھۆججەتتىكى «... تۆت يۈز تىللا ئېلىندى» دېگەن يەرنى «ئۈچ يۈز تىللا ئېلىندى» دەپ ئۆزگەرتىپ كۆچۈرۈپ يازدى - دە ، ئارىلىقتىكى يۈز تىللانى غېپپىدە يېنىغا سالغانىدى ، كېيىن نىمە بالا بولدى ، ئەيتاۋۇر بۇ ئىش سېزىلىپ قالدى ۋە ھەيدەر خەتتات قىرىق دەررۇ ئۇرۇلۇپ خىزمەتتىن قوغلاندى . كېيىن ئۇ خارەزىم تەۋەسىدىكى يۇرتلاردىن بىرىگە قېچىپ بېرىپ ، يەرلىك بەگلەردىن بىرىنىڭ شەخسىي كاتىپى بولۇۋالدى ، لېكىن بۇ يەردىمۇ ئۇزاق تۇرۇشقا نېسىپ

بولمىدى . ئۇ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمەتداشلىرىدىن بىرىنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىپ قويغانىدى . خۇدا ئۇرغاندەك ، بۇمۇ پاش بولۇپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ يەنە بىر قېتىم قېچىپ ،ئۇدۇل مانا مۇشۇ باغدادقا كەلدى .

«خۇدا بۇيرۇسا ، ئەمدى بۇ يەردىن قاچمايمەن ، — دەپ ئويلايتتى ھەيدەر ، — ئەمدى بۇرنۇمغا سۇ كىردى ، تەجرىبەم كۆپەيدى . قايسى ئىشنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى تازا ئوبدان ئۆگىنىۋالدىم » .

شۇنداق قىلىپ ، ھەيدەر كاتىپنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەت باشلاندى . ھەيدەر دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ، ھاكىمنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانىدى . ھاكىم كەلگەندىن كېيىن ئۇ دەرھال ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ـ دە ، كەينى ـ كەينىدىن توققۇز قېتىم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ، ئاندىن قول قوشتۇرۇپ پۈكۈلگەن پېتىچە يورغىلاپ ، ئۇنى ئۆيگە باشلىدى .

— بىزنىڭ يۇرتلاردا پادشاھلارغا توققۇز تەزىم قىلىنىدۇ ، — دەپ چۈشەندۈرەتتى ئۇ ، ھاكىمدىن ئىبارەت بۇ ئەرەب ھۆكۈمدارغا ، — بىزدە توققۇز رەقىمى بەخت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ . كەمىنە قۇلىڭىز ھاكىم جانابلىرىمۇ پادشاھلاردەك ئۇلۇغ بولسۇن دېگەن تىلىكىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن دائىم سىلىگە بىرى كەم ئەمەس ، تولۇق توققۇز قېتىم تەزىم قىلىمەن .

ھاكىم كاتىپنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان يۈزىگە قاراپ تۇرۇپلا «ھىم» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . ئۇ بۇنداق گەپلەرنى ھەيدەردىن تولا ئاڭلاپ تويۇپ كەتكەنىدى .

زىياپەتكە كەلگەن باشقا ھوقۇقدارلارنىمۇ ھەيدەر تۈرلۈك ـ تۈمەن شېرىن سۆزلەر بىلەن ، ھەرقايسىسىنى ئۆز لايىقىدا قارشى ئالدى . ۋەھالەنكى ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باش كاتىپقا يەنە بايىقىدەك ئالاھىدە توققۇز تەزىم بەجا كەلتۈردى . شۇنداق قىلغىنىمۇ بەك

توغرا بولدى . چۈنكى ، ھەيدەرنى دەل ئەنە شۇ باش كاتىپلىق مەنسىپىدە ئولتۇرغان كىشى ھاكىمغا تونۇشتۇرغان ۋە كۆچۈرمىچى كاتىپلىق خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى . «بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇل قاپچۇقىنى قانچە قېتىم ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن توشتۇرۇپ بەردىم ؟ — دەپ ئويلىدى ھەيدەر باش كاتىپقا تەزىم قىلىۋېتىپ ، — ۋاقتى - ۋاقتىدا يەنە داۋاملىق شۇنداق قىلىپ تۇرمىساڭ بولمايدۇ . ئۇنىڭدىن چوڭراقىنى ھاكىمنىڭ گېلىغا ئۇرمىساڭ تېخى بولمايدۇ . تىجارەت ، ئېلىپ - ساتارلىق قىلىپ تاپقان - تەرگىنىمنىڭ تولىسى مانا مۇشۇنداق باش كاتىپنىڭ قاپچۇقىنى تولدۇرۇش ، ھاكىم ۋە باشقا ھوقۇقدارلارنى مېھمان قىلىش بىلەنلا خوراپ تۈگەۋاتىدۇ . خەپ ، خەپ … ئويلىسام ئىچىم سىيرىلىپ كېتىدۇغۇ . ھۇ ، نەپسىگە بالا تەگكەن ئىنساپسىزلار !»

ھەيدەر ئىچىدە شۇنداق ئويلىغىنى بىلەن سىرتىدا قىلچىلىكمۇ چاندۇرمايتتى ، ئەلۋەتتە . ئەكسىچە ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىپ ، ھەربىر مېھماننىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ ، «تائامغا باقسىلا ، مەزەگە باقسىلا» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ، شۇنداق تەكەللۇپ ياغدۇرۇپ تۇراتتىكى ، ئۇنىڭ سۆزمەنلىكىگە ھەرقانداق ئادەم قول قوياتتى .

ھەيدەر كاتىپ ھېرىش - چارچاشنى بىلمەيدىغان پائالىيەتچان ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ مېڭىش - تۇرۇشلىرى ھەمىشە تۇرلۇك مۇرەككەپ تەدبىر ۋە پىلانلار بىلەن تولۇپ تۇراتتى . ئۇ جاپالىق كۈنلەر ، ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى بىكارغا ئۆتكۈزمەي ، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ مۇھىمراق ئورۇندا ئىشلەيدىغان بىرەر ھوقۇقدارنى قىلتاققا چۈشۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ، قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشىراق خىزمەت تېپىشنى ۋە قانداق قىلىپ بىرەر مەنسەپكە ئىگە بولۇشنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلاتتى .

«كالىلىنى ئوبدان ئىشلەتسە قىلغىلى بولمايدىغان ئىش

يوق ، — دەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى ئۇ ، — ئەڭ مۇھىمى ، ئاشۇ ئەرباب - ھوقۇقدار دېگەنلەرنىڭ ئىچىدىكى كىرەك بولىدىغانلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك . ئەپلىك پۇرسەت كەلسىلا بۇ ئىشنىمۇ ئەپلەشتۈرگىلى بولىدۇ . بۇ ھوقۇقدار دېگەنلەرنى مەن ھەيدەر ناھايىتىمۇ ئوبدان چۈشىنىمەن . بىر قىسىم ئەربابلار قورسىقىغا ئامراق كېلىدۇ . بۇنداقلارنى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك بىلەن بابلاشقا بولىدۇ . يەنە بىر قىسىملىرى مال - دۇنياغا تويمايدۇ . بۇنداقلارغا ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن قاپقان قويىمىز . يەنە بەزىلىرى خوتۇن خەققە كۆرسە ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ . بۇنداقلارنى ، ئەلۋەتتە ، خوتۇن بىلەن جايلاش كېرەك » .

زىياپەت داۋاملىشىۋاتاتتى .كەڭ يېيىپ سېلىنغان داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان مەرتىۋىلىك مېھمانلار مەززىلىك تائاملار ۋە شېرىن شەربەتلەرگە قول ئۇزاتقاچ پاراڭغا چۈشتى .

— غەززالى ھەزرەت كەلمەپتۇغۇ ؟ — دەپ سورىدى مېھمانلاردىن بىرى ساھىبخانا ھەيدەر كاتىپتىن .

— راست ، غەززالى كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ — باشقا مېھمانلارمۇ ئاۋاز قوشتى .

سورۇندىكىلەرنىڭ بۇنداق سورۇشتۇرۇپ قېلىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى . ھەيدەر ئىبىن ياقۇپ باغداتقا كەلگەندىن كېيىن ئەڭ بالدۇر ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغان ئادەم ئەنە شۇ غەززالى ئىدى . غەززالى ئۇنى نىزامىيە مەدرىسىگە تۈركىي تىل ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ھەيدەر بىلەن غەززالى ئەڭ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى . ھەيدەرنىڭ ئۆيىدە غەززالى ، غەززالىنىڭ ئۆيىدە ھەيدەر ئۆز ئادەم بولۇپ قالغان . غەززالى خىزمەتتە ھەيدەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغان . شۇڭا ، ھەيدەرنىڭ بىلىم جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرى چانماي ئۆتۈپ كەتكەن . ھالبۇكى ،ھەيدەر

ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى . ئۇنىڭ يەنىمۇ يۇقىرىغا ياماشقۇسى كېلەتتى . ئۇ هوقۇق ۋە ماددىي پاراۋانلىق جەھەتلەردە جەمئىيەت پەلەمپىيىنىڭ ئىمكانقەدەر ئېگىزرەك باسقۇچىدا تۇرىدىغان بىرەر مەمۇرىي ئورۇنغا كىرىۋېلىش كويىدا يۈرەتتى . ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ، ئاخىر بۇنىڭمۇ ئېپىنى تاپتى . داستىخاننى كەڭ يايدى ، تىللا - تەڭگىلەرنى شاراقلاتتى ، ئىشرەتۋاز قىز - چوكانلارنى ئىشقا سالدى . نەتىجىدە ، شەھەرلىك مەھكىمىدىكى باش كاتىپ ئەيۋەشكە كەلدى . ھەيدەر مەھكىمىگە يۆتكىلىپ كۆچۈرمىچى كاتىپ بولدى . هوقۇقدار بولالمىغان بولسىمۇ هوقۇقدارلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ئاق كۆڭۈل دوستى غەززالىنى تاشلىدى . ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانىدى . بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر مەنسەپنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەرتىۋىلىك ئەربابلارغا ۋە بولۇپمۇ شەھەر ھاكىمىغا يېقىنلىشىش كېرەك . غەززالىدەك مەنسەپ تۇتمايدىغان «كىتابۋازلار» بىلەن ئەھۋاللىشىشقا ئەمدى ھەيدەرنىڭ چولىسى تەگمەيدۇ .

مېھمانلار ھەيدەر بىلەن غەززالىنىڭ بۇرۇنقى قويۇق مۇناسىۋىتىنى بىلگەچكە ئۇنى سۈرۈشتۈرگەنىدى . ھەيدەر كاتىپ ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي ، گەپنى يورغىلاتقىلى تۇردى :

— ھە ، كېلىپ قالار ، ھېلىغىچە كېلىپ قالار … ھە ، مەن بۈگۈن بەك خۇشال ! ھەرقايسىلىرىدەك كاتتا ئەربابلار پېقىرنى پەس كۆرمەي بۇ غېرىبانە كۈلبىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرىدىن بېشىمىز ئاسمانغا يەتكۇدەك بولدى …

ئۇ گەپنى ئەپقېچىپ ، يەنە سۆزمەنلىك قىلغىلى تۇردى . لېكىن ، قېرىشقاندەك ، مېھمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭ ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ يەنە شۇ غەززالىنىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشتى .

— ھازىر ھەرقايسى دۆۋان ، مەھكىمىلەردە غەززالىنىڭ قولىدا

ئوقۇپ چىققان ياشلار كۆپىيىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەممىسلا ئۇ سابىق ئۇستازىنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن.

— شۇنداق، نىزامىيە مەدرىسىدە ئوقۇغانلار غەززالىنى بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق ئادەم دەپ ماختاپلا يۈرىدۇ.

— دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ پەلسەپۋى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشى قايىل بولماي قالمايدۇ.

— ئاڭلىسام، كاشغەردىن مەھمۇد ئىسىملىك بىر تىلشۇناس كېلىپتۇدەك، — دەپ ئېغىز ئېچىپ قالدى مېھمانلاردىن بىرى، — غەززالى ئۇ كاشغەرلىك بىلەن بەك يېقىن ئۆتەر ئىمىش.

— بىلىملىك ئادەملەرنىڭ قەدرىنى بىلىملىك ئادەملەر بىلىدۇ ـ دە، — دەپ ئىپادە بىلدۈردى ئىككىنچى بىر مېھمان.

— غەززالى ئۇ كاشغەرلىك تىلشۇناسنى كەم ئۇچرايدىغان ئىستىبداتلىق ئالىم، دەپ ماختايدىكەن، — دېدى ئۈچىنچى بىرەيلەن.

— ھەي ... شۇنداقمۇ دەيسىلەر، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ساھىبخانا ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ، — ئاڭلىسام، ئۇ مەھمۇد كاشغەري دېگەن كىشى قانداقتۇر بىر ئەسەرنى يازىمەن دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرگىنىگە ئون يىلدىن ئېشىپتۇ. ئالىم بولغان ئادەم بىر ئەسەرنى شۇنچىلىك ۋاقىتقىچىمۇ يېزىپ پۈتتۈرەلمەمدۇ؟

بۇ گەپكە مېھمانلار تۈرلۈك ئىنكاسلارنى قايتۇرۇشتى:

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ!

— بەلكىم ئۇ بەك چوڭ ۋە بەك مۇھىم ئەسەر يېزىۋاتقاندۇ.

— مەسىلە قانچىلىك ۋاقىتتا يېزىلغانلىقىدا ئەمەس. شۇ ئەسەر جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ سۈپىتىگە قاراپ بىرنېمە دېيىش كېرەك.

— ئاڭلىشىمچە، شۇ مەھمۇد كاشغەرىينى خەلىپە ھەزرەتلىرى شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلغانمىش، — دېدى باش كاتىپ.

ھەيدەر كاتىپ بىرقىسما بولۇپ، گەپ قىلىشقا تەمشەلدىيۇ، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

«مەن شۇنچە يىللاردىن بېرى بۇ يەردە بارچە ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىپ ، ھەر تەرەپتىن مۇناسىۋەت تورلىرىنى باغلىدىم . لېكىن ، خەلىپىنىڭ ئالدىغا كىرەلىشىم مۇمكىنلىكىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم . بۇ مەھمۇد دېگەن تېخى تونۇگۈنلا كاشغەر-دىن چىقىپ ، قانداقلارچە خەلىپىگە تونۇشلۇق بېرەلىگەندۇ ؟ » دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ .

مېھمانلار تېخىچە شۇ گەپنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى :

— غەززالىنىڭ ئېيتىشىچە ، مەھمۇد كاشغەري ئۆزىنىڭ كاتتا ئەسىرىنى يېزىپ بوپتۇ . ھازىر تۈزىتىپ ، قايتا يېزىۋېتىپتۇ .

— مەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىرنەچچە رىسالىلىرىنى ئوقۇغانىدىم . ياخشى يېزىلغان ، قەلىمىنىڭ كۈچى بار ئىكەن .

ھەيدەر بۇ گەپلەرنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمىدى ، ئاڭلىغۇسى كەلمىدى . سۆزمەنلىك قىلىپ ، گەپنى بۇرۇۋېتىشكىمۇ ئۇرۇنمىدى . ئۇ ، كۆڭلى غەش بولغان ھالدا خىيال سۈرۈپ قالدى :

«بۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان نائەھلىلەرگە شۇنچە پۇل خەجلەپ ، شۇنچە خۇشامەت قىلىپ يۈرسەم ، ئۇلارنىڭ بىرەرىمۇ مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويمايدۇ . ئەمدى بۇ ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغان مەھمۇد دېگەن بىرنېمىنى ھەممىسى ئاغزى بېسىلماي ماختاپ كېتىۋاتىدۇ . شۇنچە كۈنلەر ، شۇنچە تۈنلەر جاپا تارتىپ بۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىم بىكارغا كېتەرمۇ ؟ بۇ مەھمۇد دېگەن زادى قانچىلىك بىرنېمىدۇ ؟ »

ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ باشقىلارنىڭ ياخشى نامى چىقسا چىدىيالماي قالىدىغان كىشىلەر خىلىدىن ئىدى .

※ ※

كۈنلەر ئۆتتى ، تۈنلەر ئۆتتى ... مەھمۇد يەنىلا باش كۆتۈرمەي قەلەم تەۋرىتىۋاتاتتى .

— ئۇستازىم ، ئەسەرنى يېزىپ بولدۇم دېگەنىدىڭىز ، يەنە يېزىۋاتىسىزغۇ ؟ — دەپ سورىدى ئىلتەمۇر .

مەھمۇد قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى .

— يېزىپ بولغانىدىم ، ئەمدى باشتىن - ئاياغ تۈزىتىپ قايتا يېزىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ ۋە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، چىراغقا ئوت ياقتى ،تېلىپ كەتكەن كۆزلىرىنى بىردەم ئۇۋۇلىدى ، ئاندىن يەنە يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى .

ئىلتەمۇر بىر ئەسناغىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى ۋە يېنىككىنە «ئۇھ » تارتىپ بېشىنى چايقىدى . «ئالىم بولۇش ئاسان ئەمەس ئىكەن ! »

كۈنلەر ئۆتتى ، تۈنلەر ئۆتتى . مەھمۇد يەنىلا يېزىۋاتاتتى .

— يېزىۋاتامسىز ، مەۋلانە ؟ — دەپ سورىدى غەززالى ، — قانداق ؟ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتامدۇ ؟

— ئىككىنچى قېتىم تۈزىتىپ يېزىۋاتىمەن ، شەيخ ئىمام ، — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇد ۋە ھارغىن كۆزلىرى بىلەن بۇ پېشقەدەم مۇدەررىسكە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

— يېزىڭ ، مەۋلانە ، يېزىڭ . مۇشۇنداق قايتا - قايتا پىشىقلاپ ئىشلىگەندىلا نادىر ئەسەر تاۋلىنىپ چىقىدۇ ، — دەپ ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى غەززالى .

كۈنلەر ئۆتتى ، تۈنلەر ئۆتتى ، ئايلار ئۆتتى ... مەھمۇد بۇرۇنقىدەكلا يېزىۋاتاتتى .

«ئۈچىنچى قېتىم كۆچۈرۈشۈممۇ ئاياغلىشاي دەپ قالدى ، — ئويلىدى مەھمۇد پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان چىراغ ئوتىغا قاراپ ، — مۇشۇنىڭ بىلەن پۈتەرمۇ ياكى يەنە تۈزىتىدىغان ، تولۇقلايدىغان يەرلىرى چىقارمۇ ؟ »

كۈنلەر ئۆتتى ، تۈنلەر ئۆتتى ، يەنە بىر يىلمۇ ئۆرۈلدى . مەھمۇد باغداتقا كەلگىنىگە ئىككى يىل بولدى . ئۇ قىلچە بوشاشماستىن ، بۇرۇنقىدەكلا ئىشتىياق بىلەن يېزىۋاتاتتى .

ئاخىر شۇنداق بىر كۈن كەلدىكى، ئۇيى ئىچى خۇددى ھېكمەتلىك يورۇقلۇققا تولغاندەك بولدى. مەھمۇد ئۆزىنى خۇددى جەننەتۇ رىزۋاننىڭ ئەبەدىي ياشناپ تۇرىدىغان باغۇبوستانلىرىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ قەلەمتىراچنى ئېلىپ، يېڭىدىن بىر قومۇش قەلەمنى ئۇچلىدى، دۇۋەتكە يەنە تولۇقلاپ سىياھ قۇيدى. يېزىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاخىرقى سۆزلەرنى بىر قۇر ئويلىغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدى:

«كىتابنى ھىجرى 464 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەنىدىم. تۆت قېتىم قايتا يېزىپ، تۈزىتىپ ۋە تەھرىرلەپ ھىجرى 466 ـ يىلى جامادىيەلئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنى دۈشەنبە تۈگەتتىم».

شۇنداق قىلىپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مىلادىيە 1072 ـ يىلىدىن 1074 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە بولغان جەرياندا كۈنلەر ۋە تۈنلەرنىڭ چېكىنى ئايرىماي، ئاش تاماقنى ئۇنتۇپ، ئۇيقۇسى قېچىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ يازغان ئەسىرى، يەنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئاخىرقى ھېسابتا رەسمىي پۈتۈپ چىقتى.

مەھمۇد شىرە يېنىدىن تۇرۇپ، قەددىنى رۇسلىدى. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى چوڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان سەركەردىدەك جەسۇر ۋە مەغرۇر كۆرۈنەتتى.

# سەككىزىنچى باب

# خەلىپىگە ئارمىغان

— بارىكاللا ، مەۋلانە ! «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ئاخىر يېزىپ بوپسىز ، سىزنى تەبرىكلەيمەن ، — غەززالى خۇشاللىقىدا مەھمۇدنىڭ قولىنى قوش قوللاپ چىڭ قىستى .

— پىقىرنىڭ ئاددىي ئەمگىكىگە شۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە تەشەككۈر ، شەيخ ئىمام ، — دېدى مەھمۇدمۇ ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ .

— شۇلارمۇ ؟ — دەپ سورىدى غەززالى شىرە ئۈستىگە رەتلىك تىزىپ دەستىلەپ قويۇلغان قەغەز ۋاراقلىرىنى كۆرسىتىپ .

— شۇ .

— كۆرۈپ باقسام بولامدۇ ؟

— مەرھەمەت .

غەززالى شىرە يېنىغا ئولتۇرۇپ ، ئەسەرنىڭ بىرىنچى بېتىدىن باشلاپ بىرنەچچە بەتنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىقتى ، ئاندىن يەنە ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلىدى . مەھمۇد ئۇنىڭغا ئانار شەربىتىدىن بىر چىنە قۇيۇپ بەردى . شەيخ ئىمام شەربەتنى ئوتلىغاچ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ ئوقۇدى .

— ئەمدى بۇنى كىتاب قىلىپ كۆپەيتەيلى ، — دېدى غەززالى بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — قەلەمى پىشقان خەتتاتلاردىن بىر نەچچىنى تەكلىپ قىلىپ كۆچۈرگۈزەيلى ، كۆپەيتىپ ئوبدان مۇقاۋىلايلى .

— شۇنداق . شۇنداق قىلىش كېرەك ، — دېدى مەھمۇد ، —

ۋە لېكىن ئالدى بىلەن ئۆزۈم بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ، خەلىپە قايىم ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلاي دېگەن ئويۇم بار. كۆپەيتىش، تۇپلەش ئىشلىرىنى شۇنىڭدىن كېيىن باشلىساق دەيمەن. شەيخ ئىمام بۇنىڭغا قانداق قارايدىكىن؟

— بولىدىغان گەپ، — ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى غەززالى، — ياخشى ئويلاپسىز. شۇنداق قىلايلى، ئەمىسە.

غەززالى قايتماقچى بولۇپ قوزغالغاندا، مەھمۇد ئۇنى توختىتىۋالدى.

— ھۆرمەتلىك شەيخ ئىمام، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ، — ئىلتەمۇر مەكتەپنى پۈتتۈردى. ئۇنى نىزامىيە مەدرىسىگە ئورۇنلاشتۇرغىلى بولامدۇ؟

— بولمايدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى غەززالى بۇ گەپكە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن تەلەپپۇزدا.

— نىزامىيە مەدرىسىدە مەخسۇس دۆلەت خادىملىرى تەربىيىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۆتەشكە تېگىشلىك قانداق رەسمىيەتلەر باركىن، شۇنى ئۇقۇپ باقسام دېگەنىدىم.

— مېنىڭ تالىپ قوبۇل قىلىش ھوقۇقۇم بار. رەسمىيەتلەرنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، — دېدى غەززالى.

— ئىلتەمۇر! — دەپ توۋلىدى مەھمۇد ئىشىكنى ئېچىپ، — ئىلتەمۇر، بۇياققا كەل.

ئىلتەمۇر دەرھال كىرىپ، ئىشىك ئالدىدا توختىدى.

— ھەزرىتى شەيخ ئىمام غەززالىغا سالام بەرگىن، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭغا قاراپ، — بۇ زات ئەمدى سېنىڭ ئۇستازىڭ بولىدۇ.

ئىلتەمۇر بۇ ئۆيگە تولا كېلىپ تۇرىدىغان غەززالىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ مەھمۇدنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن شەيخ ئىمامغا قارىدى ــ دە، چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— بۇ يالغۇز ئوغلۇمنى سىزگە تاپشۇردۇم، شەيخ ئىمام، —

دېدى مەھمۇد.

غەززالى كۈلۈمسىرەپ، ئاق ساقىلىنى سىيپىغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەۋلانە.

※ ※

مىلادىيە 1074 ـ يىلى كۆكلەم پەسلى ئىدى.

ئۇلۇغ سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ ياش سۇلتانى جالالىددىن مەلىكشاھ زور قوشۇننى ئۆزى باشلاپ كۈنچىقىش تەرەپكە شىددەتلىك ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مەرھۇم ئاتىسى ئالپ ئارسلاندىن قالغان ئاق ئارغىماققا مىنگەن بولۇپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن رەڭلىك دۇبۇلغىسى كۈن نۇرىدا پارقىراپ، نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئۇچىسىدىكى قاسىراقسىمان پولات ساۋۇتى ئاتنىڭ مېڭىشىغا ماسلىشىپ يېنىك ـ يېنىك شاراقلاپ تۇراتتى. مەلىكشاھ گەرچە بورۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش يىگىت بولسىمۇ، بەجايىكى كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە يەنە كۆپ ئىشلارنى ئويلاپ، ھەر دائىم ئاڭ ـ ئەقىل پائالىيىتىنى توختاتمايدىغان تەجرىبىلىك ھەم ئىرادىلىك يولباشچىلارغا خاس قىياپەتتە قوشۇمىسىنى تۈرگەن بولۇپ، تۇرقىدىن ئاجايىپ سالاپەت ۋە باتۇر ئەرلەرگە خاس سۈلەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئاق قاشقىلىق تورۇق ئاتقا مىنگەن دانىشمەن باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك ئەبۇئەلى تۇسى ياش سۇلتانغا يانداشىپ كېلىۋاتاتتى. نىزامىلمۇلۇك ئەللىك ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان قارا ساقاللىق، بېجىرىم كىشى ئىدى. ئۇ، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرەلەيدىغان تەجرىبىلىك كۆزلىرى بىلەن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سۇلتان مەلىكشاھقا قاراپ قوياتتى. «بەئەينى ئاتىسىنى تارتىپتۇ، — دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — يارامىلىق ئادەم بولۇپ

چىقتى . تۇرقىدىن قارىغاندا ، ئۇ تېخى ئاتىسى باسالمىغان يوللارنى باسىدۇ » .

— سەمەرقەندكە يېقىن قالدۇق ، سۇلتانۇل ئەزەم ، — دېدى نىزامىلمۇلۇك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ .

مەلىكشاھ يەنە بىر ئەسناغىچە خىيال سۈرۈۋاتقاندەك سۈكۈت قىلدى ، ئاندىن ئۇ كۆزلىرىنى ئۇيۇقتىن ئېلىپ ، ئەتراپىغا ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى . ئۇيۇقتا تاقاشقان كەڭ دالىدا چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقان ئۆزىنىڭ مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئاتلىق چېرىكلىرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . ياش سۇلتان يەنە ئالدىغا قارىدى .

— قاچان يېتىپ بارىمىز ، ۋەزىر ئەزەم ؟ ! — دەپ سورىدى ئۇ .

— ئاللا خالىسا ، ئەتە كۈن پاتقۇچە يېتىپ بارىمىز .

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار يەنە جىم بولدى .

مەلىكشاھ قوشۇن تارتىپ ماۋارائۇننەھرگە جازا يۈرۈشى قىلىۋاتاتتى . ئۇ ئاتىسى ئالپ ئارسلان ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماقچىدى . ئۇ كېرماندىكى چوڭ ئىسيانىنى باستۇردى ، ئوردا ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋالدى ۋە يۇت - قوللىرى بوشاپ ، ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن بۇ تەرەپكە قەدەم تاشلىدى .

مەلىكشاھ بىلەن نىزامىلمۇلۇك باشلىغان سالجۇقىيلار قوشۇنى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى تېرمىز شەھرىگە يېقىنلاپ كەلگەندە ، بۇ شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى كەڭ ئېچىۋېتىلدى . ماۋارائۇننەھرنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى ناسىر شەمسۇلمۇلۇكنىڭ بىر ئىنىسى مۇشۇ شەھەرنىڭ ھاكىمى ئىدى . بۇ خانزادە ھاكىم شەخسەن ئۆزى شەھەر سىرتىغا چىقىپ سۇلتان مەلىكشاھنى قارشى ئالدى ۋە شەھەرنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى . مەلىكشاھ بەك خۇرسەن بولۇپ ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغا تەقدىم قىلدى ۋە ئىززىتىنى قىلىپ ماۋەرائۇننەھرگە ئۇزىتىپ قويدى . ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندە ، سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ بۇ ياش

ھۆكۈمرانى قوشۇننى قايتىدىن سەپەرۋەر قىلىپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدى.
شۇنداق قىلىپ، سالجۇقىيلار قوشۇنى غەربىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ ئاستانىسى سەمەرقەنتكە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.
نەسىللىك ئەرەب ئارغىماقلىرىغا مىنگەن چارلىغۇچىلار قويۇندەك ئۇچۇپ كېلىپ، مەلىكشاھقا مەلۇمات بەردى:
— سۇلتانۇل ئەزەمگە مەلۇم بولسۇنكى، سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى شەمسۇلمۇلۇك تۈنۈگۈن سەھەردە ئۆز قوشۇنى ۋە يېقىنلىرى بىلەن شەھەرنى تاشلاپ چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.
جالالىددىن مەلىكشاھ «چۇشەندىم» دېگەننى ئىپادىلەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە قامچا تۇتقان قولىنى شىلتىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق بەردى.
ئەتىسى كۈنى ھاۋا ئىلگىرىكىدەكلا ئوچۇق بولدى. قۇياش ئۇپۇقتىن نەيزە بويى ئۆرلىگەن مەزگىلدە، دولدۇلدەك ئۇچقۇر قارا ئارغىماققا مىنگەن چارلىغۇچى ياش چېرىك شامالدەك ئۇچۇپ كېلىپ، مەلىكشاھ بىلەن نىزامىلمۇلۇكنىڭ ئالدىدا توختىدى.
— شەمسۇلمۇلۇك قاراخانىنىڭ ياللاۋاچلىرى كەلدى، — دېدى ئۇ.
مەلىكشاھ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇككە «قانداق قىلىمىز؟» دېگەن سوئال مەنىسى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قارىدى.
— ماقۇل كۆرسىڭىز، ئۇلار بىلەن مەن سۆزلىشەي، — دېدى نىزامىلمۇلۇك.
سۇلتان بېشىنى ئىرغىتتى:
— ماقۇل، مەرھەمەت.
قوشۇن يۈرۈشتىن توختىدى. شاھانە چېدىرلار تىكىلدى. شۇ چېدىرلاردىن بىرىدە باش ۋەزىر سەمەرقەنتلىك ياللاۋاچلارنى قوبۇل قىلدى. ياللاۋاچلار يىگىرمە كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خاقان شەمسۇلمۇلۇكنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى، ۋەزىرلەر ۋە

سەمەرقەنتنىڭ كاتتا مۆتىۋەرلىرى بار ئىدى . سالجۇقىيلارنىڭ باش ۋەزىرى بۇ يالاۋاچلارنىڭ تىنچلىق ئورنىتىش ۋە يارىشىش مەقسىتى بىلەن كەلگەنلىكىنى مۆلچەرلىدى .

سۆھبەت باشلاندى . باش ۋەزىرنىڭ مۆلچەرى توغرا بولۇپ چىقتى .

يالاۋاچلارنىڭ باشلىقى ، ئاق ساقاللىق مويسىپىت كىشى ئالدى بىلەن سۆزلىدى .

— شەۋكەتلىك باش ۋەزىر جانابلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى ، بىز قارا خاقانىمىز ئەبۇ ناسىر شەمسۇلمۇلۇكنىڭ سەممىي سالىمىنى ئېلىپ ، دوستلۇق ھېسسىياتىمىز بىلەن دىدار كۆرۈشكىلى كەلدۇق ، — دېدى ئۇ پارس تىلىدا .

— قانداق گەپ بولسا بەھۇزۇر سۆزلىگەيسىز ، سىزلەر بىزنىڭ مېھمانلىرىمىز ، — دېدى نىزامىلمۇلۇك تۈركىي تىلدا .

ئۇ تۈركىي تىلدىمۇ خۇددى ئانا تىلىدەك راۋان سۆزلەيتتى .

يالاۋاچلار باشلىقى ئۇنىڭغا خاقان شەمسۇلمۇلۇكنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇردى . مەكتۇپتا سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى سالجۇقىيلار سۇلتانى بىلەن سۇلھى تۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ ، باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇكتىن ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ سورىغانىدى .

يالاۋاچلار نىزامىلمۇلۇكنى «ئالىيجاناب پەزىلەتلىك» ، «ھەقانىيەتنى قوللىغۇچى» ، «ئادىل سىياسەتچى» دېگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلەپ كەينى - كەينىدىن سۆز قىلىشتى ۋە ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ، دوستلۇق ھەم قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتىنى قەدىرلەش توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىشتى .

سالجۇقىيلارنىڭ باش ۋەزىرى ئۇلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ، ئادەمگەرچىلىك ۋە قائىدە - يوسۇن بويىچە مۇئامىلە قىلدى ، يالاۋاچلارنىڭ پىكىرلىرىگە تامامەن قوشۇلىدىغانلىقىنى ، ئۇرۇش قىلمايمۇ ئىككى ئوتتۇرىدىكى تالاش - تارتىشنى بىر تەرەپ قىلىش

مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

يالاۋاچلار بىلەن سۆھبەتنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن نىزامىلمۇلۇك سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋال تونۇشتۇردى. دەسلەپتە ياش سۇلتان مەسىلىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. ھالبۇكى، باش ۋەزىر خېلى كۆپ كۈچ چىقىرىپ، دەلىل كەلتۈرۈپ، ئاخىر ئۇنى يارىشىشقا ماقۇل كەلتۈردى.

شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان جالالىددىن مەلىكشاھ بىلەن خاقان شەمسۇلمۇلۇك قاراخان ئۆزئارا مادارا قىلىپ سۇلھى تۈزدى.

مەلىكشاھ بارلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ خوراسانغا قايتىپ كەتتى.

سالجۇقىيلار سۇلالىسىنى بەرپا قىلغان ئوغۇز - تۈركمەنلەرنىڭ قورallıق قىسملىرى شەرق تەرەپتە تىنچلىق ئورنىتىلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى ئارقىغا بۇراپ، غەرب تەرەپكە يول ئالدى. مەلىكشاھ ئەمدى مەرھۇم ئاتىسى ئالپ ئارسلاننىڭمۇ قەدىمى يەتمىگەن يەرلەرگە بېرىشنى كۆزلىگەنىدى.

⁂ ⁂

باغدات ئەربابلىرى تېخى مەلىكشاھنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئالپ ئارسلاننىڭ ھاياتلىقىدا ئۇ ئاساسەن پايتەخت تېھراندا تۇراتتى. مىلادىيە 1072 - يىلى ئۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن تاكى مىلادىيە 1073 - يىلىغىچە كېرمان ئىسياننى باستۇرۇش بىلەن بەند بولدى. مىلادىيە 1074 - يىلى ئۇ ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى ۋە يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك سۇلھى تۈزۈپ ئارقىغا ياندى. يەنە شۇ يىلى ئۇ ئانادولۇ زېمىنىدە ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن سۇلايمان شاھ ئانادولۇدا تۈركىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئىزنىك

شەھىرىنى مەركەز قىلدى.

سۇلتان مەلىكشاھ ئەنە شۇ قاتارلىق ئىشلارنى يۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختىنى تېھراندىن ئىسپاھان شەھىرىگە يۆتكىدى.

دەرۋەقە، سۇلتان جالالىددىن مەلىكشاھنىڭ باغداتقا زىيارەت ئۈچۈن بېرىشقا چولىسى تەگمەيۋاتاتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى ئۇرۇش ۋە توپىلاڭ پاراكەندىچىلىكلىرىدىن خالىي بولۇپ، ھەممە يەردە تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كاتتا ئەسىرىنى چىرايلىق ھۆسنخەت نۇسخىسى بويىچە ھەربىر ھەرپىلى دانە - دانە چىقىرىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن كۆچۈرۈپ يازماقتا ئىدى. شۇ ئىش بىلەن يەنە بىرنەچچە ئاي ئۆتتى.

مىلادىيە 1075 - يىل. باغداتتىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى يىغىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان چوڭ مەسچىتلەرنىڭ بىرىدە ناماز ئەسىر ئوقۇلۇپ بولدى. جامائەت ئالدىغا خەلىپە ئوردىسىنىڭ جاكارچىسى چىقىپ كەلدى. ئۇ ئۈچىسىغا ماتەملىك كىيىملىرىنى كىيگەن بولۇپ، قولىدا كانايچە قىلىپ يۆگەلگەن بىر مەكتۇپنى تۇتقانىدى.

— ئەھلى جامائەتكە قايغۇلۇق ھېسسىياتىم بىلەن ئوردىمىزنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزىمەن، — دېدى جاكارچى ۋە قولىدىكى مەكتۇپنى ئېچىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى، — روسۇلىللا مۇھەممەد مۇستاپانىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان پاسىبانىمىز، خوجىمىز خەلىپە قايىم ئالىي ھەزرەتلىرى ئۇشبۇ جەننەت كەبى باغدات شەھىرىدە كېسەل ئازابىنى تارتىپ ياتقاندا، پەرىشتە جەبرائىلنىڭ مۇڭداق نىداسىنى ئاڭلىدى: «ئەي ئارام تاپقان جان، ھەقتائالانىڭ دەرگاھىغا قايتقىن!» شۇنىڭ بىلەن، ئالىيجاناب خەلىپىمىز رەھىملىك ۋە شەپقەتلىك ئاللانىڭ ئاخىرەتلىك پاناھى

ئاستىغا كۆچتى . ئاللاتائالا ئۇنىڭ روھىنى قۇتلۇق قىلغاي . ئامىن !

ئۇردا ئىچىدە دەپنە ۋە ماتەم ئىشلىرى تاماملىنىپ بولغاندىن كېيىن مەرھۇم خەلىپە قايىمنىڭ ئوغلى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللا ھەزرەتلىرى خەلىپە بولدى . ئىككى كۈن ئۆتكەندە مۇدەررىس غەززالى مەھمۇد كاشغەرىينى ئىزدەپ كەلدى .

— ئەتە نىزامىيە مەدرىسىدىكى ۋە شەھەرلىك كۇتۇپخانىدىكى بارلىق مەۋلانىلەر يېڭى خەلىپىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بارماقچىدۇق . سىزمۇ بارامسىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەھمۇتتىن .

— ئەلۋەتتە بارىمەن ، شەيخ ئىمام .

خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرىللا بۇ مەۋلانىلەرنى ھۆرمەت - ئىكرام كۆرسىتىپ قارشى ئالدى . مەۋلانىلەر بۇ يېڭى خەلىپىگە بولغان ياخشى تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلدى . خەلىپە ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى .

— يېزىۋاتقان ئەسىرىڭىز قانداق بولدى ، مەۋلانە ؟ — دەپ سورىدى خەلىپە مۇقتەدى مەھمۇد كاشغەرىيگە قاراپ .

— قادىر ئاللا ئىگەم ئىنايەت قىلىپ ، بۇ ئاددىي ئەسىرىمنى پۈتۈپ بولدۇم ، خەلىپە ھەزرەتلىرى ، — دېدى مەھمۇد ، — ھازىر كۆپەيتىپ كۆچۈرۈۋاتىمەن .

مۇقتەدى بىئەمرىللا تېخى ئاق كىرمىگەن قويۇق ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراشتۇرۇپ ئولتۇرغان ھالدا «ياخشى» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى .

— رەھمەتلىك خەلىپە ئاتام سىزنىڭ شۇ ئەسىرىڭىزنى كۆرۈشكە بەك ئىنتىزار ئىدى ، — دېدى ئۇ ، — خەلىپە ئاتام پات - پات سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلاتتى . ئۇ ماڭا : «مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يېزىۋاتقىنى ياخشى ئەسەر بولۇپ چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ . يېزىلىپ پۈتكەندىن كېيىن ئۇنى دەرھال كۆپەيتىپ تارقىتىش كېرەك» دېگەنىدى .

— پېقىر شۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىپ بولغان بىر قىسىم

جايلىرىنى رەھمەتلىك خەلىپە قايىم ھەزرەتلىرىگە كۆرسىتىشتەك شەرەپكە مۇيەسسەر بولغانىدىم، — دېدى مەھمۇد كاشغەرىي.

— رەھمەتلىك خەلىپە بىرنەچچە قېتىم ئۆز ھوزۇرىغا مەۋلانە مەھمۇدنى چاقىرتىپ سۆھبەتلەشكەنىدى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى مەھمۇدنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان شەيخ ئىمام غەززالى.

— شۇنداق، — دېدى خەلىپە مۇقتەدى يەنە تەمكىنلىك بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ، — مەنمۇ ئەسىرىڭىزنىڭ جامائەتچىلىك بىلەن تېزرەك يۈز كۆرۈشۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي.

مەھمۇد ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئېھتىرام بىلەن بېشىنى ئەگدى.

— پېقىردەك بىر مۇساپىر قەلەمكەشكە شۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە تەشەككۇر، خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرىللا ھەزرەتلىرى.

※ ※

مەھمۇد ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، تەئەججۇپ بىلەن كۆردىكى، ئىلتەمۇر ئۇنىڭ شىرەسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قەلەم تەۋرىتىۋاتاتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن، ئىلتەمۇر؟

— مەن ... ھە، ئۇستازىم ... مەن ... يېزىۋاتىمەن، كۆچۈرۈۋاتىمەن ...

— ئولتۇر، ئولتۇرۇۋەر، قوزغالما. ھە، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى سەنمۇ كۆچۈرگىلى تۇرۇپسەنغۇ؟

— ئۇستازىم، سىز كۆچۈرۈپ بولاي دەپ قالدىڭىز. ئەمدى مەنمۇ باشتىن تارتىپ يەنە بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ چىقاي دەيمەن.

— ھىم، مۇنداق دېگىن.

— بولامدۇ، ئۇستازىم؟ سىز قوشۇلامسىز؟

— ھىم ، خېلى ئوبدان ، رەتلىك يېزىپسەن .
— بەرىبىر باشقا كاتىپلارغا كۆچۈرۈشكە بېرىسىزغۇ ، مەنمۇ سىزگە كاتىپ بولاي . قاملاشماي قالغان يەرلىرى بولسا ماڭا ئۆگىتىپ قويۇڭ . سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە لايىق قىلىپ كۆچۈرىمەن .
— ماقۇل ، مەن قوشۇلاي . ھە ، مانا قارا ، لامنى مۇنداق يازساڭ چىرايلىق چىقىدۇ ، مىمنى مۇنداق يازغىن ، نۇن مۇنداق... ھىم ، ياخشى ، يارايسەن ، ئوغلۇم . تىرىشچان بالا بولۇپ ئۆسۈۋاتىسەن . بىراق ، بىر شەرتىم بار . بۇ كىتابنى كۆچۈرىمەن دېسەڭ ، مەدرىسىدىكى ئوقۇشۇڭغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكىڭ كېرەك .
— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن ، ئۇستازىم .
— ھىم ، كەچ كىرىپ قالدى . كۆپ يېزىۋېتىپسەن . ئەمدى ئارام ئالغىن . ئەتە يەنە داۋاملاشتۇرساڭ بولىدۇ .
— ماقۇل ، ئۇستازىم .
ئىلتەمۇر شۇ گەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى .
— ھە ، بىردەم توختاپ تۇرغىنا ، — دېدى مەھمۇد ۋە شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .
ئىلتەمۇر ئىشىك ئالدىدا توختاپ ئۇنىڭغا قارىدى . مەھمۇد شىرە ئۈستىگە بىر غولاچ ئۇزۇنلۇقتىكى ناۋات رەڭ يىپەك بىلەن پاتلانغان قەغەزنى يايدى ، قولىغا مەخسۇس ھۆسنخەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يوغان قەلەمنى ئالدى ـ دە ، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يازدى :
«ئوغۇل ، مەندىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت ئال ، پەزىلەت تىلە ، خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ بىلىمىڭنى تارقات» .
— مانا بۇ ھۆسنخەتنى ساڭا سوۋغا قىلاي ، — دېدى مەھمۇد ۋە يىپەك بىلەن پاتلانغان قەغەزنى ئىككى قولى بىلەن ئېلىپ ئىلتەمۇرگە ئۇزاتتى .

ئېلتەمۇر ئېھتىرام بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .

— رەھمەت ، ئۇستازىم ، — دېدى ئۇ ، — مەن بۇ قىممەتلىك سوۋغىنى ھۇجرامغا ئېسىپ قويىمەن .

ئېلتەمۇر ھۆسنىخەت يېزىلغان لەۋھەنى قوش قوللاپ كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى .

مەھمۇد شىرەنىڭ يېنىدا ئۇزاق ئولتۇردى . «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تۈزىتىلىپ كۆچۈرۈلۈپ بولغان قىسمىنى ئالدىغا قويدى ۋە خىيال ئارىلاش ئاستا ۋاراقلىدى ، ئاندىن قولىغا قەلەم ئېلىپ ، باشتىكى بىرىنچى بەتنى قايتا كۆچۈردى ۋە تۆۋەندىكى قۇرلارنى قوشۇپ قويدى :

«بۇ كىتابنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان ، ھاشىم ئۇرۇقىدىن ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسىدىن يولباشچى بولغان خوجىمىز ، ئىگىمىز ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە ئاللا تەيىنلىگەن خەلىپە مۇھەممەد ئوغلى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللا ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم ...»

※ ※

ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ سارىيى ھەشەم ۋە كۆركەملىكتە ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ئاڭ قالدۇراتتى . بۇ سارايىنىڭ سېپىل ۋە دەرۋازىلىرىدىن تارتىپ ھەرقايسى خانىلارنىڭ ئىچكى بېزەكلىرىگىچە بولغان پۈتكۈل قۇرۇلمىسىدا ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ھۈنەر ، ئەڭ نەپىس سەنئەت نەمۇنىسى مۇجەسسەملەنگەنىدى . ئىمارەتنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى كىشىگە ئۇلۇغۋارلىق تۇيغۇسىنى بېرەتتى ، نازۇك نەقىشلەرنىڭ رەڭدارلىقى كۆزنى قاماشتۇراتتى .

شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى ، سارايىنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسى

ئالتۇن ئۈزۈككە ئوخشىسا، چوڭ قوبۇلخانىسى گويا شۇ ئۈزۈككە قوندۇرۇلغان گۆھەر كۆزگە ئوخشايتتى. قوبۇلخانا ئىچى ئىنتايىن كەڭ ۋە ئازادە بولۇپ، تۆت بۇلۇڭغا بىر كەلتۈرۈلۈپ ئوتقاشتەك رەڭدار گىلەملەر سېلىنغان، كۆك سىرلانغان تاملارغا ئاق گەجدىن قاپارتما نەقىشلەر ئويۇلغان. قۇببە شەكلىدىكى تورۇس ۋە ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ چۆرىلىرى ئالتۇن رەڭدە يالتىراپ تۇراتتى. چوڭ - چوڭ روجەكلەرگە ئاق، كۆك، قىزىل، يېشىل، سېرىق رەڭلىك ئەينەكلەر ئويۇلغان. بۇ يەرگە كىرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى زوقلىنىپ شائىرانە ھېس - تۇيغۇلار بىلەن ئىلھاملانسا، بەزىلىرى گويا قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى سېھىرلىك دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك بولاتتى.

بولۇپمۇ، بۈگۈن قوبۇلخانا ئىچى ئالاھىدە سەلتەنەتلىك تۈس ئالغانىدى. تۆرگە قويۇلغان ئالتۇن تەختتە خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرىللا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۈچىسىغا ئۈزۈن زەرباپ تون كىيگەن، بېشىغا كۈمۈش رەڭ يىپەك سەللە ئورىغان، سەللىنىڭ ماڭلاي قىسمىغا ئۆرۈكتەك چوڭلۇقتىكى سۈزۈك يېشىل زۇمرەت ئورنىتىلغان، ئوڭ تەرەپ قىسمىغا ئاقۇچ - سارغۇچ ئىككى تىزىق مەرۋايىت ئىلەڭگۈچ شەكلىدە ساڭگىلىتىپ ئېسىلغانىدى. تەختنىڭ ئارقا تەرىپىدە سۇس قىزىل رەڭلىك نېپىز يىپەك كۆڭلەك كىيگەن ئوماق ئىككى دېدەك قىز تۆگىقۇشنىڭ قاناتلىرىدىن ياسالغان ئۈزۈن ساپلىق يەلپۈگۈچ بىلەن بۇ مۆمىنلەر ئەمرىنى يەلپۈپ تۇراتتى. تەختنىڭ ئىككى يېنىدىن تاكى پەگاھقىچە ھەزرىتى خەلىپىنىڭ يېقىنلىرى، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، ئاتاقلىق ئالىملار، شائىرلار ۋە نوپۇزلۇق مۆتىۋەرلەر گىلەم ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۈزۈن ئاق يەكتەكلەرنى كىيىشكەن ئەرەب مۇلازىملار كىشىلەرنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا قويۇلغان چىنىلەرگە ئىنچىكە بويۇنلۇق كومزەكلەردىن شەربەت قۇيۇپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئىشىك ئالدىدا ئەپچىلگىنە قىسقا چاپان كىيىپ، كۈمۈش كەمەرلىرىگە ئەگرى قىلىچلارنى

ئاسقان تۆرك نۆكەرلىرى كۆكرەكلىرىنى باھادىرلارچە كېرىپ تۆپتۈز قېتىپ تۇراتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن پېشقەدەم مۇدەررىس غەززالى قەلەمكەش مەۋلانىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى. بۇ مەۋلانىلەر ئەرەب، پارس، تۈرك قەبىلىلىرىدىن چىققان ئەدىبلەر، تىلشۇناسلار، پەيلاسوپلار، تارىخچىلار ئىدى. بۇلارنىڭ تولىسى مەھمۇد بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان، ئۇنىڭ ئەسىرى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشكەن ۋە پىكىرلەشكەن ياكى ئەسەرنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى ئوقۇپ چىققان كىشىلەر ئىدى. مەھمۇد بۇ مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەرقايسىنىڭ ئۆز كەسپى بويىچە پىكىر ئالماشتۇرغان ۋە يېزىش جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇلار بىلەن كېڭەشكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كۆرستىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەربابلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بۈگۈنكى مۇراسىمغا قاتناشقانىدى، چۈنكى بۇ يىغىلىشتا مەھمۇد ئۆز ئەسىرىنى خەلىپىگە تەقدىم قىلماقچىدى.

مۇراسىم باشلانغاندىن كېيىن ئوردا شائىرلىرى نۆۋەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلىپىگە بېغىشلانغان مەدھىيە ـ قەسىدىلىرىنى تەنتەنىلىك ئاھاڭدا ئوقۇدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سارايىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار سالاپەتلىك قەدەملىرى بىلەن ئالدىغا چىقتى ۋە ھەربىر سۆزىنى دانە ـ دانە چىقىرىپ ئۈنلۈك ئېلان قىلدى:

— ئەي جامائەت، ئىشتىڭلەركى، ھازىر تىلشۇناس ئالىملىرىمىزدىن ھەزرىتى مەۋلانە مەھمۇد ئىبنى ھۇسەين ئەل كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىنى خوجىمىز خەلىپە ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللا ھەزرەتلىرىگە تەقدىم قىلىدۇ!

مەھمۇد زەر گۈللۈك شەلپەر رومالغا ئوراپ يېنىغا قويۇپ قويغان كىتابىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتتى، يۈرىكى ھاياجان ئىلكىدە قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى گوياكى يېنىكلەپ قالغاندەك، ئىچى يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

— تۇرۇڭ، مەۋلانە، — دەپ پىچىرلىدى غەززالى ۋە ئۇنىڭ بىلىكىدىن ئاستا تۇرتۇپ قويدى.

مۇراسىمدىكى بارلىق ئىشتىراكچىلارنىڭ كۆزلىرى مەھمۇدقا تىكىلگەنىدى. تۆردىكى تەختتە ئولتۇرغان خەلىپىمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— قېنى، مەۋلانە، مەرھەمەت، — دېدى بايىقى ئەمەلدار قول ئىشارىتى بىلەن تەخت تەرەپنى كۆرسىتىپ.

مەھمۇد ئورنىدىن تۇردى. قوبۇلخانا ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. شۇ تاپتا مەھمۇد ئۆزىنى ئاجايىپ بىر تەنتەنىلىك ۋە ھېكمەتلىك مۇھىت ئىچىدە سېزەتتى. ئۇ زەر گۈللۈك شەلپەر رومالغا ئورالغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى كۆكرىكى ئالدىدا قوش قوللاپ تۇتقان ھالدا سالماقلىق قەدەم بېسىپ ئالتۇن تەختنىڭ ئالدىغا كەلدى. خەلىپە بىلەن تىلشۇناسنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. خەلىپىنىڭ كۆزلىرى روشەنكى، «ھە، گېپىڭىز بولسا سۆزلەڭ، مەۋلانە» دېگەننى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

— بۇ ئاددىيغىنا ئەسىرىمنى ئۆزلىرىگە ئارمىغان قىلدىم، خەلىپە ھەزرەتلىرى، — دېدى مەھمۇد ۋە كۆزلىرىنى پەسكە قارىتىپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ داۋاملاشتۇردى، — بۇ كىتابنى رەسمىي يېزىشقا كىرىشىپ، دەسلەپكى قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالغان ۋاقتىمدىن ھېسابلىغاندا ھازىر توپتوغرا ئون بەش يىل ئۆتتى. ھالبۇكى، مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، تەييارلىق قىلىشقا باشلىغان ۋاقتىمدىن ھېسابلىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇن بىر دەۋر ئۆتۈپ كەتتى.

مەھمۇدنىڭ سۆزلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈشىنىكسىز بىر خىل ھاياجان تۇيغۇسى دولقۇنلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ نەپسىنى بوغماقتا ئىدى. سورۇندىكىلەر پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى كۈتمەكتە ئىدى.

— ئەڭ مۇھىم تەييارلىق باسقۇچى تىل تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى ، — مەھمۇد يەنە سۆزلىدى ، — تىل تەكشۈرۈشكە ئاتلانغاندا مەن تېخى ياش يىگىت ئىدىم . ئاتام بىلەن بوۋام مېنى ئۇزۇن سەپەردە كۆپ يەرلەرنى كۆرۈپ چېنىقسۇن ، پىشسۇن دەپ چوڭ بىر كارۋان تەييارلاپ بەردى . مەن شۇ كارۋاننى باشلاپ ، بىر تەرەپتىن ئاتام تاپشۇرغان تىجارەت ئىشىنى ئادا قىلغاچ ، يەنە بىر تەرەپتىن تىل تەكشۈرۈش ئىشىنى ئېلىپ باردىم . شۇ يۈرۈشۈمدە كاشغەردىن تارتىپ تاكى ئېدىل دەرياسى بويلىرىغىچە باردىم . سەپەر جەريانىدا يىغىلغان قولىيازمىلىرىمنى كېيىن يەنە مۇساپىر بولۇپ سەمەرقەنت ، بۇخارا ، نىشاپۇر قاتارلىق جايلاردىن باغداتقىچە بولغان ئارىلىقتا يىغىلغان مەلۇماتلار بىلەن تولۇقلىدىم . شۇنداق قىلىپ ، ئاخىر بۇ كىتاب يېزىپ چىقىلدى . بۇ ئەمگەك مېنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا يەتكۈزدى . ئۆمرۈم پەسلى قىش كۈنلىرىگە ئۇلىشاي دەپ قالدى . ساقال - بۇرۇتۇمغا ئاق سانجىشقا باشلىدى . دېمەك ، ھايات بېغىمدىكى چىمەنلەرگە كەچ كۈزدىكى قىرو چۈشتى . ئەنە شۇنداق قىرو چۈشكەن چىمەن ئىچىدە تۇرۇپ ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلماقتىمەنكى ، شۇنچە نۇرغۇن يىللىق ئەمگىكىم سىڭگەن بۇ كىتاب ، مانا ئەمدى يورۇقلۇققا چىقتى .

شۇ گەپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي زەر گۈللۈك شەلپەر رومالنى يېشىپ ، كۆك رەڭلىك كۆن بىلەن مۇقاۋىلانغان يوغان ھەم قېلىن كىتابنى چىقاردى .

— قوبۇل قىلغايسىز ، خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرىللا ھەزرەتلىرى ، — دېدى ئۇ ۋە تەختكە يەنە بىر قەدەم يېقىنلاپ كېلىپ ، كىتابنى قوش قوللاپ ئالدىغا ئۇزاتتى .

خەلىپىمۇ كىتابنى قوش قوللاپ قوبۇل قىلدى .

كۆك مۇقاۋا ئۈستىگە ئالتۇن رەڭدە ھۆسنخەت بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دەپ يېزىلغانىدى .

كىتاب تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن بەزمە

باشلاندى. ئابباسىيلار سۇلالىسىگە قاراشلىق ھەرقايسى جايلاردىن تاللاپ كېلىنگەن ئاتاقلىق ئەرەب سەنئەتچىلىرى ئويۇن كۆرسىتىشكە باشلىدى. سازەندىلەر تۈرلۈك چالغۇلارنى ھەۋەسلىنىپ چالدى. رەڭگارەڭ كېپىنەكلەردەك ياسانغان ئۇسسۇلچى قىزلار چاققان ۋە ئەپچىل ھەرىكەتلىنىپ گوياكى ياپيېشىل ئوتلاقتىكى كېيىك بالىلىرىنى دورايتتى، يالىڭاچ بەللىرىنى چارىيلاندەك تولغاپ، ئوينىتىپ گوياكى جەننەت باغلىرىدا يايراپ يۈرگەن ھۆر - پەرىلەرنى ئەسلىتەتتى.

مەھمۇد كاشغەري خۇشاللىق ۋە تەنتەنە تۇيغۇلىرى ئارىلاشقان مۇرەككەپ تەسىراتلار ئىلكىدە ۋۇجۇدى يېنىكلەشكەن، دىلى يورۇغان ھالدا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن بۇ سەنئەت نامايەندىلىرىنىڭ ماھارىتىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى. ھالبۇكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا گويا ئاشۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان گۈزەل قىزلار ئارىسىدىن ھېكمەتلىك يورۇقلۇق تارقىلىپ، مۇئەللەقتە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دېگەن ئالتۇن رەڭلىك خەتلەر نۇر چېچىپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

## توققۇزىنچى باب

## «ئىنسانچىلىقتىكى ئىشلار»

سالجۇقىيلارنىڭ زور قوشۇنى كۈنپېتىشتىكى يەرلەرنى كۆزلەپ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرلەپ كېتىۋاتاتتى.

مىس دۇبۇلغا، تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن سۇلتان مەلىكشاھ بەجايىكى ۋاقىت بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك قوشۇننى توختىماي ئالغا ئىلگىرلەشكە ئۈندەيتتى. ئۇ قولىدىكى قامچىسى بىلەن قۇياش پېتىپ كېتىۋاتقان تەرەپنى كۆرسىتىپ خىتاب قىلدى:

— قاراڭلار، ئەنە ئاشۇ تەرەپتە ۋىزانتىيە دۆلىتى بار. بۇ دۆلەتنىڭ قوشۇنى گەرچە مالازگىرد ئۇرۇشىدا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا بىزنىڭ غەربىي چېگرىلىرىمىزگە تەھدىت سېلىپ تۇرماقتا، بۇ تەرەپتە يەنە پاتىمە سۇلالىسىگە قاراشلىق يەرلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قۇدرەت تېپىشىمىزغا، دۇنيادىكى باشقا ئەللەر بىلەن باراۋەرلىكتە ھايات كەچۈرۈشىمىزگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايۋاتىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى دۈشمەنلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا ئەللەرنى بىزگە قارشى قۇتراتماقتا. بىزنى قەبىلىۋازلىق ۋە دىنىي مەزھەپچىلىك پاتقىقىغا سۆرەپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بىز ئۇ قارا نىيەتلەرنىڭ تەھدىتىنى يوقىتىشىمىز كېرەك!

مەلىكشاھ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى.

— ئالغا! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — توختىماي ئالغا!

تۇمەنلىگەن ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ۋە تۇياقلارنىڭ

دۇپۇرلەشلىرى دەشتى ـ باياۋانلارنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. غەلىبىسىرى جەڭگىۋارلىق روھى ئۆسۈپ كېتىۋاتقان ئوغۇز ـ تۈركمەن جەڭچىلىرى پېتىۋاتقان قۇياشنى قوغلاپ، يىراقلاپ كېتىۋەردى.

سالجۇقىيلار شۇ يۈرۈشىدە ۋىزانتىيىگە قاراشلىق بىر قىسىم يەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە كەلدى، ئۇلار مىلادىيە 1076 ـ يىلى پاتىمە ئەرەب خەلىپىلىكى قولىدىن سۈرىيە ۋە پەلەستىنىنى تارتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، سالجۇقىيلارنىڭ قول ئاستىدىكى يەرلەر خوراسان، ئىران، ئىراق، ئانادولۇ قاتارلىق جايلاردىنمۇ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتاشقانىدى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇلارنىڭ يەرلىرى يەنە ئۈزلۈكسىز كېڭەيمەكتە ئىدى.

سۇلتان جالالىددىن مەلىكشاھنىڭ دەۋرىدە سالجۇقىيلار سۇلالىسى جاھان مىقياسىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئەتراپتىكى مەملىكەتلەر ھۆكۈمدارلىرى مەلىكشاھنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا، خۇددى كۆز شامىلدا قالغان ياپراقتەك تىترەپ كېتىدىغان ھالەتكە يەتتى. يات ئەللەر پۇقرالىرى «ئوغۇز تۈركلىرىنى يەڭگىلى بولمايدۇ» دېگەن ئەقىدىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدى. دەرۋەقە، سالجۇقىيلارنىڭ دۆلەت قۇشى خۇددى رىۋايەتلەردە سۆزلەنگىنىدەك، توققۇز قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلماقتا ئىدى.

باغدات ئاھالىسى ئىچىدىمۇ سالجۇقىيلارنىڭ شان ـ شۆھرىتى كۈندىن ـ كۈنگە ھەسسىلەپ ئۆسمەكتە ئىدى. خۇسۇسەن، خەلىپە مۇقتەدى شۇ كۈنلەردە بەك خۇشال ئىدى. ئابباسىيلار خەلىپىلىرى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋر جەريانىدا شىئە مەزھىپى ۋە ئىسمائىلىيە گۇرۇھىدىكىلەر بىلەن قارشىلىشىپ كەلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، سالجۇقىيلارنىڭ ياش سۇلتانى مەلىكشاھ پاتىمە سۇلالىسىگە زەربە بېرىپ، ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى چەكلىدى. سۈننىيلەر ئەمدى روشەن ئۈستۈنلۈككە

ئىگە بولۇپ تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. پاتىمە خەلىپىسىنىڭ نامى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خۇتبىدىن چىقىرىۋېتىلدى. باغداتتا ئەمدى خەلىپە مۇقتەدى بىلەن مەلىكشاھنىڭ ئىسىملىرى خۇتبىدە ئوقۇلىدىغان بولدى.

باغداتتا سالجۇق تۈركلىرىنىڭ دىۋان - مەھكىمىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرى كۆپەيتىلدى. تۈرك كۆچمەنلىرى باغداتقا ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئىشقىلىپ، ھەممە يەردە تۈركلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدىغان بولۇپ كەتتى.

بۇ كۈنلەردە، باغدات شەھەر مەھكىمىسىدە كۆچۈرمە كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ھېلىقى ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ دېگەن كىشى بەكلا جىددىيلىشىپ يۈرەتتى. ئۇ ۋەزىيەتتىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىشنى، جەمئىيەتتىكى ھەربىر يېڭىلىقنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. بىر قىسىم كىشىلەر خەلقنىڭ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ ۋەزىيەتنى، جەمئىيەتنى كۆزىتىدۇ ۋە تەھلىل قىلىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ھەر ئىشتا ئۆزىگە تېگىدىغان پايدا ۋە مەنپەئەتنى كۆزلەيدۇ. ھەيدەر كاتىپ ئەنە شۇنداق ئىككىنچى تۈردىكى ئادەملەردىن ئىدى. «قايسى تەرەپتە پايدا كۆپ؟ — دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى ئۇ، — ئەرەبلەردىمۇ، تۈركلەردىمۇ؟»

ئۇ باغداتقا كەلگەندىن كېيىن ئەرەبلەر دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىۋېلىشقا تىرىشتى. «خەلىپە ئەرەب، — دەيتتى ئۇ ئۆزى ئۆزىگە، — باغدات ئەرەبلەرنىڭ شەھىرى. جان باقىمەن دېسەڭ، ئەلۋەتتە، سەنمۇ ئەرەب بولۇۋېلىشىڭ كېرەك».

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كاشغەردىن كىيىپ چىققان سۆسەر تۇماق، كىمخاب تون ۋە ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئەرەبچە ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيدى. بېشىغا خۇددى شۇنداقلا ئاق رومالنى يۆگىدى، پۇتلىرىغا قايرىما تۇمشۇقلۇق كەشلەرنى سېپىۋالدى. كاشغەرىيە ۋە ماۋەرائۇننەھردىن بىرنەچچە تۆگىگە

ئارتىپ ئەكەلگەن ماللىرىنى دەسمايە قىلىپ تىجارەت ئىشلىرىنى يولغا سېلىنىۋالدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن تىللا، تەڭگىلەرنى يەمچۈك قىلىپ ئەرەبلەرنىڭ «ئاقساقال ـ كۆكساقاللىرى»نى ئۇۋلاشقا كىرىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي شەھەرلىك مەھكىمىدىكى باش كاتىپتىن ئىبارەت خېلى سېمىز بىر بېلىق قارماققا ئىلىندى. نەتىجىدە بۇ ئۇستا «ئوۋچى» ۋە «بېلىقچى» شۇ مەھكىمىگە كۆچۈرمىچى كاتىپ بولۇپ ئورۇنلىشىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، كۆچۈرمىچى ھەيدەر ئىبنى ياقۇپنىڭ جاھاندارچىلىق ئىشلىرى ئوبدانلا يۈرۈشۈپ كەتتى.

ھالبۇكى، بۇ تىنىم تاپماس پائالىيەتچان كىشى ئۇنداق ئاسانلا بولدى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بولغانچە بولغۇسى كېلەتتى. «توختا، ھەيدەر، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى، — ئوبدان ئويلاش كېرەك. ھازىر پەلەكنى تۈركلەر چۆرگىلىتىۋاتىدۇ. قارىغاندا، تۈركلەردىن پايدا ـ مەنپەئەت كۆپرەك چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. ھەممە يەردە تۈركلەر ھوقۇق تۇتۇۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت ئىشلىرى سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى بويىچە بېجىرىلىۋاتىدۇ. ھەتتا دىۋان ۋە مەھكىمىلەرنىڭ ئىشىك بېشىغا ‹سۇلتان ئاللانىڭ يەردىكى سايىسىدۇر›، دەپ يېزىلىدىغان بولدى. ئەرەب خەلىپىسى دىنىي داھىيدىنلا ئىبارەت. دۇنياۋى ئىشلاردا ئۇنىڭ ھېچقانچە ھوقۇقى قالمىدى. يەنە كېلىپ، خەلىپە گەرچە دىنىي داھىي بولسىمۇ، سۇلتاندەك ‹ئاللانىڭ يەردىكى سايىسى› بولالمىدى. ياق، ھەيدەر، ئەقلىڭنى ئىشقا سال. ئەمدى بىر ئامال قىلىپ ئوغۇزلارنىڭ ئىچىگە قىستىلىپ كىرىۋېلىش كېرەك. بۇ زىددىيەت دولقۇنلىرىغا تولغان ھايات دېڭىزىدا پايدا مەملىكىتى قاياقتىن كۆرۈنسە، كېمىنى ئۇستىلىق بىلەن شۇ ياققا ھەيدەش زۆرۈر. ئىنسانچىلىقتىكى ئىشلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ».

شۇنىڭ بىلەن، ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ تۈرك ئەمەلدارلىرىنى ئاستىرتىن كۆزىتىشكە، ئۇلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى ۋە خىزمەت ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلاشقا باشلىدى.

سالجۇقىيلار دائىرىلىرى يېقىندا باغداتتا يېڭىدىن بىر چوڭ دىۋان تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ دىۋان پۈتۈن ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ بارلىق مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغانىدى.

— مانا مۇشۇ دىۋانغا كىرىۋالالىغان ئادەمنىڭ ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ، — دېدى ھەيدەر كاتىپ ئۆز ھەقەمسايىلىرىدىن بىرىگە.

— توغرا، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى ھەقەمسايىسى، — لېكىن ئۇ يەرگە كىرىش ئاسان ئەمەس. ئۇ يەردە ئىشلەيدىغان ئەمەلدارلارنى قاتتىق سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن قوبۇل قىلىشىدىكەن.

ھەيدەر خىيال سۈرۈپ قالدى.

— يول تېپىش كېرەك، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ ئاشۇ دىۋانغا باردى. «ئۇ يەردىكىلەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش كېرەك» دېگەن قارارغا كەلگەنىدى ئۇ.

ئۇنى دىۋانبېگىنىڭ كاتىپى قوبۇل قىلدى.

— خوش، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— دىۋانغا يېڭىدىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىنىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم.

— بۇ يەردىكى خىزمەتچىلەر ھەممىمىز دىۋانبېگى بىلەن خوراساندىن بىللە كەلگەن. بىلىشىمچە، خىزمەتچىلىرىمىز ھازىرچە تولۇق.

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە... ھە... ھە، دىۋانبېگى بىلەن بىر كۆرۈشۈپ بېقىشقا مۇمكىن بولارمۇ، مۆھتەرەم كاتىپ جانابلىرى؟

— بولماسمىكىن، تەقسىر. بېگىم ھازىر يوق، ئات بەيگىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

— ئات بەيگىسىگە؟

— شۇنداق، بېگىم نەسىللىك ئەرەب ئاتلىرىدىن ئىككىنى

سىپتىۋالغانىدى . شۇ ئاتلارنى سىناپ باقماقچى بولۇپ بۇگۈن سەھەردىلا دالىغا چىقىپ كەتكەن . ئۇ زات يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئات بەيگىسىگە چۈشمەكچى .

— دىۋانبېگى ئاتنى ياخشى كۆرىدىكەن ـ دە ؟

— ۋاھ ، بۇنى بىر دېمەڭ ! — كاتىپ ئۆزى يالغۇز ئىچى پۇشۇپ قالغاندا بۇنداق بىر سۆھبەتداشنىڭ چىقىپ قالغىنىدىن خۇش بولۇپ سۆزلەپ كەتتى ، — بىزنىڭ بېگىمىز ئاتقا شۇنداق ئامراقكى ، قەيەرگە بارسا شۇ يەرنىڭ ياخشى ئاتلىرىنى سېتىۋالماي قالمايدۇ . ئۇنىڭ ئېغىللىرىدا سۇلمى ئېتى ، سەمەرقەنت ئېتى ، ئىلى ئېتى ، قىرغىز ئېتى ، قىپچاق ئېتى ، تۈركمەن ئېتى ، كاۋكاز ئېتى… ئىشقىلىپ ، ھەممە يەرنىڭ ئاتلىرى بار .

— دىۋانبېگىنىڭ ئىسمى شەرىپى كىم بولىدىكىن ؟

— ئۇنىڭ ئىسمى ئازاق . خوراساندىكى ئوغۇز بەگلىرىدىن بولىدۇ . بىزنىڭ بۇ بېگىمىز… ھەي ، نېمە بولدىڭىز ؟ گەپنى تۈگەتمەيلا قوزغالدىڭىزغۇ ؟ بېگىمگە ئېيتىپ قويىدىغان گېپىڭىز بارمۇ ؟ ياكى بىرىپ قويىدىغان خېتىڭىز بارمۇ ؟

— رەھمەت ، ھەشقالللا ، كاتىپ جانابلىرى ، مەن چىقاي .

ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ چىرايى جىددىيلەشكەن ، باشقىچە تېتىكلىشىپ كەتكەن ھالدا دىۋاندىن ئالدىراپ قايتىپ چىقتى ـ دە ، ئۇدۇل ئات بازىرىغا چاپتى . شۇ چاپقىنىچە ئۇدا تۆت كۈنگىچە ھارغىنىنى ـ ئاچقىنىنى ئۇنتۇپ ، «باغدات بويىچە ئەڭ ياخشى ئاتنى ئالىمەن» دەپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇر يوللاپ ۋە ھەر تەرەپتىن ئۇچۇر يىغدى . دىۋانبېگىنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولسا ، ھەيدەرنىڭ يولى كۆپ ئىدى . ئۇنىڭ ئېلىپساتارلىق ئۆتكەللىرىگە يېيىشۋەتكەن مۇناسىۋەت ـ ئالاقە تورلىرى كەڭ ئىدى . شۇ ئالاقە تورلىرى ئارقىلىق ئاخىر ئۇنىڭ قولىغا شۇنداق بىر ئارغىماق چۈشتىكى ، كۆرگەن ئادەم ئۇنى ئەرشتىن ئۇچۇپ چۈشكەن تۇلپارمىكىن دەپ قالاتتى .

ھەيدەر بۇ غاز بويۇن ئاق تۇلپارغا مەشۇتتىن چۇچۇلا تۇتۇلغان

قىپقىزىل تاۋار يوپۇقنى ياپتى ۋە چۈلۈۋرىدىن يېتىلەپ ، ئازاق بەگنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى . ئازاق بەگ ھەقىقەتەن ئات مەستانىسى ئىدى . ئۇ ھەيرەت ئىچىدە چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ ، خۇددى غايىبتىن پەيدا بولغاندەك ئۆزىنىڭ ئالدىدا پۇشقۇرۇپ ، ئويناقلاپ تۇرغان بۇ تۇلپارغا قاراپلا قالدى .

ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ ، ئازاق بەگكە تەزىم قىلدى .

— ھەزرەتلىرىنىڭ نەسىللىك ئەرەب ئاتلىرىنى تاللاپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدىم . شۇڭا ، بۇ ئاتنىمۇ كۆرۈپ باقامدىكىن دەپ كەلگەنىدىم ، — دېدى ئۇ ئاق ئارغىماقنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ .

— ياخشى ئات ئىكەن ، قالتىس ئات ئىكەن ! — دېدى ئازاق بەگ ۋە يېقىن كېلىپ ، بۇ تۇلپار سۈپەت ئاق ئاتنىڭ ئۇزۇن بويىنىنى سىلاپ ، يالىنى بارماقلىرى بىلەن تاراشتۇرۇپ قويدى .

— يارىغان بولسا ھەزرەتلىرىگە قالسۇن ، — دېدى ھەيدەر ۋە كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ بۇ دىۋانبېگىگە سەپسالدى .

ئازاق بەگ بويى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ ، يەلكىلىرى كەڭ ، تولۇق كەلگەن قارا ساقاللىق كىشى ئىدى . ھەيدەر بۇ كىشىنى كەينىدىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ، ئۇنىڭ كۆپ جەڭلەرگە قاتناشقان قەيسەر سەركەردە ئىكەنلىكىنى ئۇققانىدى . دېگەندەك ، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى چەبدەس ، گەپ - سۆزى تۈز ئىدى .

— ماقۇل ئەمىسە ، تەقسىر ، — دېدى ئۇ ھەيدەرگە دوستانە رەۋىشتە قاراپ ، — بۇ ئاتنى مەن ئالاي ، باھاسى قانچە ؟

«ھالقىلىق پەيت كەلدى» دەپ ئويلىدى ھەيدەر ۋە يەنە كۈلۈمسىرەپ :

— كارى چاغلىق ، بېگىم ، كارى چاغلىق . ئەمىسە ئات سىلىگە قالسۇن ، — دېدى - دە ، ئېگىلگەن پېتى كەينىگە مېڭىپ ، قايتىپ كېتىشكە تەمشەلدى .

— توختاپ تۇرۇڭ ، تەقسىر ، — دېدى ئازاق بەگ

ۋە كەمەرگە ئېسىقلىق پۇل قاپچۇقىنى يېشىۋېلىپ ھەيدەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى .

— ياق ، ياق ، بېگىم ، ئۇنداق قىلمىسىلا ، — ھەيدەر ئالدىراپ - تېنەپ ئازاق بەگنىڭ قولىنى ياندۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى ، — ئۇنداق قىلمىسىلا ، بېگىم . مەن بۇ ئاتنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ ئۆزلىرىگە تۇتتۇم . مەن... مەن پۇل ئالمايمەن ، بېگىم .

— ئۇنداق بولسا ، مەنمۇ بۇ ئاتنى ئالمايمەن . مالنى ئېلىپ پۇل بەرمەيدىغان ئىش نەدە بار ؟

ھەيدەر يەنىلا ئۇنىماي ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇراتتى .

— ياق ، بېگىم ، ئۇنداق قىلمىسىلا ، خۇش بولۇپ كېتەي . سىلىنىڭ پۇللىرىنى ئالسام دۇرۇس بولمايدۇ . ئۇنداق قىلمىسىلا ، بېگىم ، كېيىن تەڭشىلىپ كېتەر...

ئازاق بەگنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىقلاشتى .

— كېيىنكى ئىشنى كېيىن كۆرىمىز ، تەقسىر ، — دېدى ئۇ ، — مەن ئەزەلدىن نېسىگە نەرسە ئالمايمەن . پۇلنى ئالمىسىڭىز ، ئاتنىمۇ قايتۇرۇپ كېتىڭ .

ھەيدەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى .

— ماقۇل ئەمىسە ، بېگىم ، رازى بولسىلا ، — دېدى ئۇ ۋە كەينى - كەينىدىن ئېگىلىپ - پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغىنىچە كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

ئازاق بەگ بۇ ئېسىل ئارغىماقنى كۆرۈپ بەك خۇرسەن بولدى ، چەۋەندازلىق ھەۋىسى ئۇنىڭ قېنىنى قىزىتىۋەتتى . شۇ كۈنىلا ئۇ شەھەر سىرتىغا چىقىپ بۇ ئاتنى مىنىپ باقتى ، سىناپ كۆردى ۋە يەنىمۇ مەمنۇن بولدى .

كېيىنكى كۈنلەردە ئازاق بەگ بۇ ئېتى بىلەن بەيگىلەردە داڭق چىقاردى ۋە ئۇنىڭ ھەيدەرگە بولغان مىننەتدارلىقى چوڭقۇرلاشتى . بۇ جەرياندا ھەيدەر ئازاق بەگنى بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ كەلدى . ھەر قېتىم كەلگەندە قۇرۇق كەلمىدى ، ئەلۋەتتە . ئۇنىڭ ئەكەلگەن

سوۋغىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى دىۋانبېگى ئۆز لايىقىدا ياندۇردى، لېكىن يەنەبىر قىسمىنى ياندۇرۇشقا ئۇلگۇرۇپ بولالمىدى، چۈنكى سوۋغىلار بەك ئارقا - ئارقىدىن بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ تۈز كۆڭۈل دىۋانبېگى ئاخىر ھەيدەرنىڭ سوۋغىلىرى ئىچىدىكى ھالالىرى بىلەن ھاراملىرىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

قانداقلا بولمىسۇن، ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ سالجۇقىيلارنىڭ باغداتتىكى دىۋانبېگى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىۋالدى. دىۋانبېگىمۇ بارا - بارا ھەيدەرنى ماختايدىغان بولۇپ قالدى.

— بۇ ھەيدەر ناھايىتى خۇش كۆڭۈل، چىقىشقاق ئادەم ئىكەن، — دېدى ئۇ تونۇش - بىلىشلىرىگە.

مۇناسىۋەت يەنەبىر مەزگىل داۋاملاشتى. ئازاق بەگ ئەمدى قايىل بولغان ئاھاڭدا:

— بۇ ھەيدەر ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن، — دەيدىغان بولدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەيدەر دىۋانبېگىگە سۆز ئېچىپ باقتى:

— پېقىر خېلى بۇرۇنلا ئازاق بەگ ھەزرەتلىرىنى ئاقىل ۋە ئادىل بەگ دەپ ئاڭلىغانىدىم. مانا ئەمدى بۇ گەپنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. بىلمىدىم، ھەزرەتلىرى نېمە دەيدىكىن، بىر ئارزۇيۇم بار، ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتىمەن.

— قانداق گېپىڭىز بولسىمۇ تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ.

— گېپىم شۇكى، سالجۇقىيلار دىۋانىدا بېگىمنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ قالغان بولسام، بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولاتتى.

ئازاق بەگ ئويلىنىپ قالدى.

— ھىم... — دېدى ئۇ دىمىقىدا سوزۇپ، — سىزگە قانداق خىزمەت تاپساق مۇۋاپىق كېلەر؟ ھىم ... سىز قەلەم ئىشىنى قىلىدىغان مەۋلانە، ھىم... بىز ھازىر ئۇلۇغ ۋەزىر

نىزامىلمۇلۇكنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بىر چوڭ كۈتۈپخانا قۇرماقچى بولۇۋاتىمىز . شۇ كۈتۈپخانىدا ئىشلەشكە مەيلىڭىز قانداق ؟ ئەگەر خالىسىڭىز ، دىۋاننىڭ باش كاتىپىغا ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىپ ، ئىمتىھانغا قاتنىشىڭ . مەنمۇ ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوياي .

بۇ گەپ ھەيدەرنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقماي قالدى . بىرىنچىدىن ، ئۇ كۈتۈپخانىدا ئەمەس ، بەلكى ئەمەلىي ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان ، ئادەملەرنى باشقۇرىدىغان بىرەر ئورۇندا ئىشلەشنى خالايتتى . ئىككىنچىدىن ، ئۇ «ئىمتىھان» دېگەن سۆزنى ياقتۇرمايتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ دىۋانبېگىنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياقتۇرمىغانلىقىنى ئىمكانقەدەر يوشۇرۇشقا تىرىشىپ ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ :

— ھە ، ھە ، ياخشى… ھەشقاللا ، بېگىم… — دېگەندەك چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ دۇدۇقلىدى ـ دە ، چاندۇرماستىن گەپنى باشقا ياققا بۇرۇۋەتتى .

«بۇ كاساپەت بەگنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئاسانغا توختىمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە .

مۇناسىۋەت ۋە «ئادەمگەرچىلىكلەر» داۋاملىشىۋەردى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەيدەر بۇ بەگكە بۇرۇنقىسىدىنمۇ ئېسىل نەسىللىك ئەرەب ئېتىدىن بىرنى تېپىپ بەردى . چەۋەندازلىق ھەۋىسىگە بېرىلىپ كەتكەن ئازاق بەگنىڭ خۇشاللىقى ئەۋجىگە چىقتى .

— ئەرەب ئاتلىرىنىڭ داڭقى ھەممىگە ئايان ، لېكىن بۇنداق ئاتنى كۆرگەنلەر كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن ، — دېدى ئۇ زوقىنى باسالماي .

ھەيدەر دىۋانبېگىگە سىناق نەزەرى بىلەن زەن سېلىپ قاردىيۇ ، زۇۋان سۈرمىدى . «قېنى ، ئەمدى بۇ ئات سېنى بويسۇندۇرالامدىكىن ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ .

دەرۋەقە ، ئاخىرى ئاتلار ئات مەستانىسىنى بويسۇندۇردى . ئىنسانچىلىقتىكى ئىشلار شۇنداق بولىدۇ ! ھەيدەر ئۈچۈن شۇنداق

بىر گۈزەل كۈن يېتىپ كەلدىكى، ئازاق بەگ ئۇنى دىۋانغا چاقىرتتى.

— مەرھەمەت، جانابىي ھەيدەر، — دېدى بەگ دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ، — سالجۇقىيلار مەمۇرىيىتىگە قارشىلىق كۈتۈپخانا قۇرۇلۇپ بولدى. سىزنى شۇ كۈتۈپخانىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدىم.

ھەيدەر كۈتۈپخانىدا ئىشلەشكە ئەمدى ماقۇل بولدى. نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇ كۈتۈپخانىنىڭ ئادەتتىكى خىزمەتچى خادىمى ئەمەس، باشلىقى بولدى-دە! ئەلۋەتتە، ھەيدەرنىڭ پائالىيەتلىرى شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئۇ يەنىمۇ چوڭراق ھوقۇق تۇتىدىغان، يەنىمۇ كۆپرەك مەنپەئەت يېتىدىغان ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق كۈرەش قىلىدۇ! ھازىرچە، دەسلەپكى قەدەمدە بۇ ئورۇنمۇ يامان ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ، ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ ئەمدى كاتىپلىقنى تاشلاپ، باغداتتىكى ئەڭ چوڭ كۈتۈپخانا، ئەڭ چوڭ ئىلمىي مۇئەسسەسەنىڭ باشلىقى بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئاددىيلا «ھەيدەر كاتىپ» ئەمەس. خىزمەتچى خادىملار ئۇنى «ھەزرەتلىرى، جانابلىرى» دەپ ئۇلۇغلايدىغان بولدى. ئىنسانچىلىقتىكى ئىشلار شۇنداق بولىدۇ!

## ئونىنچى باب

# يىراق يەرنىڭ خەۋىرىنى كارۋان يەتكۈزەر

مىلادىيە 1077 ـ يىلى ياز كۈنلىرى ئىدى.

مەھمۇد كاشغەري ئىلتەمۇرنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئىلتەمۇر شىرەگە ئېڭىشىپ نېمىنىدۇ يېزىۋاتاتتى. شىرە ئۈستىدە كىتاب، قەغەز، دۇۋەت، قەلەمتىراچلار تەق قىلىپ قويۇلغانىدى. تامدىكى ئويۇق ۋە تەكچىلەرگىمۇ كىتاب ۋە قولىيازمىلار تىزىپ قويۇلغان.

ئىلتەمۇر بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ كەلگەن مەھمۇدنى كۆرۈپ، دەرھال چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى.

— مەرھابا، ئۇستازىم، كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ شىرە يېنىغا سېلىنغان يېكەندازنى كۆرسىتىپ.

— نېمە قىلىۋاتىسەن، ئىلتەمۇر؟ دەرس تەكرار قىلىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— ياق، ئۇستازىم، — دېدى ئىلتەمۇر سەل تارتىنغان ھالدا، — مەن ... «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دىكى تارىخقا دائىر ھېكايەتلەرنى ۋە بېيىت ـ قوشاقلارنى ئايرىم توپلام قىلىپ كۆچۈرۈۋاتىمەن.

مەھمۇد گەپ قىلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى رازىمەنلىك ۋە مەمنۇنلۇق ئالامەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ قولىنى سوزۇپ ئىلتەمۇرنىڭ يەلكىسىنى تۇتتى ۋە شاپىلاقلاپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى «يارايسەن، ياخشى» دېگەندەك

رىغبەتلەندۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇ شىرە ئۈستىدىكى كىتابنى ئېلىپ كۆرۈپ باقتى. بۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىلتەمۇر ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان نۇسخىسى ئىدى. مەھمۇدنىڭ جىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىلتەمۇر يەنە ئېغىز ئاچتى.

— مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەينىگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىتكە ۋە يەنە ئالپ ئەرتوڭا ھەققىدىكى قوشاقلارغا بەك قىزىقىمەن، — دېدى ئۇ، — «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى بۇ پارچىلارنى يىغىپ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا يازما مەلۇماتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىر تولۇق توپلام قىلىپ باقاي دەيمەن. شۇنداق قىلسام بولامدۇ، ئۇستازىم؟

— بولىدۇ، ئىلتەمۇر، — دېدى مەھمۇد، — تازا ئوبدان بولىدۇ. يازغىن. مەن ساڭا بەرگەن «كاشغەر تارىخى»نى ئوقۇپ بولدۇڭمۇ؟

— ئوقۇپ بولدۇم. ئەمدى «سەمەرقەنت تارىخى»نى ئوقۇپ باقاي دەۋاتىمەن.

— ئوقۇ، ئوقۇ، — دېدى مەھمۇد كۈلۈمسىرەپ، — مەن ئەسلى سېنى تىلشۇناس قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن سەن تارىخقا قىزىقىپ قاپسەن.

— يەنە ئەدەبىياتقىمۇ قىزىقىمەن، — دېدى ئىلتەمۇرمۇ كۈلۈمسىرەپ.

— شۇنداق، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ كۆپ ئوقۇيسەن، بۇمۇ ياخشى بولغىنى. نېمىگە ھەۋەس قىلساڭ شۇنى ئۆگەن. ئادەم ئۆزى ھەۋەس قىلمايدىغان نەرسىلەرنى مەجبۇرىي ئۆگەنسە نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. لېكىن، ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، تىل بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە سەل قارىما. تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانمىساڭمۇ، تىلنىڭ قائىدە ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. تىل بىلىملىرىنى قانچىكى ياخشى بىلسەڭ، تىل قانۇنىيەتلىرىنى قانچىكى ياخشى چۈشەنسەڭ، باشقا پەنلەرنىمۇ

ئاسان ئۈزلەشتۈرەلەيسەن، كۆڭلۈڭدىكى ئوي - پىكىرلىرىڭنى ئېغىزدا ۋە يېزىقتا راۋان ئىپادىلەپ بېرەلەيسەن، يازغان ئەسەرلىرىڭمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىل بىلىمى بارلىق پەنلەرنىڭ ئانىسى دېيىشكە بولىدۇ.

— خوپ، ئۇستازىم، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن.

قېرى خىزمەتكار كىرىپ كەلدى.

— غەززالى ھەزرەتلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى ئۇ.

ئارقىدىنلا غەززالى ئۆزىمۇ بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

— مەرھەمەت، شەيخ ئىمام، مەرھەمەت، — دېدى مەھمۇد پېشقەدەم مۇددەررىسنىڭ قولىنى قوش قوللاپ قىسىپ كۆرۈشۈپ.

غەززالى يېكەندازغا ئولتۇرۇپ دۇئا ياندۇردى، ئۆيئىچىگە تىنچلىق - ئامانلىق تىلىدى.

ئىلتەمۇر خىزمەتكار بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرىغا داستىخان سالدى؛ نان ۋە خورما، ماندارىن، بانان قاتارلىق مېۋىلەرنى تىزدى، چىنىلەرگە شەربەت قۇيدى.

— ھەزرىتىم، خەۋەر تاپتىڭىزمىكىن، — دېدى غەززالى مەھمۇدقا قاراپ، — بۈگۈن خەلىپە ئوردىسىغا كاشغەردىن بىر چوڭ كارۋان كېلىپتۇ.

مەھمۇدنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئانىسىغا تەلمۈرگەن بوتىلاقنىڭ، خۇددى تۇتقۇنلۇقتىن ئەركىن تاغ باغرىغا تەلپۈنگەن كېيىكنىڭ كۆزلىرىدەك يوغان ئېچىلىپ كەتتى.

— كاشغەردىن؟! — دېدى ئۇ گوياكى يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ۋولقاندەك ئاجايىپ ئوتلۇق، ئاجايىپ مېھرىلىك ئاۋازى بىلەن.

— شۇنداق، ھەزرىتى مەھمۇد، خاقانىيەدىن يالاۋاچلار كېلىپتۇ. مەن ھازىر سىزگە مەخسۇس مۇشۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم.

مەھمۇدنىڭ يۈرىكى سېلىپ، كېكىردىكىگە ئاچچىق بىر نەرسە

كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى. غەززالى ئۇنىڭ ھالىنى چۈشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان ھالدا سۈكۈت قىلدى. ئىلتەمۇر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئۇستازىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ مەھمۇدنى غەيرەتلىك، ئىرادىلىك، قەيسەر، قىيىنچىلىقلارغا ۋە بەختسىزلىكلەرگە باش ئەگمەيدىغان، ئاسانلىقچە ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەيدىغان ئادەم دەپ بىلەتتى؛ ئۇستازىنىڭ ھازىرقىدەك ئېچىنىشلىق ھالىتىنى شۇ كەمگىچە كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— كاشغەردىن... كاشغەردىن يالاۋاچلار كېلىپتۇمۇ؟ — دېدى مەھمۇد ۋە ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كېتىپ، يىغا تۇتقاندەك غەلىتە بىر خىل ئاھاڭدا ئۈزۈلۈپ قالدى.

— شۇنداق، ھەزرىتىم، — دېدى غەززالى تەسەللى بەرگەن تەلەپپۇزدا.

— راستمۇ؟

— راست.

— خاتا ئاڭلاپ قالمىغانسىز، شەيخ ئىمام؟

— يوقسۇ، ھەزرىتىم، خاتالاشقىنىم يوق. مۇۋاپىق بىر كۈننى تاللاپ، شۇ كاشغەرلىك يالاۋاچلار بىلەن كۆرۈشۈپ كەلسىڭىز بولىدۇ.

— بۈگۈنلا بارسام بولماسمۇ؟

— ئۇنداق قىلسىڭىز بولماسمىكىن. تايىنلىق، يالاۋاچلار بىلەن خەلىپىنىڭ سۆھبىتى بىرنەچچە كۈن داۋام قىلىشى مۇمكىن.

— توغرا، توغرا... — دېدى مەھمۇد ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتقان ئادەمدەك ئارامسىزلىنىپ، — توغرا، بۈگۈن بولمايدۇ... ئەتىمۇ بولمايدۇ... بىلەمسىز، شەيخ ئىمام، كاشغەردىن ئايرىلغىنىمغا ئون يەتتە - ئون سەككىز يىل بولۇپ قالدى... ئۇ چاغدا ياش ئىدىم، ئەمدى ساقىلىمغا ئاق سانجىشقا باشلىدى.

— شۇنداق، ھەزرىتى مەھمۇد، — دېدى ئاق ساقاللىق غەززالى ئۆزىگە خاس بولغان سىپايىلىك بىلەن، — ئۇ چاغدا سىز

لاچىن ئىدىڭىز، ئەمدى كۈچلۈك بۈركۈت بولدىڭىز. سىز چىداملىق ئەركەك، سەۋرى قىلىڭ، ھەزرىتىم، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ.

مەھمۇد «توغرا ئېيتتىڭىز» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئېغىتتى ۋە غەززالىغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

※ ※

ئابباسىيلار خەلىپىسى ئالاھىدە تەنتەنىلىك مۇراسىملاردا كىيىدىغان زەرباپ تونىنى كىيگەن ۋە بېشىغا يوغان ئاق يىپەك سەللىسىنى ئورىغان ھالدا ئۆزىگە يارىشىدىغان سالاپىتى بىلەن ئالتۇن تەختتە ئازادە كېرىلىپ ئولتۇراتتى. خەلىپىلىك سارىيىدىكى كاتتا ئەربابلار تەختنىڭ ئىككى يېنىدىن پەگاھقىچە قاتار تىزىلىپ ئولتۇراتتى.

يالتىراق تاۋار تون كىيگەن جاكارچى تاشقىرىدىن كىردى ۋە قول قوشتۇرۇپ مەلۇمات بەردى:

— كاشغەر يالاۋاچلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى!

خەلىپە ئوڭ قولى بىلەن «كىرسۇن» دېگەننى بىلدۈرۈپ ئىشارە قىلدى. سورۇندىكى ئەربابلارنىڭ كۆزلىرى بىردەك ئىشىك تەرەپكە قارىتىلدى.

كاشغەر يالاۋاچلىرى جەمئىي توققۇز كىشى ئىدى. قاراخانىلار خاقانلىرى توققۇز بايراق چىقىراتتى. ئۇلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېتىقادى بويىچە توققۇز سانىنى بەخت ۋە ياخشىلىقنىڭ نىشانى دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا، خەلىپە ھوزۇرىغا توققۇز كىشىنى يالاۋاچ قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى، خەلىپىگە قارىتا ياخشى تىلەكلىرىنى ئىپادىلىگەنلىك ئىدى.

باش يالاۋاچ ئالدىدا، قالغانلىرى ئۇنىڭ ئارقىدىن كىردى.

باش يالاۋاچ ئوتتۇرا بويلۇق، قارا قاشلىق، ساقال - بۇرۇتلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ يۈرۈش -

تۇرۇشلىرى ۋە ئۆزىنى تۇتۇشى سالماقلىق بولۇپ، تەبىئىتىنىڭ ئېغىر - بېسىقلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئومۇمەن، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن تۇرقى ۋە بولۇپمۇ دانىشمەنلەرگە خاس ئۇيچان كۆزلىرىنىڭ مۇلايىم قاراشلىرىدا قانداقتۇر ئىللىقلىق ۋە جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىدى.

باش يالاۋاچ تەختنىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— ئاللاتائالا خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرىللا ھەزرەتلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى دائىم يۇقىرى قىلغاي، سەلتەنەت ئاساسلىرىنى تەۋرەنمەس دەرىجىدە مۇستەھكەم قىلغاي، — دېدى ئۇ، — پېقىر شەرقىي قاراخانىلار خاقانى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان تابغاچ بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى تەيىنلىگەن باش يالاۋاچ بولىمەن. نام - ئەمەلىم بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ خاقانىنىڭ مەكتۇپىنى خەلىپىگە تاپشۇردى.

— مەرھەمەت، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەزرەتلىرى، ئولتۇرغايسىز، — دېدى خەلىپە مۇقتەدى ۋە قول ئىشارىتى بىلەن تەختنىڭ ئوڭ يېنىنى كۆرسەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنى باشچىلىقىدىكى كاشغەر يالاۋاچلىرى:

— ھەشقاللا، خەلىپە ھەزرەتلىرى، — دېيىشىپ، كۆرسىتىلگەن جايلارغا ئولتۇرۇشتى.

— كاشغەر بىلەن باغداتنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق، — دېدى خەلىپەمۇقتەدى يالاۋاچلارغا قاراپ، — ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭلاردىن ناھايىتى خۇرسەنمەن. يول ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانسىلەر. ھەرنېمە بولسا تىنچ - ئامان يېتىپ كېلىپسىلەر. سىلەر بىزنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىمىز. بۇ يەرنى ئۆز ئۆيۈڭلەردەك كۆرگەيسىزلەر.

— تەشەككۈر، خەلىپە ھەزرەتلىرى، — دېدى باش يالاۋاچ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، — مالال كۆرمىسىلە، پېقىر بىر قۇر

ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ ، دەرگاھلىرىغا كېلىشتىكى مۇددىئايىمىزنى ئىزھار قىلاي .

— مەرھەمەت ، خاس ھاجىپ ھەزرەت ، — دېدى خەلىپە ۋە سۆزلەشكە ئىجازەت بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنى سۆزلىدى :

— كېلىشتىكى مۇددىئايىمىز شۇكى ، ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ، بىرىنچىدىن ، ھەزرەتلىرىنىڭ خەلىپىلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقلىرىنى خاقانىمىزنىڭ نامىدىن تەبرىكلەيمىز ، تەبرىكىمىزنى قوبۇل قىلغايلا .

خەلىپە يەنە كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى .

— مەرھەمەت ، خاس ھاجىپ ھەزرەت .

يۈسۈپ بالاساغۇنى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئىككىنچى مۇددىئايىمىزدىن ئېغىز ئاچسام ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرگە مەلۇم بولسۇنكى ، ھىجرىيە 467 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى توغرۇل قاراخان ئالەمدىن ئۆتتى . ئاللا ئۇنىڭ روھىنى قۇتلۇق قىلغاي . ئىككىنچى دەرىجىلىك خان ۋە كاشغەر شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەسەن بۇغراخان خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى . ئۇ ، ئالدىنقى خاقان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ۋە توغرۇل قاراخاننىڭ جىيەنى بولۇپ ، ھازىر ئۇنىڭ تولۇق نامىئەملى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان تابغاچ بۇغرا قاراخان دەپ ئاتىلىدۇ . ئادەتتە قىسقارتىپ ھەسەن بۇغراخان دەپ ئاتايمىز . ھەسەن بۇغراخان خەلىپە ھەزرەتلىرىدىن ئۆزىگە دىنىي ئاتاق بېرىشىنى تەلەپ قىلاتۇرۇر .

خەلىپە مۇقتەدى كۈلۈمسىرىدى ، ئاندىن ئىشارەت بىلەن بىرىنچى يېقىنلىرىنى يېنىغا چاقىردى . ئۇلار بىر پەس ئۆزئارا مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن خەلىپە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئېلان قىلدى :

— ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئەي مۆمىنلەر، گۇۋاھ بولۇڭلاركى، كاشغەر ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرىنى ئاستانە قىلغان قاراخانىلار ھۆكۈمدارى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان تابغاچ بۇغراخاننىڭ مۇسۇلمانچە دىنىي نام - ئاتىقى، شۇ بۈگۈنكى كۈندىن ئېتىبارەن «ئادالەت ۋە دىنىنىڭ ھامىيسى» دېگەندىن ئىبارەت بولسۇن.

سورۇندىكى ئەرەب ئەربابلار كاشغەرلىك يالاۋاچلارنى تەبرىكلەشتى. ھەممە بىردەك دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— ئىلاھىم، «ئادالەت ۋە دىنىنىڭ ھامىيسى» دېگەن ئاتاققا ئىگە بولغان ھەسەن بۇغراخاننىڭ دۆلىتى زىيادە بولغاي. ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي. ئامىن!

مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن يالاۋاچلارغا زىياپەت بېرىلدى. ئوردا مۇلازىملىرى داستىخان سېلىپ، تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى كەلتۈردى. ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشتى. گەپ ئارىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلىپىگە مۇراجىئەت قىلدى:

— مەھمۇد ئىبنى ھۈسەين ئىسىملىك كاشغەرلىك بىر مەۋلانە ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلغانىكەن.

— شۇنداق، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى خەلىپە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇ قەلەمكەش مەۋلانە بىلەن پېقىرنىڭ كونا تونۇشلۇقۇم بار ئىدى.

— ھە، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەردىكى چېغىدا سىز بىلەن تونۇشاتتىكەن - دە؟ — قىزىقىپ سورىدى خەلىپە.

— شۇنداق، ھەزرەتلىرى، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي تېخى ياش يىگىت ۋاقىتلىرىدا، ھازىرقى خاقانىمىز ھەسەن ئىبنى سۇلايمان مېنى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىي ھازىرمۇ باغداتتا تۇرۇۋاتامدۇ؟

— شۇنداق، تەقسىر. ئۇنى كۆرۈشنى خالايدىغانسىز؟

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۆزۈندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم .

— ئەمىسە ، بۇ ئارزۇيىڭىز ئەمەلگە ئاشقۇسى ، — دېدى خەلىپە مۇقتەدى كۈلۈپ تۇرۇپ .

※ ※

مەھمۇد كاشغەري پېشىندىن كېيىن «بىردەم كۆز يۇمۇۋالاي» دەپ ئۆز ھۇجرىسىدا ئارام ئېلىپ ياتقانىدى . ئۇشتۇمتۇت خىزمەتكار ئالدىراپ كىرىپ خەۋەر يەتكۈزدى :

— ھەزرىتىم ، كاشغەرلىك يالاۋاچ كەلدى !

— ھە ؟ نېمە ؟ — مەھمۇد خۇددى ئۇن بەش ياشلىق بالىدەك سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى .

ئۇ دەرھال ئاشۇ كاشغەرلىك يالاۋاچنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقماقچى بولدىيۇ ، تىزلىرى تىترەپ ، بېشى قايغاندەك بولۇپ ، ماڭالماي قالدى . شۇنداقتىمۇ ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ، ئىشىك تەرەپكە قەدەم تاشلىدى .

خەلىپە قەسرىدىكى مەھمۇدنى تونۇيدىغان بىر ئەمەلدار باش يالاۋاچنى باشلاپ كىرىپ كەلدى .

— بۇ زات كاشغەردىن كەلگەن يالاۋاچلارنىڭ باشلىقى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنى بولىدۇ ، — دېدى ئەمەلدار مەھمۇدقا ئۆزى باشلاپ كىرگەن كىشىنى تونۇشتۇرۇپ .

مەھمۇد كاشغەري بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ قاراپ قېلىشتى ، ئاندىن ھەر ئىككىسى ئۈن ـ تىنسىز كېلىپ قول ئېلىشتى ، قۇچاقلاشتى ۋە يەنە بىر ـ بىرىگە قاراشتى . قىلىنىشىدىغان گەپلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ ، ھاياجاندىن ھەر ئىككىسىنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەيۋاتاتتى .

— ھە ، قېنى ، ئولتۇرايلى ، مەرھەمەت ، مەرھەمەت ، — دېدى مەھمۇد ئاخىرى ئېسىنى يىغىۋېلىپ .

— كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپسىز، — دېدى يۇسۇپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنى مەھمۇدقا كۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ھەر ئىككىمىز ئۆزگەردۇق، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى ئىرغىتىپ.

— شۇنداق، ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەري، ئارىدىن شۇنچە كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇلار ئۆزئارا ھال - ئەھۋال سورىشىپ سۆزگە كىرىشىپ كەتتى.

— كاشغەر توغرىسىدا گەپ قىلىپ بەرسىڭىزكەن، ھەزرىتىم، — دېدى مەھمۇد ئىلتىجا قىلىش تەلەپپۇزىدا، — نېمە يېڭىلىقلار بار؟ قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟

يۇسۇپ كاشغەردىكى ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلەر ۋە تۈرلۈك يېڭىلىقلار ھەققىدە ئەستايىدىل سۆزلەپ بەردى.

— دېمەك، ھازىر ھەسەن ئىبنى سۇلايمان خاقان ئىكەن - دە؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد، ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن.

— شۇنداق، — دېدى يۇسۇپ، — ئۇ ئادىل ۋە مەرىپەتپەرۋەر خاقان بولۇپ چىقتى. ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ.

— ھىم، — دېدى مەھمۇد بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئۇ بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى. ھە، سىز ئۆزىڭىزچۇ، مەۋلانە يۇسۇپ بالاساغۇنى؟ ئۆزىڭىز توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدىڭىز. ئىسمىڭىزگە «خاس ھاجىپ» دېگەن ئۇنۋان قوشۇلۇپتۇ.

— ھەئە، شۇنداق بولدى، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەري. پېقىر كېيىنكى ۋاقىتلاردا بالاساغۇندىن كاشغەرگە كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقانىدىم. كېيىن ئاددىيغىنا بىر ئەسەرنى يېزىپ، شۇ چاغدا كاشغەر ھاكىمى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلدىم. بۇغراخان ئالىملارنى يىغىپ، مەخسۇس شۇ ئەسىرىم توغرىسىدا ئەنجۇمەن ئۇيۇشتۇردى. ئەنجۇمەندە پېقىرنىڭ بۇ ئەرزىمەس ئەسىرى ياخشى باھالىنىپ قالدى. ھەسەن بۇغراخان چوڭ خاقان بولغاندىن كېيىن پېقىرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ خاس

ھاجىپلىق مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلدى.

شۇ گەپ بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھېلىقى ئەرەب ئەمەلدارىغا بۇرۇلدى. ئەمەلدار گۈللۈك دۇردۇن رومالغا ئوراپ تۇتۇپ ئولتۇرغان كىتابنى يۈسۈپكە سۇنۇپ بەردى.

— مانا مۇشۇ ئەسەر شۇ، — دېدى يۈسۈپ ۋە رومالنى ئېچىپ كىتابنى چىقاردى - دە، مەھمۇدقا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى، — بۇ ئاددىي ئەمگىكىم سىزگە يادىكار بولۇپ قالسۇن.

مەھمۇدمۇ كىتابنى قوش قوللاپ قوبۇل قىلدى. كىتابنىڭ قوڭۇر رەڭلىك كۆن مۇقاۋىسىغا ئالتۇن رەڭلىك ھۆسنخەت بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» دەپ يېزىلغانىدى.

— بۇ ئەسەر قاچان يېزىلغانىدى؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد.

— قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر بىر داستاندىن ئىبارەت بولۇپ، ھىجرىيە 462 - يىلى ئاستانىمىز كاشغەردە يېزىلىپ تاماملاندى.

— مەن بۇ كىتابنى ئۆمۈرلۈك يادنامە قىلىپ ساقلايمەن، ھەزرىتى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، — دېدى مەھمۇد، — پېقىرغا شۇ قەدەر ئىخلاس بىلەن قارىغانلىقىڭىزدىن چەكسىز مىننەتدارمەن. ئەمدى سىزمۇ كەمىنىڭىزنىڭ كىچىككىنە بىر سوۋغىتىنى قوبۇل قىلغايسىز.

مەھمۇد ئورنىدىن تۇرۇپ، تەكچىدىكى كىتابلاردىن بىرىنى ئالدى.

— بۇ پېقىرنىڭ ئەرزىمەس ئەمگىكى. شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن باغداتتا كۆرۈشكەنلىكىمىزنىڭ نىشانىسى بولۇپ قالسۇن، — دېدى ئۇ ۋە كىتابنى يۈسۈپكە بەردى.

— «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، — دەپ ئوقۇدى يۈسۈپ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا قاراپ، — رەھمەت، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي. مەن بۇ مەشھۇر ئەسىرىڭىزدىن بىر نۇسخىنى بۇخارادا سېتىۋالغانىدىم. بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە بىرقېتىم كۆرۈپ چىقتىم. ئەمدى بۇنى ئۆز قولىڭىز بىلەن تەقدىم قىلدىڭىز. مەن

بۇنى قىممەتلىك يادنامە سۈپىتىدە ساقلايمەن.

ئۇلار «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ خېلى ئۇزاق سۆھبەتلەشتى.

— كاشغەرگە قايتىشنى ئويلىمامسىز، مەۋلانە؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

مەھمۇد جاۋاب قايتۇرۇش ئورنىغا بېشىنى ساڭگىلىتىپ، بىر ئەسناغىچە شۈك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن مۇڭ - ھەسرەت يېغىپ تۇراتتى.

— ئەپۇ قىلىڭ، مەۋلانە، — دېدى يەنە يۈسۈپ، — سىزنىڭ شەخسىي خاھىشىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك گەپلەرنى سورىماسلىقىم كېرەك ئىدى.

مەھمۇد ئېغىر تىنىق ئالدى.

— مېنى يۇرتىغا قايتقۇسى يوق دەمسىز؟ — دېدى مەھمۇد خۇددى ئاھ ئۇرغاندەك ھەم ئۆتلۈق، ھەم ھەسرەتلىك ئاھاڭدا، — ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى، يۇرتداشلىرىمنى سېغىنمىدى دەمسىز؟ بىراق، ماڭا نېمە ئامال؟ سىز ئېيتىپ بېقىڭا، ھەزرىتىم، مەن كاشغەرگە قايتىپ بارسام بولامدۇ؟ ھازىرقى خانلار، خۇسۇسەن ھەسەن بۇغراخان مېنى قارشى ئالامدۇ؟ مېنىڭ ئاتام ۋە بوۋام ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئاتىسى بىلەن تەخت تالىشىپ، بىر - بىرىگە ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ ھەقتىكى پاجىئەلىك بەختسىزلىكلەر سىزگە ئايان. ھەسەنگۇ بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەم بولىدىغان. سىزنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىڭىزدىن قارىغاندا، ئۇ ھازىرمۇ ئادىل ۋە پەزىلەتلىك تاجدار ئىكەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇ مەندەك بىر ئادەمنىڭ كاشغەردە ۋە ئومۇمەن قاراخانىيلار تەۋەسىدە پەيدا بولۇشىنى خالىماس. بەلكىم ئۇ مېنى كۆزىگە قادالغان تىكەن دەپ ھېسابلىشى مۇمكىن، گەرچە ئېغىزىدا ئۇنداق دېمىسىمۇ.

يۈسۈپ ئويلىنىپ قالدى.

— راست دەيسىز، — دېدى ئۇ، — ھەر خىل ئېھتىماللارنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

مەھمۇد يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەپ تۇرغان ھېس - تۇيغۇلىرىنى باسالماي يەنە سۆزلەپ كەتتى :

— «يىراق يەرنىڭ خەۋىرىنى كارۋان يەتكۈزەر » دېگەن ماقال ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان . شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى كاشغەر تەرەپتىن كارۋان كېلىپ قالسا نېمە بولار دېگەن ئارمان بىلەن يولغا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلگۈدەك بولدى . مانا ،ئاخىر سىز كەلدىڭىز . كاشغەرلىكلەرنى ۋە بولۇپمۇ سىزگە ئوخشاش ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتنى كۆرۈش ، مەن ئۈچۈن غايەت زور ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ۋەقە بولدى . «كاشغەردىن كارۋان كېلىپتۇ » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىشىم بىلەن ئېيتقۇسىز بەخت تۇيغۇسىدىن گويا كۆزلىرىم ئالدىدا ئالەم چۆرگىلەۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى ؛ گويا كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلار قەلبىمدە قايتىدىن يالقۇنلاپ كۆتۈرۈلگەندەك بولدى ؛ گويا ئەركىن قۇشقاچ كەبى پەرۋاز ئۇرۇپ كاشغەر يولىغا ئۇچۇپ كەتكۈم كەلدى . ئەپسۇس !

مەھمۇد بېشىنى ئەلەملىك چايقاپ ، ئارتۇق سۆزلىمىدى . ئۇ يەنە دەرھال خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ ، يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئەمەلدارنى مېھمان قىلىشقا باشلىدى . ئۇلارنى كەچكىچە قويۇپ بەرمەي ، خۇشاللىقىدا پايپېتەك بولۇپ كەتتى .

— ئامان بولۇڭ ، مەۋلانە ، — دېدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ خوشلىشىش ئالدىدا ، — يەنىمۇ كۆپلەپ نادىر ئەسەرلەرنى يېزىشىڭىزغا تىلەكداشمەن .

قاراخانىيلارنىڭ كاشغەر ۋە بالاساغۇندىن ئىبارەت ئىككى ئاستانىسىدىن چىققان بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئالىم — ئاق ساقاللىق يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنى ۋە قارا ساقاللىق مەھمۇد كاشغەرىي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ چىڭ قۇچاقلاشتى .

# ئون بىرىنچى باب

## ئالىم ۋە زالىم

— مەرھەمەت، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي، تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى غەززالى مېھماننى ئۆيگە باشلاپ.

غەززالىنىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان ئۆيى پاكىز، رەتلىك، ئەمما ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ شەيخ ئىمام گەرچە قول - ئىلكىدە بار ئادەم بولۇپ، ئەل ئىچىدە ئىناۋىتى يۇقىرى بولسىمۇ، ئارتۇقچە ھەشەمەتچىلىكنى ياقتۇرمايتتى، ئىسراپخورلۇقنى ئەڭ يامان ئىللەت دەپ ھېسابلايتتى.

مەھمۇد بۇ ئۆيگە كەلسە كۆكسى - قارنى يورۇپ، ئۆزىنى يېنىك ۋە ئەركىن سېزەتتى.

— شۇنداق قىلىپ، كاشغەر يالاۋاچلىرىنى ئۇزىتىپ قويدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى غەززالى ئۇ ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— ئۇزىتىپ قويدۇم، — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇد، — ئۇلار باغداتتا تۇرغان ئىككى ئايدىن بېرى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرغاندۇق. تۇنۇگۇن ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرالماي قالدىم. شۇڭا، بۈگۈن ئەتىگەندىلا سىزنى ئاۋارە قىلىپ كەلدىم.

— كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى، مەۋلانە. مەنمۇ سىزگە ئوخشاش غەمگۇزارغا ئىنتىزارمەن، — دېدى غەززالى مەھمۇدنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىپ.

— سىز يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق

ئەسرىنى ئوقۇدىڭىزمۇ ، شەيخ ئىمام ؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد گەپنىڭ ماۋزۇسىنى يۆتكەپ .

— ئوقۇدۇم ، — دەپ جاۋاب بەردى غەززالى ، — نادىر ئەسەر ئىكەن . بۇنى بىر ئوقۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ . بۇ ئەسەرنى دەستۇر قىلىپ ساقلاش كېرەك .

— ئەگەر بۇ ئەسەرنى ئۈچ - تۆت يىل ئىلگىرى كۆرگەن بولسام ، — دېدى مەھمۇد ، — ئۇنىڭدىكى پەند - نەسىھەت ۋە ئەقلىيە سۆزلەردىن بىرمۇنچىسىنى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»كە كىرگۈزگەن بولاتتىم . يۇسۇپ بالاساغۇنى دېگەن ئىسىم - تەخەللۇسىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن بولاتتىم .

— ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىڭىزنىچۇ ؟ تۈگەتتىڭىزمۇ ؟ — سورىدى غەززالى ، — «جاۋاھىرۇننەھۋى فىللۇغاتىت تۈرك»نى رەتلەپ ، تولۇقلاپ قايتىدىن يېزىۋاتىمەن دېگەنىدىڭىزغۇ .

— تۈگەتتىم ، كۆچۈرۈشكە بېرىپ قويدۇم . مۇقاۋىلىنىپ پۈتكەندىن كېيىن سىزگە بىر نۇسخا ئەكېلىپ بېرىمەن .

— ياخشى بوپتۇ . شۇ ئەسىرىڭىزنى مەدرىسىدە دەرسلىك قىلىمىز .

— تەشەككۈر ، شەيخ ئىمام . بۇ ئەسەرنى مەن سىزنىڭ تەشەببۇسىڭىز بىلەن تولۇقلاپ يېزىپ چىقتىم . لېكىن ، بۈگۈن مەن سىز بىلەن باشقا بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ باقاي دەپ كەلدىم . ئوچۇقىنى ئېيتقاندا ، سىزدىن ياردەم سوراپ كەلدىم .

— قۇلىقىم سىزدە ، مەۋلانە ، — دېدى غەززالى ، — قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا سىزدىن ياردىمىنى ئايىمايمەن ، ئەلۋەتتە .

— ئەمدى مەنمۇ بىر خىزمەت تاپاي دەيمەن ، شەيخ ئىمام . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»كە خەلىپە ئون بەش تاۋاق ئالتۇن بەردى دەپ يېتىشۋەرسەم بولمايدۇ - دە ، — دېدى مەھمۇد چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ .

— بولىدىغان گەپ ، مەۋلانە ، — دەپ ئىپادە بىلدۈردى

غەززالى ، — سىز دەك تونۇلغان ئالىمغا خىزمەت دېگەن ئازمۇ ؟ نەدە ئىشلەيمەن دېسىڭىزمۇ يولىڭىز ئوچۇق . بۇ ئىشتا مېنىڭ سىزگە قانداق ياردىمىم تەگسۇن ؟

— سالجۇقىيلار دائىرىلىرى يېقىندىن قۇرغان كۇتۇپخانىدا ئىشلەپ باقسام دېگەن ئارزۇيۇم بار ، — دېدى مەھمۇد ، — سىزنىڭ ھېلىقى تونۇشىڭىز ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ دېگەن كىشى ھازىر شۇ كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى ئىكەن .

— توغرا ، ئۇ يېقىندا شۇ مەنسەپكە ئۇستۇرۇلۇپتۇ ، — دېدى غەززالى بېشىنى ئىرغىتىپ ، — ھە ، ماقۇل ، شۇ يەردە ئىشلەشكە كۆڭلىڭىز تارتقان بولسا ، يۈرۈڭ ، ھازىرلا ھەيدەرنىڭ ئالدىغا بارايلى . ئۇ ، سىزگە ئوخشاش بىر ئالىم بىلەن بىللە ئىشلىسە ، ئەلۋەتتە خۇشال بولىدۇ .

سالجۇقىيلار دىۋانىغا بىۋاستە قاراشلىق چوڭ كۇتۇپخانىنىڭ يېقىندىن تەيىنلەنگەن باشلىقى ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ مەھمۇد بىلەن غەززالىنى خۇش مۇئامىلە ، شېرىن سۆزلەر بىلەن كۈتۈۋالدى . لېكىن ، خىزمەت توغرىسىدا سۆز ئېچىلغاندا ، نېمە ئۈچۈندۇر نەق جاۋابتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، مۇجمەللىك قىلغىلى تۇردى .

— ھە ، بۇ گەپنى ئويلىشىپ كۆرەيلى ، تەقسىر ، — دېدى ئۇ چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ ، — ھە... بۇ ئىشتا پېقىرنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس . ھە... ھەرقايىسىلىرىنىڭ خەۋىرى بار... ھە... ھەرقايسىلىرى مەن دېمىسەممۇ چۈشىنىدىلا ، بۇنداق ئىشلاردا دىۋانبېگىدىن سوراپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ... ھە ، قېنى ، مەزەگە باقىلى . ھى ـ ھى ـ ھى...

— ئۇنداقتا ، بىز دىۋانبېگى بىلەن كۆرۈشۈپ باقساق بولىدىكەن ـ دە ، — دېدى غەززالى تەئەججۇپ ئارىلاش تەلەپپۇز بىلەن .

ھەيدەر يەنە لولا كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ گەپ يورغىلاتتى :

— ھەي ، يوقسۇ ، يوقسۇ . ئۆزلىرى ئاۋارە بولۇشمىسىلا ،

مەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ باقاي ، مەن سۆزلىشىپ باقاي . ھى - ھى - ھى...

غەززالى بىلەن مەھمۇد بۇ يېڭى باشلىقنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىپ ، يول بويى پاراڭلاشقاچ ماڭدى .

— ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى دېمىدى ، — دېدى مەھمۇد ، — ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر مېنى كۇتۇپخانىغا قوبۇل قىلىشقا قىزىقمايدىغاندەك قىلىدۇ .

— ئۇنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ، — دېدى غەززالى خاپا بولۇپ ، — تېخى ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدىلا ھەيدەر ماڭا كۇتۇپخانىدا ئىشلەيدىغانغا تۈزۈكرەك ئادەم تاپالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى . ئەمدى بۈگۈن تىلىنى چايناپ ئولتۇرىدۇغۇ ! دۇۋانبېگىدىن سوراپ باقاي دېگىنى نېمىسى ؟ ئازاق بەگ ئۇنىڭغا ئادەم ئېلىش ھوقۇقىنى بەرگەنلىكىنى مەن بىلمەنغۇ .

— ۋاي - ۋۇي ، بوپتۇلا ، — دېدى مەھمۇد ئېرەن قىلمىغان ھالدا ، — باشقا يەردە ئىشلىسەممۇ بولىدۇغۇ . بەلكىم ھەيدەرنىڭ كېلىشىپ قويغان ئادىمى باردۇ .

— ياق ، — دېدى غەززالى ئۇنىڭ گېپىگە كۆنمەي ، — بۇ كىتاب دۇنياسى سىزگە تازا مۇۋاپىق جاي ئىدى . ياق ! مەن ئەتىلا ئازاق بەگ بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي . سىزدەك ئالىمنى ئالماي ، قانداق ئادەمنى ئالماقچىكەن ئۇلار !

ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ يالغۇز قالغاندىن كېيىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر ھازاغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ دىل ئارامى بۇزۇلغانلىقى رەڭگىرويىدىن چىقىپ تۇراتتى . ئۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كۇتۇپخانىغا كېلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتى . ئۇنىڭ جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىدە «بىلىملىك ئادەملەرنى يېقىن يولاتماسلىق كېرەك» دېگەن قائىدە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى . ئەگەر مەلۇم بىر بىلىملىك كىشىنىڭ خىزمەت دەرىجىسى سېنىڭ بىلەن تەڭ بولسا ، مەنسەپ يولىدا ئۇنىڭ بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ ئۇتۇپ

چىقالمايسەن. ئەگەركى، شۇ بىلىملىك كىشى سېنىڭ قول ئاستىڭدىكى خىزمەتچى بولسا، ھامان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئورنۇڭنى ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويۇش خەۋپى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىملىك ئادەملەر بىلەن بىر يەردە ئىشلىمەسلىك كېرەك. قول ئاستىڭدا ئىشلەيدىغانلارنىمۇ بىلىم ۋە قابىلىيەت جەھەتتە ئۆزۈڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئادەملەر ئىچىدىن تاللاش كېرەك.

تۇغرا، ھەيدەرمۇ ئۆزىنى بىلىملىك ئادەم دەپ ھېسابلايتتى. ھالبۇكى، ئۇ تېخى بىرەر ئەسەر يېزىپ باقمىدى. ئۇ ئەدىبمۇ ئەمەس، ئالىممۇ ئەمەس. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكۈدەك چوڭراق بىرەر ئىشنىمۇ تەۋرىتىپ باقمىدى.

ئۇ ئالىملارنى ئۆچ كۆرەتتى ۋە ئۇلاردىن قورقاتتى. ھەمىشە «ئېشىمغا توپا سالىدىغان قەلەمكەشتىن بىرەرى چىقىپ قالمىسا بولاتتىغۇ» دەپ ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. «قېرىشقاندەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ كۈتۈپخانىغا كۆزى چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرمەمە-دىغان، — دەپ ئويلىدى ھەيدەر، — قانداق قىلىپ بولمىسۇن، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە يول قويماسلىق كېرەك». ھەيدەرنىڭ تازا بېشى قاتتى. «ھېلىقى غەززالى دېگەن ئەمدى دىۋانبېگى بىلەن كۆرۈشمەي قالمايدۇ، — يەنە ئويلىدى ئۇ، — ئازاق بەگ مەھمۇدنى كۈتۈپخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟» ياق، بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈر.

تۇيۇقسىز ھەيدەرنىڭ كۆڭلىگە بىر پىكىر كەلدىكى، ئۇ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتكىلى تاس قالدى. تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام دىندارلار مەھمۇدنى «يەر شەكلىنى يۇمىلاق دائىرە قىلىپ سىزىپتۇ» دەپ دەھرىيلىكتە ئەيىبلەشكەنىدى. ھەيدەر شۇ خىل ئەيىبلەشلەرنى يادىغا ئالدى - دە، خۇددى زىيادە كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ كەتكەندەك غەيرەتكە كېلىپ، كۈتۈپخانىغا ئېتىلىپ كىردى ۋە دەرھال كىتاب

جاھازلىرىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى .

— ھە ، مانا ! — دېدى ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى قولىغا ئېلىپ ھەمدە ئېتىك ۋاراقلاپ ، يەر يۈزى شەكلى سىزىلغان رەڭلىك خەرىتىنى ئاچتى .

«ھىم !» دېدى ئۇ دىمىقىدا ۋە قانائەتلەنگەن ھالدا «دىۋان» نى قولتۇقىغا قىسىپ ئازاق بەگنىڭ ئۆيىگە يول ئالدى .

ئازاق بەگ چەمبەر شەكلىدىكى دائىرە ئىچىگە سىزىلغان رەڭلىك خەرىتىگە قاراپ قويدى ـ دە ، خۇشياقمىغان ئاھاڭدا دېدى :

— ئالىملارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالمايلى ، ھەيدەر . خەرىتىنى بۇنداق شەكىلدە سىزىش دەھرىيلىك بولامدۇ ، بولمامدۇ ، مەنمۇ ئانچە بىلمەيمەن .

— ئاللا ياراتقان كەڭ دۇنيانى كىچىككىنە چەمبەر قىلىپ سىزىپ قويسا ، دەھرىيلىك بولماي نېمە ؟ — دېدى ھەيدەر دىۋانبېگىنىڭ پەرۋاسىزلىقىدىن تىت ـ تىت بولۇپ ، — ئاڭلىشىمچە ، ئۇ دائىم دىنسىزلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇيدىكەن . يۇناننىڭ ، رۇمنىڭ ئالىملىرىنى ماختاپ يۈرەرئىمىش...

ئازاق بەگنىڭ ئوزايىدا يەنىلا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى . ھەيدەر ئەمدى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ ، گەپنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكىدى .

— بۇ مەھمۇد كاشغەريي دېگەن كىشى ، — دەپ يەنە گەپ توقۇشقا باشلىدى ئۇ ، — ئەرەبلەر ئەڭ ئېسىل خەلق ، ئەرەب تىلى مۇقەددەس تىل ، تۈركلەرنىڭ تىلىمۇ ، يېزىقىمۇ قالاشمىغان دەپتۇمىش . شۇڭا ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنىمۇ ئەرەب تىلىدا يازغان...

— مەھمۇد كاشغەريي راستتىنلا شۇنداق دېگەن بولسا ، توغرا گەپ قىلماپتۇ ، — دېدى ئازاق بەگ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ .

«ھە بەللى ! ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى ، — دەپ ئويلىدى ھەيدەر ، — ھوقۇقدارلارنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنلىكى ، قارا بوراندىن دېرەك بېرىدۇ» .

— بۇ مەھمۇد كاشغەريي دېگەن كىشى ، — ھەيدەر گەپ توقۇشنى داۋاملاشتۇردى ، — ئوغۇز تۈركمەنلەر ئەسلىي ئۇيغۇر ـ قارلۇق ھۆكۈمدارلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي قېچىپ چىققان قاچقۇنلار دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپتۇ...

— نېمە ؟ ! — ئازاق بەگنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ كەتتى ، — بىز ئوغۇزلار قاچاقمىكەنمىز ؟ ! ھە !

«بۇ قېتىم ئاتقان ئوقۇم دەل جايىغا تەگدى» دەپ ئويلىدى ھەيدەر خۇشاللىق بىلەن .

— بۇ مەھمۇد دېگەن كىشى ھەر قىسما بولمىغۇر گەپلەرنى تولا قىلىدىكەن ، — دېدى ئۇ يەنە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلەپ ، — ئۇ : «دىۋان ۋە مەھكىمىلەرنى باشقۇرۇۋاتقان مەنسەپدارلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چىراغ يېقىپ ئىزدىسەڭمۇ ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى تاپقىلى بولمايدۇ» دەپتۇ .

ئازاق بەگنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى .

ھەيدەر خوشلىشىپ قايتىپ چىقتى ـ دە ، دەرھال خەلپە ئوردىسىغا قاراپ چاپتى .

— خەلپە ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم بار ئىدى ، — دېدى ئۇ ئوردىنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن .

ئۇنى كۈتۈۋالغان ئەرەب ئەمەلدار ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدە مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى .

— گېپىڭىز بولسا ماڭا دەڭ ، — دېدى ئۇ ئارتۇق تەكەللۇپ قىلماستىنلا .

ئۇنىڭ تەكەببۇرانە مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ ، ھەيدەر گاڭگىراپ قالدى .

— خۇش ، قېنى سۆزلەڭ ، — ئەرەب ئەمەلدار ئۇنى ئالدىراتتى .

ھەيدەرنىڭ تىلى كالۋالىشىپ ،گەپنى نەدىن باشلىشىنى بىلمەي قالدى ، لېكىن ئەمدى گەپ قىلمىسا بولمايتتى . گەپ قىلغاندىمۇ مەسىلىنىڭ پوسكاللىسىنىلا دېيىشكە توغرا كېلەتتى .

ئەرەب ئەمەلدارنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن «ئەزمەڭنى ئەزمەي تېز بول» دەۋاتقاندەك مەنىسىتمەسلىك ئالامەتلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھەيدەر قولتۇقىغا قىسىپ ئەكەلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئىككى قولى بىلەن ئالدىغا سوزۇپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن دېمەكچىمەنكى، ھەزرىتىم... مەن شۇنداق بىر مەسىلىنى ئىنكاس قىلماقچىمەنكى، ھەزرىتىم... بۇ كىتابتا ئەرەبلەرگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان... ئەرەب تىلىنى كەمسىتىدىغان گەپلەر بار ئىكەن.

— بۇ كىتابنى مەنمۇ ئوقۇغان، ئۇنداق گەپلەرنى كۆرمىدىم، — دېدى ئەرەب ئەمەلدار.

— ھەزرىتىم... — ھەيدەر تەمتىرەپ قالدى، — بۇ... بۇ كىتابتا: «ئەرەب تىلى بىلەن تۈرك تىلى خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشايدۇ» دېگەن گەپلەر بار ئەمەسمۇ. ئەرەب تىلى دېگەن مۇقەددەس تىل تۇرسا، ئۇنى تۈرك تىلى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويسا بولامدۇ؟

— ھىم، راست، مەن بۇ سۆزلەرگە ئانچە دىققەت قىلماپتىمەن، — دېدى ئەمەلدار سەل يۇمشىغان تەلەپپۇزدا.

ھەيدەرگە باشقىدىن جان كىردى.

— بۇكىتابتا يەنە: «ئاخىر زامان بولغاندا ئوغۇز تۈركلىرى مەيدانغا چىقىدۇ» دېگەندەك گەپلەر يېزىلغان، — دېدى ئۇ، — ئاللا ئەزىز كۆرگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپانىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، تۈركلەرنى ئاخىر زاماننىڭ ئىگىلىرى دەپ دەۋا قىلسا توغرا بولامدۇ؟ پېقىر مۇشۇنداق كۇپۇر سۆزلەرگە چىداپ تۇرالماي بۇ يەرگە كەلدىم، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە كۆڭلۈمدىكى ساداقەتلىكىم بىلەن مۇشۇ گەپلەرنى يەتكۈزمەكچىدىم.

ئەرەب ئەمەلدارنىڭمۇ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بۇ مەھمۇد كاشغەرىي دېگەننى بەك

چوڭ كۆرىدۇ، — دېدى ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئۇنداق بولمىغاندا، مەن بۇ كىتابباز بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقاتتىم.

«قانداقلا بولمىسۇن، بۇ يەرگىمۇ بىر ئوتنى تۇتاشتۇرۇپ قويىدۇم» دېدى ئۆز ئىچىدە ھەيدەر، ئوردا دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

⁂ ⁂

غەززالى دىۋانبېگى بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشۈپ، مەھمۇد كاشغەرىينى كۇتۇپخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا سۆزلەپ ئەھۋال تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، نەتىجىسى بولمىدى. مەھمۇد ئۆزىمۇ خەلىپە ئوردىسىغا بارغان بولسىمۇ، خەلىپە بىلەن كۆرۈشەلمىدى، ئوردىدىكى ئەرەب ئەمەلدارلىرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى.

شۇنداق قىلىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دەك كاتتا ئەسەرنى يېزىپ جامائەتچىلىككە تونۇلغان بىر ئالىم كۇتۇپخانا خىزمىتىگە ئورۇنلىشالمىدى.

ئاق كۆڭۈل غەززالى بۇ ئىشلارنى تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمەي ئىنتايىن ئەجەبلەنگەن ھالدا خىتاب قىلاتتى:

— بۇ قانداق گەپ ئۆزى! مۇشۇنداق ئاتاقلىق ئالىمنى قوبۇل قىلىشمىسا، قانداق ئادەم كېرەك ئۇلارغا؟

مەھمۇد كاشغەرىي بولسا، ھېچقانچە ئەجەبلەنمەي تەمكىنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويىدى ۋە:

— چۈشىنىشلىك! ھېچقىسى يوق، — دەپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى.

ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا كىتاب ئوقۇپ، نېمىلەرنىدۇ يېزىپ خاتىرىلەپ، بوش ۋاقىتلىرىدا كىتابپۇرۇشلۇق دۇكانلىرىنى ئارىلاپ، مەدرىسىلەرگە بېرىپ، كۇتۇپخانىلارغا كىرىپ كۆن

ئۆتكۈزەتتى .

ھەيدەر بولسا ، چوڭ كۈتۈپخانا ئىچىدە ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا مەيدىسىنى كېرىپ ، مەغرۇر قىياپەتتە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى . «غەلىبە قىلدىم ، — دەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە ، — مەن ئەرەبلەرگىمۇ ، تۈركلەرگىمۇ ياخشى بولدۇم . مەنلا بولىدىكەنمەن ، ھېلىقى مەھمۇدقا ئوخشاش كىتابباز ، قەلەمكەشلەر بۇ يەردىن ئورۇن تۇتالمايدۇ . ئالىم ئىمىش تېخى ! ئۇنداق ئەخمەقلەر ئۆمۈر بويى ئەسەر يازىمەن دەپ مۈكچىيىپ ، جاپا تارتىپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ . مانا مەن ، ئاكاڭ قارىغاي ئەسەر يازمىساممۇ ھوقۇق تۇتۇپ ، ئۇلاردىن تۇزۇكرەك ياشايمەن . ئەقىللىق ئادەم دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ . مەن تېخى يەنە ئۆسىمەن ، مەنسەپ پەلەمپىيىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرىدىكى باسقۇچلىرىغا چىقىمەن» .

شۇ خىل مۇلاھىزىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ھەيدەر ئۆزىنى گويا كۆچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى . ئۇ ئىمكانقەدەر چىرايىغا سۈرلۈك ۋە ئۇلۇغۋار تۈس بېرىشكە تىرىشىپ ، كۈتۈپخانا خادىملىرىغا بۇيرۇق بېرىشكە باشلىدى :

— سىز مۇنۇ كىتابنى كۆچۈرۈپ چىقىڭ... سەن ماۋۇ كىتابنى كۆچۈرۈپ چىق (ھەيدەر قول ئاستىدىكىلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەتتى !)... سەن بۇ قوليازمىلارنى ئاپىرىپ تۈپلىتىپ كەل...

بۇيرۇقلارنى چۈشۈرۈپ بولۇپ ، ھەيدەر يەنە قوللىرىنى كەينىگە تۇتقان پېتى غادىيىپ چىقىپ كەتتى .

كۈتۈپخانا خادىملىرى ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئىشنى توختىتىپ ئولتۇرۇشتى ۋە بۇ ئۇلۇغۋار ھەم سۈلەتلىك كۆرۈنىدىغان باشلىقنىڭ ئۈستىدىن ئۆزئارا دەرد - شىكايەتلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى :

— بۇيرۇقنى چۈشۈرۈپ قويۇپلا چىقىپ كېتىدۇ يا ئۆزى ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ .

— ئىشىنىمىز قىلالىسا قىلىمىز.

— باشقا ئىشنى قىلالمىسىمىز، بەگ ـ غوجاملارنى مېھمان قىلىشقا ئۇستا.

— ھالىنىڭ چوڭلۇقىچۇ تېخى!

— قارا قورساق ئادەمنى باشلىق قىلىپ قويسا ئاشۇنداق گىدىيىۋالىدۇ.

— ۋاقتىدا باشقا بىر يەردىن ئىش تېپىۋالمىساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ يەردە يا يۇرەكلىك تۈت ئېغىز گەپ قىلغىلى بولمىغان، يا باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەن ئادەمنىڭ قەدرى بولمىغان، بۇ سۆلەتۋازنىڭ سەللا دىتىغا ياقمايدىغان گەپنى قىلىپ قويساڭ، يا مائاشىڭنى كېمەيتىۋېتىدۇ، يا ھېچنېمە بەرمەي قۇرۇق قول قوغلاپ چىقىرىدۇ.

— شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالسىلا مەيلىغۇ. ئۆتكەندە بىر خادىمنى قېرىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى زىندانغا تاشلىۋەتتىغۇ.

— تۇۋا، خۇدايىم! بۇنداق ئىلمىي ئورۇنغا ئالىملارنى ئەكەلمەي، مۇشۇنداق زالىمنىمۇ باشلىق قىلىپ قويغان بارمۇ؟!

# ئون ئىككىنچى باب

## مەلىكشاھ كەلدى

مىلادىيە 1078 - يىلى كۈز.

ئىلتەمۇرمۇ خۇددى مەھمۇد كاشغەرىيگە ئوخشاش ئۆز ھۇجرىسىنى ئىشخانا قىلىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزى يىغقان كىتابلىرىنى ئويۇق ۋە تەكچىلەرگە رەتلىك تىزىپ قويىدى. گىلەم ئۈستىگە ئانچە چوڭ بولمىغان شىرە، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇۋەت، قومۇش قەلەملەر، قەلەمتىراچ ۋە بىر دەستە قەغەزنى تەقلىدى. ئۇ ھەر ئىشتا مەھمۇد كاشغەرىيگە تەقلىد قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ مەھمۇد ئوقۇغان كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇيتتى، گەپ قىلىش، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغىچە ئۇنى دورايتتى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئۆگۈت - نەسىھەتلەرنى ھۆسنخەت قىلىپ يېزىپ تاملارغا ئېسىۋەتتى.

ۋەھالەنكى، ئىلتەمۇرنىڭ ھەۋىسى باشقىچە بولۇپ چىقتى. ئۇ تارىخ ئىلمىگە قىزىقاتتى. ئىشنى تارىخقا ئائىت ئەسەرلەرنى ئوقۇشتىن باشلاپ، ئاخىرى ئۆزىمۇ تارىخىي خاتىرىلەرنى يازىدىغان بولدى. ئۇ ھەمىشە ئۆزى مۇھىم دەپ ھېسابلىغان ۋەقەلەرنى ئىنچىل تۈردە خاتىرىلەيتتى. ئۇ يېزىلغان خاتىرىلەر ئاساسىدا كېيىنكى كۈنلەردە بىر مەخسۇس ئەسەر يېزىشنى ئويلايتتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. مەدرىسىدىن قايتىپ كېلىپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىردى - دە، شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ قەلەمنى

قولىغا ئالدى ، بىر ئەسناغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى ۋە يېزىشنى باشلىدى :

«بۈگۈن ئاڭلىغان خەۋىرىم شۇكى ، سالجۇقىيلار قوشۇنى ۋىزانتىيە قولىدىن پۈتۈن كاۋكاز دىيارىنى تولۇق تارتىۋالغان . سۇلتان مەلىكشاھنىڭ شان - شۆھرىتى كۈندىن - كۈنگە كەڭ تارقالماقتا . سالجۇقىيلار ئىراندا سەلتەنەت چىنارىنى يىلتىز تارتقۇزدى . ئافغانىستاندا تۇغ - ئەلەملىرىنى لەپىلدەتتى ، ئامۇ دەريا ۋە سىر دەرياداا ئاتلىرىنى سۇغاردى ، كاۋكاز تاغلىرىدا دۇمباق چېلىپ بەزمە قۇردى ، ئانادولۇ يېرىم ئارىلىدا يىگىمىدىن شەھەر - يېزىلارنى بەرپا قىلىشقا كىرىشتى ، سۈرىيە ۋە پەلەستىندە چېرىكلىرىنى مەشىق قىلدۇردى ؛ ئىراقتا ئوغۇز - تۈركمەنلەر تەنتەنە قىلماقتا ، باغداتتىكى مەسچىتلەردە مەلىكشاھنىڭ نامى خەلىپە مۇقتەدىنىڭ نامى بىلەن بىرلىكتە خۇتبىدە ئوقۇلماقتا . سالجۇقىيلار داۋاملىق زەپەر قۇچۇپ ، چېگرىلىرىنى ھەر تەرەپكە كېڭەيتمەكتە .

خەلىپە ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئېيتىشىچە ، سۇلتان مەلىكشاھ سەمەرقەنتلىك خانىشى تۈركەن خاتۇن بىلەن باغداتقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ . ھازىر باغداتتىكى بارلىق دىۋان ۋە مەھكىمىلەردە سۇلتاننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنمەكتە » .

ئىلتەمۇرنىڭ ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرى تامامەن توغرا ئىدى . ئۇ يۇقىرىقى خاتىرىنى يېزىپ بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە پۈتۈن باغدات خەلقى تەۋرەپ كەتتى . ھەر قاتلام ، ھەر ساھە كىشىلىرى سالجۇقىيلارنىڭ دۇنياغا داڭقى پۇر كەتكەن ياش سۇلتانى جالالىددىن مەلىكشاھنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىققا

تىرىشاتتى. شەھەرنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئۇلۇغ ئىچىنۋېتىلدى. باغداتتىكى تۈرك، ئەرەب، پارس ئەمەلدارلىرى ئەڭ ئېسىل بايراملىق لىباسلىرىنى كىيىشىپ، نەچچە مىڭ قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەردىن بىر كۈنلۈك يولغا چىقىپ مەلىكشاھنى قارشى ئالدى. باغدات خەلقى بۇنداق تەنتەنىلىك قارشى ئېلىشنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئادەملەر سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەنىدى. ھەممە يەردە دېگۈدەك سالجۇقىيلارنىڭ قىزىل بايراقلىرى ۋە ئاببىاسىيلارنىڭ قارا بايراقلىرى لەپىلدەپ تۇراتتى. كاناي - بۇرغىلار ۋە ناغرا - دۇمباقلار چېلىنىدى.

كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئىچىدىن بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۇپۇرلەشلىرى ئاڭلاندى. ئەپلىك قىسقا چاپانلىرى ئۈستىدىن تاسما كەمەر باغلاپ، قىلىچ ئاسقان تۈرك چەۋەندازلىرى قامچىلىرىنى ئىككى يانغا پۇلاڭلىتىپ:

— چەتكە تۇرۇڭلار! يولنى بوشىتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئاندىن خۇددى شۇنداقلا قىلىچ ئاسقان، ئەمما قاسىراقسىمان ساۋۇت ۋە قىزغۇچ - سېرىق تۈچ دۇبۇلغا كىيىشكەن نۆكەرلەر قاتار - قاتار سەپ تارتىپ ئۆتتى.

— ئەنە سۇلتان! — كىشىلەر مەلىكشاھنى كۆردى.

بويلۇق ئاق بوز ئاتقا مىنگەن قارا قاشلىق، قارا بۇرۇتلۇق مەلىكشاھنىڭ چىراي تۇرقى خۇددى ئۆزىنىڭ ئاتىسى ئالپ ئارسلاننى تارتقانىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئېگەردە كۆكرەكلىرىنى كېرىپ مەغرۇر ئولتۇرۇشىمۇ مەرھۇم ئاتىسىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ تۈچ دۇبۇلغىسى ئۈستىدىن ناۋات رەڭ يىپەك سەللە ئورىغان، ئۇچىسىغا زەرباپ تون كىيگەن، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلاپ، قىنىغا ياقۇت ۋە زۇمرەت كۆزلەر ئورنىتىلغان ئەگرى قىلىچ ئاسقانىدى.

سۇلتاننىڭ كەينىدىن ئاق قاشقىلىق تورۇق ئاتنى مىنىپ

كېلىۋاتقان چار ساقاللىق كىشىنى باغداتتا خېلى كۆپ كىشىلەر بۇرۇنمۇ كۆرگەن بولغاچقا، بىر قاراشتىلا تونۇۋېلىشتى.
— باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك، — دېيىشتى ئۇنى بۇرۇن كۆرگەنلەر.
نىزامىلمۇلۇك مىلادىيە 1064 ـ يىلى سۇلتان ئالپ ئارسلانغا باش ۋەزىر بولغاندىن كېيىن باغداتقا بىرنەچچە قېتىم كەلگەن ۋە بۇ يەردە نۇرغۇن ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ھەر ساھە ئاممىسىغا ئىقتىدارلىق ھەم ئادىل ئەمەلدار سۈپىتىدە تونۇلغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئالپ ئارسلاننىڭ ئوغلى جالالىددىن مەلىكشاھقا باش ۋەزىر بولۇپ بۇ شەھەرگە يەنە كەلدى.
سالجۇقىيلارنىڭ كاتتا ئەربابلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تىزىلىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن گىلەم سېلىنغان سايـۋەنلىك ھارۋىلاردا ئاياللار ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى خانىش ۋە خانىملار، قايسىسى كېنىزەك ۋە دېدەكلەر پەرق ئەتكىلـى بولمايتتى، چۈنكى ھەممىسىنىڭ يۈزلىرى پەرەنجە بىلەن يېپىلغان بولۇپ، ئۇزۇن ۋە كەڭ تونلار يەلكىلىرىدىن ئەمەس، بەلكى باشلىرىدىن قوشۇپ ئارتىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئـارقىسىدىن يەنە قاتار ـ قاتار نۆكەرلەر، ئاخىرىدا سالجۇق قوشۇنلىرىنىڭ باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان سەپلىرى سوزۇلۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاز قىسمى شەھەرگە كىردى، كۆپ قىسمى شەھەر سېپىللىرىنىڭ سىرتىدا چېدىر ـ بارگاھلارنى قۇرۇپ ئورۇنلاشتى.
مەھمۇد كاشغەرىي، غەززالى ۋە ئىلتەمۇر ئۇچەيلەنمۇ قارشى ئالغۇچىلار توپى ئىچىدە تۇرۇپ، مەلىكشاھنىڭ باغداتتىكـى سالجۇقىيلار قەسىرىگە داغدۇغا بىلەن كىرىپ كەتكەنلىكىنـى كۆردى.
— مەن دەرھال ئۆيگە قايتىپ بۇ ۋەقەنـى خاتىـرىلەپ يېزىۋېلىشىم كېرەك، — دېدى ئىلتەمۇر خالايىق تارقىلىـشقا باشلىغاندا ۋە يۈگۈرگەندەك مېڭىپ قايتىپ كەتتى.
مەھمۇد بىلەن غەززالى يول بويى ئاستا قەدەم تاشلاپ يانمۇ

يان ماڭدى .

— ئالپ ئارسلاننىڭ بۇ ۋارىس ئوغلى قانداقراق سۇلتان بولدىكىن ، — دېدى غەززالى ، — مەلىكشاھ جەڭ ئىشلىرىدا قەيسەرلىكىنى ۋە سىياسىي ئىشلاردا پاراستىنى نامايان قىلدى . ئەمما ، ئۇنىڭ خۇلق ـ مىجەزى ، ئىلىم ئەھلىگە قارىتا مۇئامىلىسى قانداقكىن ـ ھە ؟

— پېقىر بىر مۇساپىرمەن ، — دېدى مەھمۇد ، — سالجۇقىيلار ماڭا پاناھلىق بەردى . سۇلتاننىڭ شەخسىي سۈپەتلىرى قانداق بولسا بولسۇن ، مەن بىر كىشىلىك ئىشىمنى قىلىپ كۈنۈمنى ئالسام ، شۇ كۇپايە .

— باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۈك بولىدىغان ئادەم ، — دېدى يەنە غەززالى ، — ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ، سىزنىڭ كۇتۇپخانىدىكى خىزمىتىڭىز توغرىسىدا سۆزلىشىپ باقايمۇ ؟

— بولدىلا ، شەيخ ئىمام ، — مەھمۇد قولىنى سىلكىپ قويدى ، — كۇتۇپخانىدا ئىشلىمىسەممۇ باشقا ئىش تاپسام بولىدۇغۇ .

غەززالى ئارتۇق سۆزلىمىدى . «مۇبادا باش ۋەزىر بىلەن سۆزلىشىشنىڭمۇ نەتىجىسى بولمىسا ، مەھمۇدقا تېخىمۇ ئەلەم بولامدۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — ياخشىسى ، ئالدىرىماي تۇراي . كېيىنچە بىر گەپ بولار» .

※ ※

ئارىدىن ئون كۈندەك ۋاقىت ئۆتتى .

— سۇلتانۇل ئەزەم مەلىكشاھنىڭ يارلىقى ، — دېدى ئوردا چاپارمىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئالدىغا كىرىپ ۋە كانايچە قىلىپ يۆگىلىپ شەلپەر بوغقۇچ بىلەن چىگىلگەن مەكتۇپنى قوش قوللاپ ئۇزاتتى .

مەكتۇپتا مەھمۇد كاشغەرىي سالجۇقىيلار سۇلتانىنىڭ تۇرار

جايغا تەكلىپ قىلىنغانىدى.

چاپارمەن مەھمۇدنى گىلەم ۋە كىمخاب كۆرپىلەر سېلىنغان ئىككى چاقلىق ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، سالجۇقىيلار ئوردىسىغا ئاپاردى.

— سالىمىمنى قوبۇل قىلغايسىز، ئەي سۇلتانۇل ئەزەم جالالىددىن مەلىكشاھ ئالىيلىرى، — دەپ تەزىم بەجا كەلتۈردى مەھمۇد تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— مەرھەمەت، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي، — دېدى سۇلتان مەلىكشاھ ئۇنىڭغا خۇش چىراي بېقىپ ۋە ئوڭ تەرەپتىكى كۇرسىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى، — مەرھەمەت، بۇ يەرنى ئۆز ئۆيىڭىزدەك كۆرگەيسىز.

مەھمۇد كۇرسىغا ئولتۇردى ۋە سۇلتانغا زەن قويۇپ قارىدى. مەلىكشاھ قارا قاشلىق ۋە قارا بۇرۇتلۇق كېلىشكەن ياش يىگىت ئىدى. ئۇزۇن سەپەرلەر ۋە ھەربىي يۈرۈشلەر داۋامىدا قۇياش ۋە شامالنىڭ تەسىرىدىن ئۆڭى قارىدىغان بولۇپ، تۇرقىدىن جەسۇرلۇق ۋە ساغلاملىق چىقىپ تۇراتتى. ياشلارغا خاس ئۆتكۈر ھەم شوخ كۆزلىرىنىڭ ئادەمگە قىزىقسىنىپ قاراشلىرى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. مەھمۇد ئۇنىڭغا قاراپ گوياكى ئىچى يورۇپ قالغاندەك بولۇپ، يېنىكلىك ھېس قىلدى. «راسا ئاتىسىنى تارتىپتۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

مەلىكشاھ بۇ ئاتاقلىق تىلشۇناستىن ئىنتايىن دوستانە كەيپىيات ئىچىدە ھال ـ ئەھۋال سورىدى. ھازىر نېمە ئىش بىلەن بەند بولۇۋاتقانلىقىنى، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ـ يوقلۇقىنى سورۇشتۇردى.

— مەن سىزنىڭ «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم، — دېدى ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا مەھمۇدقا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — گەرچە بۇ ساھەنىڭ ئەھلى بولمىساممۇ، ئەسىرىڭىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم. بىر قىسىم جايلىرىنى تەكرار ئوقۇدۇم، بىر قىسىم جايلىرىنى پات ـ پات كۆرۈپ تۇرىمەن. قىسقىسى، بۇ

ئەسەر مەن ئۈچۈن قىممەتلىك قوللانما بولۇپ قالدى .

ئۇلار ئاسانلا سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتتى .

— ئەتە ناماز ئەسىرىدىن كېيىن قەسرىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز ، — دېدى سۇلتان مەلىكشاھ سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا ، — باغدات مەۋلانىلىرى بىلەن يىغىلىش ئۆتكۈزمەكچىمىز .

بۇ يىغىلىشقا باغداتتىكى ئىلىم نامايەندىلىرى تەكلىپ قىلىنغانىدى . سارايىنىڭ مېھمان كۈتۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئەمەلدار خۇش مۇئامىلە ۋە تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن ھەرقايسى ئالىملارنى قارشى ئالدى . ئەدىبلەر ، پەيلاسوپلار ، تىلشۇناسلار ، تارىخچىلار ، مۇنەججىملەر ۋە مەشھۇر تېۋىپلار سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ھوزۇرىدا جەم بولدى . تەكلىپ قىلىنغانلار كېلىپ بولغاندىن كېيىن مېھمان ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارمۇ مەھمۇد كاشغەريي بىلەن غەززالىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— ئۇلۇغ سۇلتانىمىز بىلىملىك ئادەملەرنى بەك قەدىرلەيدۇ ، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ ، — سۇلتانىمىز بارغانلىكى يېرىدە ئالىملارنى يىغىپ سۆھبەتلىشىپ تۇرىدۇ .

— رەھمەتلىك سۇلتان ئالپ ئارسلانمۇ شۇنداق ئىدى ، — دېدى غەززالى .

— مەلىكشاھ بۇ جەھەتتىمۇ ئاتىسىنى تارتىپتۇ ، — دېدى مەھمۇد .

مۇراسىم باشلاندى . بۇ بىر قېتىملىق ئىلمىي سۆھبەت يىغىنى بولدى . ھەرقايسى ئالىملار ھەر پەنلەر بويىچە كەڭ - كۇشادە پىكىر بايان قىلدى . ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان مەلىكشاھ ۋە ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان ياش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك تۇسى مېھمانلار بىلەن ئۇچۇق - يورۇق ھەم قىزغىن سۆزلەشتى ، پىكىر ئالماشتۇردى .

— بۇنىڭدىن كېيىن قانداق پىكىر - تەلەپلىرىڭىزلەر بولسا ،

بۇ يەرگە بىمالال كېلىپ تۇرغايسىزلەر ، — دېدى مەلىكشاھ كۆپچىلىككە كۆز يۈگۈرتۈپ .

— بۇ يەردە جەم بولغانلىرىمىز ئىچىدە كونا تونۇشلارمۇ ، يېڭى تونۇشلارمۇ بار ، — دېدى باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك ، — بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇرايلى . مەنمۇ خۇددى سۇلتانۇل ئەزەمگە ئوخشاش ئۆزىنى مەرىپەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان مەۋلانىلەر بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى خالايمەن .

سۆھبەتكە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئەمەلدار ئورنىدىن تۇرۇپ چىقتى .

— نۆۋەتتە ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، — سۇلتانۇل ئەزەم جالالىددىن مەلىكشاھنىڭ پەرمانى بىلەن بۈگۈنكى يىغىلىشىمىزغا ئىشتىراك قىلغان مەۋلانىلەرگە تون كىيدۈرۈلىدۇ .

مۇلازىملار مېھمانلارغا شايى - تونلارنى كىيدۈرۈشتى .

— ئەمدى ، — دەپ يەنە جاكارلىدى رىياسەتچى ئەمەلدار ، — «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك »نىڭ مۇئەللىپى ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىيگە سۇلتانۇل ئەزەمنىڭ سوۋغىسى تەقدىم قىلىنىدۇ !

چىرايلىق كىيىنگەن تۆت مۇلازىم ئالتۇن - تىللا دۆۋىلەپ سېلىنغان تۆت لېگەننى كۆتۈرۈپ كېلىپ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئالدىغا قويدى .

※ ※

«باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك بارلىق دىۋان ۋە مەھكىمىلەرنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرىدىكەن» .

چوڭ كۆتۈپخانا خادىملىرى مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدەپ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتى . بىرى : «پالان مەھكىمىنىڭ باشلىقىنى جازاغا تارتىپتۇ» دېسە ، يەنە بىرى : «پالان مەھكىمىگە يېڭىدىن ئادەم يۆتكەپتۇ» دېيىشەتتى .

ھەيدەر ئىبن ياقۇپ بەكلا جىددىيلىشىپ، دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆندۈزى گېلىدىن غىزا ئۆتمەي، كېچىسى كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئارقا تىرىكىنىڭ قانچىلىك پۇت تىرەپ تۇرالايدىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن بورىدالغان بىر قوچقارنى ھارۋىغا بېسىپ دىۋانبېگىنىڭ ئۆيىگە باردى.

— ھەي... باش ۋەزىردىن نېمانچىۋالا قورقۇپ كېتىسىز؟ — دېدى ئازاق بەگ ئۇنىڭ ھالىغا پەرۋا قىلماي، — سىز يا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولمىسىڭىز، يا باشقىلار بىلەن يامانلىشىپ قالغان يېرىڭىز بولمىسا، بۇنچىلىك ساراسىمىگە چۈشۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

ئازاق بەگ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئانچە ئىنچىكىلەپ ئويلاپ كەتمەيدىغان تۈز ۋە بىغەم ئادەم ئىدى. ئىلگىرى ھەيدەر ئۇنىڭ دەل مۇشۇ تەرىپىنى ياقتۇراتتى، چۈنكى بۇنداق ئادەملەرنى ئاسان ئازدۇرغىلى، ئۆزىنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئوينانقىلى بولاتتى. ئەمما، ھازىر ئەھۋال ئۆزگەرگەنىدى. باش ۋەزىرنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن تولىمۇ خاس ھىيلىگەرلىك ۋە سېھىرگەرلەرگە خاس ئۇستاتلىق بىلەن كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان چېۋەرلىك تەلەپ قىلىناتتى. «بۇ گالۋاڭ بىلەن ئىش پۈتمىگۈدەك» ئويلىدى ھەيدەر.

بۇ تىنىم تاپماس «پائالىيەتچى» مېڭىسىگە تۈرلۈك ـ تۈمەن تەخمىن ـ قىياسلارنى تولدۇرۇپ دىۋانبېگىنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقتى. «باش ۋەزىر زادى نېمە قىلماقچى؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ناتونۇش ئادەملەرنى ئىشتىن بوشىتىپ، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى قويماقچىمۇ؟ ياكى قورۇق تېرە تاراقشىتىپ پارا يېمەكچىمۇ؟ ۋە ياكى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ يۈرىكىنى شۇنداقلا بىر مۇجۇپ قويماقچىمۇ؟»

ھەيدەر كۇتۇپخانىغا بارماي ئۆيىگە يالغۇز ئۆزى سولىنىۋېلىپ، ھەر خىل ئېھتىماللارنى تەھلىل قىلىشقا باشلىدى.

«بەلكىم ئازاق بەگنىڭ ئىپتىقانلىرى توغرىدۇ ، ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوقتۇ ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋە شۇئان بۇ خىل ئويلىرىنى چەتكە ئىتتىرىۋەتتى ، — ياق ، — دەيتتى ئۇ ئۆزى ئۆزىگە ، — بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ . قانداقلا بولمىسۇن ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى چارە - تەدبىرلىرىم تەييار بولۇشى كېرەك» . ئۇ ئويلىغانسېرى بىرلا سۆز ، يەنى ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان «پارا ، پارا...» دېگەن ئاشۇ بىرلا سۆز ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەن مېڭىسىدە تەكرار - تەكرار ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى .

باش ۋەزىر پارا يەمدىغاندۇ ؟ ھەي ، بۇ دۇنيادا پارا يېمەيدىغان كىم بار ؟ ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ كاشغەردىن باغداتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇن يۇرتلاردا بولدى ، ھەممە يەردە پارا يەيدىغان ئەمەلدارلارنى تاپالىدىغۇ ! ئەمدى مۇشۇ نىزامىلمۇلۈك دېگەن ۋەزىر پارا يېمەي قالارمۇ ؟ «دوزاخنىڭ ئىشىكىنى پارا ئاچىدۇ» دېگەن گەپ بار . ھەيدەر مۇشۇ كۈنلەرگىچە تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلىرىدا بولدى ۋە ئاخىرى ھازىرقى مەنسەپكە ئېرىشتى . شۇ مەنسەپ ، شۇ ئۇتۇقلارنىڭ ھەممىسى پارا ئارقىلىق قولغا كەلگەنغۇ . دوزاخنىڭ ئىشىكىنى ئاچالايدىغان ئاشۇ ئاجايىپ قورال نىزامىلمۇلۈكنىڭ ئىشىكىنى ئاچالماسمۇ ؟

«گەپ قايسى خىلدىكى پارىنى بېرىش ۋە بەرگەندىمۇ قانداق ئۇسۇل بىلەن بېرىشتە» دەپ ئويلاشنى داۋاملاشتۇردى ھەيدەر . پارىنىڭ تۈرى كۆپ ، لېكىن ھەيدەرنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا ، ئەڭ ئۈنۈملۈك بولىدىغىنى ئىككى ، بىرى — پۇل ، يەنە بىرى — خوتۇن . باش ۋەزىر بولغان كىشىدە پۇل يېتەرلىك ، خوتۇنمۇ بار . شۇنداقتىمۇ ، ئارتۇق دۇنيا باشنى يارمايدۇ - دە ! مۇبادا ، نىزامىلمۇلۈك ھەيدەردەك چالا بىلىملىك ئادەملەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرمەكچى بولۇپ تۇرغان بولسا ، مۇشۇ پۇل ۋە خوتۇن بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ . ئەگەر ئىش ئۇ دەرىجىگە يەتمىگەن بولۇپ ، نىزامىلمۇلۈك كۆتۈپخانىدىكى خىزمەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىمىغان تەقدىردىمۇ ،

ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق. «كىتابباز ئەخمەقلەر بىر چەتتە قېلىۋېرىدۇ، مەن ئىشلىرىمنى پەم بىلەن توغرىلاپ، ئەركىن يايراپ يۈرۈۋېرىمەن».

ھەيدەر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى شۇ قارارغا كەلدى. ئۇ راۋۇرۇس بىر خالتىنى تىللا، تەڭگە ۋە ھەرخىل جاۋاھىرلار بىلەن تولدۇردى، ئاجايىپ گۈزەل دېدەكتىن بىرنى سېتىۋالدى.

— خوش، تەقسىر، نېمە گېپىڭىز بولسا ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ، — دېدى نىزامىلمۇلۇك، ئۆزىنىڭ ئالدىدا توققۇز تەزىم قىلىپ، پۈكۈلۈپ تۇرغان ھەيدەرگە قاراپ.

ھەيدەر «گۇرس» قىلىپ تىزلاندى ۋە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— ئۇلۇغ ھەم دانىشمەن باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك تۇسى ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولسۇنكى، — دېدى ئۇ، — كەمىنە قۇللىرى سىلىدەك ئاتىمىز ۋە پاسىبانىمىزنىڭ مۇبارەك بوسۇغىسىغا سەجدە قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولسام، ئۆزۈمنى جەننەتكە كىرگەندەك ھېس قىلىمەن... باش ۋەزىر ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولسۇنكى، كەمىنە قۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر دۇئا - تەكبىر ئوقۇشنى ئىككى دۇنيالىق زور بەخت دەپ بىلىمەن...

نىزامىلمۇلۇك قارىيلارچە يادلاپ ئېيتىلىۋاتقان بۇ خۇشامەت سۆزلىرىدىن بىزار ئىكەنلىكىنى تولىمۇ روشەن ئىپادىلەپ چىرايىنى پۈرۈشتۇردى.

— بولدى، بولدى، — دېدى ئۇ قول ئىشارىسى بىلەن ھەيدەرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — گېپىڭىز بولسا ئۇدۇللا دېمەمسىز.

ھەيدەر ھودۇقۇپ قالدى، لېكىن يەنە شۇئان ئېسىنى يىغىۋالدى ۋە يېنىدىكى ھېلىقى خالتىنى بوغۇپ چىگىلگەن يېرىدىن كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى.

— ئاز بولسىمۇ كەمىنە قۇللىرىنىڭ كۆڭلى دەپ بىلگەيلا، —

دېدى ئۇ غەيرىي تەبىئىي ھالدا بەكلا ھېجىيىپ .

ئاندىن ئۇ يورغىلىغان پېتى ئىشىك تۈۋىگە باردى ـ دە ، سىرتتا توختىتىپ قويغان گۈزەل دېدەكنى قولىدىن تارتىپ باش ۋەزىرنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى .

— ئۆزلىرىنىڭ لايىقىدا بولمىسىمۇ ، كۆڭلۈمنى يەردە قويماي قوبۇل قىلغايلا ، — دېدى ئۇ ، رومىلىنىڭ بىر چېتى بىلەن يۈزىنىڭ يېرىمىنى يېپىپ ، شەھلا كۆزلىرى بىلەن نازلىق بېقىپ تۇرغان دېدەكنى كۆرسىتىپ .

ھالبۇكى ، نىزامىلمۈلۈك ھەيدەرگە ئىلتىپات كۆرسەتمىدى . ئەكسىچە ، ئۇنىڭ يۈزىگە نارازىلىقنىڭ ، بەلكى غەزەپنىڭ قارا بۇلۇتلىرى سايە تاشلىدى .

— بەس ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ پارس تىلىدا (ئۇ ھەمىشە ھاياجانلانغان ياكى قاتتىق غەزەپلەنگەن چاغلىرىدا ئەنە شۇنداق پارسچىلاپ سۆزلەپ كېتەتتى ) ، — قايتىپ كېتىشىڭىزگە ئىجازەت ، تەقسىر . مۇنۇ خالتىڭىزنىمۇ ئالغاچ كېتىڭ . بۇ قىزنىمۇ يەنە ئۆزىڭىز بىلەن قايتىپ كەتسۇن .

ھەيدەرنىڭ خۇددى يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ ، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى . «خۇدا ئۇردى ! بۇ كاساپەت ۋەزىر پارا يېمەيدىكەن ـ دە» دېگەن ئوي ئۇنىڭ مېڭىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى .

— ئۇلۇغ باش ۋەزىر... ھەزرەتلىرى... — دېدى ئۇ يەنە گەپ ياساشقا تىرىشىپ .

باش ۋەزىر تېخىمۇ كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— بولدى ! سىزگە ئىجازەت !

ھەيدەر خالتىسىنى كۆتۈرۈپ ۋە گۈزەل دېدەكنى ئەگەشتۈرۈپ سارايدىن قايتىپ چىقتى . ئۇ پۈتلىشىپ ، مۈدۈرۈپ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئۇنىڭ گاراڭ بولغان كاللىسىدا : «ئەمدى تۈگەشتىم ، ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگەشتىم»

دېگەن بىرلا ئوي خوددى كەچ كۈز شاملىدا قالغان قۇرۇق خازاندەك ئۇچۇپ، پىرقىراپ تۇراتتى.

— باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك ھەزرەتلىرى ئۆزلىرىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى، — دېدى ئوردا چاپارمىنى دىۋانبېگىنىڭ ئالدىغا كىرىپ.

ئازاق بەگ دەررۇ ئورنىدىن تۇردى، ھەيدەر سوۋغا قىلغان ھېلىقى كارامەت ئارغىماقنى مىندى ۋە چاپارمەننىڭ يول باشلىشى بىلەن باش ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى.

سالامدىن كېيىن باش ۋەزىر دىۋانبېگىدىن ئۇدۇللا سورىدى:

— ئاڭلىسام، ھەيدەر ئىبنى ياقۇپ سىزگە ناھايىتى ياخشى نەسىللىك بىر ئات سوۋغا قىلغانىكەن، شۇنداقمۇ؟

ئازاق بەگمۇ ئۆزىنىڭ تۈزلۈكى بىلەن ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، ھەزرەتلىرى. ھەيدەر ناھايىتى پەمى بار ئادەم. مەن شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى ئات سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپمۇ ئۇنداق ئېسىل ئاتنى ئۇچراتمىغانىدىم. ھەزرەتلىرىگە ئات كېرەك بولسا، مەن ھەيدەرگە ئېيتىپ قوياي. ئۇ تازا ياخشى ئاتلارنى تېپىپ بېرىدۇ.

— ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپسىز — دە؟ — باش ۋەزىر يەنە سوئال قويدى.

— شۇنداق، ھەزرەتلىرى، ھەيدەر بەك چىقىشقاق، مېھماندوست، قولى ئوچۇق ئادەم.

— ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكى ماڭا ئايان، قېنى، جاۋاب بېرىڭا، دىۋانبېگى، ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىينى نېمە ئۈچۈن كۈتۈپخانىغا قوبۇل قىلمىدىڭىز؟

ئازاق بەگنىڭ تېخى ئەمدىلا ئۇيقۇسى ئېچىلغاندەك بولدى، سەگەكلەشتى. ئۇ گەپ ئۇرانىنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

— مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسەرلىرىدە دەھرىيلىك تەرغىب

قىلىنغان ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئاقىلماقچى بولۇۋاتقان تەلەپپۇزدا .

— سىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ ؟

— ھە ... ياق .

— ئوقۇپ باقماي تۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى نەدىن بىلدىڭىز ؟

— ھە ... ھەيدەر شۇنداق دېگەنىدى . ھەيدەرنىڭ ئېيتىشىچە ، مەھمۇد كاشغەرىي يۇناننىڭ ، ھىندىستاننىڭ ، خەنزۇلارنىڭ ، رۇملۇقلارنىڭ كۆپ كىتابلىرىنى ئوقۇيدىكەن...

— ھە ، مۇنداق دەڭ ! — دېدى نىزامىلمۇلۇك بېشىنى لىڭشىتىپ ، — ئەمدى ئەھۋال چۈشىنىشلىك بولدى . سىزگە ئىجازەت ، دىۋانبېگى . ئۆيىڭىزگە قايتىپ ، بىزنىڭ ئۇقتۇرۇشىمىزنى كۈتۈڭ .

ئازاق بەگ «ئەھۋال چۈشىنىشلىك بولدى» دېگەننىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرالمىدى ، «ئۇقتۇرۇشىمىزنى كۈتۈڭ» دېگىنىنى تېخىمۇ چۈشىنەلمىدى . ئۇ خۇددى ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان دەلدۈشتەك پۇتلىرىنى سۆرەپ چىقىپ كەتتى .

ھالبۇكى ، ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتۈپ باش ۋەزىرنىڭ ئۇقتۇرۇشى چۈشكەندە ، چۈشەنگىلى بولمايدىغان گەپ قالمىدى . مەزكۇر ئۇقتۇرۇشنىڭ روھى بويىچە ئازاق بەگ دىۋانبېگىلىك مەنسىپىدىن ، ھەيدەر چوڭ كۈتۈپخانىنىڭ مەسئۇللۇقىدىن ئېلىپ تاشلاندى . شۇنداق قىلىپ ، بىر تۈز كۆڭۈل ، ساددا بەگ بىلەن بىر ھىيلىگەر قاقباش تەڭلا موللاق ئاتتى .

ئازاق بەگ جەڭ مەيدانلىرىدا ئات مىنىپ ، قىلىچ ئوينىتىپ ، بۈيۈك سالجۇقىيلارنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشقان پىشقەدەم جەڭچى ، قەھرىمان سەركەردە ئىدى . ئۇ دۈشمەننىڭ ئوق ۋە تىغلىرى ئالدىدا قورقۇپ قالمىغان ، ھايات ـ ماماتلىق سىناقلاردا ۋىجدانىنى پاك تۇتقانىدى . مانا ئەمدى بىر تادان تۈلكىنىڭ قۇيرۇق شىپاڭشىتىشىغا تاقابىل تۇرالمىدى . كارغا كەلمەس بىر خۇشامەتچى يارامىلىق بىر ئەزىمەتنى

شەيتان كەبى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ كەتتى.

ئازاق بەگ مەيۈس ھالدا بېشىنى تۆۋەن سىلىپ، يۈك - تاقلىرىنى ھارۋىلارغا باستى، تۆگىلەرگە تاڭدى ۋە خوراساندىكى ئۆزىنىڭ يۇرتىغا راۋان بولدى.

ئۇستاتلىق بىلەن شىلتىڭ ئېتىپ، بىر مەزگىل خېلى كۆكلەپ كۆرەڭلىگەن ھەيدەر باغدات شەھىرىدىن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. ئۇنىڭ قاچان، قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم ئۇقماي قالدى.

— ئۇلارنىڭ كۆڭلى نەنى تارتسا شۇ يەرگە كېتىپ جېنىنى جان ئەتسۇن، — دېدى باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارغا، — ئۇلارنى ئەمدى ئوردىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردا قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر كۆپىيىۋەرسە بىزنىڭ بۈيۈك سالجۇقىيلار سۇلتانلىقىمىز ئىچكى جەھەتتىن چىرىپ كېتىدۇ. ئىچىدىن چىرىپ كەتكەن دەرەخ ھەرقانچە يوغان بولسىمۇ، ئازراق شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاغدۇرۇلۇپ چۈشىدۇ. شۇڭا، بىز ئەنە شۇنداق چىرىتكۈچى ۋە ئاسان چىرىگۈچى ئادەملەردىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك.

شۇ كۈنى ئۇ مەھمۇد كاشغەرىينى ئوردىغا چاقىرتتى.

— سىزنى شۇ ۋەجىدىن چاقىرتتۇقكى، ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەري، — دېدى نىزامىلمۇلۇك، — شۇ بۈگۈنكى كۈندىن ئېتىبارەن بۈيۈك سالجۇقىيلار سۇلتانلىقىنىڭ باغداتتىكى دىۋانىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلغايسىز. ۋەزىرلەر كېڭىشى ئارقىلىق سىزنى دىۋانبېگى قىلىپ تەيىنلىدۇق.

— ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ تەشەككۈر، باش ۋەزىر ھەزرەت-لىرى، — دېدى مەھمۇد كاشغەري، — ۋە لېكىن پېقىرنىڭ تاللىغىنى ئىلمىي تەتقىقات يولىدۇر، مەنسەپتىن تەمەيىم يوق، پېقىر بۇ خىزمەتكە مۇناسىپ ئەمەسمەن.

بۇ سۆھبەت سارايدىكى خانىلارنىڭ بىرىدە بولغانىدى. باش ۋەزىر بىلەن تىلشۇناس بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇراتتى.

— سىز پىقىر ئەمەس، — دېدى نىزامىلمۇلۇك مەھمۇدنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — سىز دانالىقىڭىز ئۇمۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان ئاتاقلىق ئالىم. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى سىزگە ئوخشاش ئادەملەرگە تاپشۇرۇلسا، بىز ھەممىمىز خاتىرجەم بولىمىز.

— باش ۋەزىر ھەزرەتلىرى، — دېدى يەنە مەھمۇد كۆڭلىدىكى ئارزۇسىنى چۈشەندۈرۈپ، — مەن پەقەت كۈتۈپخانىدا ئىشلەشنىلا ئويلاپ يۈرەتتىم.

— دىۋانبېگى بولغانىكەنسىز، كۈتۈپخانىمۇ سىزنىڭ قارىمىقىدا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. سىز يەنىلا ئىلمىي پائالىيەتلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىسىز، — نىزامىلمۇلۇك بۇ سۆزلەرنى شۇنداق تەلەپپۇزدا ئېيتتىكى، ئۇشبۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەش قارارىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئەمدى بۇ ھەقتە باشقىچە پىكىرلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ئورنىدىن تۇردى.

— بۇ يالغۇز مېنىڭلا قارارىم ئەمەس، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ قارارنى سۇلتانئول ئەزەم مەلىكشاھ شەخسەن ئۆزى تەستىقلىغان. سۇلتاننىڭ ئەمرى ۋاجىپ، سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىي.

⁂ ⁂

مەھمۇد كاشغەرىي دىۋانبېگى بولۇش ئۇقتۇرۇشىنى ئالغاندىن كېيىن دەسلەپتە بۇ مەنسەپكە ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەنىدى، ئەمما تەدرىجىي ھالدا بۇ يېڭى خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىمەيدىغانلىقىنى، يۇقىرىدىكىلەرنى ئالداپ، تۆۋەندىكىلەرنى بوزەك قىلىدىغانلىقىنى؛ يەنە بىر قىسىم ئىقتىدارسىز كىشىلەر كۆز بوياමچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

دۇرۇس بولمىغان ئىشلارنى كۆرگەندە هالال ياشاپ ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ ۋىجدانى قاينايدۇ. بوشاڭلارنى كۆرگەندە تىرىشچان، ئىشچان ئادەمنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولىدۇ.

مەھمۇدنىڭ ۋاقتى كۆن بويى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەر بىلەن سۆھبەتلىشەتتى، پۇقرالارنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلايتتى، بازار ۋە باج ـ سېلىق ئىشلىرىنى تەكشۈرەتتى، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى ئەھۋاللارنى سورۇشتۇرۇپ تۇراتتى، بىناكارلىق ۋە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى... ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۇرۇشى بىلەن سالجۇقىيلارنىڭ باغداتتىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىدا باشقىچە جانلىنىش مەنزىرىسى كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

مىلادىيە 1080 ـ يىلى رامىزان ئېيى ئەتە باشلىنىدۇ دېگەن كۈن ئىدى. سۇلتان مەلىكشاھنىڭ پەرمانى بويىچە، يېڭى ئاينىڭ چىقىشىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس مۇراسىم هازىرلاندى. كۈن پېتىشقا ئاز قالغاندا، ساراي ئالدىدىكى كەڭرى مەيداندا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان زاتلار يىغىلدى. ئەمەلدارلار، ئالىملار، شائىرلار توپ ـ توپ بولۇپ ئۆزئارا پاراڭلاشقاچ سۇلتاننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي ئاق ساقاللىق مۇدەررىس غەززالىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇراتتى. ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان بۇ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ قالغانىدى. ئۇ خۇددى مۇدەررىسلىك سەللىسىنى كۆتۈرۈش تەس كەلگەندەك، كۆمۈش باشلىق ھاسىسىغا تايىنىپ، مۈكچىيىپ تۇراتتى.

— سۇلتان بىلەن مۇشۇ جايدا كۆرۈشىدىغان گەپمۇ؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد ئۇنىڭدىن.

مەھمۇد مەلىكشاھنىڭ يېڭى ئاينى كۆرۈش مۇراسىمىغا تېخى

تۇنجى قېتىم قاتنىشىۋاتاتتى.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى غەززالى، — بۇ، سۇلتان ئالپ ئارسلاندىن قالغان ئادەت.

سارايىنىڭ چوڭ ئىشىكى كەڭ ئېچىۋېتىلدى. مەلىكشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئارتۇق گەپ - سۆز بولمىدى. ھەممەيلەن ھىلال ئاينى كۆرۈشكە ھازىرلىنىپ تۇراتتى.

تەنتەنىلىك سۈكۈت ئىچىدە سۇلتان قولىنى سوزۇپ بۇلۇتسىز كۆك ئاسماننى كۆرسەتتى.

— ئەنە، قاراڭلار!

كىشىلەر يېڭىدىن چىققان ئىنچىكە ئورغاقسىمان ئاينى كۆردى.

— قېنى، ئەمدى يېڭى ئاي ھەققىدە شائىرلارنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرىدىن بەھرە ئالايلى، — دېدى سۇلتان كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن.

ئوردا شائىرلىرى نۆۋەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەربىرى بىردىن رۇبائىينى ئۈنلۈك ئوقۇدى. بىرلىرى ھىلال ئاينى ئەرشئەلادا بەزمە قۇرغان ھۆر - پەرىلەرنىڭ قاشلىرىغا ئوخشاتسا، بىرلىرى ساماغا چېكىلگەن سېھىرلىك زەر كەشتە دەپ تەسۋىرلەشتى؛ يەنە بىرلىرى رامىزان ئېيى قولىغا ئېسىپ چىققان نۇرلۇق سىرغا دېگەندەك مىسرالارنى قوراشتۇردى.

يېڭى ئايغا بېغىشلانغان نەزمىلەر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سۇلتان مەلىكشاھ باشلىق ھەممەيلەن سارايغا كىرىپ، بىرلىكتە داستىخان ئەتراپىغا ئولتۇرۇشتى.

زىياپەت تاماملانغاندىن كېيىن كۆپچىلىك سۇلتانغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى.

— سىز كەتمەي تۇرۇڭ، — دېدى سۇلتان مەھمۇد كاشغەرىيگە.

ئۇلار يالغۇز قالغاندىن كېيىن مەلىكشاھ سۆز ئاچتى:

— ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىي ، — دېدى ئۇ بەجايىكى ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى ياكى سىرداش ھەم قەدىناس بۇرادىرىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك ئاھاڭدا ، — سىز بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشنى خېلىدىن بېرى ئويلاپ يۈرگەنىدىم . سۆزۈم شۇكى ، سىزنىڭ تەنھا بويتاق يۈرۈشىڭىزگە قاراپ ئىچىم پۇشتى . كۆڭلىڭىزگە پۈككەن لايىقىڭىز بولسا ، بېشىڭىزنى ئوڭشاپ قويساق ياخشى بولار ئىدى .

مەھمۇد كۆزلىرىنى تۆۋەن قارىتىپ جىمىپ كەتتى . ئۇنىڭ قانداق تەسىراتقا كەلگەنلىكىنى بىلىش تەس ئىدى .

— پېقىردەك بىر غېرىب مۇساپىرغا شۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلگەنلىكلىرى ئۈچۈن كۆپ تەشەككۈر ، سۇلتانۇل ئەزەم ، — دېدى ئۇ قانداقتۇر مەيۇس قىياپەتتە ، — ئەپسۇسكى ، كەمىنىلىرىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن لايىقى يوقتۇر . بۇ خۇسۇستا ھازىرغىچە باش قاتۇرمىدىم . ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان مەسلىھەتلىرىنى ھە دېگەندىلا قوبۇل قىلىپ كېتەلمىدىم . بۇ ئېغىر گۇناھىمدىن ئۆتسىلە ، مەن يەنە ئويلىنىشىپ كۆرسەم .

سۇلتان مەلىكشاھتەك قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارنىڭ لەۋزىگە باقماي ، ئۆزىنىڭ ئوخشىمايدىغان ئوي - پىكىرلىرىنى بۇنداق ئاشكارا بايان قىلىش ، بەلكىم كۆرۈلۈپ باقمىغان بولغىيتتى . شۇنداق بولسىمۇ ، مەلىكشاھ ئەجەبلەنمىدى ، غەزەپلەنمىدى ، ھەتتا چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى . «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «جاۋاھىرۇننەھۋى فىللۇغاتىت تۈرك» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان ئالىمغا سۇلتانىنىڭ نەقەدەر ھۆرمەت بىلەن قارايدىغانلىقى ، مانا مۇشۇ سۆھبەتتە ناھايىتى ئېنىق ئايدىڭلاشتى .

— ماقۇل ، ئويلىنىشىپ كۆرۈڭ ، — دېدى سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ ، — قاچانكى مېنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى خالىسىڭىز مەرھەمەت قىلغايسىز .

مەھمۇد ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆپ بويى كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا پەرىشان بولۇپ يۈردى . كېچىسى ئۇيقۇسى قېچىپ ، كىرپىك قاقمىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆپ يىللار

ئىلگىرىكى كۈنلەر، ئاشۇ ئۇنتۇلماس بەختلىك چاغلار سۈرەتلىنىشكە باشلىدى. سۇلتاننىڭ غەمخورلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتقان سۆزلىرى مەھمۇدنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدى. ئۇنىڭ دەردلىك يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى. بىر پەرىزاتنىڭ نۇرلۇق رۇخسارى ئۇنىڭ باغرىنى ئۆرتىدى. بۇ نۇرلۇق رۇخسار ئۇنىڭغا شۇنچە تونۇش، شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە سۆيۈملۈك ئىدى! «چولپانئاي!» دەپ چاقىردى ئۇ. ئاغزى بىلەن ئەمەس، ئاشۇ ئۆرتىنىپ تۇرغان يۈرىكى بىلەن چاقىردى ۋە كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تۇردە ئېقىپ چۈشكەن ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي قالدى.

## ئون ئۈچىنچى باب

# تۈركەن خاتۇننىڭ ئىلتىپاتى

سۇلتان مەلىكشاھنىڭ كىچىك خانىشى جەلالىيە تۈركەن خاتۇن غەربىي قىسىم قاراخانىيلار خاقانى شەمسۇلمۇلۇكنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى ئىدى. بۇ سەمەرقەنتلىك مەلىكە سالجۇقىيلار سۇلتانىغا ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆتمەي ئۆزىنى ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك خانىش سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ ئائىلە تۇرمۇشىدا چېۋەر بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى سىياسىي مەسىلىلەر، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىمۇ سۇلتانغا مەسلىھەت بېرىدىغان، ئەقىل كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەلىكشاھمۇ ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ قېتىم باغداتقا سەپەر قىلىشتىمۇ ئەنە شۇ «ئوتى يامان» خانىشنى بىللە ئاچىققانىدى.

سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ئۆيى. ئازادە بۆلمە، گىلەم ئۈستىگە كىمخاب يېكەندازلار، يولۋاس ۋە يىلپىز تېرىلىرى سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەشتە بېسىپ تىكىلگەن چوڭ - چوڭ تەكىيلەر قويۇلغان. كەڭ يېپىپ راسلانغان داستىخاننىڭ چۆرىلىرىگىمۇ گۈل چېكىپ ئىشلەنگەن. ئالتۇن خونچا، كۈمۈش تەخسىلەردە نازۇنېمەتلەر تىزىلغان. جالالىددىن مەلىكشاھ بىلەن جەلالىيە تۈركەن خاتۇن نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەچ ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئاي يۈزلۈك ئىككى قۇل قىز ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ قىممەت باھالىق نېپىز قىزىل تاۋاردىن ياسالغان يوغان يەلپۈگۈچلەر بىلەن ئۇلارنى يەلپۈپ سالقىنداتاتتى.

بىر چەتتە ئولتۇرغان ئىككى نەپەر سازچى قىز باربىت بىلەن خارپنى ئارامبەخش يېنىك كۈيلەرگە چالماقتا ئىدى.

يەنە ئىككى دېدەك كىردى. ئۇلارنىڭ بىرى سۇلتان بىلەن خانىشنىڭ ئالدىغا بىردىن كۈمۈش كاسىنى قويدى. ئىككىنچىسى غاز بوينى شەكىلدىكى ئۇزۇن جوغىلىق ئۇرۇقنى ئىككى قولى بىلەن كۆتۈرۈپ كېلىپ تىزلاندى. تۇركەن خاتۇن ئۇرۇقنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى ـ دە، ئىشارەت بىلەن چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت بەردى. دېدەكلەر ئېگىلگەن پېتى ئارقىچىلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

تۇركەن خاتۇن كاسىلارغا ئۇرۇقتىن مۇزلىتىلغان ماندارىن شەربىتىنى قويدى.

— شەربەت ئىچىڭ، سۇلتانىم، — دېدى ئۇ يېقىملىق تەبەسسۇم ئېلەپ.

تەكىيىگە جەينىكى بىلەن تايىنىپ يانپاشلىغان مەلىكشاھ قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇردى. تۇركەن خاتۇن شەربەت قۇيۇلغان كاسىلاردىن بىرىنى خېنە قويۇلغان ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇتقان ھالدا سۇلتانغا سۇندى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدە چوڭقۇر مۇھەببەت مەنىسى، ئاجايىپ ھېسسىياتلىق ناز ۋە سېھرىي كۈچ بار ئىدى، مەلىكشاھمۇ ئاشىقلارغا خاس مېھرىلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق شادىمان كەيپىياتتا شەربەت ئىچىپ ئولتۇراتتى، خىزمەتكار كىرىپ مەلۇمات بەردى:

— باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك ھەزرەتلىرى كەلدى.

— كىرسۇن، — دېدى سۇلتان.

خانىش كاسىنى داستىخانغا قويدى ـ دە، چەتكىرەك ئۆتۈپ ئولتۇردى.

باش ۋەزىر كىردى.

— سۇلتانۇل ئەزەم بىلەن تۇركەن خاتۇننىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي، — دېدى ئۇ تەزىم قىلىپ.

— مەرھەمەت ، ۋەزىر ئەزەم ، — سۇلتان ئۇنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن داستىخانغا تەكلىپ قىلدى .

باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇكنىڭ كۆزلىرى خىيالچان ، ھەرىكىتى سالماقلىق بولۇپ ، چىرايى ۋە تۇرقىدىن ئۇنىڭ ھەمىشە چوڭ ئىشلار ۋە قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى .

— سۇلتانۇل ئەزەمگە مەلۇم بولسۇنكى ، — دېدى ئۇ ئارتۇق تەكەللۇپ بىلەن گەپنى ئەگىتمەستىن ، — ھەرقايسى دىۋان ۋە مەھكىمىلىرىمىزدە ئىش بېجىرىدىغان ئەمەلدارلىرىمىز يېتىشمەيۋاتىدۇ . نۆۋەتتە ئادەملىرىمىزنى تولۇقلاش ئىشى بىر جىددىي مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا . بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پىقىر بەزى چارە - تەدبىرلەرنى ئويلاپ قويغانىدىم ، شۇڭا ۋاقتىنى كېيىنگە سۈرمەي ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا ئالدىراپ كەلدىم .

مەلىكشاھ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى . ئۇمۇ خۇددى مەرھۇم ئاتىسى ئالپ ئارسلانغا ئوخشاش بۇ دانىشمەن ۋەزىرنى قەدىرلەيتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى .

— دانا تەدبىرىڭىزنى بايان قىلغايسىز ، ۋەزىر ئەزەم ، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ .

— سۇلتانۇل ئەزەمگە شۇنداق تەكلىپنى بېرىمەنكى ، — دېدى ئۇ ، — ئوردا ئىچىدە ۋە ھەربىي قىسىملاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنى ئادەم كەمچىل بولۇۋاتقان تارماقلارغا يۆتكەش لازىم .

سۇلتان ئويلىنىپ قالدى .

— باشقىچە ئامال تېپىلماسمۇ ؟ — دېدى ئۇ ۋەزىرگە سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ .

نىزامىلمۇلۇك ئەھۋالنى چۈشەندۈردى :

— نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەرتىپكە سېلىش نەتىجىسىدە ناپاك ۋە لاياقەتسىز بولۇپ چىققان بىر تۈركۈم كىشىلەر قىسقارتىۋېتىلدى . ئۇلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن

كېرەك بولىدىغان قابىل كىشىلەرنى تېپىش تەس بولۇۋاتىدۇ. بۇ يەردە تۈركلەرمۇ ئاز، پارسلارمۇ ئاز. ئەرەبلەرنىڭ بىلىملىك زاتلىرى خەلىپىگە قاراشلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىز تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتەلەيدىغانلىرىمىز كۆپ ئەمەس.

— شۇنداقتىمۇ، — دېدى مەلىكشاھ، — ھەربىي سەپتىكى تارخان ۋە چاۋۇشلارنى مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە يۆتكەپ چىقساق مۇۋاپىق بولماسمىكىن.

سالجۇقىيلارنىڭ مەزكۇر ھۆكۈمدارى ھەربىي ئىشلاردا قابىللىقى ۋە قەيسەرلىكى بىلەن مەشھۇر بولغانىدى. ئۇ شۇنداقلا ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ئىقتىدارلىق سەركەردە، قەھرىمان جەڭچى، ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا سىياسەتچىسى ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ كاتتا ھامىيسى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ ئۆز ئەتراپىغا زور بىر تۈركۈم يارامىلىق كىشىلەرنى توپلىغانىدى. ئۇنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى شۇ ئىدىكى (بۇنى جەزمەن ئارتۇقچىلىق دېيىش كېرەك)، ئۇ مۇھىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ۋەزىرلەر بىلەن، بولۇپمۇ باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مۇزاكىرىلىشىپ ئىش كۆرەتتى. ۋەھالەنكى، ئۇ باش ۋەزىرنىڭ بۈگۈنكى بۇ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى.

— ئۇنداق قىلىشقا بولماسمىكىن، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ بېشىنى چايقاپ.

باش ۋەزىر ئۆزىنىڭ پىكرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھلىمەكچى بولدى.

— مەنمۇ بۇنى دائىملىق تەدبىر دېمەيمەن، — دېدى ئۇ، — لېكىن كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتتە شۇنىڭدىن باشقا ئامال تاپالمىدىم. كېرەكلىك خادىملارنى سەپلەپ، بوش ئورۇنلارنى تولۇقلىۋالغۇچە شۇنداق قىلىپ تۇرساق بولاتتى.

سۇلتان ئىككىلەنگەندەك بولدىيۇ، ئويلاپ - ئويلاپ يەنە

بېشىنى چايقىدى .

— ياق ...

— ئەمىسە ...

شۇ چاغقىچە ئۇن چىقارماستىن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى تىڭشاپ بىر چەتتە ئولتۇرغان تۇركەن خاتۇن ئۇشتۇمتۇت سۆزگە ئارىلاشتى .

— ئۇلۇغلىرىم ئەيىبكە بۇيرۇمىسا ، بۇ ھەقتە مەنمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ باقسام ، — دېدى ئۇ ۋە مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىنى مەلىكشاھقا قارىتىپ ، پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى .

نىزامىلمۇلۇك بۇ گەپنى ياقتۇرمىغان قىياپەتتە بۇ گۈزەل خانىشقا قاراپ قويدى - دە ، كۆزلىرىنى چەتكە ئالدى . ئۇ ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىنى ياخشى كۆرمەيتتى .

— سۆزلەڭ ، — دېدى مەلىكشاھ تۇركەن خاتۇنغا قاراپ ، ئۇ باش ۋەزىرنىڭ ئەكسىچە بۇ كىچىك خانىشنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولاتتى ۋە ئۇنىڭ تۇرلۇك مەسلىھەتلىرىگە ئېتىبارسىز قارىمايتتى .

— دېمەكچى بولغىنىم شۇكى ، — دېدى خانىش جەلالىيە تۇركەن خاتۇن ، — ئەمەلدارلارنى تولۇقلاشتا سەركەردىلەرنى قوشۇندىن ئايرىپ چىققاندىن كۆرە باشقا جايلاردىن ئادەم يۆتكىسەك ياخشىراق بولماسمۇ ؟

نىزامىلمۇلۇك خۇددى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك لام - جىم دېمەستىن ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرۇۋەردى .

ئەكسىچە ، مەلىكشاھ قىزىقىپ سورىدى :

— مەسىلەن ، قايسى جايلاردىن ، قانداق ئادەملەرنى يۆتكەيمىز ؟

تۇركەن خاتۇن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

— مەسىلەن ، سەمەرقەنتتىن ، بۇخارادىن ، بالاساغۇندىن ،

كاشغەردىن ، خوتەندىن ··· ئومۇمەن ، قاراخانىلار تەۋەلىكىدىكى جايلاردىن ئادەم يۆتكەشكە بولىدۇغۇ . ئۇ يەرلەردە بىلىملىك ، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر ناھايىتى كۆپ .

مەلىكشاھ نىزامىلمۇلۇككە قارىدى .

— سىزچە قانداق ، باش ۋەزىر ھەزرەتلىرى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

ئەرلەرنىڭ گېپىگە ئاياللارنىڭ «قوشۇق سېلىشى»نى ياقتۇرمايدىغان باش ۋەزىرمۇ بۇ پىكىرنى رەت قىلىشقا ئاساس تاپالمىدى .

— ھىم··· — دېدى ئۇ تامىقىنى قىرىپ قويۇپ ، — ئۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ ، ئەلۋەتتە . بىراق ، بۇ بىر - ئىككى كۈندە ئورۇنداپ كەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس . شۇڭا ، ماۋەرائۇننەھردىن ياكى تارىم ۋادىسىدىن كېرەكلىك ئادەملەرنى يۆتكەپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا يەنىلا قوشۇنلاردىن ئادەم ئاجرىتىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ .

سۇلتان بۇ پىكىرگە ئەمدى ماقۇل بولدى .

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، — دېدى ئۇ ، — بۇ ئىشقا سىز ئۆزىڭىز مەسئۇل بولۇڭ ، باش ۋەزىر . ئادەم يۆتكەش ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئەمەلدارلارنى تاللاپ ، تېزلىكتە يولغا سېلىڭ .

— باش ئۈستىگە ، سۇلتانئول ئەزەم .

نىزامىلمۇلۇك تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى .

تۈركەن خاتۇن يەنە مەلىكشاھقا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى .

— سىز بىلەن بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ باقاي دېگەنىدىم ، — دېدى ئۇ .

— يەنە نېمە گەپ ؟

— مەۋلانە مەھمۇد كاشغەري توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدىم ···

— مەھمۇد كاشغەري توغرىسىدا ؟

— شۇنداق . مەن بۇرۇن ئوقۇتقۇچىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە

ئۇنىڭ «جاۋاھىر ۋۇننەھۋى فىللوغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى ئۆگەنگەنىدىم. «دىۋانىلۇغاتىت تۈرك»نى ئوقۇمىغانلىكەنمەن. ئالدىنقى كۈنى ئوقۇپ تاماملىدىم. بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇلۇغ ئالىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

— توغرا، — دېدى مەلىكشاھ، — مەن يەنە ئۇنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتقا دائىر بىرقانچە رىسالىلىرىنىمۇ ئوقۇغان. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ ئالىم. بۇنىڭغا مەنمۇ قايىل. باش ۋەزىرنىڭمۇ ئۇنىڭغا بولغان كۆز قارىشى ناھايىتى ياخشى.

— لېكىن ئۇنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس، — دېدى تۈركەن خاتۇن.

مەلىكشاھ ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، خانىش؟ ئۇنى دىۋانبېگى قىلىپ تەيىنلىدۇق، يۇقىرى دەرىجىلىك مائاش ئالىدۇ. يېقىندا ئۇنىڭغا يەنە بىر باغلىق ھويلا ئېلىپ بەردىم. ئۇ ئۆزىمۇ ھېچنېمىدىن قىسىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتىغۇ.

— ياق، مەن ئۇنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى كۆزدە تۇتىۋاتىمەن، — دېدى خانىش، — ئۇنىڭ كاشغەردىكى ئائىلىسى ۋەيران بولۇپ شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ تېخىچە بويتاق يۈرىدۇ.

— ھە، شۇ گەپمىدى؟ — دېدى سۇلتان، — بۇ ھەقتە مەنمۇ باش قاتۇرغان. ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆيلەپ قويايمىكىن دەپمۇ ئويلىغانىدىم. لېكىن، مەھمۇد كاشغەرىي نېمە ئۈچۈندۇ مېنىڭ بۇ خاھىشىمغا ئۇچۇق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، — دېدى تۈركەن خاتۇن، — ئۆتكەندە بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز، مەن ئۇنىڭغا، مەھمۇد كاشغەرىيگە بىر گۈزەل قول قىزنى سوۋغات قىلىپ بېرەيمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، بىلمىدىم، سۇلتانىم قوشۇلامدىكىن؟

— قوشۇلمايدىغان نېمىسى بار؟ — مەلىكشاھ دەرھال رازىلىق بەردى، — شۇنداق قىلىشنى مۇۋاپىق تاپقان بولسىڭىز،

ئىختىيار ئۆزىڭىزدە.

— ئاڭلىسام، ئۇ تالا - تۈزگىمۇ كۆپ چىقمايدىكەن، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى تۇركەن خاتۇن، — غەمكىن، خىيالچان يۈرىدىكەن. مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بىر گۈزەل قىزنى تەقدىم قىلايكى، كۆڭلى خۇش بولۇپ قالسۇن، بويتاقلىق ئازابىدىن قۇتۇلسۇن.

* *

تۇركەن خاتۇن مەھمۇد كاشغەرىيگە سوۋغا قىلغان قول قىز ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك گۈزەل ئىدى. ئوردىدىكى دېدەك ۋە كېنىزەكلەر بۇ قىزنىڭ كەينىدىن ھەرقىسما ياخشى - يامان گەپلەرنى قىلىشاتتى. بەزىلىرى ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھەۋەس قىلىپ: «جەننەتتىكى ھۆر قىزلارمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس» دېيىشەتتى؛ يەنە بەزىلەر بولسا، ئەكسىچە، «ئۇنىڭ ئانىسى جىن بولسا كېرەك» دەپ گەپ توقۇيتتى ۋە جىن بىلەن ئادەمنىڭ ئارىسىدىن تۇغۇلغان ئاللىقانداق گۈزەل قىزلار توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى چۆچەكلەرنى سۆزلىشەتتى. بەزىبىرلىرى ئۇنى: «شۇنچە مۇلايىم، ئەدەپلىك» دەپ ماختىسا، يەنە بەزىبىرلىرى: «جىمىغۇرنىڭ مۇڭگۈزى ئىچىدە بولىدۇ» دەپ ئىچى تارلىق قىلاتتى. نېمە دېگۈلۈك! تىلنىڭ سۆڭىكى يوق. ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ. «باراقسان سۆگەتكە شامال تېگەر، چىرايلىق قىزغا سۆز كېلەر» دېگەن ماقالنى قەدىمكى ئاتا - بوۋىلار بىكارغا ئېيتمىغان - دە!

قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ قول قىزنىڭ گۈزەللىكىمۇ راست، مۇلايىملىقىمۇ راست ئىدى. بىر چۆرە موماي ئۇنى ئۇزۇن تون ۋە چۇمبەلگە چۈمكەپ ھويلىغا ئاچىققاندا، ئۇ ئۇنچىقماستىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ماڭدى. ئوردا خىزمەتچىلىرىدىن بىرى:

— ھە، قېنى، ھارۋىغا چىققىن، قىزچاق، — دەپ بۇيرۇق

بەرگەندە ، ئۇ بۇ بۇيرۇقنىمۇ ئۇن - تىنسىز ئىجرا قىلدى .
ئەمەلدار ئېگەر - جابدۇقلىرى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزىتىلگەن شوخ ئارغىماقنى مىنىپ ، هارۋىغا يول باشلاپ ماڭدى .
ئۇلار مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆيىگە كېلىپ توختىدى . ئەمەلدار دەرۋازىنى قاقتى . مەھمۇد كاشغەرىي چىقىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى .
— ئوردىدىن كەلدۇق ، ھەزرىتىم ، — دېدى ئەمەلدار ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، — سۇلتانۇل ئەزەم جالالىددىن مەلىكشاھ بىلەن جەلالىيە تۇركەن خاتۇن ئالىيلىرىنىڭ ئۇشبۇ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلغايسىز .
قۇل قىز خۇددى يۇمشاق ئاسلانغا ئوخشاش ھېچقانداق شەپە چىقارماي ، هارۋىدىن سىلىققىنا چۈشتى .
— سۇلتانۇل ئەزەم بىلەن تۇركەن خاتۇننىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي ، — دېدى مەھمۇد .
ئوردىدىن كەلگەنلەر قايتىپ كەتتى .
— يۈرۈڭ ، قىزچاق ، — دېدى مەھمۇد يول ئۈستىدە يالغۇز تۇرۇپ قالغان قۇل قىزغا قاراپ .
قۇل قىز ئاۋۋالقىدەكلا ئۈن چىقارماستىن مەھمۇدنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئۆيگە كىردى .
— يېشىنىپ ئولتۇرۇڭ ، — دېدى يەنە مەھمۇد ، — بۇ ئۆي ئەمدى سىزنىڭ ئۆيىڭىز .
قۇل قىز ئۇزۇن تونىنى سېلىپ ، چۈمبەلنى بېشىدىن ئالدى . «نېمىدېگەن چىرايلىق قىز !» دېگەن خىيالىي خىتاب مەھمۇدنىڭ مېڭىسىدىن غىل - پال ئۆتۈپ كەتتى .
— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ .
— گۈلپەرى ، — دەپ جاۋاب بەردى قۇل قىز .

## ئون تۆتىنچى باب

## گۈلپەرى

— ياخشى ئىسمىڭىز بار ئىكەن، — دېدى مەھمۇد، — بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنى گۈلپەرى دەپلا چاقىراي.

— ماقۇل، — دېدى گۈلپەرى كۆزلىرىنى يەردىن ئالماي. بۇ بىر ئىبغىر سۆزنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى يىغلىغاندەك تىترەپ كەتتى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — مەھمۇد يەنە سورىدى.

— ئون سەككىز.

مەھمۇد ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ـ دە، ئارتۇق گەپ قىلمىدى، چۈنكى شۇ تاپتا گۈلپەرىنىڭ پېشانىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر چىقىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ، ئىبغىر ـ ئىبغىر تىنىق ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بەئەينى قاپقانغا چۈشۈپ قالغان كېيىك بالىسىدەك ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ، يەرگە قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، مەھمۇدنىڭ ھەربىر سۆزى، ھەربىر ھەرىكىتىدىن چۆچۈپ، تىترەپ تۇراتتى.

— ماقۇل، سىز ئارام ئېلىڭ، — دېدى مەھمۇد، — مۇشۇ بۆلمە سىزنىڭ ھۇجرىڭىز بولسۇن. نېمە لازىم بولسا تارتىنماي ئېيتىڭ.

گۈلپەرىنىڭ قىزىلگۈل رەڭگىدىكى لەۋلىرى ئېچىلىپ، تەكشى تىزىلغان ئاپئاق چىشلىرى يالتىراپ ئالدى، لېكىن ئاغزىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. قورقۇش ۋە ھاياجاندىن ئۇنىڭ گەپ

قىلغۇدەك مادارى قالمىغانىدى . ئۇ پەقەت بولاقتەك بالقىپ تۇرغان چوڭ ـ چوڭ قوي كۆزلىرىنىڭ چېتى بىلەن مەھمۇدقا «يالت» قىلىپ بىر قارىدى ـ دە ، «ماقۇل ، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن» دېگەننى ئىپادىلەپ ، بوستان چاچلىق بېشىنى ئىتتىك ـ ئىتتىك لىڭشىتىپ قويدى .

مەھمۇدنىڭ ئىختىيارسىز تۇردە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى . بۇ قىز نېمە ئۈچۈندۇ ئادەتتىكى قۇللارغا ئوخشىمايتتى . مەھمۇد ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، ھازىرچە ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ ، گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى .

ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن گۈلپەرى ئاستا گىلەمگە ئولتۇردى ، چوڭقۇر ۋە ھەسرەتلىك تىنىق ئالدى ، شەھلا كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تامچىلىرى تاتارغان مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى . ئۇ ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى يېپىۋېلىپ ، ئىلاجى بار ئۈنىنى چىقارماسلىققا تىرىشىپ ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، ئىشقىلىپ ، بىر چاغ بولغاندا ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ياشلىرى قۇرۇدى ، يىغىسى توختىدى . ئۇ ئەمدى ھېچنېمىنى كۆرمەس كۆزلىرى بىلەن ئۇدۇلدىكى بىر بەلگىسىز نۇقتىغا تىكىلگىنىچە مىدىر قىلماستىن ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چۈشىنىكسىز قورقۇنچنىڭ قارا كۆلەڭگىسى توسۇۋالغانىدى ؛ يۈرىكىنى گويا تۆمۈر تىرناقلار تاتىلاۋاتقاندەك بولاتتى .

«تۈركەن خاتۇن مېنى نېمە ئۈچۈن بۇ كىشىگە بېرىۋەتتى ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، — تۈركەن خاتۇننىڭ قولىدا بولسام ، مېنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايتتى . كېنىزەكلەر بىلەن بىللە ئويناپ خاتىرجەم يۈرۈۋېرەتتىم . ئەمدى يالغۇز ئۆزۈم ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم . مەھمۇد كاشغەرىي دېگەن بۇ ئادەمنىڭ خۇي ـ پەيلى ، نىيەت ـ مەقسەتلىرى قانداقكىن ؟»

گۈلپەرى ئويلىغانسېرى روھى چۈشەتتى، ئۈمىدسىزلىنەتتى. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئەر خوجايىن كۆرۈپ باقمىغان، ئەر كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ باقمىغانىدى، شۇڭا ئەر كىشىنىڭ تەبىئىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇ تۇركەن خاتۇننىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يېشى چوڭ دېدەكلەردىن ئەر خوجايىنلار توغرىسىدا ھەرقىسما گەپلەرنى، ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايىلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. شۇنچە كۆپ ئايال بىكار ۋاقىتلىرىنى بىر يەردە توپلىشىپ ئۆتكۈزگەندە نېمە گەپلەر بولمايدۇ دەيسلەر! بىر قىسىم ئەر خوجايىنلارنىڭ زالىملىقلىرى، ئاچچىقى يامانلىقى، دېدەكلەردىن زېرىكىپ سەۋەبسىز ئۇرۇپ كەتسە قامچا بىلەن ساۋايدىغانلىقى توغرىسىدا شىكايەتلەر بولاتتى. يەنە بىر قىسىم ئەر خوجايىنلارنىڭ خوتۇنپەرەسلىكى، ياش ۋە چىرايلىق دېدەكلەرنى ئۆزى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىدىغانلىقى، ئويناپ زېرىككەندە باشقا دېدەكلەرگە ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي بايانلار سۆزلىنەتتى.

گۈلپەرى بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. ئۇ ئەر خوجايىن بىلەن دېدەكنىڭ مۇناسىۋىتىنى گويا بۆركۈتنىڭ كىچىككىنە بۆجەننى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قاماللىشىدەك، بۆرىنىڭ قوتانغا باستۇرۇپ كىرىپ ئاجىز قوزىچاقنى چىشلەپ ئالغىنىدەك، قاپلاننىڭ چىرايلىق بۆكەننى قوغلاپ تۇتۇپ باسقىنىدەك تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

«بۇ مەھمۇد كاشغەري دېگەن كىشىمۇ ئاشۇنداق بۆركۈتمىدۇ؟ ئاشۇنداق بۆرىمىدۇ؟ قاپلانمىدۇ؟» ئەنە شۇ خىلدىكى ئەندىشىلىك خىياللار گۈلپەرىنى ئازابلاپ، گوياكى دوزاخ ئوتىنىڭ تەپتى بىلەن ئۆرتەيتتى. «قاپلاننىڭ بۆكەننى باسىدىغان پەيتى قاچان كېلەر؟» دەپ ئويلىسا، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشاتتى. ئۇ زالىم خوجايىننىڭ قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويۇشىدىن ياكى قامچا بىلەن ساۋىشىدىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيتتى، بەلكى ئاشۇ قاپلاننىڭ ھۇجۇمىدىن بەك قورقاتتى. «ئادەمنى بىراقلا ئۆجۇقتۇرۇپ،

يۈرىكىنى سوغۇرۇۋالىدىغان شەيتان ، ئالۋاستى بولسا مەيلىكى ، ئادەمنى تىرىك تۇرغۇزۇپ دەپسەندە قىلىدىغان قاپلان بولمىسا بولاتتى» دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە .

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن مەھمۇد ئاشپەزلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان قېرى خىزمەتكاردىن سورىدى :

— گۈلپەرى بىرنەرسە يېدىمۇ ؟ ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە تامىقىنى يېمەيلا يېتىپ قاپتىكەنغۇ ؟

— شۇنداق ، ھەزرىتىم ، — دېدى خىزمەتكار ، — ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە ئەكىرىپ بەرگەن تامىقىمنى يېمەپتىكەن . بۈگۈنمۇ ھېچنېمىگە ئېغىز تەگكۈزمەي ئولتۇرىدۇ .

— ئۆيىمىزدە قۇل قىزنى ساقلاپ نېمە قىلىمىز ؟ — دېدى ئىلتەمۇر چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، — دېدەك ئىشلەتمەيمۇ بىر ئوبدان ياشاپ كېلىۋاتىمىزغۇ . مەن قۇل ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرمەيمەن .

— مەنمۇ ياخشى كۆرمەيمەن ، ئوغلۇم ، — دېدى مەھمۇد ، — ئادەملەرنى ھايۋاننىڭ ئورنىدا خارلاشنى ياخشى كۆرمەيمەن . بىراق ، بۇ قىزنى تۈركەن خاتۇن شەخسەن ئۆزى سوۋغا قىلىپ بەرگەن تۇرسا ، قوبۇل قىلماسلىققا بولمايدۇ ـ دە .

ئىلتەمۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ بېشىنى چايقىدى ، گەپ قىلمىدى ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى .

— قەيەرگە بارىسەن ؟ — مەھمۇد ئۇنىڭدىن سورىدى .

— ھۇجرامغا ، — دېدى ئىلتەمۇر ، — سىزدىن ئاڭلىغان ھېلىقى گەپلەرنى تارىخىي خاتىرە قىلىپ يېزىۋاتاتتىم ، شۇنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىۋېتەي .

— مەندىن ئاڭلىغان قايسى گەپنى دەيسەن ؟

— باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇكنىڭ باغداتتىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغانلىقى ، تۈركەن خاتۇننىڭ قاراخانىيلارغا قاراشلىق جايلاردىن بىلىملىك ئادەملەرنى ئەرەب شەھەرلىرىگە

يۈتكەش پائالىيىتى.

— ھە، شۇلارنى يېزىۋاتامسەن؟

— ھەئە. مېنىڭچە، بۇلار چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر قاتارىغا كىرىدۇ. مەن يەنە «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»نىڭ مۇئەللىپىگە تۈركەن خاتۇننىڭ بىر دېدەكنى سوۋغا قىلغانلىقىنىمۇ يېزىپ قوياي دەيمەن.

— بۇنى يېزىپ نېمە قىلىسەن؟ بۇ يا چوڭ تارىخىي ۋەقە بولمىسا.

— چوڭ ۋەقە بولمىغىنىنى بىلەن، تۈركەن خاتۇننىڭ بىلىملىك ئادەملەرنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر كىچىك مىسال بولالايدۇ.

مەھمۇد سەل ئويلىنىپ قالدى، ئاندىن قولىنى يېنىككىنە سىلكىپ قويدى.

— بوپتۇ، يازساڭ ياز.

ئىلتەمۇر ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

ھازىر مەدرىسلەردە تالىپلار تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەن مەزگىل بولۇپ، ئىلتەمۇر بوش ۋاقىتلىرىنى كىتاب ئوقۇش ۋە تارىخىي خاتىرىلەرنى يېزىش بىلەن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

مەھمۇد گۈلپەرى ئىسىملىك ئاشۇ قۇل قىزنى ئويلاپ بىئارام بولدى. «ئۇ نېمە ئۈچۈن غىزا يېمەيدۇ؟ — دەپ ئۆزىگە ئۆزى سوئال قوياتتى ئۇ، — نېمە ئۈچۈن ئۆيدىن سىرتقا چىقمايدۇ؟ نېمىدىن شۇنچە قورقىدۇ؟»

مەھمۇدنىڭ ئىچى پۇشتى. ئۇ باشقىلارنىڭ غەم - قايغۇسىنى كۆرگەندە ھېسداشلىق قىلماي تۇرالمايتتى. ئۇ ئاشۇ قىزنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى، ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنغۇسى كېلەتتى. لېكىن، ئۇ يەنە گۈلپەرىنىڭ يېنىغا تولا كىرىپ، ئۇنى تېخىمۇ قورقۇتۇپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. «ئۇ مەندىن قورقۇۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ چۈشىنىشلىك. ئۇ ئوردىدا ئايال خىزمەتكارلارنىڭ ئارىسىدا، ئايال

خوجايىنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانىدى. ئەمدى ئۆزى كۆرۈپ باقمىغان بىر ئەر كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ تېخى بەك ياش، بەك كىچىك. ئەلۋەتتە، قورقىدۇ. نېمە بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاۋۋال ئارام بېرىپ تۇرۇپ، كېيىن بىرەر سۆزلىشىپ كۆرەي».

مەھمۇد گۈلپەرىگە ھۇجرا قىلىپ بېرىلگەن بۆلمىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ ئىچكىرى كىردى. گىلەم ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان گۈلپەرى «دىڭگىدە» چۆچۈپ كەتتى ـ دە، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى.

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى مەھمۇد قولى بىلەن ئولتۇرۇشنى ئىما قىلىپ.

گۈلپەرى ئىتائەتمەنلىك بىلەن دەرھال يۈكۈندى. مەھمۇدمۇ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى. گۈلپەرى بىر كىچىدىلا جۈدەپ، قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كۆز چاناقلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. مەھمۇد ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى، قانداق تەسەللى بېرىشنى، قانداق قىلىپ ئۇنى غەمدىن قۇتۇلدۇرۇشنى بىلەلمەي بىردەم شۈك بولدى.

— ئاڭلىسام، تۈنۈگۈن كەچتە غىزا يېمەي ئۇخلاپ قاپسىز، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن ئەتىگەنمۇ ئۇبدانراق ناشتا قىلماپسىز. بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ... ئاغرىپ قالىسىز...

مەھمۇد: «بۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرالىغۇدەك يەنە قانداق گەپلەرنى قىلسام بولار؟» دەپ توختاپ قالدى. گۈلپەرى ئاۋۋالقىدەكلا ئۈنچىقماستىن يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— بۇ يەردە سىزنى ھېچكىم ئۇرمايدۇ، ھېچكىم تىللىمايدۇ، ئۇقتىڭىزمۇ؟ — دېدى يەنە مەھمۇد.

گۈلپەرى «ئۇقتۇم» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتتى. مەھمۇد بىر پەس جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە سورىدى:

— ئاتا ـ ئانىڭىز ھاياتمۇ؟

گۈلپەرى چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى ۋە «ياق» دېگەننى بىلدۈرۈپ بېشىنى چايقىدى.

— ھە ، ۋاپات بولغانىكەن ـ دە . ئۇلارمۇ قولمىدى ؟

گۇلپەرى يەنە بېشىنى چايقىدى ۋە ئارقىدىنلا بوش ئاۋازدا دېدى :

— ياق . مېنىڭ ئاتام ئەسلى سودىگەر بولغانىكەن .

مەھمۇد ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى .

— سودىگەر ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ئۇ .

— ھەئە ، — دېدى گۇلپەرى ، — بىز ئەسلى سەمەرقەنتتىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يېزىدا تۇراتتۇق . ئاتام تۆگە ۋە قېچىرلارغا مال ئارتىپ يىراق يەرلەرگە بېرىپ سودا قىلاتتى . ئۇ بىزگە بارسىغان ، كاشغەر ، بۇخارا ، نىشاپۇر قاتارلىق جايلارغا بارغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى . ئۇ ھەر قېتىم يىراق سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە ، بىزگە جىق سوۋغىلارنى ئەكېلەتتى . شۇ چاغلاردا مەن ئاتامنىڭ بوينىغا ئېسىلىۋېلىپ ، ئۇنى سۆيۈپ كېتەتتىم ... ئاپامىمۇ ، ئاكامىمۇ ... ھەممىمىز شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتەتتۇق ...

گۇلپەرى ئاۋازى بوغۇلۇپ ، سۆزدىن توختىدى ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى . مەھمۇد ھەيرەت ئىچىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىماقتا ئىدى . گۇلپەرى مەھمۇدنىڭ سىلىق مۇئامىلىسىگە قاراپ سەل روھلىنىپ قالدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ بەختلىك ئۆتكەن بۇرۇنقى كۈنلىرىنى ئەسلەپ ئىچى قايناندىمۇ ، ئىشقىلىپ ، سۆزگە كىرىشىپ كەتتى . سۆزلىگەنسېرى سېزىلەرلىك ھاياجانلىنىپ ، ئاۋازى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى .

— بىزنىڭ بېشىمىزغا بالايىئاپەت ياغقان ئاشۇ كۈننى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن ، — دېدى ئۇ ۋە ئاۋازى تىترەپ كەتتى ، — دەھشەتلىك شۇ كۈن خۇددى ھازىرقىدەكلا كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ . دادام سەپەرگە چىقىپ كېتىپ بىر يىلغا يېقىن بولغاندا قايتىپ كەلگەنىدى . ئۆيىمىز بايرام شادلىقىغا ، بەخت شادلىقىغا تولغانىدى . تۇيۇقسىزدىن يەرلىك بەگنىڭ قولچوماقلىرى ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىردى . ئۇلار دادامنى تۇتۇپ چىقىپ

كەتتى . بىز خۇداغا نالە قىلىپ ، زار قاقشاپ ئۆيدە قالدۇق . كېيىن ئاپام يىغىسىنى توختىتىپ ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتتى ۋە ئاكام بىلەن ئىككىمىزنى باشلاپ ئۆيدىن چىقتى . بىز بەگنىڭ ئۆيىگە باردۇق . بەگ ئاپامغا قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپ كەتتى : «سېنىڭ ئېرىڭ سودا بېجىنى تاپشۇرمىدى ، پايدا بېجىنى تاپشۇرمىدى ! يول توسۇيدىغان قاراقچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى ، شېرىكلەشتى !»

بەگنىڭ قولچوماقلىرى بىزنى ئۇرۇپ ، تېپىپ قوغلاپ چىقاردى . مەن شۇ چاغدا توققۇز ياشقا كىرىپ قالغانىدىم . بۇ ئىشلار ئېنىق ئېسىمدە تۇرىدۇ . بىچارە ئاپام تولا يىغلاپ ھالىدىن كېتەي دېدى ، ئاندىن ئاكام بىلەن ئىككىمىزنى قۇچاقلىدى .

«يالغان ، — دېدى ئۇ بىزگە ، — داداڭلارنى باج تاپشۇرمىدى ، قاراقچىلار بىلەن شېرىكلەشتى دېگىنى يالغان ، پۈتۈنلەي يالغان ! داداڭلار ديانەتلىك ، خۇدادىن قورقىدىغان مۆمىن ئادەم . ئۇ ھەرگىز ئۇنداق گۇناھ ئىشلارنى قىلمايدۇ» .

«ئەمىسە نېمە ئۈچۈن دادامنى تۇتۇپ كېتىدۇ ؟» دەپ سورىدى ئاكام .

«بۇ تۆھمەت ، — دېدى ئاپام ، — داداڭغا تۆھمەت قىلىشتى . بەگ پۇل تېپىش ئۈچۈن ، ھارام پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق رەزىل تۆھمەتنى ئويدۇرۇپ چىقتى . بۇنداق ئىشلار بۇرۇنمۇ بولغان ، مانا ئەمدى بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ كەلدى . بەگنىڭ پۇلى توگەپ قالسا ، بېيىپ كەتكەن سودىگەرلەرنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن يىقىتىدۇ . بولۇپمۇ ، بىزگە ئوخشاش سوغدى سودىگەرلىرىنى بوزەك قىلىش ئاسان ...»

— دېمەك ، سىلەر سوغدى ئىكەنسىلەر ـ دە ؟ — مەھمۇد ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدى .

— ھەئە ، بىز سوغدى ، — دەپ جاۋاب بەردى گۈلپەرى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — شۇ كۈنى بىز ئۈچىمىز تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ چىقتۇق . دادام قايتىپ كەلمىدى . ئەتىسى ئۇنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقىنى ئۇقتۇق ... بەگنىڭ

قولچوماقلىرى كېلىپ بىزنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىمىزنى ۋە ئۆي ـ قورۇيىمىزنى مۇسادىرە قىلىشتى. زالىم بەگ بىز ئانا ـ بالا ئۈچىمىزنى قول قىلىپ، ئۆزىنىڭ قەلئەسىگە ئەكەتتى. ئاپام بىلەن ئىككىمىزنى دېدەكلەر قاتارىغا قوشۇۋېتىشتى. ئاكامنى ئات باقار قۇللارنىڭ ياتىقىغا ئەكېتىشتى. ئارىدىن بىر ئايچە ئۆتكەندە دادامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق. ئاكام دادامنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگىلى باردى. دادام يەرلىكىدە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاكام ئاتخانىدىكى ئاتلاردىن بىرىنى مىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئاپام بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كېچىچە دۇرۇت ئوقۇپ، ئاكامغا ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلىپ ئۇخلىمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كۆرمىدۇق. بىز قول بولۇپ بىر يىل بولماي تۇرۇپ ئاپام قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. كېيىن ... كېيىن ئۇمۇ قازا تاپتى ... مەن خۇددى چۆلدىكى تىكەندەك تەنھا ئۆزۈم يېتىم بولۇپ قالدىم ...

گۈلپەرىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ سۇس قىزىل رەڭلىك يىپەك كۆڭلىكىنىڭ ئۇزۇن يېڭى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— كېيىنچۇ؟ كېيىن قانداق بولدى؟ — سورىدى مەھمۇد.

— ئاپام تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گۈلپەرى، — ئۇلار مېنى يۆتكەپ، تاراپ، سەمەرقەنتتىكى ئوردىغا ئاپاردى. ئوردىدىكى بىر ئەمەلدار مېنى كۆرۈپ: «بوپتۇ، ئالساق ئېلىپ قويايلى. چوڭ بولسا خېلى يامان ئەمەس قىز بولىدىغاندەك تۇرىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوردىغا سېتىلدىم. يىللار ئۆتۈپ چوڭ بولۇپ قالدىم. شۇ ئارىدا جەلالىيە تۈركەن خاتۇن مەلىكشاھقا ياتلىق قىلىندى. توي بولدى. مەلىكە كېلىنگە ئاتالغان تويلۇق سوۋغىلار قاتارىدا مېنىمۇ تۈركەن خاتۇنغا بېرىۋېتىشتى.

— ئاكىڭىز قېچىپ كەتكەنچە خەۋىرى بولمىدىمۇ؟ — سورىدى مەھمۇد، — مەن ئۇنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ ئامالىنى قىلىپ باقاي.

— ئۇنىمۇ قول قىلىپ ئەكېلىش ئۈچۈنمۇ ؟

— ياق ، ياق ! مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ . ئاكىڭىزنى تاپسام سىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن . ئىككىڭلار بىللە تۇرىدىغان بولىسىلەر . مەن سىلەرگە ياردەم قىلىمەن .

گۈلپەرىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ، بىر ئەسناغىچە جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن چۈشكۈن ئاۋازدا دېدى :

— تۈركەن خاتۇن مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئۇققاندىن كېيىن ئاكامنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلغانىدى . ئاكام قاراقچى بولۇپ كەتكەنىكەن . قەيەردىدۇ بىر يەردە چېرىكلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا قۇربان بوپتۇ . ئاڭلىشىمچە ، ئۇ قۇربان بولۇش ئالدىدا مېنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ يۈرگەنىكەن ، — گۈلپەرى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ۋە ئاخىردا ئاھ ئۇرغاندەك بىر ئاھاڭدا قوشۇپ قويدى ، — ئادەم دېگەن كۆتۈرۈشلۈك بولىدىكەن ، ھەرقانداق دەردكىمۇ چىدايدىكەن .

مەھمۇد ئۇنىڭغا نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلىپ تەسەللى بەردى ، ئۇنىڭ غەم - ئەندىشىلىرىنى يوقىتىپ ، روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى .

— ئۆتكەن ئىشلارنى كۆپ ئويلىماڭ ، — دېدى ئۇ ، — دادىللىق بىلەن ئالغا قاراڭ . قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ . ئادەم دېگەندە ھەرقانداق زەربىگىمۇ باش ئەگمەيدىغان باتۇرانە روھ بولۇشى كېرەك . ئەنە شۇنداق ئادەملەرلا بۇ دۇنيادا ئوڭۇشلۇق ياشىيالايدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق يىغلاپ ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ . ئۆزىڭىزنى مۇشۇ ئۆينىڭ ئادىمى دەپ بىلىپ ، ئەركىن يايراپ يۈرۈڭ .

— ماقۇل ، — دېدى گۈلپەرى بېشىنى كۆتۈرمەي . ئۇنىڭ ئاۋازى ئىلگىرىكىدەكلا بوش ۋە جاراڭسىز ئىدى .

مەھمۇد چىقىپ كەتتى .

«بۇ ئەر خوجايىن زادى قانداق ئادەمدۇ ؟ — گۇمان ئارىلاشقان خىياللار گۈلپەرىگە ئارام بەرمەيتتى ، — تۇرقىدىن قارىسىغۇ

ياخشى ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ. ئۆزى مۇلايىم، گەپ - سۆزلىرى سىلىق. لېكىن، بەزى ئادەملەر ئاياللارنى ۋە بولۇپمۇ ياش قىزلارنى ئاسانراق كۆندۈرۈپ قولغا كەلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن يالغاندىن مۇلايىم بولۇۋالىدۇ دېيىشىدۇغۇ؟»

گۈلپەرى ئازابلىق تولغىنىپ لېۋىنى چىشلىدى. «مەن بىر قول، ئۇ خوجايىن. قانداق قىلىمەن دېسە شۇنداق قىلىۋېرىدۇ. بېشىمغا كەلگەننى كۆرمەي نېمە چارە؟»

شۇ كۈنى كەچكىچە مەھمۇدمۇ بىئارام بولۇپ يۈردى. گۈلپەرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئاشۇ يېتىم قول قىزنىڭ، ئاشۇ باشپاناھسىز سوغدى قىزنىڭ پەرىشان رۇخسارى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

مەھمۇد تەنھا ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى. بۇ تەڭشەلمىگەن جاھاندا مۇشتۇمزورلۇق، ئادالەتسىزلىك، نەپسانىيەتچىلىكتىن كېلىدىغان بەختسىزلىكلەر ناھايىتى كۆپ. گۇناھكار بەندىلەر ياشايدىغان بۇ كەڭ دۇنيا گويا مەنپەئەتلەر توقۇنۇشىنىڭ قايىنىمىغا ئوخشايدۇ. مۇشۇ قاينام ئىچىدە قانچىلىگەن شورپېشانە ئادەملەر، ئائىلىلەر ۋە ھەتتا پۈتۈن - پۈتۈن خەلقلەر ۋەيران بولدى، نابۇت بولدى، ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ھايات» سۆزى ھامان «كۈرەش» مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئىنسانلار ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. كىم كۈرەش قىلمىسا، شۇ ئالدى بىلەن ئەركىنلىكتىن، ئاخىرىغا بېرىپ ھاياتتىن مەھرۇم بولىدۇ، ياشاش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. ھالبۇكى، كۈرەش قىلغۇچىلارمۇ كۈرەشنىڭ توغرا يۆنىلىشى، توغرا ئۇسۇللىرىنى تاللاپ، مۇرەككەپ دۇنياغا ماھىرلىق بىلەن ماسلىشالمىسا، ئوخشاشلا روناق تاپالمايدۇ.

مەھمۇد بۇ سوغدى قىزنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پىكىر - خىياللىرى قاناتلىنىپ يىراقلارغا ئۇچتى ۋە يۇقىرىقىدەك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ پۈتۈن سوغدى

خەلقىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزدى .

سوغدىلار قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بىرى ئىدى . ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا ، يەنى مىلادىيىدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىلا زەرەپشان ۋە قاشقا دەريا ۋادىلىرىدا بۇ خەلقنىڭ «سوغدىيانا» دەپ ئاتالغان دۆلىتى بارلىققا كەلگەنىدى . كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلار يىپەك يولىدىكى مەشھۇر خەلق بولۇپ قالغان . سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ تۆگىلىرى شەرقتە جۇڭگونىڭ ئەڭ يىراق ئۆلكىلىرىدىن تارتىپ ، غەربتە ۋىزانتىيە ۋە ئەرەب شەھەرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلارنى ئالا قويماي قاتناپ تۇرغان .

سوغدىلار ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر خەلق ئىدى . ئۇلارنىڭ سەييارە سەنئەتچىلىرى يىراق - يېقىندىكى ھەرقايسى ئەللەردە قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولاتتى . ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە ياشايدىغان خەلقلەر ئۇلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ۋە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن .

سوغدىلار ئەمگەكچان ۋە ئىجادكار خەلق ئىدى . ئۇلار مىس ۋە تۆمۈر مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ، ساپالچىلىق ، زەرگەرلىك ، توقۇمىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ياراتقان .

مەھمۇد كاشغەرىي ياشاۋاتقان دەۋردىن تەخمىنەن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىمۇ سوغدى خەلقىنىڭ گەرچە باشقا جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقلىرى خۇنۇكلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، سودىگەرچىلىكتە ئالەمشۇمۇل شۆھرىتى بار ئىدى . ھالبۇكى ، پەلەك چاقى ئاستا - ئاستا چۆرگىلەپ ، سوغدىلارنىڭ تارىخىدىكى نۇرلۇق سەھىپىلەرنى ئىنسانلار ھاياتىدىن يىراقلاشتۇرغىلى تۇردى . ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئورنى تەدرىجىي تۆۋەنلىدى . «سوغدىيانا» دېگەن دۆلەت نامىمۇ ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتتى .

«شۇنداق ،— دەپ ئويلىدى مەھمۇد ،— ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆز

خاقانلىرى يوق ، سىياسەتچىلىرى يوق ، سەركەردىلىرى يوق ، ھەتتا ئادەتتىكى چېرىكلىرىمۇ يوق . سوغدىلار ھازىر دېھقانلار ، سودىگەرلەر ۋە ناخشىچى - ئۇسسۇلچى دېگەن ناملارىنىلا ساقلاپ قالدى . ئۇلار ھازىر ماۋەرائۇننەھر ۋە تارىم ۋادىسىدىكى خاقانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تىرىكچىلىك قىلىدۇ . ئۇلار ھېلىمۇ چېۋەر سودىگەر ، قابىلىيەتلىك سەنئەتچى . ئۇلار سودا قىلىپ پۇل تاپالايدىغانلىقى ۋە ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ . ئۇلار يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنىڭ ئوڭ قولىغا «پايدا ساڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولسۇن » دەپ ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن تۇمار باغلاپ قويىدۇ . بالىسى تەمتىلەپ مېڭىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىتىدۇ . بالىلىرى ئون ياشقا يەتمەي تۇرۇپلا «پۇل تېپىشنى ئۆگەنسۇن » دەپ سودا - سېتىق ئىشلىرىغا سېلىشقا باشلايدۇ .

چاتاق يېرى شۇكى ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوغدىلارنىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر بالىلىرىنى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشقا قىزىقمايدىغان بولۇپ كەتتى . شۇنداق قىلىپ ، سوغدىلاردا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساۋاتسىز بايلار كۆپەيدى . شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ، باشقا خەلقلەر ئالدىدىكى ئىناۋىتى تۆۋەنلەپ كەتتى . باشقا خەلقلەر بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ ، ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پەيتتە ، سوغدىلار پۇل ساناپ ، بوش ۋاقىتلىرىدا دۇنيادىن پەرۋايى پەلەك ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ ، بىر قىزنىڭچىنى تېپىۋالسا كېچە - كېچىلەپ راستىنىمۇ ، يالغاندىنمۇ كۆلۈپ ئالتۇن ۋاقىتلىرىنى ناھايىتىمۇ «مەنىلىك » ئۆتكۈزدى . قەدىمكى سوغدىلار ئالىملار بىلەن قەھرىمانلارنى قەدىرلەيتتى ھەم ئۆزلىرىمۇ شۇنداق بولۇشقا تىرىشاتتى . ھازىرقى سوغدىلار ئۇسسۇلچى بىلەن قىزنىڭچىنى قەدىرلەيدۇ ھەم ئۆزلىرىمۇ شۇنداق بولۇشقا تىرىشىدۇ . شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىشقا بولغان ھەۋىسى ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ . بەزىلەر كۆڭۈل ئېچىشنى

تىرىكلىك داۋانلىرىدىكى بىر خىل دەم ئېلىش، مۇشكۇلاتلارنى يېڭىش ئۇچۇن زۆرۈر بولىدىغان مەنىۋى ئوزۇق دەپ بىلىدۇ. بەزىلەر بولسا، ئويۇن - تاماشىنى گويا ھاياتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى قىلىۋالىدۇ. سوغدىلار ئىچىدە ئىككىنچى تۈردىكى ئادەملەر كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار ئىلىم - پەندىن ئايرىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ مەدەنىيەتىدىنمۇ يىراقلاشقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى ئەمدى باشقا خەلقلەر ياقتۇرۇپ كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى. يات قەبىلىلەر سوغدىلارنىڭ سازلىرىنى چېلىپ، سوغدىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغان ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار سودا - تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ باشقىلاردىن ئارقىدا قالدى. باشقا خەلقلەرنىڭ بىلىملىك، تەدبىرلىك سودىگەرلىرى كارۋان يوللىرىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى چوڭ بازارلاردىن سىقىپ چىقارغىلى تۇردى. سوغدىلارنىڭ ھوقۇقلىرى چەكلىنىپ، گېپى ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ئۆز خانلىرى يوق، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئىقتىدارلىق ئەربابلىرى يوق. مەكتەپ، مەدرىسىلەردە ئوقۇغانلىرىمۇ ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ، داۋاملىق بىلىمنى ئاشۇرمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق چالا بىلىملىك ئادەملەر بىر - بىرلىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ، ئاڭلىق ئەمەس. ھەممىسى ئۆزىنى قالتىس چاغلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقايسىسى قالتىس ئەمەس. ھەقىقىي بىلىملىك ئادەملەر، زامانغا لايىق ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلىرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ».

مەھمۇد كاشغەرىي: «گۈلپەرىدەك سوغدى پەرزەنتلىرى نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر خورلىنىپ قالىدۇ؟ ھەر خىل مۇشتۇمزورلار نېمە ئۈچۈن سوغدىلارنى ئۆزى بىلگەنچە بوزەك قىلالايدۇ؟» دېگەن مەسىلىنى ئويلاپ، بۇ خەلقنىڭ يوقىرىقىدەك شەرەپلىك دېيىشكە بولمايدىغان تەرەپلىرىنى تېپىپ چىقتى.

گۈلپەرى ئەنە شۇنداق بەخت قۇشىنى قولدىن چىقىرىپ

قويغان خەلقنىڭ بەختسىز قىزى ئىدى.
مەھمۇد يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىدى، ئويلىدى. ئويلىغانسېرى گۈلپەرىدىن ئىبارەت بۇ سوغدى قىزىغا چىن قەلبىدىن ئىچىندى.
كەچكە يېقىن بولغاندا قېرى خىزمەتكار كىرىپ مەلۇمات بەردى:
— قۇل قىز ئاغرىپ قاپتۇ، ئىڭراپ ياتىدۇ.
مەھمۇد دەرھال خىزمەتكار بىلەن بىللە چىقتى.
گۈلپەرى تۆشەك ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، لەۋلىرى سەل ـ پەل ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بوشقىنا ئىڭراپ قوياتتى. مەھمۇد ئۇنىڭ يېنىغا يۈكۈنۈپ قارىدى. گۈلپەرىنىڭ مەڭزلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن، ئۈستۈنكى لېۋىنىڭ تۆپە تەرىپى ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچى ئۇششاق تەر تامچىلىرى بىلەن قاپلىنىپ كەتكەندى. چېكىلىرىدىكى ۋە بويندىكى كۆك تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ، نەپەسلىرى تېزلىشىپ كەتكەندى.
مەھمۇد قىزنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، ئالىقىنىنى ئۇنىڭ نەملىشىپ قالغان پېشانىسىگە تەگكۈزدى.
— قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان خىزمەتكارغا قارىدى، — ئىلتەمۇر قېنى؟ دەرھال تېۋىپنى چاقىرىپ كەلسۇن!
— ئىلتەمۇر ئازراق مېۋە ـ چېۋە ئالغاچ كېلەي دەپ بازارغا چىقىپ كەتكەندى، تېخى قايتىپ كەلمىدى، — دېدى قېرى خىزمەتكار.
— ئاپلا! — دەپ خىتاب قىلدى مەھمۇد ۋە ئىتتىك تاشقىرىقى بۆلمىگە چىقىپ، بىر ياغلىقنى سوغۇق سۇغا چىلاپ سىقتى ـ دە، يەنە كىرىپ گۈلپەرىنىڭ پېشانىسىگە قويدى، ئاندىن قېرى خىزمەتكارغا ياغلىقنى پات ـ پات سۇغا چىلاپ سوۋۇتۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويدى ـ دە، ئۆزى تېۋىپنى چاقىرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ

چىقىپ كەتتى .

تېۋىپ گۈلپەرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن قىزىتمىنى ياندۇرغۇچى سۈيۇقلۇق دورا ياساپ ئىچۈردى .

تېۋىپ كەتكەندىن كېيىن مەھمۇد گۈلپەرىنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمىدى . ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلى قىزنىڭ پېشانىسىگە سوغۇق ئۆتكۈزەتتى ، تېۋىپ بەرگەن دورىلارنى ئىچۈرەتتى . گۈلپەرى بولسا ، گاھ كۆزلىرىنى ئېچىپ ، گاھ قالايمىقان جۆيلۈپ ياتاتتى .

تاڭ ئاتقاندا گۈلپەرىنىڭ قىزىتمىسى ياندى . ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ ، يېنىدا ئولتۇرغان مەھمۇدنى كۆردى .

— ئاھ... — دەۋەتتى ئۇ قورقىقان ۋە ئىزا تارتقان ھالدا ھەمدە كۆڭلىكىنىڭ ئېچىلىپ قالغان ياقىسىنى ئىتتىك يېپىۋالدى .

— قورقماڭ ، — دېدى مەھمۇد مۇلايىم تەلەپپۇزدا ، — تىنچ يېتىڭ . ئەھۋالىڭىز قانداق ؟ ئۇخشىلىپ قالدىڭىزمۇ ؟

— سىز ... كېچىچە مۇشۇ يەردە بولدىڭىزمۇ ؟ — سورىدى گۈلپەرى ۋە ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى . ماغدۇرسىزلىقتىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئاران ئاڭلانغۇدەكلا چىقتى .

— ھېچ ۋەقەسى يوق ، قىزىم ، — دېدى مەھمۇد ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشىپ ، — بىر ئادەم ئاغرىپ قالسا باشقىلار ئۇنى كۈتۈشى كېرەكقۇ .

چۈشتىن كېيىن گۈلپەرىنىڭ قىزىتمىسى يەنە ئۆرلىدى ۋە ئۇ يەنە كېچىچە جۆيلۈپ چىقتى . مەھمۇد يەنە ئۇنىڭ يېنىدا بولدى . ئۇنىڭ دورىسىنى ئىچۈردى ، ئاش ـ تامىقىنى يېگۈزۈپ قويدى ، چۈنكى بىمار قىز بەكلا ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدى .

مەھمۇد ئۇنى تېزرەك ساقايتىشنىڭ ھەممە ئامالىنى قىلدى . بىرنەچچە ئۇستا تېۋىپ بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدى . ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆزى دورا قاينىتىپ ، قىزىتمىنى ياندۇرىدىغان تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى تەييارلىدى . ئاردىن ۋاقىت چىقىرىپ ، تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىككە ئائىت

كىتابلارنى كۆردى . مەھمۇد ئۆزىمۇ يامان ئەمەس تېۋىپ ئىدى . ئۇ مۇھەممەد بىننى رەشىت كاشغەرىينىڭ تېبابەتچىلىك ئىلمىگە دائىر ئەسەرلىرىنى ۋە ئىمادىددىن كاشغەرىينىڭ «شەرھى ئەل ـ قانۇن» ناملىق كىتابىنى كۆپ ئوقۇغانىدى . مانا ئەمدى شۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ چىقتى .

شۇ تەرىقىدە سەككىز ـ توققۇز كۈن ئۆتكەندە گۈلپەرىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى ، ئاش ـ تاماققا كىرىشىپ ، ماغدۇرىغا كېلىپ قالدى .

«بۇ خوجايىن نېمىشقا ماڭا بۇنچىلىك مېھرىبانلىق كۆرسىتىدۇ ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ چىرايى ئەمدى ئۇنىڭغا باشقىچە ئىللىق ۋە يېقىملىق تۇيۇلدى ، لېكىن ئۇ يەنىلا قورقۇپ تۇراتتى ، مەھمۇدنىڭ ئاشۇ مېھرىبانلىقىدىن قورققۇسى كېلەتتى . بىر ئەر كىشىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ داۋالىغانلىقى ۋە پەرۋىش قىلغانلىقىنى ئويلىسا ، ئىزا تارتىپ ، مەھمۇدقا قارىيالماي قالاتتى .

— بۇ خىجىل بولىدىغان ئىش ئەمەس ، — دېدى مەھمۇد ئۇنىڭ ھالىنى چۈشىنىپ ، — مەن سىزنى ئۆز قىزىمدەك كۆرۈپ ياردەم قىلدىم . سىزمۇ مېنى ئۆز ئاتىڭىزدەك كۆرۈڭ .

«ئۇ راستىنلا ياخشى ئادەمدەك قىلىدۇ» دەپ ئويلىدى گۈلپەرى . ئۇ «ياخشى ـ يامان» دەپ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلغان سۆز مەنىلىرىنىڭ ئارىلىقىدا قايمۇقۇپ ، مەھمۇدقا ئاستىرتىن قاراپ قوياتتى . «ياق ، ئۇ يامان ئادەمگە ئوخشىمايدۇ» .

مەھمۇد بولسا ، ئۇنى دائىم «قىزىم» دەپلا ئاتايدىغان بولۇپ كەتتى . «قىزىم ، ئۇنى قىلىۋېتىڭا» ، «قىزىم ، بۇياققا كېلىڭا» ، «قىزىم ، سىزگە نېمە كېرەك ؟» مەھمۇد بۇ يېتىم سوغدى قىزىغا ئەنە شۇ تەرىقىدە مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى .

گۈلپەرىمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا خېلى ئۆگىنىپ قالدى ، ئەمدى ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان بولدى ، لېكىن يەنىلا ھېيىقىپ ،

تارتىنىپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى.

— قىزىم، — دېدى مەھمۇد بىر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ گۈلپەرىگە، — سىز بۈگۈندىن باشلاپ قۇل ئەمەس. مەن بۈگۈن تۈركەن خاتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ، سىزنى ھۆرلۈككە چىقىرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. تۈركەن خاتۇنمۇ مېنىڭ بۇ تەلىپىمگە رازى بولدى.

گۈلپەرى ئەجەبلەنگەن، چۈشەنمىگەن، تېڭىرقىغان قىياپەتتە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى. «قۇل» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، قۇللۇق قىسمىتىگە كۆنۈپ قالغان بۇ يېتىم قىز ھۆرلۈككە چىقسا ياخشى بولىدىغان ياكى يامان بولىدىغانلىقىنى ھە دېگەندىلا ئاڭقىرىپ كېتەلمىدى. لېكىن، ئەڭ مۇھىمى، ئۇ قۇللۇقتىن ئازاد بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى، ئىشىنەلمىدى، ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

مەھمۇد ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— ماڭا قاراڭ، گۈلپەرى، — دېدى ئۇ، — ئەمدى سىز ماڭا بالا بولۇڭ، مەن سىزگە دادا بولاي.

گۈلپەرى بۇ كۈتۈلمىگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەي، كۆزلىرىنى تېخىمۇ چوڭراق ئېچىپ قارىدى. مەھمۇدنىڭ كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈنۈش ئالامەتلىرى تولىمۇ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ، ئىنساننىڭ مېھرىبانلىقى، ئاتىنىڭ كۆيۈنۈشى ئىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنى دادا دەپ چاقىرىڭ، ئەمدى بىز ئاتا ـ بالا بولۇپ ياشايمىز، — دېدى يەنە بۇ چىن ئىنسان.

گۈلپەرى تېخىچە لام ـ مىم دېمەي تۇراتتى.

— قېنى، گۈلپەرى قىزىم، دادا دەپ بېقىڭا، — دېدى مەھمۇد خۇددى سەبىي بالىنى ئەركىلەتكەندەك تەلەپپۇزدا.

— دادا... — دېدى گۈلپەرى پىچىرلىغاندەك بوش ئاۋازدا. بۇ ئاۋازدا ھېچقانداق ئىچكى ھېسسىيات ئىپادىلەنمىدى، لېكىن

مەھمۇد شۇنىڭغىمۇ خۇش بولدى .

— ھە بەللى ، مانا ئەمدى بولدى ، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلغان تەرىقىدە .

بىر كۈن ئۆتتى . ئىككىنچى كۈنى كەچكە يېقىن مەھمۇد دېۋاندىن قايتىپ كەلدى ۋە پۇت - قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئارام ئېلىپ ياتاتتى . ھايال ئۆتمەي ئىشىك قىيا ئېچىلىپ ، گۈلپەرىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى .

— تاماق تەييار بولدى ، — دېدى ئۇ قىز ۋە بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن قورۇنۇپراق قوشۇپ قويدى ، — دادا ...

مەھمۇد دەرھال تەكيىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى .

— ھە كىرىڭ ، كىرىڭ ، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق تۇيغۇسى سىڭدۈرۈلگەن ئاھاڭدا ، — نېمىشقا بوسۇغىدا تۇرىسىز ؟ تارتىنماي كىرىۋېرىڭ ، قىزىم .

گۈلپەرى خۇددى گۈلگە تەلپۈنگەن كېپىنەكتەك ئېتىلىپ بېرىپ مەھمۇدنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ، ئاندىن توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل يالقۇنلۇق ئىنتىلىش بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىگە يېپىشتى .

— دادا !

# ئون بەشىنچى باب

## سوغدىيانا كۈيى

ئىلتەمۇر مەدرىسىدىن قايتىپ كېلىپ ھۇجرىسىغا كىردى ـ دە ، ئۆزىنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلدى . ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان يازغان خاتىرىلىرىدە ئەرەبلەرنىڭ سۈننىي مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاббاسىيلار خەلىپىلىكى بىلەن شىئە مەزھىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پاتىمە خەلىپىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ، ئوغۇزلارنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىن ۋە ماۋەرائۇننەھردىن غەربكە كۆچۈشى نەتىجىسىدە سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ھەم كېڭىيىشى ، قۇدرەت تېپىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئىپادىلىدى .

«ئەمدى ، — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ، — ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قانداق قىلىپ باغداتقا كېلىپ قالغانلىقى ، ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نى قاچان يېزىپ تاماملىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ باغداتتىكى ھاياتىنى تەپسىلىي بايان قىلىشىمىز كېرەك» .

ئىلتەمۇر قولىغا قەلەمنى ئالدى ، قەلەم ئىزى قەغەز يۈزىدە رەتلىك يېزىلغان قۇرلارنى ھاسىل قىلىشقا باشلىدى .

ئۇشتۇمتۇت تىرىڭلىغان باربىت ساداسى ئاڭلاندى . ئىلتەمۇر يېزىشنى توختىتىپ قۇلاق سالدى . باربىت ساداسى گۈلپەرىنىڭ ھۇجرىسى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى . «گۈلپەرى باربىت چېلىپ باقمىغانىدىغۇ» دەپ ئويلىدى ئىلتەمۇر . باربىتنىڭ تىرىڭلىشى

ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتكەنىدى. ئۇ پەرۋا قىلماي، يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن ئەپلەشمىدى. ئۇ پىكرىنى مەركەزلەشتۈرەلمىدى. ئۇ تېرىكتى، قەلەمنى قويدى، قوپتى ۋە گۈلپەرىنىڭ ھۇجرىسىنى كۆزلەپ ماڭدى. ئۇ گۈلپەرىگە: «بارىبىتىنى چالماڭ، مېنىڭ ئىش قىلىشىمغا دەخلى يەتكۈزۈۋاتىسىز» دېمەكچىدى. ھالبۇكى، ئۇ قىزنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. بىردەم ئويلاپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى ـ دە، كەينىگە ياندى. «ئۇنى رەنجىتىپ قويماي، ئەدەپسىزلىك بولۇپ قالمىسۇن» دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە.

ئۇ ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ، ئىشكىنى ھىم قىلىپ ياپتى.

گۈلپەرى بولسا، ئىلتەمۇرنىڭ تېرىككىشىدىن بىخەۋەر ئۆز ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ بارىبىتىنى چېلىۋەردى.

شۇ ئەسنادا مەھمۇد كاشغەرىي كېلىپ قالدى. ئۇمۇ قىز ھۇجرىسىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشكى ئالدىدا توختىدى. گۈلپەرى سازغا بېرىلىپ كەتكەچكە ئۇنىمۇ كۆرمىدى. مەھمۇد ئۇنىڭ قايسى پەدىگە چېلىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمىدى. بىرىنچىدىن، چېلىنىۋاتقان كۈي مەھمۇدقا تونۇشلۇق ئەمەس ئىدى. ئىككىنچىدىن، گۈلپەرى ئۆزىمۇ بارىبىتىنى قاملاشتۇرۇپ چالالمايۋاتاتتى. ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئېزىپ كېتەتتى ۋە يەنە قايتىلاپ چالاتتى.

بىر چاغ بولغاندا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مەھمۇدنى كۆردى ـ دە، دەرھال بارىبىتىنى گىلەمگە قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئولتۇرۇڭ، قىزىم، — دېدى مەھمۇد ۋە ئۆزىمۇ كىرىپ گىلەمگە ئولتۇردى.

— بارىبىتىڭىزنى سورىماي چېلىپ قويدۇم، دادا، — دېدى گۈلپەرى ئۇنىڭ يېنىغا يۈكۈنۈپ، خاتالىقىنى بويىنىغا ئالغان كىشىنىڭ تەلەپپۇزىدا.

مەھمۇد كۈلدى.

— كېرەك يوق، قىزىم. مەن سىزنىڭ باربىت چالىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەپتىمەن. ئەمدى بۇ باربىت سىزنىڭ بولسۇن.

گۈلپەرى خۇشال بولدى.

— راستىما؟ رەھمەت سىزگە، دادا.

— قايسى كۈيگە چېلىۋاتىسىز؟ — سورىدى مەھمۇد.

گۈلپەرى ئولتۇرۇش قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىككى تىزىنى قۇچاقلىدى ۋە تۈيۈقسىزدىن مۇڭغا تولغان كۆزلىرىنى بەلگىسىز بىر نۇقتىغا تىكتى.

— بۇ سوغدىلارنىڭ خەلق ناخشىسى، — دېدى ئۇ، — مەن كىچىك ۋاقتىلىرىمدا ئاپام باربىت چېلىپ مۇشۇ ناخشىنى ئېيتاتتى. بىزنىڭ مەھەللىدىكى سوغدىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ناخشىنى ئېيتالايتتى. ئاپامنىڭ شۇ چاغلاردا دېگەن سۆزلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرىدۇ. «قەدىمكى زامانلاردا بىزنىڭ سوغدىيانا دەپ ئاتالغان دۆلىتىمىز بار ئىدى، — دەيتتى ئۇ، — بۇ ناخشا ئەنە شۇ سوغدىيانا دەۋرىدىن قالغان.» ئاپام مىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، مۇشۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا باربىت چېلىشنى ئۆگىتەتتى.

— شۇنچە يىللاردىن بېرى بۇ كۈينى ئۇنتۇپ قالماپسىز، — دېدى مەھمۇد، — كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ داۋاملىق باربىت چېلىپ تۇرغانمىدىڭىز؟

— تۈركەن خاتۇننىڭ قولىدا تۇرغان چاغلىرىمدا پۇرسەت بولسىلا ئانچە - مۇنچە چېلىپ قوياتتىم. لېكىن، ئوردىدىكى كېنىزەك ۋە دېدەكلەرنىڭ ئىشى ئالدىراش بولغاچقا، ئىختىيارىي مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۆپ ۋاقىت چىقمايتتى. شۇڭا، باربىت چېلىشنى ئۇنتۇپ كېتەيلا دەپ قاپتىمەن.

— مانا ئەمدى ئۆزىڭىز خالىغانچە چېلىڭ، ۋاقتىڭىز يېتەرلىك، — دېدى مەھمۇد كۈلۈپ ۋە ئۆز بۆلمىسىگە چىقىپ كەتتى.

* *

ئاردىن يەنە بىر مەزگىل ئۆتتى.

ئىلتەمۇر يەنە قەغەزلەرنى شىرەگە يېيىپ، تارىخىي خاتىرىلەرنى يېزىشقا ئولتۇردى.

«بالاساغۇنلۇق يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىگ› ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ چىقتىم، — دەپ يازدى ئۇ، — شۈبھىسىزكى، بۇ ئەسەر بىلەن ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› كاتتىلىقى ۋە ئىلمىيلىقى جەھەتلەردە ھازىرغا قەدەر كۆرۈلۈپ باقمىغان تەڭداشسىز گۆھەر، خەلقىمىزنىڭ پەخرى. كاشغەر ۋە باغداتتا يورۇقلۇققا چىققان بۇ ئىككى پارچە نادىر ئەسەر ھازىر بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولۇپ قالدى. مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن يۇسۇپ بالاساغۇنىنىڭ داڭقى ـ شۆھرىتى كەڭ تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامى شەرىپلىرى مەرىپەت ئاسمىنىدا پارلاق يۇلتۇز بولۇپ چاقنىماقتا.

يىللار ئۆتتى، زامانلار ئۆتتى. ئالتۇندىن تاغ قوپۇرالىغۇدەك باي ـ مۆتىۋەرلەر، پۈتۈن ـ پۈتۈن ئەللەرنى سورىغان تاجدار ـ ھۆكۈمرانلار تارىخنىڭ خازانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، ئىلىم بوستانلىقىدىكى بۇ ئىككى نامايەندە — مەھمۇد ۋە يۇسۇپ تارىخنىڭ گويا ھېكمەتلىك ئىككى گۈلى بولۇپ، ئەبەدىي نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇتلۇق ناملىرىنى يىراق كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ».

ئىلتەمۇر يېزىشنى توختىتىپ، قەلەمنى تۇتقان ھالدا ئۇدۇلىدىكى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت يەنە بارىبىتنىڭ تىرىڭلىغان ساداسى ئاڭلاندى.

«سوغدىيانا كۈيى يەنە باشلاندى» دەپ ئويلىدى ئىلتەمۇر. ئۇ ئىشىكنى يېپىۋەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن قوپتى، لېكىن ئىشىك

تۇۋنگە بارغاندىن كېيىن توختاپ قالدى ۋە كېشەككە مورىسى بىلەن يۆلىنىپ باربىتنىڭ تىرىكلىشىغا قۇلاق سالدى . شۇ تاپتا ئۇ نېمە ئۈچۈندۇ گۈلپەرىنىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ھالدا تارىلارنى چېكىۋاتقان قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى .

ئاخىرقى كۈنلەردىن بۇيان گۈلپەرى باربىتنى خېلى ئوبدانلا كېلىشتۈرۈپ چالىدىغان بولۇپ قالغانىدى . پەدىلەرنىڭ بېسىلىشى توغرا ، تارىلارنىڭ چېكىلىشى يېنىك بولۇپ ، كۈي ئاھاڭلىرى ئېنىق ئاڭلانماقتا ئىدى .

ئىلتەمۇر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تىڭشىماقتا ئىدى . قەدىمكى سوغدىلارنىڭ بۇ مۇڭلۇق كۈيى گوياكى ئۇنى شېرىن تۇيغۇلارغا چۈمۈلدۈرۈپ ، گۈزەل ۋە سىرلىق غايىۋى دۇنياغا ئۇچۇرۇپ ئەكېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى .

كۈتۈلمىگەندە ، باربىت ساداسىغا گۈلپەرىنىڭ ناخشىسى قوشۇلدى . ئىلتەمۇر ھەرقانچە دىققەت قىلىپمۇ ناخشىنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمىدى . ئېھتىمال ، بۇمۇ ئاشۇ قەدىمكى سوغدىلارنىڭ تىلى بولۇشى كېرەك . گۈلپەرى بوش ئاۋازدا ئاشۇ چۈشىنىكسىز ناخشىنى خۇددى قەلبىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇۋاتقاندەك ئېيتماقتا ئىدى . ئىلتەمۇر بەجايىكى بۇ ناخشىنىڭ ئاللىقانداق يوشۇرۇن مەزمۇنلىرىنى چۈشىنىۋاتقاندەك قىمىر قىلماستىن تۇرۇۋەردى . ئۇ ئەسلىدە ئۇيغۇر ، قارلۇقلارنىڭ شوخ ، جۇشقۇنلۇق ئۇسسۇل پەدىلىرىنى ، سالجۇقي ئوغۇزلارنىڭ روھلۇق جەڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى . مانا ئەمدى قەدىمكى سوغدىيانانىڭ مۇڭلۇق ، ھەسرەتلىك ئاڭلىنىدىغان بۇ كۈيىنىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى .

※ ※

مەھمۇد كاشغەري گۈلپەرىنى بىقىۋالغان كۈندىن ھېسابلىغاندا بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتتى . گۈلپەرىنىڭ باربىت چېلىش

ھەۋىسى قىلچە سۇسلاشمىدى. مەھمۇد ئۇنى رىغبەتلەندۈرەتتى.
— بارىبىتنى راسا ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدىغان بولدىڭىز، ئاۋازىڭىزمۇ ياخشى ئىكەن، — دەيتتى ئۇ، — ئەمدى بىزنىڭ بۇ جىمجىت ئۆيىمىزگە باشقىدىن جان كىرگەندەك بولۇپ كەتتى.
گۈلپەرى مەھمۇدنىڭ بۇنداق ئىلھامبەخش سۆزلىرىدىن بەك خۇشال بولاتتى ۋە جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن كۈلۈپ كېتىپ، بارىبىتنىڭ تارىلىرىنى چېكىشنى داۋاملاشتۇراتتى.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھمۇد دىۋاندىن قايتىپ كېلىپ بارىبىتنىڭ ساداسىنى ئاڭلىدى ـ دە، يېڭىچە بىر ئەھۋالنى بايقاپ توختاپ قالدى. گۈلپەرىنىڭ بارىبىت چېلىشىنى ئۇ ھەر كۈنى ئاڭلاپ تۇراتتى، بىراق ئىلتەمۇرنىڭ ناخشا ئېيتقىنىنى تېخى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. بارىبىت ساداسىغا قوشۇلۇپ، ئىلتەمۇر بىلەن گۈلپەرى بىرلىكتە ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.
مەھمۇد بۇ يېڭىچە ئەھۋالغا قىزىقىپ، گۈلپەرىنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلدى. قارىغۇدەك بولسا، ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرىگە يېقىن ئولتۇراتتى، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوتلۇق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئىلتەمۇر بارىبىت چېلىۋاتقان گۈلپەرىگە ھاياجانلىنىپ، تەشنالىق بىلەن نەزەر سالاتتى، ئىككى مەڭزى قىزىلگۈل رەڭگىنى ئالغان گۈلپەرىمۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇنىڭغا شۇنچە روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئىشقى بىلەن قاراپ، پىسسىڭىدە كۈلۈپ قوياتتى. شۇ تەرىقىدە ئۇلار پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇغان ھالدا ئاشۇ چۇشەنگىلى بولمايدىغان قەدىمكى سوغدى ناخشىسىنى زوق ـ ھەۋەس بىلەن ياڭراتماقتا ئىدى.
مەھمۇد پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئاستا ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ كىلەمگە ئولتۇرغانىدى، ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەنە قوپۇپ سالماق قەدەملەر بىلەن خانا ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. بۈگۈن بۇ سوغدىيانا كۈيى ئۇنىڭ دىل ئارامىنى بۇزغانىدى. بارىبىتنىڭ لەرزان ساداسى ئۇنىڭ خىياللىرىنى يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇرتۇپ كەتتى. يىگىت

بىلەن قىز بىرلىشىپ ئېيتىۋاتقان بۇ قەدىمكى ناخشا ئەزىزانە كاشغەردە ئۆتكەن ياشلىق چاغلىرىنى كۆز ئالدىدا قايتا گەۋدىلەندۈردى. ئۇپالنىڭ كوچىلىرى، نورۇزبۇلاقنىڭ سۈپسۈزۈك سۇلىرى بۇ مۇساپىر ئالىمنىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش كەلتۈرۈپ، بېشىنى كەيپىنىڭ تەسىرىدەك يېنىككىنە ئايلاندۇردى.

ئۇپال كوچىسىدا گويا مەھمۇدنىڭ بوۋىسى بۇغراخان، ئاتىسى ئارسلان ئىلىكخان، ئانىسى بۈبى رابىيەلەر ئۆتكەن يىللار تۇمانلىرى ئىچىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەنە، نورۇزبۇلاق ئەتراپىدىكى تالزارلىق ئىچىدىن سۇ تولدۇرۇلغان قاپاقنى يېنىغا ئېلىپ چىقىۋاتقان ياش بىر قىزنىڭ گەۋدىسى سۈرەتلەندى. «چولپانئاي!» دەپ ۋارقىراشقا تەمشەلدى مەھمۇد، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئاغزىدىن چىقمىدى، بەلكى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتتى.

گۈلپەرىنىڭ ھۇجرىسىدىن سوغدىيانا كۈيى تېخىچە ئاڭلىنىۋاتاتتى.

مەھمۇد بارىبىتنىڭ ساداسىغا زارىقىپ قۇلاق سالدى. ئەنە، چولپانئاي ئۇپالنىڭ ئازىق قەلئەسىدىكى ئۆيدە پەرىشان ھالدا ئولتۇرۇپ بارىبىت چالماقتا. چەكسىز سېغىنىش، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس مۇھەببەتنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان ئوتلىرى قايتىدىن يېلىنجاپ، مەھمۇدنىڭ دەردكە تولغان كۆكسى ئىچىدىكى بىر يەرلىرىنى پىژ - پىژ كۆيدۈردى.

سوغدىيانا كۈيى تەكرار - تەكرار داۋاملاشماقتا ئىدى. ئىلتەمۇر بىلەن گۈلپەرى بۇ كۈينى زادى توختاتماسلىق قارارىغا كەلگەندەك كۆرۈنەتتى.

«ياشلىق، مۇھەببەت...» مەھمۇد بۇ ئىككى سۆزنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ئەھۋالنى چۈشىنىپ، بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

«ئىلتەمۇرمۇ يىگىت بولدى، گۈلپەرىمۇ بويىغا يەتكەن قىز، — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە، — ئەمدى ئۇلارنى چېتىپ

قوياي » .

ئاھ ، سوغدىيانا كۈيى !

⁂ ⁂

مەھمۇد كاشغەرىي جىددىي تۇتۇش قىلىپ ، ئىلتەمۇر بىلەن گۈلپەرىنىڭ تويىنى ئۆتكۈزدى . بۇ توي يىراق - يېقىندىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى . مېھمانلار مەرىكە ھازىرلانغان خانىغا كىرىپ ، مەھمۇد كاشغەرىيگە سالام بەردى .

— تويغا مۇبارەك ، ھەزرەتلىرى !

— ئىككى يېتىمنى قاتارغا قوشۇپ ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بىلەن باشلىرىنى قوشۇپ قويدىڭىز ، ئاللا سىزگە رەھمەت قىلغاي ، دۆلىتىڭىزنى زىيادە قىلغاي !

— چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلدىڭىز ، ھەزرىتى دىۋانبېگى .

مەھمۇد ئۇلار بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ ، ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلاتتى :

— مەرھەمەت ، ئەزىز مېھمانلار ، مەرھەمەت .

خانىش تۇركەن خاتۇننىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى تويىنىڭ تەنتەنىسىگە يېڭى تەنتەنە قوشتى .

— كېلىن قېنى ؟ گۈلپەرى سىڭلىمنى كۆرەي ، — دېدى تۇركەن خاتۇن خۇش تەبەسسۇم بىلەن .

ئۇ ئوردا مۇلازىملىرى ۋە كېنىزەكلىرىنى باشلاپ ، ئىلتەمۇر بىلەن گۈلپەرىگە ئاتىغان ئىككى هارۋا شاھانە سوۋغا - سالاملىرىنى ئەكەلگەنىدى .

تۇركەن خاتۇن گۈلپەرىگە مەرۋايىتلار بىلەن بېزىتىلگەن ئالتۇن تۈگمىلىك يىپەك كۆڭلەكنى بەردى .

— بۇنى ھازىرلا كىيىۋېلىڭ ، — دېدى ئۇ . ئاندىن ئۇ يەنە ئىككى تىزىق گۆھەرنى گۈلپەرىنىڭ بويىنىغا ئۆز قولى بىلەن ئېسىپ قويدى .

نەغمە ـ ناۋا راسا قىزىپ كەتتى ، كۆلكە ـ چاقچاقلار ئەۋجىگە چىقتى .

بىر توپ ياش زوق ـ شوق بىلەن توي قوشاقلىرىنى ئېيتىپ ، يىگىت بىلەن قىزنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويدى .

بۇ ھۇجرىنى مەھمۇد كاشغەريي شەخسەن ئۆزى باش قاتۇرۇپ بېزىگەنىدى . ئىشىككە ياشناپ تۇرغان چىمەنزار كەبى ياپيېشىل دۇردۇن پەردە ئېسىلدى . ئۈچ تامغا ئادەم بويى ئېگىزلىكتە زەر گۈللۈك قىزىل كىمخابتىن زەدىۋال تارتىلدى . پەردە ۋە ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامدا باھاردىكى گۈلزار كەبى رەڭدار گىلەملەر قۇچاق ئاچتى . تامدىكى گىلەم ئۈستىگە مەھمۇد ئۆز قولى بىلەن بىر يېڭى باربىتنى ئېسىپ قويدى .

— گۈلپەرى بۇ ئۆيدە سوغدىيانا كۈيىنى قانغۇچە چالسۇن ، — دېدى ئۇ .

## ئون ئالتىنچى باب

## قايدا سەن ، كاشغەر

مەھمۇدنىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى . ئېچىۋېتىلگەن روجەكتىن كۆپكۆك ئاسماندىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئەل ئۇيقۇغا كەتكەن ، ئەتراپ جىمجىت . پەقەت ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قەيەردىندۇ يىراق بىر يەرلەردە يېگانە ئىتلارنىڭ قاۋاپ قويۇشى قۇلاققا كىرىپ قالىدۇ .

مەھمۇد ئاق بوزدىن تىكىلگەن كۆڭلەك ـ تامبىلىنى سالماستىن ، گىلەمگە سېلىنغان تۆشەك ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئۇ يالغۇز قالسىلا ئىچى پۇشۇپ ، كۆڭلى پەرىشانلىققا تولىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ھە دېسىلا كاشغەرنىڭ ئانارلىق باغلىرى ، ساچىيە مەدرىسىنىڭ نەقىشلىق تاملىرى ، ئوپال ۋە ئازىقتىكى ئالىلىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىڭ ئۇنتۇلماس چىرايلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى .

«كاشغەردىكى تۇغقانلاردىن ھازىر كىملەر ھايات ، كىملەر يوق ؟ — دەپ ئويلىدى مەھمۇد ، — ئادەم چوڭ بولغانچە تۇغقانلارنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالىدىكەن . بۇ يەردە ھەزرىتى غەززالى بىلەن تۇغقانىدەك بولۇپ قالغانىدۇق ، ئۇمۇ ۋاپات بولۇپ كەتتى ، ئۇمۇ يوق بولدى » . غەززالى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەھمۇد تېخىمۇ غېرىبسىنىپ ، يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ قالغانىدى .

مەھمۇد يېتىپ باقتى ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇخلاشقا ئۇرۇنۇپ

باقتى . ياق ، ئۇخلىيالمىدى .

«ئاھ ، ئانا يۇرتۇم ! ئاھ ، قايدا سەن كاشغەر ؟» دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ھەسرەتلىك قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئازابلىق ، سېغىنىشلىق ، يالقۇنلۇق ئاۋازى بىلەن .

تۇندىكى جىمجىتلىقتا بىر يېڭى جاننىڭ ، بىر بوۋاقنىڭ «ئىڭە ، ئىڭە» قىلىپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى . ھايال بولماي بوۋاقنىڭ يىغىسى يەنە بېسىقتى .

«گۈلپەرى بالىسىنى ئېمىتىۋاتىدۇ» . مەھمۇد ئىختىيارسىز تۇردە ، ئۆزلۈكىدىن چۈشىنىشلىك بولغان بۇ ئىشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .

يەنە جىمجىتلىق . ھەتتا يېگانە ئىتنىڭ قاۋىشىمۇ جىمىقتى .

«ئىلتەمۇرمۇ ئاتا بولدى ، — دەپ يەنە ئويلىدى مەھمۇد ، — ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەندە كىچىككىنە ئۆسمۈر بالا ئىدى . مانا ئەمدى ئۆزىنىڭمۇ بالىسى بار بولدى .»

جىمجىت ، جىمجىت ، بارلىق تىرىك جان شېرىن ئۇيقۇغا چۆمگەن . پەقەت ئاشۇ يۇلتۇزلار ، روجەكتىن مارىشىپ جىمىرلاپ تۇرغان ئاشۇ سانسىزلىغان يورۇق يۇلتۇزلارلا تەنھالىقتا ئارامىنى يوقاتقان خىيالچان ئالىمغا سىرداش بولماقتا ئىدى .

«ئىلتەمۇر بىلەن گۈلپەرى بىر - بىرىگە شۇنچە ئامراق ، — بۇ كېچە مەھمۇدنىڭ خىياللىرى تۈگمەيدىغاندەك ئىدى ، — مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ئوغلى تۇغۇلغاندى ، تېخىمۇ بولۇپ بەردى . ئازراق بوش ۋاقتى چىقىپ قالسىلا ئۇچەيلەننىڭ بېشى بىر يەرگە كېلىپ قالىدۇ . بۇ ياش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەمدى مەن بىلەن پاراڭلىششقىمۇ چولىسى تەگمەيدىغان بولۇپ كەتتى . ئىنسان دېگەن شۇنداق بولىدۇ . ‹مەن كۆيەرمەن بالامغا ، بالام كۆيەر بالىسىغا› ، دەپ بىكارغا ئېيتىلمىغان - دە ، ھاياتنىڭ مەنتىقىسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ . ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئەنە شۇ ھايات مەنتىقىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان . ئالدىنقىلار كېيىنكىلەرگە كۆيۈنىدۇ . شۇنداق بولمىسا ئىنسانىيەتنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن

بولار ئىدى».

مەھمۇد تۆشەككە سوزۇلۇپ ياتتى. ئۇ يەنە ئۆز يۇرتىنى ئەسلەشكە باشلىدى: «ئېھ، شۇ تۇرقۇمدا تەڭرىتاغنىڭ قارلىق چوققىلىرىغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتەلىسەم! تەڭرىتاغ گويا ۋەتىنىمنىڭ پولات قالقىنى. تەڭرىتاغ گويا خەلقىمنىڭ ئەجدادلاردىن قالغان ئالتۇن بۆشۈكى. شۇ تەڭرىتاغنىڭ خانتەڭرى چوققىسىدا تۇرۇپ شىمال ۋە جەنۇبقا نەزەر تاشلىسام، ۋەتىنىمنىڭ دىدارىغا قېنىپ ـ قېنىپ قارىۋالسام!»

مەھمۇد كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە ئۇيقۇنىڭ گىرىمسەن تورلىرىغا چىرمىشىپ كېتىۋېتىپ، بىر ئۆزى ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا پىچىرلىدى: «كاشغەر ... سېنىڭ ئالتۇن تۇپراقلىرىڭنى كۆزلىرىمگە تۇتىيا قىلىپ سۈرتىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟»

※ ※

بىر كۈن ئۆتتى. ئەتىسى جۈمە ئىدى. دەم ئېلىش كۈنى بولغانلىقتىن، مەھمۇدمۇ، ئىلتەمۇرمۇ بىكار ئىدى. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىلتەمۇر نىزامىيە مەدرىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن شەخسەن تۈركەن خاتۇننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شۇ مەدرىسىگە مۇئەللىم بولۇپ ئورۇنلاشقانىدى.

مەھمۇد ئىلتەمۇر بىلەن گۈلپەرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان بۇ بىر جۈپ ياش ئەر ـ ئايالغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— ئولتۇرۇڭلار، قوزغالماڭلار، — دېدى ئۇ قول ئىشارىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارتۇقچە ئاۋارە بولۇپ كېتىشىنى توسۇپ.

— يۇقىرى ئۆتۈڭ، ئاتا، — دېدى ئىلتەمۇر ئۆينىڭ تۆر تەرىپىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

مەھمۇد يۈگەكتىكى بوۋاقنى كۆتۈرۈپ تۇرغان گۈلپەرىنىڭ

ئالدىغا كەلدى .

— ئەكىلە ، كىچىك يۈسۈپنى ماڭا بەرگىنە ، — دېدى ئۇ ۋە بوۋاقنى كۆتۈرۈپ ئەركىلەتتى .

بۇ ئۆينىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ كىچىك ئەزاسىغا مەھمۇد ئۆزى «يۈسۈپ» دەپ ئىسىم قويغانىدى . «يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك دانىشمەن بولسۇن» دېگەنىدى ئۇ .

كىچىك يۈسۈپ «ئىڭە»لەپ يىغلاپ كەتتى .

— قورسىقى ئاچتى ئۇنىڭ ، — دېدى گۈلپەرى ۋە بوۋاقنى مەھمۇدنىڭ قولىدىن ئېلىپ ، ئېمىتىش ئۈچۈن ياندىكى بۆلمىگە چىقىپ كەتتى .

— خاتىرىلىرىڭىزنى يەنە يېزىۋاتامسەن ؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد ئىلتەمۇردىن .

— يېزىۋاتىمەن ، ئاتا .

ئۇلار ئىككىيلەن ئىلتەمۇرنىڭ ئىشخانىسى قىلىنغان ئىچكەركى بۆلمىگە كىردى . بۆلمە ئىچى تەكچە - تەكچىلەرگە تىزىۋېتىلگەن كىتابلار بىلەن تولغانىدى . چەتكىرەك قويۇلغان كەڭرى شىرە ئۈستىدە قەغەز ، قەلەملەر تەييار تۇراتتى .

مەھمۇد شىرەنىڭ يېنىغا چازانى قۇرۇپ ئولتۇردى ۋە قارا سياھ بىلەن رەتلىك يېزىلغان قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇدى :

«غەربىي قىسىم قاراخانىلارنىڭ خاقانى ئەبۇ ناسىر شەمسۇلمۇلۇك ھىجرىيە 471 - يىلى[1] ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ ئىنىسى خىزىرخان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى . شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە : ئۇ دانا ۋە ئادىل خاقان بولغانىكەن ، ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مەۋلانىلەرنى قەدىرلەيدىكەن . ۋەھالەنكى ، پۇقرالارنى خۇش قىلغان بۇ خاقانىنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئىككى يىلغىمۇ يەتمىدى . ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوغلى ئەھمەد خاقان بولدى . ئەھمەد خان مەرھۇم

---

[1] مىلادىيە 1078 — 1079 - يىللىرى .

ئاتىسىغا ئوخشىمايدىغان ئادەم بولۇپ چىقتى. پۇقرالار ئۇنىڭدىن قېچىپ، باشقا يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەتتا يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارمۇ ئۇنىڭدىن بەك قورقىدىكەن. تۈنۈگۈن باغدائقا قېچىپ كەلگەن بىر تۈركۈم سەمەرقەنتلىكلەر بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلار ئەھمەد خاننى «مىجەزى ئوسال، زالىم يىگىت»، دەپ تەرىپلەشتى.

ئەھمەد خان تەختكە چىققاندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر بىلەن سالجۇقىيلارنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتتى. تېرمىز ئەتراپلىرىدا ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى بىرنەچچە قېتىم توقۇنۇشۇپ قالدى».

مەھمۇد قولىيازمىنى ئوقۇپ بولۇپ يەنە شىرەگە قويۇپ قويدى. ئىلتەمۇر مەھمۇدنىڭ بۇ خاتىرە ھەققىدە نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى. لېكىن، مەھمۇد گەپ قىلمىدى. قارىماققا، ئۇ قانداقتۇر باشقا بىر مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ماۋەرائۇننەھرنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىمنى قىسقىچە مۇشۇنداق يېزىپ قويدۇم، — دېدى ئىلتەمۇر.

— داۋاملىق يېزىۋەرگىن، — دېدى مەھمۇد، — خاتىرە بولۇپ قالىدۇ.

بۇ گەپنى ئۇ قانداقتۇر قۇرۇقلا، خۇشياقماي دېگۈدەكلا دەپ قويدى. ئىلتەمۇر سوئال نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا ئاستىرتىن قاراپ قويدى.

— بىر گېپىم بار، ئوبدان قۇلاق سالغىن، ئىلتەمۇر، — دېدى مەھمۇد ئويچان قىياپەت ۋە پەرىشانلىق تەلەپپۇزى بىلەن، — ئۆزۈڭ بىلىسەن، بالام، مەن ئەسلى كاشغەرلىك. يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكىنىمگە يىگىرمە يىلدىن ئاشتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھىجران ئوتى دائىما يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. تەقدىر مېنى غۇربەتچىلىك يولىغا سالغانىكەن. كاشغەردە ئاتام بىلەن بۇۋام قارشىلاشقان تەرەپنىڭ ئەۋلادلىرى

ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولغاچقا، مەن قايتىپ كېتەلمىدىم. لېكىن، يېشىم چوڭايغانسېرى ئاسان كۆڭلۈم بۇزۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ماڭا قارا، ئوغلۇم، مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قويدۇم. ئەمدى قايتىپ كېتىمەن، كاشغەرگە ··· كەتمىسەم بولمايدۇ، ئىلتەمۇر، چۈشىنىۋاتامسەن؟

— ھەئە، — دېدى ئىلتەمۇرمۇ مەھمۇدنىڭ روھىي ھالىتىگە ماسلاشقان ئاھاڭدا، — چۈشەندىم، ئاتا، ئەمدى چۈشەندىم.

— يۇرتۇمنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسەم كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەھمۇد، — كاشغەرگە بارغاندا ھەسەن بۇغراخان كاللامنى ئالسىمۇ مەيلى. كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراقتا ئاخىرقى ئۆمرۈمدە يەنە قان تۆكۈشكە رازىمەن.

ئىلتەمۇر ئويلىنىپ قالدى.

— ئۇنچىلىكمۇ بولۇپ كەتمەس، — دېدى ئۇ، — ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئادىللىق ۋە ئالىيجانابلىقتا نامى بار.

— سىلەرچۇ، ئىلتەمۇر؟ سىلەرمۇ مەن بىلەن كېتەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۈمىد ۋە ئىلتىجا مەنىسىنى ئىپادىلەپ چاقناپ كەتتى.

ئىلتەمۇر مەھمۇدنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى ئەمدى تولۇق ھېس قىلدى.

— سىز شۇنداق قارار قىلغان بولسىڭىز، — دېدى ئۇ، — بىزمۇ، ئەلۋەتتە، سىز بىلەن كېتىمىز. بۇنىڭدىن شەكلىنىشكە بولامدۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، دادا؟!

مەھمۇد بىلەن ئىلتەمۇر چۆچۈپ ئىشىك تەرەپكە قاراشتى. گۈلپەرى يۈگۈرۈپ كېلىپ مەھمۇدنىڭ يېنىغا ئولتۇردى ـ دە، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇتتى. ئۇ ئوغلى يۈسۈپنى ئۇخلىتىپ قويۇپ قايتىپ چىققاندا، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ مەھمۇد بىلەن ئىلتەمۇرنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ، دادا ؟ ! — دېدى ئۇ پەرزەنتلىك مېھىر - مۇھەببىتى سىڭگەن ئاھاڭدا ، — بىز سىز بىلەن كەتمەي قەيەرگە باراتتۇق ؟ بۇنداق دېگۈچە ، «كاشغەرگە كېتىمىز ، بالىلىرىم ، يۈرۈڭلار» دەپلا بىزنى باشلاپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ !

مەھمۇدنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى . ئۇ ئىلتەمۇر بىلەن گۈلپەرىنى ئىككى يېنىغا تارتىپ قۇچاقلىدى ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سىلىدى .

— ماقۇل ئەمىسە ، — دېدى ئۇ ، — سۇلتان بىلەن باش ۋەزىر ئىسپاھانغا كەتكىنىچە تېخى قايتىپ كەلمىدى . مەن تۈركەن خاتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ ، كاشغەرگە كېتىشىمىزگە رۇخسەت سوراي .

— بولمايدۇ ! — دېدى تۈركەن خاتۇن كەسكىن تەلەپپۇزدا ، — باغداتتىكى ئىشلىرىمىز سىزدەك ئادەملەرگە ئېھتىياجلىق . سىز كەتسىڭىز بولمايدۇ !

بۇ ئايال ھوقۇقدار دەسلەپتە مەھمۇد كاشغەرىينى ئىنتايىن خۇش مۇئامىلە بىلەن ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ قارشى ئالغانىدى . ئەمما ، ئاتاقلىق تىلشۇناسنىڭ كاشغەرگە كېتىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىراقلا چىرايى ئۆڭدى ۋە يۇقىرىقىدەك كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن ئىنكاس قايتۇردى . ئۇنىڭ ھىلال ئاي شەكلىدىكى ئىنچىكە قاشلىرى ھىمىرىلدى ، بۇلاقتەك ئوقچۇپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىدە ئېگىلمەس ئىچكى ئىرادە ئەكس ئەتتى .

مەھمۇد ئەلەم بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى . ئۇ تۈركەن خاتۇننىڭ خۇلق - مىجەزىنى خېلى ئوبدان چۈشىنەتتى . «ئۇ ئاغزىدىن چىققان گېپىدىن يانمايدۇ ، قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قالمايدۇ» دەپ ئويلىدى مەھمۇد ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا .

— ھازىرقى خىزمەت ئورنىڭىزدىن رازى ئەمەسمۇ يا سىز ؟ ياكى يەنە باشقىچە پىكىر - تەلەپلىرىڭىز بارمۇ ؟ — دەپ سوئال

قويدى تۇركەن خاتۇن مەھمۇدقا مىختەك قادىلىپ .

— يوقسۇ ، ئۇنداق ئەمەس ، — دېدى مەھمۇد ، — جەلالىيە تۇركەن خاتۇن ئالىيلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى ، پېقىر مەنسەپ دەۋاسىنى قىلىپ ۋە ياكى باشقىچە مەنپەئەتلەرنى كۆزلەپ كەلمىدىم ...

— ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىز ، — تۇركەن خاتۇن ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماستىن ، ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋەردى ، — بىرنەچچە يىلدىن بېرى مەن سەمەرقەنت ، بۇخارا ، ئۆزكەنت ، كاشغەر ، بالاساغۇن ، خوتەن ، كۇچا قاتارلىق شەھەرلەردىن نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى يۆتكەپ چىقىپ ، ئوردا ئىشلىرىغا ۋە باغداتتىكى تۈرلۈك مەھكىمىلەرگە ئورۇنلاشتۇردۇم . سىزنىمۇ قانداق يەرنى خالىسىڭىز شۇنداق يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش قولۇمدىن كېلىدۇ .

— يوقسۇ ، تۇركەن خاتۇن ئالىيلىرى ، مەن مەقسىتىمنى توغرا چۈشەندۈرەلمىگەن ئوخشايمەن ...

ئۆز سۆزلۈك خانىش تىلشۇناس بولۇپ تونۇلۇپ ، دىۋانىبېگى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بۇ ئالىمنىڭ گېپىنى بۇ قېتىممۇ ئاخىرىغىچە ئاڭلاشنى خالىمىدى .

— بولدى ! خىزمىتىڭىزنى يۆتكەيمەن ، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ، — ئەتىدىن باشلاپ ئوردىدا خىزمەت قىلىسىز .

مەھمۇد دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ كېتىدىغاندەك ھەرىكەت قىلىپ قوزغالدى .

— ئالىيلىرى ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، — پېقىرنىڭمۇ ئارزۇسىنى ئاڭلاپ باقسىلا . يۇرتۇمنى سېغىندىم ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى يۇرتۇمدا ئۆتكۈزەي دەۋاتىمەن . پېقىرنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنسىلە ! ئۇنداق قىلماي ئىجازەت بەرسىلە ، رەھىم قىلسىلا !

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز ، ھۆرمەتلىك مەۋلانە ؟ — تۇركەن خاتۇن شۇنداق بىر خىل ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىدىكى ، ئۇنى

مەھمۇدقا ھېسداشلىق قىلىۋاتىدۇ دەپمۇ ۋە ئۇنىڭغا تاپا - تەنە قىلىۋاتىدۇ دەپمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى ، — مەن سىزگە پايدىلىق گەپ قىلىۋاتىمەنغۇ ، مەۋلانە . ئوردىدا مەسلىھەتچــــى بولۇڭ . سۇلتان مەلىكشاھمۇ سىزنى بۇرۇنلا مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلماقچىدى . لېكىن ، دىۋانبېگى بولۇشقا نامزات بولمىغانلىقتىن بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغانىدى . ھازىر نامزات بار بولدى . يېقىندا شاش[1] شەھىرىدىن شائىر ئەبۇبەكىر قەففال شاشىنى چاقىرتىپ ئەكەلدىم . ئەمدى شۇ زات دىۋانبېگى بولسۇن ، سىز ئوردىدا بولىسىز .

مەھمۇد بۇ خانىشنىڭ سۆزمەن ۋە تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . ھالبۇكى ، بۇنچىلىك كەسكىنلىك بىلەن ئىش بېجىرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى . ئۇ ئەمدى بۇ قۇدرەتلىك ئايال ھۆكۈمدارنىڭ قولىدىن چىقىپ تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگە كېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى .

— ئېھ ، يۇرتۇمنىڭ ئاسمىنىنى بىر كۆرۈۋالسام ئارمىنىم يوق ئىدى ! — دەپ ھەسرەتلىك خىتاب قىلدى ئۇ .

تۈركەن خاتۇن ئىنچىكە قارا قاشلىرىنى سوزۇپ ، رەنجىگەنلىكىنى ئىپادىلىدى .

— ئەجەبا ، ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەري ، — دېدى ئۇ تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ ، — سىز گۈلشەن باغنى قوم - شېغىللىق چۆلگە تېگىشمەكچىمۇ - ھە ؟ «ھەسەلنى تولا يېسە ئەمەن تېتىيدۇ» دېگەن گەپ راستمۇ نېمە ؟ بۈيۈك سالجۇقىيلار سۇلتانلىقىنىڭ ئوردىسىدىكى ئورنىڭىزدىن ۋاز كېچىپ كاشغەرگە بارسىڭىز ، قانچىلىك ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆرۈپ كېتەرسىز ؟ كاشغەردىكى خاقان سىزگە قانچىلىك شەپقەت كۆرسىتىپ كېتەر ؟

— ئالىيلىرى ، پېقىرنى يەنە توغرا چۈشەنمىدىلە ، — دېدى مەھمۇد ، — مەن كاشغەردىكى خان سارىيىدا ھوقۇق تۇتۇشنى

---

[1] شاش — ھازىرقى تاشكەنتنىڭ ئورنىدا بولغان قەدىمكى شەھەر .

ئويلىغىنىم يوق .

— بولدى ، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، — دېدى تۇركەن خاتۇن ۋە سۆھبەتنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ، — ئەتە دىۋاندىكى ئىشلىرىڭىزنى ئەبۇ بەكىر قەففال شاشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، ئوردىغا كەلگەيسىز .

مەھمۇد كاشغەرىيگە باش ئېگىپ تەزىم قىلىشتىن باشقا ئامال قالمىدى .

※ ※

شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئاتاقلىق ئالىم يۇرتىغا قايتالمىدى . ئۇ ئەمدى دۇنيا مىقياسىدا بارغانسېرى يۈكسىلىپ قەد كۆتۈرۈۋاتقان بۈيۈك سالجۇقىيلارنىڭ باغداتتىكى ئوردىسىدا مەسلىھەتچىلىك ئەملى بىلەن باغلىنىپ قالدى .

ئارىدىن بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە ، سۇلتان مەلىكشاھ بىلەن باش ۋەزىر نىزامۇلمۇلۇك ئىسپاھاندىن باغداتقا قايتىپ كەلدى .

مەلىكشاھ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوردىغا ئورۇنلاشقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدى .

— بەك ياخشى بوپتۇ مەۋلانە ، — دېدى ئۇ سالامغا كىرگەن مەھمۇدنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ، — تازا مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بوپتۇ . بىلىملىك دانىشمەنلەر ئوردىمىزدا قانچە كۆپ بولسا ، شۇنچە ياخشى .

مەھمۇد ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئالدى .

— ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ تەشەككۈر ، سۇلتانۇل ئەزەم .

باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇكمۇ مەھمۇدقا خۇش چىراي باقتى .

— مول بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئوردا ئىشلىرىمىزنىڭ داۋاملىق روناق تېپىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن ، — دېدى ئۇ .

بىرىنچى قېتىملىق كۆرۈشۈش شۇ گەپ بىلەن ئاياغلاشتى. يەنە بىرەر ئايچە ئۆتكەندە ئەھمۇد مەلىكشاھ بىلەن ئايرىم كۆرۈشتى.

— ئىلتىماسىم شۇكى، سۇلتانۇل ئەزەم، — دېدى ئەھمۇد، — يۇرتۇم كاشغەرگە كېتىشىمگە ئىجازەت قىلسىلا، بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولاتتى.

— بولماسمىكىن، مەۋلانە، — دېدى سۇلتان، — ھازىر كارۋان يوللىرىدا قاتناش توختاپ كەتتى. سەمەرقەنت خاقانى ئەھمەد خان بىلەن بىزنىڭ ئارىمىز بۇزۇلدى. ماۋەرائۇننەھرگە بارىدىغان يوللار تىنچ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كاشغەر ۋە بالاساغۇندىكى ھۆكۈمدارلارمۇ ئەھمەد خانغا يان بېسىۋاتىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئۆزۈڭ سەپەرگە چىقسىڭىز خەتەرلىك بولىدۇ، مەۋلانە.

شۇنداق قىلىپ، مەلىكشاھمۇ ئۇنىڭ كاشغەرگە قايتىشىغا يول قويمىدى.

ھالبۇكى، سۇلتاننىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس ئىدى. يېقىندىن بۇيان سالجۇقىيلار بىلەن قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يىرىكلىشىپ قېلىۋاتاتتى.

سۇلتان مەلىكشاھ ماۋەرائۇننەھرگە زور قوشۇن تارتىپ يۈرۈش قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن، باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك ئۇنى توسۇپ قالدى.

— بىز ئىختىلاپنى ئىلاجى بار ئۇ دەرىجىگە يەتكۈزمەيلى، — دېدى ئۇ، — ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ، سۇلھى ئارقىلىق چىرايلىقچە كېلىشىپ قالغىنىمىز تۈزۈك.

ۋەھالەنكى، كېيىنكى ۋەقەلەر تەرەققىياتى باش ۋەزىرنىڭ تىنچلىقنى ساقلاش ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلاشماي قېلىۋاتاتتى. ماۋەرائۇننەھردىن باغداتقا پاناھ تىلەپ قېچىپ كېلىۋاتقانلار بارغانچە كۆپەيگىلى تۇردى. ئەھمەد خانغا قارشى مەسلەكتىكى يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار مەلىكشاھقا مەخپىي ۋەكىل ئەۋەتىپ، سالجۇقىيلارنىڭ قوشۇن چىقىرىپ، ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشىنى

مۇراجىئەت قىلدى.

ئاخىرى، باش ۋەزىرمۇ ماۋەرائۇننەھرگە قوشۇن تارتىش پىكرىگە قوشۇلدى. سالجۇق سەركەردىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكىرىي قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئات - ئۇلاغ، قورال - ئەسلىھە ۋە يېمەك - ئىچمەكلىرىنى تولۇقلاپ، چوڭ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي مەلىكشاھنىڭ ئوردىسىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلاردىن بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا تەتقىقات ئىشلىرىنى تاشلىۋەتمىدى. ئۇنىڭ «كىتابى جاۋاھىرۇننەھۋى فىللۇغاتىت تۈرك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق كىتابلىرىدىن باشقا يەنە بىرنەچچە ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى يورۇقلۇققا چىقتى. ئۇ يەنە ئوردىدىكى مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىدىن سىرت، ئەرەب ۋە پارس ئەمەلدارلارغا تۈركىي تىلدىن دەرس ئۆتۈپ، بىر تۈركۈم قوش تىللىق ھەم ئۈچ تىللىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

بۇ جەرياندا ئىلتەمۇرمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇدەررىس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەمدى يەنە ئەرەبچە «ئەكبەر» دېگەن ئىسىم قويۇلدى. ئۇ زامانلاردا يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ۋە قەلەمكەشلەر تۈركچە ئىسمى بىلەن بىرلىكتە يەنە بىر ئەرەبچە ئىسىمنى قوشۇپ قوللىناتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىلتەمۇر رەسمىي سورۇنلاردا «ئىمام ئەكبەر» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

گۈلپەرى مەھمۇدقا كۆيۈمچان پەرزەنت، ئىلتەمۇر ئىمام ئەكبەرگە ۋاپادار ئايال، ئوغلى يۈسۈپكە مېھرىبان ئانا بولدى.

ئارزۇلۇق يۈسۈپمۇ بىر چىرايلىق چوڭ بولۇپ، تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينىغۇدەك بولۇپ قالدى، ئېلىپبەدىن ساۋات چىقىرىشقا باشلىدى.

شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە سالجۇقىيلارنىڭ بۈيۈك سۇلتانى جالالىددىن مەلىكشاھ بىر «باش ئاغرىقى»غا مۇپتىلا بولدى. ئۇنىڭ خانىشى جەلالىيە تۈركەن خاتۇن بىلەن باش ۋەزىر نىزامىلمۈلۈك

ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈندىن بۇيان يوشۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىختىلاپ ۋە زىددىيەتلەر بارغانچە كەسكىنلىشىپ، ئاخىرى ئاشكارا قارىمۇ قارشىلىققا ئايلاندى. بۇ خىل يۈزلىنىش ھەقىقەتەنمۇ مەلىكشاھنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، كۆڭلىنىڭ ئارامىنى قويمىدى.

ھەرقانداق مۇشكۇل ئەھۋاللاردىمۇ ئۆزىنى تەمكىن ۋە سالاپەتلىك تۇتىدىغان ئاق ساقاللىق باش ۋەزىر ئەمدى بەكلا چېچىلىپ، نارازىلىقىنى ئاشكارا ئىپادىلىدى. ئۇ مەلىكشاھ بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ شۇنداق دېدى:

— شەۋكەتلىك سۇلتانۇل ئەزەم، سىز بىزنىڭ غوجىمىز ۋە ئىگىمىز. سىزگە ساداقەتلىك بىلەن بەيئەت قىلماق، بىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىز، سىزنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىڭىز بىز ئۈچۈن ۋاجىپ. پېقىر ئۆمۈر بويى ئوقۇغان دۇئا ـ تەكبىرىمنى سۇلتانىنىڭ بىر ئادالەتلىك قارارى ئۈچۈن بەخش ئېتىشكە ھەر دائىم تەييار.

— بۇنچىلىك تەكەللۇپلار نە ھاجەت، ھۆرمەتلىك باش ۋەزىر، قانداق گەپ بولسىمۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلىگەيسىز، — دېدى مەلىكشاھ.

ئۇ باش ۋەزىرنىڭ شۇنچە تەكەللۇپ بىلەن سۆز باشلاپ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دەرھال سەزگەنىدى. شۇڭا، كۆڭلى غەش بولۇپ، ئاۋازى مىسكىن ئاڭلاندى. دېگەندەك، نىزامىلمۇلۈك باش ئاغرىتىدىغان گەپنى سۇلتانىنىڭ يۈزىگە سالدى:

— سۇلتانۇل ئەزەم، پېقىر رەھمەتلىك ئاتىڭىز ئالپ ئارسلان دەۋرىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بۈيۈك سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدا باش ۋەزىر بولۇپ كېلىۋاتىمەن. ۋەھالەنكى، ھېچقاچان ھازىرقىدەك تەڭقىسلىقتا قالغان ئەمەسمەن. سۆزۈم شۇكى، شەۋكەتلىك خانىش جەلالىيە تۈركەن خاتۇن ئالىيلىرى پېقىرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىدىن رازى بولمىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ مېنىڭ خىزمەت ئىشلىشىمگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. شۇنى ئېيتىشقا ھەقلىقتۇرمەنكى، سىياسىي ـ مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇش باش ۋەزىرنىڭ مەجبۇرىيىتى. لېكىن، تۈركەن خاتۇن ئالىيلىرى بەزى

ئىشلاردا پىقىرنى چەتكە قايرىپ قويۇۋاتىدۇ؛ پىقىرنىڭ مەسلىھەت ۋە تەشەببۇسلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ؛ باغداتتىكى ھەرقايسى دىۋان، مەھكىمە، كۈتۈپخانا، مەدرىسە قاتارلىق ئورۇنلارغا نۇرغۇن ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇردى، بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى ئۇياق - بۇياقلارغا ئالماشتۇردى. بۇ قېتىم بىز ئىسپاھانغا بېرىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا، بىرنەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىپتۇ؛ بەزىلىرىنى ھەتتا جازالاپتۇ. ئەكسىچە، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەرتىۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپتۇ.

مەلىكشاھ بىر ئەسناغىچە گەپ قىلماستىن ئولتۇرۇپ كەتتى. باش ۋەزىرنىڭ ئېيتقانلىرى راست ئىدى. تۈركەن خاتۇن باغداتقا كەلگەن بىرنەچچە يىلدىن بېرى غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىيلارغا قاراشلىق يۇرتلاردىن زور بىر تۈركۈم ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى يۆتكەپ چىقىپ، ھەقىقەتەن، باش ۋەزىر ئېيتقاندەك، ھەرقايسى ساھەلەردىكى خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

نىزامىلمۇلۈكنىڭ سىلىق تارالغان ئۇزۇن ئاق ساقىلى يوشۇرغىلى بولمايدىغان غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

— ھازىر ئەھۋال شۇنىڭغا يەتتىكى، — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز توردە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ئوردا ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلارغا سۆزۈم ئۆتمەس بولۇپ قالدى. ئۇلار ھەرقانداق بىر ئىشتا «تۈركەن خاتۇن نېمە دەيدىكىن» دەپ يۈرەكلىك ھەرىكەت قىلالمايدىغان ھالغا يەتتى.

— بەس، ۋەزىرئەزەم! — دەپ خىتاب قىلدى سۇلتان.

ئۇنىڭ دىلىغۇللۇقى ئەمدى خۇددى چۆل بورىنىدەك تەدرىجىي كۈچىيىپ كىلىۋاتقان غەزەپكە ئۆزگەردى. ئۇ، نۆۋەتتە باش ۋەزىرگىمۇ، تۈركەن خاتۇنغىمۇ خاپا ئىدى. «بىر - بىرى بىلەن ئۆچەكىشىپ، قېرىشىپ نېمە قىلىدۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — شۇ قەدەر ئۆكتە قوپقۇدەك نېمە ئىش بار؟ ۋەزىر دېگەن ۋەزىردەك بولۇشى، خاتۇن دېگەن خاتۇندەك بولۇشى كېرەك! ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مېنى نەزەرگە ئالمىغاندەك بىئەدەپلىك قىلغىلى تۇردىغۇ

ئەمدى !»

شۇ خىلدىكى رەنجىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەلىكشاھ باش ۋەزىرگە دوق قىلماقچى، تەنبىھ بەرمەكچى بولدى. ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك سۇلتان ئىكەنلىكىنى، ۋەزىرنىڭ ئۇنىڭغا بۇنداق يېنىكلىك بىلەن گەپ قىلىشقا ھەقلىق ئەمەسلىكىنى، خانىش بىلەن بۇنداق قارشىلىششقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى كەلدى. ھالبۇكى، ئۇ يەنە ئۆزىگە ھاي بەردى. قارا ساقاللىق سۇلتان بۇ ئاق ساقاللىق پېشقەدەم باش ۋەزىرنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدەك كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى. پارسلار تائىپىسىدىن چىققان بۇ دانىشمەن يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى سالجۇقىيلار سۇلالىسىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ كەلدى. خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، ئېغىر مۈشكۈللۈكلەرنى ئاسان قىلىشقا ۋە ئۇمۇمەن ئالپ ئارسلان بىلەن مەلىكشاھنىڭ داڭق ـ شۆھرىتىنى چىقىرىشتا بۇ باش ۋەزىر كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراستىنى نامايان قىلدى. شۇلارنى ئويلىغاندا، مەلىكشاھنىڭ بەجايىكى دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆرلەپ كەلگەن غەزىپى قايتا بېسىلىپ قالدى. ئاندىن ئۇ ئۆز ئىچىدە تۈركەن خاتۇننى ئەيىبلىدى. «ئۇمۇزە، بەك ئۆز سۆزلۈك ئايال بولۇپ چىقتى، — دەپ ئويلىدى سۇلتان، — باشقا خانىشلار ئىسپاھاندا تۇرسا، ئۇ ئۆزى يالغۇز باغداتتا قالىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. كۇنداشلىرىم بىلەن بىر يەردە تۇرمايمەن دەيدۇ. ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ماقۇل دېسەم، ئەمدى باش ۋەزىر بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغىلى تۇردى. خوتۇن كىشى بولغاندىن كېيىن ئارتۇق ئىشلارغا چېپىلىۋالماي ئۆيدە جىم ئولتۇرسا بولمامدۇ».

مەلىكشاھ ئويلاپ شۇ يەرگە يەتكەندە، جەلالىيەنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان پەرىزاتلارغا خاس رۇخسارىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. يەنە كېلىپ، بۇ گۈزەل خانىشنىڭ شۇ قەدەر خۇلقى «يامان» ئىدىكى، سۇلتاننى پۈتۈنلەي ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. ئىسپاھاندا ماكانلاشقان ئۈچ خانىشنىڭ ھېچقايسىسى باغداتتىكى بۇ

تۈركەن خاتۇندەك بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك ئەمەس ئىدى.
مەلىكشاھ ئاچچىقىدىن يېنىپ پەسكويىغا چۈشتى.
«نىزامىلمۇلۇك نېمە ئۈچۈن جەلالىيەنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىششىنى خالىمايدۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — جەلالىيە ئايال كىشى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ھالبۇكى، جەلالىيە ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىشلارغا قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە كۆرسەتتىغۇ. بىرمۇنچە پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بەردى، بىز باغداتتىن كەتكەن چاغلىرىمىزدا خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق باشقۇرۇپ تۇردى، ئۆزىنىڭ تاپقۇرلۇقى ۋە چوڭقۇر، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈشى بىلەن كۆپلىگەن ئالىم ۋە ئەمەلدارلارنى قايىل قىلدى».
باش ۋەزىر يەنە سۆزلەپ، سۇلتاننىڭ يۇقىرىقىدەك خىياللىرىنى بۆلدى:
— سۇلتانىئول ئەزەمگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوردىغا كىرگەنلىكىگە قوشۇلىمەن، بۇ جەھەتتە باشقىچە پىكرىم يوق. لېكىن، شائىرئەبۇ بەكرى قەففال شاشىنىڭ دىۋانبېگى بولغانلىقىغا قوشۇلالمايمەن. توغرا، ئۇ كىشى ئوبدان تەربىيە كۆرگەن پەزىلەتلىك مەۋلانە. ئۇ ئاتاقلىق ئەدىب بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ سىياسەتچى بولالمايدۇ.
مەلىكشاھ ماقۇللىغان تەرزدە بېشىنى لىڭشىتتى.
— راست، بۇ گېپىڭىزگە قوشۇلىمەن، — دېدى ئۇ، — ھازىر دىۋاندىكى خىزمەتلەر ئوبدان يۈرۈشمەي قېلىۋاتىدۇ.
باش ۋەزىر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— ھېكىم مەۋسۇلى تىلغا ئالغۇدەك گۇناھى بولمىغان ھالدا ئوردىدىن چىقىرىۋېتىلىپتۇ. لېكىن، مەۋسۇلى پېقىرنىڭ يېقىن ياردەمچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، سۇلتانلىقىمىز ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان سادىق ئەمەلدار ئىدى.
سۇلتان يەنە بېشىنى لىڭشىتتى.
— شۇنداق. ئۇنى بىلىمەن، ئۇ يارامىلىق ئادەم، — دېدى ئۇ ۋە ئارقىغا ئۆلاپلا بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن قارار چىقاردى، — ئەبۇ

بەكىر قەففال شاشى ئۇردا شائىرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالسۇن .
ھېكىم مەۋسۇلى دىۋانبېگى قىلىپ تەيىنلەنسۇن !
باش ۋەزىر رازى بولغان قىياپەتتە تەزىم قىلدى .
— باش ئۈستىگە ، سۇلتانۇل ئەزەم .

— توغرا ئەمەس ! — دېدى تۇركەن خاتۇن ئۆز ھۇجرىسىدا مەلىكشاھ بىلەن دەرقەمتە بولغاندىن كېيىن ، — نىزامىلمۇلۇك ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلەۋەرمىسۇن ! مەن گۇناھ قىلمىدىم ، خاتا قىلمىدىم . ئۇلۇغ سۇلتانىمغا يۈز كېلەلمەيدىغان يېرىم يوق . بۇ نىزامىلمۇلۇك مەن بىلەن نېمانچە قېرىشىدىغاندۇ ؟ مەن ئايال كىشى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا ، ئۇ مېنىڭ سۆز - ھەرىكىتىمنى چەكلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ . ئۇنداق قىلىشى توغرا ئەمەس ! مەن ئۇنىڭغا باش ئەگمەيمەن ! ئۇ بىلىپ قويسۇن ، ئۇ ۋەزىر بولسا ، مەن خانىش !

مەلىكشاھ ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن ياغدۇرۇۋاتقان سۆزلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن تىڭشاپ ئولتۇردى .
تۇركەن خاتۇن بىر پەس تىنچىۋالغاندىن كېيىن سۇلتاننى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ يەنە سۆزلىدى :
— تۇركىي قەبىلىلەردە بىر ئورتاق ئەنئەنە باركى ، خوتۇن ئۆي ئىچىدە ئەرنىڭ ياردەمچىسى بولۇش بىلەنلا قالماي ، بەلكى ئۇرۇشلاردىمۇ ئېرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ جەڭ قىلغان . شۇنداق ئەمەسمۇ ، ئۇلۇغ سۇلتانىم ؟
— شۇنداق ، — دېدى مەلىكشاھ ۋە ئۇنىڭ گەپلىرىگە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى .
تۇركەن خاتۇن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— خەلقىمىزدە : «ياخشى خوتۇن ئۆينىڭ تۈۋرۈكى» دېگەن گەپ بار . بىر قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىردا : «ئەيىبسىز خوتۇنغا ئەركەكلەر باش ئېگىشى كېرەك» دېيىلگەن ، راستمۇ ، ئۇلۇغ سۇلتانىم ؟

— راست .

— مەنمۇ ئەنە شۇنداق ئېرىمنىڭ ياردەمچىسى ، ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولۇشنى خالايمەن . ئەركەكلەرمۇ ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىدىغان ئەيىبسىز خوتۇن بولۇشنى خالايمەن .

— دۇرۇس ، — دېدى سۇلتان ، — بۇ گەپلىرىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق ، مەنمۇ سېنى تاۋار - دۇردۇن ، زىبۇزىننەتلەرگە كۆمۈلۈپ ، تۆت تامنىڭ ئىچىدە سولىنىپ ، دۇنيادىن بىخەۋەر كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئادەتتىكى ئاياللارغا ئوخشاتمايمەن . ئەقىللىق ، جىگەرلىك ئايالسەن . شۇنداقتىمۇ ، ساڭا ئېيتىپ قوياي ، نىزامىلمۈلۈكنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالما . بۇ پېشقەدەم باش ۋەزىرنى رەھمەتلىك ئاتاممۇ ھۆرمەتلەيتتى ، مەنمۇ ھۆرمەتلەيمەن . ئۇنىڭ بىلەن ئىركەشمە . ھەرقانداق گېپىڭ بولسا ماڭا ئېيت .

تۇركەن خاتۇن قويۇق ۋە ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى پەسكە قارىتىپ بېشىنى ئەگدى .

— ماقۇل ، ئۇلۇغ سۇلتانىم .

※ ※

جەڭ دۇمباقلىرى چېلىندى ، تۇغ - ئەلەملەر ئېگىز كۆتۈرۈلدى . تومەنلىگەن ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى چۆللەردە دۈپۈرلىدى . سالجۇقىيلارنىڭ زور قوشۇنى يەنە بىر قېتىم ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى .

مىلادىيە 1089 - يىلى ئىدى . مەلىكشاھنىڭ قوشۇنى توختىماي ئىلگىرىلەپ بۇخارانى ئىشغال قىلدى ، ئاندىن سەمەرقەنتنى مۇھاسىرىگە ئالدى . ئۇزاققا سوزۇلغان تىركىشىش جېڭىدىن كېيىن سالجۇقىيلار بۇ شەھەرگىمۇ باستۇرۇپ كىردى . چېرىكلەر مۆكۈنۈۋالغان ئەھمەد خاننى ئىزدەپ تېپىپ ، بويىنىغا ئارغامچا سالغان ھالدا تۇتۇپ كېلىشتى . مەلىكشاھ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن بۇ خاقانىنى خۇش مۇئامىلە

بىلەن ئادەمگەرچىلىك قىلىپ كۆتۈۋالدى، لېكىن، ئۇنىڭ تاجدارلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە مەخسۇس قاراۋۇللارنى قوشۇپ ئىسپاھانغا كەتكۈزۈۋەتتى.

شۇ ئىشلاردىن كېيىن سۇلتان مەلىكشاھ ئىتىنىڭ بېشىنى شەرق تەرەپكە بۇرىدى ۋە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئاستانىسى كاشغەرنى كۆزلەپ يەنە يۈرۈشكە ئاتلاندى. شەرقىي قاراخانىيلار خاقانى ھەسەن بۇغراخان سالجۇقىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى راۋا كۆرمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تىنچلىق مەقسەتلىرى بىلەن ئۆزكەنت شەھىرىگە كەلدى ۋە شۇ يەردە سۇلتان مەلىكشاھنى كۈتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي سالجۇقىيلارمۇ يېتىپ كەلدى. ھەسەن بۇغراخان ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. قاراخانىيلار خاقانى بىلەن سالجۇقىيلار سۇلتانى دوستانە كەيپىيات ئىچىدە سۆھبەتلەشتى. ھەسەن بۇغراخان ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەلىكشاھنى ئۇلۇغ رەھبەر دەپ ئېتىراپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ نامىدا پۇل چىقىرىشقا، ئۇنىڭ نامىنى خۇتبىدە ئوقۇشقا ۋەدە بەردى. سۇلتان مەلىكشاھ بۇ كاشغەرلىك خاقانىنىڭ ئۆزىنى شۇ قەدەر ھۆرمەتلىگەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، ئىنتايىن مەمنۇن بولدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزكەنتتىن قايتىپ كەتتى.

بۇ خەۋەر باغداتقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەجبۇرەن بېسىلىپ قالغان ھېس - تۇيغۇلىرى قايتىدىن ئويغاندى.

«ئەمدى كارۋان يوللىرىمۇ ئېچىلدى، — دېدى ئۇ ئۆزى ئۆزىگە، — مەلىكشاھقا باش ئۇراي، تۈركەن خاتۇنغا يېلىناي. ئۇلار مېنى قويۇپ بەرسۇن. مەن ئەمدى بولسىمۇ يۇرتۇمغا كېتەۋالاي. ئاھ، قايدا سەن كاشغەر!»

## ئون يەتتىنچى باب

# تۈركەن خاتۇن قەھرلىك ۋە قۇدرەتلىك

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنى شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە بەجايىكى ئالتۇن قەپەسكە سولانغان تورغايدەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ كاشغەرگە قايتىپ كېتىش ئۈمىدى بۇ قېتىممۇ يوققا چىقتى.

— بولمايدۇ! — دەپ خىتاب قىلدى تۈركەن خاتۇن مەھمۇدنىڭ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا ئېيتقان ئىلتىماسىغا جاۋابەن، — بىز تېخى كاشغەردىن يەنىمۇ كۆپرەك مەۋلانىلەرنى كۆچۈرۈپ چىقايلى دەۋاتىمىز. سىزگە زادى نېمە كەم؟ نېمە لازىم؟ تەلەپلىرىڭىز بولسا ئوچۇق سۆزلىگەيسىز. بولمىسا، بۇنداق خىياللارغا بېرىلمەي، خاتىرجەم ئىشلىگەيسىز، ھۆرمەتلىك مەۋلانە.

مەھمۇد ئەمدى تۈركەن خاتۇنغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى چۈشەندى ۋە يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە گېلىدىن غىزا ئۆتمەي، كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمەي، غەمكىن، جىمغۇر بولۇپ يۈردى، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، ياۋاشلاپ كەتتى.

ۋەھالەنكى، تۈركەن خاتۇن تەبىئىتى جەھەتتىن مەھمۇدقا ئوخشىمايتتى. ئۇ ھەرقانداق شارائىتتا جىم يۈرۈشنى خالىمايتتى. ئۇ ھاياتنى بەيگىدەك بىلىپ، كۈچلۈكلەر بىلەن بەسلىشىدىغان، ھېرىش - چارچاشنى بىلمەيدىغان پائالىيەتچان

ئايال ئىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ كۆرەشچان روھى باشقىچە ئىدى ، مەھمۇدنىڭ كۆرەشچان روھىغا ئوخشاشمايتتى . مەھمۇد ئىلىم يولىدا هارماي ـ تالماي ئىزدىنەتتى ، بۇ يولدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن كۆرەش قىلاتتى . تۇركەن خاتۇن بولسا ، هۆكۈمرانلىق قىلىش سەنئىتىنى تەتقىق قىلاتتى ، هوقۇق پەلەمپىيىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى باسقۇچىنى تالىشىش ۋە تارتقۇزۇۋېلىش قويماسلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلاتتى . بۇ كۆرەشتە ئۇ باش ۋەزىر ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى تۇسى نىزامىلمۇلكنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق رەقىبى دەپ هېسابلايتتى ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيتتى .

نىزامىلمۇلكمۇ تۇركەن خاتۇندىن ئىبارەت بۇ گۈزەل خانىشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن يوشۇرۇن تەهدىت بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىشقا باشلىدى .

— بۇ ئايال بەئەينى چىشى يىلپىزغا ئوخشايدۇ . ئۇ شۇنچە ئەپچىل ، ئەۋرىشىم ، چاققان ھەم خەتەرلىك ، — دېدى بۇ تەجرىبىلىك پىشقەدەم باش ۋەزىر ئۆزىنىڭ سىرداش دوستى ھېكىم مەۋسۇلىغا .

— ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەيلى ، — دېدى مەۋسۇلى ، — ئۇ سۇلتاننىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك خانىشى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدرەتلىك .

نىزامىلمۇلۇك ئۇزۇن ئاق ساقىلىنى يۇلۇۋېتىدىغاندەك مەھكەم تۇتاملىدى .

— ھەي ... يامان خوتۇن ئىكەن ، بەك يامان خوتۇن ئىكەن ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ، — سۇلتانغا ئەركىلەپ ياخشىچاق بولۇۋېلىپ ، باشقىلارغا ھەيۋە قىلىپ ، سەمەرقەنتلىك ، كاشغەرلىك قەبىلىداشلىرىنى يېنىغا تارتىپ ، ئوردىدىكى ھەممە ئىشنى دېگۈدەك قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ بولدى .

— شۇنداق ، — دېدى ۋىجىككىنە كەلگەن ھېكىم مەۋسۇلى شالاڭ ئۆسكەن چار ساقىلىنى سىلاشتۇرۇپ ، — ئۇ خۇددى تۈلكىدەك ھىيلىگەر ، يىلپىزدەك قەھرلىك .

نىزامىلمۇلۇك ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلدى :
— ئۇنىڭ قۇدرەتلىك بولۇشى پەقەت خانىش بولغانلىقىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئەنە شۇنداق قەھرلىك چىشى يىلپىز بولغانلىقىدا ...
— بولدى ، بۇ گەپنى قويايلى ، — دېدى مەۋسۇلى ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ ، — ئۆزىمىزنىڭ گېپىمىزگە كېلەيلى ، ئوردىدىكى بىر قىسىم تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىمەن دېگەن ئىشىڭىز قانداق بولۇۋاتىدۇ ؟ ئەسرىڭىزنى يېزىپ بولدىڭىزمۇ ؟
— بىر قىسمىنى يېزىپ بولدۇم ، داۋامىنى يەنە يېزىۋاتىمەن .

※ ※

ئىمام ئەكبەر ئىلتەمۇر ئۆز ھۇجرىسىدا باش چۆكۈرۈپ خاتىرە يېزىۋاتاتتى .
— قايسى ۋەقەلەرنى يېزىۋاتىسەن ، ئوغلۇم ؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ .
ئەكبەر ئىلتەمۇر قەلەمنى قويۇپ جاۋاب بەردى :
— مەلىكشاھنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە ئىشغالىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە ھەسەن بۇغراخان بىلەن سۇلھى تۈزۈشى ، ئەھمەد خاننىڭ ئەسىرگە ئېلىنىشى قاتارلىق ۋەقەلەرنى يازدىم . ئاخىرىنى مۇنداق چۈشۈردۇم : «سالجۇقىيلار ئوردىسىدا بارغانسېرى كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان جەلالىيە تۈركەن خاتۇن ئۆزىنىڭ تۇغقىنى ئەھمەد خاننى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئارىغا چۈشتى . سۇلتان مەلىكشاھ سۆيۈملۈك خانىشىنىڭ تەلەپ ۋە ئۆتۈنۈشلىرىگە كۆنۈپ ، ئەھمەد خاننىڭ ماۋەرائۇننەھرگە داۋاملىق خاقان بولۇشىغا ماقۇل بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئەھمەد خان ئىسپاھاندا بىر يىلغىچە تۇرغاندىن كېيىن ھىجرىيە 483 ـ يىلى[1] سەمەرقەنتكە ئۇزىتىپ قويۇلدى» .

---

[1] مىلادىيە 1090 — 1091 ـ يىللىرى .

— ياخشى يېزىپسەن ، — دېدى مەھمۇد ، — ئەمدى مەن ساڭا ئوردىدا بولغان يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرەي . كېيىن خاتىرىلەپ قوي . سۇلتان مەلىكشاھ تېخى بۇلتۇرلا بىر قىسىم ۋەزىرلىرىگە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ، ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش ، ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەرنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى . بىرنەچچە ۋەزىر شۇ مەزمۇندا يېزىپ چىققان ئەسەرلىرىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۇلتانغا ئارمىغان قىلدى . سۇلتان پەقەت باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك ئەبۇ ئەلى تۇسى يازغان ئەسەرنىلا تاللىۋالدى ۋە شۇ ئەسەرنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قانۇنى قىلىپ تەستىقلىدى .

— ئۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى نېمە ؟ — سورىدى ئەكبەر ئىلتەمۇر .

— باش ۋەزىر ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە «سىياسەتنامە» دەپ سەرلەۋھە قويۇپتۇ .

— خېلى چوڭ ئەسەرمۇ ؟

— جەمئىي ئوتتۇز توققۇز باب ئىكەن . لېكىن ،باش ۋەزىرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ يەنە داۋامىنى ئىككىنچى جىلد قىلىپ يېزىۋېتىپتۇ .

— بۇ «سىياسەتنامە»دە قانداق مەزمۇنلار بايان قىلىنىپتۇ ؟

— نىزامىلمۇلۇكنىڭ «سىياسەتنامە»سىدە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان ، ھەرقايسى دىۋان ۋە مەھكىمىلەرنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

— ئۇنداقتا ، بۇ ناھايىتى مۇھىم ئەسەر ئىكەن - دە ؟

— شۇنداق . باش ۋەزىرنىڭ بۇ ئەسىرى ئەمدى سالجۇقىيلار ئوردىسىدا باشقۇرۇش قوللانمىسى بولۇپ قالدى . مەلىكشاھ «سىياسەتنامە»گە بەك يۇقىرى باھا بەردى . دەرۋەقە ، نىزامىلمۇلۇك باش ۋەزىرلىك خىزمىتىدە بولغان ئۇزۇن يىللىق

تەجرىبىلىرىنى شۇ ئەسىردە مەركەزلەشتۈرگەن . شۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ دانىشمەن سىياسەتچى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەمەلدە كۆرسەتتى . بىراق ... ئەپسۇس ...

— نېمە؟ ئەپسۇس دەيسىزغۇ؟

— ئەپسۇسكى ، باش ۋەزىرنىڭ تۈركەن خاتۇن بىلەن پۈرچىقى پىشماي قېلىۋاتىدۇ .

— ئەجەبا ، تۈركەن خاتۇن باش ۋەزىرنىڭ قابىللىقىنى ئېتىراپ قىلمامدۇ؟ نىزامىلمۇلۇكنىڭ قانداق مۇھىم ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەمدۇ؟

— چۈشىنىدۇ ، تۈركەن خاتۇنمۇ بىلىملىك ۋە ئاجايىپ ئىقتىدارلىق ئايال . بۇ ئىككىسى بۇنداق بىر - بىرىنىڭ زىتىغا تەگمىسە بولاتتى . بىر ئوردىدىكى ئىقتىدارلىق ئادەملەر ئەپ ئۆتكىنى ياخشى ئىدى .

ئىلتەمۇر ئەمدى ئارتۇق سوئال سورىماي ، مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئاڭلىغانلىرىنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى .

⁂ ⁂

ئوردا ئىچى ئۆرتۈپە بولۇپ كەتتى .

— سۇلتان ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ ، — ئوردا ئەھلى ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشتى .

باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك تۇسى قېرىپ ، مۈكچىيىپ قالغىنىغا قارىماي ، ئەتىدىن كەچكىچە تىنىم تاپماي جىددىيلىشىپ يۈرەتتى . ئۇ ، بارلىق ئەمەلدار ۋە خىزمەتكارلارنى تەرەپ - تەرەپكە چاپتۇرۇپ ھالىنى قويمىدى .

— ھەرقايسى جايلاردىكى ئاتاقلىق تېۋىپلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كېلىڭلار !

— بارلىق كارۋان سارايلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىڭلار ، چەت ئەللەردىن كەلگەن تېۋىپلار بارمىكىن .

— تېز بولۇڭلار ! ئاتلىرىڭلارنى تېز چاپتۇرۇڭلار !

سۇلتان مەلىكشاھنىڭ كېسەللىكى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى . جەلالىيە تۇركەن خاتۇن كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەيتتى . ئۇ ئاش - تاماقنىمۇ ، ئۇيقۇنىمۇ ئۇنتۇدى ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جۇدەپ ، ھالىدىن كەتتى .

كېنىزەكلەر ئۇنى ئارام ئېلىشقا ئۈندەيتتى .

— تۇركەن خاتۇن ئالىيلىرى ، — دەيتتى ئۇلار ، — بىردەم ئۇخلىۋالغايسىز ... تېۋىپلار بار ، ئاندىن قالسا بىز بار . سۇلتانئول ئەزەمنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز . خاتىرجەم بولغايسىز .

تۇركەن خاتۇن ئۇنىمايتتى ، ھېچكىمنىڭ گېپىگە كىرمەيتتى .

— ياق ، — دەيتتى ئۇ ، — غىزا تەييار بولغاندا مۇشۇ يەرگىلا ئەكىرىپ بېرىڭلار ... ئۇيقۇم كەلسە ، مۇشۇ يەردىلا يېتىپ ئۇخلىۋالسام بولىدۇ .

ئوردا تېۋىپلىرى ۋە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان باشقا تېۋىپلار بىرلىكتە كۆچ چىقىرىپ ، ئۇلۇغ سۇلتاننى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشەتتى ، پىكىر ئالماشتۇراتتى . تۈرك ، ئەرەب ۋە پارس خەلقلىرى ئىچىدىن چىققان بۇ ئاتاقلىق تېۋىپلار قوللىرىدىن كېلىدىغان ھەممە ھۈنەر ، ھەممە بىلىمىنى ئىشقا سالدى .

ھالبۇكى ، مەلىكشاھنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى بارغانچە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى . بەندىلەرنىڭ مۇھەببىتى ۋە تىرىشچانلىقلىرى ئۇنىڭغا شىپالىق بەخش ئېتەلمىدى . مىلادىيە 1092 - يىلى ئۇنىڭ قەلب شاتۇتىسى پانىي ئالەم غەملىرىنىڭ قەپىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ ، باقىي ئالەمگە راۋان بولدى .

ئوردا ئەھلى ماتەملىك كىيىملىرىنى كىيىشتى ، ياقا يىرتىپ يىغلاشتى . ئوردا شائىرلىرى مەرسىيە قوشاقلىرىنى ئوقۇشتى ، تارىخچىلار ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىنى ئەسلەپ ، دەستە - دەستە خاتىرىلەرنى يازدى .

سۇلتان جالالىدىن ئىبنى ئالپ ئارسلان مەلىكشاھنىڭ

دەۋرىدە ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ھاكىمىيەت ئەڭ زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەندى، ئىجتىمائىي - سىياسىي تۈرمۇش مۇقىم بولدى، ئىلىم - مەدەنىيەت ئىشلىرى يەنىمۇ گۈللەندى، ئۇلۇغ سالجۇقىيلار سۇلتانلىقىنىڭ چېگرىلىرى شىمالىي ھىندىستاندىن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

سۇلتان جالالىددىن مەلىكشاھ ئىقتىدارلىق ۋە جەسۇر ھۆكۈمدار ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى قانداق بولار؟

چاتاق دەل ئەنە شۇ ۋارىسلىق مەسىلىسىدىن كېلىپ چىقتى.

ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى خۇسۇسەن باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك ناھايىتى ئوبدان ھېس قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆز يېقىنلىرىنى يىغىپ، تۈركەن خاتۇن ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن يوشۇرۇنچە كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— جانابلار، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ كېڭەش قاتناشچىلىرىغا، — ھازىر ۋەزىيەت خەتەرلىك داۋالغۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بىرمەيدان ئېغىر بوھران يۈز بېرىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. ھازىر تەختكە كىمنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ تۇغۇلدى. بىز رەھمەتلىك سۇلتان مەلىكشاھنىڭ چوڭ ئوغلى رۇكنەددىن بېركيارۇقنى قانۇنلۇق ۋارىس دەپ تونۇيمىز. لېكىن جالالىيە تۈركەن خاتۇن ئۆزىنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى مەھمۇدنى تەختكە چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ.

كېڭەش قاتناشچىلىرى غەزەپلىنىپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى:

— بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ!

— چوڭ ئوغلىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى ئەلمساقتىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت.

— شۇنداق! توغرا!

— بىز ئەنئەنىۋى ئادىتىمىزنى بۇزۇشقا يول قويمايمىز!

باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇكنىڭ يېقىن بۇرادىرى ھەم ياردەمچىسى ھېكىم مەۋسۇلى سۆز ئالدى:

— تۈركەن خاتۇننىڭ پەيلى يامان . ئۇ ئۆز ئوغلىنى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىشى مۇمكىن . ئۇ ھەر تەرەپكە چاپارمەن يوللاپ ، ئۆز ئادەملىرىنى ھەربىر كەتكە كەلتۈرۈپ ، قانداقتۇر بىر ئىش تەۋرەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ ھەرقاچان ھوشيار بولۇشىمىز ، ھەر خىل كۆتۈلمىگەن ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەك .

— توغرا ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى باش ۋەزىر ، — بىز بىر تەرەپتىن تۈركەن خاتۇننى سۆز بىلەن قايىل قىلىشقا تىرىشايلى ، يەنە بىر تەرەپتىن دەرھال ئىسپاھان بىلەن ئالاقە ئورنىتايلى . ھەزرىتى مەۋسۇلى ، سىز ئەتە سەھەردىلا ئىسپاھانغا سەپەر قىلغايسىز . بېرىپ ، ئۇ يەردىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈڭ ، ئۇلار دەررۇ بېركيارۇقنى سالجۇقىيلارنىڭ بۈيۈك سۇلتانى دەپ ئېلان قىلسۇن .

— خوپ ، باش ۋەزىر ھەزرەتلىرى .

ئېيتقاندەك ، ھېكىم مەۋسۇلى شۇ كۈنىلا ئەڭ كۈچلۈك تۆگىلەرنى ۋە ئەڭ ئېسىل ئاتلارنى تاللاپ ، ئەتىسى بامداتتىن كېيىن سالجۇقىيلارنىڭ ئاساسلىق پايتەختى ئىسپاھانغا يۈرۈپ كەتتى .

باش ۋەزىر ۋە باشقا نوپۇزلۇق ئەربابلار بۇ ئۆز سۆزلۈك خانىش بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى . تۈركەن خاتۇن ھامان ئۆزىنىڭ گېپىنى راست قىلىپ ، باشقىلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرمەكچى بولاتتى . ئەربابلار قانچىكى نەسىھەت قىلسا ، تۈركەن خاتۇننىڭ شۇنچىكى زەردىسى قاينايتتى . بۇ مەسىلىنى سۆز بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقى بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە ئىدى .

نىزامىلمۇلۇك ئوردا ئىچىدىكى تىنچلىقنى ساقلاپ قېلىش

ئۇچۇن قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئامالىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى. ئۇ كۈمۈش باشلىق ھاسا تايىقىغا تايىنىپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى.

— مەرھابا، باش ۋەزىر ھەزرەتلىرى، — مەھمۇد ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

— ھەزرىتى مەۋلانە، — دېدى نىزامىلمۈلۈك مەھمۇدقا مۇراجىئەت قىلىپ، — كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتنىڭ قاتاللىشىپ كېتىۋاتقىنىغا بىز ھەممىمىز كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. تۈركەن خاتۇن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىمىز ئۇنۇم بەرمىدى. ھەزرىتىم، سىز ھەممىمىز ئۈچۈن ھۆرمەتلىك ئالىم. جۈملىدىن، تۈركەن خاتۇنمۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى يېرىۋەتمەس. ئىشلىرىمىزنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئۈچۈن ئەمدى سىز بېرىپ تۈركەن خاتۇن بىلەن كۆرۈشۈپ باقسىڭىز، ئۇنى پەيلىدىن ياندۇرۇڭ. تەختكە چوڭ شاھزادە بېركىيارۇق ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك. تۈركەن خاتۇن بېركىيارۇق بىلەن بۇنچىلىك قارشىلىشىپ كەتمىسۇن.

ئاق ساقاللىق باش ۋەزىرنىڭ ئەنە شۇنداق ئۆتۈنۈشى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي ھەممىنى ۋەھىمىگە سېلىۋاتقان بۇ قەھرلىك خانىشنىڭ ھوزۇرىغا داخىل بولدى.

تۈركەن خاتۇن ئەسلىدە نۇرلۇق چىرايىدىن ياشلىقىنىڭ ھاياتىي كۈچى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان گۈزەل چوكان ئىدى. ئەمدى مەھمۇد قارىغۇدەك بولسا، ئۇزۇن قارا كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا قارا رومال سالغان بۇ ھازىدار خانىش چىرايى سولغان ۋە يىغىدىن قاپاقلىرى ئىششىغان بولۇپ، ئەسلىي يېشىدىن خېلىلا قېرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئولتۇرغايسىز، مەۋلانە، — دېدى تۈركەن خاتۇن مەھمۇدقا ۋە بوشقىنا قول ھەركىتى بىلەن قوشلاپ سېلىنغان كىمخاب يېكەندازلارنى كۆرسەتتى.

مەھمۇد سۇرە پاتىھەنى ئوقۇپ، دۇئا قىلغاندىن كېيىن باش ۋەزىرنىڭ سۆزلىرىدىن ئەمدىلا ئېغىز ئېچىۋىدى، كەشتىلەپ تىكىلگەن يوغان تەكيىگە تايىنىپ ئولتۇرغان تۇركەن خاتۇن چېچىلىپ كەتتى.

— ئۇلار نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئوغلۇمنى چەتكە قاقىدۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — مەھمۇد سۇلتان بولسا نېمىسى يامان! ئۇلار مەھمۇدنى كىچىك دەمدۇ؟ لېكىن بېركيارۇقمۇ قانچىلىك چوڭ ئىدى! مەھمۇد بۇ يىل بەش ياشقا كىرگەن بولسا، بېركيارۇقمۇ ئاران ئون بىر ياشقا كىردىغۇ. ئۇمۇ ئوخشاشلا بالاغەتكە يەتمىدىغۇ. جەزمەن شاھزادىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى تەختكە ئولتۇرۇشى كېرەك دېگىنى نېمىدېگەن قاملاشمىغان گەپ ئۆزى! مەن مەھمۇدنى كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆز قولۇم بىلەن ئوقۇتۇپ، ياخشى تەربىيىلەپ ئۆستۈرىمەن. مەن ئۇنى چوڭ ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى قويغانىدۇق، ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىي. ئۇ، ئاللا خالىسا، ئاتىسىدەك قۇدرەتلىك سۇلتان بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن بېركيارۇقچۇ؟ ئۇنىڭ ئانىسى كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان چالا ساۋاتلىق خوتۇن. ئۇ بالا تەربىيىلەشنى نەدىن بىلسۇن! ئۇنىڭ ئوغلى قانچىلىك ئادەم بولماقچىدى؟ باشقا خانشلارمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان دۈت. گەپلىرىمنى چۈشىنىۋاتامسىز، ھەزرىتىم؟ پەقەت مېنىڭ ئوغلۇملا سۇلتان بولۇشقا لايىق. سىز ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ، ھەزرىتىم. مېنىڭ ئوغلۇم تەختكە ئولتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ.

شۇنداق قىلىپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سالاگەرچىلىكىمۇ نەتىجە بەرمىدى.

پېشقەدەم باش ۋەزىر بىلەن ياش خانىش ئوتتۇرىسىدىكى چىقىشالماسلىق ھالىتى راۋاجلىنىپ، ئاخىرى ئاشكارا

دۈشمەنلىككە ئايلاندى . يارىشىش ، كېلىشىشكە ھېچقانداق ئورۇن قالمىغانىدى . ئوردا ئەھلى چوڭ بىر پالاكەتچىلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ ، ساراسىمىگە چۈشكەنىدى .

رامزان ئېيى كىرىشى بىلەن باغداتنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى . ئەمەلدار ۋە سەركەردىلەرمۇ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈشكە باشلىدى .

ئاخىرى ، قورقۇنچلۇق پاجىئە يانار تاغدەك پارتلىدى . ئوردا ئىچىدە قوراللىق توقۇنۇش كېلىپ چىقتى . تۈركەن خاتۇننىڭ قوللىغۇچىلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، سۇلتان سارىيى ۋە شەھەرلىك دىۋاننى ئۆتكۈزۈۋالدى . بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا پۈتۈن باغدات تۈركەن خاتۇننىڭ قولىغا ئۆتتى .

تۈركەن خاتۇن قەھرلىك ۋە قۇدرەتلىك ئايال سەركەردە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى . ئۇ دۇبۇلغا ، ساۋۇت كىيىپ ، ئەرەنچە ياساندى . قوللىغۇچىلىرىغا شۇنداق بۇيرۇق بېرىپ تۇراتتىكى ، ئاۋازىدىن ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكى ۋە قورقۇمسىزلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئۇ نازۇك قوللىرىنى كەسكىن شىلتىپ ، قوراللىق قىسىملارنى ئۇياق - بۇياققا ماڭدۇرغاندا ، چىرايى ئاياللارغا خاس بولمىغان سۈرلۈك قىياپەتكە كىردى .

ئۇ يەر - بۇ يەردە باش ۋەزىرنىڭ قوللىغۇچىلىرى بىلەن تۈركەن خاتۇننىڭ تەرەپدارلىرى قىلىچۋازلىق ، نەيزىۋازلىققا چۈشۈپ كەتتى . لېكىن ، قىلىچ ، نەيزىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۇزاققا سوزۇلمىدى .

ياش بىر چېرىك تۈم قارا ئارغىماقنى ئوقتەك چاپتۇرۇپ كېلىپ ، تۈركەن خاتۇنغا قارشى ئاتلانغان بىر توپ قوراللىق كىشىلەرگە ۋارقىرىدى ، قورقۇپ كەتكەن ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋارقىرىدى :

— باش ۋەزىر ... باش ۋەزىر ئۆلدى !

قوراللىق كىشىلەر ئەنسىز خىتاب قىلىشتى :

— نېمە ؟

— نېمە دەيسەن؟ قانداق ئۆلدى؟
— تىلىڭنى چاينىماي چاققان سۆزلە!
قارا ئارغىماق مىنگەن ياش چېرىك ئەندىكىپ - ئەندىكىپ سۆزلىدى:
— تۈركەن خاتۇننىڭ بىر توپ ئادەملىرى ... باش ۋەزىر مەھكىمىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ ... ھە ... ئۇلارنىڭ بىرى نەيزە بىلەن ... ھە ... باش ۋەزىرنى ...
قوراللىق كىشىلەر ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىماي، باش ۋەزىر مەھكىمىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.
بۇ كىشىلەر كۆردىكى، باش ۋەزىر نىزامىلمۈلۈك تۇسى قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكى نەيزە بىلەن تېشىلگەن بولۇپ، يېشىل كىمخاب تونى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى. قوراللىق كىشىلەردىن بىرى ئۇنىڭ يېنىغا تىزلىنىپ، ئېچىلىپ قالغان نۇرسىز كۆزلىرىنى بوش - بوش ئۇۋۇلاپ يۇمدۇردى، چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ تۈزەشتۈردى، ئاندىن بىرنەچچەيلەن بىرلىكتە جەسەتنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئەكېتىشتى.
ئالپ ئارسلان ۋە مەلىكشاھتىن ئىبارەت ئىككى ئەۋلاد سۇلتانلارغا باش ۋەزىر بولۇپ دانىشمەنلىكى بىلەن تونۇلغان، كۆپ قېتىملىق ئالەمشۇمۇل جەڭلەردە غەلىبە قازىنىپ شۆھرەت قازانغان ئەبۇ ئەلى نىزامىلمۈلۈك تۇسى تاج ۋە تەختنى تالىشىش قويۇنىدا ئۆز ئادەملىرىنىڭ قولىدا جان بەردى.
بىر مەيدان پاجىئە باش ۋەزىرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تېزلا ئاياغلاشتى. تۈركەن خاتۇنغا قارشى تۇرغۇچىلار باغداتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.
خەلىپە مۇقتەدىمۇ بۇ ئىشقا ئارىلىششقا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭغا قارىسا باش ۋەزىر، بۇنىڭغا قارىسا خانىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەلىپە سالجۇقىيلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئانچە ياخشى

چۈشىنىپ كەتمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، خەلىپىلىك تەۋەسىدىكى بارلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇق تۈركلەرنىڭ قولىدا بولۇپ، تەخت ماجىراسىدەك بۇنداق پەۋقۇلئاددە ئىشلارغا ئەرەبلەرنىڭ ئارىلىششى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تۈركەن خاتۇن بەش ياشلىق ئوغلى مەھمۇدنىڭ بېشىغا سۇلتانلىق تاجىنى كىيدۈردى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغۇزدى.

ۋەزىرلەر ۋە ئەمەلدارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئاپىسىغا ئەركىلەپ ئولتۇرغان بۇ بالىغا تەزىم قىلىشتى.

تۈركەن خاتۇن ئۆزىنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق ئوغلى تەختتىن چۈشۈپ قېچىپ كەتمىسۇن ياكى يىقىلىپ چۈشمىسۇن دەپ تەختنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

دېمىسىمۇ، كىچىككىنە مەھمۇد ھېلى «ئۇسساپ كەتتىم» دەپ، ھېلى «تالاغا چىقىپ ئوينايمەن» دەپ چاتاق سالغىلى تۇردى. تۈركەن خاتۇن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ مىدىرلىغىلى قويمىدى.

— جىم ئولتۇرغىن، مەھمۇد، — دەيتتى ئۇ ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ، — ساڭا خورما، ئەنجۈر بېرىمەن. جىم ئولتۇرغىن، سەن سالجۇقىيلارنىڭ بۈيۈك سۇلتانى بولدۇڭ. ئۇقتۇڭمۇ، بالام؟

تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھەرقايسى جاي ھۆكۈمدارلىرى ھەم ھەرقايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىغا مەھمۇد ئىبنى مەلىكشاھنىڭ سۇلتان بولغانلىقى خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەرھال مەخسۇس چاپارمەنلەر يولغا سېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، تۈركەن خاتۇن ئوردىدىكى خىزمەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش، ئەمەلدارلارنى ئالماشتۇرۇش ۋە يېڭىدىن تەيىنلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ كەتتى.

نىزامىلمۈلكتەك دانىشمەن سىياسەتچى ۋە غالىب

سەركەردىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى تۈركەن خاتۇننىڭ ھەيۋىسىنى تېزلا ئۆستۈرۈۋەتتى.

«تۈركەن خاتۇن ئادەتتىكى ئايال ئەمەس، ئۇ قەھرلىك ۋە قۇدرەتلىك ھۆكۈمران!» دېيىشەتتى كىشىلەر.

شائىر ئەبۇ بەكىر قەففال شاشى بۇ ئايال ھۆكۈمرانغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن تۆۋەندىكىدەك شېئىرنى يازدى:

تۈركەن خاتۇن قاتىڭا تەگۈر مەندىن قوشۇغ،
ئايغىل سىزىڭ تاپۇغچى ئۆتنۈر ياڭى تاپۇغ.
تۇتقى ياغار بولتى، ئالتۇن تامار ئارىغ،
ئاقسا ئانىڭ ئاقىنى قاندى مەنىڭ قاتىغ.

(يەشمىسى: تۈركەن خاتۇن قېشىغا مەندىن قوشاق يەتكۈز، سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز يېڭى خىزمەت ئۆتۈنىدۇ، دېگىن. (ئۇنىڭ) بولۇتى ئۈزۈلمەي ياغار، (ئۇنىڭدىن) ساپلا ئالتۇن تامار، ئۇنىڭ ئېقىنى ئاقسا، مېنىڭ تەشنالىقىم قانار)

بۇ شېئىردا سالجۇقىيلارنىڭ باغدات ئوردىسىدىكى بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ روھىي ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. دەسلەپتە تۈركەن خاتۇننىڭ تەخت دەۋاسىغا قارىتا سەلبىي كۆز قاراشتا بولۇپ كەلگەن ۋە ياكى ئۇنىڭ باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۈك بىلەن بولغان تالاش - تارتىشلاردا ئۆتۈپ چىقالىشىغا ئىشەنمىگەن كىشىلەرمۇ ئەمدى مەۋقەسىنى ئۆزگەرتتى. ئۇلارمۇ ئەمدى تۈركەن خاتۇننىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنى دانىشمەنلىكتىن سۆز ئېچىپ ماختايدىغان بولۇپ قالدى.

ئىشقىلىپ، باغداتتا بەش ياشلىق مەھمۇدجان سالجۇقىيلارنىڭ بۈيۈك سۇلتانى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. تۈركەن خاتۇن ئەنە شۇ سۇلتان ئوغلىنىڭ نامىدا پەرمانلارنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى.

ئەمدى بۇ ئايال ھۆكۈمدارنىڭ بوسۇغىسىغا سەجدە قىلىشنى

شەرەپ ھېسابلاپ يوقلاپ كېلىدىغان شېرىن سۆزلۈك مېھمانلار كۆپىيىپ كەتتى. ھالبۇكى، تۇركەن خاتۇننىڭ ئىززەتلىشى ۋە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىگە مۇيەسسەر بولۇپ كېلىۋاتقان مەھمۇد كاشغەري گويا بۇ ئومۇمىي ئېقىمدىن چەتتە قالغاندەك ئىدى. ئۇ تۇركەن خاتۇننى يوقلاپ بېرىش تۇگۇل ئوردىدىكى خىزمىتىگىمۇ چىقمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى.

تۇركەن خاتۇن ئۇنى خىزمەتكە چىقىشقا دەۋەت قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى.

— قېرىپ قالدىم، — دېدى مەھمۇد ئوردىدىن كەلگەن ئادەمگە، — ئەسەر يېزىۋاتىمەن. بۇنىڭغا خاتىرجەم شارائىت ۋە يېتەرلىك ۋاقىت لازىم بولىدۇ. مېنى چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ساراي ئەھلى تۇركەن خاتۇننىڭ غەزەپكە كېلىشىنى كۈتكەنىدى. لېكىن، ئۇ مەھمۇدنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە ئاخىرى پەرۋا قىلمىغان ئاھاڭدا دېدى:

— بوپتۇ، ئەسىرىنى يېزىۋەرسۇن. ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن.

دەرۋەقە، مەھمۇد يەنە بىر كاتتا ئەسەر يېزىشقا تۇتۇش قىلغانىدى. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز شۇ ئەسەردە سۆزلىنىدىغان مەزمۇنلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تۇرغانىدى. ئۇ ئەسىرىنى تاماملاپ بولغۇچە باشقا ئىشلارغا دىققىتىنى بۆلمەسلىكى ئىستەيتتى. لېكىن، يەنىلا بولمىدى. ئوردا پاجىئەسى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ چۆچۈپ، بېشىنى كىتابتىن كۆتۈردى، قەلەمنى قويۇپ، يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقنى كۆرۈشكە باردى. نىيىتى بۇزۇلغان، پەيلى يامان ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ چىرىغىنى يېقىشنىڭ، ئىنسانپەرۋەرلىك نۇرى بىلەن ئۇلارغا دۇرۇس يولنى كۆرسىتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىدى. ئامال تېپىلمىدى. ھەرقانداق

ياخشى گەپمۇ، يامان گەپمۇ ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، قان تۆكۈلدى.

مەھمۇد بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى كاشغەر ئوردىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پاجىئەنى ئىختىيارسىز تۇردە ئەسلىدى. ئەنە شۇ پاجىئە تۈپەيلىدىن مەھمۇد يۇرتىنى تاشلاپ، مۇساپىرلىق يولىغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئىنسانلار تارىخىدا بۇ خىل بەختسىزلىكلەر ئاز بولغانمۇ؟ شۇ بەختسىزلىكلەرنى ئىنسانلار ئۆز قوللىرى بىلەن پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار دۇنياسى دەرد ـ ھەسرەتتىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتىدۇ. غېمى يوق ھايۋان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن غېمى يوق ئىنسان يوق. ئادەم دېگەن ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئەڭ ئەقىلسىز، ئەڭ ۋىجدانلىق ۋە ئەڭ رەزىل، ئەڭ مۇھەببەتلىك ۋە ئەڭ ۋەھشىي، ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە ئەڭ نومۇسسىز كېلىدىغان، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى قولىدا تەڭ چۆرگىلىتىپ يۈرىدىغان ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىجتىمائىي مەخلۇق!

«ئەجەبا، — دەپ خىتاب قىلدى مەھمۇد، — ئادەملەر ئەڭ قارا كۆڭۈل ئادەملەرنى، مەسىلەن، قاتىللارنى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشىتىدۇ. ھالبۇكى، بۆرە بۆرىنى تالىمايدۇ، ئېيىق ئېيىقنى ئۆلتۈرمەيدۇ. ئادەملەر خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ئادەملەرنى ئۆلتۈرىدۇ! ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيۈكسەكلىكى بۇنداق ۋەھشىيلىكلەرگە چەك قويالامدۇ؟»

مەھمۇد كاشغەرىي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ، كۆز يەتمەس، يېتىپ بارغىلى بولماس يىراقلىقتىكى خىياللار دۇنياسىغا ئۇچۇپ كەتتى.

«ئادەمدە ئاڭ بارغۇ، — دەيتتى ئۇ ئۆزى ئۆزىگە، — شۇ ئاڭنىڭ كۈچى بىلەن بەخت ياراتقىلى بولىدۇغۇ! لېكىن ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىدىن تۆرەلگەن بەندىلەر ئاڭنى ياخشىلىققىمۇ، يامانلىققىمۇ تەڭ بۆلۈپ ئىشلىتىۋاتىدۇ».

مەھمۇدنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى كېڭىيىشكە ۋە

تۇرلىنىشكە باشلىدى . ئۇ ئىلگىرى ئىنساننىڭ ئېڭىنى غايەت زور مەنىۋى كۈچ دەپ ھېسابلايتتى . ئەمدى قارىسا ، بۇ ئاڭ قانداقتۇر قاتتىق سىقىم ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ، شۇ سىقىم ئىچىدىن پارتلاپ ، ئېتىلىپ چىقىپ كېتەلمەيۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئادەمنىڭ ئېڭى ئەسىرلەر داۋامىدا بېسىلىپ ، چىڭقىلىپ كەتكەن شۇ سىقىم ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ يورۇق دۇنياغا قۇچاق ئاچقان بولسا قاراڭغۇ دىللار يورۇپ ، ئادەم ئۆزىنى ئۆزى تونۇغان بولاتتى . ئەركىنلىككە چىققان ئاشۇ ئاڭ ئىنساننى ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتكەن بولاتتى ، دۇنيادا بەخت ماكانىغا ئاپىرىدىغان يېڭى يوللار ئېچىلغان بولاتتى .

«كىم بىلسۇن ، — دەپ ئويلىدى مەھمۇد ، — بەلكىم كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلار ھازىرقىغا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان يېڭىچە ھايات يولىنى يېڭىچە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقار . »

# ئون سەككىزىنچى باب

## مەلىكشاھنىڭ تەختى بىر، ئوغلى تۆت

ئەكبەر ئىلتەمۇر يوگۇرگەن پېتى ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى. جىددىي يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن مەھمۇد كاشغەرىي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— نېمە بولدۇڭ، ئەكبەر؟

— ئىسپاھاندىن... ئىسپاھاندىن قوشۇن كېلىپتۇ، — دېدى ئىلتەمۇر قاتتىق ھاسىراپ كەتكەنلىكتىن دېمىنى ئالالماي، — ئۇلار شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋاتىدۇ. ئۇرۇش بولىدىغان ئوخشايدۇ.

مەھمۇد تېخى ئېغىز ئېچىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى، دالاندا تۇرۇپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان گۈلپەرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ ئۈن سالدى:

— ۋاي خۇدايىم، ئۇرۇش بولسا قانداق قىلارمىز! ئۇلار شەھەرنى ئالسا بىزنى ساق قويارمۇ؟ ۋاي خۇدايىم، يۇسۇپ نەگە كەتكەندۇ؟ يۇسۇپ! جېنىم بالام، قەيەرگە كەتتىڭ؟ يۇسۇپ...

گۈلپەرى شۇ ئەنسىزلىكى بىلەن ئوغلىنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى.

— دېمەك، شاھزادە بېركىيارۇقنىڭ تەرەپدارلىرى ئۆكتە قوپۇپ كېلىپتۇ-دە، — دېدى مەھمۇد سالاپىتىنى ئۆزگەرتمىگەن ھالدا تەمكىنلىك بىلەن.

— توغرا، بېركىيارۇقنىڭ تەرەپدارلىرى.

— ھىم ، ئەسلى شۇنداق بولماقچىدى .
— يەنە قىرغىنچىلىق بولارمۇ ؟
— ئاللا ئىگەم ئىشنى ئۇ دەرىجىگە يەتكۈزمىگەي .
— مەن چىقىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلەي ، — ئەكبەر ئىلتەمۇر ئىشىك تەرەپكە چاپتى .
— ئىلتەمۇر ، ئېھتىيات قىلغىن ، بالام ، مالىمانچىلىق بولغان يەرلەرگە بارمىغىن ! — مەھمۇد ئۇنىڭ كەينىدىن توۋلاپ قالدى .
ئىلتەمۇر يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى .
بىر دەمدىن كېيىن گۈلپەرى تايتاڭلاپ ماڭىدىغان تۆت ياشلىق ئوغلى يۈسۈپنى قولىدىن يېتىلەپ ئۆيگە ئەكىردى .
— يۈسۈپكە ئوبدان قاراڭ ، قىزىم ، كوچىغا چىقىپ كەتمىسۇن ، — دېدى مەھمۇد .
گۈلپەرى يۈسۈپنى يەنە تالاغا چىقمىغان دېمىسۇن دەپ مېۋە - چېۋە ، قەنت - گېزەك بېرىپ ، ئۇنى گوللاش بىلەن بەند بولدى . ئۇ تېخىچىلا ئەنسىزلىك قىلىپ ئۇن سالاتتى :
— ۋاي خۇدايىم ، ئۇلار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرسە قانداق بولۇپ كېتەر ؟ بىزنى ئامان قويارمۇ ؟ پاكاپەرۋەردىگارىم ، ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ... خۇدا ، ئۆزۈڭگە ئامانەت ...
مەھمۇد ئاۋۋالقىدەكلا تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى :
— ئارتۇق غەم قىلماڭ ، قىزىم . ئاللا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئىنساپ بېرەر .
— ۋاي خۇدايىم ، بىزغۇ تەخت ماجىراسىغا ئارىلىشىدىغان ئادەملەر ئەمەس ...
— شۇ ئەمەسمۇ . بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قېرىنداشلارنىڭ تەخت تالىشىش ماجىرالىرىغا قاتناشمايمىز . قولىمىزدىن كەلسە ، سالاگەرلىك قىلىمىز ، قولىمىزدىن كەلمىسە ، ئۆكۈنۈش ئىچىدە قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئامالىمىز يوق .

— ۋاي خۇدايىم، بىر ئاتتىن بولغان قېرىنداشلار ئارازلاشماي تىنچ ئۆتسە بولمامدىغاندۇ! بەربىر ھەممىسى شاھزادە، نېمىسىگە نېمىسى يېتىشمەيدىغاندۇ؟

— بۇ سوئالغا ئاسان جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ، قىزىم.

— ۋاي خۇدايىم، ئەمدى ئۇلتەمۇر قەيەرگە كەتكەندۇ؟ ئەستاغپۇرۇللا...

بۇ چاغدا ئۇلتەمۇر شەھەرنىڭ چوڭ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بولغۇسى ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچىدى. بۇ ۋەقەلەرنى ئۇ كېيىن خاتىرە قىلىپ يازىدۇ. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەر يېزىلغاندا جانلىق ۋە تەسىرلىك چىقىدۇ.

پۈتۈن شەھەر ئۆرۈتۆپە بولۇپ كەتكەنىدى. ھەممە يەردە ۋاراڭ - چۇرۇڭ. قېرىلار ۋە ئاياللار ئۇششاق باللىرىنى ئۆيلىرىگە ھەيدەپ، ئىشىك - دەرۋازىلارنى تاقىماقتا. سېتىقچىلار دۇكانلىرىنى تاقاپ، مال - دۇنيالىرىنى هارۋىلارغا بېسىپ، قاياقلارغىدۇ ئالدىراپ كېتىشمەكتە. پادىچىلار كالا ۋە قويلىرىنى ئالدىغا سېلىپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاچماقتا. ئىشقىلىپ، ھەممە ئادەم، بىرى ئۇياققا، بىرى بۇياققا چاپماقتا.

ئوردا تەرەپتىن ئاتلىق چېرىكلەر چىقىپ كەلدى. ئۇلار پولات ھالقىلىق ساۋۇتلىرىنى شاراقلاتقىنىچە ئاتلىرىنى قامچىلاپ، شەھەرنىڭ چوڭ دەرۋازىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ھەرقايسى كوچىلاردىنمۇ ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكلەر چىقىپ كەلگىلى تۇردى. بىر قىسىم ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر چېرىكلەرگە ئەگىشىپ يۈگۈرۈشتى — بەزىلىرى پىدائىي بولۇپ شەھەر مۇداپىئەسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، بەزىلىرى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

ئەكبەر ئۇلتەمۇر ئەنە شۇ كىشىلەرگە قوشۇلۇپ شەھەر سېپىلىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قالدى. سېپىل ئۈستىدىكى چېرىكلەر ۋە پىدائىيلار ئالدىراش ھەرىكەتلىنىپ، جەڭگە تەييارلىق كۆرمەكتە ئىدى. يېڭى كەلگەن بىر تۈركۈم كىشىلەرمۇ سېپىلغا

چىقىشقا باشلىدى .

«ئۇلارنى شەھەرگە كىرگۈزمەيلى ! — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇلار ، — شەھەرگە كىرسە ھەممىمىزنى ۋەيران قىلىدۇ »

ئادەملەر ئۆزىنى قوغداشقا بولغان تەبىئىي ئىنتىلىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن سېپىلنى قوغدىغۇچى چېرىكلەرگە قوشۇلماقتا ئىدى . ئىلتەمۇر ئەنە شۇ ئۇيۇر - تويۇر بولۇشۇپ كەتكەن پىدائىيلار توپى ئىچىدە ئىتتىرىلىپ ، سوقۇلۇپ يۈرۈپ سېپىل ئۈستىگە قانداق چىقىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى .

ئىسپاھاندىن يېتىپ كەلگەن تۈمەنلىگەن چېرىكلەر باغداتنى پۈتۈنلەي قامال قىلىپ بولغانىدى . كۆز يەتكۈسىز كەڭ دالىدا چېدىرلار تىكىلگەن ، تۇغ - ئەلەملەر تىكىلەنگەن ، گۈلخان ئوتلىرىدىن تۈتۈن چىقىپ تۇرغان ، يىراقتا ئاتلىق ۋە تۆگىلىك چېرىكلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ، يېقىندا پىيادە چېرىكلەر ئوقيالىرىنى بەتلىگەن ...

دۇمباق ۋە بۇرغىلارنىڭ ساداسى سېپىل ئۈستىدىكىلەرنىڭ قۇلاقلىرىغىچە يېتىپ كەلدى . ئىسپاھان قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى باشلاندى .

باغداد مۇداپىئەچىلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئوقيادىن ئوق ياغدۇردى ، يوغان - يوغان تاشلارنى ئىرغىتىپ ئېتىشتى ، قايناق سۇ ۋە قىزىتىلغان ياغلارنى تۆكۈشتى ...

ئىلتەمۇر دەسلەپتە نېمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى . ئۇ ھەتتا سېپىلدىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولدى . لېكىن ، كاللىسىغا كىرىۋالغان بىر ئوي ئۇنىڭ مېڭىشىغا يول قويمىدى . «ئۇلار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرسە ، ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرۈپ ، جاھان تىنچىپ بولغۇچە قىلىدىغاننى قىلىپ بولىدۇ . ئۇرىدىغاننى ئۇرۇپ ، چاپىدىغاننى چېپىپ ، ئادەملەرنى ئەسىرلىككە تۇتۇپ ، قول قىلىپ سېتىپ ... »

ئەينى ۋاقىتتا ئىلتەمۇر ئۆزىنى ئويلىمىدى . بەلكى ، سۆيۈملۈكى گۈلپەرى بىلەن ئوماق ئوغلى يۇسۇپنى كۆز ئالدىغا

كەلتۈردى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ ، قېنى قىزىدى . «ئۇلارنى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىك كېرەك !» دېگەن خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ ئۆپچۆرىسىگە قارىدى . سەل نېرىدا گېلىگە ئوق سانجىلىپ ياتقان ئۆلۈك چېرىكنىڭ يېنىدىكى قىلىچنى ئالدى ، يۈگۈرۈپ كېلىپ سېپىلدىن سىرتقا قارىدى ، ئاندىن قىلىچنى بىر چەتكە تاشلاپ قويدى . «بۇنىڭ بىلەن سېپىلنىڭ سىرتىدىكى چېرىكلەرنى قانداق چاپقىلى بولسۇن !» ئۇ يەنە ئۆپچۆرىسىگە قارىدى . سېپىل ئۈستىدە ئۇيەر ـ بۇ يەرگە تاشلار دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى . ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر تاشنى ئالدى ، سېپىلدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئاتتى ، ئارقىدىن يەنە ئاتتى ، يەنە ئاتتى ...

سىرتتىكىلەرنىڭ ھۇجۇمى كۈچىيىپ كەتتى ، سېپىلدىكىلەرنىڭ زەربىسىمۇ كۈچەيدى . شۇ بويىچە داۋاملاشسا جەڭنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاتتىكىن ، ئەمما شۇ ئەسنادا بولغان بىر ئىش ئەھۋالنى ئۆزگەرتىۋەتتى .

شەھەرنىڭ ئىچكەركى قىسمىدىن بىر توپ ئاتلىقلار چاڭ توزۇتۇپ چېپىپ كېلىشتى . ئۇلار شەھەر مۇداپىئەسىگە مەسئۇل سەركەردىنىڭ تۇغى تىكلەنگەن جاينىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى .

سېپىلدىكىلەر بۇ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ئاتلىقلار كۆتۈرۈۋالغان قارا بايراققا قاراپ :

— خەلىپىنىڭ ئادەملىرى ، — دېيىشتى .

خەلىپىنىڭ ئادەملىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى ۋە سېپىلگە چىقىپ ، مۇداپىئەگە مەسئۇل سەركەردىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ئىگىمىز ۋە خوجىمىز خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرىللا ھەزرەتلىرىنىڭ پەرمانى ! — دەپ جاكارلىدى ئۇلاردىن بىرى ، — ئۇرۇش توختىتىلسۇن ، سېپىل دەرۋازىلىرى ئېچىۋېتىلسۇن . قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا قىرغىن قىلىشى گۇناھىكەبىردۇر . تەختنىڭ ۋارىسلىقى مەسلىسى سۇلتان جەمەتى ئىچىدە مەسلىھەتلىشىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنسۇن . بىزنىڭ

ئەلچىلىرىمىز ئىسپاھاندىن كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار پۇقرالارغا چىقىلماسلىقا ۋەدە بەردى.

— خەلىپىنىڭ دىگىنىدەك قىلايلى، ئۇرۇشمايلى.

— خەلىپە پەرمان چۈشۈرگەندىن كىيىن ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز - دە.

— لىكىن، بۇرادەرلەر، تۈركەن خاتۇن ئۇلارنى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىك ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنغۇ.

— زادى كىمنىڭ گىپىگە ئەمەل قىلىمىز؟ خەلىپىنىڭمۇ، تۈركەن خاتۇننىڭمۇ؟

— تۈركەن خاتۇن ھازىر تەختنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ دىگىنى ھىساب.

— ئەمما، خەلىپە دىنني داهي. ئۇنىڭ گىپىگە كىرمىسەك بولامدۇ؟

— ئەستاغپۇرۇللا، زادى قانداق قىلىش كىرەك؟

پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلدى. بەزىلەر ئۇرۇش قىلىشنى، بەزىلەر ئۇرۇش قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىشتى. ئاخىر كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ رايىغا باقمايدىغان، بىر - بىرىنىڭ گىپىگە كىرمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئۇرۇش قىلمايمىز دىگۈچىلەر سىپىلنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى ئىچىۋىتىشتى.

ھايت - ھۇيت دەپ بولغۇچە ئىسپاھانلىقلارنىڭ ئاتلىق چىرىكلىرى دەرۋازىدىن سەلدەك ئىقىپ كىرىشكە باشلىدى. سىپىلدىكىلەرنىڭ بىر قىسمى دەرھال پەسكە چۈشۈپ، ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ئالدىرىدى. يەنە بىر قىسمى تەرەپ - تەرەپكە چىچىلىپ قاچقىلى تۇردى.

ئىلتەمۇر تەمتىرەپ قالدى. «قىچىش كىرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇياق - بۇياققا قالايمىقان يۈگۈرۈپ قىچىشۋاتقان چىرىكلەر ۋە پىدائىيلار ئۇنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتتى. ئۇ بىر قوپۇپ، يەنە يىقىلىپ، كىيىم - كىچەكلىرىنى قىقىشتۇرۇۋىتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي سىپىل پەلەمپىيىدىن پەسكە چۈشتى.

ئىسپاھاندىن كەلگەن ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكلەر كوچا ـ كوچىلارغا تارقىلىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئىلتەمۇر سېپىلدىن چۈشۈشىگىلا بىر توپ پىيادە چېرىكلەرگە دۇچ كەلدى.

— ھە، مانا، بىزگە ئوق ئاتقان بىر باتۇر ئۆزىلا ئالدىمىزغا چىقتى، — دېدى چېرىكلەردىن بىرى.

قالغانلىرى ئىلتەمۇرنى ئېتتىرىپ، دۈشكەلەپ ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلار بىر كوچىدىن ئەگىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن يىگىرمە — ئوتتۇزچە ئەسىرنى ئارىغا ئېلىپ، «تېز ماڭ!» دەپ، قامچىلىرى بىلەن ساۋاپ كېتىۋاتقان ئاتلىق چېرىكلەرنى كۆردى. ئىلتەمۇرمۇ شۇ ئەسىرلەر توپىغا قوشۇلۇپ قالدى.

※ ※

زاۋال ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن گۈلپەرى ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئىلتەمۇرنىڭ يولىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولدى.

مەھمۇد ئىشىك ئالدىغا چىقىپ باقتى. جىمجىتلىق. كوچىلاردا ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيدۇ. ھەممە خەق ئۆيلىرىگە كىرىپ، دەرۋازىلىرىنى تاقىۋېلىشقان، ھەر ھالدا چېرىكلەر پۇقرالارغا چېقىلمىدى. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ ئىشلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە شەھەردىن چىقىپ كەتتى ۋە سېپىلدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايلارغا تىكىلگەن چېدىرلىرىغا تارقىلىپ كېتىشتى.

مەھمۇد گۈلپەرىنىڭ قېشىغا يېنىپ كىردى.

— مەن ئوردىغا بېرىپ باقاي، — دېدى ئۇ، — ئىلتەمۇرنىڭ ئىستەك ـ سورىقىنى قىلىپ باقاي.

گۈلپەرى گەپ قىلمىدى، لېكىن كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى.

مەھمۇد ئوردىغا يېتىپ بارغۇچە بىرنەچچە كوچىلاردىن ئۆتكەن

بولسىمۇ، بىرمۇ ئادەمنى ئۇچراتمىدى. ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىپ، تېنىنى شۈركۈندۈرگۈدەك ۋەھىمىلىك جىمجىتلىق بۇ ئاۋات شەھەرنى گويا گۆرىستانغا ئايلاندۇرغانىدى. پەقەت سالجۇقىيلار ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا كەلگەندىلا، مەھمۇد نۇۋەتچىلىك قىلىۋاتقان توپ - توپ چېرىكلەرنى كۆردى.

— توختا! — چېرىكلەردىن بىرى قاتتىق ۋارقىرىدى.

مەھمۇد توختىدى. بەش - ئالتە چېرىك توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولغاچقا، ئۇلار مەھمۇدقا سىنچىلاپ قارىدى.

— قەيەرگە بارىسەن؟ — چېرىكلەردىن بىرى قوپاللىق بىلەن سورىدى.

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ — دەپ توڭ تەگدى يەنە بىرى.

— ئوردىغا بارىمەن. ئىسمىم مەھمۇد.

— تولۇقراق دېمەمسەن.

— مەھمۇد كاشغەري.

باشقا چېرىكلەرمۇ كېلىپ مەھمۇدنى ئورىۋېلىشتى ۋە تەرەپ - تەرەپتىن دوق قىلغىلى تۇردى:

— ھە، كاشغەرلىك ئىكەنسەن - دە!

— بىلىپ قوي، بىزمۇ ساڭا ئوخشاش كاشغەرلىكلەرنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمىز.

— ئەمدى ئوردىغا بارغىنىڭ بىكار. ئۇ يەردىكى كاشغەرلىك، سەمەرقەنتلىك بۇرادەرلىرىڭنىڭ قاچقىنى قېچىپ، تۇتۇلغىنى تۇتۇلۇپ بولدى.

— سىلەر، سەمەرقەنتلىكلەر بىلەن كاشغەرلىكلەر بىرلىشىپ تەختنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشتىڭلار. ئەمدى يېڭى سۇلتانىمىز سىلەرنى سوراق قىلىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— يېڭى سۇلتان كىم؟ — دەپ تېنىمەي - تەمتىرىمەي سورىدى مەھمۇد.

— كىملىكىنى بىلمەمتىڭ، كالۋا، مەلىكشاھنىڭ ئوغلى

بولمامدۇ.
— مەن قانداق بىلەي، — دېدى مەھمۇد ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ، — مەلىكشاھنىڭ تەختى بىر، لېكىن ئوغلى تۆت.
— قارىغىنا بۇنى! خېلى سۆزمەن بىرنېمە ئىكەن جۇمۇ.
— خېلى چوڭ ئەمەل تۇتقان بىرنېمىدەك قىلىدۇ.
— تايىنلىق، تۇركەن خاتۇننىڭ يالاقچىلىرىدىن بىرى بولمامدۇ.
— تۇتۇڭلار ئۇنى، ئاپىرىپ گۇندىخانىغا سولاپ قويۇڭلار.
كېيىن بەگ ـ غوجىلىرىمىز ئۆزلىرى سوروشتۇرۇۋالسۇن.
ئەيزە تۇتقان تۆت چېرىك مەھمۇدنى ئىتتىرىپ ماڭدى. «گۈلپەرى يالغۇز قالدى» دەپ يۈركى ئېچىشقان ھالدا ئويلىدى مەھمۇد، لېكىن گەپ قىلمىدى، چۈنكى بۇ ئادەملەرگە گەپ قىلىش خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساز چالغاندەكلا بىر ئىش بولاتتى. ئىسپاھاندەك يىراق يەردىن بۇ يەرگە ئۇرۇش قىلىش، باستۇرۇش، بويسۇندۇرۇش ئۇقۇمىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن قوللىرىدا پولات تىغلارنى تۇتۇپ كەلگەن بۇ ساۋاتسىز ياش يىگىتلەر شۇ تاپتا دۈشمەنلىشىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى بەك ئاددىي ھەم ئۇدۇللا ئىدى. «تۇركەن خاتۇن سەمەرقەنتلىك، كاشغەرلىك كەلگۈندىلەرگە تايىنىپ تەختنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى. چوڭ شاھزادە بېركيارۇق ئىسپاھانلىقلارغا تايىنىپ بۇ ئايال ھۆكۈمرانىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. دېمەك، ئەمدى سەمەرقەنتلىكلەر بىلەن كاشغەرلىكلەرنى يوقىتىش كېرەك».
ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى ئەنە شۇنىڭدىنلا ئىبارەت ئىدى. غالىبلىق ھېسسىياتى بىلەن روھلانغان بۇ ساددا ئادەملەر قارىغۇلارچە يۇرتۋازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. شۇ پەيتتە ئۇلارنى ھەرقانداق تەسىرلىك گەپ بىلەنمۇ قايىل قىلغىلى بولمايتتى.
مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئۆمرىدە كۆپ ئازاب چەككەن، كۆپ ئىشلارنى، كۆپ يەرلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، تېخى گۇندىخانىنى

كۆرۈپ باقمىغانىدى، مانا ئەمدى شۇ گۇندىخانىنى «زىيارەت» قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى. «مەيلى، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر، — دەپ ئويلىدى ئۇ چېرىكلەرنىڭ قورشاۋىدا ئادەمسىز قاراڭغۇ كوچىلارنى بويلاپ كېتىۋېتىپ، — باشلىقلىرى سوراق قىلىشقا چاقىرسا ئەھۋالنى چۈشەندۈرىمەن. ئۇلار مېنىڭ سالاھىيىتىمنى ئۇققاندىن كېيىن قويۇۋېتىشى مۇمكىن».

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئوردا ئالدىدا قالغان چېرىكلەر بىردەم غۇلغۇلا قىلىشتى:

— ئۇنىڭ زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملىكىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپلا تۇتقۇن قىلدۇق. كېيىن باشلىقلىرىمىزدىن دەشنەم يەپ قالارمىزمۇ؟

— راست، بىزگە كاشغەرلىك بولسىلا ھەممىسىنى تۇتۇڭلار دەپ بۇيرۇق بېرىلمىگەنغۇ.

— لېكىن ئۇ ئوردىدا خىزمەت قىلىدىكەن. شۇنداق بولغاندىن كېيىن تۈركەن خاتۇننىڭ ئادىمى بولمامدۇ!

بىر چېرىك بۇ تالاش - تارتىشقا ئارىلاشماي خىيال سۈرۈپ قالدى.

— ھەي بۇرادەرلەر، — دېدى ئۇ، — قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ بىر گەپنى توغرا قىلدى.

— قايسى گەپنى؟

— ناھايىتى مەنىلىك گەپ قىلدى.

— قانداق مەنىلىك گەپ ئۇ؟ ئەزمىلىك قىلماي دېمەمسەن.

— ئۇ «مەلىكشاھنىڭ تەختى بىر، ئوغلى تۆت» دېگەن گەپنى ئېيتتى. بۇگۈن مەھمۇد، بېركىيارۇق دېگەن شاھزادىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقتى. ئەتە - ئۆگۈن يەنە قايسى شاھزادە يەڭ شىمايلاپ چىقىدۇ؟ بىز بۇگۈن باغداتقا كەلدۇق. ئەتە - ئۆگۈن يەنە قەيەرلەرگە بېرىپ جەڭ قىلىمىز؟

يېشى چوڭراق بىر چېرىك ئۇنىڭغا تەنبىھ بەردى:

— ھەي ئەخمەق، «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە»

دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلما. بۇ سەندەك، بىز دەكلەرنىڭ ئويلايدىغان ئىشىمىز ئەمەس.

※ ※

سابىق باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇكنىڭ يېقىن ياردەمچىسى ھېكىم مەۋسۇلى ناھايىتى تېزلىكتە ئىسپاھانغا يېتىپ بېرىپ، باغداتتىكى ئەھۋالدىن خەۋەر يەتكۈزدى. سۇلتان جەمەتى دەرھال چوڭ شاھزادە رۇكنەددىن بېركىيارۇقنى سالجۇقىيلارنىڭ بۈيۈك سۇلتانى دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەرھۇم مەلىكشاھنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە ئىسپاھان مۆتىۋەرلىرىدىن بولۇپ بىرمۇنچە ئادەم ئۇن بىر ياشلىق سۇلتان بېركىيارۇقنى ئارىغا ئېلىپ، زور قوشۇن بىلەن باغداتقا يۈرۈش قىلدى. ئەلۋەتتە، ھېكىم مەۋسۇلمۇ شۇلار بىلەن بىللە ئىدى.

باغدات دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن سۇلتان بېركىيارۇق بىر قىسىم ھىمايىچىلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى قارارگاھتا قالدى. بىر قىسىم ئەمەلدارلار ھېكىم مەۋسۇلنىڭ باشچىلىقىدا بىرنەچچە مىڭ چېرىك بىلەن شەھەرگە ۋە ئاندىن ئوردىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

تۇركەن خاتۇن ئۆزىنىڭ شورپېشانە ئوغلى مەھمۇد بىلەن بىللە نەزەربەند قىلىندى.

تۇركەن خاتۇنغا بەيئەت قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ قاچقىنى قېچىپ، تۇتۇلغىنى تۇتۇلدى.

شائىر ئەبۇ بەكىر قەففال شاشى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ ئوردا ئاتخانىسىغا كىرىپ، بىر ئاتنى ئەمدىلا يېتىلەپ چىقىشىغا ئىسپاھانلىق چېرىكلەر كىرىپ قالدى. مېڭىسى قىزىپ كەتكەن چېرىكلەر ھەممە ئىشنى بەكمۇ تېز جىمىقتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

— تۇركەن خاتۇننى مەدھىيىلەپ نەزم يازغان ئاشۇ! — كىمدۇ بىرى قەففال شاشىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.

گەپنىڭ ئايىغى چۈشمەي تۇرۇپلا يادىن ئۆزۈلگەن ئىككى پاي ئوق شائىرنىڭ كۆكرىكى ۋە قورسىقىغا سانجىلدى .
ھېكىم مەۋسۇلى ئوردىغا كىردى . ئۇ يېڭىدىن كەلگەن ئەمەلدارلارنى ھەر تەرەپكە بۇيرۇپ ، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ قولى سەل بوشىغاندىن كېيىن تېز - تېز قەدەم تاشلاپ ، مەرھۇم باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇكنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى . ئۇ ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۇدۇل خانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كەلدى - دە ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ گىلەمنى قايرىدى .
— خۇداغا شۈكۈر ، ھەرنېمە بولسا ، جايىدا ئىكەن ، — دېدى ئۇ يېنىكلەپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان تەلەپپۇزدا ، ئاندىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ ، ئىشىك تۈۋىدە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان چېرىكلەرنى چاقىردى .
— بۇ يەرنى كولاڭلار ، — دېدى ئۇ بۇلۇڭنى كۆرسىتىپ .
بۇ يەرنىڭ تېخى يېقىندا تىندۇرۇلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . چېرىكلەر تېخى چىڭدىلىپ كەتمىگەن يۇمشاق توپىنى قىلىچ ۋە نەيزىلەر بىلەن ئاسانلا كولاپ ، كۆمۈپ قويۇلغان كىچىككىنە تۆمۈر قاپلىق ساندۇقنى تارتىپ چىقاردى .
شۇ ئەسنادا يەنە بىر ئىسپاھانلىق ئەمەلدار كىرىپ كەلدى .
— بۇ نېمە ، ھەزرىتى مەۋسۇلى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .
مەۋسۇلى ساندۇقنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ ، يېشىل كىمخابقا ئورالغان بىر بولاق نەرسىنى چىقاردى . ئىسپاھانلىق ئەمەلدار يېقىن كېلىپ قارىدى . مەۋسۇلى كىمخاب رومالنى يېشىپ ، قېلىن بىر دەستە قولىيازمىنى يالىڭاچلىدى .
— بۇ ، رەھمەتلىك نىزامىلمۇلۇك يازغان «سىياسەتنامە» نىڭ ئىككىنچى جىلدى ، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ ، — بۇ جىلد تېخى يېزىلىپ پۈتمىگەنىدى . شۇڭا ، تېخى تۈپلەنمىگەن ۋە مەلىكشاھقا تاپشۇرۇلمىغان ، مەن ئىسپاھانغا مېڭىش ئالدىدا بۇنى رەھمەتلىك بىلەن ئىككىمىز مۇشۇ يەرگە كۆمگەنىدۇق . رەھمەتلىك كۆڭلى تۇيغاندەك ، «ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ، رەقىبلەرنىڭ

قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن» دېگەنىدى.

— ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار تېپىۋالماپتۇ، — دېدى ئىسپاھانلىق ئەمەلدار.

مەۋسۇلى قولىيازمىلارنى يەنە شۇ يېشىل رومالغا ئوراپ چىگدى ۋە قولتۇقىغا قىسىپ ئورە قوپتى.

— بۇنى سۇلتان رۇكنەددىن بېركىيارۇق ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىمەن، — دېدى ئۇ، — ھە، قېنى، ئەمدى سۇلتاننى كۆتۈۋېلىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلايلى.

※ ※

گۈلپەرى كېچىچە ئۇخلىماستىن يىغلاپ چىقتى. ئۇنىڭ كىچىككىنە ئوغلى يۇسۇپ بولسا، ھېچنېمىنى بىلمەي ئۇخلاپ ياتاتتى. ساقال - بۇرۇتلىرى ئاپئاق بولۇپ، مۈكچىيىپ قالغان قېرى خىزمەتكار پۈتلىرىنى سۆرەپ كىرىپ گۈلپەرىگە تەسەللى بېرىپ باقتى، نەتىجىسى بولمىغاندىن كېيىن: «ئەي خۇدا، ئۆزۈڭ ئاسانچىلىق بەرگەيسەن» دەپ كۆسۈرلاپ ئايەت ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ، تام تۈۋىدە ئولتۇردى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ ئەسنەشكە باشلىدى، ئاياك بېشى تېخىمۇ ساڭگىلاپ كەتتى ۋە ئىنجىقلاپ تەستە قوپۇپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ كۆپچىدىن قالغان بولغاچقا، ئۆي ئىشلىرىنىڭ ئاساسلىق سالمىقىنى گۈلپەرى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئىنگە - چاقىسىز بۇ بوۋاي بولسا، نىشاپۇردىن مەھمۇد بىلەن بىللە كەلگەن بولۇپ، مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغانىدى.

ئەتىسى كۈنى سەھەردىلا گۈلپەرى پۈركەنچىسىنى يېپىنىپ ئۆيدىن چىقتى.

— دادام بىلەن ئىلتەمۇرنى ئىزدەيمەن، — دەپ قىسقىلا چۈشەنچە بەردى ئۇ قېرى خىزمەتكارغا.

گۈلپەرى ئۆيدىن چىقتىيۇ، قەيەرگە بېرىشنى بىلمىدى.

ئاخىر ئېسىنى يىغىپ ، بىرنەچچە تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ چىقتى . ھېچ يەردىن ئىككىسىلەننىڭ دېرىكىنى ئالالماي ئوردا ئالدىغا باردى . ئوردا ئالدىدا تېخىچە قورۇقچى چېرىكلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى . ئۇلار گۈلپەرىنى ئوردىغا كىرگۈزمىدى .

— كىرىشكە بولمايدۇ ، يولۇڭغا ماڭغىن ، خانئايىم .

گۈلپەرى يىغلىغۇدەك بولۇپ يېلىندى :

— دادامنۇ ، ئېرىمنۇ ئىككىلىسى ئوردىدا خىزمەت قىلىدۇ . مەن كىرىپ سورۇشتۇرۇپ باقاي . مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار ، ئاكىلار ، رەھىم قىلىڭلار . قىلغان ياخشىلىقىڭلار مەندىن يانمىسا ، خۇدادىن يانار .

رەھىم قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى .

— كىرىشكە بولمايدۇ دېدۇققۇ . ئۇقۇۋاتامسەن؟ ياخشىسى ، خوتۇن كىشى بولغان كېيىن ھەر يەرلەردە لاغايلاپ يۈرمەي ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت .

— داداڭ بىلەن ئېرىڭ ئوردىدا خىزمەت قىلغان بولسا ، تۇركەن خاتۇننىڭ قولچۇماقلىرىدىن بولغىيتتى ، ئۇنداقلار قېچىپ كەتمىگەنلا بولسا گۇندىخانىدا . شۇ ياقلارغا بېرىپ ئىزدەپ باققىن ، خانئايىم .

گۈلپەرىنىڭ بېشى ئايلاندى ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى ، لېكىن غەيرەت قىلىپ يەنە ماڭدى . گۇندىخانىغا باردى . بۇ يەردىكى قاراۋۇللار تېخىمۇ قوپال ئىدى . ئۇلار گۈلپەرىنى ئىشىك ئالدىغا يېقىنمۇ كەلتۈرمىدى .

— بولمايدۇ ، بولمايدۇ ، نېرى ماڭ !

تارالمىغان ئۇزۇن چاچلىرى چىگىشلىشىپ ، پاخپىيىپ كەتكەن سېمىز ئەرەب گۇندىپاي قوللىرىنى شىلتىپ ، ئالىنىپمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ كەتتى . گۈلپەرى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىدى . ئۇ ئەرەب تىلىنى بىلمەيتتى .

— ئاڭلاۋاتامسەن؟ دەرھال كەتمىسەڭ سېنىمۇ گۇندىخانىغا

سولايمەن دەۋاتىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى بىر تۈرك قاراۋۇل.

— بۇ يەرگە كىملەرنىڭ سولانغانلىقىنى بىزمۇ بىلمەيمىز.

بۇنى باشلىقلار بىلىدۇ، — دېدى يەنە بىر قاراۋۇل.

گۈلپەرى يىغلاپ - قاقشاپ قايتىپ كەتتى. قايتىپ كېلىپ ئۆيدە ئولتۇرالمىدى.

«ياق، ئۇلارنى تاپمىسام بولمايدۇ» دېدى ئۇ ۋە ھۆكۈرەپ يىغلىغان پېتى يەنە چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ۋە ئەتىسى بولۇپ، ئىككى كۈن ئۇدا گۈلپەرى كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ، دىۋان، قازىخانا ۋە تۈرلۈك مەھكىمىلەرنى ئارىلاپ چىقتى، بەزى يەرلەرگە كىرەلىدى، بەزى يەرلەرگە كىرەلمىدى. كىرگەن يەرلىرىدە ساپلا يېڭى ئەمەلدارلار بولغاچقا، ئۇلار ئىلتەمۇرنى تونۇمايتتى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نامىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار بۇ ئىككىيلەننىڭ نېمە بولغانلىقىنى، قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

گۈلپەرى بارغۇدەكلا يەر بولسا ھەممە يەرگە باردى. ئاخىر، قاراڭغۇ چۈشكەندە ھېرىپ - ئېچىپ، ماغدۇرىدىن كەتكەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئوغلى يۈسۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېسىلدى. گۈلپەرى ئىشىك تۈۋىدىلا ئولتۇرۇپ ئوغلىنى باغرىغا چىڭ باستى.

— ئاپا، يىغلىما، — دېدى كىچىك يۈسۈپ ۋە ئاپىسىنىڭ يۈزىنى سىلاپ، چىرايىغا قارىدى.

گۈلپەرى يىغلىمىدى. ئۇنىڭ يىغلىغۇدەك ھالىمۇ قالمىغانىدى.

— غىزا يېۋېلىڭ، قىزىم، — دېدى خىزمەتكار بوۋاي پۇتلىرىنى سۆرەپ چىقىپ.

گۈلپەرى جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ خېلىغىچە ئوغلىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ خىزمەتكار

بوۋايغا قارىدى.

— ئەتە قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئوردىغا كىرىمەن، — دېدى ئۇ.

※ ※

يېڭى سۇلتان رۇكنەددىن بېركيارۇق ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن ئوردىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش ۋەزىر بۇ ئۆسمۈر سۇلتاننى ئالتۇن تەختنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— بۇ، شەۋكەتلىك ئاتىڭىز مەلىكشاھتىن سىزگە مىراس قالغان تەخت، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، — قېنى، ئولتۇرغايسىز، سۇلتانىئول ئەزەم.

بېشىغا ئالتۇن تاج، ئۇچىسىغا ئۇزۇن زەرباپ تون كىيدۈرۈلگەن بېركيارۇق دۇپدۇگىلەك قارا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېگەندەك ئاڭقىرالماي، ئاستا كېلىپ تەختكە ئولتۇردى. سورۇندا جەم بولغان شۇنچە كۆپ ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار چوڭقۇر ئېگىلىپ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. ئۇن بىر ياشلىق سۇلتان ئۇلارغا قاراپ ئوڭايسىزلاندى، بىر يەرلىرى سىقىلىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى ۋە ئۇشتۇمتۇت ئىسپاھاندا قالغان ئانىسىنى سېغىنىپ كەتتى.

— بولدىلا، ئىسپاھانغا كېتەيلىچۇ، — دېدى ئۇ يېنىدا تۇرغان باش ۋەزىرنىڭ يېڭىدىن تارتىپ.

باش ۋەزىر ئېگىشىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ماقۇل، ئىسپاھانغا كېيىن كېتەيلى. ھازىر گەپ قىلماي ئولتۇرۇڭ، سەت بولىدۇ. سىز بۈيۈك سۇلتان بولدىڭىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟

ھېكىم مەۋسۇلى قېلىن بىر دەستە قولىيازمىنى قوش قوللاپ كۆتۈرۈپ تەختنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بۇ، مەرھۇم باش ۋەزىر نىزامىلمۈلۈك يازغان

«سىياسەتنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ داۋامى، جەمئىي ئون بىر باب.
سۇلتانىۇل ئەزەمگە تەقدىم قىلىۇرمەن، — دېدى ئېگىلىپ تۇرۇپ ۋە قولىيازمىنى قوش قوللاپ ئالدىغا ئۇزاتتى.
يېڭى باش ۋەزىر سۇلتان بېركيارۇقنا ۋاكالىتەن قولىيازمىنى قوبۇل قىلىپ ئالدى.
— بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمى يېتىپ كەتمىگەنلىكى بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئۇ مەۋسۇلىگە قاراپ، — رەھمەت، سىزگە.
مەزكۇر باش ۋەزىر بېركيارۇق تەرەپكە بۇرۇلۇپ چۈشەندۈردى:
— بۇ «سىياسەتنامە» رەھمەتلىك سۇلتان ئاتىڭىزنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان. ئەمدى بىزمۇ خۇددى سۇلتان مەلىكشاھقا ئوخشاش بۇ ئەسەرنى خىزمەتلىرىمىزگە دەستۇر قىلىمىز.
بېرگيارۇق بۇ گەپلەرگە نېمىدەپ جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمەي، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ باش ۋەزىرگە قارىدى ۋە ئىختىيارسىز تۇردە بېشىنى ئىتتىك ـ ئىتتىك لىڭشىتىپ، تەستىقلىغانلىق ئىپادىسىنى بىلدۈردى.
شۇ ئەسنادا ئوردا مۇھاپىزەت قىسمىنىڭ قوماندانى ئالدىراپ كىرىپ تەختنىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى.
— دات، سۇلتانىۇل ئەزەم! — دېدى ئۇ تەزىم قىلغاندىن كېيىن.
— سۆزلەڭ، — دېدى تەختنىڭ يېنىدا تۇرغان باش ۋەزىر.
— سۇلتانىۇل ئەزەمگە مەلۇم بولسۇنكى، ئوردا ئالدىدا مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلدى. دەرۋازا ئالدىغا خالايىق يىغىلىۋالدى. ئۇلار مەھمۇد كاشغەرىينى گۇندىخاندىن چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.
— مەھمۇد كاشغەري گۇندىخاندىمىدى؟ — دەپ سورىدى باش ۋەزىر.

— ئۇنى مۇھاپىزەتچى چېرىكلەر تۇتۇۋالغانىكەن، — دېدى ھېكىم مەۋسۇلى.

— بولماپتۇ، — دېدى باش ۋەزىر نارازى بولغان تەلەپپۇزدا، — ئالىملارنى سولاپ قويۇش ياخشى ئىش ئەمەس.

— بۇيرۇقلىرىنى كۈتىمەن، ھەزرەتلىرى، — دېدى مۇھاپىزەتچىلەر قوماندانى تاقەتسىزلىنىپ.

باش ۋەزىر بېرىكيارۇققا:

— سۇلتانۇل ئەزەم، مۇراسىمنى ئاياغلاشتۇرساق بولارمىكىن. ئارام ئالغايسىز. بىز چىقىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى.

بالا سۇلتان بۇ زېرىكىشلىك مۇھىتتىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، مەھرەملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تېز - تېز مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

باش ۋەزىر مۇھاپىزەتچىلەر قوماندانى بىلەن بىللە ئوردا سېپىلىنىڭ ئۈستىگە چىقتى.

— ئادەم بەك جىق توپلىنىپتۇ، — دېدى باش ۋەزىر تۆۋەنگە قاراپ.

— نەچچە مىڭغا يېتىدۇ، — دېدى مۇھاپىزەتچىلەر قوماندانى ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ.

تۆۋەندە، سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئەتراپىدا مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر مۇھاپىزەتچى چېرىكلەرگە ئاللىنېمىلەرنى دەپ توۋلىماقتا، قوللىرىنى شىلتىماقتا ۋە بارغانسېرى چېرىكلەر سېپىنى قىستاپ ئارقىغا سۈرمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن غەزەپ ۋە قەتئىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

باش ۋەزىر خۇددى دولقۇنلۇق دېڭىزدەك داۋالغۇپ تۇرغان بۇ زور توپقا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مۇھاپىزەتچىلەر قوماندانىغا بۇرۇلۇپ قاراپ شۇنداق دېدى:

— بۇيرۇقۇمنى يەتكۈزۈڭ، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي دەرھال ئازاد قىلىنسۇن.

قوماندان پەسكە چۈشۈپ ئىتىغا مىندى ۋە بىر بۆلۈك ئاتلىق چېرىكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقتى . خالايىق ئۇلارنىڭ ئالدىغا دەۋرەپ كېلىپ چۇقان سالدى .

— مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىينى چىقىرىپ بېرىڭلار !

— مەھمۇد كاشغەرىي قويۇپ بېرىلسۇن !

— مەھمۇد كاشغەرىينى قويۇپ بېرىڭلار !

— مەھمۇد كاشغەرىي چىقمىغۇچە بۇ يەردىن كەتمەيمىز !

مۇھاپىزەتچىلەر قوماندانى بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، خالايىقنى جىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى ۋە كۈچلۈك ئاۋازدا ۋارقىراپ مۇنداق دېدى :

— خالايىق ، تىنچلىنىڭلار ! مەھمۇد كاشغەرىي ھازىر قويۇپ بېرىلىدۇ . مانا مەن ئۇنى گۇندىخانىدىن ئاچىقىشقا ماڭدىم .

بەجايىكى ، بوستانلىق ئىچىدىن باھار شامىلى گۈركىرەپ ئۆتكەندەك ، خالايىق ئىچىدىن خۇشاللىق سادالىرى كۆتۈرۈلدى . بەجايىكى باھار قۇياشى غۇنچە - پورەكلەرنى ئېچىلدۇرغاندەك ، تەبەسسۇم نۇرلىرى غەزەپلىك چىرايلارغا تەنتەنىلىك تۈس بەردى .

— بولدى ، تارقىلىپ كېتىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى قوماندان ۋە ئېتىنى دېۋىتىپ مېڭىشقا تەمشەلدى .

لېكىن ، خالايىق تارقالمىدى .

— بىزمۇ بارىمىز ! — دەپ ۋارقىرىدى كىمدۇ بىرى توپ ئىچىدىن .

بىرنەچچە مويسىپىت كىشىلەر توپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن پۈركەنچىگە ئورىنىۋالغان ياش بىر چوكان چىقىپ كەلدى .

— كېلىنىڭ ، قىزىم ، بۇياققا ئۆتۈڭ ، — دېيىشتى مويسىپىتلەر ۋە چوكاننى ئارىغا ئېلىپ مېڭىشتى .

— بۇ كىم ؟ — دەپ سورىدى قوماندان چوكاننى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ .

— مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قىزى ، — دەپ جاۋاب

بىرىشتى ئۇنىڭغا كىشىلەر .

قوماندان ئارتۇق گەپ قىلمىدى ۋە چېرىكلەر بىلەن بىللە ئىتنى چاپتۇرۇپ ، گۇندىخانا تەرەپكە كەتتى . ئۇردا ئالدىدا توپلانغان خالايىقمۇ گۇلپەرىنى ئالدىغا سېلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى .

مەھمۇد كاشغەرىي گۇندىخانىدىن چىقىپ دەرۋازا ئالدىدا توختاپ قالدى . سانجاق - سانجاق بولۇپ توپلانغان خالايىق ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى . ئۇلار گۇندىخانا دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەلگەن مەھمۇد كاشغەرىينى كۆرگەندىن كېيىن خۇشاللىقىنى باسالماي قېلىشتى . كىشىلەر توپى خۇددى مەۋج ئۇرۇۋاتقان پايانسىز دېڭىزدەك داۋالغۇپ ، شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈلدى .

— چىقتى !

— مەھمۇد كاشغەرىي چىقتى !

گۇلپەرى يىغلىغان پېتى كىشىلەر ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئۆزىنى مەھمۇدنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى .

— دادا ... جېنىم دادا !

بىرنەچچە مويسىپىتمۇ يېقىن كېلىپ ، مەھمۇد بىلەن قول ئېلىشىپ سالاملاشتى .

مەھمۇد كاشغەرىي مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر توپىغا كۆز تىكتى . گۇندىخانا دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيدان ھەقىقەتەنمۇ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى . كىشىلەر مەيدانغا پاتماي ياندىكى كوچىلار-غىمۇ تىقىلىپ كەتكەنىدى . تۈركلەر ، ئەرەبلەر ، پارسلار ... ياش - قېرى ، ھەر كەسىپ ، ھەر ساھەنىڭ ۋەكىللەر ... شۇنچە كۆپ ئادەم . پۈتۈن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن تېرىلىپ كېلىپ بۇ يەردە جەم بولغان بۇ ئادەملەر ھەممىگە ئورتاق بولغان بىر نىشانىنى كۆزلەيتتى . ئۇلار باشتا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ غەزەپلىك چۇقان كۆتۈرۈشكەنىدى ، ئەمدى ئۇنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈپ شادلىق تۇيغۇسى بىلەن تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى . كىشىلەر ساقال - بۇرۇتىنىڭ تەگدىن تولىسى

ئاقارغان ئوتتۇرا بويلۇق بۇ ئالىمغا قاراپ خۇددى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى ئۇچرىتىپ قالغاندەك ھاياجانلانماقتا، خۇددى جەننەتتىن چىققان پەرىشتىنى كۆرگەندەك خۇشال بولماقتا ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز تۇردە ياش كەلدى. ئۇ ئۇز نامىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن بۇنچىلىك چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى تېخى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى، ئىنسانلار ئۇچۇن قانچىلىك مەنىۋى بايلىق ياراتقانلىقىنىمۇ ئويلاپ قويمايتتى، مىننەت قىلمايتتى. ئۇ ئەگرى نىيەت، چاكىنا غەرەزلەر ئارىلاشمىغان پاك قەلبى بىلەن ئەمگەك قىلىپ ياشىدى. ئۇ ئىلىمگە بولغان تۈگىمەس مۇھەببىتى بىلەن ئۆزىنى تەتقىقات ۋە مەرىپەت ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. ئۇ ئىنسانلارنى ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئىنسانلارنىڭ ئىستىقبال يولىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئىلىم ۋە مەرىپەت ئىشلىرىغا سادىق ئىدى.

ئۇ ھاياجانغا ۋە مىننەتدارلىققا بولغان نەزىرى بىلەن خالايىققا بىر ئەسناغىچە قاراپ تۇردى. ئۇ گەپ قىلمىدى. بولۇۋاتقان ھەممە ئىشلار ناھايىتى چۈشىنىشلىك. ئۇ خەلقنىڭ قەلبىنى چۈشەندى، خەلقمۇ ئۇنى چۈشىنىدۇ، سۆز بىلەن چۈشەندۈرمىسىمۇ چۈشىنىدۇ.

گۆلپەرى ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇراتتى.

— يورۇڭ، دادا، — دېدى ئۇ.

سانجاق - سانجاق بولۇپ تۇرغان ئاشۇ كىشىلەر ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يول بوشىتىپ بەردى. مەھمۇد بىلەن گۆلپەرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سالماقلىق قەدەم تاشلاپ ماڭدى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گۆلپەرى تەسىرلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— بۈگۈن سەھەردە ئوردىغا بېرىپ، سىزنىڭ ئىزدەك - سورىقىڭىزنى قىلاي دەپ چىقسام، كوچا - كوچىلاردىن يىغىلىپ كېلىۋاتقان ئادەملەرگە يولۇقتۇم. ئۇلار ماڭا قاراپ: «مەھمۇد

كاشغەرىينىڭ قىزى» دېيىشتى ـ دە ، مېنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ماڭدى . بىز ئورۇدا ئالدىغا يېتىپ كەلگۈچە ئادەملەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى ...

مەھمۇد ئەتىسى كۈنى ناشتىدىن كېيىن ئورىدىغا باردى . ئۇنى ھېكىم مەۋسۇلى قوبۇل قىلدى .

— مەرھابا ، ھەزرەتلىرى ، — دېدى ئۇ ھۆرمەتلەش ئىپادىسى بىلەن كۈلۈمسىرەپ .

— ئوغلۇم ئەكبەر ئىلتەمۇر گۈندىخانىغا كىرىپ قاپتۇ ، — دېدى مەھمۇد گەپنى ئەگىتمەيلا ، — ھەرقايسى ئۇلۇغلىرىمىز ئىلتىپات قىلىپ ، شۇ يېتىم ئوغلۇمنى ئۆيگە قايتۇرۇۋەتكەن بولسىلا ، ھەرقايسىلىرىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولغان بولاتتىم .

مەۋسۇلى تامىقىنى قېقىپ قويۇپ ، بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— ھازىر بولماسمىكىن ، ھەزرەتلىرى ، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلانغان ئاھاڭدا ، — ئىلتەمۇر سېپىلگە چىقىپتىكەن . ئىسپاھان قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە باش ۋەزىر تېخى بىرنېمە دېمىدى .

مەھمۇد ئىلاجىسىزلىقتا قايتىپ كەلدى ۋە كۈن بويى ئىچى تىتىلداپ ، تۈن بويى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى . ئىككىنچى كۈنى ، ئۇنىڭ يا غىزاغا ئىشتىھاسى تارتمىدى ، يا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىشقا ئاغزى بارمىدى ، چىرايى تۇتۇلۇپ ، ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇردى . گۈلپەرىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئۈنسىز يىغلاپ تۇراتتى . ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بىر ئۈمىدلىك پىكىر مەھمۇدنىڭ دىلىغا دەرمان بەردى .

— ئىلتەمۇر يېزىۋاتقان تارىخىي خاتىرىلەر قەيەردە ؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد گۈلپەرىگە جىددىي قاراپ .

— ھۇجرىدا ... ساندۇقتا .

— چاققان بولۇڭ ، قىزىم ، ساندۇقنى ئېچىڭ .

گۈلپەرى ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى ۋە قېلىن بىر دەستە قولىيازمىنى چىقىرىپ مەھمۇدقا بەردى.

مەھمۇد قولىيازمىلارنى ئېلىپ دەرھال ئوردىغا چاپتى ۋە ئۇدۇل باش ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كىردى.

— باش ۋەزىر ھەزرەتلىرى، ئۆزلىرىگە بۇ ئەسەرنى تەقدىم قىلاي دەپ كەلدىم. بۇنىڭغا رەھمەتلىك مەلىكشاھ دەۋرىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. قوبۇل قىلغايلا.

— ھەشقاللا، مەۋلانە مەھمۇد كاشغەري. بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى كىم بولىدۇ؟

— پېقىرنىڭ بىر يېتىم شاگىرتى.

ئارىدىن بەش - ئالتە كۈن ئۆتكەندە باش ۋەزىر ئۆزى مەھمۇد كاشغەرىينى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى.

— سىز تەقدىم قىلغان ھېلىقى ئەسەرنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ ئۇ شاگىرتىڭىز ھازىر قەيەردە؟

— سىز ئىلگىرى ئىسپاھاندا تۇرغاچقا، ئۇنى تونۇمايسىز، — دېدى مەھمۇد، — ئۇ ئەسلىدە باغداتتىكى ئوردا تارىخچىسى ئىدى، ھازىر گۇندىخانىدا ياتىدۇ.

ئالىم بىلەن باش ۋەزىر ئىلتەمۇر توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتى.

— ئىلتەمۇر بۇ خاتىرىلەرنى بەك ياخشى يېزىپتۇ، — دېدى ئاخىرى باش ۋەزىر سۆھبەتنى خۇلاسىلەپ، — بۇنداق ئادەملەر بىزگە كېرەكلىك. ئۇنى گۇندىخانىدىن ئازاد قىلىمىز. ئۇ يەنە ئوردىدا تارىخ يېزىشنى داۋاملاشتۇرسۇن.

ئەكبەر ئىلتەمۇر شۇ كۈنىلا گۇندىخانىدىن بوشىتىلدى. ئۇ باش ۋەزىرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە داۋاملىق ئوردا تارىخچىسى بولۇپ قالدى.

مەھمۇد كاشغەري ئىلگىرىكىدەكلا ئوردىغا بارغىلى ئۇنىماي،

ئۆيدە ئۆلتۈرۈپ ئەسرىنى يېزىش بىلەن بەند بولدى.

ئارىدىن بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. بىر كۈنى ئىلتەمۇر ئوردىدىن ھاياجانغا تولغان ۋە ھودۇققان ھالدا قايتىپ كەلدى. مەھمۇد بىلەن گۈلپەرى كەچلىك غىزا راسلانغان داستىخان يېنىدا ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئەكبەر ئىلتەمۇر ئىتتىك كىرىپ كەلدى ـ دە، تېخى ئولتۇرماي تۇرۇپلا ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈن ... تۇركەن خاتۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ ...

— ھە؟ — مەھمۇد بىلەن گۈلپەرى تەڭلا خىتاب قىلىشتى.

— ھەي ... ئاشۇ مەھمۇدقا ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدى ئىلتەمۇر ئېچىنغان تەلەپپۇزدا، — ھەي ... ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن نارەسىدە بالىنى ...

گۈلپەرى كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— ئاشۇ تەختنى تالىشىشتىن چىقىۋاتقان بەختسىزلىكلەرغۇ بۇ، — دېدى ئۇ رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، — تەختكە چىقىۋالمىسا ياشىيالمايدىغاندەك قىلىشىدىكەن. شۇ تەخت ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىكەن ...

مەھمۇد كاشغەرىي بىر ھازاغىچە سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ماتەملىك ھېسسىياتى بىلەن بېشىنى ئەگدى.

— مەلىكشاھنىڭ ياش تۇرۇپلا قازا تاپقىنى يامان بولدى، — دېدى ئۇ، — ئۇ تېخى قىرىق ياشقىمۇ تولمىغانىدى. رەھمەتلىك بەكمۇ تويۇقسىز كۆز يۇمغانلىقتىن ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق تەخت ماجىراسى كېلىپ چىقتى. شاھزادىلەر تېخى كىچىك. ئۇلار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ۋە ئانا جەمەت تۇغقانلىرى ئەقىلسىزلىق قىلىپ بىر ـ بىرىگە ئۆكتە قوپتى. ھەر خىل پۇرسەتپەرەسلەر ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خانىشلاردىن پايدىلىنىپ زىددىيەتنى يەنىمۇ چوڭايتىۋەتتى. مەلىكشاھنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى. ئەمدى ئۈچى

قالدى ، لېكىن تەخت ھامان بىر . بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئىشلار بولۇپ كېتەر ؟ !

※ ※

دەرۋەقە ، تۇركەن خاتۇن ھالاك قىلىنغاندىن كېيىنمۇ سالجۇقىيلارنىڭ سۇلتانلىق تەختى ئۈستىدىكى غوۋغا بېسىقمىدى . بالا سۇلتان بېركىيارۇق ۋە يېڭى باش ۋەزىرگە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ دۇشمەنلىك سادالىرى كۈندىن - كۈنگە كۈچلۈكرەك ئاڭلىنىشقا باشلىدى . ئىسپاھاندىن تەشۋىشلىك خەۋەرلەر كەينى - كەينىدىن يېتىپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ، بېركىيارۇق باغداتقا كېلىپ ئىككى يىل ئۆتكەندە ، يەنى ئۇ ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن چېغىدا ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ھەم بەش تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئىسپاھانغا قايتىپ كەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان رۇكنەددىن بېركىيارۇق باغداتقا ئىككىنچى كەلمىدى . خۇددى كۆك ئاسماندا لەرزان لەيلەپ ئۆتۈۋاتقان يېنىك ئاق بۇلۇتلاردەك تىنچ كۈنلەر ، ئىزسىز ئايلار ئۆتۈشكە باشلىدى . خۇددى تەڭلىكتە قالغان ئادەمنىڭ ئۆزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرىدىغان تۈگىمەس خىياللىرىدەك مەڭگۈ توختىماس يىللار ئالمىشىپ ئۆتۈشكە باشلىدى . باغدات خەلقى مەلىكشاھنى سالجۇقىيلار سۇلالىسىنى يۈكسەلدۈرگەن ۋە قۇدرەت تاپقۇزغان سۇلتان دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى ؛ باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇكنى ئاجايىپ ئىقتىدارلىق دانىشمەن سۈپىتىدە ئەسلەيتتى ؛ تۇركەن خاتۇننى باغداتقا ھەرقايسى جايلاردىن نۇرغۇن ئالىملارنى يۆتكەپ كېلىپ ، ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرگەن دەپ ھېكايە قىلىپ سۆزلىشەتتى . دانىشمەن باش ۋەزىر نىزامىلمۇلۇك بىلەن ئەقىللىق ، لېكىن ئۆز سۆزلۈك خانىش تۇركەن خاتۇن ئوتتۇرىسىدىكى دۇشمەنلىشىش كەيپىياتى ۋە ئاخىرى يۈز بەرگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەر تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە

ئالاھىدە خاتىرىلىنىپ قالدى .

مەھمۇد يەنە كاشغەرگە قايتىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچقانىدى ، ئەمدى ئىلتەمۇرمۇ ، گۈلپەرىمۇ ئۇنىماي قويدى .

— سىلەرگە نېمە بولدى ؟ — سورىدى مەھمۇد ئۇلارغا ئەجەبلىنىپ قاراپ ، — ئىلگىرى مېنىڭ خاھىشىمغا سۆزسىز بويسۇناتتىڭلار . ئەمدى ئەجەب تەتۈرلۈك قىلىۋاتىسىلەرغۇ ؟

— ئىلگىرى ياش ئىكەنمىز ، ياخشى ئويلىيالماپتۇق ، — دېدى ئىلتەمۇر ، — ئەمدى بۇ يەردىكى ئوردىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ئەقىل تاپتۇق . كاشغەردىكى ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئاتىسى بىلەن سىزنىڭ ئاتا - بوۋىڭىز بىر - بىرىدىن تەخت تالاشقان رەقىبلەر تۇرسا ، ئەمدى بىز كاشغەرگە بارساق ، كۆرىدىغان كۈنىمىز قانداق بولىدۇ ؟

— بولدى ، دادا ، — دېدى گۈلپەرى ، — كاشغەرگە بېرىپ نېمە قىلىمىز ؟ بۇ يەردىمۇ كۈنىمىز ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇغۇ . كاشغەرگە بېرىپ يەنە ئوردا ماجىراسىغا چېتىلىپ قالمايلى .

مەھمۇد ئۇلارنىڭ خاھىشىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر ئىدى . ئۇلارسىز تەنھا ئۆزى قەيەرگە بارالىسۇن ؟ ئىلتەمۇر بىلەن گۈلپەرى ئۇنىڭ ئىككى قانىتىغا ئايلانغانىدى .

※ ※

يەنە ئۇزۇن يىللارغىچە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ باغداتتىن رىزقى كۆتۈرۈلمىدى . ئۇنىڭ كۈنلىرى يەنە بۇرۇنقىدەكلا قويۇق ئىلمىي مۇھىت ئىچىدىكى قىزغىن ھەم جىددىي خىزمەتلەر بىلەن ئۆتتى . ئۇ داۋاملىق خاتىرە ، رىسالە ۋە چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرنى يازاتتى ، تەرجىمە قىلاتتى ، مەكتۇپ - مەدرىسىلەر ئۈچۈن دەرسلىكلەرنى تۈزەتتى ؛ ئەنجۇمەنلەرگە قاتنىشاتتى ۋە رىياسەتچىلىك قىلاتتى ؛ تىلشۇناسلار ، ئەدىبلەر ، تارىخچىلار ، سەنئەتكارلار ، پەيلاسوپلار بىلەن سۆھبەتلىشەتتى ، پىكىر

ئالماشتۇراتتى ، مەسلىھەتلىشەتتى ؛ بولۇپمۇ ، ئۇنى تولا ئىزدەپ كېلىدىغان ئىجتىھاتلىق ياش مەۋلانىلارگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرەتتى ۋە يېتەكچىلىك قىلاتتى ... ئىشقىلىپ ، ئۇنىڭ ۋاقتى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى .

دەريا سۈيىدەك توختىماي ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان ۋاقىت مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىدىكى قارا رەڭنى پۈتۈنلەي يۇيۇپ ئەكەتتى ۋە تىنىق ئاسماندىكى ماۋۇقتەك ئاق بۇلۇتلارنىڭ تۈسىنى بەردى . قېرىلىق يەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا تېتىك ھەم تىمەن كۆرۈنەتتى . سىرتتىكى ئىلمىي پائالىيەتلەرگە ۋە ئائىلىدىكى ئۇششاق ئىشلارغا ئوخشاشلا ئۈلگۈرەتتى . ھەر كۈنى جەزمەن ۋاقىت چىقىرىپ نەۋرىسى يۈسۈپكە دەرس ئۆتەتتى . ئىلتەمۇر بىلەن گۈلپەرىمۇ ئەمدى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەملەر بولۇپ قالدى . ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن گەرچە بەك يۇقىرى دەرىجىلىك بايلار قاتارىدا تۇرمىسىمۇ ، لېكىن خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيى جەھەتتە راسا بەلەن ئورۇندا تۇرىدىغان ھەقىقىي بەختلىك ئائىلىلەرنىڭ نەمۇنىسىنى تىكلىگەنىدى . ئابباسىيلار خەلىپىسى مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن پات - پات سۆھبەتلىشىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى . سالجۇقىيلار سۇلتانىنىڭ باغداتتىكى نائىبى خىزمەت ئۈستىدە قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى . باغدات خەلقى : «بىزنىڭ شەھىرىمىزدە مەھمۇد كاشغەرىي دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇلۇغ ئالىم بار» دەپ پەخىرلىنىپ سۆزلىشەتتى .

ۋەھالەنكى ، توغرۇل بەگ ، ئالپ ئارسلان ۋە مەلىكشاھتىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد سۇلتانلار دەۋرلىرىدىكى ئوغۇز - تۈركمەنلەر شەرەپ قۇچقان كۈنلەرنىڭ ئاسايىشلىقى بۇزۇلغانىدى . سالجۇقىيلارنىڭ تەخت ماجىراسى گويا ئاياغلاشمىغاندەك كۆرۈنەتتى . دەسلەپتە مەلىكشاھنىڭ كەنجى ئوغلى مەھمۇد تەختكە ئولتۇرغۇزۇلغانىدى ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى ئاغدۇرۇپ چوڭ شاھزادە بېركيارۇق چىقتى . مانا ئەمدى ، يەنى مىلادىيە 1104 - يىلى ئۇمۇ ئاغدۇرۇلدى . ئاردىن قىسقا بىر مەزگىل ئۆتۈپ ،

مىلادىيە 1105 ـ يىلى باغداتقا ئىسپاھاندىن چاپارمەنلەر كېلىپ، ئىككىنچى شاھزادە، يىگىرمە ئۈچ ياشلىق مۇھەممەد تاپارنىڭ سۇلتان بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇلتان بېركىيارۇق مىلادىيە 1104 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى توپىلاڭ ئىچىدە ئەجەل شارابىنى ئىچكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سەبىي ئوغلى تەختكە ئولتۇرغۇزۇلغان. ئەمما، بىر ئايدىن كېيىن، يەنى مىلادىيە 1105 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ تاغىسى مۇھەممەد تاپار سۇلتانلىق تاج ۋە تەختنى ئۇتكۇزۇۋالغان.

ئاردىن يەنە ئون ئۈچ يىل ئۆتكەندە، مەرھۇم سۇلتان مەلىكشاھنىڭ يەنە بىر ئوغلى، يەنى ئۈچىنچى ئوغلى ئەھمەد سانجار تەختكە چىقتى، ئەمما بىز بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

# ئون توققۇزىنچى باب

# كاشغەر ناخشىسى

ئاببا سىيلار خەلىپىسىنىڭ مەخسۇس ئەۋەتىلگەن بىر ئەمەلدارى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— خەلىپە مۇستەزىر ھەزرەتلىرى ئەتىكى كۈندە كاشغەردىن كەلگەن ياللاۋاچلارنى رەسمىي قوبۇل قىلىش قارارىنى چىقاردى، — دېدى ئۇ مەھمۇد كاشغەرىيگە، — ياللاۋاچلار باشلىقى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلدى. خەلىپە ھەزرەتلىرى ئۆزلىرىنى ئەتىكى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى.

— خەلىپ ھەزرەتلىرىگە تەشەككۈر، — دېدى مەھمۇد ۋە تەمكىنلىك بىلەن بېشىنى ئېگىپ قويدى.

ئەتىسى كۈنى ناشتىدىن كېيىن گۈلپەرى ئالدىراپ يۈرۈپ مەھمۇدنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تەييارلاپ بەردى. چوڭ ساندۇقنى ئېچىپ، ئالاھىدە مۇھىم سورۇنلاردىلا كىيىش ئۈچۈن ئايرىپ قويغان زەرباپ تونىنى ۋە كۈمۈش رەڭ يالتىراق يىپەك سەللىنى ئالدى. باشقا بىر ساندۇقتىن تېخى كىيىلمىگەن يۇمشاق مەسە ۋە ئالتۇن باشلىق يېڭى ھاسىنى چىقاردى، ئاندىن ئىلتەمۇر بىلەن ئىككىسى مەھمۇدنىڭ كىيىنىشىگە ياردەملەشتى. ئاخىرى ئىلتەمۇر ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگەچ ھەمراھ بولۇپ ئوردىغا بىللە باردى.

ئوردا قوبۇلخانىسىغا باغداتنىڭ مۆتىۋەرلىرى ۋە ئاتاقلىق

زاتلىرى يىغىلغانىدى . مەھمۇد بىلەن ئىلتەمۇرمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، قېلىن توقۇلغان گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى . تۆردىكى سۇپىدا خەلىپە مۇستەزىر باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى .

ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، خەلىپە مۇقتەدى مىلادىيە 1094 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن خەلىپە مۇستەزىر ئاببasيلار سۇلالىسىگە يولباشچى بولغانىدى .

كاشغەردىن كەلگەن توققۇز يالاۋاچ قىممەت باھالىق لىباسلارغا پۈركەنگەن ھالدا ئالاھىدە تەنتەنىلىك قىياپەت بىلەن چوڭ ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى . باش يالاۋاچ توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ خەلىپىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى .

— پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپانىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان، ئاللا تەيىنلىگەن خەلىپە، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى مۇستەزىر بىللاھ ھەزرەتلىرى راھەت - پاراغەت ئىچىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەي، — دېدى باش يالاۋاچ، — پېقىر خاقانىيىلىك يالاۋاچ مەھمۇد ئىبنى ئابدۇجارىپ كاشغەرىينىڭ سالىمىنى قوبۇل كۆرگەيلا .

— خۇش كېلىپسىزلەر، قەدىرلىك مېھمانلار، — دېدى خەلىپە ۋە ئۆزىنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى، — مەرھەمەت قىلغايسىزلەر .

كاشغەرلىك يالاۋاچلار كۆرسىتىلگەن جايغا ئولتۇرۇشتى . باش يالاۋاچ مەھمۇد ئىبنى ئابدۇجارىپ كاشغەرىي ئۆزلىرىنىڭ باغداتقا كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى .

— خەلىپە ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولسۇنكى، خاقانىيە دىيارىنىڭ بۈيۈك خاقانى ھەسەن بۇغراخان ھىجرىيە 494 - يىلى[1] جەننەت كەبى كاشغەر شەھىرىدە باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى . ئاللا

① مىلادىيە 1102 - يىل .

ئۇنىڭ روھىنى قۇتلۇق قىلغاي! رەھمەتلىك خاقانىمىزنىڭ چوڭ ئوغلى شەۋكەتلىك ئەھمەد ئارسلانخان ئالىيلىرى تاج كىيىپ تەختكە ئولتۇردى.

— ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي، ئۆمرىنى ئۇزۇن، دۆلىتىنى زىيادە قىلغاي، — دېدى خەلپە مۇستەزىر دوستانە رەۋىشتە.

باش يالاۋاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قارا خاقانىمىز ئەھمەد ئارسلانخان ئالىيلىرى ئاللا تەيىنلىگەن خەلىپىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش بىلەن بىللە ئۆزىگە دىنىي ئاتاق بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

خەلپە مۇستەزىر ئەمدىلەتىن ئاق سانجىشقا باشلىغان قويۇق ساقىلىنى سىلاشتۇرۇپ بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

— ئەھمەد ئىبنى ھەسەن ئارسلان قاراخانىنىڭ ئىسلامچە ئاتىقى «دۆلەت نۇرى» دېگەندىن ئىبارەت بولسۇن، — دېدى ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

باش يالاۋاچ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىم قىلدى.

— ھەممەتلىرىگە كۆپ تەشەككۈر، خەلپە مۇستەزىر ھەزرەتلىرى، — دېدى ئۇ.

كاشغەرلىك يالاۋاچلار شەرىپىگە زىياپەت بېرىلدى. داستىخان تارتىلىۋاتقاندا باش يالاۋاچ مەھمۇد ئىبنى ئابدۇجارىپ خەلپە مۇستەزىردىن سورىدى:

— ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن قاچان دىدار كۆرۈشەرمىز؟

خەلپە كۆلۈمسىرەپ ئوڭ قولى بىلەن مەھمۇدنى كۆرسەتتى:

— مۆھتەرەم تىلشۇناس ئالدىڭىزدا ئولتۇرۇپتۇ.

باش يالاۋاچ دەررۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئالدىغا كېلىپ تىز چۆكتى.

— سىز بىلەن كۆرۈشمەك شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلماقتىمەن، ھۆرمەتلىك

مەۋلانە، — دېدى ئۇ بېشىنى ئېگىپ.

مەھمۇد ئۇنىڭ قولىنى ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قىستى.

زىياپەت ئۈستىدە ئۇلار ئىككىيلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشتى.

— ئەھمەد ئارسلانخان ئالىيلىرى سىزگە سالام ئېيتتى، — دېدى باش يالاۋاچ، — قارا خاقانىمىز سىزنىڭ كاشغەرگە قايتىپ بېرىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىدۇ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ تۆت قاتلاپ قوينىغا سېلىنغان مەكتۇپنى چىقىرىپ، مەھمۇدقا قوش قوللاپ ئۇزاتتى.

— مانا بۇ ئارسلانخاننىڭ مەۋلانە ھەزرەتلىرىنى كاشغەرگە تەكلىپ قىلىپ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتى، — دېدى ئۇ.

مەھمۇد خەتنى شۇ يەردىلا ئوقۇپ چىقتى.

— يۇرتۇمنى بەك سېغىندىم، — دېدى ئۇ، — ئەمدى كېتىمەن، كاشغەرگە ... كەتمىسەم بولمايدۇ...

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

⁂ ⁂

كاشغەر يالاۋاچلىرىنىڭ كارۋىنى باغدات شەھىرىدىن چىقىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە يول ئالدى. قاتار تىزىلغان تۆگىلەر ۋە ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەر ئۇزۇن سوزۇلۇپ پايانسىز چۆلگە ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتاتتى.

باغدات خەلقى ھېچقاچان بۇنداق كارامەتنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. مىڭلىغان - مىڭلىغان ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىپ كېلىپ، كارۋاننىڭ كەينىدىن شەھەر سىرتىغا چىقتى. بۇ ۋەقەنىڭ ماھىيىتىدىن خەۋەرسىز بولغان بىر قىسىم كىشىلەر ئەجەبلىنىپ سوراشتى:

— نېمە ئىش بولدى؟ شۇنچە كۆپ ئادەم قەيەرگە

كېتىۋاتىسىلەر؟ كارۋاننىڭ كەينىدىن شۇنداقمۇ ئەگىشىپ ماڭغان بارمۇ؟ بۇ كارۋاندا نېمە خىسلەت بار؟

بۇ خىل سوئاللارنى قويغۇچىلارغا كىشىلەر مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشەتتى:

— شۇنىمۇ بىلمەي نەدە يۈرگەن خەق سىلەر؟ بىلىپ قويۇڭلار، بۇ يالاۋاچلار كارۋىنى ئاتاقلىق ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينى ئېلىپ ماڭدى. بىز ئەنە شۇ ئالىمنى ئۇزىتىپ ماڭدۇق.

مەھمۇد كاشغەري كارۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۆگىنىڭ ئىككى لوكىسى ئارىلىقىغا بېكىتىلگەن سايىۋەنلىك ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى.

ئۇزاتقۇچىلار ئاتلىق، ئېشەكلىك، هارۋىلىق ۋە پىيادە بولۇپ، كارۋاندىن قېلىشماي چۆلگە ئىچكىرىلەپ كېتىۋەردى. هېچ توختايدىغاندەك ئەمەس! ئۇلارنىڭ ئاتلىقلىرى كارۋانغا يانداشىپ كېلىۋاتاتتى، ئېشەكلىكلىرىمۇ يېتىشىپ مېڭىشقا تىرىشاتتى، پىيادىلەر ئاستا ـ ئاستا ئارقىدا قېلىشقا باشلىدى.

نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى مەھمۇد پەقەت كاشغەرگە كېتىشنىلا ئويلايتتى. «كاشغەر!» دېسە كۆزلىرىگە هېچنېمە كۆرۈنمەي قالاتتى. هالبۇكى، مانا ئەمدى كارۋان كاشغەر يولىغا چۈشۈپ، چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، خۇددى ئۇنىڭ باغداتتا ئىنتايىن مۇهىم، قەدىرلىك بىر نېمىسى قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ، كۆزى قىيمىغان هالدا ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. باغدات شەهىرى بارغانسېرى ئارقىدا قېلىپ يىراقلاشماقتا ئىدى. بۇ شەهەردە مەهمۇد ئوتتۇز يىللىق هاياتىنى ئۆتكۈزدى. شۇ ئوتتۇز يىل ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان خۇشال كۈنلىرى هەم نادامەتلىك كۈنلىرى ئەنە شۇ شەهەردە قالدى. ۋەهالەنكى، ئاشۇ ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئىسسىق ۋە سوغۇقلىرىدا مەهمۇد كاشغەري گوياكى ئەبەدىي دات باسماس پولاتتەك تاۋلىنىپ يېتىلدى. ئۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر ئالىم بولۇپ يېتىلدى. شۇ كۈنلەردە،

شۇ يىللاردا ئۇ ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تارىخنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە بىرمۇنچە قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى يېزىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئاق ساقاللىق پېشقەدەم ئالىم ئاشۇ ئوتتۇز يىلغا سىڭدۈرۈلگەن جاپالىق ئەمگەكلىرى ئارقىلىق جاھاندىكى مەڭگۈ ئۆلمەس ئادەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى! ئەنە شۇ جاپالىق ۋە شەرەپلىك ئەمگەكلەر بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر باغداتتا قالدى. مەھمۇد پەقەت شۇ كۈنلەرنىڭ ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلىرىنى ئۆزى بىلەن ئەكېتىۋاتىدۇ.

مەھمۇد ئۆزاتقۇچىلارغا قارىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق دوست ـ بۇرادەرلىرى، كەسپداشلىرى، شاگىرتلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي كارۋان بىلەن بىللە كەلمەكتە ئىدى. ئۆزاتقۇچىلار ئىچىدە مەھمۇد تونۇمايدىغان ھەر ساھە كىشىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى.

كارۋان ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى. باغداتنىڭ شەھەر سېپىللىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇپۇققا ئولتۇرۇشۇپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۆزاتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بىرلەپ ـ ئىككىلەپ ئارقىدا قالدى. ئەڭ ئاخىرىدا نىزامىيە مەدرىسىلىرىنىڭ مۇدەررىس ۋە تالىپلىرى ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقان ئالىمنى ئىككى ياندىن قورشاپ ئاتلىرىنى يورغىلاتقان ھالدا يېرىم كۈنلۈك يولغىچە ئۇزىتىپ باردى، ئاندىن ئۇلارمۇ خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

مەھمۇد يېقىن كەلگۈسىدىكى ۋىسال خۇشاللىقى بىلەن كۆز ئالدىدىكى ئايرىلىش دىغى ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ روھىي ھالەتتە تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئارقىغا قاراپ قوياتتى. ئاتقا مىنگەن ئىلتەمۇر بەل ـ بويۇنلىرى تىلىپ كەتكۈچە ئۆزاتقۇچىلارغا قايرىلىپ قاراپ، قولىنى پۇلاڭلىتاتتى. گۈلپەرى لام ـ جىم دېمەستىن، بېشىدىكى رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، تۆگە ئۈستىدىكى سايىۋەنلىك ئورۇندۇقتا رىتىملىك لىڭشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ (ئۇ ھازىر بۇرۇتى

خەت تارتقان يىگىت بولۇپ قالغانىدى ) كەڭ دالىغا نەزەر سېلىپ ھۇزۇرلانغان ھالدا چوكقۇر ـ چوكقۇر نەپەس ئالاتتى ۋە ئېتىنى گاھ چاپتۇرۇپ، گاھ توختىتىپ شوخلۇق قىلاتتى. ئۇ ئۆزى ئۇچۇن سىرلىق بولغان داڭلىق كاشغەر شەھىرىنى كۆرۈشكە ھەممىدىن بەكرەك ئالدىرايتتى.

باغداتتىن چىققان يالاۋاچلار كارۋىنى چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپ، دەريا ـ ئېقىنلاردىن كېچىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ھالقىپ، مەنزىلدىن ـ مەنزىلگە كۆچۈپ، قاراخانىيلار زېمىنىگە كۈندىن ـ كۈنگە يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى. يالاۋاچلار يول بويىـى مەھمۇد كاشغەرىينى خۇددى سەبىي بالىنى كۈتكەندەك ئاسراپ، ئېگىـز ئۆتكەل، چوكقۇر ئېقىنلارغا دۇچ كەلگەندە ئۇنى ھاپاش قىلىپ مېڭىشتى، قوش قوللاپ ئاۋايلاپ كۆتۈرۈشتى.

تۆگىلەرنىڭ تەكشى قەدەم تاشلاپ مېڭىشى بىلەن كولدۇرما ساداسى ئاستىدا، ئۆتكەن كۈنلەر گويا زەنجىردەك بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ ئايلارنى ھاسىل قىلدى.

ئۇپۇقتا كۆك ئاسمان ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان كۈنگۈرلىك سېپىللەر گەۋدىلىنىپ چىقتى. كارۋان ئەھلىنىڭ ھارغىـن چىرايلىرىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى جىلۋىلەندى.

— كاشغەر!

— يېتىپ كەلدۇق!

جاپالىق سەپەرنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنىـــى سەزگەن ئات ۋە تۆگىلەرگە باشقىدىن جان كىردى. كارۋان ئىختىيارسىز تۇردە يۈرۈشنى تېزلەتتى.

※ ※

شەرقىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خاقانـــى ئەھمەد ئارسلانخان پەرىشتە سۈپەت ئاق ساقاللىق ئالىمنى شەخسەن ئۆزى ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى. بۇ پەرىشتە سۈپەت بوۋاي

مەھمۇد كاشغەري ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا ھاسىسىغا تايىنىپ بىر ئەسناغىچە شۈك بولۇپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ دەرۋازىدىكى رەڭدار سىرلانغان ئويما نەقىشلەرگە، دەرۋازا ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇرغان توققۇز قىزىل بايراققا، كۆنگۈرىلىك سېپىللارغا، سېپىللار ئۈستىدىكى نەيزە تۇتقان چېرىكلەرگە يېنىش ـ يېنىشلاپ قارايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يىراق ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىلىرى سۈرەتلىنىشكە باشلىدى. ئۇ بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدا بۇ ئوردىغا خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندەك كىرىپ ـ چىقىپ يۈرەتتى. بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخان، ئاتىسى ھۈسەين ئارسلان ئىلىكخان، ئانىسى بۇبى رابىيە مۇشۇ ئوردىدا تۇرغان...

مەھمۇد كاشغەري ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن بولۇپ قېرىغانىدى. ئۇ بىردەمنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئەسلىمىلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى، ئەلۋەتتە.

مەھمۇد كاشغەري ئەھمەد ئارسلانخان سارىيىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ئارام ئالدى. پەتە قىلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھالبۇكى، كونا تونۇشلارنىڭ تولىسى ئالەمدىن ئۆتكەنىدى، جۈملىدىن مەھمۇد قەلبىدە شۇنچە ھۆرمەتلەيدىغان دانىشمەن شائىر، پەيلاسوپ ۋە سىياسەتچى يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ يوق ئىدى. ئەمدى يېڭى تونۇشلار، يېڭى كەسپداشلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تونۇشلۇق بەردى.

مەھمۇد كاشغەري ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جايغا، يەنى ئوپالغا كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئارسلانخانمۇ رازىلىق بېرىپ، ئۇنى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى.

ئوپالدا گويا بايرام بولدى. پۈتۈن ئوپال خەلقى كاشغەر يولىغا چىقىپ، ئالىمنى ئىسسىق مېھرى بىلەن كۈتۈۋالدى. قۇچاقلىشىشلار... خۇشاللىق كۆز ياشلىرى... مەھمۇد سايۋەنلىك ھارۋىدا ئولتۇرۇپ تۆت ئەتراپقا قاناي، تويماي قارايتتى.

ئوپالنىڭ ھاۋاسى ئۇنى گويا ياشارتىپ قويغاندەك ، جېنىغا جان قوشقاندەك تۇيۇلدى .

ئازىق قەلئەسى كۆرۈندى . مەھمۇدنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ ، يۈركى ئېغىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى .

— توختاڭلار ، مەن چۈشۈپ ماڭاي ، — دېدى مەھمۇد .

هارۋا توختىدى . ئىلتەمۇر بىلەن گۈلپەرى مەھمۇدنى يۆلەشتۈرۈپ ھارۋىدىن چۈشۈردى . ئۇلار ئۇچەيلەن قولتۇقلىشىپ ئازىق تەرەپكە ئاستا ماڭدى .

— مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان ، — دېدى مەھمۇد قولى بىلەن قەلئەنى كۆرسىتىپ .

ئىلتەمۇر ، گۈلپەرى ۋە يۇسۇپ ئوپال ھەم ئازىق توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سۆزلىگەن كۆپ ئەسلىمىلىرىنى ئاڭلىغانىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئۇلۇغ ئالىمنىڭ تۇغۇلغان كەنتىگە ھاياجانلانغان ھالەتتە كىرىپ كەلدى .

قەلئە ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن مەھمۇد تىزلىرىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرى ئۆتكەن بۇ ئۆيلەرگە ، قورۇغا ، باغ ۋە گۈلزارلارغا قاراپ ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى . پېشقەدەم ئالىمنىڭ كۆزلىرىگە تولغان ياش گويا سېھىرلىك پەردە كەبى ئۇنىڭ كۆرۈش دائىرىسىنى توسۇدى . شۇ پەردە ئىچىدىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ، سۆيۈملۈك ئادەملىرىنىڭ تۈرقى ـ سىياقلىرى بىر ـ بىرلەپ چىقىپ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى .

مانا ، ئاق ساقاللىق مۇھەممەد بۇغراخان ئۆسمۈر نەۋرىسىگە مېھرى بىلەن تىكىلىپ چاقىرماقتا : «يۈر ، مەھمۇد ، چەۋگەن ئوينىغىلى بارىمىز» .

مانا ، باھادىر سۇپەت ھۇسەين ئارسلان ئىلىكخان ئوغلىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ ، قىلىچۋازلىقنى ئۆگەتمەكتە : «قىلىچنى مانا مۇنداق تۇتقىن ، مەھمۇد ، ھۇجۇمغا ئۆتكەندە قىلىچنى مۇنداق ئۇر ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرغاندا مۇنداق قىل» .

مانا ، ئانىسى بۇبى رابىيەنىڭ ئىللىق سىيماسى . ئۇ مەھمۇدنى شىرە يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ دەرس ئۆگەتمەكتە ، ئېچىپ قويۇلغان كىتابنى كۆرسەتمەكتە : «بالام ، مۇشۇ بەتنى كۆچۈرۈپ يازغىن . ماڭا قارا ، لامنى مۇنداق يازساڭ چىرايلىق چىقىدۇ ، مىمنى مۇنداق چىقىرىپ ياز » .

مانا ، ئاربىتنىڭ ھېكمەتلىك ساداسى شوخ جاراڭلىدى . ياشلىق دەۋرانىدا گۈزەل ئارزۇلار بىلەن قاناتلانغان مەھمۇد ئاربىت چېلىنىۋاتقان چولپانئاينى ئىنتىزارلىق بىلەن ئىزدەپ ھۇجرىغا يۈگۈرۈپ كىردى . مەھمۇد بىلەن چولپانئاي مەڭگۈ ئۆچمەس مۇھەببەت يالقۇنى ئىچىدە لەززەتلىك ھەم ئازابلىق ئۆرتىنىپ قۇچاقلاشتى ، خۇددى يۈگىمەچ گۈللەردەك بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ ، چىرمىشىپ كەتتى .

مانا ، تۇرۇمتاي ، مەھمۇدنىڭ خاس قۇلى ، سادىق دوستى ، خەتەرلىك پەيتتە ئۇنى جان تىكىپ قوغدىغان باتۇر قورۇقچىسى كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇرىدۇ .

※ ※

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ، مەھمۇد كاشغەرىي ئىلتەمۇر بىلەن يۈسۈپنى باشلاپ ئوپال قەبرىستانلىقىغا چىقتى . ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ھۆرمەتلىك ئۇستازى ھۇسەين ئىبنى خەلەپنىڭ مەقبەرىلىرىنى زىيارەت قىلدى .

قايتىشتا يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ھارۋىنى يۈسۈپ ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى . ئاچالغا كەلگەندە مەھمۇد ئۇنى بىلىكىدىن تۇتتى .

— ئوڭ تەرەپكە ماڭغىن ، بالام ، ئوڭ تەرەپكە .

يۈسۈپ ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى .

— ئازنىقا قايتمامدۇق ؟ ئوڭ تەرەپتىكى يول چۆلگە ئاچىقىدىكەنغۇ .

— شۇنداق ، چۆلگە چىقايلى ، — دېدى مەھمۇد .

ھارۋا چۆلگە ئىچكىرىلەپ كارۋان يولى بىلەن ئۇزاق ماڭدى . ئىلتەمۇر بىلەن يۈسۈپ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن مەھمۇدنىڭ قەيەرگە بارماقچى بولغانلىقىنى بىلەلمەي جىم بولۇشتى . ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل شېغىللىقتا ھارۋا قالايمىقان سىلكىنىپ ، قىيسىيىپ ، چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى .

— بولدى ، ھارۋىنى توختات ، — دېدى مەھمۇد يۈسۈپنىڭ قولىنى تۇتۇپ .

ئۇچەيلەن ھارۋىدىن چۈشتى . مەھمۇد ئۆپچۆرىسىگە زەن سېلىپ قارىدى .

— ھە ، مۇشۇ يەر ، دەل مۇشۇ يەر ، ئۇنتۇپ قالماپتىمەن ، — دېدى مەھمۇد .

ئىلتەمۇر بىلەن يۈسۈپ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۈتۈپ تۇراتتى .

— قاراڭلار ، بۇ تۇزلەڭلىككە ، — دېدى مەھمۇد ھاسا تۇتمىغان قولىنى ئالدىغا سوزۇپ ، — نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بۇ يەردە ئاجايىپ ساھىبجامال ۋە باتۇر بىر ئايال ئۆز ئېرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلغان ... ئۇ شۇنداق ئايال ئىدىكى ، مۇھەببىتى قۇياشتىنمۇ ھارارەتلىك ئىدى ... ئۇ شۇنداق ئايال ئىدىكى ، قەلبى ھەم ۋىجدانى كۆك ئاسماندىنمۇ پاك ئىدى ... ئۇ ئايال ئېرىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ياۋ قوشۇنىنىڭ ئالدىدىن توسۇپ زەربە بەردى ...

مەھمۇد كاشغەرىي ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇپ سۆزلەۋەردى ، سۆزلەۋەردى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاقتى ، لېكىن ئۇ ياشلىرىنى سۈرتمىدى ، سۆزلەۋەردى . خۇددى مىسلىسىز تەسىرلىك بىر رىۋايەتنى بايان قىلىۋاتقان مەدداھتەك ، خۇددى ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇۋاتقان ئاشىق دەرۋىشتەك ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سۆزلەۋەردى .

يۈسۈپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بىردەم مەھمۇدقا ، بىردەم ئاتىسى ئىلتەمۇرگە سوئال نەزەرى بىلەن قارايتتى .

ھالبۇكى ، تارىخچى ئەكبەر ئىلتەمۇر سۆزلىنىۋاتقان بۇ ۋەقەنى باشتىن ـ ئاياغ چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى . مەھمۇد كاشغەرىي باغداتتىكى چاغلىرىدىلا ئۆزىنىڭ مەرھۇمە ئايالى چولپانئاينىڭ قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى ئىلتەمۇرگە سۆزلەپ بەرگەن ، ئىلتەمۇر بۇنى ئۆزىنىڭ تارىخىي خاتىرىسىگە يېزىۋالغانىدى .

تارىخچى ھاياجانلانغان ھالدا يىراق ـ يېقىنغا نەزەر تاشلىدى . باجايىدىكى بۇ كەڭ دالا ئۆز مۇھەببىتى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان ئاشۇ باتۇر ئايالغا سۈكۈتتە تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقاندەك پۈتۈن ئەتراپ جىمجىت ، جىمجىت ئىدى .

مەھمۇد سۆزلەشتىن توختىدى ، لېكىن يەنىلا كەتكۈسى كەلمەي تۇراتتى .

— يۈرۈڭ ، ئاتا ، قايتايلى ، — دېدى ئىلتەمۇر مۇلايىملىق بىلەن .

يۈسۈپ مەھمۇدنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى .

يېرىم يولغا كەلگەندە ، مەھمۇد ھارۋىنى يەنە توختاتتى . ئۇ ھاسىسى بىلەن يول بويىدىكى بىر خارابىلىكنى كۆرسەتتى .

— قاراڭلار ، — دېدى ئۇ ، — بۇ ئەسلىي مەدرىسە ئىدى . بۇنى مەن سالدۇرغان ۋە «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دەپ ئاتىغانىدىم . مەن كاشغەرنى تەرك ئېتىپ كەتكەندىن كېيىن مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن بۇ مەدرىسىنى بۇزۇپ ، ۋەيران قىلىپ تاشلاپتۇ . لېكىن ، ئىنسانلارنىڭ ئالغا بېسىش يولىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ ، بىز قانچىكى ئوقۇتۇش ـ ئوقۇش ئىشلىرىغا سەل قارساق ، ئىستىقبالىمىزنىڭ تۇگەشكىنى شۇ . ياش ئەۋلادلارنى ئوقۇتۇش دۇنيادىكى بارلىق ئۇلۇغلۇقنىڭ باشلىنىش قەدىمىدۇر . بالام ئىلتەمۇر ، بىز مۇشۇ خارابىلىك ئۈستىگە يەنە يېڭىدىن مەدرىسە قۇرىمىز . مەن قېرىدىم ، ناۋادا بۇ ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشكە

ئۆمرۈم يەتمەي قالسا، سەن داۋاملاشتۇرغىن.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، ئاتا، — دېدى ئەكبەر ئىلتەمۇر ئۇستازى ھەم ئاتىسىنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇتۇپ.

— مەنمۇ بار، بوۋا، — دېدى يۈسۈپ، — نېمىشقا ماڭا ئىش بۇيرۇمايسىز؟ بۇ مەدرىسىنى سېلىشقا مەنمۇ ياردەملىشىمەن.

⁂ ⁂

خارابىلىك ئورنىدا چىرايلىق مەدرىسە بىناسى قەد كۆتۈرۈپ تىكلەندى. بۇ بىنانىڭ چوڭ ئىشىكىنىڭ باش تەرىپىگە قىزىل سىردا «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دېگەن ھۆسنخەت يېزىلغانىدى.

دەرسخانىدا مەھمۇد كاشغەريي قاتار تىزىلىپ ئولتۇرغان تالىپلارغا دەرس ئۆتمەكتە ئىدى. تالىپلار ئىچىدە يۈسۈپمۇ ئولتۇراتتى.

— بۈگۈنكى دەرسنى مۇشۇ يەردە توختىتايلى، — دېدى مەھمۇد تالىپلارغا قاراپ، — ئەمدى مەندىن ئۆگۈت - نەسىھەت ئاڭلاڭلار. دانىشمەنلەر تەكىتلەپ شۇنداق دەيدۇكى، ئەي ئوغۇل، پەزىلەت تىلە، خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ بىلىمىڭنى تارقات، ئىلىم - ھېكمەت ئىستە، ئۆگىنىشتىن چېكىنمە، غادايما، بىرەر نەرسىنى ئۆگەنمەيلا ئۆزىنى بىلىمدان كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان كىشى سىناقتا ھودۇقۇپ قالىدۇ. بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەرنى تېپىپ، ئۇلارغا يېقىنلاش، ئۇلاردىن پايدىلان.

ئوتتۇزچە تالىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

مەھمۇد سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن سىلەرگە تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىختىن دەرس ئۆتۈۋاتىمەن. سىلەر بۇنىڭدىن باشقا ھېساب، تېبابەتچىلىك، ئاسمان جىسىملىرى ئىلمى، پەلسەپە قاتارلىق بارلىق پەنلەرنى

ئۆگىنىڭلار . بۇ پەنلەر ئىنسانىيەتنىڭ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن بەك مۇھىم . سىلەر يەنە باشقا ئەللەرنىڭ ھۈنەر - سەنئەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈڭلار . سىلەر ياش ، ھايات يولۇڭلار تېخى ئالدىڭلاردا . بۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كېلىدىغان يېڭى پەن ، يېڭى كەسىپلەرنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار . شۇنداق قىلساڭلار ، ئۆزۈڭلارمۇ خار بولمايسىلەر ، ئېلىمىزمۇ راۋاجلىنىپ يۈزلەنمەيدۇ ، داۋاملىق گۈللەپ - ياشنايدۇ .

تالىپلار مەھمۇد كاشغەرىيدەك ئاتاقلىق ئالىمنىڭ ئۆزلىرىگە ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىدىن ئالاھىدە پەخىرلىنەتتى . ئۇلار ئۇستازىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھەربىر سۆزنى خۇددى ئابىكەۋسەردەك بىلىپ تەشنالىق بىلەن تىڭشىماقتا ئىدى . ياشلارغا كۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ئېيتىلىۋاتقان ئۈگۈت - نەسىھەتلەر دەرسخانىدىكى بۇ ئىجتىھاتلىق يىگىتلەرنىڭ قەلبلىرىگە خۇددى ئەبەدىي ئۆچمەس نەقىشلەردەك چېكىلمەكتە ئىدى .

دەرستىن چۈشكەندە تالىپلار تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىرىشىپ كېلىپ ئالىمنى ئورىۋېلىشتى . مەھمۇد ھاياتىي كۈچى خۇددى باھارنىڭ تاشقىن سۇلىرىدەك ئەۋج ئۇرۇپ تۇرغان بۇ ياش چىرايلارغا قاراپ سۆيۈنەتتى ، شادلىناتتى ، ھاياتلىق بېغىدا ئۆز قولى بىلەن پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرۈۋاتقان بۇ كۆچەتلەرگە زور ئۈمىدلەر بىلەن تەلپۈنۈپ تۇراتتى . شۇ تەرىقىدە ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ مەدرىسە ھويلىسىدىن سىرتقا چىقتى .

مەدرىسە يېنىدىكى بوستانلىق مەھەللىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى . ھايال بولماي دەرەخلەر ئارىسىدىن غېرىبانە كىيىنگەن ئاق ساقاللىق بوۋاي بىلەن تاقىر باش ئۆسمۈر بالا چىقىپ كەلدى . بوۋاي ناخشا ئېيتىۋاتاتتى ، ئۆسمۈر بالا ئۇنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش قىلىپ ساپايى چېلىۋاتاتتى . ئۇلار ئىككىسى ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا كەلتۈرۈپ ئالدىرىماي ، سالماقلىق قەدەم تاشلاپ كەلمەكتە ئىدى . بوستانلىق ۋە گۈلزارلىقلاردىن ئاڭلىنىپ تۇرغان جاراڭلىق بۇلبۇل

ناۋاسى بوۋاينىڭ ناخشىسىغا قوشۇلۇپ، دىللارغا ھوزۇر بېغىشلىغۇچى ئاجايىپ يېقىملىق كۈي ھاسىل قىلاتتى. مەھمۇد بۇ ناخشىنى تېخى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— بۇ ئاقساقال ناخشىنى تولىمۇ ياخشى ئېيتىدىكەن، — دېدى ئۇ، — بۇ يەردە بىردەم توختىماسمۇ؟

تالىپلار بوۋاي بىلەن ئۆسمۈر بالىنىڭ يولىنى توسۇۋالدى.

— بىزنىڭ ئۇستازىمىز ناخشىلارنى بىردەم ئاڭلىساق دەيدۇ، — دېيىشتى ئۇلار، — ئېغىر كۆرمەي، ئۇستازىمىزنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ بەرسىڭىزكەن.

— بولىدۇ، — دېدى بوۋاي، — مەن خەلق ئىچىدىن چىققان غەزەلخان، خەلق ئىچىگە بېرىپ ناخشا ئېيتىپ كۈن ئۆتكۈزىمەن.

مەھمۇد بەلبېغىغا ئېسىلغان پۇل قاپچۇقىدىن ئىككى تىللانى چىقىرىپ بوۋايغا بەردى.

— ئاز بولسىمۇ، پېقىرنىڭ كۆڭلى دەپ بىلگەيسىز، غەزەلخان تەقسىر، — دېدى ئۇ.

ئۆسمۈر بالا ساپايىسىنى چالدى. بوۋاي ناخشىسىنى قايتا باشلىدى. ناخشىدا «ھەزرىتى مەۋلانە»، «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دەپ ئاتالغان بىر زاتنىڭ جاھالەت ماكانلاشقان قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا مەرىپەت چىرىغىنى يېقىپ، ئىنسانلار قەلبىنى يورۇتقانلىقى كۈيلىنەتتى. ناخشا ئاھاڭىدىن ئاشۇ قەلبلەرنى يورۇتقۇچى پىرىمگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت ئىپادىسى ئۇرغۇپ چىقىپ تۇراتتى. غەزەلخان بوۋايمۇ بۇ كۈينى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئىشتىياقى بىلەن ئېيتتى.

— بۇ قايسى ناخشا؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد ناخشا ئاياغلاشقاندىن كېيىن، — مەن بۇرۇن ئاڭلىمىغانىكەنمەن.

بوۋاي مەھمۇدقا ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— ئەجەبا، بۇ ناخشىنى ئاڭلىمىغان بولسىڭىز! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — قارىغاندا، سىز باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن ئوخشايسىز.

— ئېيتقىنىڭىز دۇرۇس ، — دېدى مەھمۇد ، — پېقىر يىراق يەرلەردىن كەلدىم ، كەلگىنىمگە ئۇزۇن بولمىدى .

غەزەلخان ئەھۋالنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتتى .

— ئۇنداق بولسا ، بىلىپ قېلىڭكى ، ئەي مۆھتەرەم ھەزرەت ، — دېدى ئۇ ، — بۇ ناخشا «كاشغەر ناخشىسى» دەپ ئاتىلىدۇ . ئەزىزانە كاشغەردىن ھەزرىتى مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي ئىسىملىك ئىلىمگە ھۆددىگەر بىر ئۇستاز ۋە كامالەتكە يەتكەن ئالىم چىقتى . بۇ ناخشىدا ئەنە شۇ پىرىمگە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ .

مەھمۇد كاشغەرىي ھەيرەت ئىچىدە ئۇن چىقىرالماي تۇرۇپ قالدى .

— غەزەلخان بوۋا ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى تالىپلاردىن بىرى ، — سىز ئاشۇ پىر ئۇستاز مەھمۇد كاشغەرىينى كۆرۈپ باققانمۇ ؟

— ياق ، — دېدى غەزەلخان ، — لېكىن كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ ، ئۇ زات مېنىڭ قەلبىمدىن ھەم شۇنداقلا ، كۆرمىگەنلىكلەن ئادەملەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان .

شۇ گەپ بىلەن غەزەلخان بوۋاي ۋە ئۆسمۈر بالا «كاشغەر ناخشىسى»نى قايتىدىن باشلاپ ئېيتقىنىچە ئۆز يولىغا راۋان بولدى .

مەھمۇد غەزەلخاننىڭ ئارقىسىدىن خىيالچان كۆزلىرى بىلەن قاراپ بىر ھازاغىچە تۇرۇپ قالدى . ئۇ ئۆز ئۆمرىدە مەنسەپ - مەرتىۋىگە ھەۋەس قىلماي ، مال - دۇنيانى قوغلاشماي ، بارلىق پاراسىتى ھەم ئىقتىدار - قابىلىيىتىنى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا قاراتقانىدى . ۋەھالەنكى ، ئۇ ئۆز ئەجرىنىڭ شۇنچە مول مېۋە بەرگەنلىكىنى ، ئۆز نامىنىڭ خەلق ئىچىدە شۇ قەدەر چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى .

— يورۇڭ ، بوۋا ، — دېدى يۈسۈپ ۋە مەھمۇدنى قولتۇقىدىن يۆلەپ دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان هارۋىغا ئولتۇرغۇزدى .
تالىپلار تاكى هارۋا يان كوچىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتكۈچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇشتى .

※ ※

نورۇز بايرىمى . ئوپال خەلقى بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدى . نورۇزبۇلاق ئەتراپىدىكى جايلار قاينام ـ تاشقىنلىق سەيلىگاھقا ئايلاندى . مەھمۇد كاشغەريي قەلەمكەش مەۋلانىلەر ۋە مەھمۇدىيە مەدرىسىنىڭ تالىپلىرى بىلەن بىرلىكتە نورۇزبولاقنى چۆرىدەپ راسلانغان سورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى . ئەكبەر ئىلتەمۇر ۋە يۈسۈپ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەنمۇ مەھمۇد بىلەن بىللە بولدى .
نورۇز بايرىمىنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدىسى بويىچە نورۇزلۇق نەزمە ئوقۇش پائالىيىتى باشلاندى . قەلەمكەشلەر بايرامنى قۇتلۇقلاپ يازغان شېئىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن ئوقۇشتى ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن شۇ شېئىر يېزىلغان قەغەزلىرىنى نورۇزبۇلاقنىڭ ئېقىن سۈيىگە تاشلاشتى . شوخ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى ئاق ـ سېرىق قەغەز ۋاراقلىرىنى تېز ئېقىتىپ يىراقلارغا ئەكەتتى . ئوقۇلغان شېئىرلار ئۈستىدە تەقرىز سۆزلىرى ئېيتىلىپ مۇتالىئە قىلىندى ، بەس ـ مۇنازىرە بولدى .
بۇ پائالىيەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، ئەسلىي قائىدە بويىچە ھەممەيلەن بىرلىكتە نورۇزبۇلاق تۆپىلىكىگە چىقىپ ئومۇمىي خەلق سەيلە ـ تاماشىسىغا ئىشتىراك قىلىش كېرەك ئىدى . لېكىن ، بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى .
سالاپەتلىك بىر مەۋلانە ئورنىدىن قوپۇپ ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئالدىدا چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .
— مۆھتەرەم ھەزرىتى مەۋلانە ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ ئالىمغا ، — سىز ھەممىمىزنىڭ پىر ئۇستازىمىز . سىزنىڭ

ھەربىر سۆزىڭىز بىز ئۈچۈن بىباھا گۆھەردۇر. ۋەھالەنكى، ھازىر بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇبارەك نامىڭىزنى ياد ئېتىپ باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن مەۋلانىلەرمۇ بار. بولۇپمۇ، ئەنە شۇ يىراقتىن كەلگەن قېرىنداشلىرىمىز سىزنىڭ ئۆز ئاغزىڭىزدىن بىرنەچچە كەلىمە تەلىمىڭىزنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلماقتا. مۇھتەرەم ھەزرىتى مەۋلانە، كۆپچىلىكنىڭ سىزگە بىر تەلىپى بار. سىز ئىلىم - ھېكمەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىڭىزنى بىر قۇر سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، بىشىمىز ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى.

سورۇندىكىلەر ھەر ياندىن ئاۋاز قوشتى:

— توغرا، بۇ كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى.

— ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بەرسىلە، ھەزرىتى مەۋلانە.

مەھمۇد سورۇندىكىلەرگە كۈلۈمسىرەپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— ماقۇل، سۆزلەپ باقاي، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىم بەك ئاددىي. ھەممىسىنى يىغىنچاقلىغاندا پەقەت «ئۆگىنىش» دېگەن بىر ئېغىز سۆزگىلا مەركەزلىشىدۇ. ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ نەتىجە قازىنىمەن دېگەن ئادەم ئۆزلۈكىدىن قېتىرقىنىپ داۋاملىق ئۆگىنىشى كېرەك، بەلكى ئۆمۈر بويى ئۆگىنىشى كېرەك. بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئالىي دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىدا بىرنەچچە يىل ئوقۇپلا قانائەت ھاسىل قىلىدۇ، ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرمايدۇ، كىتاب ئوقۇمايدۇ. ئۆگەنگەن بىلىملىرىنىڭ كونىراپ قېلىۋاتقانلىقىنى، دۇنيادىن قانچىلىك ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىم جەۋھەرلىرى كىتابلارغا يىغىنچاقلانغان. كىتاب ئوقۇغانسېرى ئۆزىمىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ تېخى ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى، بىلىشكە، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ھەقىقىي بىلىملىك بولىمەن دېگەن كىشى يەڭگىللىك بىلەن: «ھەممىنى بىلىمەن» دەيدىغان

تەكەببۇرلۇققا يول قويماسلىقى لازىم. يىغىپ ئېيتقاندا، ھېكمەتلەر دۇنياسىنىڭ سىرلىق ئىشىكلىرىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ — ئۆگىنىشتىن ئىبارەت.

سورۇندىكىلەر پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۇرۇپ ئالىمنىڭ سۆزىنى تىڭشىماقتا ئىدى. جىمجىت. پەقەت نورۇزبۇلاقتىن ئېقىپ چىقىۋاتقان ئېرىق سۈيىنىڭ نازۇك شىلدىرلاشلىرىلا قۇلاققا كىرىپ تۇراتتى.

شۇ ئەسنادا بىر توپ ئۆسمۈر - باللار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ دەرەخزارلىقتىن چىقىپ كەلدى. ئۇلار نورۇزبۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقان مەۋلانىلەرگە يېقىن كېلىپ توپلىشىپ تۇردى - دە، پۈتۈن ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىۋاتقىنى دەل ھېلىقى «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم»گە مەدھىيە ئوقۇلغان «كاشغەر ناخشىسى» ئىدى.

ياش تالىپلاردىن بىرى ھېسسىياتىنى بېسىۋالالماي ئۈنلۈك خىتاب قىلدى:

— مەھمۇد كاشغەرىي ھەزرەتلىرى! بۇ، كاشغەر خەلقىنىڭ سىزگە بېغىشلاپ ئىجاد قىلغان ناخشىسى!

— بۇ يەردە كىشىلەر خېلى ئۇزۇندىن بۇيان سىزنى «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى يەنە بىر مەۋلانە.

باللار ناخشىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن سورۇندىكىلەر ئۇلارغا بارىكاللا ئېيتىپ ماختىدى ۋە بايرامنى قۇتلۇقلاپ كۈمۈش تەڭگىلەرنى بېرىشتى. باللار خۇشال بولۇپ، يانلىرىغا ئېسىۋالغان كۆن قاپچۇقلىرىغا تەڭگىلەرنى سېلىشتى ۋە يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ باشقا كىشىلەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

— ئەمدى بايراملىق سەيلە - تاماشىنى باشلىمايمىزمۇ، — دېدى مەھمۇد كاشغەرىي كۆپچىلىككە قاراپ.

— باشلايلى !

— شۇنداق قىلايلى !

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەتراپىغا غۇژمەك بولۇپ ئۈيۈشۈپ ، نورۇزبۇلاق تۆپلىكىگە چىقىشتى . تۆپلىكتە رەڭگارەڭ بايراملىق كىيىملەرنى كىيىشكەن كىشلەر تولۇپ كەتكەنىدى .

ئويۇن - تاماشا رەسمىي باشلاندى . ئات بەيگىسى ، چېلىشىش ، دارۋازلىق ، سېھىرگەرلىك ، قىزىقچىلىق ...

ئاخىرىدا سازەندىلەر سازلىرىنى چېلىشتى . خۇش ئاۋاز يىگىت - قىزلار جور بولۇپ «كاشغەر ناخشىسى » نى باشلىدى . ناخشىغا مەھمۇدىيە مەدرىسىسىنىڭ تالىپلىرىمۇ قوشۇلدى . ھەزرىتى مەۋلانە ھەققىدىكى بۇ ناخشىنىڭ خۇددى ئەزىم دەريا ئېقىنىدەك دەبدەبىلىك ئاھاڭى گوياكى ھەيۋەتلىك ئۆركەش ياساپ يىراق - يىراقلارغا تارقىلىپ كەتتى . بۇ ناخشا نورۇزبۇلاق ئەتراپىدىكى دەرەخزارلىق ئىچىدىن ياڭراپ ئۆتۈپ ، قۇياشلىق ئاسمانغا پەرۋاز قىلدى . ناخشا ئېيتقۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى . ئاخىرى ، نورۇزلۇق تاماشىغا يىغىلغان ھەممە ئادەمنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ ئاجايىپ تەنتەنىلىك ، ئاجايىپ ئۇلۇغۋار كۈي ھاسىل قىلدى . كاشغەر ناخشىسى ، كاشغەر ناخشىسى ! بۇ ناخشا ۋەتەننىڭ مۇقەددەس تۇپراقلىرىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ ، ئەسىرلەر قوينىدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى . ئوپال دىيارىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ جاراڭلىق ئەكس سادا توققۇز يۈز يىللىق ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، ھەزرىتى مەۋلانە مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئەل كاشغەرىي دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ ئالىمنىڭ نامىنى تاكى بىزنىڭ قۇلاقلىرىمىزغىچە يەتكۈزدى .

مەھمۇد بوۋا ، سەن خەلقىمىز تارىخىنىڭ پايانسىز ئاسمىنىدىكى يورۇق يۇلتۇزدەك مەڭگۈ نۇر چېچىپ چاقناپ تۇرىسەن !

# خاتىمە

«ھەزرىتى مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي باغداتتىن قايتىپ
كېلىپ، ئوپالدىكى ئۆزى سالدۇرغان مەھمۇدىيە
مەدرىسىسىدە سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلدى ۋە توقسان
يەتتە يېشىدا بۇ ئۆتنە ئالەمدىن مەڭگۈلۈك ئالەمگە كۆچتى.
ئاللاتائالا ئۇنىڭ روھىنى قۇتلۇق قىلغاي».

ئەكبەر ئىلتەمۇر يېزىۋاتقان تارىخىي خاتىرىسىنى
يۇقىرىقىدەك سۆزلەر بىلەن تاماملىدى ۋە قەلەمنى قويۇپ ئۇزاققىچە
خىيال سۈرۈپ سۈكۈتتە ئولتۇردى.

شۇ ئەسنادا، ماتەملىك كىيىملىرىنى كىيگەن گۈلپەرى
كىردى.

— يېزىپ بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تولا يىغلاپ
قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە قاراپ.

— يېزىپ بولدۇم، — دېدى ئىلتەمۇر مۇسىبەت قايغۇسى
ئەكس ئېتىپ تۇرغان بوش ئاۋازدا.

— ئۇ ئىنسانلار ئىچىدىكى ياخشىلارنىڭ ياخشىسى ئىدى، ئۇ
بىر كىرسىز پاك پەرىشتە ئىدى... — گۈلپەرى شۇ سۆزلەرنى
ئېيتقاندا يەنە ئىختىيارسىز تۆردە كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرى
قۇيۇلۇپ كەتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي كىشىلەر ئارىسىدىن كېتىپ قالدى.
لېكىن، ئۇنىڭ ئورنى بوش قالمىدى. ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن

تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتى ھەم ۋارىسى ئەكبەر ئىلتەمۇر ئەمدى مەھمۇدىيە مەدرىسىسىدە باش مۇدەررىس شەيخ ئىمام بولدى. ئائىلە ئىچىدە بولسا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھۇجرىسىغا ئىلتەمۇرنىڭ ئوغلى يۈسۈپ كۆچۈپ كىردى.

يۈسۈپ چوڭ بولغانسېرى ئاتا - ئانىسىنى خۇش قىلىپ ئىلىمگە ئىشقىنى بەرگەن ئىستېداتلىق يىگىت بولۇپ يېتىشمەكتە ئىدى. ئۇ كۆپ ئوقۇيتتى، كۆپ يازاتتى، كۆپ ئويلايتتى، مۇلاھىزە قىلاتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا مەھمۇد كاشغەرىيدەك تىلشۇناس بولمىدى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك شائىر بولمىدى ۋە ياكى ئاتىسى ئىلتەمۇردەك تارىخچىمۇ بولمىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىگىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۆزگىچە پىكىرلىك پەيلاسوپ بولۇپ چىقتى.

ئۇ رەھمەتلىك مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شىرەسى ئۈستىگە قەغەزلىرىنى يېيىپ قويۇپ، قولىدا قەلەم تۇتقان ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىراق - يىراقلارغا، ئاتا - بوۋىلار كۆرۈپ يېتەلمىگەن نۇقتىلارغا تىكىلگەنىدى.

يۈسۈپ قەلەمنى سىياھقا چىلىدى ۋە ئالدىدىكى داڭلىق خوتەن قەغىزىگە تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدى:

«بىز مەھمۇد كاشغەرىيدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنىيدەك مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىزىنى بېسىشىمىز كېرەك. بۇنداق دېگەنلىك، جەزمەن ھەممىمىز تىلشۇناس ياكى ئەدەبىياتچى بولۇشىمىز كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىز ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىش، ئىزدىنىش، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. بوۋام مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئارزۇسى، ئۈمىدى ھەم ۋەسىيىتى ئەنە شۇنداق. بىز ئۆزىمىزدىن بۇرۇنقى ئىلغار

پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇلار يېتىپ بارالمىغان مەنزىللەرگە يېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەدەملىرى يەتمىگەن يېڭى يوللارنى ئېچىشىمىز كېرەك».

يۈسۈپ قەلەمنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، خانا ئىچىدە ئۇيان - بۇيانغا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى بىلەن تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى قازاتتى. ئۇ، تارىخنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان سىرلارنى ئېچىشقا، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ۋە كىشىلەر كۆرەلمەيۋاتقان ھەقىقەتنى تېپىپ چىقىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ دەۋرلەر، زامانلار ئىسكەنجىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ يىراق كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىدى. ئۇ كەلگۈسىگە ئىنتىلەتتى. كەلگۈسىنى ئۆتمۈشتىكىدىنمۇ، ھازىرقىدىنمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزدەيتتى.

يۈسۈپ ئۇزاق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئىشەنچلىك ھالدا ئۆز - ئۆزىگە مۇنداق دېدى: «ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان ئېڭىنى ئازاد قىلىش كېرەك. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى قورقماي ئەركىن سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئىنسانلار يېڭى ھاياتقا، تېخىمۇ مەنىلىك ۋە باي مەزمۇنلۇق ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ. مەن ئىنسان تەبىئىتىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان يېڭىچە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىمەن. بىز، ھازىرقى ئەۋلاد كىشىلىرى كەلگۈسىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىغا ماسلىشالايدىغان يېڭى مەدەنىيەت يارىتىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا تەرەققىيات تېزلىشىدۇ، تېرىكچىلىكىمىز روناق تاپىدۇ، ھەقىقىي بەختكە ئىگە بولىمىز».

يۈسۈپ يەنە شېرە يېنىغا ئولتۇردى ۋە ئويلىغانلىرى ئاساسىدا

پەلسەپىۋى ئەسەر يېزىشقا كىرىشتى .
ئەپسۇسكى ، ئىلتەمۇرنىڭ ، يۇسۇپنىڭ يازغانلىرى ھەم شۇنداقلا يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى . تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزگىرىشلەر ، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغان بوران - چاپقۇنلار سان - ساناقسىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى نابۇت قىلدى .
مەھمۇد كاشغەرىي ۋاپات بولۇپ ئۆزۈن ئۆتمەي قىتانلار قاراخانىيلارنىڭ يەرلىرىگە يۈرۈش قىلدى . كېيىن بۇ يەرلەردە چىڭگىزخاننىڭ زەربىسىدىن قېچىپ كەلگەن نايمانلارنىڭ ئاتلىرى مۇنبەت ئېتىزلارنى دەسسەپ ۋەيران قىلدى . نايمانلارنىڭ كەينىدىن موڭغۇل قوشۇنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى چىڭگىزخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى . شۇنىڭ بىلەن ، موڭغۇل - ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى قاراخانىيلار يەرلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىردى . كاشغەر خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ نايمانلارنى قوغلاپ چىقاردى ۋە موڭغۇل - ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى قارشى ئالدى . كېيىن ، سابىق قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تەۋە بولغان يەرلەر «چاغاتاي ئۇلۇسى» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى . يەنە بىر دەۋر ئۆتكەندىن كېيىن ، يەكەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقى بارلىققا كەلدى ، ئاندىن يەنە تۈرلۈك - تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بولدى .
قاراخانىيلار دەۋرىدە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى ۋە ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى يەرلەردە ياشىغان ئاساسلىق قەبىلىلەر ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى . «دەشتى قىپچاق» دەپ ئاتالغان كەڭ داللاردا كۆچمەنلىك قىلىپ ياشىغان تۈرلۈك قەبىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرقى زاماندىكى قازاق ، قىرغىز ، تاتار ، نوغاي ، باشقىرت خەلقلىرىنىڭ ، ئاز بىر قىسمى ئۆزبېكلەرنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتتى . تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىن غەربكە كۆچۈپ ، بۈيۈك

سالجۇقىيلار سۇلالىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئوغۇزلار بۈگۈنكى تۈرك، تۈركمەن، ئەزەربەيجان قاتارلىق خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولدى.

دەۋرلەر ئالماشتى، زامانلار يېڭىلاندى. قەدىمكى زامانلاردىن قالغان نۇرغۇن مىراسلار تاشلىنىۋېتىلگەن شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ خارابىلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياكى توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ھاياتنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، يېڭى ئەۋلادلارنىڭ كۆرۈش دائىرىسىدىن يىراقلاشتى ۋە بارا - بارا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ھالبۇكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» گويا ئەبەدىي كۆكلەپ، ياشناپ تۇرىدىغان ھاياتلىق ئارچىسىدەك ئىنسانلار ئارىسىدا ساقلاندى ۋە بەلكى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەر تەرەپكە يىلتىز تارتىپ، شاخلاپ، تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. مەھمۇد كاشغەرىيدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن پايدىلاندى ۋە ئۇنى ئۆز ئەسەرلىرىدە تىلغا ئالدى.

مىسىرلىق تارىخشۇناس بەدرىددىن ئەنتەبى (مىلادىيە 1360 - يىلى ۋاپات بولغان) ئۆزىنىڭ «زامان ئەھلىنىڭ تارىخىدىن ھەقىقىي ئۈنچىلەر» ناملىق ئەسىرىدە تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن ۋە بۇنى «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ‹دىۋان›ىدا كۆردۈم» دەپ كۆرسەتكەن. يەنە شۇ دەۋرنىڭ تارىخچىلىرىدىن شاھابىددىن ئەھمەدمۇ «زامانداشلارنىڭ سۆپەتلىرىدىن ھېسسىي تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن پايدىلىنىپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرگەن. مىسىردا ياشىغان ئالىم ئىبنى مۇھەممەد كاشغەرىينىڭ مىلادىيە 1363 - يىلى يېزىلغان «سائادەت تاجلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئۇنۋانلىرى» دېگەن كىتابىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن بىر قىسىم ئۈزۈندىلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ئەندەلىسلىك ئەبۇ ھەييان «تۈركلەرنىڭ تىللىرىنى چۈشەندۈرۈش» ناملىق كىتابىدىمۇ يۇقىرىدا ئىسىملىرى زىكرى قىلىنغان

ئاپتورلارنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى كۆرگەنلىكىنى ئەسلەتكەن. بۇلاردىن باشقا، مۇستاپا ئىبنى ئابدۇللا كاتىپ چەلەبى (1591 — 1656) ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «گۇمانلارنى ئېچىش»دا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان: «مۇھەممەد ئوغلى ھۈسەيىن پەرزەنتى مەھمۇدنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركىي»، بىر جىلددۇر... مۇئەللىپ (مەھمۇد كاشغەرىي) ئۆز ئەسىرىنى ئەرەبچە ئىزاھلىغان ۋە تۈركىي تىل ئون سەككىز ھەرپ بىلەن يېزىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن... ئەسىرىنى مۇقتەدى بىئەمرىللا ئوغلى خەلىپە ئەبۇلقاسىم ئابدۇللاغا ئارمىغان قىلغان[1]».

مەھمۇد كاشغەرىي XI ئەسىردىكى تۈركىي قەبىلەر شېۋىلىرىنى خاقانىيە ئەدەبىي تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ چىقتى. ئۇ تۈركىي تىللار تەتقىقاتى تارىخىدا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئۇسۇلىنى بىرىنچى بولۇپ قوللاندى ۋە شۇ ئارقىلىق تۈركىي تىللارنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا ئاساس ياراتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» سېلىشتۇرما لۇغەت بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيە، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆرپ - ئادەت، ھەربىي ئىشلار ساھەلىرىدىكى كەڭ دائىرىلىك بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزىگە خاس ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتتۇر.

مەھمۇد كاشغەرىي باشلاپ بەرگەن سېلىشتۇرما تەتقىقات يولىنى كېيىنكى ئالىملار داۋاملاشتۇردى. مەسىلەن، «مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئىككى يۈز يىل كېيىن ياشىغان ئەرەب تىلشۇناسلىرىدىن جامالىددىن ئىبنى مۇھەننا ئۆزىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شاگىرتى ھېسابلاپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن توپلىغان

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، كىرىش سۆز 41 – 42 - بەتلەرگە قاراڭ.

تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تۈركولوگىيىگە دائىر «چىرايلىق تىل ۋە گۈزەل بايانلار، دېگەن كىتابنى يازغان①» .

«تۈركىي تىللار دىۋانى» كېيىنكى ۋاقىتلاردا داۋاملىق كۆچۈرۈلۈپ، كۆپەيتىلىپ، جاي - جايلارغا تارقىتىلدى. بۇ «دىۋان»نىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر قولىيازما نۇسخىسى هازىر ئىستانبۇل كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخا ئەسلىي ئىرانلىق بولۇپ، كېيىن سۈرىيىدە ياشىغان بىر كاتىپ تەرىپىدىن مىلادىيە 1260 - يىلى، يەنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» يېزىلىپ بىر يۈز توقسان يىل ئۆتكەندە كۆچۈرۈلگەن. «دىۋان» نىڭ مۇشۇ قولىيازما نۇسخىسى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىدە ساقلىنىپ كەلگەن ۋە مىلادىيە 1914 - يىلى بىر ئىلىم ھەۋەسكارىغا سېتىلغان. كېيىن، تۈركىيە ئالىمى كىلىسلى رىفئەت بۇ قولىيازمىنى مىخ مەتبەئەدە باستۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەردە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرى قانات يايدى. گېرمانىيە، ۋېنگرىيە روسىيە، ئەنگلىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى توغرىسىدا مەخسۇس كىتابلار ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. مىلادىيە 1928 - يىلى گېرمانىيىلىك ئالىم كارل بروككېلمان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىندېكسىنى ئىشلەپ چىقتى. تۈركىيىلىك ئالىم بېسىم ئاتالاي 1939 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە بولغان جەرياندا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ نادىر ئەسىرىنى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىندېكسىنى تۈزدى ۋە ئەسلىدىكى «دىۋان» قولىيازمىسىنىڭ فاكسىمىلىنى، يەنى فوتو نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. 1960 - يىلى ئۆزبېك ئالىمى سالىھ مۇتەللىپوۋ «دىۋان»نى ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلدى. 70 - يىللاردا

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، كىرىش سۆز، 43 - بەت.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى موسكۋادا ئىشلەندى. 1981 ـ يىلى بۇ يادىكارلىقىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى ئېلان قىلىندى. ھازىر يەنە ئۈرۈمچىدە «دىۋان»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىشلەنمەكتە.

باغداتتا كاشغەرلىك ئالىم تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ كاتتا ئىلمىي ئەسەر ئۆز دەۋرىدە تۈركىي تىللارنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈشتەك ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانىدى. ھازىرقى دەۋرىمىز ئوخشاشلا مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھەرقايسى ئەللەر ئالىملىرى تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا بۇ مەشھۇر «دىۋان» دىن ئۈنۈملۈك پايدىلانماقتا.

مەھمۇد كاشغەرىي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئوپالدىكى نورۇزبۇلاق تۆپىلىكىگە دەپنە قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن «ھەزرىتى مەۋلانە مازارى» دەپ ئاتالغان بۇ تۆپىلىك ئوپال ۋە پۈتۈن كاشغەر خەلقىنىڭ ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايىغا ئايلاندى. مارجاندەك تىزىلىپ ئۆتكەن يىللار ۋە ئەسىرلەر خەلق ئىچىدىن بۈيۈك ئالىمنىڭ خاتىرىسىنى يۇيۇپ كېتەلمىدى. زامانلار بورانلىرى بىر ئۆمۈر قەلەم تۇتۇپ ياشىغان ئىنساننىڭ نامىشەرىپىنى ئۇچۇرتۇپ كېتەلمىدى. ئالىمنىڭ نامى خەلق بىلەن بىللە ياشىدى ۋە بەلكى ھازىرغىچە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، كىشلەرنىڭ قەلبىدە ياشاپ كەلمەكتە.

ھازىرقى ئادەملەر XI ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردىن، ھەتتا چەت ئەللەردىن كاشغەرگە كەلمەكتە، ئوپالغا كەلمەكتە، نورۇزبۇلاق تۆپىلىكىگە چىقماقتا. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن يازغۇچى چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ھەزرىتى مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازارىنى زىيارەت قىلدى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا

قوپۇرۇلغان نەقىشلىك دەرۋازىغا خىيالچان كۆزلىرىنى تىكىپ بىر ئەسناغىچە سۈكۈتتە تۇردى . يازغۇچىنىڭ ئالدىدا گويا قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىشلىرىدىن ھاسىل بولغان بىر نۇرانە يول ئېچىلدى . بۇ ، ئەسىرلەرنى ئەسىرلەرگە ، قەلبلەرنى قەلبلەرگە باغلايدىغان تۈگىمەس ۋە ئۈزۈلمەس يول ئىدى . يازغۇچىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاجايىپ يېقىملىق ۋە دىللارغا مادار بەرگۈچى كۈيلەر ، كىشىلەرنى توختىماي ئالغا بېسىشقا ئۈندەيدىغان مەڭگۈلۈك چاقىرىقنىڭ ئەكس ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . يازغۇچى گويا قاناتلاندى . ئۇ ئاشۇ چاقىرىقنىڭ ئىلھامى بىلەن ، ئاشۇ نۇرانە يولنى بويلاپ مازار ئىچىگە كىردى ۋە بۈيۈك ئالىمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا توختىدى .

«بۇ ئالىم بىلەن بىزنى توققۇز يۈز يىل ئايرىپ تۇرىدۇ ، — دەپ ئويلىدى يازغۇچى ، — ئالەمنىڭ چېكى يوق بولغىنىدەك ، ۋاقىتنىڭمۇ چېكى يوق . لېكىن ، ئىنساننىڭ ئۆمرى بەك قىسقا ، بەك چەكلىك . بىر قىسىم كىشىلەر بۇ دۇنيادىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ غايىب بولىدۇ ، ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ . يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى ، ئۇلار ئاشۇ چەكسىز ۋاقىت دېڭىزىدا يىمىرىلمەس ، ئۆپرىماس كېمە بولۇپ ئۈزىدۇ . ئۇ كېمىنىڭ يەلكەنلىرى ئەسىرلەر يىراقلىقىدىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ دولقۇنلارنى يېرىپ چىقىرىۋاتقان شاۋقۇنلۇق ساداسى ئىنسانلارنى ھامان ئالغا باشلايدۇ» .

يازغۇچى خۇددى ئاللىقانداق سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەۋاتقاندەك ، ئاللىقانداق سىرلارنى ئاچقۇسى كەلگەندەك ، قەبرىدىن ئۈزاقىچە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى .

«ئۆز دەۋرىدە خەلقىمىز ئىچىدىن دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مەردانە قەدەم تاشلاپ ماڭغان مۇشۇنداق ئەجدادلىرىمىز بار ئىدى ، — يازغۇچى يەنە ئويلىدى ، — بىز ھازىرقى ئەۋلادمۇ ئۆزىمىز ياشاۋاتقان زامانغا ماسلىشىپ ، دۇنيا ئېقىمى ئىچىدە ئالغا ماڭالايمىز ، ئالغا مېڭىشىمىز كېرەك» .

نورۇزبۇلاقنىڭ سۈپسۈزۈك ئېقىن سۈيى نازۇك شىلدىرلاپ بۆك ـ باراقسان تالزارلىق ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتمەكتە . كاشغەرنىڭ تىنىق ئاسمىنىدا يارقىن قۇياش پارلاق نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكمەكتە . يازغۇچى تۆپىلىكتىن مەھەللە ئىچىگە چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى دەرەخزارلىق ئىچىدىن خۇددى يىگىتلىك دەۋرانىدىكى مەھمۇد كاشغەريي چىقىپ كېلىدىغاندەك ، مانا مۇشۇ دېھقان ئۆيلىرىنىڭ بىرىدىن خۇددى قەدىمكى ئۇيغۇر قىزى چېلىۋاتقان باربىت ساداسى ئاڭلىنىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

«يېزىش كېرەك ! — دەپ خىتاب قىلدى يازغۇچى ، — بۈيۈك ئالىمنىڭ ھاياتىنى ، خەلقىمىزنىڭ ئۆتكەن ئەسىرلەردە قانداق ياشىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇش كېرەك !»

يازغۇچىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى . «مەھمۇد كاشغەريي» رومانى ئاخىرى يېزىلىپ تاماملاندى .

# مەھمۇد كاشغەرىي

(رومان)

---

ئاپتورى: پەرھات جىلان
مەسئۇل مۇھەررىرى: بارنجان زەپەر
مۇھەررىرى: پاتىگۈل مىجىت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون: 2827472 - 0991
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 21.875
نەشرى: 2009 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2014 - يىلى 3 - ئاي 3 - بېسىلىشى
تىراژى: 8001 - 13000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 11473 - 3
باھاسى: 58.00 يۈەن

---

رەسىمنى سىزغۇچى: غازى ئەھمەد

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت ئەۋەت

ISBN 978-7-228-11473-3

9 787228 114733 >

定价：58.00元